ئالېكساندر ديۇما



# گراف مونتې-كرىستو

1

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

186389

I512.45
U-19

ئالېكساندر ديۇما

# گراف مونتې - كرىستو

1

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرھات جىلان
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھەممەترېھىم كېرىمى

755155676

شىنجاڭ داشۆە كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابى
新疆大学图书馆藏书

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

索书号: 186389
书名: I512.45 گراف مونتې - كرىستو
登录号: U-19 定价: 544 بەت 1.50 يۈەن

| 借者 | 借期 | 还期 |
| --- | --- | --- |
| 吾买尔.阿不都拉木 | 2008.10.10 | |

كىتابنى توۋەندە يېزىلغان ۋاقىت ئىچىدە قايتۇرۇش لازىم
下列最后之日期本书必须归还

كىتابنى ئاسراپ مۇددىتىدە قايتۇرايلى
爱护图书 · 按期交还

## مۇندەرىجە


بىرىنچى باب كېمە مارسېلغا قايتىپ كەلدى ............ 1
ئىككىنچى باب ئاتا ۋە بالا ................................ 17
ئۈچىنچى باب كاتالانلىقلار ................................ 30
تۆتىنچى باب سۆيقەست ................................ 48
بەشىنچى باب نىكاھ مۇراسىمى ................................ 60
ئالتىنچى باب خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى ......... 82
يەتتىنچى باب سوراق ................................ 102
سەككىزىنچى باب ئىف قەلئەسى ................................ 122
توققۇزىنچى باب نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈننىڭ ئاخشىمى ................................ 141
ئونىنچى باب تيۇئىلرى سارىيىنىڭ خاس ھۇزۇرىدا ...... 153
ئون بىرىنچى باب كورسكانلىق قانخور ................ 168
ئون ئىككىنچى باب ئاتا ۋە ئوغۇل ................ 183
ئون ئۈچىنچى باب يۈز كۈن ................................ 197
ئون تۆتىنچى باب ئەقلىدىن ئازغان مەھبۇس ۋە جىنىدىن تويغان مەھبۇس ................................ 212
ئون بەشىنچى باب 34 - نومۇر ۋە 27 - نومۇر......... 233
ئون ئالتىنچى باب ئىتالىيىلىك ئالىم ................ 262
ئون يەتتىنچى باب ھەزرەت قامالغان كامېردا ......... 280
ئون سەككىزىنچى باب فارىيا ھەزرىتىنىڭ غايىب خەزىنىسى... 312
ئون توققۇزىنچى باب كېسەلنىڭ ئۈچىنچى قېتىم قوزغىلىشى ................................ 334
يىگىرمىنچى باب ئىف قەلئەسىنىڭ قەبرىستانلىقى ........ 352

يىگىرمە بىرىنچى باب تىبۇلېن ئارىلى .................... 361
يىگىرمە ئىككىنچى باب ئەتكەسچىلەر .................... 381
يىگىرمە ئۈچىنچى باب مونتې - كرىستو ئارىلى ......... 394
يىگىرمە تۆتىنچى باب ھېكمەتلىك خەزىنە .............. 408
يىگىرمە بەشىنچى باب ناتونۇش كىشى .................. 423
يىگىرمە ئالتىنچى باب «گار كۆۋرۈكى» مەيخانىسى ...... 434
يىگىرمە يەتتىنچى باب كادرۇسنىڭ ھېكايىسى ......... 455
يىگىرمە سەككىزىنچى باب تۈرمە خاتىرىلىرى ............ 481
يىگىرمە توققۇزىنچى باب موررېلنىڭ سودا شىركىتى...... 492
ئوتتۇزىنچى باب بەشىنچى سېنتەبىر ........................ 517



## بىرىنچى باب

# كېمە مارسېلغا قايتىپ كەلدى

1815 - يىلى 27 - فېۋرال كۈنى نوتر - دام دې - لاگاردىنىڭ كۆزەتچىسى سىمىرنادىن چىقىپ ترىيېستا ۋە نېئاپوللارنى كېزىپ ئۆتكەن ئۈچ ماچتىلىق «فىرئاۋن» نامىلىق كېمىنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

خۇددى ھەر قېتىمقىدەكلا، پورت يول باشلىغۇچىسى شۇ ھامان كۆزىتىش پەشتىقىدىن ئايرىلىپ ئىف قەلئەسىدىن يانداپ ئۆتتى ۋە مورژىئون تۇمشۇقى بىلەن رىئون ئارىلىنىڭ ئارىلىقىدا كېمىگە چىقتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئادەت بويىچە سېن ئىئوئان قورغىنىنىڭ مەيدانى تاماشىبىنلارغا تولدى. چۈنكى مارسېلدا كېمىنىڭ پورتقا كىرىشى دائىم چوڭ ۋەقە بولۇپ ھېسابلىناتتى. بولۇپمۇ «فىرئاۋن»غا ئوخشاش قەدىمكى فوكېيانىڭ كېمىسازلىق كارخانىلىرىدا ياسالغان ۋە قۇراشتۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ شەھەرلىك خوجايىنغا مەنسۇپ بولغان بۇ كېمە كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تېخىمۇ بەكرەك جەلىپ قىلاتتى.

كېمە ئاستا - ئاستا يېقىنلاشماقتا ئىدى. بۇ كېمە كالالاسادىن ۋە ژاروس ئاراللىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاچاندۇ بىر زامان-

لاردىكى ۋولقان پارتلىشىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بوغازدىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆتتى ۋە پومىگنى ئەگىپ ئۆتۈپ پورتقا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. كېمىنىڭ ئوتتۇرا ماچتىسىدىكى ئۈستۈنكى يەلكەن، ئالدىنقى ماچتىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك يەلكەن ۋە چوڭ يەلكەن كەڭ يېيىلغان، لېكىن بۇ كېمە شۇنداق ئاستا ۋە روھسىز بىر كۆرۈنۈشتە كېلەتتىكى، تاماشىبىنلار ئىختىيارسىز ھالدا بىر كېلىشمەسلىكنى ھېس قىلىپ، نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى تەخمىن قىلالماي خاتىرجەمسىزلىنەتتى. ھەر ھالدا تەجرىبىلىك كىشىلەر شۇنى ئېنىق كۆرۈشتىكى، ھەر نېمە بولسىمۇ، بۇ كېلىشمەسلىك كېمىگە مۇناسىۋەتلىك ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ ياخشى باشقۇرۇلۇۋاتقان كېمىگە مۇناسىپ ھالدا كەلمەكتە: لەنگەر تاشلىنىشقا تەييار ھالەتتە ئىدى، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەش ئەسۋابلىرى چۈشۈرۈلگەن. پورت يول باشلىغۇچىسى «فىرئاۋون»نى تارچۇق كىرىش ئېغىزى ئارقىلىق مارسېل پورتىنىڭ پەشتىقى يېنىغا كەلتۈرۈشكە ھازىرلانماقتا ئىدى. يول باشلىغۇچىنىڭ يېنىدا چەبدەس ۋە ئۆتكۈر بىر ياش يىگىت كېمىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىپ ۋە يول باشلىغۇچىنىڭ ھەربىر بۇيرۇقىنى تەكرارلاپ تۇراتتى.

كىشىلەرنى ئىختىيارسىز چۇلغىۋالغان خاتىرجەمسىزلىك تۇيغۇسى تاماشىبىنلارنىڭ ئىچىدىن بىرەيلەنگە بەكرەك تەسىر قىلدى. بۇ كىشى كېمىنىڭ پورتقا كىرىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرماستىن، بىر قولۋاققا سەكرەپ چۈشتى ـ دە، «فىرئاۋون» نىڭ ئالدىغا قاراپ ئۈزۈشنى بۇيرۇدى ھەمدە قولۋاق رېزېرۋ قولتۇقىنىڭ قارشىسىغا كەلگەندە كېمىگە ياندىشتى.

ياش دېڭىزچى بۇ كىشىنى كۆرگەندىن كېيىن يول باشلىغۇچىنىڭ يېنىدىن بۇياققا ئۆتۈپ شلەپىسىنى بېشىدىن ئالدى ـ دە، كېمىنىڭ يان چېتىگە كېلىپ توختىدى.



بۇ، 18 — 20 ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بويلۇق، قامەتلىك، چىرايلىق قارا كۆزلۈك ۋە قۇندۇزدەك قارا چاچلىق يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرق ـ سىياقى بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا خەۋپ ـ خەتەر بىلەن كۆرەش قىلىپ ئادەتلەنگەن ئىنسانلارغا خاس خاتىرجەملىك ۋە جەسۇرلۇقنى دالالەت بېرەتتى.

— ئوھۇ! بۇ سىزمۇ دانتېس! — دەپ ۋارقىرىدى قولۋاقتىكى كىشى، — نېمە ۋەقە بولدى؟ نېمە ئۈچۈن سىلەرنىڭ كەيپىياتىڭلار شۇنچە تۆۋەن؟

— چوڭ بەختسىزلىك يۈز بەردى، موررېل ئەپەندى، — دەپ جاۋاب بەردى ياش يىگىت، — خۇسۇسەن مەن ئۈچۈن چوڭ بەختسىزلىك: چىۋىتا ـ ۋېككىيىدا بىز قەدىرلىك كاپىتانىمىز① لېكلېردىن ئايرىلىپ قالدۇق.

— مالچۇ؟ — كېمە خوجايىنى ئالدىراپ سورىدى.

— مال تولۇق، موررېل ئەپەندى، بۇ جەھەتتە مەمنۇن بولۇشىڭىز مۇمكىن دەپ ئويلايمەن. ئەپسۇسكى، بىچارە كاپىتان لېكلېر...

— ھە، ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى خوجايىن، — بىزنىڭ قەدىرلىك كاپىتانىمىز نېمە بولدى؟

— ئۇ ۋاپات بولدى.

— كېمىدىن يىقىلىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتىمۇ؟

— ياق، نېرۋا قىزىتمىسى بىلەن ئاغرىپ دەھشەتلىك ئازاب ئىچىدە قازا تاپتى، — دېدى دانتېس.

شۇندىن كېيىن ئۇ كېمىدىكىلەرگە بۇرۇلۇپ ۋارقىرىدى:

— ھەي! ھەممىڭلار ئۆز جايىڭلارغا تۇرۇڭلار! لەنگەر تەييار قىلىنسۇن!

① كاپىتان — ھەربىي سەپتە شاگىۋىي ئۇنۋانى، دېڭىزچىلاردا كېمە باشلىقى.

كېمىدىكىلەر بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈردى. كېمە ئەھلىنى تەشكىل قىلغان سەككىز ــ ئون ماتروس دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، بەزىلىرى چوڭ يەلكەن ئارغامچىلىرىغا، بەزىلىرى ئۈچ بۇرجەكلىك يەلكەن بىلەن ئۇستۇنكى يەلكەننىڭ ئارغامچىلىرىغا، يەنە بەزىلىرى يەلكەن ئارغامچىلىرىنى يىغىش ۋە يۆگەش ئەسۋابلىرىغا قاراپ ئېتىلدى. ياش دېڭىزچى ئۇلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ــ دە، ئۆز بۇيرۇقىنىڭ ئورۇندالغانلىقىنى كۆرۈپ، قايتىدىن ئۆز سۆھبەتدىشى تەرەپكە بۇرۇلدى.

ــ ھە. بۇ بەختسىزلىك قانداق سادىر بولدى؟ ــ دەپ سورىدى خوجايىن، ئۈزۈلۈپ قالغان سۆھبەتنى يېڭىباشتىن باشلاپ.

ــ پۈتۈنلەي كۈتۈلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا بولدى. پورتنىڭ باشلىقى بىلەن ئۇزاق سۆزلەشكەندىن كېيىن كاپىتان لېكلېر نېئاپولدىن كۈچلۈك ھاياجان ئىچىدە يولغا چىقتى. بىر سوتكىدىن كېيىن ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلىدى، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ قازا تاپتى... بىز ئۇنى قائىدە ــ يوسۇنلۇق دەپنە قىلدۇق. ئەمدى ئۇ ماتاغا ئورۇلۇپ، باش ۋە ئاياغلىرىغا توپ ئوقلىرى ئېسىلغان ھالدا دېل جىلئو ئارىلىغا يېقىن جايدا دېڭىز قەھرىگە چۆكۈپ ياتماقتا. بىز ئۇنىڭ تۇل قالغان رەپىقىسىگە كاپىتانىمىزنىڭ كرېستىنى ۋە شەمشىرىنى ئەكەلدۇق.

ئاخىرىدا يىگىت قايغۇلۇق تەبەسسۇم بىلەن قوشۇپ قويدى:

ــ ئۇ، ئىنگلىزلار بىلەن ئون يىل جەڭ قىلغانىدى، ئاخىرىغا كېلىپ، ئادەتتىكى بىر ئادەمدەك كارىۋات ئۈستىدە جان ئۈزدى!

ــ ئىلاجىمىز قانچە، ئېدمون! ــ دېدى خوجايىن، ئۇنىڭ بارغانسېرى خاتىرجەم بولۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ــ بىز ھەممىمىز ئۆلىمىز، قېرىلار ياشلارغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشى كېرەكقۇ، ئۇنداق بولمىغاندا، ھەممە نەرسە ئۆز جايىدا قېتىپ قالغان بولاتتى. ھە، دېمەك سىز ئېيتقاندەك، مال...



ــ بارلىق مال ــ مۈلكىمىز تولۇق، موررېل ئەپەندى، مەن سىزگە كېپىللىك قىلىمەن. مېنىڭ ئويلىشىمچە، سىز بۇ مالدىن ئاز دېگەندە 25 مىڭ فرانك پايدا ئالالايسىز.

شۇ ئەسنادا ئۇ «فىرئاۋن» نىڭ دۈگىلەك مۇنار يېنىدىن ئۆتۈپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

ــ ئۇستۇنكى يەلكەن، چوڭ يەلكەن، ئۈچ بۇرجەكلىك يەلكەن چۈشۈرۈلۈشكە تەييار قىلىنسۇن! لەنگەر تاشلىنىشقا تەييار قىلىنسۇن!

بۇيرۇق ھەربىي كېمىدىكىلەرگە ئوخشاشلا تېزلىك بىلەن ئورۇندالدى.

ــ يەلكەن تانىلىرى بوشىتىلسۇن! يەلكەنلەر يىغىلسۇن!

ئاخىرقى بۇيرۇق بېرىلىشى بىلەن يەلكەنلەر چۈشۈرۈلدى ۋە كېمە ئۆز ئىنېرتسىيىسى بىلەن بىلىنەر ــ بىلىنمەس تەرىزدە ئاستا ئۈزۈشنى داۋام قىلدۇردى.

ــ موررېل ئەپەندى، ئەمدى كېمىگە چىقىشنى لايىق كۆرمەمسىز؟ ــ دېدى دانتېس، خوجايىننىڭ تاقەتسىزلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ــ مانا، سىزنىڭ بوغالتىرىڭىز دانگلار ئەپەندىمۇ ئۆز بۆلمىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ سىزگە زۆرۈر بولغان بارلىق ھېساباتلاردىن مەلۇمات بېرىدۇ. مەن ئەمدى لەنگەرنى چۈشۈرۈشنىڭ ۋە ماتەم بەلگىلىرىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلاي.

تەكرار تەكلىپنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. خوجايىن دانتېس تاشلاپ بەرگەن يوغان ئارغامچىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى ــ دە، كېمىنىڭ كۆپەنكى يان ياغاچلىرىغا مىخلانغان تۆمۈر بەلدەمچى-

لەرگە دەسسەپ، ھەرقانداق ياش دېڭىزچىنىمۇ قايىل قىلغۇدەك ئەپچىللىك بىلەن يامىشىپ يۇقىرىغا چىقتى. دانتېس بولسا، ئۆزى دانگلار دەپ ئاتىغان ھېلىقى كىشىگە سۆزلىشىش پۇرسىتى بېرىپ ئاۋۋالقى ئورنىغا قايتىپ كەتتى. دەرۋەقە، ھېلىقى كىشى ئۆز بۆلمىسىدىن چىقىپ، موررېلنىڭ ئالدىغا كەلمەكتە ئىدى. بۇ 25 ياشلار چامىسىدىكى كىشى بولۇپ، كۆرۈنۈشى خېلىلا سۈرۈن، باشلىقلارغا خۇشامەتكوي، قول ئاستىدىكىلەرگە قوپال ئىدى. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، بولۇپمۇ ماتروسلارنىڭ شۇنچە جېنىغا تەگكەن بوغالتىرلىق مەنسىپى ئۈچۈن، كېمە خادىملىرى بۇ كىشىگە قانچىلىك ئۆچ بولسا، ئەكسىچە دانتېسنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتى.

— شۇنداق قىلىپ، موررېل ئەپەندى، — دېدى دانگلار، — بىزگە دۇچ كەلگەن بەختسىزلىكتىن خەۋەر تاپقانسىز؟

— ھە! ھە! بىچارە كاپىتان لېكلېر! ئۇ ھەقىقەتەن قەيسەر ھەم ۋىجدانلىق ئادەم ئىدى!

— ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ئاسمان بىلەن دېڭىز ئارىلىقىدا ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن كامالەتلىك دېڭىزچى ئىدى. دەرۋەقە، «موررېل ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» ناملىق بۇنداق بىر چوڭ شىركەتنىڭ مەنپەئەتلىرى ئىشەنچ قىلىپ تاپشۇرۇلغان ئادەم ئەنە شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئەلۋەتتە، — دەپ جاۋاب قايتۇردى دانگلار.

— مېنىڭچە، — دېدى خوجايىن، كېمىنى تۇختىتىش ئۈچۈن قولاي ئورۇن تاللاۋاتقان دانتېسنى كۆزىتىپ تۇرۇپ، — سىز ئېيتقاندەك پېشقەدەم دېڭىزچى بولمىغان ھالدىمۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش مۇمكىن ئىكەن. مانا، دوستىمىز ئېدمون كېمىنى شۇنچە ماھىرلىق بىلەن باشقۇرىدۇكى، ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ قوشۇمچە يوليورۇقلىرى ئېھتىياجلىق ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ.



— شۇنداق، — دېدى دانگلار، نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن دانتېسقا قاراپ قويۇپ، — شۇنداق، ياشلىق ۋە ئۆز بېشىمچىلىق. كاپىتان ئۆلۈشى بىلەنلا ئۇ ھېچكىم بىلەنمۇ پىكىرلىشىپ كۆرمەستىنلا قوماندانلىقنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇدۇللا مارسېلغا قاراپ يول ئالماستىن، ئېلبا ئارىلىنىڭ يېنىدا بىر يېرىم كۈننى بىھۇدە ئۆتكۈزۈشىمىزگە مەجبۇر قىلدى.

— قوماندانلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقى، — دېدى خوجايىن، — كاپىتاننىڭ ياردەمچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئېلبا ئارىلىنىڭ يېنىدا بىر يېرىم كۈننى بىكارغا ئۆتكۈزگەنلىكى توغرا بولماپتۇ، ئەگەر كېمە رېمونت قىلىنىشقا مۇھتاج بولمىغان بولسىلا.

— كېمىدە ھېچقانداق چاتاق يوق ئىدى. موررېل ئەپەندى، ئۇنىڭ بۇ بىر يېرىم كۈننى بىكار ئۆتكۈزگەنلىكى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ تەنتەكلىكىدىن، قۇرۇقلۇققا چىقىپ تاماشا قىلىش خاھىشىدىنلا بولدى.

— دانتېس! — دەپ چاقىردى خوجايىن، يىگىت تەرەپكە بۇرۇلۇپ. — بۇ ياققا كېلىڭا.

— ئەپۇ قىلىڭ. تەقسىر، — دېدى دانتېس، — بىر مىنۇتتىن كېيىن خىزمىتىڭىزگە ھازىر بولىمەن.

كېيىن ئۇ كېمە خادىملىرىغا قاراپ بۇيرۇق بەردى:

— لەنگەر تاشلانسۇن!

شۇ ئاندىلا لەنگەر تاشلاندى ۋە زەنجىر گۈلدۈرلىگەن پېتىچە سۇغا ئېچكىرىلەپ چۈشۈپ كەتتى. يول باشلىغۇچىنىڭ ئىش ئۈستىدە تۇرغانلىقىغا قارىماي، دانتېس بۇ ئەڭ ئاخىرقى ھەرىكەت تاماملانغۇچە ئۆز ئورنىدىن ئايرىلمىدى. كېيىن ئۇ يەنە ۋارقىرىدى:

— كېمە تۈگى يېرىم چۈشۈرۈلسۇن! بايراق تۈگۈنچە شەكىلدە باغلانسۇن! يەلكەن ياغاچلىرى چېتىلسۇن!

— مانا كۆردىڭىزمۇ، — دېدى دانگلار، — ئۇ ئۆزىنى كاپىتان چاغلاپ خامخىيال قىلىۋاتىدۇ.

— دېمىسىڭىزمۇ ئۇ كاپىتانغۇ، — دەپ جاۋاب بەردى خوجايىن.

— مۇنداق دەڭ، بىراق ئۇ تېخى سىزنىڭمۇ ھەم شىرىكىڭىزنىڭمۇ تەستىقىدىن ئۆتمىدىغۇ، موررېل ئەپەندى.

— بىز ئۇنى كاپىتان قىلساق نېمە يامىنى بار؟ — دېدى خوجايىن، — توغرا، ئۇ ياش، لېكىن ئۆز كەسپىگە قىزغىن ۋە ناھايىتى تەجرىبىلىكتەك كۆرۈنىدۇ.

دانگلارنىڭ ئەپت - چىرايى خۇنۇكلىشىپ كەتتى.

— ئەپۇ قىلىڭ، موررېل ئەپەندى، — دېدى دانتېس يېقىن كېلىپ، — لەنگەر تاشلىنىپ بولدى، ئەمدى مەن خىزمىتىڭىزگە تەييار. خاتالاشمىسام، سىز مېنى چاقىردىڭىزغۇ دەيمەن؟

دانگلار بىر - ئىككى قەدەم كەينىگە چېكىنىپ تۇردى.

— مەن سىزدىن سورىماقچى، سىز ئېلبا ئارىلىغا نېمە ئىش بىلەن باردىڭىز؟

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مەن كاپىتان لېكلېرنىڭ ئاداققى بۇيرۇقىنى ئورۇندىدىم. ئۇ، ئۆلۈش ئالدىدا ماڭا بىر لېپاپىنى بېرىپ، مارشال بېرتىرانغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمنى ھاۋالە قىلغانىدى.

— دېمەك، سىز ئۇنى كۆرۈپسىز - دە، ئېدمون؟

— كىمنى؟

— مارشالنى.

— ھەئە.

موررېل ئەتراپىغا بىر قاراپ قويۇپ، دانتېسنى چەتكىرەك تارتىپ ئاپاردى.



— ئىمپېراتور① قانداق تۇرۇپتۇ، — دەپ جانلانغان ھالدا سورىدى ئۇ.

— پەملىشىمچە، سالامەت تۇرۇپتۇ.

— دېمەك، سىز ئىمپېراتورنىڭ ئۆزىنىمۇ كۆرۈپسىز - دە؟

— مەن مارشالنىڭ ئۆيىدىكى ۋاقتىمدا ئۇ شۇ يەرگە كىرىپ قالدى.

— سىز ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتىڭىزمۇ؟

— ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇ مەن بىلەن سۆزلەشتى، — دەپ جاۋاب بەردى دانتېس كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— ھە، ئۇ سىزگە نېمە دېدى؟

— كېمە توغرۇلۇق، مارسېلدىن چىققان ۋاقتىمىز توغرۇلۇق، بىزنىڭ مەنزىلىمىز ۋە يۈكىمىز توغرۇلۇق سوراشتۇردى. مەن شۇنداق تەسىراتقا كەلدىمكى، ئەگەر كېمە بوش بولۇپ، مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىمدا بولغان تەقدىردە، ئۇنىڭ كېمىنى سېتىۋالغۇسى باردەك قىلىدۇ. لېكىن، مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ كاپىتان ئورنىغا تېخى يېڭىلا چىققانلىقىمنى، بۇ كېمە «موررېل ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» ناملىق سودا شىركىتىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. شۇ چاغدا ئۇ: «ھە، بىلىمەن، موررېللار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا دېڭىز سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. موررېل فامىلىسىدىن بىر كىشى مەن ۋالانسىتا تۇرغان چېغىمدا بىزنىڭ قوشۇندا خىزمەت قىلاتتى» دېدى.

— دۇرۇس! — خوجايىن خۇشاللىق ئىچىدە خىتاب قىلدى، — بۇ، كاپىتانلىق ئۇنۋانى بىلەن خىزمەت قىلغان مېنىڭ چوڭ ئاكام پولىكار موررېل ئىدى. دانتېس، سىز ئۇنىڭغا ئىمپېراتورنىڭ ئۇنى قانداق ياد ئەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز، بۇ قېرى جەڭچىنىڭ قانداق يىغلاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرىسىز.

① ئىمپېراتور — ئېلبا ئارىلىغا پالانغان ناپالېئوننى دېمەكچى.

ھە، بوپتۇ، بوپتۇ، — خوجايىن ياش دېڭىزچىنىڭ يەلكىسىگە دوستانە رەۋىشتە ئۇرۇپ قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى. — كاپىتان لېكلېرنىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىپ ئېلباغا بارغانلىقىڭىز ياخشى بوپتۇ. بىراق، مارشالغا لىپاپىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئىمپېراتور بىلەن كۆرۈشكەنلىكىڭىزنى باشقىلار ئۇقۇپ قالسا، سىزمۇ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

— مەن قانداقمۇ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قېلىشىم مۇمكىن؟ — دېدى دانتېس. — مەن ھەتتا ئۇ لىپاپىنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. ئىمپېراتورمۇ ماڭا شۇنداق سوئاللارنى بەردىكى، باشقا ھەرقانداق ئادەممۇ بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەن ئادەمگە ئاشۇنداق سوئاللارنى بېرىشى مۇمكىنغۇ. ھە، ئەمدى ئىجازەت قىلىڭ: مانا، باج ئىشلار ئەمەلدارلىرى بىلەن سەھىيە مەھكىمىسىنىڭ تەكشۈرگۈچى خادىملىرى كېلىۋاتىدۇ.

— ماقۇل، قايتىڭ، قەدىرلىكىم.

يىگىت يىراقلىشىپ كەتتى ۋە شۇئانلا دانگلار يېقىنلاپ كەلدى.

— ھە، قانداق؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇ پورتو - فېرايئوغا① نېمە سەۋەبتىن كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن بولسا كېرەك؟

— ناھايىتى ياخشى چۈشەندۈرۈپ بەردى، قەدىرلىك دانگلار.

— ئۇنداقتا، ياخشى بوپتۇ، — دېدى دانگلار. — بولمىسا، بىر يولداشنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىگە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە كىشىنىڭ قەلبى ئازابلىنىدىكەن.

— دانتېس ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى خوجايىن. — كاپىتان لېكلېر ئۇنىڭغا ئېلبادا توختاپ ئۆتۈشنى تاپشۇرغانىكەن.

① پورتو - فېرايئو — ئېلبا ئارىلىدىكى پورت.



— ھە، راست، كاپىتان لېكلېر ھەققىدە بىر گەپ، ئۇ سىزگە لېكلېرنىڭ خېتىنى بەردىمۇ؟

— كىم؟

— دانتېس.

— ماڭىمۇ؟ ياق. ئۇنىڭدا خەت بارمىدى؟

— كاپىتان ئۇنىڭغا لىپاپىدىن باشقا يەنە بىر پارچە خەت بەرگەندەك قىلىۋاتاتتىغۇ.

— سىز قايسى لىپاپىنى دەۋاتىسىز، دانگلار؟

— دانتېس پورتو - فېرايئوغا ئاپىرىپ بەرگەن لىپاپىنى دەيمەن.

— دانتېسنىڭ پورتو - فېرايئوغا لىپاپ ئېلىپ بارغانلىقىنى سىز نەدىن بىلىسىز؟

دانگلار قىزىرىپ كەتتى.

— مەن كاپىتان بۆلمىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ دانتېسقا بىر لىپاپ ۋە ئايرىم بىر پارچە خەتنى بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدىم.

— ئۇ ماڭا بۇ ھەقتە گەپ قىلمىدى، لېكىن ئۇنىڭدا خەت بولسا ماڭا بېرىدۇ.

دانگلار ئويلىنىپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا، موررېل ئەپەندى، دانتېسقا بۇ ھەقتە گەپ قىلماسلىقىڭىزنى سورايمەن. بەلكىم مەن خاتا كۆرۈپ قالغاندۇرمەن.

دەل شۇ چاغدا ياش دېڭىزچى قايتىپ كەلدى. دانگلار يەنە نېرىغا ئۆتۈپ تۇردى.

— ھە، دانتېس ئەزىزىم، ھازىر ۋاقتىڭىز بوشمۇ؟ — دەپ سورىدى خوجايىن.

— شۇنداق، موررېل ئەپەندى.

— ئىشلارنى نەقەدەر چاققان پۈتتۈرۈۋەتكەنسىز - ھە!
— ھە، باجگىرلارغا بېسىلغان يۈكنىڭ تىزىملىكىنى تاپشۇ-
رۇپ بەردىم. پورتتىن يول باشلىغۇچى بىلەن يەنە بىر كىشى-
نى ئەۋەتكەنىكەن. قالغان ھۆججەتلەرنى شۇ كىشىگە ئۆتكۈزۈپ
بەردىم.
— ئۇنداق بولسا، بۇ يەردىكى ئىشىڭىز پۈتۈپتۇ - دە؟
دانتېس ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى.
— باشقا ئىش يوق، ھەممىسى ئۆز جايىدا، — دېدى ئۇ.
— ئەمىسە، يۈرۈڭ، بىزنىڭ ئۆيگە تاماققا بارايلى.
— ئەپۇ قىلىشىڭىزنى سورايمەن، موررېل ئەپەندى. ئال-
دى بىلەن مەن دادامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىم كېرەك. ئىل-
تىپاتىڭىزغا تەشەككۈر...
— توغرا دانتېس، توغرا. مەن بىلىمەن. سىز ئاتىڭىز-
نىڭ ياخشى ئوغلى،
— دادام ئۆزى ياخشى تۇردىمۇ، سىز بىلمەمسىز؟ —
دەپ قەتئىيەتسىزلىك بىلەن سورىدى دانتېس.
— ياخشى تۇرغاندۇ دەپ ئويلايمەن. لېكىن، يېقىندىن
بۇيان مەن ئۇنى كۆرمىدىم.
— ئۇ دائىم شۇنداق، ئۆيىدىن سىرتقا چىقماي ئولتۇرىدۇ.
— بۇ ھال ئەڭ بولمىغاندا، سىز يوق ۋاقىتلاردىمۇ
ئۇنىڭ ھېچنەرسىگە ھاجىتى چۈشمىگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.
دانتېس مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.
— مېنىڭ دادام مەغرۇر ئادەم، ئۇ ھەتتا ھەممە تەرەپ-
تىن تەڭلا مۇھتاجلىقتا قالغان تەقدىردىمۇ، بۇ دۇنيادا خۇدا-
دىن باشقا ھېچقانداق ئادەمدىن ياردەم سورىمايدۇ.
— شۇنداق قىلىپ، دادىڭىز بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن
بىزنىڭكىگە كېلەرسىز؟



— يەنە بىر قېتىم ئەپۇ قىلىڭ، موررېل ئەپەندى، لې-
كىن مەن ئۈچۈن قەدىرلىك بولغان يەنە بىرەيلەن بىلەن
كۆرۈشىدىغان ئىشىم بار.
— ھە، راست! كاتالان مەھەللىسىدە سىزنى خۇددى دا-
دىڭىزغا ئوخشاشلا تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان يەنە بىر
كىشى، گۈزەل مېرسېدېس بار ئىكەنلىكىنى يادىمدىن چىقىرىپ
قويۇپتىمەن.
دانتېس كۈلۈپ قويدى.
— ھە، مۇنداق دەڭا! — دېدى يەنە خوجايىن، —
ئۇ قىزنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە ئۇدا ئۈچ قېتىم كېلىپ،
«فىرئاۋن» ناملىق كېمىنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى سورۇش-
تۇرۇپ يۈرگەنلىكىنىڭ تېگىگە ئەمدى يېتىۋاتىمەن. ۋاھ، ئېد-
مۇن، تەلەيلىك ئىكەنسىز، سىزنىڭ ئۇ ئاشنىڭىز قالتىس ئىكەن!
— ئۇ مېنىڭ ئاشنام ئەمەس، — جىددىيلىك بىلەن
سۆزلىدى دېڭىزچى، — ئۇ، مەن نىكاھلانماقچى بولۇۋاتقان
سۆيگۈنۈم.
— بەزىدە بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر گەپ، — خوجا-
يىن كۈلۈپ كەتتى.
— بىز ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس، — جاۋاب قايتۇردى
دانتېس.
— ماقۇل، ئېدمون، ۋاقتىڭىزنى ئالمايمەن. سىز مېنىڭ
ئىشلىرىمنى شۇنداق ياخشى سەرەمجانلاشتۇردىڭىزكى، ئەمدى
مەنمۇ سىزنىڭ شەخسىي ئىشلىرىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىشىڭىزغا
ۋاقىت چىقىرىپ بېرىشىم كېرەك. سىزگە پۇل كېرەكمۇ؟
— ياق، لازىم ئەمەس. مېنىڭ ئۈچ ئايلىق سەپەر ئۇس-
تىدىكى مائاشىم تولۇق ساقلىنىپ قالدى.
— سىز ھەقىقەتەن تەرتىپلىك يىگىت، ئېدمون.

— مېنىڭ دادام كەمبەغەل ئەمەسمۇ، موررېل ئەپەندى.

— شۇنداق، شۇنداق، مەن بىلىمەن، سىز ئىنساپلىق بالا بولدىڭىز، دادىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىڭ. مېنىڭمۇ ئوغلۇم بار. مۇبادا مەنمۇ ئۇنىڭدىن ئۈچ ئايغىچە ئايرىلغان بولسام، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە توسقۇنلۇق قىلغان كىشىگە بەكمۇ خاپا بولغان بولاتتىم.

— ئەمىسە، ماڭا رۇخسەت قىلامسىز؟ — دېدى يىگىت تازىم قىلىپ تۇرۇپ.

— ماڭا دەيدىغان باشقا گېپىڭىز بولمىسا كېتىۋېرىڭ.

— باشقا گەپ يوق.

— كاپىتان لېكلېر، ۋاپات بولۇش ئالدىدا ماڭا خەت بەرمىگەنمۇ؟

— ئۇچاغدا ئۇ يازالمايتتى. ئەمما، سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىز ماڭا باشقا بىر ئىشنى ئەسلەتتى، مەن سىزدىن ئىككى ھەپتىلىك رۇخسەت سورىماقچىدىم.

— توي ئىشى ئۈچۈنمۇ؟

— ھەم توي ئۈچۈن، ھەم پارىژغا بېرىپ كېلىشىم ئۈچۈن.

— مەرھەمەت. يۈكنى چۈشۈرۈپ بولۇشىمىزغا ئالتە ھەپتىدەك ۋاقىت كېتىدۇ. دېمەك، يەنە ئۈچ ئايدىن ئىلگىرى دېڭىزغا چىقالمايمىز، لېكىن، ئۈچ ئايدىن كېيىن سىز بۇ يەردە بولۇشىڭىز كېرەك. — خوجايىن ياش دېڭىزچىنىڭ يەلكىسىنى قېقىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — «فىرئاۋن» ئۆز كاپىتانى كەلمىسە سەپەرگە چىقالمايدۇ.

— ئۆز كاپىتانى! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى دانتېس ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتا يالتىراپ كەتتى، — ئېھتىيات قىلىپراق سۆزلەڭ، موررېل ئەپەندى، چۈنكى سىز ھازىر مېنىڭ قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى يوشۇرۇن ئارزۇ - ئۈمىد-



لىرىمگە جاۋاب بەردىڭىز. سىز مېنى «فىرئاۋن» نىڭ كاپىتانى قىلىپ تەيىنلىمەكچى بولۇۋاتامسىز؟

— قەدىردانىم، ئەگەر مەن ئۆز ئالدىمغا ئىش باشقۇرغان بولسام، سىزگە قولۇمنى سۇنۇپ تۇرۇپ «ئىش تامام» دېگەن بولاتتىم. بىراق، مېنىڭ شېرىكىم بار. سىز ئىتالىيىلىكلەرنىڭ «كىمنىڭ شېرىكى بولسا، شۇنىڭ غوجىسى بار» دېگەن ماقالىنى ئاڭلىغان بولسىڭىز كېرەك. شۇنداقتىمۇ، ئىشنىڭ يېرىمى پۈتتى، چۈنكى ئىككى ئاۋازنىڭ بىرى سىز تەرەپتە. ئەمدى ئىككىنچى ئاۋازغىمۇ ئىگە بولۇشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ.

— ئاھ، موررېل ئەپەندى! — دەپ خىتاب قىلدى يىگىت، كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئۇنىڭ قوللىرىنى قىسىپ تۇرۇپ، — سىزگە ئاتامنىڭ ۋە مېرسېدېسنىڭ نامىدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

— بولدى، بولدى، ئېدمون. ساپ ۋىجدانلىق كىشىلەرگە ئەرشتىكى خۇدا ئۆزى مەدەت بېرىدۇ! دادىڭىزنىڭ يېنىغا بېرىڭ، مېرسېدېس بىلەن كۆرۈشۈڭ، ئاندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭ.

— مەن سىزنى قىرغاققا يەتكۈزۈپ قويايمۇ؟

— ياق، رەھمەت. مەن بۇ يەردە قېلىپ، دانگلار بىلەن ھېساباتلارنى كۆرۈپ چىقىشىم كېرەك. قانداق، سىز سەپەردە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى ياقتۇرامسىز؟

— ھەم ياقتۇرىمەن، ھەم ياقتۇرمايمەن. يولداشلىق مۇناسىۋىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى ياقتۇرمايمەن. بىرقېتىم مەن ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ قالغاندا، ئۇنىڭغا مونتې - كرىستو ئارىلىدا ئون مىنۇتقا توختاپ،تالاش - تارتىشىمىزنى بىر تەرەپ قىلىشنى تەكلىپ قىلىشتەك ئەقىلسىزلىككە يول قويدۇم. شۇندىن تارتىپ ئۇ ماڭا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغاندەك تۇرىدۇ. مەن

ئۇنىڭغا ئۇنداق گەپلەرنى دېمىسەم توغرا بولاتتى، ئەلۋەتتە. ئۇ بولسا، مەن بىلەن ئۇرۇشۇشنى رەت قىلىپ ھەقىقەتەن ئاقىلانە ئىشنى قىلدى. ئەمدى، بوغالتىرلىق خىزمىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنى ھېچنېمە دەپ ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. ئېھتىمال، سىزمۇ ئۇنىڭدىن رازى بولۇشىڭىز مۇمكىن.

— قېنى، دانتېس ئېيتىڭا، — دەپ سورىدى خوجايىن، — ئەگەر سىز «فىرئاۋن» نىڭ كاپىتانى بولسىڭىز دانگلارنى ئۆز يېنىڭىزدا قالدۇرۇشنى خالامسىز؟

— مەن مەيلى كاپىتان بولاي ياكى كاپىتاننىڭ ياردەمچىسى بولاي، موررېل ئەپەندى، باشلىقىمنىڭ ئىشەنچىسىگە سازاۋەر بولغان ھەرقانداق كىشىگە يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن.

— توغرا، دانتېس، سىز ھەر جەھەتتىن قارىغاندىمۇ ئىنتايىن ياراملىق يىگىت. ھە، ئەمدى قايتىڭ، قارىسام بەكمۇ ئالدىراپ تۇرىسىز.

— دېمەك، مېنىڭ رۇخسەت سورىغان ۋاقتىمغا ئىجازەت بەردىڭىزمۇ؟

— كېتىۋېرىڭ دېدىمغۇ.

— مەن سىزنىڭ قولۋىقىڭىزنى ئىشلىتىۋالسام بولامدۇ؟

— ئېلىڭ.

— خۇشۋاق بولۇڭ، موررېل ئەپەندى، سىزگە مىڭ مەرتىۋە تەشەككۇر.

— خوش، ئېدمون، ئىشلىرىڭىزنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىنى تىلەيمەن!

ياش دېڭىزچى قولۋاققا سەكرەپ چۈشۈپ، ئۆزى رولنى باشقۇرۇشقا ئولتۇردى ۋە كانبىيىر كوچىسىغا قاراپ ئۈزۈشنى بۇيرۇدى. ئىككى ماتروس پالاقلارنى شىددەت بىلەن سۇغا ئۇرۇشقا كىرىشتى ۋە قولۋاق پورتتىن تاكى ئورلېئان ماتۇسىغىچە ئىككى رەت تىزىلىپ تۇرغان كېمىلەردىن ھاسىل بولغان تار



ئاربىلىقتا مىغىلداپ يۈرگەن قېيىقلارنىڭ ئارىسىدىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چاققانلىق بىلەن ئۈزۈپ كەتتى.

خوجايىن خۇش تەبەسسۇم بىلەن تاكى ئۇ قىرغاققا يېتىپ بارغۇچە كەينىدىن قاراپ تۇردى ۋە ئۇنىڭ ماتۇدىكى تاش يولغا ئىرغىپ چىقىپ، رەڭگا رەڭ كىيىنگەن يولۇچىلار توپى ئىچىدە غايىب بولغانلىقىنى كۆردى. بۇنداق رەڭدار كىيىنگەن خالايىق ئەتىگەن سائەت بەشتىن تاكى كەچ سائەت توققۇزلارغىچە بۇ مەشھۇر كانبىيىر كوچىسىغا سەلتەنەت بېغىشلاپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھازىرقى خوكسىيىلىقلار بۇ كوچىدىن شۇنىچە پەخىرلەنگەن ھالدا ئەڭ جىددىي قىياپەتتە تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرلىك تەلەپپۇزى بىلەن شۇنداق دەيدۇكى: «مۇبادا پارىژدا كانبىيىر كوچىسى بولسا، پارىژمۇ كىچىككىنە مارسېلغا ئوخشاپ قالاتتى».

خوجايىن كەينىگە بۇرۇلغاندا ئۆزىنىڭ ئارقا تەرىپىدە گوياكى ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۆزىگە ئوخشاشلا ياش دېڭىزچىغا نەزەر سېلىپ تۇرغان دانگلارنى كۆردى. ئەپسۇسكى، شۇ بىر كىشىنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرغان بۇ ئىككى ئادەمنىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئېتىۋاتقان ئىچكى تۇيغۇلىرى غايەت زور دەرىجىدە بىر-بىرىگە ئوخشىمايتتى.

## ئىككىنچى باب

# ئاتا ۋە بالا

شۇنداق قىلىپ، دۈشمەنلىك ھېسسىياتى بىلەن رىغبەت-

لەنگەن دانگلار ئۆز سەپدىشىنى خوجايىن ئالدىدا قارىلاشقا ئۇرۇنۇپ تۇرىۋەرسۇن، بىز دانتېسنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ بارايلى. دانتېس كانېبىير كوچىسىنى باشتىن - ئاياغ كېزىپ ئۆتكەندىن كېيىن، نوئايىل كوچىسىدىن ئۆتۈپ، مېليان كوچىسىنىڭ سول تەرىپىگە جايلاشقان كۆرۈمسىز بىر ئۆيگە كىردى، يورۇقلۇق چۈشمەيدىغان پەلەمپەيلەردىن يۈگۈرگەن پېتى 5 - قەۋەتكە چىقتى ۋە بىر قولى بىلەن پەلەمپەي سالاسۇنىغا تايىنىپ، يەنە بىر قولىنى قاتتىق گۈپۈلدەپ ئۇرۇۋاتقان يۈرىكىگە چىڭ باسقان ھالدا قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىك ئالدىدا توختىدى. بۇ ئىشىكتىن بىر ئېغىز كۆلبىنىڭ ئىچى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مانا مۇشۇ كۆلبىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئاتىسى كۈن كەچۈرەتتى.

«فىرئاۋن» نىڭ قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى بوۋاي تېخى ئاڭلىمىغانىدى. شۇ مەزگىلدە ئۇ ئېھرۇندۇققا چىقىۋېلىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن دېرىزىگە چىرمىشىپ ئۆسۈپ كەتكەن ھەشقىپىچەك ۋە ماگدار گۈللىرىنى تۈزەشتۈرۈۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىپ قۇچاقلىۋالدى ۋە ئۇ ئۆزىگە ئىنتايىن تونۇش بولغان بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى:

— دادا!

بوۋاي ۋارقىراپ تاشلىدى - دە، ئارقىغا بۇرۇلدى. ئۇ ئۆز ئوغلىنى كۆرگەندىن كېيىن تاترىپ كەتكەن ۋە تىترەپ تۇرغان ھالدا ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئېتىلدى.

— نېمە بولدى، دادا، — دەپ سورىدى يىگىت خاتىرجەمسىزلىنىپ، — ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟

— ياق، ياق. مېھرىبانىم ئېدمون، ئوغلۇم، بالام، ياق! مەن سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتمىگەنىكەنمەن ... تۇساتتىن كىرىپ كېلىپ مېنى تەمتىرىتىپ قويدۇڭ ... بۇ خۇشاللىقتىن ... يا



پەرۋەردىگارىم! ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك بولۇپ قېلىۋاتىمەن!

— تىنچلانغىن دادا، بۇ مەنغۇ. كىشىلەر، خۇشاللىق ئادەمگە زىيان كەلتۈرمەيدۇ، دېيىشىدۇ. شۇڭلاشقا مەن سېنىڭ ئالدىڭغا مۇشۇنداقلا كىرىپ كەلدىم. كۈلگىنە قېنى، ماڭا بۇنداق چەكچىيىپ قارىمىغىن. مەن قايتىپ كەلدىم، ئەمدى بىز غەمدىن خالاس بولىمىز.

— شۇنداق بولغاي بالام، — دېدى بوۋاي جاۋابەن، — بىراق، غەمدىن خالاس بولىمىز دېگىنىڭ نېمىسى؟ بۇندىن كېيىن مېنى يالغۇز قويۇپ كەتمەمسەن؟ ھە، ساڭا قانداق ئامەت كەلدى، سۆزلەپ بەرگىنە!

— ئۇلۇغ تەڭرىم گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغاي، مەن پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ قايغۇ - ھەسرىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان بەخت - سائادەتتىن بەھرىمەن بولۇۋاتىمەن. لېكىن، خۇدا ئۆزى كۆرۈپ تۇرۇپتۇكى، مەن بۇنداق بەختنى ئارزۇ قىلمىغان، ئۇ ئۆزلىكىدىنلا كېلىپ قالدى ۋە مەن ھەسرەتلىنىپ ئولتۇرالمايمەن. كاپىتان لېكلېر ۋاپات بولدى، ئەمدى ئەھۋالدىن قارىغاندا، موررېلنىڭ ھىمايە قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىنى مەن ئىگىلەيدىغان بولۇۋاتىمەن. چۈشىنىۋاتامسەن دادا؟ 20 يېشىمدا كاپىتان بولىدىغان بولدۇم! مائاشىم يۈز لۇيىدۇر ۋە سودا كىرىمىنىڭ مەلۇم قىسمى ماڭا تېگىشلىك بولىدۇ. مەندەك بىر كەمبەغەل ماتروس بۇنداق بولۇشنى خىيالىمغا كەلتۈرۈشۈم مۇمكىنمىدى؟

— شۇنداق، ئوغلۇم، توغرا ئېيتىسەن، — دېدى بوۋاي، — بۇ، زور بەخت.

— ئاشۇ دەسلەپكى پۇللارغىلا سەن بېغى بىلەن قوشۇپ بىر ئۆي سېتىۋال. سەن ئۇ باغدا ھەشقىپىچەك، ماگدار گۈللىرىڭنى ئۆستۈرىسەن ... ھەي، ساڭا نېمە بولدى دادا؟ مىجەزىڭ يوقمۇ؟

— كېرەك يوق، كېرەك يوق ... بىردەم تۇرۇپ ئوڭشۇلۇپ قالىمەن.

بوۋاي ھالىدىن كېتىپ ئۆزىنى ئورۇندۇققا تاشلىۋەتتى.

— توختاپ تۇر دادا، بىر ئىستاكان مەي ئىچىۋەتكىن، بۇ سېنىڭ قۇۋۋىتىڭنى ئاشۇرىدۇ. مەي قەيەردە؟

— ياق، رەھمەت، ئىزدىمىگىن كېرەك ئەمەس، — دېدى بوۋاي ئوغلىنى تۇتۇپ قېلىشقا تەمشىلىپ.

— كېرەك ئەمەس دېگىنىڭ نېمىسى؟ مەي قەيەردە؟

ئۇ جاۋەننى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

— ئاختۇرما...، — دېدى بوۋاي، — مەي يوق.

— نېمىشقا يوق؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى دانتېس. ئۇ تىترىگەن ھالدا بىردەم بوۋاينىڭ تاتىرىپ كەتكەن جۈدەك يۈزىگە، بىردەم جاۋەننىڭ بوش تاكچىلىرىغا قارايتتى، — نېمىشقا مەي يوق؟ ساڭا پۇل يېتىشمىدىمۇ دادا؟

— سەن يېنىمدا بولغاندىن كېيىن ئەمدى ھەممە نېمەم تەل، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي.

— ئەمما، — دەپ پىچىرلىدى دانتېس مەڭزىدىن تەرنى سۈرتۈپ، — ئۈچ ئاي ئىلگىرى مەن يولغا چىقىش ۋاقتىمدا ساڭا ئىككى يۈز فرانكنى قالدۇرۇپ كەتكەندىمغۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، ئېدمون. بىراق سەن قوشنىمىز كادرۇستىن ئالغان قەرزىڭنى تۆلەشنى ئۇنتۇپ كەتكەنىكەنسەن. ئۇ ماڭا بۇھەقتە سۆز ئاچتى ھەمدە ئەگەر مەن سېنىڭ قەرزىڭنى تۆلىۋەتمىسەم، مورېل ئەپەندىگە ئەرز قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن، بۇ ئىشنىڭ ساڭا زىيان كەلتۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ...

— شۇنىڭ بىلەن، قانداق قىلدىڭ؟

— قەرزنى تۆلىۋەتتىم.



— مەن كادرۇستىن بىر يۈز 40 فرانك ئۆتنىگەن ئالغان ئەمەسمۇ! — دەپ چۆچۈگەندەك ۋارقىراپ تاشلىدى دانتېس.

— شۇنداق، — دېدى بوۋاي پەس ئاۋاز بىلەن.

— شۇنىڭ ھەممىسىنى مەن قالدۇرۇپ كەتكەن ئىككى يۈز فرانكتىن تۆلىۋەتتىڭمۇ؟

بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— شۇندىن كېيىن تولۇق ئۈچ ئايغىچە 60 فرانك بىلەن قالدىڭمۇ؟

— ماڭا قانچىلىك پۇل كېتەتتى، — دەپ قويدى بوۋاي.

— خۇدايىمەي! — ئېدمون ئىگىرىغان ھالدا دادىسىنىڭ ئالدىغا تىزلەندى.

— ساڭا نېمە بولدى؟

— مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ گۇناھىمدىن ھەرگىز ئۆتمەيمەن!

— بولدى قىلغىن، — دېدى بوۋاي كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — سەن قايتىپ كەلدىڭ، مانا ئەمدى ھەممە ئىشلار ئۇنتۇلدى، بىز ئەمدى غەمدىن خالاس بولدۇققۇ.

— ھەئە، مەن قايتىپ كەلدىم، — دېدى يىگىت، — زور ئۈمىدۋارلىققا ۋە ئانچە - مۇنچە پۇلغا ئىگە بولۇپ قايىتتىم... مانا دادا، ئالغىن، ئالغىن ۋە دەرھال لازىمەتلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا ئادەم ئەۋەتكىن.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ئۈستەل ئۈستىگە ئون نەچچە دانە تىللا، بەش - ئالتە دانە بەش فرانكلىق تەڭگە ۋە بىر مۇنچە پارچە پۇللارنى تۆكتى.

دانتېس بوۋاينىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتكەندەك بولدى.

— بۇ كىمنىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— مېنىڭ... سېنىڭ... بىزنىڭ! ئالغىن، يېمەكلىكلەرنى سېتىۋال، پۇلنى ئايىماي ئىشلىتىۋەرگىن، مەن ئەتە يەنە ئەكىلىمەن.

— توختا، توختا، — دېدى بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ، — سېنىڭ رازىلىقىڭ بىلەن مەن بۇ پۇللارنى ئاز - ئازدىن ئىشلىتەي. ئەگەر مەن بىراقلا كۆپ سەرپ قىلىۋەتسەم، كىشىلەرگە يەنە مېنىڭ پۇل خەجلىشىم سېنىڭ قايتىشىڭغا قاراشلىق بولغاندەك تۇيۇلمىسۇن.

— قانداق خالىساڭ شۇنداق قىلىۋەرگىن. ئەمما، ئەڭ ئاۋۋال ئۆيگە بىر خىزمەتكار ياللاپ ئالغىن. مەن سېنىڭ يالغۇز تۇرۇشۇڭنى خالىمايمەن. كېمىدىكى ساندۇقۇمدا يوشۇرۇنچە ئېلىپ كەلگەن قەھۋە ۋە ئاجايىپ ئېسىل تاماكا بار، ئەتە ئەكېلىپ بېرىمەن. توختىغىنا! بىرى كىرىۋاتىدۇ.

— بۇ كادرۇس بولۇشى مۇمكىن. سېنىڭ كەلگەنلىكىڭنى ئاڭلاپ، ئامان - ئېسەن قايتقانلىقىڭنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن كەلگەندۇر.

— تىلى باشقا، دىلى باشقا دېگەن شۇ - دە، — دېدى ئېدمون، — مەيلى، ئۇ بىزنىڭ قوشنىمىز، بىر چاغلاردا بىزگە ئۆز ئىلتىپاتىنىمۇ كۆرسەتكەن. ئۇنى ياخشى قارشى ئالغىن.

ئېدمونىنىڭ سۆزى ئاياغلاشماي تۇرۇپلا، كادرۇسنىڭ قاپ - قارا ساقال - چاچلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بېشى ئىشىك ئارقىسىدىن پەيدا بولدى. بۇ، 25 — 26 ياشلاردىكى كىشى بولۇپ، قولىدا بىر بولاق سوكنا كۆتۈرىۋالغانىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ سەپكۈلۈك ھۈنىرى بىلەن بۇ رەختنى تەييار كىيىمگە ئايلاندۇرۇشنى نىيەت قىلغان بولسا كېرەك.

— ۋاھ، قايتىپ كەپسەن، ئېدمون! — دېدى ئۇ كۈچلۈك مارسېل تەلەپپۇزى بىلەن ۋە خۇددى پىل سۆڭىكىدەك ئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلدى.

— ھە، قايتىپ كەلدىم، بۇرادەر كادرۇس، ھاجىتىڭىز بولسا، خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن، — دېدى دانتېس، تاشقى



كۆرۈنۈشىدىكى سوغۇقلۇق ئىپادىسىنى خۇش مۇئامىلە بىلەن تەسلىكتە يوشۇرۇپ.

— ھەشقاللا، بەختىمگە يارىشا ماڭا ھېچنەرسە لازىم ئەمەس. بەلكى قىسمەن چاغلاردا باشقىلارنىڭ ماڭا ھاجىتى چۈشۈپ قالىدۇ (دانتېس سەسكىنىپ كەتتى). مەن سېنى دېمىدىم، ئېدمون. مەن ساڭا قەرزگە پۇل بەردىم، سەن ئۇنى ماڭا قايتۇردۇڭ. ياخشى قوشنىدارچىلىق دېگەن شۇنداق بولىدۇ. مانا ئەمدى بىز خالاس بولدۇق.

— بىزگە ياردەم قىلغانلار بىلەن ھېچقاچان خالاس بولمايمىز، — دېدى دانتېس، — پۇل قەرزى قايتۇرۇلغاندىن كېيىن مىننەتدارلىق قەرزى قالىدۇ.

— بۇ گەپنىڭ نېمە كېرىكى؟ بولغان ئىش ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كۆرە، سېنىڭ سالامەت قايتقانلىقىڭ توغرىسىدا سۆزلەشەيلى. مەن پورتقا خور مارەك سوكنا ئىزدەپ بېرىپ، ئاغىنەم دانگلارنى ئۇچرىتىپ قالدىم.

«ياھ، سەن مارسېلدا يۈرسەنغۇ؟» — دېدىم ئۇنىڭغا.

«شۇنداق. قايتىپ كەلدۇق».

«مەن سېنى سىمىرنادا تۇرىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن».

«شۇ يەردە ئىدىم، ھازىر شۇ يەردىن كېلىشىم».

«بىزنىڭ ئېدمونچۇ، ئۇ نەدە؟».

«دادىسىنىڭ يېنىدا بولسا كېرەك»، — دەپ جاۋاب بەردى دانگلار. شۇ گەپنى ئاڭلاپ، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى كادرۇس، — دوستۇمغا سالام بېرىپ چىقاي دەپ كەلدىم.

— ئاق كۆڭۈل كادرۇس، ئۇ بىزنى شۇنچە ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى بوۋاي.

— ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن ھەم يەنە ھۆرمەتلەيمەن، چۈنكى سەممىي كىشىلەر كەم ئۇچرايدۇ. ھە، ئاغىنە، باي بولۇپ

كەتكەن ئوخشىمامسەن؟ — دېدى سەيپۇك دانتېس ئۈستەلگە تۆكۈپ قويغان ئالتۇن - كۈمۈش دۆۋىسىگە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ.

يىگىت، قوشنىسىنىڭ كۆزلىرىدە قىزىقىشنى گويا ئۇچقۇنلار چاقناپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

— بۇ مېنىڭ پۇللىرىم ئەمەس، — دەپ پەرۋا قىلمىغان سىياقتا جاۋاپ بەردى دانتېس. — مەن ئاتامنى ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنىلىپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ هال سورىغانىدىم، ئۇ مېنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ يېنىدا بارىنىڭ ھەممىسىنى ئۈستەلگە تۆكۈپ قويدى. دادا، قوشنىمىز ھاجەتمەن بولمىسا پۇللىرىڭىزنى يىغىۋېتىڭ. ئەگەر قوشنىمىزغا لازىم بولسا، قانچىلىك خالىسا ئېلىپ ئىشلىتىۋەرسۇن.

— ياق، دوستۇم، — دېدى كادرۇس. — ماڭا ھېچ نەرسە لازىم ئەمەس. خۇداغا شۈكۈر، سەيپۇڭلۇق ھۈنىرىم بىلەن يامان ئەمەس جان بېقىپ كېتىۋاتىمەن. پۇلۇڭنى تېجەپ ئىشلەتكىن، پۇل دېگەن ھېچقانداق ۋاقىتتا ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. ھەر ھالدا سېنىڭ شۇنچىلىك تەكلىپ قىلغانلىقىڭغا رەھمەت.

— مەن چىن قەلبىمدىن تەكلىپ قىلدىم، — دېدى دانتېس.

— شۈبھىلەنمەيمەن. ھەي، شەيتان، ئاڭلىسام. سېنىڭ موررېل ئەپەندى بىلەن يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتىڭ بار دېيىشىدىغۇ؟

— موررېل ئەپەندى ماڭا بۇرۇندىنلا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن، — دېدى دانتېس.

— شۇنداق بولغاندىن كېيىن سەن بىكارلا ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇشتىن باش تارتىپسەن.

— مېھمان بولۇشتىن؟ — دەپ سورىدى دانتېس بوۋاي، — ئۇ سېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانىمىدى؟



— ھەئە، دادا، — دەپ جاۋاب بەردى دانتېس ۋە بوۋاينىڭ ئۆز ئوغلىغا كۆرسىتىلگەن بۇنداق پەۋقۇلئاددە ئىلتىپاتتىن ھەيرەتتە قالغانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈپ قويدى.

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن بارمىدىڭ، ئوغلۇم؟ — سورىدى بوۋاي.

— سېنىڭ يېنىڭغا بالدۇرراق كېلىش ئۈچۈن، دادا، — دېدى يىگىت، — مەن ئۇ چاغدا سەن بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە ئالدىراپ تۇراتتىم.

— موررېل خاپا بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، — دەپ سۆز قاتتى كادرۇس، — كاپىتان بولۇشنى كۆزلىگەنىكەنسەن، خوجايىنىڭنىڭ لەۋزىنى يەردە قويۇش يارىمايدۇ.

— مەن ئۇنىڭغا بارالماسلىقىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتتىم. مېنىڭچە، ئۇ مېنى چۈشەندى.

— كاپىتان بولۇش ئۈچۈن ئانچە - مۇنچە خۇشامەت قىلىپ قويۇش كېرەك.

— ئۇنىڭسىزمۇ كاپىتان بولارمەن دېگەن ئۈمىدىم بار، — دەپ جاۋاب بەردى دانتېس.

— تولا ئوبدان، تولا ئوبدان! بۇ خەۋەر بارلىق قەدىناس دوستلارنى خۇشال قىلىدۇ. بولۇپمۇ قۇتلۇق نىكولاي قورغىنىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە تۇرىدىغان بەزىلەرنى تېخىمۇ خۇرسەن قىلىدۇ.

— مېرسېدېسنى دېمەكچىمۇسىز؟ — دەپ سورىدى بوۋاي.

— ھە راست، دادا، — دېدى دانتېس، — مەن سەن بىلەن يۈز كۆرۈشتۈم، سېنىڭ ساق - سالامەت تۇرغانلىقىڭنى، ھەممە نەرسەڭنىڭ زىيادە ئىكەنلىكىنى بىلدىم، ئەمدى مېنىڭ كاتالانغا بېرىپ كېلىشىمگە رازىلىقىڭنى سورايمەن.

— بارغىن بالام، بارغىن، — دېدى دانتېس بوۋاي، — ياراتقان ئىگەم مېنى ئۆز ئوغلۇم بىلەن بەختلىك قىلغىنىدا

ئوخشاش، سېنىمۇ ئۆز ئايالىڭ بىلەن بەختلىك قىلسۇن.

— ئايالىڭ بىلەن دەمسىزا! — دېدى كادرۇس. — خاتالاشمىسام، ئۇ قىز تېخى ئېدمونغا ياتلىق بولمىدىغۇ دەيمەن!

— ياق، هازىرچە تېخى ئۇنداق بولمىدى. لېكىن، پات ئارىدا شۇنداق بولغۇسى، — دېدى ئېدمون.

— قانداقلا بولمىسۇن، — دېدى كادرۇس، — سېنىڭ دەل ۋاقتىدا قايتىپ كەلگىنىڭ ياخشى بولدى.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى، مېرسېدېس بىر نازىنىن، نازىنىنلارغا ئاشىق بولغۇچىلار ئاز بولمايدۇ. نازىنىنلار ئىچىدە مېرسېدېس ئالاهىدە بىر قىز، ئاشىق بولغۇچىلار توپ-توپى بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرىدۇ.

— راستىنلىما؟ — دېدى دانتېس، يېنىككىنە تەشۋىشىنىڭ شەپىسى ئەكس ئەتكەن تەبەسسۇم بىلەن.

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى كادرۇس، — يەنە كېلىپ، هەر كىمنى شەيدا قىلىدىغان يىگىتلەر. لېكىن، ئۆزۈڭگە مەلۇم، سەن يېقىندا كاپىتان بولىسەن، شۇڭلا ئۇ سېنى ئەۋزەل كۆرۈشى ئېهتىمال.

— دېمەك، — دېدى دانتېس، ئىچكى تەشۋىشىنى خۇش تەبەسسۇمى ئاستىدا ئاران يوشۇرغان هالدا، — دېمەك، بۇ گەپچە، ئەگەر مەن كاپىتان بولالمىسام...

— هىم! هىم! — دەپ غودۇڭشىپ قويدى كادرۇس.

— ياق، بۇ گېپىڭنى قوي، — دېدى يىگىت. — مەن ئومۇمەن ئاياللار هەققىدە، خۇسۇسەن مېرسېدېس هەققىدە ساڭا قارىغاندا ياخشىراق پىكىردە. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن كاپىتان بولاي ياكى بولماي، ئۇنىڭ ماڭا بولغان ساداقىتىنى ساقلاپ قېلىشىغا ئىشەنچىم كامىل.



— تولىمۇ ئوبدان، — دېدى كادرۇس، — تولىمۇ ئوبدان! ئۆيلەنگەندە ئىشىنىشكە ئادەتلىنىش كېرەك. سەن قانداق ئويلىساڭ ئويلاۋەرگىن بۇرادەر، لېكىن مېنىڭ ساڭا ئېيتىدىغىنىم، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي تېزراق بېرىپ ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىڭنى مەلۇم قىل ۋە ئۆزۈڭ قازانغان ئۇتۇقلىرىڭنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەر.

— ئەمسە مەن كەتتىم، — دېدى ئېدمون.

ئۇ دادىسىنى سۆيۈپ قويدى ۋە كادرۇسقا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى-دە، چىقىپ كەتتى.

كادرۇس بوۋاينىڭ يېنىدا يەنە بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ، ئۇمۇ ئۆيدىن چىقتى ۋە سىناك كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان دانگلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

— هە، قانداق؟ — دەپ سورىدى دانگلار، — ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟

— كۆردۈم، — دېدى كادرۇس.

— تايىنلىق، ئۇ ساڭا ئۆزىنىڭ كاپىتانلىق مەنسىپىگە بولغان ئارزۇ-هەۋەسلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندۇر؟

— ئۇ، بۇ هەقتە گويا ئاللىقاچان كاپىتان بولۇپ بولغاندەكلا سۆزلەيدىكەن.

— شۇنداقمۇ تېخى! — دېدى دانگلار، — ئۇ بەك ئالدىراپ كېتىپتۇ.

— بىراق، مورېل ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغاندەك ...

— شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بەك خۇشالمۇ؟

— هەتتا ئادەمنىڭ چىشىغا تەگكۈدەك خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ تېخى بەئەينى بىر ئالىي زاتقا ئوخشاش ماڭا ئۆزىنىڭ ياردىمىنى تەكلىپ قىلدى، خۇددى بانكىرلارغا ئوخشاش ماڭا پۇل تەقدىم قىلماقچى بولدى.

— تەقدىم قىلسا ئالمىدىڭمۇ؟

— ئالمىدىم، ئەسلىدىغۇ بىر ئاز ئۆتنىگە ئالسامغۇ يامان بولمايتتى. چۈنكى ئۇمۇ ئۆز ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كۆرگەن پۇللىرىنى مەندىن ئۆتنىگە ئالغان، لېكىن ئەمدى دانتېس ئەپەندىنىڭ ھېچكىمگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ، ئۇ يېقىندا كاپىتان بولىدۇ!

— ھەم، ئۇ تېخى كاپىتان ئەمەس!

— راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ كاپىتان بولالمىسا تۈزۈكرەك بولاتتى، — دېدى كادرۇس، — كاپىتان بولۇپ قالسا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكىمۇ مۇمكىن بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

— بىزنىڭ ئارادىمىز شۇنداقلا بولسا، — دېدى دانگلار، — ئۇ ھازىر قانداق ئادەم بولسا، بۇندىن كېيىنمۇ خۇددى شۇنداقلا ئادەم بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، بەلكى تېخى ھازىرقىچىلىكمۇ بولالمايدۇ.

— نېمە دېدىڭ؟

— ھېچنېمە، مۇنداقلا دەپ قويدۇم. ئۇ يەنە ھېلىقى چىرايلىق كاتالان قىزىغا مەپتۇن بولۇپ يۈرەمدۇ؟

— ئاشىق بىقارار. ئۇ ھازىر شۇ ياققا كەتتى. ئەمما، خاتالاشمىسام، بۇ يولدا ئۇنى بەزى كۆڭۈلسىزلىكلەر كۈتۈپ تۇرىدۇ.

— ئېنىقراق سۆزلە.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى، بۇ مەسىلە سېنىڭ ئويلىغىنىڭدىن خېلىلا ئەھمىيەتلىك، قارىشىمچە، سەن دانتېسنى ياخشى كۆرمەيسەنغۇ؟

— مەن تەككەببۇرلارنى ياخشى كۆرمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا، ماڭا ئاشۇ كاتالان قىزى توغرۇلۇق نېمىنى بىلسەڭ ھەممىنى سۆزلەپ بەر.

— مەنغۇ دېگۇدەك ھېچنەرسىنى بىلمەيمەن. ئەمما، ئۆزۈم



كۆرگەن بەزى ئەھۋاللارغا قارىغاندا، كەلگۈسىدىكى كاپىتان كونا شىپاخانا① يولىدا بىر كۆڭۈلسىزلىككە دۇچ كېلەرمۇ دەپ گۇمان قىلىمەن.

— سەن نېمە ئىشلارنى كۆردۈڭ؟ قېنى، گەپ قىل.

— شۇنى كۆردۈمكى، مېرسېدېس ھەر قېتىم شەھەرگە كىرگەندە ئۇنىڭغا ياندىشىپ قارا كۆزلۈك، قىزىل يۈزلۈك، قارا چاچلىق، ئاچچىقى يامان كەلگەن بىر قاۋۇل كاتالانلىق ئەزىمەت ھەمراھ بولۇپ كېلىدۇ. قىز ئۆزى ئۇنى بىر نەۋرە ئاكام دەپ ئاتايدۇ.

— ھە، مۇنداق دېگىن! دېمەك، بۇ ئاداش ئاشۇ قىزنى قوغلاپ يۈرىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟

— شۇنداقمىكىن دەيمەن. ئۇنداق بولمىسا، 20 ياشلىق ئەزىمەت بىلەن 17 ياشلىق چىرايلىق قىزچاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە قانداق مۇناسىۋەت بولۇشى مۇمكىن؟

— سەن بايا، دانتېس كاتالانغا كەتتى دېگەنمىدىڭ؟

— مېنىڭ ئالدىمدىن شۇ ياققا چىقىپ كەتكەن.

— ھازىر بىزمۇ شۇ ياققا قاراپ يول تۇتساق، «رېزېرۋ» مەيخانىسىغا كىرىپ بىرەر ئىستاكاندىن مالگى شارابىنى ئىچكەچ ئولتۇرۇپ، نېمە يېڭىلىقلارنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتسەك، قانداق دەيسەن؟

— بۇ يېڭىلىقلاردىن بىزنى كىم خەۋەردار قىلىدۇ؟

— بىزنىڭ ئولتۇرغان جايىمىز ئۇنىڭ قايتىش يولى ئۈستىدە بولىدۇ ئەمەسمۇ. بىز دانتېسنىڭ قىياپىتىدىكى ئۆزگىرىشتىن نېمە ۋەقە بولغانلىقىنى پەملىيەلەيمىز.

— يۈر ئەمىسە، — دېدى كادرۇس، — بىراق، شەرتىم شۇ: چىقىمىنى سەن تۆلەيسەن.

— ئەلۋەتتە، — دەپ جاۋاب بەردى دانگلار.

① كونا شىپاخانا — يەر ئىسمى.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بەلگىلەنگەن ئورۇنغا قاراپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى. مەيخانىغا كىرگەندىن كېيىن بىر شىشە شاراب بىلەن ئىككى ئىستاكان كەلتۈرۈشنى بۇيرۇشتى. مەيپۇرۇش پامپىلا بوۋايدىن ئۇلار ئون مىنۇت ئىلگىرى دانتېسنىڭ مەيخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى.

دانتېسنىڭ ھازىر كاتالاندا ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىشقاندىن كېيىن ئۇلار شىرەگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە سايىۋەن بولغان چىنار ۋە ئەنجۈر دەرەخلىرىنىڭ يېڭىلا كۆكلەپ چىققان ياش يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا ئۇششاق شوخ قۇشلار نەۋباھارنىڭ قۇياشلىق ناھارىغا مەدھىيە ئوقۇپ بەس-بەستە سايراشماقتا ئىدى.

## ئۈچىنچى باب

# كاتالانلىقلار

ئىككى دوست قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، يولدىن كۆزلىرىنى ئۈزمىگەن ھالدا سۈزۈك ھالگى شارابنى ئالدىرىماي سىمۇرۇپ ئولتۇرغان شۇ جايدىن 100 قەدەمچە نېرىدىكى قۇياش نۇرى ۋە دېڭىز شامالدىرىنىڭ تەسىرىدىن كېمىرلەنگەن تاقىر دۆڭلۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە كاتالان كەنتى جايلاشقان.

بىر زامانلاردا ئىسپانىيىدىن قانداقتۇر نامەلۇم بىر توپ كۆچمەنلەر چىقىپ كەلدى ۋە ئۆزلىرى بۈگۈنگە قەدەر ياشاپ كېلىۋاتقان شۇ بىر پارچە يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ قايسى دىياردىن كەلگەنلىكىنى ۋە قايسى مىللەتنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يەرلىك تىلنى بىلىدىغان رەھبەرلىرىدىن بىرى چىقىپ مارسېل



شەھىرىنىڭ جامائەتچىلىكىگە مۇراجىئەت قىلىپ، بۇ يەرگە كېلىپ تۇختىغاندىن كېيىن، قەدىمكى دېڭىز ساياھەتچىلىرىگە تەقلىد قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ كېمىلىرىنى قۇرۇقلۇققا چىقىرىپ قويغان ئاشۇ سۇ بويىدىكى چۆل قىرغاقتا ماكانلىشىپ قېلىشقا ئىجازەت سورىدى. ئۇلارنىڭ ئىلتىماسى قوبۇل قىلىندى ۋە ئۈچ ئايچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ دېڭىز سىگانلىرىنى ئۇشبۇ مەملىكەتكە يەتكۈزۈپ كەلگەن، ئونلىغان كېمىلەرنىڭ ئەتراپىدا كىچىك بىر كەنت بىنا بولدى. ماۋرىتانىيە ۋە ئىسپانىيە ئالامەتلىرى ئارىلاشقان بۇ ئاجايىپ كۆركەملىك مەھەللىدە ھازىرقى دەۋرگە قەدەر ئۆز ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغان ئاشۇ ئىنسانلارنىڭ ئەۋلادلىرى ياشاپ كەلمەكتە. ئۈچ-تۆت ئەسىر جەريانىدا ئۇلار ئۆزلىرى گوياكى ئۇچۇپ چۈشكەن بىر توپ دېڭىز قۇشلىرىدەك، يىراقتىن كېلىپ ماكان تۇتقان بۇ زېمىنغا بولغان سادىقلىقىنى ساقلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ مارسېل ئاھالىسى بىلەن قىلچىلىكمۇ قان قوشۇلۇشى بولمىدى، ئۆيلىنىش-تۇرمۇشلۇق بولۇش ئىشلىرى مۇتلەق ئۆز ئىچىدىلا بولۇپ كەلدى ھەمدە ئۆز ۋەتىنىنىڭ تىلىنى ساقلاپ قالغىنىدەك، ئۆرپ-ئادەت ۋە مىللىي كىيىملىرىنىمۇ ساقلاپ كەلمەكتە.

ئەمدى بىز كىتابخانىنى ئۆزىمىز بىلەن بۇ كەنتنىڭ بىردىنبىر كوچىسىنى بويلاپ مېڭىشقا ۋە قاتاردىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىگە كىرىشكە تەكلىپ قىلىمىز. تاشقىرىدىن، ئاپتاپ ئۆينىڭ تاملىرىغا، بۇ تەۋەنىڭ بارلىق كونىچە قۇرۇلۇشلىرىغا ئورتاق بولغان ئازاك كەبى رەڭ بەردى، ئۆينىڭ ئىچكى دىۋارلىرىغا بولسا، ئاقلىمىچىنىڭ چوتكىسى ئىسپانىيە مېھمانخانىلىرىنىڭ ئالاھىدە زىننىتى بولغان پاك-پاكىز ئاق رەڭ بەخش ئەتتى.

ئوماققىنا بىر قىز، قوندۇزدەك قارا چاچلارغا، خۇددى كېيىكنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش قاپقارا مەخمەلدەك كۆزلەرگە

ئىگە بولغان ئاشۇ قىز خانا ئىچىدىكى توسۇققا يۆلىنىپ تۇراتتى ۋە گوياكى قەدىمكى گرېك ھەيكەلتىراشلىرى ماھىرلىق بىلەن يونۇپ چىققاندەك نازۇك بارماقلىرى بىلەن ھېچ ئەيىبى بولمىغان ئارچىگۈل دوتىسىنى مىجىقلاپ ئويناپ تۇراتتى، ئۈزۈلگەن گۈل ۋە بەرگىلەر ئەتراپتا چېچىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ جەينەكلىرىگىچە يالىڭاچلانغان قوللىرى ئاپتاپتا كۆيگەن بولسىمۇ، ۋېنېرانىڭ بىلەكلىرىگە كەمكۈتىسىز نۇسخا بولغۇدەك ئىدى ۋە ئاشۇ قوللار ھاياجاندىن تىترەپ تۇراتتى. قىز بىر پۈتىنى يېنىككىنە كۆتۈرۈپ-كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇپ تاقىلدىتىپ تۇراتتى ۋە بۇ ئويۇندىن ئۇنىڭ كۆلرەڭ - كۆك بالداقلىق قىزىل پايپاق كىيىلگەن ئاجايىپ سۇمباتلىق پاقالچاقلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى. قىزدىن ئۈچ قەدەم نېرىدا 20 — 22 ياشلاردىكى قەددى - قامىتى كېلىشكەن بىر يىگىت جەينىكى بىلەن كونا جاۋەنگە تايىنىپ ۋە ئورۇندۇقتا تەۋرىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ تىت - تىت بولغان ھالدا ئەلەملىك كۆزلىرى بىلەن قىزغا تەلمۈرۈپ قارايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى جاۋاب كۈتەتتى. لېكىن، قىزنىڭ قەتئىيلىك ۋە تەرسالىق بىلەن قاراپ قويۇشلىرى ئۆزىگە ھەمسۆھبەت بولغۇچى بۇ يىگىتنى بويسۇندۇراتتى.

— قولاق سالغىن، مېرسېدېس، — دەيتتى يىگىت، — پاسخا بايرىمى يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، توي قىلىشنىڭ راسا پەيتى... ماڭا جاۋاب بەرسەڭچۇ!

— مەن ساڭا يۈز قېتىملارچە جاۋاب بېرىپ بولدۇم، فېرنان. مەندىن يەنە قايتىلاپ سوراۋەرسەڭ، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ باش ئاغرىقى تېپىۋالىسەن.

— مەيلى، بۇ دەھشەتلىك سۆزلىرىڭگە ئىشىنەلىشىم ئۈچۈن يەنە تەكرارلىغىن، ئۆتۈنۈپ سورايمەن، يەنە تەكرارلىغىن. ئۆز ئاناڭنىڭ دۇئاسىنى ئالغان مېنىڭ شۇ مۇھەببىتىمنى رەت



قىلىدىغانلىقىڭنى ماڭا يەنە 100 قېتىم سۆزلىگىن. مېنىڭ بەختىم بىلەن ئوينىشىۋاتقانلىقىڭنى، مېنىڭ ھايات - ماماتىم سەن ئۈچۈن بىر تىيىن ئىكەنلىكىنى مېنىڭ چۈشىنىشىمگە مەجبۇر قىل! ئاھ، خۇدايىم! ئون يىل داۋامىدا سېنىڭ ئېرىڭ بولۇشنى ئارمان قىلىپ كەلگەنىدىم، مېرسېدېس. ئاخىرى، ھاياتىمنىڭ بىردىنبىر نىشانىسى بولغان بۇ ئۈمىدىمدىن مەھرۇم بولدۇممۇ!

— نېمە بولسىمۇ، مەن سېنىڭ بۇنداق ئۈمىدىڭگە مەدەت بەرمىگەن، — دەپ جاۋاب قايتۇردى مېرسېدېس، — سەن مېنى ئالداپ قويىدۇڭ دەپ ھېچقاچانمۇ ئەيىبلىيەلمەيسەن. ھەر دائىم ساڭا دەيدىغىنىم شۇ: مەن سېنى ئاكامنىڭ ئورنىدا ياخشى كۆرىمەن. سەن ھەرگىزمۇ بۇ قېرىنداشلارچە دوستلۇقتىن ئارتۇقىنى مەندىن تەلەپ قىلمىغىن. چۈنكى، مېنىڭ قەلبىم باشقا كىشىگە بېرىلگەن. قېنى، ئۆزۈڭ ئېيتقىنا، مەن ساڭا بۇ ھەقتە گەپ قىلغان ئەمەسمىدىم، فېرنان؟

— بىلىمەن، بىلىمەن، مېرسېدېس، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى يىگىت، — توغرا، سەن ماڭا ھەمىشە رەھىمسىزلەرچە بىپەرۋالىق قىلىپ كەلدىڭ. لېكىن، سەن يادىڭدىن چىقىرىپ قويما، كاتالانلىقلار ئۈچۈن ئۆز ئىچىدىنلا نىكاھلىنىش — مۇقەددەس قانۇن.

— سەن خاتالىشىۋاتىسەن فېرنان، بۇ قانۇن ئەمەس، بىر خىل ئۆرپ - ئادەت ئىشى. سېنىڭ بۇ ئۆرپ - ئادەتنى بانە قىلىشىڭنىڭ پايدىسى يوق. پېشانەڭگە پۈتۈلگەن قىسمىتىڭ شۇ، فېرنان. سېنىڭ ھازىرچە ئەركىنلىكتە يۈرۈشۈڭ، پەقەت بىر مەزگىللىك كەڭچىلىك. ئەتە - ئۆگۈن سېنى ھەربىي سەپكە سەپەرۋەر قىلىشىدۇ. ئەسكەر بولغاندىن كېيىن مەندەك بىر كەمبەغەل، شور پېشانە يېتىم قىزنى قانداق قىلماقچىسەن؟ مېنىڭ پۇلۇم يوق، مۇشۇ غېرىبانە كەپەمدە ئۆز

ۋاقتىدا دادامدىن ئاپامغا قالغان، كېيىن ئاپامدىن ماڭا قالغان كونا بېلىق تۇتۇش تورلىرىدىن باشقا مۈلكۈم يوق. ئاپامنىڭ تۈگەپ كەتكىنىگە يىل توشتى. شۇنىڭدىن بۇيان، ئۆزۈڭ كۆرۈۋاتىسەن فېرنان، مەن گادايلارچە كۈن كەچۈرۈپ كېلىۋاتىمەن. سەنمۇ ھازىر مەن بىلەن بىرلىكتە بېلىق تۇتۇپ جان بېقىۋاتىسەن. مەن بۇ ئىشنى ماقۇل كۆردۈم، فېرنان، چۈنكى سېنىڭ داداڭ مېنىڭ دادامنىڭ ئاكىسى ئىدى، بىز ئىككىمىزمۇ بىللە ئۆسۈپ چوڭ بولدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەگەر مەن سېنىڭدىن مۇناسىۋىتىمنى ئۈزىۋەتسەم ساڭا بەك ئېغىر كەلگەن بولاتتى. لېكىن، سەن تۇتۇپ كەلگەن بېلىقلارغا ئېلىۋاتقان پۇللىرىم ۋە ئاشۇ پۇللارغا گەزلىمە توقۇش ئۈچۈن سېتىۋالىدىغان كەندىر ماڭا خۇددى تىلەمچىگە بېرىلگەن سەدىقىدەك تۇيۇلىدۇ.

— مەيلى ئەمەسمۇ، مېرسېدېس. كەمبەغەل ۋە تەنھا بولساڭمۇ مەن ئۈچۈن سەن مارسېلىنىڭ ئەڭ باي سودىگەرلىرى ۋە ئەڭ كاتتا بانكىرلىرىنىڭ قىزلىرىدىن قىممەتلىك! بىز كەمبەغەللەرگە ئەڭ زۆرۈرى ئۆينى ياخشى باشقۇرىدىغان ۋاپادار ئايال. مەن سېنىڭدىن ياخشىسىنى نەدىن تاپاي؟

— فېرنان، — دېدى مېرسېدېس بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، — ئەگەر ئايال كىشى ئۆز ئېرىنى ياخشى كۆرمەستىن، باشقا بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا، ئۇ ئۆينى ھەرقانچە ياخشى باشقۇرغان تەقدىردىمۇ ۋاپالىق خوتۇن بولۇشى ناتايىن. مېنىڭ دوستلۇقۇمغا قانائەت قىلغىن، مەن ساڭا يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، ساڭا بېرەلەيدىغان ۋەدەم شۇ، مەن ئۆزۈم قىلالمايدىغان ئىشقا ھەرگىز ۋەدە قىلمايمەن.

— چۈشەندىم، — دېدى فېرنان، — سەن ئۆزۈڭنىڭ يوقسۇللۇقۇڭغا تەن بەرسەڭمۇ، مېنىڭ گادايلىقىمدىن قورقىسەن.



مېرسېدېس، ئەگەر سەن مېنىڭ بولۇپ قالساڭ تەلىيىمنى سىناپ كۆرىمەن. قەدىمىڭ يارىشىپ قالسا مەن بېيىپ كېتىمەن. مەن ئۆمۈر بويى بېلىقچى بولۇپ ئۆتىۋەرمەيمەن، بىرەر ئىدارىغا ياللىنىپ ئىش باشقۇرغۇچى بولالايمەن، ئۆز ئالدىمغا سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنالايمەن.

— ئۇنداق ئىشلارغا سېنىڭ چاماڭ يەتمەيدۇ، فېرنان. سەن ئەسكەر، سېنىڭ ھازىر كاتالاندا تۇرۇۋاتقانلىقىڭ پەقەت ئۇرۇش بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا. بېلىقچىلىقىڭنى قىلىۋەرگىن، قۇرۇق خىياللارغا بېرىلمە، چۈنكى بۇنىڭدىن ئەمەلىيەت تېخىمۇ ئېغىر تۇيۇلىدۇ. مېنىڭ دوستلۇقۇمغا قانائەت قىلغىن مەن ساڭا دوستلۇقتىن ئارتۇقنى بېرەلمەيمەن.

— راست دەيسەن، مېرسېدېس، ئەمىسە مەنمۇ دېڭىزچى بولاي، سەن ياقتۇرمايدىغان مىللىيچە كىيىملىرىمنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا لاكلانغان شلەپە، ئالا بالداق مايكا ۋە تۈگمىلىرىگە لەنگەر شەكلى چۈشۈرۈلگەن كۆك چاپان كىيىدىغان بولاي. سەن شۇنداق كىيىنگەن كىشىلەرنى ياقتۇرىسەنغۇ؟

— نېمە دېمەكچى بولىۋاتىسەن؟ — سورىدى مېرسېدېس مەغرۇرلۇق بىلەن ئېتىراز بىلدۈرگەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، — نېمە دېمەكچى بولىۋاتىسەن؟ مەن سېنى چۈشەنمىدىم.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مېرسېدېس، سەن خۇددى مەن تەسۋىرلىگەندەك كىيىنگەن بىر كىشىنى كۈتۈۋاتقانلىقىڭ ئۈچۈن ماڭا شۇنچە قوپاللىق ۋە قاتتىقلىق قىلىۋاتىسەن. بىراق، سەن كۈتكەن ئۇ كىشى ئۇنچىلىك ۋاپادار بولماسلىقى مۇمكىن، ئۇ ۋاپادار بولغان ھالەتتىمۇ دېڭىز ئۇنىڭغا ۋاپا قىلماسلىقى مۇمكىن.

— فېرنان، — دەپ خىتاب قىلدى مېرسېدېس، — مەن سېنى ئالىيجاناب يىگىت دەپ ئويلاپ يۈرگەنمەن، لېكىن خاتالىشىپتىمەن. سەن قارا نىيەت ئىكەنسەن! سەن ھەسەتخورلۇقۇڭ بىلەن خۇدانىڭ

غەزىپىدىن مەدەت تىلەۋاتىسەن! راست، يوشۇرمايمەن، سەن ئېيتقان شۇ كىشىنى مەن سۆيىمەن ھەم كۈتۈمەن. مۇبادا ئۇ قايتىپ كېلەلمەي قالسا، مەن ئۇنى بىۋاپالىق قىلدى دەپ ئەيىبلىمەيمەن، بەلكى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا مېنى سۆيگەن ھالدا قازا تاپتى دەيمەن.

كاتالانلىق يىگىت دەرغەزەپ ئىچىدە مۇشتلىرىنى تۈگدى.

— مەن سېنى چۈشەندىم، فېرنان. مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن سەن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى. سەن ئۆزۈڭ-نىڭ كاتالان پىچىقىڭنى ئۇنىڭ خەنجىرى بىلەن چېتىشتۇر-ماقچى! شۇنىڭ بىلەن نېمە نەتىجىگە ئېرىشىسەن؟ ئەگەر سەن يېڭىلسەڭ مېنىڭ دوستلۇقۇمدىن مەھرۇم بولىسەن، ئەكسىچە يېڭىپ چىقساڭ، مېنىڭ دوستلۇقۇم ساڭا قارىتا دۈشمەنلىككە ئايلىنىدۇ. مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنگىن، بىر ئايالنىڭ سۆيگەن ئادىمى بىلەن جېدەللىشىش شۇ ئايالنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىشقا بولغان ياخشى ۋاستە ئەمەس. ياق، فېرنان، ئۇنداق رەزىل غە-رەزلەردە بولمىغىن. سېنىڭ مېنى ئېلىشىڭ مۇمكىن بولمىغاندىن كېيىن مېنى ئۆز دوستۇڭدەك، ئۆز سىڭلىڭدەك كۆرۈشكە ئادەتلەنگىن. ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشۇشقا بۇنچىۋالا ئالدىراپ كەتمىگىن، فېرنان. — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىختىيارسىز ئۇرغۇپ چىققان ياشلىرىدىن نەملىشىپ كەتتى، — سەن ئېيتقاندەك، دېڭىز يولى خەتەرلىك. ئۇنىڭ دېڭىزغا چىقىپ كەتكىنىگە تۆت ئاي بولاي دەپ قالدى. بۇ تۆت ئاي جەريانىدا نۇرغۇن قېتىم بوران چىققانلىقىنى ساناپ تۇردۇم!

فېرنان بۇ گەپلەردىن تەسىرلەنمىدى، ئۇ مېرسېدېسنىڭ مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ياشلارنى سۈرتۈش ئۈچۈن قول ئۇزاتمىدى. ۋەھالەنكى، بۇ قىزنىڭ ھەربىر تامچا يېشى-نىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنىڭ بىر چىنە قېنىنى تۆكۈشكە رازى بولاتتى.



بىراق، بۇ ياشلار باشقا ئادەمنىڭ ئىشقىدا تۆكۈلمەكتە ئىدى! فېرنان ئورنىدىن تۇردى، كۇلبە ئىچىدە ئۇيياقتىن-بۇياققا مېڭىپ كەتتى ۋە مېرسېدېسنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، مۇشتلىرى تۈگۈلگەنىدى.

— مېرسېدېس، — دېدى ئۇ، — ماڭا يەنە بىر قېتىم جاۋاب بەر، بۇ سېنىڭ ئاخىرقى قارارىڭمۇ؟

— مەن ئېدموند دانتېسنى ياخشى كۆرىمەن، — خاتىرجەملىك بىلەن جاۋاب بەردى قىز، — ئېدموندىن باشقا ھېچقانداق ئادەم ماڭا ئىگە بولالمايدۇ.

— سەن ئۇنى داۋاملىق ياخشى كۆرۈپ كېتەلەمسەن؟

— تاكى ئۆلگۈچە.

فېرنان، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى يوقاتقان ئادەمگە ئوخشاش قەھرى بىلەن ئىڭرىغان ھالدا بېشىنى تۆۋەن سالدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تۇيۇقسىزدىن بېشىنى كۆتۈردى ۋە چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟

— ئۇ چاغدا مەنمۇ ئۆلىمەن.

— ئەگەر ئۇ سېنى تاشلىۋەتسىچۇ؟

— مېرسېدېس! — ئىشىك سىرتىدىن شاد-خۇراملىق بىلەن قىچقارغان ئاۋاز ئاڭلاندى، — مېرسېدېس!

— ئاھ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى قىز شادلىق ۋە مۇھەببەتتىن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا، — كۆردۈڭمۇ، ئۇ مېنى تاشلىۋەتمەيدۇ، ئۇ كەپتۇ!

ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى-دە، چاقىردى:

— بۇ ياققا كەل، ئېدمون! مەن مانا!

فېرنان، خۇددى ئۆز يولىدا يىلانغا يولۇقۇپ قالغان يولۇ-چىغا ئوخشاش تاتارغان ۋە تىترىگەن پېتىچە كەينىگە داجىپ

كېلىپ ئورۇندۇقتا پۇتلىشىپ كەتتى-دە، مادارىدىن كېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئېدمون بىلەن مېرسېدېس ئىنتىزارلىق ئىچىدە بىر-بىرىنىڭ قۇچىقىغا ئېتىلدى. قىزدۇرۇپ تۇرغان مارسېل قۇياشى كەڭ ئېچىلغان ئىشىكتىن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە پارلاق نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى. دەسلەپتە ئۇلارنىڭ ئەتراپتىكى ھېچنەرسىنى كۆرگىچىلىك ھالى بولمىدى. چەكسىز بەخت-سائادەت ئۇلارنى يورۇق دۇنيادىن ئايرىپ تۇراتتى، ئۇلار جۇش ئۇرۇپ تۇرغان خۇشاللىق ئەۋجىنىڭ ئىپادىسى بولغان باغلاشمىغان ئايرىم سۆزلەرنىلا پىچىرلىشاتتى.

توساتتىن، ئېدمون ئۆينىڭ ئىچكىرىسىدىن تاتىرىپ كەتكەن ۋە پەيلى بۇزۇلغان ھالدا خىرە گەۋدىلىنىپ چىققان فېرناننىڭ سوغۇق چىرايىنى كۆرۈپ قالدى. كاتالانلىق يىگىت ئاگاھسىز رەۋىشتە بىر قولى بىلەن بەلبېغىغا ئېسىقلىق تۇرغان پىچىقىنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— كېچىرىڭلار، — دېدى دانتېس قاپىقىنى تۈرۈپ، — مەن بۇ يەردە ئۈچەيلەن تۇرغانلىقىمىزنى بايقىماپتىمەن.

كېيىن ئۇ مېرسېدېسقا قاراپ سورىدى:

— بۇ جاناب كىم بولىدۇ؟

— بۇ، سېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇڭ بولىدۇ، دانتېس، چۈنكى ئۇ مېنىڭ دوستۇم، مېنىڭ ئاكام فېرنان. بۇ كىشى، مەن دۇنيادا سەندىن قالسا ئەڭ يېقىن كۆرىدىغان ئادىمىم. سەن ئۇنى تونۇمىدىڭمۇ، ئېدمون؟

— ھە، تونۇدۇم، — دېدى ئېدمون ۋە مېرسېدېسنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەي تۇرۇپ، يەنە بىر قولىنى سەممىيەت بىلەن كاتالانلىق يىگىتكە ئۇزاتتى. لېكىن. فېرنان بۇ دوستانە ھەرىكەتكە جاۋاب قايتۇرماستىن بۇتتەك ئوخشاش تىلسىز ۋە ھەرىكەتسىز ھالدا قېتىپ قالغانىدى.



بۇنى كۆرۈپ، ئېدمون تىترەپ تۇرغان مېرسېدېسقا ۋە تەلەتى سوۋۇن ھەم غەزەپلىك فېرنانغا گۇمانلىق نەزەرىنى سالدى. بىر قاراش بىلەن ئۇ ھەممىنى چۈشەندى. بىردىنلا ئۇنىڭ قەھرى-غەزىپى قايىنىدى.

— مېرسېدېس، مەن سېنى كۆرۈشكە ئىنتىلىپ كەلگەن چېغىمدا بۇ يەردە ئۆز رەقىبىم بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلىماپتىكەنمەن.

— رەقىبىم! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى مېرسېدېس ئاچچىقى بىلەن بىر نەۋرە ئاكىسىغا قاراپ قويۇپ، — مېنىڭ ئۆيۈمدە، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا سېنىڭ رەقىبىڭ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ مۇبادا شۇنداق بولىدىغان بولسا، مەن بۇ ئۆيىنى مەڭگۈلۈككە تاشلاپ سېنىڭ قولۇڭنى تۇتقان پېتىم مارسېلغا كەتكەن بولاتتىم.

فېرناننىڭ كۆزلىرى يالت-يۇلت قىلىپ كەتتى.

— ئەگەر سەن بىرەر پالاكەتكە يولۇققۇدەك بولساڭ، مېنىڭ ئېدمونىم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى قىز تەۋرەنمەس خاتىرجەملىك بىلەن ۋە بۇ ھال فېرنانغا شۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇراتتىكى، مېرسېدېس ئۇنىڭ يامان غەرەزلىرىنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتىپ بولغانىدى، — ئۇ چاغدا مەن مورژىئون تۇمشۇقىنىڭ چوققىسىغا چىقىپ تۆۋەندىكى خادا تاشلارغا بېشىم بىلەن سەكرەپ چۈشكەن بولاتتىم.

فېرنان بەئەينى مۇردىدەك تاتىرىپ كەتتى.

— بىراق، سەن خاتالاشتىڭ، ئېدمون، — قىز يەنە سۆزلىدى، — بۇ يەردە سېنىڭ رەقىبىڭ يوق، مېنىڭ ئاكام فېرنانلا بار، ئۇ ھازىر سېنىڭ قولۇڭنى سادىق دوستلارچە قىسىپ كۆرۈشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن قىز كاتالانلىق يىگىتكە جىددىيلىك بىلەن تىكىلىپ قارىغانىدى، بۇ يىگىت خۇددى سېھىرلەنگەندەك ئېدموننىڭ ئال-

دىغا ئاستا يېقىنلاپ كەلدى ۋە قولىنى ئۇزاتتى. ئۇنىڭ غەزىپى شىددەتلىك، ئەمما دەرمانسىز دېڭىز دولقۇنىدەك بۇ قىزنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا كۈكۈم - تالقان بولۇپ كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ قولى ئېدمونىنىڭ قولىغا تېگىشى بىلەنلا، بۇنىڭدىن ئارتۇقچە چىداپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆيدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى.

— ئاھ، دەردىم! — ئاھ ئۇراتتى ئۇ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قوللىرىنى يىمىرىپ، — بۇ ئادەمدىن مېنى كىممۇ قۇتۇلدۇرۇپ قالار؟ ئاھ، دەردىم!

— ئەي، كاتالانلىق! ئەي، فېرنان! نەگە ماڭدىڭ؟ — ئۇنىڭ كەينىدىن كىمدۇ بىرى قىچقاردى.

فېرنان دەرھال توختىدى - دە، چەكچەيگەن كۆزلىرى بىلەن ھەر تەرەپكە قاراپ چىقتى ۋە دەرەخلەر تۈۋىدىكى شىرە يېنىدا دانگلار بىلەن بىرگە ئولتۇرغان كادرۇسنى كۆردى.

— نېمىدەپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلمەيسەن؟ — دېدى كادرۇس، — ئىشلىرىڭ شۇنچە ئالدىراش بولۇپ، دوستلار بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشىشقىمۇ چولاڭ تەگمەي قالدىمۇ؟

— بولۇپمۇ، بۇ دوستلارنىڭ ئالدىدا تولۇق دېگۈدەك بىر شىشە ھاراق تۇرسا! — دەپ قوشۇپ قويدى دانگلار.

فېرنان ئۇلارغا تەلۋىلەرچە قاراپ قويۇپ، زۇۋان سۈرمەي تۇردى.

— ئۇ پۈتۈنلەي گاڭگىراپ قاپتۇ، — دېدى، دانگلار، كادرۇسنىڭ پۇتىغا نوقۇپ قويۇپ، — ئىش بىز ئويلىغاندەك بولماي، ئەكسىچە دانتېس غەلىبە قازانغانمۇ - نېمە؟

— ھازىر ئېنىقلايمىز، — دېدى كادرۇس ۋە فېرنان تەرەپكە بۇرۇلۇپ گەپ قىلدى، — ھە، قانداق، كاتالانلىق. بىر قارارغا كەلدىڭمۇ؟



فېرنان يۈزىدىكى تەرىنى سۈرتۈۋەتتى ۋە شىپاڭغا كىردى. شىپاڭنىڭ سايىسىدا. ئۇنىڭ ھودۇقۇشى بىرئاز بېسىلغاندەك بولدى، سالقىنلىق ئۇنىڭ ھالسىزلانغان بەدىنىگە ھوزۇر بېغىشلىدى.

— ياخشىمۇسىلەر، — دېدى ئۇ، — سىلەر مېنى چاقىردىڭلارغۇ دەيمەن؟

شۇ گەپ بىلەن ئۇ شىرەنى چۆرىدەپ تىزىلغان ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىگە خۇددى يىقىلىپ چۈشكەندەك ئۆزىنى تاشلىۋەتتى.

— قارىسام، ئەقلىڭدىن ئازغاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىسەن. ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتمىسۇن دەپ چاقىرىۋالدىم، — دېدى كادرۇس كۈلۈپ تۇرۇپ، — ۋاي، شورۇڭ قۇرغۇر! دوستلارنى مەي-شاراب بىلەن مېھمان قىلىشلا كۇپايە قىلمايدۇ، بەزى چاغلاردا ئۇلارنىڭ سۇغا چۈشۈپ ئۇنجۇقۇپ قېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىشنىمۇ توغرا كېلىدۇ.

فېرنان ئۇھ تارتتىمۇ ياكى يىغا ئارىلاش ئەندىكىپ كەتتىمۇ، ئېيتاۋۇر بېشىنى قوللىرىنىڭ ئۈستىگە تاشلىۋەتتى.

— ماڭا قارا فېرنان، — دەپ داۋام قىلدى كادرۇس، ئارتۇقچە قىزىقىشتىن ئەدەب - قائىدىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدىغان ئاۋام پۇقرالارغا خاس ھالدا سۆھبەتنى قوپاللىق بىلەن ئۇدۇللا باشلاپ، — بىلەمسەن، سەن ھازىر چەتكە چىقىپ قالغان دەردمەن ئاشىققا ئوخشاپ قاپسەن، — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ياق، — دەپ سۆز قاتتى دانگلار، — بۇنداق ئەزىمەت مۇھەببەت ئىشىدا چەتكە چىقىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، سەن چاقچاق قىلىۋاتىسەن، كادرۇس.

— ھەرگىز چاقچاق ئەمەس. ئۇنىڭ قانداق ئاھ ئۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۆزۈڭ ئاڭلاپ باق. ھە، فېرنان بېشىڭنى كۆتۈرۈپ بىزگە جاۋاب بەر. دوستلار ئەھۋال سورىغاندا جاۋاب بەرمەسلىك بىئەدەپلىك بولىدۇ.

— ئەھۋالىم ياخشى، — دېدى فېرنان مۇشتلىرىنى تۈرۈپ، لېكىن بېشىنى كۆتۈرمەستىن.

— ۋاھ، كۆردۈڭمۇ دانگلار، — دېدى كادرۇس، ئاغىنىسىغا كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — بۇ مۇنداق گەپ، سەن كۆرۈپ تۇرھان فېرنان، ئاق كۆڭۈل ۋە مەرت كاتالان يىگىتى، مارسېلنىڭ ئەڭ چىۋەر بېلىقچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ مېرسېدېس ئىسىملىك بىر گۈزەلگە ئاشىق بولۇپ قالغان. ئەمما، ئەھۋالدىن قارىغاندا، بەختكە قارشى ئۇ گۈزەل «فېرئاۋن» ناملىق كېمىنىڭ مۇئاۋىن كاپىتانغا كۆڭلىنى بەرگەنگە ئوخشايدۇ. «فىرئاۋن» بۈگۈن پورتقا قايتىپ كەلدى، دېمەك ... چۈشەندىڭمۇ؟

— ياق، چۈشەنمىدىم، — دېدى دانگلار.

— بىچارە فېرنان ئىستىپا بېرىپتۇ، — دېدى كادرۇس.

— ھە، قانداق قىلاتتىڭ؟ — فېرنان بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئاچچىقىنى كىمدىن چىقىرىشنى بىلمەي قالغان ئادەمدەك كادرۇسقا زەردە بىلەن قارىدى، — مېرسېدېسنى كىم باشقۇرالايتتى؟ ئۇ كىمنى خالىسا ئۆزىنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ؟

— ئەگەر سەن بۇ مەسىلىگە شۇنداق تونۇشتا بولساڭ، ئۇ چاغدا باشقا گەپ! — دېدى كادرۇس، — مەن سېنى كاتالانلىق دەپ ئويلاپتىمەن، ئەل ئىچىدە كاتالانلىقلار ئۆز مەھبۇبەسىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويىدىغانلاردىن ئەمەس. دېگەن گەپ-سۆزلەر بار. بولۇپمۇ، فېرنان دەھشەتلىك تۈردە ئۆچ ئالىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم.

فېرنان ھەزەر ئەيلەپ كۈلۈپ قويدى.

— كۆيگەن ئادەم دەھشەتلىك بولالمايدۇ، — دېدى ئۇ.

— بىچارە! — دەپ پاراڭغا قوشۇلدى دانگلار، چىن قەلبىدىن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، — قانداق قىلىش كېرەك ئەمدى؟ ئۇ، دانتېسنىڭ بۇنداق تېز قاي-



تىپ كېلىشىنى ئويلىماپتىكەن. ئۇ، دانتېسنى ئۆلۈپ كېتەر ياكى مۇھەببەتكە خىيانەت قىلار دېگەن ئۈمىد بىلەن يۈرۈپتىمەن. بۇنداق زەربىلەر مۇشۇنداق ئويلىمىغان يەردىن كەلسە تېخىمۇ ئېغىر تۇيۇلىدۇ.

— قانداقلا بولسۇن، — دېدى كادرۇس، ئۇ كەينى-كەينىدىن ئىچىپ ئولتۇرغاچقا، كۈچلۈك مالگى شارابى ئۇنىڭغا تەسىر قىلىشقا باشلىغانىدى، — قانداقلا بولسۇن، دانتېسنىڭ ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىكى بىر فېرناننىلا ئۆكۈندۈرۈپ قالمايدۇ، شۇنداقمۇ دانگلار؟

— شۇنداق، لېكىن بۇ ھال ئۇنى ياخشى ئاقىۋەتكە ئېلىپ بارمايدىغانلىقىنى ئالدىن ھۆكۈم قىلالايمەن.

— شۇنداقتىمۇ، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى كادرۇس، فېرنانغا شاراب قۇيۇپ ۋە ئۆزىگە تېگىشلىك قەدەھنى سەككىزىنچىمۇ ياكى ئونىنچى قېتىم تولدۇرۇپ تۇرۇپ، لېكىن دانگلار ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى شارابقا تېخى ئاغزىنى ئارانلا تەگكۈزۈپ قويغانىدى، — شۇنداقتىمۇ، ئۇ بەربىر گۈزەل مېرسېدېسقا ئۆيلىنىدۇ، ھەر ھالدا ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن قايتىپ كەلدى.

بۇ ئارىدا دانگلار فېرناننى زىرەكلىك بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇردى ۋە كادرۇسنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە خۇددى ئېرىتىلگەن قوغۇشۇندەك تېگىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— توي قاچان بولغۇدەك؟ — دەپ سورىدى دانگلار.

— ھىم! ئىش تېخى توي قىلىش دەرىجىسىگە يەتمىدى! — دەپ غۇدۇڭشۇدى فېرنان.

— شۇنداق، لېكىن ئۇلار ئاخىرى توي قىلىدۇ، — دېدى كادرۇس، — بۇ خۇددى دانتېسنىڭ «فىرئاۋن» نىڭ كاپىتانى بولۇشىدەكلا مۇقەررەر ئىش. راستمۇ دانگلار؟

دانگلار بۇ كۈتۈلمىگەن ھۇجۇمدىن شۈركىنىپ كېتىپ كادرۇس

تەرەپكە بۇرۇلدى ۋە بۇ سۆزلەر نېمە غەرەز بىلەن ئېيتىلغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارىدى، ئەمما ئۇنىڭ كەيپىدىن خۇددى يوقاتقان تەلەيدە ھەسەتخورلۇقتىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرەلمىدى،

— بەس، — دېدى ئۇ قەدەھلەرنى تولدۇرۇپ، — ئەمدى گۈزەل كاتالان قىزىنىڭ يىگىتى كاپىتان ئېدمون دانتېس ئۈچۈن ئىچەيلى!

كادرۇس ئېغىرلاشقان قولى بىلەن قەدەھنى ئاغزىغا ئېلىپ كەلدى ۋە بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. فېرنان ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى قەدەھنى سىقىملاپ ئېلىپ، يەرگە بىرىنى ئۇرۇپ پارە - پارە قىلىۋەتتى.

— توختاڭلار! — دېدى كادرۇس، — ئاۋۇ كاتالان يولىدىكى دۆڭلۈكتە كۆرۈنگەن نېمە ئۇ؟ قاراپ باققىنا فېرنان، سېنىڭ كۆزلىرىڭ مېنىڭكىدىن تۈزۈك. مېنىڭ كۆزلىرىم ھېچنەرسىنى پەرق ئېتەلمەيۋاتىدۇ. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ھاراق دېگەن ئادەمنىڭ دۈشمىنى. بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇق قولنى قولغا تۇتۇشۇپ كېلىۋاتىدىغۇ. ۋاي خۇدايىمەي! ئۇلار بىزنىڭ كۆرۈپ تۇرغانلىقىمىزنى ئۇقماستىن سۆيۈشۈۋاتىدۇ!

دانگلار، كۆرۈنەرلىك ھالدا رەڭگى ئۆچۈپ كېتىۋاتقان فېرناننىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىپ ئولتۇراتتى.

— سىز ئۇلارنى تونۇمسىز، فېرنان؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەئە، — دېدى بوغۇق ئاۋازدا، — ئېدمون بىلەن مېرسېدېس.

— ھە، مۇنداق دېگىنە! — دېدى كادرۇس، — مەن تېخى تونۇماي قاپتىمەن. ئەي، دانتېس! ئەي، گۈزەل قىزچاق! بۇياققا كېلىپ، قاچان توي بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈڭلار ئېيتىپ بېرىڭلار. فېرنان جاھىللىق قىلىپ بۇ ھەقتە گەپ قىلىشقا زادىلا ئۇنىمايۋاتىدۇ.



— جىم بولامسەن - يوق؟ — دېدى دانگلار، مەستلىكنىڭ تەرسالىقىدا شىپاڭدىن چىقىپ كېتىشكە ئىنتىلىپ تۇرغان كادرۇسنى توختاتماقچى بولۇۋاتقاندەك قىلىپ، — دەلدەڭشىمەي راۋۇرۇس تۇر، ئاشىق - مەشۇقلار بىلەن چاتىقىڭ بولمىسۇن. فېرناندىن ئىبرەت ئال، ئۇ ناھايىتى سەۋر - تاقەتلىك ئىكەن.

ئېھتىمال، ئۆزىنى يوقاتقان فېرنان دانگلارنىڭ قۇتراتقۇشى بىلەن سوقۇش مەيدانىغا قويۇپ بېرىلگەن بۇقىغا ئوخشاش ئۆزىنى تۇتالماي قالدى بولغاي. چۈنكى ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە ئەلپازىدىن ھازىرلا ئۆز رەقىبىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ چىقىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، مېرسېدېس ئۆزىنى شۇنچە خۇش كۆڭۈل ۋە ئەركىن تۇتقان ھالدا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل رۇخسارىنى نامايەن قىلىپ ھەممەيلەنگە نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن نەزەر تاشلىدى. فېرنان ئۇنىڭ، ئېدمون ئۆلسە مەنمۇ ئۆلىمەن، دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىنى يادىغا ئالدى ۋە ئىلاجسىزلىقتا قايتىدىن جايىغا ئاستا ئولتۇردى.

دانگلار ئۆز ئۆلپەتداشلىرىغا قاراپ چىقتى — بىرى ئەس — ھوشىنى يوقاتقان مەس، يەنە بىرى مۇھەببەت مەستانىسى.

«بۇ ساراڭلاردىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە، — بىر ھاراقكەش بىلەن بىر نامەرتكە ئارىلىشىپ قالغان ئوخشايمەن... مۇنۇ ئىچى قاينىمايدىغان ھەسەتخور ھاراققا دۈم چۈشتى. گەرچە مۇنۇ كاتالانلىق ھاماقەتنىڭ كۆزلىرى، شۇنچە ئۇستاتلىق بىلەن ئۆچ ئالىدىغان ئىسپانلىقلار، سىجىلىيىكلەر ۋە كالابرىيىلىكلارنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش چاقناپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنىڭ مەھبۇبىسى قولىدىن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، خۇددى بىر گۆدەكتەك ئاھ ئۇرۇپ، دەرت ئېيتىپ ئولتۇرىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ مۇشتلىرى شۇنداق يوغانكى، ئەگەر بىر بۇقىنىڭ بېشىغا ئۇرۇلىدىغان بولسا، ھەرقان-

داق تۆمۈر تۇقماقتىنمۇ قاتتىقراق زەربە بېرەر. ھەي، ھەقىقەتەنمۇ ئېدمونىنىڭ ئامىتى كەلگەنىكەن. ئۇ ئاشۇ ساھىبجامالغا ئۆيلىنىدۇ. كاپىتانلىق ئۇنۋانىنى ئالىدۇ ۋە بىزنى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدۇ. ئەگەر... — سوغۇق كۈلۈمسىرەش دانگلارنىڭ ئاغزىنى قىيسايتىۋەتتى، — ئەگەر بۇ ئىشقا مەن قول سالمايدىغان بولسام».

— ھەي! — دەپ داۋاملىق توۋلاۋەردى كادرۇس، ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ ۋە شىرەگە مۇشتۇمى بىلەن تايىنىپ تۇرۇپ، — ھەي، ئېدمون! سەن ئاغىنىلەرنى كۆرمەيۋاتامسەن ياكى كىبىرلىك ئۆسۈپ كېتىپ بىزلەرگە گەپ قىلىشنىمۇ خالىمايدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— ياق، بۇرادەر كادرۇس، — دەپ جاۋاب بەردى دانتېس، — مەن ئەسلا تەكەببۇر ئەمەس، مەن بەختلىك. شۇنىڭغا قارىغاندا، بەخت ئادەمنى تەكەببۇرلۇقتىنمۇ بەكرەك كۆرمەس قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ.

— پاھ! — دېدى كادرۇس، — مانا بۇ ھەق گەپ! ياخشىمۇسىز، دانتېس خانىم!

مېرسېدېس تەمكىنلىك بىلەن تازىم قىلدى.

— مەن تېخى بۇنداق دەپ ئاتالمىدىم، — دېدى ئۇ، — بىز تەرەپلەردە قىزلارنى نىكاھتىن ئىلگىرى يىگىتىنىڭ فامىلىسى بىلەن ئاتىسا يامان بولىدۇ، دېگەن ئېتىقاد بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، خاپا بولماي، مېنى مېرسېدېس دەپلا ئاتاۋېرىڭ، سىزدىن سوراپ قالاي.

— قوشنام كادرۇس ئانچە ئەيىبلىك ئەمەس، — دېدى دانتېس، — ئۇ ئەمەلىيەتتىن ئانچە چەتنەپ كەتمىدى.

— بۇ گەپچە، تويىڭلار يېقىندا بولىدىكەن-دە؟ — دەپ سورىدى دانگلار، يىگىت-قىزغا تازىم يانىدۇرۇپ.

— مۇمكىن قەدەر تېزرەك پۈتتۈرمەكچىمىز. بۈگۈن دادام



بىلەن مەسلىھەتلىشىمىز. ئەتە ياكى ئۆگۈندىن قالماي دەل مۇشۇ «رىزىرۋ» دا رىزالىق شەرىپىگە زىياپەت بېرىلىدۇ. بۇنىڭغا بارلىق دوستلارنىڭ قاتنىشىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ دېگەنلىك، سىزمۇ تەكلىپ قىلىندىڭىز، دانگلار ئەپەندى، سىزنىمۇ كۈتىمىز كادرۇس.

— فېرنانچۇ؟ — دەپ سورىدى كادرۇس مەستلەرچە ھىجىيىپ تۇرۇپ، — فېرنانمۇ بارامدۇ؟

— ئايالىمنىڭ ئاكىسى ئۆزۈمنىڭ ئاكام، — دېدى ئېدمون، — ئەگەر بۇنداق پەيتتە ئۇ بىز بىلەن بىللە بولمىسا، مېرسېدېس ئىككىمىز قاتتىق رەنجىيمىز.

فېرنان بىر نېمە دېمەكچى بولىۋىدى، ئەمما زۇۋانى تۇتۇلۇپ گەپ قىلالماي قالدى.

— بۈگۈن مەسلىھەت، ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە نىكاھ... سىز بەك ئالدىراپ كېتىپسىز، كاپىتان!

— دانگلار، — دېدى ئېدمون كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھازىر مېرسېدېس كادرۇسقا ئېيتقان گەپنى ئەمدى مەن سىزگە ئېيتاي، ماڭا تېخى رەسمىيلەشمىگەن ئۇنۋاننى قوشۇپ سۆزلىمەڭ. بۇ ماڭا بىر يامانلىق ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

— ئەپۇ قىلىڭ، — دېدى دانگلار، — مەن پەقەت سىز بەك ئالدىراپ قاپسىز دېگەننىلا ئېيتماقچىدىم. تېخى يېتىپ ئاشقىدەك ۋاقىت بارغۇ. «فىر ئاۋن» يەنە ئۈچ ئايدىن ئىلگىرى دېڭىزغا چىقالمايدۇ.

— ھەر قانداق ئادەم ئۆز مۇرادىغا بالدۇرراق يېتىشكە ئالدىرايدۇ، دانگلار ئەپەندى، كىم كۆپ جاپا تارتقان بولسا، ئۇ ئۆز بەختىگە ئىشىنەلمەي قالىدىكەن. لېكىن، بۇ مېنىڭ ئۆز خاھىشىملا ئەمەس، مېنىڭ يەنە پارىژغا بېرىپ كېلىدىغان ئىشىم بار.

— شۇنداقمۇ! پارىژغا! سىزنىڭ ئۇ شەھەرگە بىرىنچى قېتىم بېرىشىڭىزغۇ دەيمەن؟

— ھەئە.

— سىزنىڭ ئۇ يەردە ئىشىڭىز بارمىدى؟

— ئۆزۈمنىڭ ئىشىم ئەمەس، بىزنىڭ مەرھۇم كاپىتانىمىز لېكلېرنىڭ ئاداققى تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداش ئۈچۈن بارىمەن. ئۆزىڭىز چۈشىنىسىز، دانگلار، بۇ مېنىڭ بۇرچۇم. شۇنداق بولسىمۇ، مەن بېرىپلا قايتىمەن.

— توغرا، توغرا، مەن چۈشىنىمەن، — دانگلار ئاغزاكى شۇنداق دېدى، كېيىن ئۆز ئىچىدە: پارىژغا، بەلگىلىمە بويىچە مارشال ئۇنىڭغا تاپشۇرغان خەتنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن. ۋاھ! بۇ خەت مېنىڭ مېڭەمدە بىر پىكىرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. بىباھا پىكىر! ھە، دوستۇم دانتېس! سەن تېخى «فىرئاۋن» نىڭ رويخېتىگە بىرىنچى قول بولۇپ يېزىلمىدىڭ! دەپ ئويلىدى. ئاندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ئېدموننىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدى:

— ئاق يول بولسۇن!

— تەشەككۇر، — دەپ جاۋاب قىلدى ئېدمون ئارقىسىغا قاراپ ۋە دوستانە رەۋىشتە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئاشىق - مەشۇقلەر گوياكى جەننەتنىڭ ئىككى پەرىشتەسىدەك تىنچ ۋە بەختىيار ھالدا ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

## تۆتىنچى باپ

## سۈيىقەست

ئېدمون بىلەن مېرسېدېس «ئەۋلىيا نىكولاي» قورغىنىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كۆزدىن غايىپ بولغانغا قەدەر دانگلار ئۇلار-



نىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئۆز ئولپەتداشلىرىغا بۇرۇلۇپ ئولتۇردى. فېرنان تاتىرىپ كەتكەن ۋە تىترەپ تۇرغان ھالدا قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. كادرۇس بولسا، قانداقتۇ بىر كوچا ناخشىسىنى غىڭشىپ ئېيتماقتا ئىدى.

— مېنىڭچە، — دېدى دانگلار فېرنانغا، — ئۇلارنىڭ تويى بەزىلەرنى ئانچە خۇرسەن قىلمايدىغۇ دەيمەن.

— بۇ توي مېنى جىنىمدىن تويغۇزىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى فېرنان.

— سىز مېرسېدېسنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— تەڭداشسىز دەرىجىدە ياخشى كۆرىمەن.

— ئۇزاقتىن بۇيان شۇنداقمۇ؟

— بىز ئۆزىمىزنى بىلگەندىن تارتىپ شۇنداق. مەن ئۆمرۈم بويى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن.

— شۇنداق تۇرۇقلۇق، ھەسرىتىڭىزگە داۋا بولغۇدەك چىقىش يولى تېپىشنىڭ ئورنىغا ئۆزىڭىزنىڭ چېچىڭىزنى يۇلۇپ ئولتۇرامسىز؟ مەن تېخى كاتالانلىقلار بۇنداق ئەمەس، دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن.

— سىزنىڭ پىكرىڭىزچە، مەن نېمە قىلسام بولاتتى؟ — سورىدى فېرنان.

— مەن نەدىن بىلەي؟ بۇ مېنىڭ ئىشىممىدى؟ مېرسېدېس خېنىمغا ئاشىق بولغۇچى مەن بولمىسام كېرەك. ئوبدان ئويلانسىڭىز چارە - تەدبىرلەر تېپىلىدۇ، ئىنجىلدە شۇنداق دېيىلگەن.

— مەن ئەسلىدە، نېمە قىلىشىمنىمۇ بىلەتتىم.

— نېمە قىلماقچىدىڭىز؟

— مەن ئۇنى خەنجەر بىلەن جايلىۋەتمەكچىدىم. بىراق، مېرسېدېس، ئەگەر شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسە، مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىۋالىمەن، دېدى.

— قويۇڭ بۇ گېپىڭىزنى! بۇنداق گەپلەر ئېغىزدا ئېيتىلىدۇ، لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدۇ.

— سىز مېرسېدېسنى بىلمەيسىز، ئۇ ئېيتقان سۆزىگە چوقۇم ئەمەل قىلىدۇ.

«ئەخمەق! — دېدى دانگلار ئۆز ئىچىدە، — ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم. دانتېس كاپىتان بولمايدىغان ئىش بولسىلا بولدى».

فېرنان بولسا، قەتئىيلىك بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— لېكىن، مېرسېدېس ئۆلگۈچە مەن ئۆلىمەن.

— مانا مۇھەببەت دېگەن! — كادرۇس مەستلەرچە ۋارقىراپ كەتتى، — مۇھەببەت دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، مەن مۇھەببەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيمەن!

— ماڭا قاراڭ فېرنان، — دېدى دانگلار، — قارىسام سىز بىر مۆمىن يىگىت ئىكەنسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىزنىڭ بۇنداق ھەسرەت چېكىۋاتقانلىقىڭىزنى كۆرۈپ، سىزگە يار — يۆلەكتە بولۇشنى خالايمەن، بىراق...

— ھە، — دەپ سۆزگە چېتىلىۋالدى كادرۇس، — ئاخىرىنى سۆزلە.

— مېھرىبانىم، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلىۋەتتى دانگلار، — سەن مەست بولاي دەپ قالدىڭ. شىشىدە قالغىنىنى ئىچىۋەتكىن، شۇنىڭ بىلەن تەييار بولىسەن. ئىچىۋەرگىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ئارىلاشما. بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئۈچۈن سەگەك مېڭە بولۇشى كېرەك.

— مەن مەست بولدۇمما؟ — كادرۇس يەنە ۋارقىراپ كەتتى، — مەن تېخى يەنە تۆت شىشە ھاراق ئىچەلەيمەن، بۇ شىشە ئەتىر قۇتىسىچىلىكمۇ يوق ئىكەنغۇ. پامفىل بوۋا، شاراب كەلتۈرۈڭ! — كادرۇس قەدەھ بىلەن شىرەگە چېكىپ قويدى.



— شۇنداق قىلىپ، سىز ئېيتقاندەك ... — دېدى فېرنان دانگلارغا، ئۈزۈلگەن جۈملىنىڭ ئاخىرىنى تەشنالىق بىلەن كۈتكەن ھالدا.

— قىلغان گېپىمنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىم، بۇ ھاراقكەش مېنىڭ ھەممە خىياللىرىمنى قاچۇرۇۋەتتى.

— ھاراقكەش بولسام نېمە بوپتۇ؟ ھاراقتىن قورقىدىغانلارنىڭ ئۆزىگە زىيان، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس غەرەزلىرىنى ھاراقنىڭ ئاشكارىلاپ قويۇشىدىن قورقىدۇ، — دېدى كادرۇس ئاندىن ئەينى زاماندا كەڭ تارقالغان بىر ناخشىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

بارلىق ياۋۇزلار دولقۇنلارغا غەرق بولار،
تاشقىن سۇلار بۇنداق ئىشقا گۇۋاھ بولار.

فېرنان يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سىز مېنىڭ ھەسرىتىمگە ياردەمدە بولۇشنى خالايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىز، ئاخىرىدا «بىراق» دەپلا توختاپ قالدىڭىز...

— شۇنداق. سىزنى ھەسرەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دانتېسنىڭ سىز ياخشى كۆرگەن قىزغا ئۆيلىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭچە، بۇ ئىش، دانتېس ھالاك بولمىغان ھالەتتىمۇ ئاسانلا ھەل بولۇشى مۇمكىن.

— ئۇلارنى پەقەت ئۆلۈملا ئايرىۋېتەلەيدۇ، — دېدى فېرنان.

— سىز بىلىنىقا ئوخشاش مۇلاھىزە قىلىۋاتىسىز دوستۇم، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى كادرۇس، — دانگلار بولسا، بىلەرمەن، ھىيلىگەر، نوقۇمۇشلۇق ئادەم، ئۇ سىزنىڭ خاتالىشىۋاتقانلىقىڭىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئىسپاتلاپ بەرگىنە

دانگلار، مەن ساڭا ئىشەندىم. دانتېسنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەر. دانتېس ئۆلۈپ كەتسە بەك ئېچىنىشلىق ئىش بولىدۇ. ئۇ ئوبدان يىگىت، مەن دانتېسنى ياخشى كۆرىمەن. سېنىڭ سالامەتلىكىڭ ئۈچۈن، دانتېس!

فېرنان ئەپسۇسلانغان هالدا قولىنى بىر سىلكىپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، — دېدى دانگلار، كاتالانلىقنى قولى بىلەن توختىتىۋېلىپ، — ئۇ مەست بولسىمۇ ئەمەلىيەتتىن ئانچە چەتنەپ كەتمىدى. جۇدالىق قىسمىتى ئۇلارنى ئۆلۈمدىن قىلىشمىغان هالدا ئايرىۋېتەلەيدۇ. دانتېس بىلەن مېرسېدېسنىڭ ئارىسىدا تۈرمە سېپىلى كۆتۈرۈلۈپ چىقتى دەپ تەساۋۋۇر قىلىڭ. بۇ سېپىل ئۇلارنى خۇددى قەبرە تېشىغا ئوخشاشلا ئايرىۋېتەلەيدۇ.

— شۇنداق. لېكىن، تۈرمىگە قامالغانلار يەنە قايتىپ چىقىدۇ، — دېدى كادرۇس، ئاڭ-سەزىمىنىڭ ئاندىزىنى يىغىشقا تىرىشقان هالدا گەپكە ئارىلىشىۋېلىپ. — ئەدموند دانتېس دەپ ئاتالغان ئىنسان تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن قىساس ئالىدۇ.

— مەيلى! — دەپ پىچىرلىدى فېرنان.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دەپ قوشۇمچە قىلدى كادرۇس، — نېمە سەۋەبتىن دانتېسنى تۈرمىگە سولاتماقچى بولىۋاتىسىلەر؟ ئۇ ئوغرىلىق قىلمىدى، قاتىللىق قىلمىدى، پىچاق سالمىدى...

— جىم بول! — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى دانگلار،

— جىم بولمايمەن! — دېدى كادرۇس. — نېمە سەۋەبتىن دانتېسنى تۈرمىگە سولاتماقچى بولغانلىقىڭلارنى بىلىشنى خالايمەن. مەن دانتېسنى ياخشى كۆرىمەن. سالامەتلىكىڭ ئۈچۈن، دانتېس!



ئۇ يەنە بىر قەدەهنى كۆتۈرۈۋەتتى.

دانگلار سەيپۇڭنىڭ خۇمارلاشقان كۆزلىرىگە قاراپ قويدى-دە، فېرنانغا مۇراجىئەت قىلىپ شۇنداق دېدى:

— ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە تەۋەككۇل قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئەمدى چۈشەنگەنسىز؟

— ئەلۋەتتە، سىز ئېيتقاندەك، دانتېسنى تۈرمىگە قامىتىش چارىسى بولسا، ئۇنداق تەۋەككۇل قىلىشنىڭ هاجىتى يوق. لېكىن، بۇنىڭغا نېمە چارە بار؟

— ئەستايىدىل ئىزدەنسەك، چارە تېپىلىدۇ، — دېدى دانگلار ۋە دەرهال گېپىنى ئۆزگەرتتى، — ۋاي، بۇ ئىشقا مەن نېمىدەپ ئارىلىشىپ يۈرىمەن؟ بۇ ئىشلارنىڭ ماڭا هېچبىر ئالاقىسى يوقتۇ.

— سىزگە ئالاقىسى بارمۇ-يوقمۇ، مەن بىلمەيمەن، — دەپ خىتاب قىلدى فېرنان، ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ تۇرۇپ، — لېكىن، مەن شۇنى بىلىدىمكى، سىزنىڭ دانتېسقا ئۆچمەنلىكىڭىز بار ئىكەن. كىمنىڭ ئۆچمەنلىكى بولسا، شۇنىڭ ئۆزى باشقىلارنىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرىنى سېزەلەيدۇ.

— مېنىڭ دانتېسقا ئۆچمەنلىكىم بارما؟ هېچقانداق ئۆچمەنلىكىم يوق، قەسەم ئىچىپ بېرەلەيمەن. سىزنىڭ قايغۇ-هەسرىتىڭىزنى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىغانلىقىدىن باشقا گەپ يوق. سىز مېنى ئۆزىنىڭ غېمىنى يەۋاتىدۇ، دەپ ئويلامسىز؟ ئۇنداق بولسا، خەير-خوش، دوستۇم، قانداق قىلىسىڭىز ئۆزىڭىز بىلىڭ.

دانگلار ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندەك قىلىپ قوزغىلىپ قويدى.

— ياق، توختاڭ! — دېدى فېرنان ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، — دانتېسقا ئاداۋىتىڭىز بولسا-بولمىسا ماڭا نېمە ئىدى. مەن ئۇنى يامان كۆرىمەن ۋە بۇنى يوشۇرمايمەن. چارىڭىزنى ماڭا

ئېيتىپ بېرىڭ، ھەرقانداق ئىش بولسا مەن ئىجرا قىلىمەن، دانتېسنى ئۆلتۈرمەيدىغان ئىش بولسىلا بولىدۇ، چۈنكى دانتېس ئۆلتۈرۈلسە، مېرسېدېسمۇ ئۆلىۋالىدۇ.

شىرە ئۈستىگە مەيدىسىنى قويۇپ يېتىۋالغان كادرۇس بېشىنى كۆتۈردى ھەمدە ئەلەڭ - سەلەڭ بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن فېرنانغا ۋە دانگلارغا تىكىلىپ قارىدى.

— دانتېس ئۆلتۈرۈلسە! — دېدى ئۇ، — كىم دانتېسنى ئۆلتۈرمەكچى؟ ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنى خالىمايمەن، ئۇ مېنىڭ ئاغىنەم، ئۇ تېخى بۈگۈن ئەتىگەنلا ماڭا ئۆزىنىڭ پۇللىرىنى ئۆتنىگە بەرمەكچى بولغانىدى. دانتېسنى ئۆلتۈرۈشكىلارنى خالىمايمەن!

— كىم ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ، سارالاڭ! — دانگلار ئۇنى سىلكىپ تاشلىدى، — بىز ئۆزئارا چاقچاق قىلىشىۋاتىمىز. ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچىۋەتكىن، — دېدى ئۇ ۋە كادرۇسنىڭ ئالدىدىكى قەدەھنى تولدۇرۇپ قويدى، — ئىچىۋەت، بىزنىڭ گېپىمىزگە ئارىلاشما.

— ھە، ھە، دانتېسنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن! — دېدى كادرۇس شارابنى ئىچىپ، — ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن! ئۇنىڭ سالا- مەتلىكى ئۈچۈن......

— ھە... قانداق چارە؟ قانداق چارە... — قىزىقىپ سورىدى فېرنان.

— سىز ئويلاپ تاپالمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، سىز ئۆزىڭىز ئامالىنى قىلماقچىدىڭىزغۇ...

— دۇرۇس، — دېدى دانگلار، — فرانسۇزلارنىڭ ئىسپان- لىقلارغا قارىغاندا بىر ئارتۇقچىلىقى شۇ يەردىكى، ئىسپانلىقلار بىر ئىشنى قايتا - قايتا ئويلاپ ئولتۇرىدۇ فرانسۇزلار بولسا، يېگى - يېگى ئىشلارنى كەشپ قىلىپ چىقىرىدۇ.



— ھە، قېنى، كەشپ قىلىپ چىقىرىڭ! — دېدى فېرنان تاقەتسىزلىك بىلەن.

— ھەي، بۇرادەر! — دەپ خىتاب قىلدى دانگلار، — قەلەم، سىيا ۋە قەغەز كەلتۈرۈڭ!

— قەلەم، سىيا، قەغەز؟ — چۈشىنەلمەي غۇدۇڭشىدى فېرنان.

— شۇنداق، مەن بوغالتىر. قەلەم، سىيا ۋە قەغەز مېنىڭ قورالىم، بۇنىڭسىز مەن ھېچنەرسە قىلالمايمەن.

— قەلەم، سىيا ۋە قەغەز ئەكېلىڭلار! — ۋارقىرىدى فېرنان.

— ئەنە ئاۋۇ شىرەنىڭ ئۈستىدە، — دېدى مەيخانە خىزمەتكارى، قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

— ئەكېلىپ بېرىڭ.

خىزمەتكار قەلەم، سىيا ۋە قەغەزنى كۆتۈرۈپ شىپاڭغا ئەكىردى.

— ئويلاپ كۆرسەڭ، — دېدى كادرۇس، ئالقىنى بىلەن قەغەزنىڭ ئۈستىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ، — مانا بۇنىڭ بىلەن بىر ئادەمنى ئورمان يولىدا تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرگەندىنمۇ ئىشەنچ- لىكرەك ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ. مەن شەمشەر ياكى تاپانچىغا قارىغاندا قەلەم، سىيا ۋە قەغەزدىن بەكرەك قورقىمەن.

— بۇ تەنتەك تېخى ھوشىنى يوقاتقۇدەك مەست بولماپتۇ، — دېدى دانگلار، — ئۇنىڭغا يەنە قويۇپ بېرىڭ، فېرنان.

فېرنان قەدەھنى تولدۇرۇپ كادرۇسقا بەردى ۋە ئۇ ئەشەددىي ھاراقكەشتەك قولىنى قەغەزدىن ئېلىپ قەدەھكە ئۇزاتتى. كادرۇس شارابنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتىپ قەدەھنى شىرە ئۈستىگە چۈشۈرۈۋەتكەنگە قەدەر كاتالانلىق كۆتۈپ تۇردى.

— شۇنداق قىلىپ؟ — دېدى كاتالانلىق، كادرۇسنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇق ئەقلى - ھوشى شۇ قەدەھكە غەرق بولۇپ پۈتكەنلىكىنى كۆرۈپ.

— شۇنداق قىلىپ، — دەپ گەپىنى داۋاملاشتۇردى دانگلار، — دانتېس ئۆزىنىڭ كېمە سەپىرىدە نېئاپول شەھىرى ۋە ئېلبا ئارىلىدا توختاپ ئۆتكەن بولغاچقا، ئەگەر بىر كىم ئۇنى بوناپارتچىلارنىڭ① جاسۇسى دەپ پاش قىلسا...

— مەن پاش قىلاي! — دەپ جانلىنىپ كەتتى فېرنان.

— خوپ، لېكىن، پاش قىلىش ھۆججىتىگە سىز قول قويۇشىڭىز كېرەك. سىزنى پاش قىلغۇچى بىلەن يۈزلەشتۈرىدۇ. مەنمۇ سىزنى، ئەلۋەتتە، پاش قىلىشقا دەلىل بولىدىغان بارلىق مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيمەن. ئەمما، دانتېس ئۆمۈرۋايەت تۈرمىدە يېتىۋەرمەيدۇ، قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى ئۇ تۈرمىدىن چىقىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنى تۈرمىگە سولاتقان ئادەمنىڭ بېشىغا بالا بولىدۇ.

— ئۇ ماڭا چېقىلسىلا بولىدىغۇ، كۆرگىلىكنى كۆرسىتىمەن.

— مېرسېدېسچۇ؟ ئەگەر سىز ئۇنىڭ ئاشىقى ئېدمونغا قول تەككۈزىدىغان بولسىڭىز، مېرسېدېس سىز بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالىدۇ.

— بۇ راست گەپ، — دەپ قوشۇلدى فېرنان.

— ياق، ياق، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى دانگلار، — بۇ قارارغا كەلگەن ئىكەنمىز، قولىيازمىنىڭ ئىگىسىنى باشقىلار بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى قەلەمنى مانا مۇنداق ئالىمىز-دە، سىياغا چىلايمىز ۋە سول قول بىلەن يازىمىز. بىزنىڭ كىچىككىنە پاش قىلىش مەكتۇبىمىزنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ.

دانگلار ئۆزىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئەمەلدە كۆرسىتىپ، سول

① ناپالېئون مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېلبا ئارىلىغا قاماپ قويۇلغان. بۇرۇن ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن كىشىلەر ئۇنى يەنىلا ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنى قايتىدىن باش كۆتۈرگۈزۈشكە ئۇرۇنغان. بۇلار شۇ چاغدا بوناپارتچىلار دەپ ئاتالغان.



قولى بىلەن قىيسىق ھەرپلەرنى تىزىپ، ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى يېزىقى بىلەن قىلچە ئوخشاشلىقى بولمىغان تۆۋەندىكى ھۆججەتنى يېزىپ چىقتى ۋە ئۇنى فېرناننىڭ قولىغا بەردى. فېرنان پەس ئاۋازدا ئوقۇپ چىقتى:

«شاھانە تاجۇ- تەختىنىڭ ۋە دىنىنىڭ مۇخلىسى مەزكۇر مەكتۇپ ئارقىلىق خانلىق مۇپەتتىش جانابلىرىغا مەلۇم قىلىدۇكى، بۈگۈن سىمىرنادىن قايتىپ كەلگەن ھەمدە سەپەر ئۈستىدە نېئاپول ۋە پورتو- فېررايئوغا كىرىپ ئۆتكەن «فىرئاۋن» ناملىق كېمىنىڭ كاپىتان ياردەمچىسى ئېدمون دانتېس، مىيۇراتنىڭ مەكتۇبىنى ئېلىپ باش ئىسيانكارغا① يولۇققان ۋە باش ئىسيانكاردىن پارىژدىكى بوناپارتچىلار كومىتېتىغا بېغىشلانغان مەخسۇس مەكتۇب تاپشۇرۇۋالغان.

ئەگەركى، ئۇ قولغا ئېلىنسا، ئۇنىڭ نەق جىنايىتىگە ئىسپات بولىدىغان شۇ مەكتۇب ياكى ئۆزىنىڭ يېنىدا، ياكى ئۇنىڭ ئاتىسىدا بولىدۇ، ياكى «فىرئاۋن» دىكى ئۇنىڭ ھوجرىسىدىن تېپىلىدۇ».

— ھە، مانا، — دېدى دانگلار، — مانا بۇ خېلى قاملاشقان ئىش بولدى، چۈنكى بۇنداق ئۇسۇلدا پاش قىلىش شەخسەن سىزگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزمەيدۇ ۋە ھەممە ئىش ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ. ئەمدى بۇ خەتنى قاتلاپ لىپاپىغا سالىمىز-دە، ئۈستىگە «خانلىق مۇپەتتىش جانابلىرىغا تەگسۇن» دەپ يېزىپ قويساقلا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ھەممە ئىش تامام بولىدۇ.

دانگلار مېيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ ئادرېسىنى يازدى.

— توغرا، ھەممە ئىش تامام بولىدۇ، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى كادرۇس. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەس-ھوشىنى يە

① باش ئىسيانكار — ناپالېئوننى دېمەكچى.

ىسىپ تۇرۇپ بۇ خەتنىڭ ئوقۇلۇشىغا قۇلاق سالدى ۋە بۇنداق چېقىمچىلىقنىڭ قانداق دەھشەتلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. — توغرا، ھەممە ئىش تامام بولىدۇ، لېكىن بۇ ئىنتايىن يىرگىنىشلىك ئىش بولىدۇ!

ئۇ خەتنى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزارتتى.

— شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، — دەپ جاۋاب بەردى دانگلار، خەتنى ئۇنىڭدىن بىر چەتكە سۈرۈپ قويۇپ، — مېنىڭ دېگەنلىرىم ۋە قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى مۇنداقلا بىر چاقچاق. ئەگەر دانتېس بىرەر كېلىشمەسلىككە دۇچار بولسا، ھەممىدىن تولاراق مەن قايغۇرغان بولاتتىم. ماڭا قارا.

ئۇ خەتنى قولىغا ئېلىپ پۇرلەشتۈرۈۋەتتى-دە، شىپاڭنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويدى.

— ھە، بۇ ئىشىڭ ياخشى بولدى! — دېدى كادرۇس، — دانتېس مېنىڭ ئاغىنەم، ئۇنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى خالىمايمەن.

— كىم ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلماقچىكەن! ھەر ھالدا مەندىمۇ، فېرناندىمۇ ئۇنداق نىيەت يوق! — دېدى دانگلار ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە كاتالانلىققا قاراپ قويدى. فېرنان بۇلۇڭغا تاشلانغان قەغەزگە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ ئولتۇراتتى.

— ئۇنداق بولسا، — كادرۇس يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — يەنە شاراب ئىچەيلى! مەن ئېدمون بىلەن گۈزەل مېرسېدېسنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن ئىچىۋېتەي دەيمەن.

— سەن ھېلىمۇ كۆپ ئىچتىڭ، دەلدۈش، — دېدى دانگلار، — ئەمدى يەنە ئىچىدىغان بولساڭ ئورنىڭدىن تۇرالماي قالىسەن.

— مەن؟ — دەپ مەستلەرچە ماختىنىپ سۆزلىدى كادرۇس، ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — مەن ئورنۇمدىن تۇرالماي قا-



لامدىم؟ بەسلىشەيلى قېنى، مەن ئاككۇل چېركاۋىنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىسىغا سەنتۈرۈلمەي چىقىپ كېتەلەيمەن!

— ماقۇل، — دېدى دانگلار، — نەگە چىقساڭمۇ ئەتە چىققىن. ھازىر ئۆيگە قايتىمىز. ئەكەل قولۇڭنى، كېتىمىز.

— كېتىمىز، — دېدى كادرۇس، — لېكىن، سەن يۆلىمىسەڭمۇ ئۆزۈم ماڭالايمەن. سەنچۇ فېرنان، بىز بىلەن مارسېلغا بارامسەن؟

— ياق، — دېدى فېرنان، — مەن ئۆز ئۆيۈمگە، كاتالانغا قايتىمەن.

— قوي بۇ گېپىڭنى، مارسېلغا بارىمىز. يۈر.

— مېنىڭ مارسېلدا ئىشىم يوق، بارمايمەن.

— نېمە دېدىڭ؟ بارمامسەن؟ مەيلى، ئىختىيارىڭ! ھەر كىمنىڭ ئەركى ئۆزى بىلەن. يۈر، دانگلار، بۇ جاناب كاتالانغا كەتسە كېتىۋەرسۇن.

دانگلار، كادرۇسنىڭ پەسكويىغا چۈشكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى مارسېل يولى بىلەن باشلاپ كەتتى. ھالبۇكى، ئۇ فېرناننىڭ مەنزىلگە يېتىشى ئۈچۈن قىسقا ۋە قولايلىق يولنى ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ، ئۆزى رىۋ-نېۋ ماتۇسىنى بويلاپ مېڭىشىنىڭ ئورنىغا، سېن-ۋىكتور دەرۋازىسى تەرەپكە يول ئالدى. كادرۇس دەلدەڭشىگەن ھالدا ئۇنىڭغا ئېسىلىۋېلىپ ئەگىشىپ ماڭدى.

20 قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن دانگلار كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە فېرناننىڭ ئېتىلىپ بېرىپ پۇرلەنگەن خەتنى قولىغا ئالغانلىقىنى ھەمدە شىپاڭدىن ئالدىراش چىقىپ شەھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

— ھەي، ئۇ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — دېدى كادرۇس، — ئۇ يالغان ئېيتىپتۇ: بايا كاتالانغا قايتىمەن دەۋاتاتتى، ئەمدى شەھەر تەرەپكە كېتىۋاتىدىغۇ. ھەي، فېرنان! سەن باشقا ياققا كېتىۋاتىسەن، ئاغىنە!

ـــ ساڭا كەيپىچىلىكتە شۇنداق كۆرۈنۈۋېتىپتۇ، ـــ دەپ ئۇنى سىلكىۋەتتى دانگلار، ـــ ئۇ، ئۇدۇل «كونا شىپاخانا» كوچىسىغا كېتىۋاتىدۇ.

ـــ ھە، شۇنداقمۇ؟ ـــ دېدى كادرۇس، ـــ ماڭا خۇددى ئۇ ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتكەندەك كۆرۈندى... ھەقىقەتەنمۇ، ھاراق دېگەن بىر ئېزىتقۇ ـ دە.

«ئىش جايىدىن چىققاندەك تۇرىدۇ، ـــ دەپ ئويلىدى دانگلار، ـــ ئەمدى ئىشمىز ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدۇ.»

## بەشىنچى باب

## نىكاھ مۇراسىمى

ئەتىسى سەھەردە ھاۋا ئوچۇق ھەم ئىللىق بولدى. تاۋلىنىپ تۇرغان يارقىن قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى بۇژغۇنلىنىپ مەۋج ئۇرۇۋاتقان دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدە خۇددى سان ـ ساناقسىز ياقۇتلاردەك جىلۋىلىنەتتى.

زىياپەت، دەل بىزگە تونۇشلۇق بولغان شىپاگلىق مەيخانا «رېزېرۋ» نىڭ 2 ـ قەۋىتىدە تەييارلانغانىدى. بۇ، ئالتە دېرىزىلىك چوڭ زال بولۇپ، ھەربىر دېرىزىنىڭ ئۈستىگە، نېمە ئۈچۈندۇر، فرانسىيىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى يېزىلغانىدى. بۇ دەرىزىلەرنىڭ سىرتىدا خۇددى پۈتۈن ئىمارەتكە ئوخشاشلا ياغاچتىن قوپۇرۇلغان ئۇزۇن ئايۋان سوزۇلغانىدى.

گەرچە مەرىكە چۈش مەزگىلىگە بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، سائەت 11 لەردىن باشلاپلا، سەۋر ـ تاقىتى چەكلىك بولغان بەزى مېھمانلار 2 ـ قەۋەتتىكى ئايۋاندا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشەتتى. بۇلار، دانتېسنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن



بولغان «فىرئاۋن» دېڭىزچىلىرى ۋە بىر نەچچە ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يىگىت ـ قىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ ياسانغانىدى. مېھمانلار ئارىسىدا، توي مەرىكىسىگە «فىرئاۋن» نىڭ خوجايىنلىرى قەدەم تەشرىپ قىلارمىش، دېگەن مىش ـ مىش گەپلەر تارقالغانىدى. ئەمما، دانتېسنى بۇ قەدەر بۈيۈك ئىززەت ـ ئېھتىرامغا سازاۋەر بولىدۇ دەپ، ئىشىنىشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى.

شۇ ئارىدا كادرۇس بىلەن بىللە كىرىپ كەلگەن دانگلار بۇ خەۋەرنىڭ چىنلىقىنى تەكىتلىدى. ئۇ شەخسەن ئۆزى بۈگۈن ئەتىگەن موررېل ئەپەندىنى كۆرگەنىدى ۋە موررېل ئەپەندى ئۇنىڭغا «رېزېرۋ» دىكى زىياپەتكە بارىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

دەرۋەقە، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن زالغا موررېل كىرىپ كەلدى. ماتروسلار ئۇنى گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتىپ قارشى ئالدى. خوجايىنىنىڭ تەشرىپىدىن ئۇلار، دانتېس كاپىتانلىققا تەيىنلەنمەكچى، دېگەن گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئەمەلىي ئىسپاتىنى كۆردى. ئۇلار دانتېسنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا خوجايىنىنىڭ خاھىشى مۇشۇ بىر قېتىمدا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بىلەن بىر يەردىن چىققانلىقى ئۈچۈن موررېلغا ئۆزلىرىنىڭ مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلىشتى. شۇنىدىن كېيىن، كۆپچىلىكنىڭ بىردەك تەلىپىگە بىنائەن، خوجايىنىنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىشتىراكى ئومۇمىيۈزلۈك خۇشاللىقنى قوزغىغانلىقىنى يەتكۈزۈشنى ۋە يىگىتنى كېچىكتۈرمەي باشلاپ كېلىشنى تاپىلاپ دانگلار بىلەن كادرۇسنى ئەۋەتىشتى. دانگلار بىلەن كادرۇس دەرھال يولغا چىقىپ يۈگۈرگىنىچە ئۇزاپ كەتتى، لېكىن، 100 قەدەمچە بارماي تۇرۇپلا يىگىت بىلەن قىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تۆت نەپەر كاتالان قىزى مېرسېدېسقا ھەمراھ بولۇپ كەلمەكتە ئىدى، ئېدمون ئۇنى قولتۇقلىۋېلىپ باشلاپ

ماڭماقتا ئىدى. قىزنىڭ ئۇ يېنىدا دانتېس بوۋاي، ئۇلارنىڭ كەينىدە بولسا، فېرنان كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى زەھەرخەندىلىك كۈلۈمسىرەشتىن پۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. مېرسېدېسمۇ، ئېدمونمۇ بۇ كۈلۈمسىرەشنى كۆرمەيتتى. ئۇلار شۇنچە بەختلىك ئىدىكى، ئۆزلىرىدىن باشقا ۋە ئۇلارنىڭ بەختىگە شەپقەت ياغدۇرغاندەك كۆرۈنۈۋاتقان بۇلۇتسىز پاك ئاسماندىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرمەس ئىدى.

دانگلار بىلەن كادرۇس ئۆزلىرىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلدى ۋە ئېدموننىڭ قولىنى دوستانە رەۋىشتە چىڭ قىسىپ كۆرۈشتى - دە، ئۆز جايلىرىغا تۇرۇشتى، يەنى دانگلار فېرناننىڭ يېنىغا، كادرۇس بولسا، ئومۇمىي دىققەت - ئېتىبارنىڭ مەركىزىگە ئايلانغان دانتېس بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى. بوۋاي ئۈچىسىغا سىلىقلانغان پولات توگمىلەر قادالغان شايى تون كىيگەنىدى. ئۇنىڭ ئورۇق، ئەمما مۇسكۇللۇق پۇتلىرىغا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ھەمدە بىر قاراشتىلا ئەنگلىيە مەھسۇلاتى ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدىغان، چىكىم - چىكىم قارا تەڭگىلىك ئېسىل بەرقۇت پايپاقلار تارتىلغانىدى. ئۈچ بۇرجەكلىك شلەپىسىدە بىر دەستە ئاق ۋە رەڭگەرەڭ لېنتىلار ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇ، بىر قولىدا قەدىمكى رەسىملارنىڭكىگە ئوخشاش تولغىماچ ھاسا تۇتقانىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ، ليۇكسىمبۇرگ ۋە تيۇئىلرى ئوردىلىرىنىڭ يېنىدىن ئېچىلغان باغلىرىدا ئىستىقامەت قىلغان 1796 - يىللىدىكى بايۋەچچىلەردىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيتتى.

كادرۇس ئۇنىڭغا ياندىشىپ كېلىۋاتاتتى. زىياپەتتە ئوبدان تائامغا داخىل بولۇش ئۈمىدى ئۇنىڭ دانتېسلارغا قارىتىلغان ھەسەتخورلۇقىنى يوققا چىقاردى. خۇددى كىشى ئۇيقۇدىن تۇرۇپ، كۆرگەن چۈشلىرىنى ئەسلىگەنگە ئوخشاش، ئۇنىڭ مېڭى-



سىدە پەقەت ئاخشامقى ئىشلارنىڭ غۇۋا ئەسلىمىلىرىلا ساقلىنىپ قالغانىدى.

دانگلار فېرناننىڭ يېنىغا كېلىپ، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن بۇ ئاشىققا قاراپ قويدى. فېرنان بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ، نىكاھلىنىش ئالدىدىكى يىگىت - قىزنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. ياش مۇھەببەتنىڭ شىرىن تۇيغۇسىغا چۆمگەن مېرسېدېس ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ ئېدمونىدىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرمەس ئىدى. فېرنان تۇرۇپ - تۇرۇپلا مارسېل تەرەپكە قاراپ قوياتتى ۋە ھەر قېتىم قارىغاندا ئىختىيارسىز ھالدا شۈركۈنۈپ كېتەتتى. ئۇنىڭ قانداقتۇ بىر ئالاھىدە ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈۋاتقانلىقى روشەن ئىدى.

دانتېس ئاددىيلا كىيىنگەنىدى. ئۇ سودا كېمىسىدە خىزمەت قىلغاچقا، ھەربىيچە ۋە پۇقراچە ئارىلاش كىيىنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ شادلىقتىن نۇرلانغان ئوچۇق چىرايى جەلپ قىلارلىق ئىدى.

مېرسېدېس ئۆزىنىڭ قاپقارا كۆزلىرى ۋە ياقۇتتەك قىپقىزىل لەۋلىرى بىلەن كىپر ياكى خىئوسنىڭ گىرېك قىزلىرىغا ئوخشاش يېقىملىق ئىدى. ئۇ، خۇددى ئارلېزىئان ياكى ئاندالۇز قىزلىرىدەك ئۆزىنى ئازادە تۇتقان ھالدا ئەركىن قەدەم تاشلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا شەھەر قىزى بولسا، بەلكىم ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن تورنىڭ دالدىسىدا ياكى ھېچبولمىغاندا تۆۋەن چۈشۈرۈلگەن بوستان كىرپىكلىرىنىڭ دالدىسىدا يوشۇرۇپ قىلىشقا تىرىشقان بولار ئىدى. لېكىن، مېرسېدېس ئۆزلۈكسىز كۈلۈپ تۇرغان ھالدا ئەتراپتىكىلەرگە قارايتتى، ئۇنىڭ خۇش تەبەسسۇمى ۋە نۇرلۇق كۆزلىرى گوياكى: «ئەگەر سىلەر ماڭا دوست بولساڭلار، مەن بىلەن بىرلىكتە خۇشال بولۇڭلار، چۈنكى مەن ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن بەختلىك!» دەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

يىگىت بىلەن قىز ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى مەيخانىغا يېقىنلىشىپ كەلگەندە موررېل ئەپەندى ماتروس ۋە ئەسكەرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. بۇ چاققىچە، موررېل ئەپەندى ماتروس ۋە ئەسكەرلەرگە دانتېسنىڭ مەرھۇم لېكلېرنىڭ ئورنىغا كاپىتان بولىدىغانلىقىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئۇقتۇرغانىدى. دانتېس ئۇلارنى كۆرۈپ، مېرسېدېسنىڭ قولىنى تويۇپ بەردى ۋە ئۆز جايىنى موررېل ئەپەندىگە بەردى. خوجايىن بىلەن مېرسېدېس باشلامچىلىق قىلىپ، پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ، مەيخانىنىڭ مېھمان كۈتۈش زالىغا كىردى. شۇنىڭ بىلەن، راسا بەش مىنۇتقىچە پەلەمپەينىڭ ياغاچ باسقۇچلىرى مېھمانلارنىڭ ئېغىر قەدەملىرى ئاستىدا غىچىلداپ تۇردى.

— دادا، — دېدى مېرسېدېس، شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىغاندىن كېيىن، — سىز مېنىڭ ئوڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇڭ. سول يېنىمغا مەن ئاكامنىڭ ئورنىدىكى كىشىنى ئولتۇرغۇزىمەن.

قىزنىڭ مۇلايىم ئاۋازى گويا فېرناننىڭ نەق يۈرىكىگە ئۇرۇلغان خەنجەردەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى كۆكىرىپ كەتتى ۋە بارلىق تومۇرلىرىدىكى قانلىرى يۈرىكىگە قۇيۇلۇپ. ئاپتاپتا قارايغان يۈزىدىن ساقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈشكە بولاتتى.

دانتېس ئۆزىنىڭ ئوڭ يېنىغا موررېل ئەپەندىنى، سول يېنىغا دانگلارنى ئولتۇرغۇزدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆز مەيلىچە ئولتۇرۇشىنى تەكلىپ قىلىپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى.

شىرە ئۈزرە نازۇ - نېمەتلەر تارتىلدى: پارقىراپ تۇرغان خورما يوپۇرمىقىغا ئورالغان قىزىل ۋە مەززىلىك چوڭ قىسقۇچپاقىنىڭ ئارالچە① قېزىلىرى، ئۆزىنىڭ ھالرەڭ پوستى بىلەن پىشۇرۇلغان دېڭىز قۇلۇلىلىرى، كاشتاننى ئەسلىتىدىغان يىڭنەسىمان

① ئارال — يەر نامى.



دېڭىز كىرپىلىرى، سۈزۈك قىزغۇچ ئۇششاق قىسقۇچپاقىلار، جەنۇبلۇق ئىستېمالچىلار شىمالنىڭ مۇلى قۇلۇلىسىدىنمۇ بەكرەك ياقتۇرىدىغان سەدەپ قۇلۇلىلىرى؛ قىسقىسى، دېڭىز دولقۇنلىرى قۇملۇق قىرغاقلارغا چىقىرىپ قويىدىغان ۋە بېلىقچىلار «دېڭىز مېۋىلىرى» دەپ ئومۇمىي نام بەرگەن ئاشۇ لەززەتلىك تائاملارنىڭ بارلىقى تىزىلدى.

دانتېس بوۋاي، مەيپۇرۇش ئۆز قولى بىلەن ئەكېلىپ مېرسېدېسنىڭ ئالدىغا قويغان قەھرىۋادەك سېرىق مۇسەللەستىن بىر يۇتۇم ئىچتى - دە:

— نېمىدېگەن جىمجىتلىق! كۆڭۈل ئېچىشقا خۇشتار بولغان 30 ئادەم ئولتۇرغان يەردىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟ — دېدى.

— ئۆيلىنىدىغان يىگىت ھەممىشە خۇشال - خۇرام بولىۋەرمەيدۇ، — دەپ قويدى كادرۇس.

— توغرا، — ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى ئېدمون، — مەن شۇنچىلىك بەختلىكمەنكى، خۇشاللىقىمنى قانداق ئىپادىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. ئەگەر سىز شۇنى كۆزدە تۇتقان بولسىڭىز، تامامەن توغرا گەپ قىلدىڭىز، قوشنام. خۇشاللىق بەزىدە كىشىگە غەيرىي تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇ، خۇددى قايغۇغا ئوخشاشلا ئازابلايدۇ.

دانگلار فېرنانغا قارىدى، شۇتاپتا كاتالانلىقنىڭ كۆڭلىدىكى ھەربىر ئۆزگىرىش چىرايىدا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— بەس! ياكى سىز بىرنېمىدىن قورقۇۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى دانگلار، — ئەكسىچە، مەن سىزنىڭ ھەممە ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىز ئەمەلگە ئېشىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

— دەل شۇنىڭ ئۆزى مېنى قورقۇتىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى دانتېس، — مەن بۇرۇن، ئىنسان بۇنداق ئاسانلىق بىلەن قولغا كېلىدىغان بەخت ئۈچۈن يارالغان ئەمەس، دەپ ئويلاي-

تىم. بەخت ـ سائادەت دېگەن گويا بىر ئەپسانىۋى قەسرە، ئۇنىڭ ئىشىكلىرىدە ئەجدىھارلار قاراۋۇللۇق قىلىدۇ. ئۇنىڭ كىرىش يوللىرىنى بوسۇپ ئۆتۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن مېرسېدېسنىڭ ئېرى بولۇشتەك بەختكە قانداقلارچە مۇناسىپ بولۇپ قالغانلىقىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

— ئېرى... — دېدى كادرۇس كۈلۈپ كېتىپ، — ياق، كاپىتان، ئېنى ئېرى بولغانلىقىڭنى كۆرسىتىشكە ھەرىكەت قىلىپ باققىنا. قانداق قارشىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىڭنى كۆرىسەن!

مېرسېدېس قىزىرىپ كەتتى.

فېرنان بىئارام بولۇپ ئولتۇراتتى، كىچىككىنە تاراق ـ تۇرۇق بولسا چۆچۈپ كېتەتتى ۋە تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا ماڭلىيىدىن خۇددى گۈلدۈرمامىدىن كېيىنكى يامغۇرنىڭ دەسلەپكى تامچىلىرىدەك چىقىپ تۇرغان تەرلىرىنى سۈرتۈپ قوياتتى.

— ئۇششاق گەپنى تالاش ـ تارتىش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، قوشنام، — ئېدمون كادرۇسقا جاۋاب بەردى. — دۇرۇس، مېرسېدېس ھازىرچە مېنىڭ ئايالىم بولمىدى، لېكىن... — ئۇ سائەتكە قارىدى، — يەنە بىر يېرىم سائەتتىن كېيىن مېنىڭ ئايالىم بولىدۇ!

بۇ گەپكە، ئۆزىنىڭ تېخى مۇستەھكەم بولغان چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ ئولتۇرغان دانتېس بوۋايدىن باشقا ھەممەيلەن ھاڭ ـ تاڭ بولۇشتى، مېرسېدېس مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، لېكىن ئەمدى قىزارمىدى. فېرنان ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا پىچىقىنىڭ دەستىسىنى مەھكەم سىقىملىۋالدى.

— بىر يېرىم سائەتتىن كېيىن؟ — دېدى دانگلار ۋە ئۇمۇ تاتىرىپ كەتتى، — بۇ قانداق بولغىنى؟

— شۇنداق، دوستلىرىم، — دېدى دانتېس، — دادامدىن قالسا مەن ئۈچۈن ئەڭ ھۆرمەتلىك بولغان موررېل ئەپەندىنىڭ



ياردىمى بىلەن ھەممە قىيىنچىلىقلار ھەل بولدى. ئالاھىدە قارار چىقىرىشنى كۈتۈپ تۇرماسلىق ئۈچۈن بىز نەق پۇل بىلەن ھەق تۆلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن، مارسېل ۋالىيسى سائەت ئىككى يېرىمدا بىزنى ئۆز مەھكىمىسىدە كۈتمەكچى. ھازىر سائەت بىردىن چارەك ئۆتتى. شۇڭا، مەن يەنە بىر سائەت 30 مىنۇتتىن كېيىن مېرسېدېس دانتېس خانىم دەپ ئاتىلىدۇ، دېسەم ئانچە خاتا بولماس.

فېرنان كۆزلىرىنى يۇمدى، گوياكى تۇمان ئىچىدىن پۇرقىراپ چىققان ئوت يالقۇنى ئۇنىڭ قاپاقلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەندەك بولدى. ئۇ يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن كۆكرىكى بىلەن شىرەگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى ۋە پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپمۇ ئۇرغۇپ چىققان نالىسىنى باسالماي قالدى. لېكىن ئۇنىڭ نالىسى مېھمانلارنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى ۋە ئۈزلۈك خىتابلىرى ئىچىدە غايىب بولدى.

— ئىش چاققان پۈتۈپتىمۇ، قانداق دېيىسلەر؟ — دېدى دانتېس بوۋاي، — بۇ، ۋاقىتنى قولدىن بەرمەسلىك، دەپ ئاتىلىدۇ. تۈنۈگۈن ئەتىگەن كەلدى، بۈگۈن سائەت ئۈچتە نىكاھلىق بولدى، دېگەن سۆز! پەقەت دېڭىزچىلارلا مۇشۇنداق قىلالايدۇ!

— بىراق، باشقا رەسمىيەتلەرچۇ؟ — دانگلار جۈرئەتسىزلىك بىلەن سۆز قاتتى، — توي خېتى، يەر خېتى...

— توي خېتى! — دېدى دانتېس كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھەممە خەتلەر تەييار. مېرسېدېسنىڭ ھېچقانداق مۈلكى يوق، مېنىڭمۇ شۇنداق. بىزنىڭ ھەممە نەرسىمىز ئورتاق. بۇنى يېزىپ چىقىشقا ئانچە ئاۋارىگەرچىلىك كەتمەيدۇ، رەسمىيەت ھەققىمۇ قىممەتكە توختىمايدۇ.

بۇ چاقچاققا ھەممەيلەن قايتىدىن كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە چاۋاك چېلىشتى.

— دېمەك، بۇ نىكاھ مۇراسىمى بولماستىن، بىراقلا توي مەرىكىسى ئىكەن ـ دە، — دېدى دانگلار.

— ياق، — دېدى ئېدمون، — سىز زىيان تارتمايسىز، خاتىرجەم بولۇڭ. ئەتە سەھەردە مەن پارىژغا ماڭىمەن. بېرىشقا تۆت كۈن، قايتىشقا تۆت كۈن، ماڭا تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا بىر كۈن كەتسە، 9 - مارت كۈنى مەن يەنە بۇيەردە بولىمەن، ئونىنچى كۈنى ھەقىقىي توي زىياپىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ.

يەنە بىر قېتىملىق زىياپەتنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئومۇمى شاد - خۇراملىق يەنىمۇ ئەۋج ئالدى. زىياپەتنىڭ بېشىدا جىمجىتلىققا نارازى بولغان دانتېس بوۋاي ئەمدى بىر تۇتاش ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئىچىدە قېلىپ، ئىككى ياشنىڭ بەختى ئۈچۈن قەدەھ نۇتقى سۆزلەشكە بىھۇدە ئۇرۇنماقتا ئىدى. دانتېس دادىسىنىڭ خىيالىدىكىنى چۈشەندى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ مېھرى تولغان تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب قايتۇردى. مېرسېدېس تام سائىتىگە قاراپ قويدى — دە، ئېدمونغا ئىشارەت قىلدى.

ئەتراپتا شوخ ۋە بەھۇزۇر كۆڭۈل ئېچىش قايناماقتا ئىدى. ئاۋام كىشىلەرنىڭ زىياپىتى ئاخىرلىشىش ئالدىدا ھەمىشە مۇشۇنداق كەيپىيات يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۆز جايلىرىنى مۇۋاپىق كۆرمىگەن بەزى كىشىلەر، شىرە يېنىدىن تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلى تارتقان سۆھبەتداشلارنىڭ يېنىغا يۆتكىلىپ ئولتۇرۇشتى. ھەممە كىشىلەر بەس - بەستە سۆزلىشەتتى، ھېچكىمنىڭ سوئالىغا ھېچكىم جاۋاب بەرمەيتتى، ھەممىسى پەقەت ئۆز خىياللىرى بىلەن بەنت ئىدى.

دانگلار فېرنانغا ئوخشاش دېگۈدەكلا تاتىرىپ كەتكەنىدى. فېرنان بولسا، بەئەينى دوزاخ ئوتىغا تاشلانغان گۇناھكاردەك ئاران - ئاران نەپەس ئالاتتى. ئۇ، 1 - بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە كىشىلەرنىڭ ئاۋازلىرى ھەم ئىستاكانلارنىڭ جىرىڭشىغان سادالىرى ئىچىدىن قانداقتۇر بىر ئىشنى كۈتكەندەك



قولاقلىرىنى دىڭ تۇتقان ھالدا زال ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ كەتتى.

كادرۇس فېرناننىڭ يېنىغا كەلدى. فېرنان دانگلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى، لېكىن ئەمدى دانگلار ئۆزى كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى.

— راستىنى راست دېيىش كېرەك، — دېدى كادرۇس، ۋەھالەنكى، ئېدمونىنىڭ مېھماندوستلۇقى ۋە پامفىل بوۋاينىڭ ئاجايىپ مەي - شارابلىرى ئۇنىڭدىكى دانتېسنىڭ ئامىتىگە قارىتا قوزغالغان ئىچى تارلىقىنى بېسىقتۇرغانىدى، — دانتېس ئوبدان يىگىت. ئۇنىڭ ئاشۇ كېلىن قىز بىلەن بىر يەردە ئولتۇرغانلىقىغا قارىسام، ئۇلارغا مەسلىكىم كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر سىلەر تۈنۈگۈن پىلانلىغان ھېلىقى رەزىل ئويۇنلارنى ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولساڭلار، ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىسىلەر.

— بىز ئۇنداق ئىشنى قىلمىغانلىقىمىزنى ئۆزۈڭ كۆردۈڭغۇ، — دېدى دانگلار، — بىچارە فېرنان شۇنچە ئېچىنىشلىق ھالغا چۈشۈپ قالغانىكى، دەسلەپتە ئۇنىڭغا قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قالغانىدى، لېكىن ئەمدى ئۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ رەقىبىگە قولداش بولۇپ ئولتۇرغان يەردە، بۇ گەپنى يەنە قوزغاشنىڭ ئورنى يوق.

كادرۇس فېرنانغا قارىدى. ئۇ، جېنى چىقىپ كەتكەندەك تاتارغانىدى.

— قىز ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل ئىكەن، قالتىس بىر ئولجا قولدىن كېتىپتۇ - دە، — دېدى يەنە دانگلار، — يائاللا! بۇ كەلگۈسىدىكى كاپىتان نېمىدېگەن تەلەيلىك - ھە! بىرەر كۈنگە بولسىمۇ دانتېس بولۇپ بېقىشنى ئارزۇ قىلىۋاتىمەن.

— ماڭامدۇق؟ — مېرسېدېسنىڭ يۇمشاق ئاۋازى ئاڭلاندى، — سائەت ئىككى بولۇپ قالدى، بىز يەنە چارەك سائەتكىچە ئۆلگۈرۈپ بېرىشىمىز كېرەك.

— ھە، ھە، ماگايلى! — دېدى دانتېس ئالدىراش ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ماگايلى! — بىر ئېغىزدىن ماقۇللىدى مېھمانلار.

دەل شۇ پەيتتە دېرىزە تاكچىسىدا ئولتۇرغان فېرناندنىڭ دىققەت بىلەن قاراپ تۇرغان دانگلار شۇنى كۆردىكى فېرنان تۇيۇقسىزلا، كۆزلىرى دەھشەتلىك چەكچىيىپ كەتكەن ھالدا سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە يەنە دەرھال دېرىزە تاكچىسىغا ئولتۇرۇپ قالدى. تاشقىرىدىن قانداقتۇر بىر غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. ئېغىر قەدەملەرنىڭ تاراقلاشلىرى، تۇتۇق ئاۋازلار ۋە قورال - ياراقلارنىڭ جاراقلىغان سادالىرى ئاڭلاندى. مېھمانلارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق قىزغىن پاراڭلىرى تەشۋىشلىك جىمجىتلىققا ئۆزگەردى.

غۇلغۇلا يېقىنلىشىپ كەلدى. ئىشىك ئۈچ قېتىم تاقىلدىدى. مېھمانلار تەئەججۇپ ئىچىدە بىر - بىرىگە قاراشتى

— قانۇننىڭ پەرمانى! — دەپ ئۈنلۈك خىتاب قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ھېچكىم جاۋاب قايتۇرمىدى.

ئىشىك ئېچىلدى ۋە ساقچى ئەمەلدارى تۆت نەپەر قوراللىق ئەسكەر بىلەن بىر كاپرالنىڭ① ھەمراھلىقىدا زالغا كىرىپ كەلدى. تەشۋىش، ۋەھىمىگە ئايلاندى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى موررېل ئەپەندى، ئۆزىگە تونۇش بولغان بۇ ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — بۇ، ئېھتىمال، ئۇقۇشماسلىق بولسا كېرەك.

— ئەگەر ئۇقۇشماسلىق بولسا، موررېل ئەپەندى، — دەپ جاۋاب بەردى ئەمەلدار، — ئۇ ھالدا ئىشەنچ قىلىشىڭىز مۇمكىنكى، مەسىلە تېزلىك بىلەن ئايدىڭلىشىدۇ. لېكىن، مەن بۇ

① كاپرال — قۇرۇقلۇق ئارمىيىدە بەنجاڭ.



يەرگە قولغا ئېلىش بۇيرۇقى بىلەن كەلدىم. ھەرقانچە ئەپسۇسلانساممۇ بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇرمەن. جانابلار، ئاراڭلاردا ئېدمون دانتېس دېگەن كىم بولىدۇ؟

ھەممەيلەننىڭ دىققەت نەزەرى ئېدمونغا قادالدى. ئېدمون كۈچلۈك ھاياجان ئىچىدە، لېكىن ئۆز قەدرىنى ساقلىغان ھالدا ئالدىغا چىقتى:

— مەن. نېمە ئىشىڭىز بار؟

— ئېدمون دانتېس، — دېدى ئەمەلدار، — سىز قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندىڭىز!

— قولغا ئېلىندىم؟ — قايتىلاپ سورىدى ئېدمون ۋە ئۇنىڭ رەڭگى سەل ئۆزگەردى. — نېمە سەۋەبتىن قولغا ئېلىنىمەن؟

— بىلمەيمەن، لېكىن بىرىنچى سوراقتىلا ئۆزىڭىزگە مەلۇم بولىدۇ.

موررېل بۇنىڭغا ئامال يوق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. بۇ ئەمەلدارلار ئىنسان ئەمەس، بەلكى قانۇننىڭ سوغۇق، بىناۋا، تىلسىز ھەيكىلى. لېكىن، دانتېس بوۋاي نالە - پەرياد قىلىپ ئەمەلدارنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى: شۇنداق ئىشلار باركى، ئاتا ياكى ئانىنىڭ يۈرىكى بۇنداق ئىشلارنى چۈشىنىشكە قادىر ئەمەس. بوۋاي ئۆزىنى ئۇرۇپ يىغلىدى، يالۋۇردى. كۆز ياشلىرى ۋە يالۋۇرۇشلار بىھۇدە ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ بۇنداق تەڭداشسىز قايغۇ - ھەسرىتىنى كۆرۈپ، ئەمەلدارنىڭ رەھمى كەلدى.

— سەۋرى قىلىڭ، تەقسىر، — دېدى ئۇ، — ئەگەر ئوغلىڭىز بەزىبىر باج ئىشلىرىغا ياكى يۇقۇملۇق كېسەللەرنى تەكشۈرۈش رەسمىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ قويغان بولسا،

ئۇ تېگىشلىك مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرگەندىن كېيىن ئۇنى كېچىكتۈرمەي ئازاد قىلىشى مۇمكىن.

— بۇ نېمە بولغىنى؟ — قاپىقى سېلىنغان كادرۇس ھەيران قالغان قىياپەتكە كىرىۋالغان دانگلاردىن سورىدى.

— مەن نەدىن بىلەي؟ — دېدى دانگلار، — مەنمۇ خۇددى ساڭا ئوخشاشلا نېمە بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي ھەيران بولۇۋاتىمەن.

كادرۇس كۆزلىرىنى يۈگۈرتۈپ فېرناننى ئىزدىدى. لېكىن ئۇ، بۇ يەردىن يوقالغانىدى. ئەنە شۇ چاغدا، تۈنۈگۈنكى سۈيىقەست ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دەھشەتلىك تۈردە قايتىدىن گەۋدىلىنىپ چىقتى. سادىر بولغان پاجىئە تۈنۈگۈنكى كەيپتىن ئۇنىڭ زېھنىگە تارتىلغان نىقابنى ئۇچۇرۇپ تاشلىغاندەك بولدى.

— تۈنۈگۈن سىلەر ئويدۇرۇپ چىقارغان ھېلىقى ئويۇننىڭ نەتىجىسى ئەمەسمۇ بۇ؟ — دېدى ئۇ خىرقىرىغان ئاۋازدا، — ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ ئىشنى قىلغان ئادەم ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ، بۇ ياخشى ئىش ئەمەس.

— ياقەي! — دېدى دانگلار، — ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، مەن ئۇ خەتنى يىرتىۋەتكەن ئەمەسمۇ.

— سەن ئۇ خەتنى يىرتىۋەتمىدىڭ، — دېدى كادرۇس، — ئۇ خەتنى پۇرلەشتۈرۈپلا بىر بۇلۇڭغا تاشلاپ قويغانىدىڭ.

— تولا گەپ قىلما، سەن ھېچنېمىنى كۆرمىدىڭ. سەن ئۇ چاغدا مەست ئىدىڭ.

— فېرنان قېنى؟ — دەپ سورىدى كادرۇس.

— مەن نەدىن بىلەي؟ — دېدى دانگلار، — ئىشى بولسا كەتكەندۇر.

بۇ ئارىدا دانتېس كۈلۈمسىرىگەن ھالدا دوستلىرى بىلەن



قول ئېلىشىپ چىقتى - دە، ئۆزىنى ئەسكەرلەرنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى.

— خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى ئۇ، — ئۇقۇشماسلىق ئايدىڭلىشىدۇ، مەن تۈرمىگە بارماسلىقىم مۇمكىن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، مەن بۇنىڭغا ھۆددە قىلالايمەن، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى دانگلار، يېقىنلاپ كېلىپ.

دانتېس پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە چۈشتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ساقچى ئەمەلدارى، ئىككى يېقىدا ئەسكەرلەر ماڭدى. ئىشىك ئالدىدا بىر پەيتون ساقلاپ تۇراتتى. دانتېس پەيتونغا ئولتۇردى. ئەمەلدار بىلەن ئىككى ئەسكەر ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. پەيتون ئىشىكى قاتتىق يېپىلدى ۋە مارسېل تەرەپكە تېز يۈرۈپ كەتتى.

— خەير - خوش، دانتېس! خەير - خوش ئېدمون! — مېرسېدېس ۋارقىرىغان بويىچە ئايۋانغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

تۇتقۇن يىگىت، گويا ئۆز نىگارىنىڭ يۈرەك - باغرىنى يېرىپ چىققان بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئاھۇ - زار ساداسىنى ئاڭلاپ پەيتوننىڭ پەنجىرىسىدىن بېشىنى چىقاردى - دە: «خەير - خوش، مېرسېدېس!» دەپ ۋارقىرىدى. پەيتون ئەۋلىيا نىكولاي قورغىنىنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

— مېنى مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دېدى خوجايىن، — مەن ئالدىمغا ئۇچرىغان بىرىنچى پەيتونغا ئولتۇرۇپلا مارسېلغا بېرىپ سىلەرگە خەۋەر ئەكېلىمەن.

— شۇنداق قىلىڭ، — ھەممەيلەن بىردەك ۋارقىرىشىپ كەتتى، — مارسېلغا بېرىڭ ۋە تېزراق قايتىپ كېلىڭ!

شۇنداق قىلىپ، دانتېسنىڭ كەينىدىن خوجايىن ئىز بېسىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ يەردە قالغانلار ئارىسىدا بىر -

نەچچە مىنۇتقىچە سۈرلۈك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئېدمونىنىڭ ئاتىسى بىلەن مېرسېدېس بىر ھازاغىچە، ھەرقايسىسى ئۆز ھەسرىتىگە بېرىلگەن ھالدا يېگانە تۇرۇشتى، كېيىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىنىڭ بىر تىغ بىلەن زەربە يېگەن ئىككى قۇربان ئىكەنلىكىنى سېزىپ، كۆز يېشى قىلىپ بىر - بىرىگە ئېسىلدى.

شۇ ئەسنادا زالغا فېرنان قايتىپ كىردى، بىر ئىستاكانغا تولدۇرۇپ سوغۇق سۇ قۇيدى - دە، ئىچىۋەتتى ۋە ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

مېرسېدېس ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ قالدى. فېرنان ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنىڭ ئورۇندۇقىنى چەتكىرەك تارتىۋالدى.

كادرۇس كاتالانلىقتىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرۇپ دانگلارغا شۇنداق دېدى:

— بۇ ئىشنى قىلغان ئاشۇ!

— ئۇنداق ئەمەستۇر، — دېدى دانگلار، — ئۇ بۇنچىلىك ئىشلارنى قاملاشتۇرالمايدۇ، ئۇ بىر ھاماقەت. لېكىن، نېمە بولسىمۇ، بۇ ئىشنى كىم قىلغان بولسا گۇناھى ئۆزىگە.

— ئۇنىڭغا كىم يول كۆرسەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى كادرۇس.

— بەللى! — دېدى دانگلار، — ئېغىزدىن چىققان گەپنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بېرىشكە توغرا كەلسە جان توشامدۇ!

— ئېغىزىڭدىن چىققان گەپ بىر ئادەمنىڭ بېشىغا چىققان ئەھۋال ئاستىدا جاۋاب بېرىشىڭ لازىم!

بۇ ئارىدا مېھمانلار دانتېسنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى توغرىسىدا خىلمۇخىل تەخمىنلەرنى قىلىشىپ سۆزلەشمەكتە ئىدى.

— سىزچۇ، دانگلار، — سورىدى كىمدۇر بىرى، — سىز بۇ ھەقتە قانداق ئويلايسىز؟



— ئۇ بەزى چەكلەنگەن ماللارنى ئەكەلگەنمىدۇر دەپ ئويلاۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى دانگلار.

— ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلغان بولسا، بۇنى سىزنىڭ بىلىشىڭىز كېرەك ئىدىغۇ، دانگلار. سىز كېمىنىڭ بوغالتىرى ئەمەسمۇ.

— شۇنداق، ئەلۋەتتە، لېكىن بوغالتىر ئۆزىگە كۆرسىتىلگەن ماللارنىلا بىلىدۇ. مەن، كېمىگە ئىلمە توقۇلما رەختلەرنىڭ بېسىلغانلىقىنى بىلىمەن. بىز كېمىگە ئىسكەندەرىيەدە پاستىرى ئەپەندىنىڭ يۈكىنى، سمىرنادا پاسكال ئەپەندىنىڭ يۈكىنى باستۇق. مېنىڭ بىلىدىغىنىم شۇ.

— ئاھ، ئەمدى يادىمغا كېلىۋاتىدۇ، — دېدى بىچارە ئاتا ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد بىلەن، — ئۇ تۈنۈگۈن ماڭا بىر قۇتا قەھۋە بىلەن بىر ئاز تاماكا ئەكەلگەنلىكىنى ئېيتقانىدى.

— مانا كۆردۈڭلارمۇ، — دېدى دانگلار، — خۇددى مەن ئويلىغاندەك بولۇپ چىقتى! بىز يوق چاغدا باجگىرلەر كېمىنى ئاختۇرۇپ شۇ نەرسىلەرنى تېپىۋېلىشقان - دە.

مېرسېدېس بۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيتتى. قىزنىڭ ئۇزۇندىنچە زورغا بېسىلىپ تۇرغان قايغۇ - ھەسرىتى تۇيۇقسىزدىن ئۇنىڭ ئۆرتەنگەن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىقتى ۋە ئۇ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

— بولدى، بولدى. يەنە ئۈمىد بار، — دېدى بوۋاي، ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمىگەن ھالدا.

— ئۈمىد بار! — تەكرارلىدى دانگلار.

«ئۈمىد بار!» فېرنانمۇ شۇنداق دېمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن زۇۋانى تۇتۇلۇپ، كالپۇكلىرى ئۈنسىز مىدىرلاپ قالدى.

— جانابلار! — قىچقاردى ئايۋاندا كۆزىتىپ تۇرغان مېھمانلاردىن بىرى، — جانابلار، پەيتون كېلىۋاتىدۇ! موررېل! ئۇ خۇش خەۋەر ئەكەلگەن بولۇشى مۇمكىن!

مېرسېدېس بىلەن دانتېس بوۋاي خوجايىنىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇلار بوسۇغىدا دوقۇرۇشۇپ قالدى. موررېلنىڭ چىرايى بەكلا ئۆزگۈرۈپ كەتكەنىدى.

— ھە، قانداق؟ — ئىككىيلەن بىردەكلا سوراشتى.

— دوستلىرىم! — دېدى خوجايىن بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، — مەسىلە بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىن خېلىلا مۇرەككەپ بولۇپ چىقتى.

— ئاھ، موررېل جانابلىرى! — دەپ زارلاندى مېرسېدېس، — ئۇنىڭ ھېچقانداق گۇناھى يوق!

— ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە مېنىڭمۇ ئىشەنچىم كامىل، — دېدى موررېل، — بىراق، ئۇنىڭغا ئارتىلغان گۇناھ...

— ئۇنى زادى نېمىدەپ ئەيىبلەيدىكەن؟ — سورىدى دانتېس بوۋاي.

— ئۇنى بوناپارتچىلارنىڭ جاسۇسى دېيىشىدۇ.

بۇ ھېكايە يۈز بەرگەن ئاشۇ دەۋردە ياشىغان كىتابخانلار بۇ مەسىلىنىڭ قانداق ئېغىر جىنايەت بولۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. مېرسېدېس قورققىنىدىن ۋارقىراپ تاشلىدى. بوۋاي ھالىدىن كېتىپ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ قالدى.

— سىلەر مېنى ئالداپ قويدۇڭلار، دانگلار، — دەپ پىچىرلىدى كادرۇس، — سىلەر ھېلىقى ئويۇنڭلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپسىلەر. لېكىن، مەن بىچارە بوۋاي بىلەن ئۇ قىزنىڭ ھەسرەت چېكىپ ھالاك بولۇشىنى خالىمايمەن، مەن ھازىر ئۇلارغا بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىمەن.

— ۋالاقلىما، بەتبەخت! — دانگلار ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ ھەيۋە قىلدى، — جېنىڭدىن تويمىغان بولساڭ ۋالاقلىما. دانتېسنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى سەن بىلەتتىڭمۇ؟ كېمە ئېلبا ئارىلىدا توختىغان، دانتېس قورۇقلۇققا چىقىپ،



پورتۇ — فېررايئودا بىر كۈن تۇرغان. ئەگەر ئۇنىڭ يېنىدىن جىنايەتكە ئىسپات بولىدىغان بىرەر قەغەز چىقىپ قالسا قانداق قىلىسەن؟ ئۇ چاغدا، ئۇنىڭغا يان باسقانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مەسىلىسىگە شېرىك بولۇپ جازاغا تارتىلىدۇ.

كادرۇس ئۆزىنىڭ شەخسىيەتچىلىكىگە خاس سەزگۈرلۈكى بىلەن بۇ دەللەرنىڭ ئاساسلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ گاڭگىراپ قالغان ھالدا دانگلارغا قارىدى ۋە بىر قەدەم ئالغا بېسىشنىڭ ئورنىغا ئىككى قەدەم كەينىگە چېكىندى.

— ئۇنداق بولسا ئالدىرىماي تۇرايلى، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ.

— توغرا، ئالدىرىماي تۇرايلى، — دېدى دانگلار، — ئەگەر ئۇنىڭ گۇناھى بولمىسا بوشىنىپ قايتىپ كېلىدۇ، ئەگەر گۇناھى بولسا، ئۇنداق بىر سۇيىقەستچىنى دەپ بالاغا قېلىشنىڭ ئورنى يوق.

— ئۇنداق بولسا كېتەيلى، مەن ئەمدى بۇ يەردە تۇرالمايمەن.

— كەتسەك كېتەيلى، — دېدى دانگلار، بۇ يەردىن بىرلىكتە چىقىپ كېتىشكە ھەمراھ تېپىلغانلىقىغا خوش بولۇپ، — قايتايلى، قالغانلار نېمە قىلىشسا ئۆزلىرى بىلىشسۇن...

ھەممە تارقىلىپ كېتىشتى. فېرنان يەنە مېرسېدېسنىڭ بىردىنبىر باشپاناھى بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى-دە، كاتالانغا باشلاپ كەتتى. دانتېسنىڭ دوستلىرى بولسا، مادارسىزلانغان بوۋاينى مېليان كوچىسىدىكى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئۆزىتىپ قويۇشتى.

ھايال بولماي، دانتېسنىڭ بوناپارتچىلار جاسۇسى سۈپىتىدە قولغا ئېلىنغانلىقى خەۋىرى پۈتۈن شەھەرگە تارقالدى.

— ئىشنىڭ بۇنداق بولۇپ چىقىشى كىمنىڭمۇ خىيالىغا

كىرەتتى، دانگلار؟ — دېدى موررېل، كادرۇس بىلەن كېتىۋاتقان ئۆز بوغالتىرىنىڭ كەينىدىن يېتىشىۋېلىپ. ئۇ، ئۆزىگە تونۇش بولغان خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى ۋىلفور ئەپەندىدىن دانتېسنىڭ خەۋىرىنى ئېلىش ئۈمىدىدە شەھەرگە ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. — بۇنداق بولۇشى كىمنىڭمۇ خىيالىغا كىرەتتى!

— نېمە دېمەكچى بولىسىز، تەقسىر، — دېدى دانگلار، — مەن دانتېسنىڭ سەۋەبسىزلا ئېلبا ئارىلىدا توختىغانلىقىنى سىزگە ئېيتقانىدىمغۇ. بۇ ئىش ماڭا گۇمانلىق تۇيۇلغانىدى.

— سىز بۇ گۇمانىڭىزنى مەندىن باشقا بىر كىمگە سۆزلىگەنمىدىڭىز؟

— ئۇنداق قىلىشقا بولامدۇ، — دېدى دانگلار پەس ئاۋازدا، — ئۆزىڭىز بىلىسىز، سىزنىڭ تاغىڭىز پولىكار موررېل ئەپەندى بۇرۇنقى ھۆكۈمەتكە خىزمەت قىلغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى مەپكۇرىلىرىنى يوشۇرمايدىغانلىقى ئۈچۈن، سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىمۇ ناپالېئونغا ھېسداشلىق قىلىدۇ، دەيدىغان گۇمانلار بار... شۇڭا، مەن ئۆز گۇمانىمنى باشقىلارغا سۆزلەپ قويسام، ئېدمونغا ھەم شۇنداقلا سىزگە بىرەر زىيان - زەخمەت يېتىپ قېلىشىدىن قورقتۇم. مەن سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدىكى خىزمەتچى بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى ئۆز ۋاقتىدا سىزگە يەتكۈزۈپ قويۇش مېنىڭ بۇرچۇم ئىدى، لېكىن باشقىلاردىن مەن بۇ ئىشنى قاتتىق مەخپىي ساقلايمەن.

— دۇرۇس، دانگلار، دۇرۇس. سىز ۋىجدانلىق يىگىت! شۇڭلاشقا، مەن، ئەگەر بۇ بىچارە دانتېس «فىرئاۋن»نىڭ كاپىتانلىق ئورنىنى ئىگىلىسە، سىزنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش توغرۇلۇقمۇ باش قاتۇرغانىدىم.

— ھە، قانداق ئويلاشقانىدىڭىز؟

— قارىسام، ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىڭلاردا بىرئاز سوغۇقلۇق



باردەك قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئالدىنئالا دانتېسنىڭ سىزگە بولغان كۆز قارىشىنى سۈرۈشتۈردۈم، ئۇنىڭدىن سىزگە بۇرۇنقى خىزمىتىڭىزنى داۋاملىق ئىشلىشىڭىزگە قوشۇلىدىغان - قوشۇلمايدىغانلىقىنى سورىدىم.

— ئۇ سىزگە نېمىدەپ جاۋاب بەردى؟

— ئۇ ھەقىقەتەنمۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بىر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىنى بويىنىغا ئالدى، لېكىن زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېيتمىدى. ئەمما، خوجايىنىنىڭ ئىشەنچىسىگە سازاۋەر بولغان ھەرقانداق ئادەمگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— كاززاپ! — دېدى دانگلار پەس ئاۋازدا.

— بىچارە دانتېس! — دېدى كادرۇس، — ئۇ شۇنداق بىر ياخشى يىگىت ئىدى.

— شۇنداق. بىراق ئەمدى «فىرئاۋن» نىڭ كاپىتانى يوق بولۇپ قالدى، — دېدى موررېل.

— بىز تېخى يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن دېڭىزغا چىقىدىغان بولغاچقا، — دېدى دانگلار، — بۇ مۇددەت ئىچىدە ئېدموننىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى كۈتۈشكە بولىدۇ.

— ئەلۋەتتە، لېكىن ئۇنىڭغىچە قانداق قىلىش كېرەك؟

— ئۇنىڭغىچە موررېل ئەپەندى، خىزمىتىڭىزگە مەن تەييار، — دېدى دانگلار، — ئۆزىڭىزگە مەلۇم، مەن كېمىنى ھەرقانداق بىر ئۇزۇن يولغا قاتنىغۇچى كاپىتاندىن قېلىشمىغۇدەك باشقۇرالايمەن. مەن بۇ ئىشنى قىلسام ئۆزىڭىزگىمۇ پايدىسى بولىدۇ، چۈنكى ئېدمون تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، سىز ۋاقىتلىق كاپىتان بولۇپ تۇرغان باشقا بىر كىشىگە ھەق تۆلىمەيسىز. ئېدمون يەنە ئۆزى كاپىتان بولىدۇ، مەن يەنە بۇرۇنقى خىزمىتىمنى قىلىۋېرىمەن.

— تەشەككۈر سىزگە، دانگلار، — دېدى خوجايىن، — بۇ

ھەققەتەنمۇ ئۆكلۈق چارە. شۇنداق بولسۇن، كېمىنىڭ قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلىڭ، مەن سىزگە كېپىللىك قىلىمەن، بىرىپ يۈك چۈشۈرۈش ئىشىغا مەسئۇل بولۇڭ. ئايرىم شەخسلەرگە كېلىشمەسلىك كېلىشى بىلەن ئىشىمىزنى توختىتىپ قويساق بولمايدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، موررېل ئەپەندى، لېكىن بىچارە ئېدمونىنى يوقلاپ كېلىشكىمۇ ئامال بولماسمۇ؟

— مەن ھازىر شۇنىڭ ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن. بىر ئامال قىلىپ، خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى ۋىلفور ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ دانتېس توغرۇلۇق سۆزلىشىپ كۆرمەكچىمەن. گەرچە ئۇ خاندانلىقنىڭ ئەشەددىي قوغدىغۇچىسى بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇمۇ بىر ئىنسانغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانچە يامان ئەمەس كىشىدەك كۆرۈنىدۇ.

— بەلكىم يامان ئادەم ئەمەستۇر، لېكىن مەن ئۇنى شەخسىيەتچى، مەنسەپپەرەس دەپ ئاڭلىدىم. بۇ دېگەنلىك، يامان ئادەم دېگەن بىلەن باراۋەر.

— ئېنى،كۆرۈپ باقارمىز، — دېدى موررېل ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — سىز ھازىر كېمىگە چىقىپ تۇرۇڭ، مەنمۇ ھايال قالماستىن شۇ يەردە بولىمەن.

شۇ گەپ بىلەن موررېل بۇرۇلۇپ سوت بىناسى تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

— كۆردۈڭمۇ ئىشنىڭ قانداق بولۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى، — دېدى دانگلار كادرۇسقا قاراپ، — سەن يەنىلا دانتېسنى ھىمايە قىلىش نىيىتىڭدە چىڭ تۇرامسەن؟

— مەنغۇ ئۇنى ھىمايە قىلماقچى ئەمەس، لېكىن چاقچاقنىڭ ئاقىۋىتى مۇشۇنداق بولۇپ چىققانلىقى ماڭا بەك قورقۇنچلۇق تۇيۇلىۋاتىدۇ.



— بۇ چاقچاقنى باشقىلارغا يەتكۈزۈپ قويغان كىم؟ سەن ئەمەس، مەنمۇ ئەمەس، بەلكى فېرنان. ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، مەن ئۇ قەغەزنى تاشلىۋەتكەنىدىم، ھەتتا ئۇنى يىرتىۋەتكەنىدىمغۇ دەيمەن.

— ياق، ياق! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى كادرۇس، — ئۇ قەغەزنىڭ پۈرلەنگەن، مىجىقلانغان ھالدا شىپاڭنىڭ بۇلۇڭىغا تاشلىنىپ ياتقانلىقى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ. ئۇ قەغەزنىڭ يەنىلا ئاشۇ تاشلانغان جايىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈشنى بەكمۇ خالايمەن!

— ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ ئۇ خەتنى فېرنان ئېلىۋالغان ئوخشايدۇ، كىم بىلىدۇ، ئۇ خەتنى كۆچۈرىۋالدىمۇ ياكى باشقا بىرىگە قايتىدىن يازغۇزدىمۇ ياكى بولمىسا، كۆچۈرمەيلا ئەكەتتىمۇ... ياائاللا! ئۇ، مېنىڭ خېتىمنىڭ ئۆزىنىلا ئاپىرىپ بەرگەن بولسا قانداق قىلارمەن! ھېلىمۇ ياخشى يېزىقىمنى ئۆزگەرتىپ يازغانىكەنمەن.

— سەن دانتېسنىڭ ئىسيانچىلار ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقىنى بىلەمتىڭ؟

— بىلمەيتتىم. مەن ساڭا دېدىمغۇ، مەن پەقەت يالغانلاردىن چاقچاق قىلىپ ئوينىشىپ قويغانىدىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەن ئارلىكىنغا① ئوخشاش چاقچاق قىلىش بىلەن ھەقىقەتنى ئېيتىپ قويغان ئوخشايمەن.

— قانداقلا بولمىسۇن، — دېدى كادرۇس، — مەن بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمايتتىم. بولۇپمۇ ئۆزۈمنىڭ بۇ ئىشقا چېتىلىپ قېلىشىمنى خالىمايتتىم. كۆرۈپ تۇر، فېرنان بىلەن ئىككىڭلارنىڭ بۇ قىلمىشىڭلار ئاخىر بىزنىڭ بېشىمىزغا بالا بولىدۇ.

① ئارلىكىن — ئىتالىيە كومېدىيىسىدىكى قىزىقچى — ت.

— سەن ئېيتقاندەك، بالا كەلسە، بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي سەۋەبكارىغا كېلەر، ھەقىقىي سەۋەبكار بىز ئەمەس. فېرنان. بىزگە نېمە چاتاق بولاتتى؟ ئاغزىمىزنى چىڭ تۇتۇپ، قالايمىقان سۆزلىمىسەكلا ھەممە ئىش سىلىققىنا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

— ئىلاھىم شۇنداق بولغاي، — دېدى كادرۇس ۋە دانگلار بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ھەددىدىن زىيادە تەڭلىكتە قالغان ئادەمدەك بېشىنى چايقاپ. ئاللىقانداق چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى غۇدۇڭشىغان پېتىچە مېليان كوچىسى تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

«شۇنداق، — دەپ ئويلىدى دانگلار، — ئىش مېنىڭ ئۆلچىرىمدىكىدەك بولۇپ چىقماقتا. مانا. مەن ۋاقىتلىققا بولسىمۇ كاپىتان بولدۇم. ئەمدى بۇ كادرۇس دېگەن ساراڭ ئاغزىنى چىڭ تۇتسىلا دائىملىق كاپىتان بولۇپ قالىمەن. پەقەت بىرلا مەسىلە قالدى. مۇبادا سوت دانتېسنى ئۆزىنىڭ تۆمۈر تىرناقلىرىدىن چىقىرىۋېتىپ قالسا.. ياق. سوت دېگەن سوت، — ئۇ كۈلۈمسىرەپ قويدى، — سوتقا تامامەن ئىشىنىشكە بولىدۇ».

ئۇ بىر قولۋاققا سەكرەپ چۈشتى ۋە خوجايىن ئۇنىڭغا ئۇچرىشىش ئورنى قىلىپ بەلگىلىگەن «فىرئاۋن» غا قاراپ ئۈزۈشنى بۇيرۇدى.

## ئالتىنچى باب

## خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى

شۇ كۈنى، شۇ مەزگىلدە، مىدۇر فونتاننىڭ ئۇدۇلىدىكى گرانكۇر كوچىسىدا، ئۆز زامانىسىدا مەشھۇر بىناكار پيوژي



تەرىپىدىن سېلىنغان ئاقسۆڭەكلەر ئىمارەتلىرىنىڭ بىرىدە نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكتە ئىدى. لېكىن، بۇ مۇراسىمنىڭ قاتناشقۇچىلىرى ئاددىي پۇقرالار، ماتروس ۋە ئەسكەرلەر بولماستىن، بەلكى مارسېلنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىگە مەنسۇپ ئالىي زاتلار ئىدى. بۇلار — باش ئىسيانكارنىڭ دەۋرىدە خىزمەت قىلىشنى خالىماي ئىستېپا بەرگەن كاتتا ئەمەلدارلار، فرانسىيە ئارمىيىسىدىن قېچىپ كوندې ئارمىيىسىگە قاتناشقان ھەربىيلەر ۋە يېڭى ئۆسكەن ياشلاردىن ئىبارەت ئىدى. گەرچە بۇ ياشلارنىڭ ھەربىرىنىڭ كەينىگە تۆت-بەشتىن مۇھاپىزەتچى ئەسكەر تويۇلغان بولسىمۇ، ئاتا-ئانىلىرى يەنىلا ئۇلارنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ماڭداھدا بىر ئەنسىرەپ تۇراتتى. ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرىنى شۇنداق مۇھىتتا تەربىيىلەپ چىققانكى، بەش يىللىق سۈرگۈننىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە مەھكۇم قىلىنغان ۋە ئىمپېرىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى 15 يىل جەريانىدا كىشىلەر نەزەرىدە ئەۋلىيادەك بولۇپ قالغان باش ئىسيانكارغا قارىتا بۇ ياشلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى غەزەپ-نەپرەتكە تولۇپ تاشقانىدى.

ھەممەيلەن داستىخان ئەتراپىغا جەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئەينى زاماندىكى سورۇنلارغا مۇناسىپ ھالدا زوق ھەۋەس بىلەن ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بەس-مۇنازىرە شىددەتلىك ۋە مۇرەسسەسىز ھالدا قىزىپ كەتتى، چۈنكى فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا 500 يىلنىڭ مابەينىدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان سىياسىي رىقابەتچىلىك بۈگۈنكى كۈندە يەنە دىنىي ئۆچمەنلىك بىلەن قوشۇلۇپ بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشمەكتە ئىدى.

سابىق ئىمپېراتور ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈن بىر قىتئەگە ھۆكۈمران بولۇپ، 120 مىليون نوپۇسقا ئىگە بولغان ئاھالە

ئون مىللەتنىڭ تىلىدا «ياشىسۇن ناپالېئون!» دەپ شوئار توۋلىغان دەۋرلەر ئۆتۈپ، ئەمدى بەش - ئالتە مىڭ ئاھالىسى بولغان ئېلبا ئارىلىغا تۇتقۇن قىلىنغان ئاشۇ ئىمپېراتور، بۈگۈنكى بۇ ئەيش - ئىشرەت ئىشتىراكچىلىرىنىڭ نەزەرىدە فرانسىيە ۋە پادىشاھلىقتىن مەڭگۈگە تۈگەشكەن ئادەم ئىدى. ئەمەلدار تۆرىلەر ئۇنىڭ سىياسىي نۇقسانلىرىنى ئەسلەشتى. ھەربىيلەر موسكۋا ۋە لەيپسىگدىكى مەغلۇبىيەتلەر ھەققىدە، ئاياللار بولسا، ژوزېفىنا بىلەن نىكاھدىن ئاجراشقانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى. پادىشاھنىڭ بۇ مۇخلىسلىرى بىر ئادەمنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ مۇھىمى، بىر پۈتۈن تۈزۈمنىڭ يوقىتىلغانلىقى ئۈچۈن تەنتەنە قىلماقتا ئىدى. ئۇلار، شۇندىن ئېتىبارەن يېڭى ھاياتنىڭ باشلانغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ گويا قورقۇنچلۇق چۈشتىن ئويغانغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

كۆكرىكىگە مۇقەددەس لىيۇدوۋىك ئوردىنى تاقىغان سالاپەتلىك بوۋاي ئورنىدىن تۇردى ۋە مېھمانلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، پادىشاھ لىيۇدوۋىك XVIII نىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ، ماركىز ① سېن - مېران ئىدى.

ئۆتمۈشتىكى گارتۇۋلىق پالاندى ۋە بۈگۈنكى فرانسىيىنى تىنچلاندۇرغۇچى پادىشاھنىڭ شەرىپىگە بايان قىلىنغان بۇ قەدەھ نۇتقى ھەيۋەتلىك تەنتەنە ساداسى ئىچىدە قارشى ئېلىندى. ئىنگلىزلارنىڭ قائىدىسى بويىچە ھەممە بىردەك قەدەھلەرنى ئېگىز كۆتۈرۈشتى. ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئاپئاق كۆكسىگە كەلتۈرۈپ قادالغان گۈللىرىنى چىقىرىپ داستىخان ئۈستىگە قويدى ۋە زىياپەت داستىخىنى گۈلگە پۈركەندى.

① ماركىز — فېئوداللىق بەش دەرىجىلىك پەخرى ئۇنۋاننىڭ ئىككىنچىسى — ت.



بىرلىككە كەلگەن بۇ جۇشقۇنلۇق روھ شۇنچە شائىرانە كەيپىياتقا تولغانىدى.

ماركىز سېن - مېراننىڭ خانىمى، سوغۇق چىراي، لەۋلىرى نېپىز كەلگەن، ئاقسۆڭەكلەرچە مۇئامىلىگە ئادەتلەنگەن ۋە يېشى 50 كە يېتىپ قالغانلىقىغا قارىماي تېخى ئۆزىنىڭ نازاكىتىنى يوقاتمىغان ئايال سۆز قىلدى:

— بۇ ئىنقىلابچى دېگەنلەر، ئۆز زامانىسىدا بىزلەرنى قانۇنىي مەكانلىرىمىزدىن قوغلاپ چىقارغان ۋە تېررور يىللىرىدا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ پارچە نانغا سېتىۋالغان بىزنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىمىزدە بىمالال ئولتۇرۇپ، بىزگە قارشى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى پىلانلىغان ئاشۇ ئىنقىلابچى دېگەنلەر شۇ تاپتا بىزنىڭ ئالدىمىزدا مەۋجۇت بولسا، بىزنىڭ ھەققانىي پىداكارلىق جاسارىتىمىزگە قايىل بولار ئىدى. چۈنكى ھالقىلىق پەيتلەردە پەقەت بىزلا گۇمران بولغان پادىشاھ ھاكىمىيىتىگە ئەڭ ئاخىرىغىچە سادىق بولۇپ تۇرالىدۇق، ئەكسىچە ئۇلار يېڭىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياشنى قۇتلۇقلاشتى ۋە بىز ۋەيران بولۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇلار بايلىق توپلىدى. ئۇلار قايىل بولار ئىدى، بىزنىڭ پادىشاھىمىز ھەقىقەتەن سۆيۈملۈك لىيۇدوۋىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇترىتقۇچىسى بولسا، ئەزەلدىن ئەبەتكە لەنىتى ناپالېئون بولغانلىقىغا قايىل بولار ئىدى. شۇنداقمۇ، ۋىلفور؟

— نېمە دېدىڭىز، خانىم؟ ئەپۇ قىلىڭ... مەن ئاڭلىماي قاپتىمەن.

— ياشلارنى ئاۋارە قىلماڭ، خېنىم، — دېدى قەدەھ كۆتۈرۈشكە تەكلىپ قىلغان بوۋاي، — بۈگۈن ئۇلارنىڭ نىكاھ مۇراسىمى بولغاچقا، سىياسىي سۆھبەتكە چولىسى تەگمەيدۇ.

— ئەپۇ قىلىڭ، ئاپا، — دېدى ئاق - سېرىق كەلگەن،

ھەسسۇم گۈزەللىك چىرايلىق قىز، — ۋىلفور ئەپەندىنى مەن پاراڭغا تۇتۇپ قاپتىمەن. ۋىلفور ئەپەندى، ئاپام سىز بىلەن سۆزلەشمەكچىكەن.

— مەن ئاڭلىماي قالغان شۇ سوئالنى ئەگەر ماركىز خانىم يەنە بىر قېتىم تەكرارلاشنى ئېغىر كۆرمىسە، مەن جاۋاب بېرىشكە تەييار، — دېدى ۋىلفور ئەپەندى.

— مەن سىزنى ئەپۇ قىلىمەن، رېنې، — دېدى ماركىز خانىم، مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن قىزىغا قاراپ. ئۇنىڭ سوغۇق چىرايىدا بۇنداق تەبەسسۇمنى كۆرۈش ناھايىتى ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلاتتى. لېكىن، ئايال كىشىنىڭ يۈرىكى شۇنداق يارالغان، بۇ يۈرەك ھەرقانداق ۋاقىتتا مېھرىبانلىق ھېس تۇيغۇلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدا شۇنداق بىر چوڭقۇر ئىسسىق ئورۇن بولۇپ، بۇ ئورۇندا خۇدا ئۆزى سالغان ئانىلىق مېھرى ساقلىنىدۇ، — مەن شۇنداق دېمەكچى، ۋىلفور، بۇ ناپارتچىلارنىڭ بىزگە ئوخشاش ئېتىقادىمۇ، ساداقەتلىكىمۇ، پىداكارلىقىمۇ يوق.

— خانىم، ئۇلاردا بىزنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر خىسلەت بار، ئۇ بولسىمۇ — مۇتەئەسسىپلىك. ئۇلار ئۈچۈن ناپالېئون گويا غەربنىڭ مۇھەممەت پەيغەمبىرى. تۆۋەنكى قاتلامدىن چىققان بارلىق شوھرەتپەرەستلەر ئۈچۈن ئۇ قانۇنچى ۋە داھىي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇ سەمۋول، باراۋەرلىك سىمۋولى.

— باراۋەرلىك! — دەپ خىتاب قىلدى ماركىز خانىم، — ناپالېئون باراۋەرلىكنىڭ سىمۋولى؟ ئۇنداق بولسا جانابىي روبىسپېر① نېمە بولىدۇ؟ مېنىڭچە، سىز روبىسپېرنىڭ

---

① روبىسپېر — (1758—1794)، فرانسىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ياكوبىنچىلارنىڭ داھىيسى، ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى. 9 - تېرمىدور كۈنىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتە ئۆلتۈرۈلگەن — ت.



ئورنىنى كورسىكانلىققا① تارتىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىسىز. ئۇنىڭسىزمۇ، بولۇپ ئۆتكەن پاراكەندىچىلىكلەر يېتىپ ئاشار.

— يوقسۇ، خانىم، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ۋىلفور، — مەن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۆزلىرىنىڭ جايىدا قالدۇرىمەن. روبىسپېرنىڭ ئورنى ليۇدوۋىك XV مەيدانىدىكى دار سۇپىسىدا، ناپالېئوننىڭ ئورنى ۋاندوم مەيدانىدىكى ئۇنىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلغان تاش تۈۋرۈك ئۈستىدە. ئۇلارنىڭ بىرى باراۋەرلىكنى تۆۋەنلىتىش يولى بىلەن يەنە بىرى يۈكسەلدۈرۈش يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەرغىب قىلغان. بىرى پادىشاھلارنى دار سۇپىسىغا چۈشۈرۈپ قويماقچى بولغان، يەنە بىرى خەلقنى پادىشاھلىق تەختى بىلەن باراۋەر ئورۇنغا كۆتۈرمەكچى بولغان. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، — دەپ قوشۇپ قويدى ۋىلفور كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى قەبىھ ئىنقىلابچىلار. 9 - تېرمىدور② ھەمدە 1814 - يىل ئۆتىنچى ئاپرېل③، فرانسىيىنىڭ ئىككى پارلاق كۈنى بولدى. مەدەنىيەت ۋە پادىشاھلىق تۈزۈمىنى قوللايدىغان كىشىلەر يەكدىللىق بىلەن بۇ ئىككى كۈنگە تەنتەنە قىلىدۇ. بىراق، دەل شۇ سەۋەبتىن، ناپالېئون ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ سادىق مۇرىتلىرى ساقلىنىپ كەلمەكتە. شۇنداقمۇ، ماركىز خانىم؟ كرومۋېلنى پەقەت يېرىم ناپالېئون

---

① ناپالېئوننى دېمەكچى — ت.

② تېرمىدور — 1793 - يىل ئىنقىلابى فرانسىيىنىڭ ھاكىمىيەت ئورنى ئېلان قىلىنغان كالېندارنىڭ 11 - ئېيىنى كۆرسىتىدۇ. 9 - تېرمىدور كۈنى روبىسپېر قولغا ئېلىنغان.

③ ناپالېئون تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ قولغا ئېلىنغان كۈن — ت.

دېيىشكە بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ ئۇنىڭمۇ مۇرىتلىرى بولغان ئەمەسمۇ!

— بىلەمسىز ۋىلفور، سىزنىڭ بۇ گەپلىرىڭىزدىن ئىنقىلابنىڭ قويۇق پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ مەن سىزنى ئەيىبكە بۇيرۇمايمەن، چۈنكى بىر ژىروندىچىنىڭ ئوغلى بولۇپ تۇرۇقلۇق ئىنقىلابىي ھېسسىياتتىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس-تە.

ۋىلفورنىڭ مەڭىزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

— مېنىڭ دادام ژىروندى پارتىيىسىنىڭ① ئەزاسى ئىدى، بۇ ھەقىقەت. لېكىن، بۇ پادىشاھنى ئۆلتۈرۈشكە ئاۋاز بەرمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تېررور كۈنلىرىدە ئۇمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاشلا تەقىپ ئاستىدا قالغان. سىزنىڭ دادىڭىزنىڭ بېشى تېنىدىن جۇدا قىلىنغان ئاشۇ كاللا كېسىش سۇپىسىدا مېنىڭ دادامنىڭمۇ كاللىسى ئېلىنىشقا قىل قالغانىدىغۇ.

— شۇنداق، — دېدى ماركىز خانىم، ئۇنىڭ چىرايىدا بۇ قانلىق خاتىرىنىڭ تەسىرى زىنھار ئەكس ئەتمىگەنىدى، — لېكىن ئۇلار ئوخشاش جازاغا تارتىلغان ھالەتتىمۇ، بۇ قىسمەت ئۇلار ئىككىسىگە قارىتا ئېيتقاندا تۈپتىن قارىمۇ قارشى پرىنسىپلار تۈپەيلىدىن روي بەرگەن بولاتتى. بۇنىڭغا دەلىل شۇكى، بىزنىڭ پۈتۈن ئائىلىمىز سۈرگۈن قىلىنغان بۇربونلار خاندانلىقىغا بولغان ساداقىتىنى ساقلاپ قالدى، سىزنىڭ دادىڭىز بولسا، دەرھال يېڭى ھاكىمىيەت تەرەپكە ئېغىپ كەتتى. گىراژدان نۇئارتىيې دەسلەپتە ژىروندى پارتىيىسىنىڭ ئادەتتىكى ئەزاسى ئىدى، كېيىن جانابىي نۇئارتىيې يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ كېڭەش ئەزاسى بولۇپ قالدى.

① XVIII ئەسىردىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدە چوڭ سودا-سانائەت بۇرژۇئازىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغان پارتىيە بولۇپ، 1927-يىلدىن كېيىن ئۆزگىرىپ ئىنقىلابقا قارشى چىققان. — ت.



— ئاپا، — دېدى رېنې، — بىز ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىمەيلى، دېيىشكەنىدۇق.

— خانىم، — دېدى ۋىلفور، — مەن رېنېنىڭ سۆزىگە قوشۇلىمەن، مەنمۇ سىزنىڭ ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن. خۇدانىڭ ئىرادىسىمۇ ئاجىزلىق قىلىدىغان ئىشلارغا قورساق كۆپۈكى قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ خۇدا كەلگۈسىنى بەلگىلەشكە قادىر، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى خۇدامۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۆتمۈشنى ئىنكار قىلىشقا بولمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا ئۇنى تىلغا ئالماسلىققا بولىدىغۇ. مانا مەن دادامنىڭ ئىدىيىسىگىلا قارشى تۇرۇپ قالماستىن، ئۇنىڭ ئىسىم-فامىلىسىنىمۇ رەت قىلدىمغۇ. مېنىڭ دادام بۇرۇن بوناپارتچىلار تەرەپتە تۇراتتى، بەلكىم ھازىرمۇ شۇنداقتۇر، ئۇنىڭ فامىلىسى نۇئارتىيې؛ مەن ئەكسىچە پادىشاھلىق تەرەپدارى ۋە مېنىڭ فامىلەم ۋىلفور. قېرى قارىغاينىڭ ئىنقىلابىي يىلتىزلىرى قۇرۇپ تۈگىسۇن، سىز شۇ قارىغاينىڭ يېڭىدىن كۆكلەپ چىققان نوتىسىغا قاراڭ. بۇ نوتا قارىغاينىڭ غولىدىن ئاجرىلىپ چىقىپ كېتەي دېسىمۇ ئاجرىلىپ كېتەلمەيدۇ.

— ياشاڭ ۋىلفور! — دەپ ئۈن قاتتى ماركىز سېن-مېران، — ياشاڭ! ناھايىتى مەزمۇنلۇق گەپ قىلدىڭىز. مەنمۇ ماركىز خانىمغا ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش توغرۇلۇق دائىم سۆزلەيمەن، بىراق ھېچ نەتىجىسى بولمىدى. ئەمدى سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز ئۇنى قايىل قىلغاندۇر.

— ماقۇل، — دېدى ماركىز خانىم، — ئۆتمۈشنى ئەسلىمەيلى، مەن ئۆزۈممۇ شۇنى خالايمەن. لېكىن، كەلگۈسىدە ۋىلفورنىڭ مەيدانى مۇستەھكەم بولسۇن. ئېسىڭىزدە بولسۇن ۋىلفور، بىز پادىشاھ جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا سىزگە كېپىل بولدۇق، جانابىي ئالىيلىرى بىزنىڭ كاپالىتىمىز بىلەن

ئۆلكىلىكى ئىشلارنى ئۆزلەشتۈشكە ماقۇل بولدى (ئۇ قولىنى ۋىلفورغا ئۇزاتتى). ئەمدى مەنمۇ سىزنىڭ تەلىپىڭىز بويىچە ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ قالاي. لېكىن، سىزنىڭ قولىڭىزغا بىرەر توپىلاڭچى چۈشۈپ قالسا، يادىڭىزدا بولسۇنكى، شەخسەن ئۆزىڭىزنىڭ ئۈستىڭىزدىمۇ قاتتىق نازارەت بولىدۇ، چۈنكى سىز توپىلاڭچىلارغا ئالاقىدار ئائىلىدىن كېلىپ چىققان.

— ئەلۋەتتە، خانىم، — دەپ جاۋاب بەردى ۋىلفور. — مېنىڭ خىزمىتىم ۋە بولۇپمۇ ھازىرقى ۋەزىيەت مېنى قاتتىق قوللۇق بولۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. مەن چوقۇم قاتتىق بولىمەن. مەن ھازىرغا قەدەر بىرنەچچە سىياسىي ئەنزىدنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشتىم ۋە بۇ جەھەتتە خىزمەت كۆرسەتتىم. بىراق، شۇنىڭ بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ.

— سىز شۇنداق دەپ ئويلامسىز؟ — سورىدى ماركىز خانىم.

— مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم شۇ. ئېلبا ئارىلى فرانسىيىگە بەكمۇ يېقىن. ناپالېئوننىڭ قورۇقلۇققا يېقىن جايدا تۇرغانلىقى ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ ئۈمىدۋارلىقىنى ئاشۇرىدۇ. مارسېلدا، يېرىم تەمىنات بېرىلىدىغان ھەربىيلەر تولۇپ كەتتى. ئۇلار ھامان پادىشاھلىق تەرەپدارلىرى بىلەن جېدەل چىقىرىشقا باھانە ئىزدەپ يۈرۈشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن مەدەنىيەتلىك كىشىلەر ئارىسىدا دۇئېلغا چىقىدىغان، ئاۋام خەلق ئىچىدە پىچاق سېلىشىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— شۇنداق، — دېدى گراف سالۋىيو. ئۇ، ماركىز سېن-مېراننىڭ قەدىناس دوستى ۋە گراف ئارتۇئانىڭ① نۆكەر

① كارول — لېيودوۋىك XVIII نىڭ ئۇكىسى.



بېگى ئىدى، — لېكىن مۇقەددەس ئىتتىپاق① ئۇنى باشقا جايغا يۆتكىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، سىلەرنىڭ بۇ ھەقتە خەۋەرىڭلار يوقمۇ؟

— ھەئە بىز پارىژدىن قايتىش ئالدىدا شۇ گەپنى ئاڭلىغانىدۇق، — دېدى ماركىز! — ئۇنى نەگە يۆتكىمەكچى؟

— سېنت-ھېلېناغا.

— سېنت-ھېلېناغا؟ ئۇ قايسى جاي؟ — سورىدى ماركىز خانىم.

— بۇ، ئېكۋاتورنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى، بۇ يەرگە 2000 مىل كېلىدىغان يەردىكى بىر ئارال، — دەپ جاۋاب بەردى گراف.

— ناھايىتى ئاقىلانە ئىش بوپتۇ! ھەقىقەتەنمۇ، ۋىلفور ئېيتقاندەك، ئۇنى مۇشۇنداق بىر جايدا تۇتۇپ تۇرۇش ئەقىلغە سىغمايدىغان ئىش. ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە كورسىكا، بۇ ئۇنىڭ ئانا يۇرتى؛ يەنە بىر تەرىپىدە نېئاپول، ئۇنىڭ سىڭلىنىڭ كۈيئوغلى ھازىرغىچە ئۇ يەردە پادىشاھلىق قىلىۋاتىدۇ؛ يەنە بىر تەرىپىدە ئىتالىيە، بۇ مەملىكەتكە ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلىنى پادىشاھ قىلماقچى بولغان.

— بىراق، 1814 - يىلىدىكى كېلىشىملەر بار، — دېدى ۋىلفور، — بۇ كېلىشىملەرنى بۇزماي تۇرۇپ چېقىلىشقا بولمايدۇ.

— بۇ كېلىشىملەرنى بۇزۇش كېرەك! — دېدى گراف

① مۇقەددەس ئىتتىپاق — روسىيە، پرۇسسىيە، ئاۋسترىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ 1815 - يىل 9 - ئايدا پارىژدا ئۆزئارا تۈزگەن ئىتتىپاقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەزكۇر ئىتتىپاق مونارخىيىلىك تۈزۈمنى ساقلاپ قېلىش ۋە بۇ تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشكە قارىتىلغان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى بېسىقتۇرۇشنى ئۆزىنىڭ مەقسىتى قىلىدۇ.

سالۋيو، — ئۇ، بىچارە گېرتسوگ① ئېنگىنسكىينى ئېتىپ تاشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەندە ئەدەب-قائىدىلەر بىلەن ئانچە ھېسابلىشىپ كەتمىگەنىدۇ.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى ماركىز خانىم، — ئەمما شۇنداق بولسۇن: مۇقەددەس ئىتتىپاق ناپالېئوننى ياۋروپادىن يوقىتىدۇ، ۋىلفور ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى مارسېلدىن يوقىتىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا پادىشاھ ھۆكۈم سۈرەلەيدۇ، ئەكسىچە بولغاندا پادىشاھلىقمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. پادىشاھ ھۆكۈم سۈرىدىكەن، ھاكىمىيەت مۇستەھكەم بولۇشى، ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ ئىرادىسى چىڭ بولۇشى لازىم. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا پاراكەندىچىلىكنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

— ئەپسۇسكى، خانىم، — دېدى ۋىلفور كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — خانلىق مۇپەتتىشىنىڭ ياردەمچىسى پاراكەندىچىلىكنى مەسىلە سادىر بولغاندىن كېيىنلا كۆرەلەيدۇ.

— دېمەك، شۇ مەسىلىنى تۈزىتىش لازىم.

— مەن شۇنداق دەپ ئېيتالايمەنكى، خانىم، بىز مەسىلىنى تۈزەتمەستىن، پەقەت ئۆچ ئېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىۋاتىمىز.

— ئاھ، ۋىلفور ئەپەندى، — دېدى ئوماققىنا كەلگەن بىر قىزچاق. ئۇ گراف سالۋيونىڭ قىزى بولۇپ، رېنېنىڭ دوستى ئىدى، — بىز مارسېلدىن كەتكۈچە تۈزۈكرەك بىر ئەفزىنىڭ ئۈستىدىن ئوچۇق سوت قىلىشنىڭ ئامالىنى قىلساڭا. مەن ئوچۇق سوتنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، باشقىلار بۇ بەك قىزىقارلىق دېيىشىدۇ.

— ھەقىقەتەنمۇ بەك قىزىقارلىق، — دېدى خانلىق مۇپەتتىشىنىڭ ياردەمچىسى، — بۇ سۈنئىي تراگېدىيە ئەمەس، بەلكى

① گېرتسوگ — فېئوداللىق بەش دەرىجىلىك پەخرى ئۇنۋاننىڭ بىرىنچىسى،



ھەقىقىي ھايات دراممىسى؛ ياسالما قايغۇرۇش ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي قايغۇ-ھەسرەت. ئۇ يەردە سىز كۆرىدىغان ئادەم ئۆيىگە قايتىپ، ئۆز ئائىلىسى بىلەن جەم بولۇپ كەچكى چاي ئىچكەندىن كېيىن بەھۇزۇر ئۇخلاشقا ياتمايدۇ ۋە ئەتىسى يەنە شۇ ئويۇنغا چىقمايدۇ، بەلكى ئۇ تۈرمىگە بارىدۇ، تۈرمىدە ئۇنى جاللات كۈتۈپ تۇرىدۇ. تەسىرلىك ئىشلارنى كۆرۈشنى خالايدىغان ھېسسىياتچان شەخسىيلەر ئۈچۈن بۇنىڭدىن قىزىقارلىق ئويۇن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، شۇنداق بىر پۇرسەت چىقىپ قالسىلا مەن سىزگە خەۋەر قىلىمەن.

— ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كېتىۋاتىدۇ... ئۇنىڭ تېخى كۈلۈپ تۇرغىنىنى قاراڭلار! — دېدى رېنې. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.

— نېمىدېمەكچى بولىسىز؟ بۇ، بىرگە-بىر چىقىدىغان ئېلىشىش... شۇكەمگىچە مەن بەش-ئالتە سىياسىي مەھبۇس ۋە باشقا جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدىم. كىم بىلسۇن، ھازىر قانچىلىغان خەنجەرلەر قاراڭغۇ بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا بىلەپ تەييارلىنىۋاتقاندۇر، قانچىلىغان خەنجەرلەر ئاستىرتتىن ماڭا قارىتىلغاندۇر!

— ۋاي خۇدايىم! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى رېنې، — سىز راست گەپ قىلىۋاتامسىز، ۋىلفور ئەپەندى؟

— پۈتۈنلەي راست گەپ، — دېدى ۋىلفور، كۈلۈپ تۇرۇپ، — گراف قىزى ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بىلەن، مەن ئۆز نامىمنى چىقىرىش ئىستىكى بىلەن كۈتۈۋاتقان سوت-سوراقلار پەقەت مېنىڭ ئۈستۈمدىكى خەۋپنى ئاشۇرىدۇ، خالاس. دۈشمەنگە قاملىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ئادەتلىنىپ قالغان بۇ ناپالېئون ئەسكەرلىرى ئوق چىقىرىش ياكى نەيزە سانجىش ئىشىغا كەل-

گەندە ئىككىلىنىپ تۇراتتىمۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي دۈشمىنى دەپ ھېسابلىغان، ئەمەلىيەتتە، ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان بىرەر رۇسىيىلىك، ئاۋستىرىيىلىك ياكى ۋېنگىرىيىلىكنى ئۆلتۈرگەندە ئۇلارنىڭ قولى تىترەپ قالغانمۇ؟ خەۋپ-خەتەرنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ، ئۇنداق بولمىغاندا بىزنىڭ كەسپىمىزنىڭمۇ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. سوتقا تارتىلغان ئەيىبلەنگۈچىنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگەندە مەن روھلىنىپ كېتىمەن، بۇ مېنىڭ غەيرىتىمگە غەيرەت قوشىدۇ. بۇ، ئاددىيلا سوتلىشىش بولماستىن، بەلكى بىر مەيدان كۈرەش؛ مەن ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىمەن، ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ مۇداپىئەلىنىدۇ، مەن ئۇنىڭغا قايتا-قايتا زەربە بېرىمەن، ئاخىرى بۇ كۈرەش خۇددى ھەرقانداق بىر جەڭگە ئوخشاش يا غەلىبە بىلەن، يا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلىشىدۇ. سوتتا ئەيىبلەش نۇتقىنى سۆزلەش دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ! خەۋپ-خەتەر ناتىقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر مەن سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن سوتقا تارتىلغۇچى كۈلۈمسىرەپ قويسا، دېمەك مەن كۆڭۈلدىكىدەك سۆزلىيەلمىگەن بولىمەن، مېنىڭ سۆزلىرىم تۇتۇق، جانسىز بولغان بولىدۇ، كىشىلەرنى قايىل قىلالمىغان بولىدۇ. ئويلاپ كۆرۈڭ، سوتقا تارتىلغۇچىنىڭ گۇناھى ئىسپاتلانغاندا، پولاتتەك پاكىتلار ۋە دەل جايىغا كەلتۈرۈپ ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ زەربىسى ئاستىدا جىنايەتچىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بېشىنىڭ ساڭگىلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەندە مۇپەتتىشنىڭ قەلبى قانداق غۇرۇرلۇققا تولىدۇ! جىنايەتچىنىڭ بېشى تۆۋەنگە قارىتىلىدۇ ۋە چېپىپ تاشلىنىدۇ!

رېنې يېنىككىنە ئۈن سېلىپ «ئاھ» دېۋەتتى.

— نېمىدېگەن تەسىرلىك سۆزلەيدۇ! — دېدى مېھمانلاردىن بىرەيلەن.



— دەۋرىمىز مانا مۇشۇنداق كىشىلەرگە مۇھتاج، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— سىز ئۆتكەن قېتىمقى سوتتا قالتىس ئىش قىلدىڭىز، ۋىلفور، — دېدى ئۈچىنچى بىرى، — مەن ھېلىقى ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن مۇناپىقنى دەۋاتىمەن، يادىڭىزدا بارمۇ؟ راستىنى ئېيتقاندا، تېخى جاللاتنىڭ قولى تەگمەي تۇرۇپلا سىز ئۇنىڭ جېنىنى چىقىرىۋەتتىڭىز.

— ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەنلەرگە مېنىڭ قىلچىمۇ ئىچىم ئاغرىمايدۇ، — دېدى رېنې، — ئۇنداق ئادەملەرنى نېمە قىلىۋەتسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. بىراق، بىچارە سىياسىي مەھبۇسلار...

— ئۇلار ئەڭ قەبىھ، رېنې، چۈنكى پادىشاھ خەلقىنىڭ ئاتىسى. پادىشاھنى ئاغدۇرۇش ياكى ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولغانلىق، 32 مىليون ئادەمنىڭ ئاتىسىغا قەست قىلغانلىق بىلەن باراۋەر.

— نېمە بولسىمۇ بولسۇن، ۋىلفور ئەپەندى، — دېدى رېنې، — مەن كەچۈرۈم قىلىشنى سورىغان ئادەمگە شەپقەتلىك بولۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن...

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ۋىلفور، ئۇنىڭغا ئىشقى بىلەن كۈلۈپ قارىغان ھالدا، — ئەيىبلەش ماتېرىياللىرىنى بىز ئىككىمىز بىرلىكتە يازايلى.

— ئاپئاق قىزىم، — دېدى ماركىز خانىم، — سىز ئۆزىڭىزنىڭ قەپەزدىكى قۇشلىرىڭىز، كۈچۈكلىرىڭىز ۋە كىيىم-كېچەكلىرىڭىزنىڭ غېمىنى قىلىڭ، ئۆزىڭىز ئۇقمايدىغان ئىشلارغا ئارلاشماڭ. ھازىر، زۇلپىقار قىنىغا سېلىنغان، قەلەم ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان دەۋر. لاتىنلارنىڭ مۇشۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزى بار.

— زۇلپىقارنىڭ ئورنىنى قەلەم ئالغۇسى، — دېدى ۋىلفور لاتىن تىلىدا.

— مەن لاتىنچە سۆزلەشكە پېتىنالمىغانىدىم، — دېدى ماركىز خانىم.

— سىز بۇ خىزمەتنى تاشلاپ دوختۇرلۇق كەسپىي بىلەن شۇغۇللانغان بولسىڭىز تۈزۈكرەك بولاتتى، — دېدى رېنې، — جاننى ئالىدىغان پەرىشتە ھەرقانچە پەرىشتە بولغىنى بىلەنمۇ ماڭا قورقۇنچلۇق تۇيۇلىدۇ.

— رېنې، قەدىرلىكىم! — دەپ پىچىرلىدى ۋىلفور، مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا بىر نەزەر تاشلاپ.

— ۋىلفور ئەپەندى ئۆلكىمىزنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسىي دوختۇرى بولۇپ قالىدۇ. قىزىم، بۇ ئىنتايىن شەرەپلىك خىزمەت، — دېدى ماركىز سېن - مېران.

— شۇنداق بولغاندىلا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قىلمىشلىرىنى ئۇنتۇشقا بولىدۇ، — دەپ قوشۇمچە قىلدى سۆزدىن قالمايدىغان ماركىز خانىم.

— خانىم، — دەپ جاۋاب قىلدى ۋىلفور مەيۈسلۈك بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — بىر ھەقتە مەن سىزگە ئۆز پىكىرىمنى ئىزھار قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانىدىم. مېنىڭچە، دادام ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى قايمۇقۇشلىرىغا توۋا قىلغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ ئەمدى دىن ۋە تۈزۈمنىڭ سادىق مۇخلىسى، پادىشاھلىقنىڭ مەندىنمۇ ئىرادىلىك قوغدىغۇچىسى بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ پادىشاھقا سادىق بولسا، ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ توۋا قىلغانلىقتىن بولىدۇ، مەن بولسام، پەقەت ئۆز قىزغىنلىقىم بىلەنلا شۇنداق.

شۇ گەپلەردىن كېيىن ۋىلفور، خۇددى سوتتا بىرەر تەنتەنىلىك نۇتۇق سۆزلىگەن ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش، ئۆزىنىڭ ناتىقلىق قابىلىيىتىنىڭ باشقىلارغا قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى تەكشۈرۈپ مېھمانلارغا بىر - بىرلەپ نەزەر سالدى.



— توغرا گەپ قىلدىڭىز، ۋىلفور، — دېدى گراف سالۋىيو، — ئۈچ كۈن ئىلگىرى مەن تيۇئىلرى سارىيىغا بارغان چېغىمدا ئوردا ۋەزىرى مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ژىروندى پارتىيىسىگە ئەزا بولغان بىر كىشىنىڭ ئوغلى بىلەن كوندى ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلغان ئوفىتسېرنىڭ قىزى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ نىكاھ باغلىنىشىغا قارىتا ئۆزىنىڭ ئەجەبلىنىشىنى بىلدۈرگەنىدى. مەن ئۇنىڭغا خۇددى ھازىر سىز ئېيتقان گەپلەرنى قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، ۋەزىرمۇ مېنىڭ سۆزۈمگە تامامەن قوشۇلدى. پادىشاھ ئۆزىمۇ بۇنداق بىرلىشىش ئۇسۇلىغا رازى ئىكەن. ئۇنىڭ، بۇ سۆھبەتنى ئاڭلاپ تۇرغانلىقىنى بىز سەزمەپتۇق. تۇيۇقسىزدىن پادىشاھ ئۆزى سۆزگە ئارىلاشتى ۋە شۇنداق دېدى: «ۋىلفور (قارىڭا، پادىشاھ نۇئارتيې دېمەستىن، ۋىلفور دېگەن ئىسمىنى تەكىتلىدى)، ۋىلفور، — دېدى پادىشاھ، — تېخى يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدۇ، ئۇ ياراملىق يىگىت ۋە مېنىڭ دائىرەمگە مەنسۇپ. مەن ماركىز سېن - مېران بىلەن سېن - مېران خانىمنىڭ ئۆز قىزىنى ۋىلفورغا ياتلىق قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن مەمنۇن بولدۇم. ئۇلار مېنىڭ رازىلىقىمنى سوراپ ئالدىمغا كەلمىگەن تەقدىردىمۇ مەن ئۆزلۈكۈمدىن رازىلىق بەرگەن بولاتتىم.»

— پادىشاھ راستىنلا شۇنداق دېدىمۇ، گراف؟ — ۋىلفور خۇشاللىق ئىچىدە ۋارقىراپ تاشلىدى.

— ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى سىزگە ئەينى بويىچە يەتكۈزدۈم. ماركىز ئالتە ئاي بۇرۇن ئۆز قىزىنى ياتلىق قىلماقچى بولغانلىقىنى پادىشاھقا خەۋەر قىلغاندا، پادىشاھ ئۇنىڭغىمۇ شۇ گەپلەرنى ئېيتقان. ئەگەر ماركىز سىر ساقلىماسلىقنى مۇۋاپىق تاپسا، مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنىڭ راستلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ.

— بۇ راست گەپ، — دەپ تەستىقلىدى ماركىز سېن - مېران.

— دېمەك، مەن پۈتۈن ھاياتىم بىلەن پادىشاھقا قەرزدار. ئۇنىڭغا خىزمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلايمەن!

— شۇنداق بولسىڭىز مەن سىزنى ناھايىتى ياقتۇرىمەن، — دېدى ماركىز خانىم، — قېنى، ئەمدى بىرەر توپىلاڭچى چىقىپ باقسۇنچۇ، كارامىتىنى كۆرەيلى!

— مەن ئەكسىچە، ئاپا، — دېدى رېنې، — خۇدايىمدىن سىزنىڭ گەپلىرىڭىزگە قۇلاق سالماسلىقنى ۋە ۋىلفور ئەپەندىگە ئوششاق ئوغرىلار، خىيانەتچىلەر ۋە مۇتتەھەم لۈكچەكلەرنىلا ئەۋەتىشنى تىلەيمەن.

— بۇ خۇددى دوختۇرنى باش ئاغرىقى، قىزىل، ھەرە چېقىۋالغاندەك ئوششاق - چۈششەك ئاغرىقلارنى كۆرۈشكىلا دەۋەت قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ، — دەپ كۈلۈپ كەتتى ۋىلفور، — ئەگەر سىز مېنى خانلىق مۇپەتتىش سۈپىتىدە كۆرۈشنى خالىسىڭىز، ئەكسىچە، مېنىڭ شان - شەرەپ قازىنىشىمغا سەۋەب بولىدىغان خەتەرلىك كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتىشىمغا تىلەكداشلىق قىلىڭ.

دەل شۇ چاغدا گويا تەقدىر ۋىلفورنىڭ بۇ تىلىكىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئۆي خىزمەتكارى كىرىپ كېلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنەچچە ئېغىز سۆزنى پىچىرلاپ ئېيتتى. ۋىلفور مېھمانلاردىن ئەپۇ سوراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، چىقىپ كەتتى ۋە كۆپ ھايال قالماستىن لەۋلىرىدە پەخىرلىك كۈلكىسىنى ئويناتقان ھالدا قايتىپ كىردى. رېنې ئۆز يىگىتىگە زوقلانغان ھالدا قاراپ قالدى. ۋىلفورنىڭ قارامتۇل چېكە، ساقاللىرى بىلەن پەردازلانغان ئاق يۈزىدىكى ھاۋارەڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، شۇ پەيتتە ئۇ راستىنلا چىرايلىق بولۇپ قالغانىدى. رېنې ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇشتۇمتۇت چىقىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتى.



— سىز ھېلى تېخى مېنىڭ دوختۇر بولۇشۇمنى خالايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىز، — دېدى ۋىلفور، — مانا مەن ھازىر ئېسكۇلاپنىڭ① شاگىرتلىرىغا ئوخشاپ قالدىم، دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىمدىمۇ ماڭا ئارام يوق. بۈگۈنكىدەك، ئىككىمىزنىڭ نىكاھ مەسلىھەتىمىز ئۆتكۈزۈلىۋاتقان كۈندىمۇ مېنى چاقىرىپ كېلىشىپتۇ.

— نېمە ئىش بىلەن چاقىرىپتۇ؟ — دەپ سورىدى رېنې بىرئاز تەشۋىشلىنىپ.

— بىر ئاغرىق كىشىنى داۋالاش ئۈچۈن. ماڭا تاپشۇرۇلغان مەلۇماتقا قارىغاندا، كېسەلنىڭ ئەھۋالى ناچار ئىكەن. مەسىلە پەۋقۇلئاددە ئېغىر، بىمارنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىشقا توغرا كېلىشى مۇمكىن.

— ئاھ، خۇدايىم! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى رېنې ۋە تاتىرىپ كەتتى.

— نېمە دېدىڭىز؟ — مېھمانلار بىردەك خىتاب قىلىشتى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ مەسىلە بوناپارتچىلارنىڭ سۇيىقەستلىك ھەرىكىتىگە چېتىشلىق بولسا كېرەك.

— نېمە؟ — ماركىز خانىم چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— پاش قىلىش مەكتۇپىدە مانا مۇنداق دېيىلگەن.

ۋىلفور پاش قىلىش مەكتۇپىنى ئوقۇپ چىقتى:

«شاھانە تاجۇ - تەختنىڭ ۋە دىنىنىڭ مۇخلىسى مەزكۇر مەكتۇپ ئارقىلىق خانلىق مۇپەتتىش جانابلىرىغا مەلۇم قىلىدۇكى، بۈگۈن سىمىرنادىن قايتىپ كەلگەن ھەمدە سەپەر ئۈستىدە نېئاپول پورتى - فېرايئوغا كىرىپ ئۆتكەن «فىرئائون» ناملىق كېمىنىڭ كاپىتان ياردەمچىسى ئېدمون دانتېس، مىيۇراتنىڭ

① ئېسكۇلاپ — قەدىمكى گرېتسىيە ئەفسانىلىرىدە تىبابەتچىلىك پىرى.

مەكتۇپنى ئېلىپ باش ئىسيانكارغا يولۇققان ۋە باش ئىسيانكاردىن پارىژدىكى بوناپارتچىلار كومىتېتىغا بېغىشلانغان مەخسۇس مەكتۇپ تاپشۇرۇۋالغان.

ئەگەركى، ئۇ قولغا ئېلىنسا، ئۇنىڭ نەق جىنايىتىگە ئىسپات بولىدىغان شۇ مەكتۇپ ياكى ئۆزىنىڭ يېنىدا، ياكى ئۇنىڭ ئاتىسىدا بولىدۇ ياكى «فىرئاۋن» دىكى ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىن تېپىلىدۇ».

— توختىڭا، — دېدى رېنې، — بۇ خەتكە ئىمزا قويۇلمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىزگە ئەمەس، خانلىق مۇپەتتىشكە قارىتىپ يېزىلغان.

— شۇنداق، لېكىن خانلىق مۇپەتتىش ھازىر بۇ يەردە بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ خەتنى ئۇنىڭ كاتىپى تاپشۇرۇۋالغان ۋە خەتنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن مېنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتكەن، لېكىن مەن ئۆيدە بولمىغاچقا، ئۇ ئۆزى قولغا ئېلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بەرگەن.

— دېمەك، جىنايەتچى قولغا ئېلىنىپتۇ-دە؟ — سورىدى ماركىز خانىم.

— جىنايەتچى ئەمەس، ئەيىبلەنگۈچى، — دەپ تۈزىتىپ قويدى رېنې.

— شۇنداق، قولغا ئېلىنغان، — دېدى ۋىلفور، — مەن ھېلى رېنې خېنىمغا ئېيتقانغا ئوخشاش، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئاشۇ مەكتۇپ تېپىلسا، ئۇ ھالدا، مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن بۇ بىمارنىڭ ئەھۋالى خەۋپلىك.

— ئۇ بىچارە ھازىر نەدە؟ — دەپ سورىدى رېنې.

— مېنىڭ ئىشخانامدا.

— ئەمىسە كېتىۋېرىڭ قەدىرلىكىم، — دېدى ماركىز سېن-مېران، — سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.



پادىشاھنىڭ خىزمىتى سىزنى كۈتۈپ تۇرغان يەرگە دەرھال ھازىر بولۇشىڭىز لازىم.

— ئاھ، ۋىلفور ئەپەندى! — دەپ خىتاب قىلدى رېنې، يالۋۇرغان سىياقتا قوللىرىنى كۆكسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، — شەپقەتلىك بولۇڭ، بۈگۈن بىزنىڭ نىكاھ كۈنىمىز ئەمەسمۇ.

ۋىلفور شىرەنى يانداپ ئۆتۈپ، ئۆز مەھبۇبەسى ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە قوللىرى بىلەن تايىنىپ تۇردى ۋە شۇنداق دېدى:

— سىزنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇمكىن بولغان ھەممە ئامالنى قىلىپ كۆرىمەن. ئەمما، دەلىل-ئىسپاتلار شەكسىز، ئەيىبلەش ئادالەتلىك بولسا، بوناپارتچىلارنىڭ بۇ ياۋا گىياسىنى چېپىپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

رېنې «چېپىپ تاشلاش» دېگەننى ئاڭلىغاندا سەسكىنىپ كەتتى، چۈنكى ۋىلفور ئېيتقان بۇ ياۋا گىيا ئىنساننىڭ بېشىغا ئىگە بولغان تىرىك جان ئىدى.

— ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئېتىبار بەرمەڭ، ۋىلفور، — دېدى ماركىز خانىم، — ئۇ بالىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئاستا-ئاستا ئۇمۇ كۆنۈپ قالىدۇ.

شۇ گەپ بىلەن ماركىز خانىم ئۆزىنىڭ ئورۇق قولىنى ۋىلفورغا ئۇزاتتى. ۋىلفور بۇ قولنى سۆيۈۋېتىپ رېنېگە كۆز تاشلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى گويا «مەن سىزنىڭ قولىڭىزنى سۆيۈۋاتىمەن، سىزنىڭ قولىڭىزنى سۆيۈشنى ئارزۇ قىلىمەن» دەۋاتقاندەك ئىدى.

— بۇ يامان ئالامەت! — دەپ پىچىرلىدى رېنې.

— تولا گەپ قىلما رېنې، — دېدى ماركىز خانىم، — سەن ئۆزۈڭنىڭ نادانلىقىڭ بىلەن مېنىڭ تاقىتىمنى تاق قىلىۋاتىسەن. دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى مۇھىممۇ ياكى سېنىڭ نازۇك فانتازىيىلىرىڭ مۇھىممۇ؟

— ئاھ، ئاپا، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى رېنې.

— ماركىز خانىم، بىزنىڭ بۇ جۇرئەتسىز سەپدىشىمىزغا خاپا بولماڭ، — دېدى ۋىلفور، — مەن سىزگە ۋەدە بېرىمەن، مەن خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى بولغان بۇرچۇمنى شەرەپ بىلەن ئادا قىلىپ، دۈشمەنلەرگە شەپقەتسىز بولىمەن.

لېكىن، مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى ماركىز خانىمغا بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆز نىگارىغا ئوغرىلىقچە قاراپ قوياتتى ۋە ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى: «خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئۈچۈن مەن شەپقەتلىك بولىمەن» دەۋاتقاندەك ئىدى. رېنې ئۇنىڭغا مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب قايتۇردى ۋە ۋىلفور ئۆزىنى چەكسىز راھەت - پاراغەتكە چۆمگەندەك ھېس قىلىپ چىقىپ كەتتى.

## بەشىنچى باب

## سوراق

مېھمانخانىدىن چىقىپ ۋىلفور شۇ ھامانلا ئۆزىنىڭ خۇشاللىق نىقابىنى چۆرۈپ تاشلىدى ۋە مۇھىم خىزمەت ئىشلىگۈچى كىشىلەرگە مۇناسىپ ھالدا چىرايىغا سۈرلۈك تۈس بەردى. ئۇ، ئۆزىنىڭ چىرايىنى بۇنداق تېز ئۆزگەرتىشنى، خۇددى ماھارەتلىك ئارتىسقا ئوخشاش، نەچچە - نەچچە قېتىملار ئەينەك ئالدىدا تۇرۇپ مەشق قىلىپ ئۆگەنگەنىدى. لېكىن بۇ قېتىم قاشلىرىنى يىمىرىپ، چىرايىغا سۈر بېرىش ئۇنىڭغا ناھايىتىمۇ تەس كەلدى. دەرۋەقە، ۋىلفورنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان دادىسىنىڭ سىياسىي تارىخىنى ھېسابقا



ئالمىغاندا، ئەگەر ئۇ دادىسىدىن قەتئىي چەك ئايرىۋەتكەنلا بولسا، كىشىلىك دۇنياسىدىكى ئەڭ زور بەخت - سائادەتتىن بەھرىمەن بولاتتى. ئۇ كاتتا باي بولغانلىقى ئۈچۈن 27 يېشىدىلا تەپتىش خىزمىتىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپكە ئېرىشتى، ئۇ ياش ۋە گۈزەل بىر قىزغا ئۆيلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ قىزغا بولغان مۇھەببىتى گەرچە قىزغىن بولسىمۇ، لېكىن ئاقىلانە ئىدى، پەقەت خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسىلا مۇشۇنداق مۇھەببەت باغلاشنى بىلىدۇ. ماركىز سىن - مېرانىنىڭ قىزى گۈزەل بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ئوردا ئىچىدە زور ئىناۋەتكە ئىگە بولغان ئائىلىنىڭ قىزى ئىدى. بۇ قىز، ئاتا - ئانىسىنىڭ بىردىنبىر پەرزەنتى ئىدى. شۇڭا ئاتا - ئانىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىنى پۈتۈنلەي كۈيئوغلىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى تۇرغان گەپ. ئۇنىڭدىن سىرت، بۇ قىز توي قىلغاندىن كېيىن 50 مىڭ ئېكيۇ قىممىتىدىكى قىز مۈلكىنى ئۆزى بىلەن ئەكېلىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭغا يەنە يېرىم مىليون قىممىتىدىكى مىراس قوشۇلىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر بولۇپ شۇنداق تولۇق بەخت - سائادەتنى تەشكىل قىلاتتىكى، شۇ تاپتا ۋىلفور ئۆزىنىڭ قەلبىگە ئۇزاقتىچە نەزەر سېلىپ، كېيىن قۇياشقا قارىسا، قۇياشمۇ خۇنۇكلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەر ئىدى.

ئىشىك ئالدىدا ئۇنى ساقچى ئەمەلدارى كۈتۈپ تۇراتتى. ۋىلفور بۇ سۈرلۈك گەۋدىگە بىر قاراش بىلەنلا گويا يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان كىشىلىك دۇنياسىغا قايتىپ چۈشكەندەك بولدى. ئۇ چىرايىغا يەنە بۇرۇنقىدەك سۈرلۈك تۈس بەردى ۋە ساقچى ئەمەلدارىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— مەن تەييار! — دېدى ئۇ، — مەن ئۇ خەتنى ئوقۇپ

چىللىم، سىز ئۇنى قولغا ئېلىپ ياخشى قىلىپسىز. ئەمدى ئۇ توغرۇلۇق ۋە ئۇلار قەستلىگەن ئىسيان توغرۇلۇق ئۆزىڭىز ئىگىلەشكە ئۈلگۈرگەن مەلۇماتلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ.

— ئىسيان توغرۇلۇق ھازىرچە ھېچنەرسىنى بىلمەيمىز. ئاختۇرۇشتا تېپىلغان بارلىق قەغەزلەر بىر بولاققا پېچەتلىنىپ سىزنىڭ ئۈستەلىڭىزدە تۇرىدۇ. ئەيىبلەنگۈچىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك پاش قىلىش خېتىدىن كۆرگىنىڭىزدەك، ئۇنىڭ ئىسىم - فامىلىسى: ئېدمون دانتېس، «موررېل ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» سودا سارىيىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئىسكەندەرىيە ۋە سمىرنادىن پاختا توشۇيدىغان «فىرئاۋن» ناملىق ئۈچ ماچتىلىق كېمىدە كاپىتان ياردەمچىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

— ئۇ سودا كېمىسىگە ئورۇنلىشىشتىن ئىلگىرىمۇ دېڭىزچىلىق ساھەسىدە خىزمەت قىلغانمىكەن؟

— ئۇنداق ئەمەستۇر، ئۇ تېخى بەك ياش ئىكەن.

— قانچە ياشلاردا بار؟

— 19 - 20 ياشلاردىن ئارتۇق ئەمەس.

ۋىلفور، گرانرىيۇ كوچىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۆز ئۆيىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، كۆرۈنۈشىدىن ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان بىر كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بۇ موررېل ئەپەندى ئىدى.

— ۋىلفور ئەپەندى! — دەپ ھاياجانلىنىپ قىچقاردى ئۇ، — سىزنى ئۇچرىتالىغانلىقىم بەك ياخشى بولدى! كۆردىڭىزمۇ بۇ ئىشنى، چوڭ بىر ئوقۇشۇلماسلىق بولدى مېنىڭ كېمەمنىڭ كاپىتان ياردەمچىسى ئېدمون دانتېس قولغا ئېلىندى.

— بىلىمەن، — دېدى ۋىلفور، — مەن ھازىر ئۇنى سوراق قىلىشقا كېتىۋاتىمەن.

— ۋىلفور ئەپەندى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى موررېل ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا، — سىز ئەيىبلەنگۈچىنى تو-



نۇمايسىز، لېكىن مەن ئۇنى بىلىمەن. شۇنداق بىر ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلىڭكى، ئۇ ئەڭ ياۋاش، راستچىل ۋە يەنە شۇنداق دەپ ئېيتالايمەنكى، بارلىق سودا كېمىلىرىدە ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە ئۆز ئىشىغا ئەڭ پۇختا بولغان بىر دېڭىزچى... ۋىلفور ئەپەندى! ئۇنى ئازاد قىلىشىڭىزنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، ۋىلفور ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىگە، موررېل بولسا، ئاۋام جەمئىيىتىگە مەنسۇپ ئىدى؛ ئالدىنقىسى پادىشاھلىقنىڭ قوغدىغۇچىسى، كېيىنكىسى، بوناپارتچىلارنىڭ ئاشكارىلانمىغان ئادىمى، دېگەن گۇمان ئاستىدىكى كىشى ئىدى. ۋىلفور ئۆزىنى چوڭ تۇتقان ھالدا موررېلغا قاراپ قويدى ۋە چىرايىنى ئاچماي گەپ قىلدى:

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، تەقسىر، ئائىلە شارائىتىدا ياۋاش، سودا مۇناسىۋەتلىرىدە ئادىل بولغان بىر كىشى سىياسىي جەھەتتىن ئالغاندا جىنايەتچى بولۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. سىز بۇنى چۈشىنىسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ تەقسىر؟

ۋىلفور مۇنداق دېيىش بىلەن، خۇددى موررېلنىڭ ئۆزىنى كۆزدە تۇتقاندەك قىلىپ، ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئالاھىدە كۈچلۈكرەك چىقىرىپ ئېيتتى. ئۇنىڭ نەشتەردەك سانجىلغان كۆزلىرى گويا موررېلنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى كۆرۈشكە تىرىشىۋاتقاندەك ئىدى. ھالبۇكى، باشقا كىشىنىڭ گۇناھىنى تىلەشكە پېتىنغان بۇ كىشى ئۆزىنىڭ بېشىدا كۆيۈۋاتقان ئوت بىلەنمۇ ھېسابلىشىپ قويۇش كېرەك ئىدى. موررېل قىزىرىپ كەتتى، چۈنكى سىياسىي كۆز قاراشلار جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزىدىمۇ مەسىلە يوق دېيىشكە بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دانتېسنىڭ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، مارشال بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە ئىمپېراتور بىلەن سۆزلەشكەنلىكى توغرۇلۇق ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ قەتئىيەتلىكىنى

بوشاشتۇرۇپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ چىن دىلىدىن ئېچىنى ئاغرىتقان ھالدا شۇنداق دېدى:

— ئۆتۈنۈپ سورايمەن، ۋىلفور ئەپەندى. ئادىل بولۇڭ، كۆڭلىڭىزنى كەڭ تۇتۇپ، بىچارە دانتېسنى چاققانىراق بىزگە قايتۇرۇپ بېرىڭ!

بۇ «بىزگە قايتۇرۇپ بېرىڭ» دېگەن سۆزلىرىدىن خانىلىق مۇپەتتىش ياردەمچىسىنىڭ قۇلاقلىرىغا ئىنقىلابنىڭ ئاۋازى كېلىپ يەتكەندەك بولدى. «شۇنداق، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — (بىزگە قايتۇرۇپ بېرىڭ...) بۇ دانتېس دېگەن كاربونارىيلارنىڭ① بىرەر تارمىقىنىڭ ئەزاسى ئەمەسمىدۇر؟ ئۇنىڭ ھىمايىچىسى شۇنچە ئېھتىياتسىزلىق بىلەن (بىز) دەپ كۆپلۈك سانىدا سۆزلەۋاتىدۇ. يادىمدا قېلىشىچە، ئۇ مەيخانىدا، يەنە كېلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن توپلىشىپ ئولتۇرغاندا قولغا ئېلىنغانىكەن، بۇ قانداقتۇر بىر مەخپىي تەشكىلات بولۇشى مۇمكىن». ئۇ ئۆز ئىچىدە شۇنداق ئويلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— مالال بولماڭ، ئەقسىر، مۇبادا ئەيىبلەنگۈچى گۇناھسىز بولسا، سىزنىڭ ئادىللىق دەۋاسىنى قىلىشىڭىز ئارتۇقچە ئىش. ئەكسىچە، ئۇنىڭ گۇناھى بولسا، جازاغا تارتىلىشى كېرەك. بىز شۇنداق بىر نازۇك ۋەزىيەتتە ياشاۋاتىمىزكى، بۇنداق ئىشلارغا سەل قاراش خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۆز ۋەزىپەمنى قەتئىيلىك بىلەن ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر بولىمەن.

ئۇ سوغۇق، لېكىن ئەدەبلىك ھالدا تازىم قىلىپ ئېگىلىپ قويدى-دە، ئۆزىنى چوڭ سۈپەت تۇتۇپ، سوت بىناسىغا يانداش بولغان ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. موررېل قېتىپ قالغاندەك بولۇپ، كوچىدا تۇرۇپ قالدى.

---

① XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىتالىيىدىكى بىر يوشۇرۇن سىياسىي تەشكىلات.



ئالدىنقى بۆلمە ئەسكەر ۋە ژاندارمىلارغا تولغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، ئەتراپتىكىلەرنىڭ غەزەپلىك قاراشلىرى بىلەن قورشالغان مەھبۇس خاتىرجەم ۋە ئېغىر-بېسىق كۆرۈنۈشتە تۇراتتى. ۋىلفور ئالدىنقى بۆلمىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، دانتېسقا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويدى ۋە ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان ژاندارمىنىڭ قولىدىن بىر بولاق قىلىپ چىگىلگەن قەغەزنى ئالدى-دە:

— مەھبۇسنى ئەكىرىڭلار! — دېدى ۋە ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەتتى.

ۋىلفور مەھبۇسقا كۆزىنىڭ قىرىدا بىرلا قاراپ قويغان بولسىمۇ، ئۆزى سوراق قىلماقچى بولغان بۇ كىشى ھەققىدە مەلۇم تونۇشقا ئىگە بولدى. ئۇ دانتېسنىڭ كەڭ، ئوچۇق پېشانىسىدىن پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى، تىك بېقىپ قاراشلىرى ۋە تۈرۈلگەن قاشلىرىدىن يۈرەكلىك ئىكەنلىكىنى، بىر ئاز ئېچىلىپ قالغان تولۇق لەۋلىرى ۋە لەۋلىرى ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرىدىن ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنى كۆردى. ۋىلفورنىڭ دەسلەپكى تەسىراتى ياخشى بولدى، لېكىن ئۇ باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن كۆپ قېتىم ئاڭلىغان سۆزلەرنى يادىغا ئالدى: سىياسىي جەھەتتىن پىشقان ئادەم دەسلەپكى ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ھېسسىيات — يۈرەكنىڭ ساداسى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دەسلەپكى تەسىراتىنى مۇشۇ ئىبرەتلىك سۆز بىلەن باستى ۋە تەسىرات بىلەن ھېسسىياتنىڭ پەرقىنى ئۇنتۇتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە سىڭىپ كىرىپ پەم-پاراسىتىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا ئىنتىلىۋاتقان ياخشى ھېس-تۇيغۇلارنى مېڭىسىدىن چىقىرىۋەتتى ۋە ئەينەككە قاراپ چىرايىغا سۆلەتلىك تۈس بەردى. شۇندىن كېيىن سۈرلۈك، ھەيۋەتلىك قىياپەتتە ئىش ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇردى.

بىر دەمدىن كېيىن دانتېس كىردى. ئۇنىڭ يۈزى تېخى

چىلا تاتىرىپ تۇرغان بولسىمۇ، خاتىرجەم ۋە خۇش پېئىل ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئەركىن تۇتقان ھالدا ئۆزىنىڭ سوراقچىسىغا تازىم قىلدى. شۇندىن كېيىن ئۇ خۇددى موررېل ئەپەندىنىڭ مېھمانخانىسىدا تۇرغاندەك ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئورۇن ئىزدەپ ئەتراپقا قاراپ چىقتى. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ ۋىلفورنىڭ خۇنۇك كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى، ھالبۇكى، بۇ كۆزلەر ئۆزىنىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرىنى كىشىلەرگە مەلۇم قىلمايدىغان، پەقەت قانۇن خادىملىرىغىلا مۇناسىپ كۆزلەر بولۇپ، دانتېسقا ئۇنىڭ سوراق ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى.

— سىز كىم بولىسىز، نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى ۋىلفور، ئالدىنقى بۆلمىدە ژاندارمىسىنىڭ قولىدىن تاپشۇرۇۋالغان قەغەزلەرنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ. بىرەر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا ئەنزە راۋۇرۇس بىر دەپتەرگە تولغانىدى. ئىشپىيونلۇقنىڭ مەرەزلىرى ئەيىبلەنگۈچى دەپ ئاتالغان تەلەيسىز گەۋدىنى ئەنە شۇنداق تېزلىك بىلەن غاجاشقا باشلايدۇ.

— ئىسمىم ئېدمون دانتېس، — تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى يىگىت، — مەن «موررېل ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» شىركىتىگە قاراشلىق «فىرئاۋن» ناملىق كېمىدە كاپىتاننىڭ ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلەيمەن.

— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سوراقنى داۋاملاشتۇردى ۋىلفور.

— 19 ياش، — جاۋاب بەردى دانتېس.

— سىز قولغا ئېلىنغان ۋاقتىڭىزدا نېمە قىلىۋاتاتتىڭىز؟

— مېنىڭ نىكاھلىنىشىم سەۋەبىدىن دوستلارنى زىياپەتكە چىللىغانىدىم، — دانتېسنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. خۇشال، خۇراملىق زىياپەت بىلەن ئەلەملىك سوراقنىڭ ۋە قاپىقى يامان



ۋىلفورنىڭ چىرايى بىلەن مېرسېدېسنىڭ نۇرلۇق چىرايى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇنچە چوڭ ئىدى.

— سىزنىڭ نىكاھلىنىشىڭىز سەۋەبىدىن؟ — دەپ قايتىلاپ سورىدى مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى ۋە ئېھتىياتسىز ھالدا شۈركۈنۈپ كەتتى.

— ھەئە، مەن ئۈچ يىلدىن بۇيان مۇھەببەت باغلاپ كېلىۋاتقان قىزغا ئۆيلەنمەكچى.

ۋىلفور ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى بىپەرۋالىقىغا مۇخالىپ ھالدا، بۇنداق تاسادىپىي ئوخشاشلىقتىن تەئەججۈپلەندى ۋە يىگىتنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى ئۇنىڭ دىلىنى يۇمشاتتى. ئۇمۇ ئۆزى توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان قىزنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇمۇ بەختلىك ئىدى، ئۇنى ئۆز بەختىنىڭ قۇچىقىدىن ئاجرىتىپ بۇ يەرگە چاقىرتىپ كېلىشتى، ئۇ، بۇ يەرگە ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش ئالدىدا تۇرغان بىر يىگىتنىڭ بەختىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن كەلدى. «بۇنداق پەلسەپىۋى سېلىشتۇرما ماركىز سېن - مېراننىڭ مېھمانلىرىنىڭ زور قىزىقىشىنى قوزغايدۇ» دەپ ئويلىدى ۋىلفور. دانتېس سوراقنىڭ داۋامىنى كۈتۈپ تۇرغاندا، ئۆز ئىچىدە تۈرلۈك بەدىئىي سېلىشتۇرمىلارنى قۇراشتۇرۇشقا بېرىلىپ كەتتى. بۇنداق سېلىشتۇرمىلاردىن ناتىقلار ئاجايىپ چىرايلىق ئىبارىلەرنى توقۇپ چىقىرىدۇ ۋە كىشىلەر بۇنى ھەقىقىي ناتىقلىق سەنئىتى ھېسابلاپ ئالقىش ياغدۇرىدۇ.

ۋىلفور ئۆز ئىچىدە چىرايلىق بىر سەھنە نۇتقىنى تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈپ قويدى ۋە دانتېسقا قاراپ:

— سۆزلەۋېرىڭ، — دېدى.

— نېمىنى سۆزلەيمەن؟

ئادالەتلىك سوتقا مەلۇمات بېرىڭ.

— ئالدى بىلەن، ئادالەتلىك سوت قانداق مەلۇماتلارغا ئېگە بو-

لۇشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسۇن، مەن ئۆزۈم بىلگەننىڭ ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن. بىراق، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئالدىنئالا ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم ناھايىتىمۇ ئاز.

— سىز باش ئىسيانكارنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغانمۇ؟

— مەن دېڭىز ئارمىيىسىگە كىرىش ئالدىدا تۇرغاندا ئۇ ئاغدۇرۇلغانىدى.

— ئاڭلىشىمچە، سىزنىڭ سىياسىي ئېتىقادىڭىز ئىنتايىن قەتئىي ئىكەن، — دېدى ۋىلفور، گەرچە ئۇنىڭغا ھېچكىم بۇ ھەقتە گەپ قىلمىغان بولسىمۇ، ھەرھالدا ئۇ بۇ سوئالنى ئەيىبلەش يۈزىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىشنى مۇۋاپىق كۆردى.

— مەندە قانداق سىياسىي ئېتىقاد بولسۇن! ئەپسۇسكى، مەندە ھېچقانداق سىياسىي ئېتىقاد بولمىغانلىقىنى ئىقرار قىلىشقا ئۇيىلىمەن. سىزگە ئېيتقىنىمدەك، مەن تېخى ئەمدى 19 ياشقا كىردىم. مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، بىرەر مۇھىم ئورۇندا خىزمەت قىلالمايمەن. مەن ھازىرقى ئورنۇم ئۈچۈن ۋە ئۆزۈم ئارزۇ قىلىۋاتقان كاپىتانلىق ئورنى ئۈچۈن شۇنىڭغىمۇ تېخى ئېرىشەلىسەم، پەقەت موررېل ئەپەندىگىلا مىننەتدار بولىمەن. شۇڭا، مېنىڭ بارلىق ئېتىقادلىرىم، يەنە كېلىپ سىياسىي خاراكتېرلىك بولماستىن، بەلكى شەخسىي ئېتىقادلىرىم يىغىپ ئېيتقاندا مۇنداق ئۈچ ئۇقۇمغا مەركەزلىشىدۇ: مەن دادامنى ياخشى كۆرىمەن، موررېل ئەپەندىنى ھۆرمەتلەيمەن، مېرسېدېسقا كۆيىمەن، مانا مۆھتەرەم ئەپەندى، مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەلەيدىغىنىم شۇ. كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، بۇ گەپلەر ئادالەتلىك سوتنى ئانچە قىزىقتۇرمايدۇ.

دانتېس گېپىنى ئاياغلاشتۇرغىچە ۋىلفور ئۇنىڭ گۇناھسىز،



ئوچۇق چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، رېنېنىڭ تېخى ئەيىبلەنگۈچىنى كۆرمەي تۇرۇپلا شەپقەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئەسلىدى. ھەر دائىم جىنايى ئىشلارنى تەپتىش قىلىپ ۋە جىنايەتچىلەرنى تەرگەۋ قىلىپ ئادەتلەنگەن مۇئاۋىن مۇپەتتىش، دانتېسنىڭ ھەر بىر سۆزىدىن ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە يېڭى - يېڭى دەلىللەرنى كۆردى. دەرۋەقە، بۇ بالا (ئۇنى تېخى چوڭ ئادەم دېيىشكە بولمايتتى) ئاق كۆڭۈل، ساددە بولۇپ، دىلىدا نېمە بولسا تىلىدا شۇ ئىدى. ھالبۇكى، كۆرگەنلا ئادەم بۇنداق بولىۋەرمەيدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھەر قانداق ئادەمگە ئوچۇق - سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى. بۇنداق مۇئامىلە ئۇنىڭ بەختلىك بولغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. ئادەمنىڭ بەختى ھەر قانداق يامان ئادەمنىمۇ ياخشى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ سوراقچىسى ئالدىدىمۇ قەلبىگە تولۇپ - تاشقان ياخشى تىلەكلىرى ۋە مېھرىبانلىقىنىڭ ئىپادىسىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ۋىلفور ئۇنىڭغا قاتتىق، سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى، لېكىن ئېدمونىنىڭ كۆزلىرى، ئاۋازى، ھەرىكەتلىرىدە مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىقتىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى.

«ھەقىقەتەن، — دەپ ئويلىدى ۋىلفور، — بۇ بىر تۈزۈك بالىدەك كۆرۈنىدۇ. رېنېنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئاسانغا توختايدىغان بولدى. ئۇنىڭ بۇ تۇنجى تەلىپىنى قانائەتلەندۈرسەملا بولىدىكەن. شۇنداق قىلسام، ئومۇمىي سورۇندا ئۇنىڭ سەمىمىي قول قىسىشىغا، خاس ئورۇندا تاتلىق سۆيۈپ قويۇشىغا مۇيەسسەر بولىمەن».

بۇ شېرىن خىياللاردىن ۋىلفورنىڭ چىرايى ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ دانتېسقا قارىغان چاغدا، ئۇنىڭغا قاراپ دانتېسمۇ كۈلۈپ قويدى.

— سىزنىڭ شەخسىي دۈشمەنلىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋىلفور.
— دۈشمەنلىرىم؟ — دېدى دانتېس، — بەختىمگە يارىشا مەن بىر ئاددىي ئادەم بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمگە دۈشمەن تاپقۇدەك بولمىدىم. توغرا، بىرئاز قىزىققانلىقىم بار، لېكىن مەن ھېچقاچان قول ئاستىمدىكىلەرگە قوپاللىق قىلمىغان. مېنىڭ قول ئاستىمدا ئون - ئون ئىككى ماتروس بار. ئۇلاردىن ئېنىقلاپ كۆرسىڭىز مۇمكىن، ئۇلار مېنى ئۆز ئاتىسىدەك كۆرىدۇ دېسەم بولماس، چۈنكى مېنىڭ يېشىم كىچىك. لېكىن ئۇلار مېنى ئۆز قېرىندىشىدەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋە ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.
— دۈشمەنلىرىڭىز بولمىسا، سىزنى كۆرەلمەيدىغانلارمۇ يوقمۇ؟ سىز تېخى ئەمدى 19 ياشقا كىرىپلا كاپىتانلىققا تەيىنلىنىپسىز، بۇ سىز ئۈچۈن يۇقىرى مەنسەپ. سىز ئۆزىڭىزنى ياخشى كۆرگەن بىر گۈزەل قىزغا ئۆيلەنمەكچىكەنسىز، بۇ ھەر قانداق كىشى ئۈچۈن زور بەخت. مانا، سىزنى كۆرەلمەيدىغانلارنىڭ چىقىشى ئۈچۈن سالماقلىق ئىككى سەۋەب.
— راست، ئېيتقىنىڭىز توغرا. سىز ھەقىقەتەن ماڭا قارىغاندا كىشىلەرنى ئوبدان چۈشىنىدىكەنسىز، لېكىن، مېنى كۆرەلمەيدىغان كىشىلەر مېنىڭ دوستلىرىمنىڭ قاتارىدىن چىققان بولسا، ئەڭ ياخشىسى، ئۇلارنى يامان كۆرۈپ قالماسلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيلا قالاي.
— بۇ توغرا ئەمەس. ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەتراپىتىكىلەرنى ئىلاجى بار ئېنىقراق بىلىپ تۇرۇش كېرەك. راستىنى ئېيتقاندا، سىز شۇنچىلىك ئىززەتكە مۇناسىپ يىگىت ئىكەنسىزكى، مەن قانۇننىڭ ئادەتتىكى تۈزۈملىرىدىن چەتنەپ سىزگە ياردەم قىلىشنى



خالايمەن. مانا، سىزگە ئەيىب قويغان پاش قىلىش خېتى. بۇ يېزىقنى تونۇمسىز؟
ۋىلفور يانچۇقىدىن خەتنى چىقىرىپ دانتېسقا ئۇزاتتى. دانتېس خەتنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇپ چىقتى ۋە قاپىقىنى تۈرۈپ شۇنداق دېدى:
— ياق، تونۇيالمىدىم، يېزىق ئۆزگەرتىلگەن، لېكىن پىششىق يېزىلغان. بۇ خەتنى ئۇستا ئادەم يېزىپتۇ. مەن سىزدەك بىر ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك سېزىۋاتىمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ۋىلفورغا مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ، — چۈنكى بۇ قارا نىيەت ھەقىقىي دۈشمەنىكەن!
بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا يىگىتنىڭ كۆزلىرى چاقماقتەك يالتىراپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ۋىلفور ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتىدىكى مۇلايىملىقنىڭ ئاستىدا قانچىلىك ئىرادە كۈچىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى پەملىدى.
— ئەمدى، — دېدى ۋىلفور، — سىز سوراق ئۈستىدە تۇرغان ئەيىبلەنگۈچىدەك ئەمەس، بەلكى بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم ئۆزىگە ھەمنەپەس بولغان ئادەمنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك ماڭا ئوچۇقىنى ئېيتىڭ. بۇ ئىمزاسىز خەتتە يېزىلغان گەپلەر راستمۇ؟
ۋىلفور خەتنى يىرگىنىش بىلەن شىرە ئۈستىگە تاشلاپ قويدى.
— ھەم راست، ھەم يالغان. ئىشنىڭ ھەقىقىي جەريانى مۇنداق بولغان. مەرت دېڭىزچىنىڭ شەنى بىلەن، مىرسېدېسقا بولغان مۇھەببىتىم بىلەن، ئۆز ئاتامنىڭ ھاياتى بىلەن قەسەم ئىچىمەن!
— سۆزلەڭ، — دېدى ۋىلفور ۋە ئۆز ئىچىدە: «شۇ

تاپتا رىنې مېنى كۆرگەن بولسىدى، ئۇ مەندىن رازى بولاتتى ۋە مېنى جاللات دەپ ئاتمايدىغان بولاتتى» دەپ ئويلىدى.

— ئىش مۇنداق بولغان: بىز نېئاپولدىن دېڭىزغا چىققاندا كاپىتان لېكلېر نېرۋا قىزىتمىسى بىلەن ئاغرىپ قالدى. كېمىدە دوختۇر يوق ئىدى. كاپىتان بولسا، ئېلبا ئارىلىغا بېرىپ يېتىشكە ئالدىراپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن قورۇقلۇققا چىقىپ داۋالىنىشقا ئۇنىمىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ كېسىلى شۇنچە ئېغىرلىشىپ كەتتىكى، ئۈچىنچى كۈنىگە يەتكەندە ئۆز ئەجىلىنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سەزدى ۋە ئۆز يېنىغا مېنى چاقىردى.

«دانتېس، — دېدى ئۇ، — مەن سىزگە تاپشۇرماقچى بولغان بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا قەسەم بېرەلەمسىز؟ بۇ پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئىش».

«قەسەميات قىلىمەن، كاپىتان»، دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

«سىز ياردەمچى كاپىتان بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن مەن ئۆلگەندىن كېيىن قوماندانلىق سىزگە ئۆتىدۇ. شۇ چاغدا سىز كېمىنى ئېلبا ئارىلىغا ھەيدەپ بېرىپ، پورتو - فېررايئودا توختاڭ ۋە مارشالنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭغا مانا بۇ مەكتۇپنى بېرىڭ. سىزگە باشقا بىرەر خەت - چەك ياكى باشقا بىر ۋەزىپە بېرىلىشى مۇمكىن. بۇ ۋەزىپىنى ئەسلىدە مەن تاپشۇرۇۋېلىشىم لازىم ئىدى. سىز، دانتېس شۇ ۋەزىپىنى ماڭا ۋەكالىتەن بېجىرىپ قويۇڭ».

«ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمەن، كاپىتان. لېكىن، مارشال بىلەن كۆرۈشۈش ئاسان ئەمەستۇر؟»

«سىز ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، مانا مۇنۇ ئۈزۈكنى مارشالغا ئاپىرىپ بېرىشنى سوراڭ، — دېدى كاپىتان، — شۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ يولىڭىزدا توسالغۇ قالمايدۇ».

شۇ گەپلەر بىلەن، ئۇ ماڭا بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈكني



بەردى. ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۇ ھوشىنى يوقاتتى ۋە ئەتىسى ۋاپات بولدى.

— شۇنىڭ بىلەن سىز قانداق قىلدىڭىز؟ — سورىدى ۋىلفور.

— مەن قىلىشقا تېگىشلىك بولغان شۇ ئىشنى ئورۇندىدىم. مېنىڭ ئورنۇمدا باشقا ھەر قانداق ئادەم بولسىمۇ، شۇنداق قىلاتتى. سەكراتتىكى ئادەمنىڭ ۋەسىيىتى مۇقەددەس. بىز، دېڭىزچىلارغا قارىتا ئېيتقاندا، باشلىقنىڭ تەلىپى بىز ئۈچۈن ئىجرا قىلماسقا مۇمكىن بولمايدىغان بۇيرۇق. شۇڭلاشقا مەن كېمىنى ئېلباغا قاراپ ھەيدەپ 2 - كۈنى مەنزىلگە يەتتىم. مەن باشقىلارنى كېمىدە قېلىشقا بۇيرۇپ ئۆزۈم قورۇقلۇققا چىقتىم. خۇددى مەن ئويلىغاندەك، مارشالنىڭ يېنىغا بېرىشىمغا رۇخسەت قىلىشمىدى. لېكىن، مەن شەرتلىك بەلگە بولغان ئالتۇن ئۈزۈكنى ئۇنىڭغا ئەۋەتتىم. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ يولۇم ئېچىلدى. مارشال مېنى قوبۇل قىلدى، بىچارە لېكلېرنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا سوراشتۇردى ۋە كاپىتاننىڭ مۆلچەر قىلغىنىدەك، ماڭا بىر نۇسخا خەتنى بېرىپ، شەخسەن ئۆزۈم پارىژغا يەتكۈزۈپ بېرىشىمنى بۇيرۇدى. مەن ۋەدە قىلدىم، چۈنكى بۇ ئىش كاپىتانىمنىڭ ئاداققى ۋەسىيىتىنى ئورۇنداش دائىرىسىگە كىرەتتى. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن مەن كېمىدىكى ئىشلىرىمنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزەم تويي قىلماقچى بولغان قىزنىڭ ئۆيىگە باردىم، ئۇ ماڭا تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ يېقىملىق بولۇپ كۆرۈندى. موررېل ئەپەندىنىڭ ياردىمى بىلەن بىز بارلىق نىكاھ رەسمىيەتلىرىنى تېزلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇردۇق. شۇنىڭ بىلەن، مەن سىزگە ئېيتقاندەك، يەنە بىر سائەتتىن كېيىن نىكاھلىنىشقا تەييارلىنىپ ۋە ئەتىلا پارىژغا بېرىشنى ئويلاپ، نىكاھ زىياپىتىدە ئولتۇرغان چېغىمدا مۇشۇ بىر

پارچە خەتنىڭ كاساپىتىدىن قولغا ئېلىندىم. ئەمدى سىزمۇ ماڭا ئوخشاشلا بۇ خەتتىن يىرگىنىۋاتقانسىز.
— شۇنداق، شۇنداق، — دەپ قويدى ۋىلفور، — مېنىڭ قارىشىمچىمۇ سىز ھەقلىقتەك كۆرۈنىسىز. سىزنىڭ پەقەت ئېھتىياتلىق بولمىغان گۇناھىڭىز بار. لېكىن، بۇ ئېھتىياتسىزلىق كاپىتاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغانلىقى ئۈچۈن يەنىلا سىزگە گۇناھ ئارتىشقا بولمايدۇ. سىز ئېلىپ ئەكەلگەن خەتنى ماڭا بېرىپ، ئەگەر بىز چاقىرتىپ قالساق ھازىر بولۇشقا ۋەدە بېرىڭ، شۇندىن كېيىن قايتىپ كەتسىڭىز بولىدۇ.
— دېمەك، مەن ئازادمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى دانتېس، خۇشاللىقتىن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا.
— شۇنداق، لېكىن ئاۋۋال ھېلىقى خەتنى ماڭا بېرىڭ.
— ئۇ خەت سىزنىڭ قولىڭىزدا بولۇشى مۇمكىن. ئاختۇرۇشتا، مېنىڭ باشقا قەغەزلىرىم بىلەن بىرلىكتە ئۇ خەتنى ئېلىپ كېتىشكەنىدى.
— توختاڭ، — دېدى ۋىلفور، دانتېسنىڭ شىلەپە ۋە پەلەيلىرىنى كىيىپ چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — توختاڭ، ئۇ خەت كىمنىڭ نامىغا يېزىلغان؟
— پارىژدىكى كوك - ئېرون كوچىسىدا تۇرغۇچى نۇئارتيې ئەپەندىگە.

ئەگەر ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولسىمۇ، ۋىلفور ئۈچۈن بۇنداق شىددەتلىك ۋە كۈتۈلمىگەن زەربە بولماس ئىدى. ئۇ، دانتېستىن يىغىۋېلىنغان قەغەزلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، يەنە شۇ ھامان يۇمشاق ئورۇندۇققا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە قاتتىق ھودۇقۇش ئىچىدە قەغەزلەرنى ئاختۇرۇپ ئاشۇ شۇم خەۋەر پۈتۈلگەن خەتنى تېپىپ قولىغا ئالدى - دە، مىسلىسىز ۋەھىمىگە تولغان كۆزلىرى بىلەن شۇ خەتكە تىكىلىپ قاراپ قالدى.



— نۇئارتيې ئەپەندىگە، كوك - ئېرون كوچىسى، 13 - نومۇرلۇق ئۆي، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، بارغانسېرى رەڭگى ئۆچۈپ كېتىۋاتقان ھالدا.
— دەل شۇنداق، — دېدى ھەيران بولغان دانتېس، — سىز ئۇنى تونۇمسىز؟
— ياق، — ۋىلفور ئالدىراپ - تېنەپ جاۋاب قايتۇردى، — پادىشاھنىڭ سادىق چاكىرىنىڭ توپىلاڭچىلار بىلەن تونۇشلۇقى بولمايدۇ.
— دېمەك، بۇ توپىلاڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىكەن - دە؟ — دەپ سورىدى دانتېس. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىپ تۇرۇۋىدى، ئەمدى ئىشنىڭ باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەملىدى، — ھەر ھالدا مەن سىزگە ئېيتقاندەك، خەتنىڭ مەزمۇنىدىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق.
— ھە، — دېدى ۋىلفور بوغۇق ئاۋازدا، — لېكىن، سىز بۇ خەتنىڭ كىمگە قارىتىپ يېزىلغانلىقىنى بىلىسىز!
— خەتنى ئىگىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلىشىم كېرەك ئىدى - دە.
— سىز بۇ خەتنى باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتكەنمۇ؟ — دەپ سورىدى، خەتنى ئوقۇغانسېرى چىرايى ئۆڭۈپ كېتىۋاتقان ۋىلفور.
— ئەزبىرايى خۇدا، ھېچكىمگە كۆرسەتمىدىم!
— سىزنىڭ ئېلبا ئارىلىدىن نۇئارتيې ئەپەندىگە خەت ئېلىپ ماڭغانلىقىڭىزنى ھېچكىم بىلمەمدۇ؟
— شۇ خەتنى ماڭا بەرگەن كىشىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ.
— شۇمۇ يېتەرلىك، ناھايىتىمۇ يېتەرلىك! — دەپ پىچىرلىدى ۋىلفور.
ئۇ ئوقۇغانسېرى چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كىرىپ كەتكەن كۆزلىرى، تىترەپ تۇرغان قوللىرى ۋە قىزىرىپ كەتكەن كۆزلە

رىڭگە قاراپ، دانتېسنىڭ كۆڭلى دەككە - دۈككە ئىچىدە قالدى. ۋىلفور خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن چاچلىرىنى سىقىملاپ تۇتۇۋالدى - دە، قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپ قالدى.

— نېمە بولدىڭىز، تەقسىر؟ — سورىدى دانتېس بىرئاز ھودۇققان ھالدا.

ۋىلفور زوۋان سۈرمىدى، كېيىن، تاتىرىپ ئۆزگىرىپ كەتكەن يۈزىنى كۆرۈپ، خەتنى يەنە قايتىلاپ ئوقۇپ چىقتى.

— سىز راستىنلا بۇ خەتتە نېمە يېزىلغانلىقىنى بىلمەمسىز؟ — دەپ سورىدى ۋىلفور.

— ئەزىبىرايى خۇدا، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن. سىز نېمە بولدىڭىز؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتايمۇ؟ ئادەم چاقىرايمۇ؟

— ياق، — دېدى ۋىلفور ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، — تولا گەپ قىلماي جىم تۇرۇڭ. بۇ يەردە بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان سىز ئەمەس، مەن.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى دانتېس رەنجىگەن ھالدا، — مەن سىزگە ياردەم قىلاي دېگەنىدىم.

— ياردىمىڭىزنىڭ لازىمى يوق. بۇ پەقەت مىجەزىمنىڭ بىردەملىككە ئۆزگىرىپ تېلىشى، باشقا گەپ ئەمەس. مېنىڭ غېمىمنى يېمەي، ئۆزىڭىزنى ئويلاڭ. سوئالىمغا جاۋاب بېرىڭ.

دانتېس ئۇنىڭ سوئالىنى كۈتتى، لېكىن ھېچقانداق سوئال بېرىلمىدى. ۋىلفور يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ماغدۇرسىزلانغان قولى بىلەن ماڭلىيىدىن تەرىنى سۈرتتۈۋەتتى ۋە خەتنى ئۈچىنچى قېتىم قايتىلاپ ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى.

— ئەگەر بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولسا، — دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە، — ۋە نوئارتيې — ۋىلفورنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالسا، مېنىڭ تۈگەشكىنىم، پۈتۈنلەي تۈگەشكىنىم شۇ!



ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ كۆزلىرى ئېغىزدىن چىقمايدىغان يۈرەك سىرىنى تونۇپ تۇرغان كۆرۈنمەس تامنى تېشىپ ئۆتەلەيدىغاندەك تۇرۇپ - تۇرۇپ ئېدمونغا قاراپ قوياتتى.

— ياق، ئىككىلىنىشكە بولمايدۇ! — ئۇ تۇساتتىن ۋارقىراپ تاشلىدى.

— خۇدا ھەققى، — دېدى بەختسىز يىگىت، — ئەگەر سىز ماڭا ئىشەنمىسىڭىز، گۇمان قىلسىڭىز يەنە سوراڭ، مەن جاۋاب بېرىشكە تەييار.

ۋىلفور ئۆزىگە زور بېرىپ ۋە ئاۋازىغا دادىللىق ئاھاڭىنى قوشۇشقا تىرىشىپ شۇنداق دېدى:

— سىزنىڭ ئىقرار قىلغىنىڭىزغا قارىغاندا مەسىلىڭىز ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دەسلەپتە ئويلىغىنىمدەك، سىزنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا قويۇۋېتەلمەيمەن. بۇنداق قارارغا كېلىشتىن ئىلگىرى باش تەرگەۋچى بىلەن مۇزاكىرە قىلىشىم كېرەك. ئۇنىڭغىچە، مېنىڭ سىزگە قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىمنى ئۆزىڭىز كۆردىڭىز.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، مەن سىزگە تەشەككۈر ئېيتىمەن! — دېدى ھاياجانلىنىپ دانتېس، — سىز ماڭا سوراقچىدەك ئەمەس، ئۆز دوستۇمدەك مۇئامىلىدە بولدىڭىز.

— ھە، ئەمدى مەن سىزنى بىرئاز ۋاقىتقا تۇتۇپ قالىمەن. سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىكى ئاساسىي جىنايەت دەلىلى مانا مۇشۇ خەت. ئەمدى قارىڭا...

ۋىلفور مەشنىڭ يېنىغا كېلىپ خەتنى ئوتقا تاشلىۋەتتى ۋە ئۇ كۆيۈپ بولغۇچە قاراپ تۇردى.

— كۆردىڭىزمۇ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مەن ئۇنى يوق قىلىۋەتتىم.

— سىز ئادالەتلىك سوتتىنمۇ بۈيۈك، — دەپ خىتاب قىلدى دانتېس، — سىز ھەقىقىي پاسىبان!

— ئەمدى سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭ، — دېدى يەنە ۋىلفور، — بۇ ئىشنى كۆرگەندىن كېيىن سىز، ئەلۋەتتە، ماڭا ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىسىز.

— قانداق گېپىڭىز بولسا ئېيتىڭ، بۇيرۇقىڭىزنى ئادا قىلىمەن.

— ياق، — دېدى ۋىلفور، دانتېسنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ياق، مەن بۇيرۇق قىلماقچى ئەمەس، مەن پەقەت سىزگە مەسلىھەت بەرمەكچى، چۈشىنىۋاتامسىز؟

— سۆزلەڭ، مەن سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزنى بۇيرۇقنىڭ ئورنىدا ئادا قىلىمەن.

— مەن سىزنى بۈگۈن كەچكىچە مۇشۇ يەردە، سوت مەھكىمىسىدە قالدۇرىمەن. ئەگەر باشقا بىر كىشى سىزنى سوراق قىلىشقا كېلىپ قالسا، ماڭا ئېيتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىنى سۆزلەپ بېرىڭ، لېكىن خەت توغرۇلۇق يېرىم ئېغىزمۇ گەپ قىلماڭ!

— ئېيتقىنىڭىزدەك قىلىمەن، تەقسىر.

ئەمدى ۋىلفور يالۋۇرۇۋاتقاندەك، ئەيىبلەنگۈچى سوراقچىغا تەسەللىي بېرىۋاتقاندەك ئىدى.

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، — دېدى ۋىلفور، كۆيۈپ بولغان خەتنىڭ كۈلىگە قاراپ قويۇپ، — خەت يوقىتىلدى. ئۇ خەتنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىنى پەقەت سىز بىلەن مەن ئىككىمىزلا بىلىمىز، ئۇنى سىزگە ئەمدى ھېچكىم نەق پاكىت قىلىپ كۆرسىتەلمەيدۇ. ئەگەر كىمىكى سىزدىن ئۇ خەتنى سورىسا ئىنقار قىلىڭ، يۈرەكلىك ھالدا ئىنقار قىلىپ تۇرۇۋېرىڭ، پەقەت شۇنداق قىلسىڭىزلا قۇتۇلالايسىز.



— مەن ئىنقار قىلمايمەن، خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى دانتېس.

— ياخشى، — دېدى ۋىلفور، ئۇ قولىغا قوڭغۇراقنى ئالدى ۋە يەنە ئىككىلىنىپ توختاپ قالدى-دە، سورىدى، — سىزدە بۇنىڭدىن باشقا خەت يوقمۇ؟

— باشقا خەت يوق.

— قەسەم قىلىڭ.

دانتېس قولىنى كۆتۈردى ۋە:

— قەسەم ئىچىمەن! — دېدى.

ۋىلفور قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى. ساقچى ئەمەلدارى كىردى. ۋىلفور ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلغاندى، ساقچى ئەمەلدارى ئۇنىڭغا جاۋابەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقىڭ، — دېدى ۋىلفور دانتېسقا.

دانتېس تازىم قىلىپ، ۋىلفورغا يەنە بىر قېتىم مىننەتدارلىق نەزەرى بىلەن قارىدى-دە، چىقىپ كەتتى. ئىشىك يېپىلىشى بىلەنلا، ۋىلفور ئەقلى-ھوشىنى يوقاتقان ھالدا مادارىدىن كېتىپ ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— ئاھ، خۇدايىم! ئادەمنىڭ ھاياتى ۋە بەختى بەزىدە قانداق ئىشلارغا قاراشلىق بولۇپ قالىدۇ-ھە! ئەگەر خانلىق مۇپەتتىش مارسېلدا بولغان بولسا، ياكى مېنىڭ ئورنۇمغا تەرگەۋچىنى چاقىرتىشقان بولسا، مەن تۈگەشكەن بولاتتىم. ئاشۇ بىر پارچە خەت، ئاشۇ لەنەت تەككۈر خەت مېنى تېگى يوق يارغا تاشلىۋەتكەن بولاتتى. ئاھ، ئاتا، ئاتا! سەن مېنىڭ بۇ دۇنيادىكى بەختىمگە داۋاملىق توسالغۇ بولۇپ تۇرۇۋېرەمسەنمۇ؟ مەن ئۆمۈر بويى سېنىڭ ئۆتمۈشتىكى قىلمىشلىرىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ئۆتەرمەنمۇ؟

ۋەھالەنكى، تۇيۇقسىزدىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر پىكىر چۈشتى، ئۇنىڭ قىيسىيىپ كەتكەن ئاغزىدا كۈلۈمسىرەش ئىپادىسى پەيدا بولدى، تېنىگەن كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلدى.

— بەللى، بەللى، — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى ئۇ، — مېنى نابۇت قىلىدىغان شۇ خەت، ئەمدى مېنىڭ بەختىمىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ھە، ۋىلفور، ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي تۇتۇش قىلغىن!

ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، ئەيىبلەنگۈچىنىڭ ئالدىنقى بۆلمىدىن ئاللىقاچان چىقىپ بولغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىمۇ ئىشخانىدىن چىقتى ۋە ئالدىراشلىق بىلەن قەدەم تاشلاپ ئۆز سۆيگىنىنىڭ ئۆيى تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

## سەككىزىنچى باب

## ئىف قەلئەسى

ساقچى ئەمەلدارى ئالدىنقى بۆلمىگە چىققاندىن كېيىن ئىككى ژاندارمىغا ئىشارەت قىلىپ قويدى. ژاندارمىلارنىڭ بىرى دانتېسنىڭ ئوڭ تەرىپىگە، يەنە بىرى چەپ تەرىپىگە ئۆتۈپ تۇردى. سوت بىناسىغا چىقىدىغان ئىشىك ئېچىلدى ۋە ئۇلار ئۇزۇن ۋە غۇۋا قاراڭغۇ كارىدورنى بويلاپ ماڭدى. بۇ كارىدورنى كۆرسە، قورقۇشقا ھېچقانداق سەۋەبى بولمىغان كىشىلەرنىڭمۇ تەنلىرى جۇغۇلداپ كېتەتتى. خۇددى ۋىلفورنىڭ ئۆيى سوت بىناسىغا تۇتىشىپ تۇرغىنىدەك، سوت بىناسىمۇ تۈرمىگە تۇتىشىپ تۇراتتى. تۈرمىدىن ئىبارەت بۇ قاباھەتلىك بىنانىڭ ئالدى تەرىپىدە ئاككۇل قوڭغۇراق مۇنارى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. كارىدور ئىچىدە بىرنەچچە ئەگىلىشتىن ئۆتكەندىن كېيىن دانتېس



تۆمۈر رېشاتكىلىق پەنجىرىسى بولغان بىر ئىشىكنى كۆردى. ساقچى ئەمەلدارى ئېسىقلىق تۇرغان بىر كىچىك تۆمۈر بولقا بىلەن ئىشىككە ئۈچ قېتىم چەكتى. دانتېسقا بۇ بولقا خۇددى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۇرۇلۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئىشىك ئېچىلدى ۋە ژاندارما نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالغان مەھبۇسنى كەينىدىن يېنىككىنە ئىتتىرىپ قويدى. دانتېس بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئىچكىرىگە كىردى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشىك تاراق - تۇرۇق قىلىپ يېپىلدى. ئۇنىڭ دىمىقىغا باشقىچە بىر ھاۋا كېلىپ ئۇرۇلدى، ئېغىر، زەي ھاۋا، بۇ تۈرمە ھاۋاسى ئىدى. ئۇ سولانغان كامېر خېلى تۈزۈك ئۆي ئىدى، لېكىن ئىشىكى تۆمۈر بىلەن قاپلانغان، دېرىزىسىگە رېشاتكا تارتىلغان. بۇ يىگىت ماكانىنىڭ كۆرۈنۈشى ئۇنىڭغا ئانچە قورقۇنچ سالالمىدى، چۈنكى خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى ئېيتقان سۆزلەر ئۈمىدلىك تەسەللىي بولۇپ ئۇنىڭ قۇلاقلىرىدا جاراڭلاپ تۇراتتى. دانتېس كامېرغا قامالغاندا چۈشتىن كېيىنكى سائەت تۆت بولغان ئەزگىل ئىدى. يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئىش 28 - فېۋرالدا بولغان، شۇڭا كۆپ ئۆتمەي مەھبۇس قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ ئاڭلاش ئىقتىدارى ھەسسىلەپ ئۆتكۈرلەشتى. تاشقىرىدىن كىچىككىنە سادا چىقسىلا قالسا ئۇ، مېنى بۇ يەردىن چىقىرىۋېتىشكە ئادەم كەلدىمىكىن، دەپ ئىشىك ئالدىغا ئېتىلىپ باراتتى، لېكىن ئاڭلانغان سادا باشقا تەرەپكە يىراقلىشىپ كېتەتتى، دانتېس قايتىدىن بەندىڭگە ئولتۇرۇپ قالاتتى. كەچ سائەت ئونلار بولۇپ، دانتېس ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىغاندا، ئادەملەرنىڭ قەدەم تىۋىشلىرى ئاڭلاندى، قەدەملەر ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى، قۇلۇپقا سېلىنغان ئاچقۇچ شاراقلىدى ۋە دۇب ياغىچىدىن ياسالغان مەزمۇت ئىشىك ئېچىلىپ، بىر جۈپ مەشئەلنىڭ يورۇقلۇقى كامېر ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ كىردى. مەشئەلنىڭ

يورۇقىدا دانتېس تۆت نەپەر ژاندارمىنىڭ يالتىراپ تۇرغان مىلتىق ۋە قىلىچلىرىنى كۆردى. ئۇ دەرھال ئىشىك تەرەپكە قەدەم تاشلىغانىدى، لېكىن بۇنداق تولۇق قوراللانغان قاراۋۇللارنى كۆرۈپ توختاپ قالدى.

— مېنى چاقىرىشقا كەلدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى ژاندارملاردىن بىرى.

— ياردەمچى خانلىق مۇپەتتىشىنىڭ ئەمرى بىلەنمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— ياخشى، — دېدى دانتېس، — مەن سىلەر بىلەن مېڭىشقا تەييار.

ژاندارملارنى ۋىلفورنىڭ ئەۋەتكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچ دانتېسنىڭ ھەممە ئەندىشىلىرىنى تارقىتىۋەتتى. ئۇ كۆڭلى توق ھالدا ئىشىكتىن چىقتى ۋە ئۆزى ژاندارملارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. تۈرمە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا بىر پەيتۇن كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— بۇ پەيتۇن ماڭا كەلگەنمۇ؟ — سورىدى دانتېس.

— سىزگە، — جاۋاب بەردى ژاندارملاردىن بىرى، — ئولتۇرۇڭ.

دانتېس ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن پەيتۇننىڭ ئىشىكى ئېچىلدى ۋە ئۇنى پەيتۇنغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىشكە قادىر ئەمەس ئىدى ھەم ئۇنداق قىلىش خىيالىمۇ يوق ئىدى. ھەش-پەش دېگۈچە ئۇ ئىككى ژاندارمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئولتۇرۇپ قالدى، يەنە ئىككى ژاندارما ئۇلارنىڭ قارشىسىغا ئولتۇرۇشتى. ئېغىرلاشقان پەيتۇن دەھشەت بىلەن تاراقلاپ يۈرۈپ كەتتى.

تۇتقۇن يىگىت پەيتۇننىڭ پەنجىرىسىگە قارىدى، پەنجىرە تۆمۈر رېشاتكا بىلەن مىخلانغانىدى. ئۇ بىر تۈرمىدىن چىقىپ يەنە بىر تۈرمىگە ئالماشقانىدى. بۇ يېڭى تۈرمىنىڭ



تۆت چاقى بولۇپ، نامەلۇم مەنزىلگە قاراپ كېتىپ باراتتى. دانتېس، بىر قول ئاران پاتقۇدەك رېشاتكىلارنىڭ ئارىسىدىن قاراپ، كېسارى كوچىسىدىن ئۆتكەنلىكىنى، كېيىن سېن-موران ۋە تاراممىس كوچىلىرىنى بويلاپ، دېڭىز بويىغا تۆۋەنلەپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن ئۇ پەيتۇننىڭ تۆمۈر رېشاتكىلىق پەنجىرىسىدىن پورت مەھكىمىسىنىڭ يېنىپ تۇرغان چىراغلىرىنى كۆردى.

پەيتۇن توختىدى، ساقچى ئەمەلدارى پەيتۇندىن چۈشۈپ قاراۋۇلخانىغا باردى. ئۇ يەردىن ئون نەچچە ئەسكەر چىقتى ۋە ئىككى رەت بولۇپ قاتار تىزىلدى. دېڭىز بويىدا يېنىپ تۇرغان پانارلارنىڭ يورۇقىدا ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرى پارقىراپ كۆرۈنەتتى.

«مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈنمىدۇر؟» دەپ ئويلىدى دانتېس.

ساقچى ئەمەلدارى پەيتۇننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، بۇ سوئالغا ئۈنچىقماسلىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى. ھالبۇكى، دانتېس پەيتۇندىن دېڭىز بويىغىچە تىزىلغان ئىككى قاتار ئەسكەرلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆزى ئۈچۈن ھاسىل قىلىنغان تار يولنى كۆردى. پەيتۇننىڭ ئالدىنقى تەرىپىدە ئولتۇرغان ئىككى ژاندارما بىرىنچى بولۇپ پەيتۇندىن چۈشتى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن دانتېس ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان ئىككى ژاندارما چۈشتى. ھەممەيلەن بىرلىكتە دېڭىز بويىدا بىر نەپەر باجخانا خادىمى زەنجىردىن تارتىپ تۇتۇپ تۇرغان قولۋاققا قاراپ مېڭىشتى. ئەسكەرلەر دانتېسقا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنى دەرھال قولۋاقنىڭ رولىنىڭ يېنىغا، تۆت ژاندارمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئولتۇرغۇزۇشتى. ساقچى ئەمەلدارى قولۋاقنىڭ تۇمشۇق تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. قولۋاق كۈچلۈك ئىتتىرىلىپ

قىرغاقتىن چەتنەشتى، تۆت كىشى چاققان - چاققان پالاق ئۇرۇپ پىلون تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. قولۋاقتىكىلەر بىر ۋارقىرىغانىدى، پورتنى توسۇپ تۇرغان زەنجىر چۈشۈرۈلدى ۋە ئۇلار پورتنىڭ سىرتىغا راۋان بولدى.

مەھبۇسنىڭ ساپ ھاۋاغا چىققاندىكى دەسلەپكى تۇيغۇسى خۇشاللىق تۇيغۇسى بولدى. ئوچۇق ھاۋا — ئەركىنلىكنىڭ بىشارىتى. ئۇ، ئۆز قاناتلىرىدا تۈن ۋە دېڭىزنىڭ سىرلىق خۇش پۇراقلىرىنى ئەكىلىۋاتقان ھاياتبەخش سەلكىن شامىلىنى تەشنالىق بىلەن سۈمۈرۈپ چوڭقۇر - چوڭقۇر نەپەس ئالدى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئەلەم بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى، چۈنكى ئۇ تېخى بۈگۈن ئەتىگەندىلا، قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى شۇنچە بەختلىك ھالدا ئولتۇرغان «رېزېرۋ» مەيخانىسىنىڭ يېنىدىن ئۆزۈپ ئۆتمەكتە ئىدى؛ يوپيورۇق دېرىزىلەردىن ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا شوخ تانسىلارنىڭ نەغمىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دانتېس ئالقانلىرىنى جۈپلەپ، كۆزلىرىنى ئاسمانغا قاراتتى ۋە چىن ئىخلاسى بىلەن ئىبادەت قىلدى.

قولۋاق داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆلۈك باشنى① ئارقىدا قالدۇرغاندىن كېيىن فارو قولتۇقىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالدى ۋە زەمبىرەك ئورنىتىلغان تۆپىلىكنى ئەگىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. دانتېس ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدى.

— مېنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىر ژاندارمىدىن.

— ھازىر ئۆزىڭىز كۆرىسىز.

— شۇنداق بولسىمۇ...

— بىزگە سىز بىلەن سۆزلىشىش مەنئى قىلىنغان.

دانتېس سۆزلىشىش مەنئى قىلىنغان ژاندارمىلارغا يەنە

① ئۆلۈك باش — يەر ئىسمى.



گەپ قىلىشىنىڭ بىمەنىلىك بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ جىم بولدى.

ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئاجايىپ - غارايىپ خىياللار چۆگىلەشكە باشلىدى. بۇ كىچىككىنە قولۋاقتا ئۇزاققا بارغىلى بولمايدۇ، ئەتراپتا بىرەر چوڭ كېمە كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ، ئۆزىنى قىرغاقتىكى بىرەر يىراق جايغا ئاپىرىپ قويۇۋېتىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ قوللىرىنى باغلاشمىدى، كويزا سالمىدى. بۇ، ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىقنىڭ ئالامىتىدەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېلىقى ئاق كۆڭۈل مۇئاۋىن مۇپەتتىش. ئەگەر نۇئارتىيېنىڭ قاباھەتلىك ئىسمىنى باشقىلارغا ئېيتمىسىلا ئۇنىڭغا ھېچقانداق يامانلىق بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان ئەمەسمىدى؟

ئۇنىڭغا قارشى بىردىنبىر دەلىل بولغان ھېلىقى خەتەرلىك خەتنى ۋىلفور ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا كۆيدۈرۈۋەتكەنىدىغۇ.

ئۇ، قاراڭغۇدا ئارىلىقنى ئۆلچەشكە كۆنۈپ كەتكەن دېڭىزچىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئەتراپتىكى مۇھىتنى پەرق ئېتىشكە تىرىشىپ قارايتتى ۋە ئۆزى دۇچار بولغان بۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدىغانلىقىنى كۈتۈپ گەپ قىلماستىن ئولتۇراتتى.

ماياك يورۇپ تۇرغان راتونونو ئارىلى ئوڭ تەرەپتە قالدى ۋە قولۋاق قىرغاققا يانداشقان ھالدا كاتالان قولتۇقىغا يېقىنلاپ كەلدى. مەھبۇسنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە گويا قاراڭغۇ قىرغاقتا بىر ئايالنىڭ گەۋدىسى غۇۋا سۈرەتلىنىپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى، چۈنكى ئۇ يەردە مېرسېدېس بار ئىدى. مېرسېدېسنىڭ يۈرىكى ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئادىمىنىڭ پەقەت ئۈچ يۈز قەدەم-

لەرچە ئېرىغىلا كىلىپ قالغانلىقىنى ئاندىقىمۇ سەزمەيۋاتقانىدۇر؟

پۈتۈن كاتالان بويىچە يالغۇز بىرلا دېرىزىدە چىراغ يورۇپ تۇراتتى. دانتېس پۈتۈن زېھنى بىلەن شۇ دېرىزىگە قاراپ، بۇ مېرسېدېسنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى كۆردى. كەنت ئىچىدە پەقەت مېرسېدېسلا ئۇخلىمىغانىدى. ئەگەر ئۇ قاتتىق بىر ۋارقىرىسا، ئاۋازى مېرسېدېسنىڭ قۇلاقلىرىغا بېرىپ يېتەر ئىدى. ئورۇنسىز نومۇس ئۇنى ۋارقىراشتىن توختىتىپ قالدى. ئەگەر ئۇ قورقۇشتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان نامەرتكە ئوخشاش ۋارقىراپ كەتسە ژاندارمىلار نېمە دەپ قالىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاغزىنى ئاچمىدى ۋە ئاشۇ دېرىزىدىكى ئوت شولىسىدىن كۆزىنى ئۈزمىگەن ھالدا ئاستا يىراقلىشىپ كەتتى.

بۇ ئارىدا قولۋاق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى، لېكىن مەھبۇس يېگىت قولۋاقنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىمايتتى، ئۇ مېرسېدېسنى ئويلايتتى. ئاخىرى، يورۇپ تۇرغان دېرىزە چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان قىيا تاشلارنىڭ كەينىدە قېلىپ كۆزدىن غايىب بولدى. دانتېس بۇرۇلۇپ ئالدىغا قارىغاندا، قولۋاقنىڭ قىرغاقتىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئۆز خىياللىرىغا بېرىلىپ ئولتۇرغاندا ژاندارمىلار پالاقلارنى قويۇپ، يەلكەن چىقىرىشتى ۋە قولۋاق شامال كۈچى بىلەن ئىلگىرىلىدى.

دانتېس گەرچە ژاندارمىلاردىن گەپ سوراشنى خالىمىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ژاندارمىغا يېقىنراق سىلجىپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى.

— بۇرادەرلەر! — دېدى ئۇ، — سىلەرنىڭ ساپ ۋىجدانىڭلاردىن، ئەسكەرلىك نامىڭلاردىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن: ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، ماڭا جاۋاب بېرىڭلار. مەن كاپىتان دانتېس، گەرچە ماڭا قانداقتۇر خائىنلىقتىن تۆھمەت چاپلاشقان بولسىمۇ، مەن بىر



ساداقەتلىك فرانسۇز. مېنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتىسىلەر؟ ئېيتىپ بېرىڭلار، مەن تەقدىرگە باش ئېگىمەن، سىلەرگە بويسۇنىمەن، بۇ مېنىڭ دېڭىزچىلىق سۈپىتىم بىلەن ئېيتىۋاتقان چىن سۆزۈم.

ژاندارما گەجگىسىنى تاتىلاپ قويۇپ ئۆز ھەمراھىغا قارىدى. ئۇ، «ئەمدى گەپ قىلساڭمۇ بولار» دېگەننى بىلدۈرۈپ بىر قىسما ھەرىكەت قىلىپ قويدى. شۇندىن كېيىن ژاندارما دانتېسقا بۇرۇلۇپ قارىدى:

— سىز مارسېلغا يەرلىك ئادەم ۋە دېڭىزچى بولۇپ تۇرۇپ، يەنە نەگە كېتىۋاتقانلىقىمىزنى سورامسىز؟

— ھەئە، راست گەپ قىلىۋاتىمەن، نەگە كېتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەيمەن.

— پەرەز قىلىپمۇ بىلەلمەمسىز؟

— ياق.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

— پۈتكۈل جاھاننىڭ مۇقەددەسلىكىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم ئىچىمەن! خۇدا ھەققى ئېيتىپ بېرىڭ!

— بۇيرۇقچۇ؟

— يەنە ئون مىنۇتتىن كېيىن، يېرىم سائەتتىن كېيىن ياكى بىر سائەتتىن كېيىن بەربىر ئۆزۈم بىلىدىغان ئىشنى سۆزلەپ بەرسىڭىز بۇيرۇققا خىلاپلىق بولمايدۇ. سىز پەقەت مېنى چېكى يوق ئەندىشىلەردىن خالاس قىلىسىز. سىزنى ئۆز دوستۇمدەك كۆرۈپ سوراپ قالاي. قارىڭا، مېنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ياكى قېچىش نىيىتىم يوق. ئۇنداق قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. نەگە كېتىۋاتىمىز؟

— سىز يا كۆرمەس بولۇپ قاپسىز، ياكى ھېچقاچان مارسېل پورتىنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىغانغا ئوخشايسىز،

ئۇنداق بولمىغاندا نەگە كېتىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىۋالالايتتىڭىز.

— بىلەلمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا ئەتراپىڭىزغا قاراڭ.

دانتېس ئورنىدىن تۇرۇپ، قولۋاق كېتىۋاتقان تەرەپكە قارىدى ۋە ئۆزىدىن يۈز يارد① ئالدىدىكى قاپقارا تىك قىيا ئۈستىدە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىف قەلئەسىنى كۆردى. بۇ مۇدھىش مەنزىرە، كىشىنىڭ دىلىدا چەكسىز دەھشەتلىك تەسىرات قوزغايدىغان بۇ تۈرمە، 300 يىلدىن بۇيان مارسېل خەلقىنى قورقۇنچلۇق رىۋايەتلەر بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان بۇ قەلئە، ئۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان دانتېسنىڭ كۆز ئالدىدا تۇساتتىن گەۋدىلىنىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا خۇددى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئادەمنىڭ ئالدىدىكى موينۇڭزىدەك تەسىر كۆرسەتتى.

— ۋاي خۇدايىم! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى ئۇ، — بۇ ئىف قەلئەسىغۇ! بىز نېمە ئۈچۈن ئۇ يەرگە بارىمىز؟

ژاندارما كۈلۈپ قويدى.

— مېنى ئۇ يەرگە قاماپ قويۇشىڭلار مۇمكىن ئەمەسقۇ! — دېدى يەنە دانتېس، — ئىف قەلئەسى پەقەت كاتتا سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قاماش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن دۆلەتلىك تۈرمە. مەن ھېچقانداق جىنايەت قىلمىدىم. ياكى ئىف قەلئەسىدە تەرگەۋچىلەر بارمۇ؟

— مېنىڭ بىلىشىمچە، — دېدى ژاندارما، — ئۇ يەردە تۈرمە باشلىقى، گۇندىپايلار ۋە مۇستەھكەم سېپىللار بار. ھە، بولدى، بولدى، دوستۇم، ئۇنداق ھەيران قالغان قىياپەتكە كىرىۋالماڭ، بولمىسا مېنىڭ ياخشىلىقىمنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالىمەن.

---

① يارد — ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى بىر يارد 0.9144 مېترغا باراۋەر.



دانتېس ژاندارمىنىڭ قولىنى سۇندۇرۇۋېتىدىغاندەك قاتتىق قىسىپ تۇتۇۋالدى.

— دېمەك، سىزنىڭ كېپىڭىزچە، بىز ئىف قەلئەسىگە بارغاندىن كېيىن مېنى شۇ يەرگە سولاپ قويۇشامدۇ؟

— ئېھتىمال، — دېدى ژاندارما، — بىراق، نېمە بولسىمۇ مېنىڭ قولۇمنى بۇنداق قاتتىق قىسماڭ.

— ھېچقانداق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماستىن، ھېچقانداق رەسمىيەتلەرنى ئۆتىمەستىنلىما؟

— ھەممە رەسمىيەتلەر تولۇق، تەكشۈرۈش تاماملانغان.

— ۋىلفور ئەپەندىنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدىسىمۇ ئىناۋەتسىزمۇ؟

— ۋىلفور ئەپەندى سىزگە قانداق ۋەدە بەرگەنلىكىنى بىلمەيمەن، — دېدى ژاندارما، — مەن پەقەت ئىف قەلئەسىگە بارىدىغانلىقىمىزنى بىلىمەن. ئوھوي! سىز نېمە قىلىۋاتىسىز؟ بۇرادەرلەر، تۇتۇڭلار بۇنى!

دانتېس چاقماقتەك تېزلىك بىلەن ئۆزىنى دېڭىزغا تاشلىماقچى بولغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ژاندارمىنىڭ تەجرىبىلىك كۆزلىرىدىن قۇتۇلالمىدى ۋە كۈچلۈك تۆت قول دەل ئۇنىڭ پۇتلىرى قولۋاقتىن كۆتۈرۈلگەن پەيتتە ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇ جان - جەھلى بىلەن ھۆركىرەپ قولۋاققا يىقىلىپ چۈشتى.

— ھە، ئوكا! — دېدى ژاندارما ئۇنىڭ مەيدىسىنى تىزى بىلەن بېسىپ تۇرۇپ، — سېنىڭ قەسەم ئىچىشىڭ مۇشۇنداق ئىكەن - دە! قاراڭلار، ئەمدى بۇنداق جىمغۇرلارغا ئىشىنىشكە بولامدۇ؟ ھە، ئاغىنە، ئەمدى قىمىر قىلساڭ كاللاڭغا ئوق يەيسەن! مەن بۇيرۇقنىڭ بىرىنچى ماددىسىغا دىققەتسىزلىك قىلىپتىمەن، لېكىن، خاتىرەڭنى جەم قىلغىنكى، ئىككىنچى ماددىسى ئەينى بويىچە ئىجرا قىلىنىدۇ.

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ مىلتىقنىڭ ئۈچىنى دانتېسنىڭ چېكىسىگە تەڭلىدى. شۇ ئاندا دانتېس ئەڭ ئاخىرقى ھالاكەتلىك ئېلىشىش بىلەن بۇ كۈتۈلمىگەن بەختسىزلىكتىن مەڭگۈلۈككە قۇتۇلۇشنى ئويلىدى، لېكىن بۇ بەختسىزلىك شۇ قەدەر كۈتۈلمىگەندە يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ يەنە، بۇ ئىشلار ئۇزاققىچە داۋاملاشماسلىقى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى؛ كېيىن ئۇ ۋىلفورنىڭ ۋەدىسىنى ئەسلىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، قولۋاقتا يېتىپ، ژاندارمىلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا ئۆلۈشى ئۇنىڭغا يىرگىنچلىك ۋە شەرمەندىلەرچە ئۆلۈم بولىدىغاندەك تۇيۇلدى. شۇڭا ئۇ دەرمانسىز غەزەپ ئىچىدە چىشلىرىنى كىرىشتۈرگەن ھالدا ئۆز قولىنى چىشلەپ تاختاي ئۈستىگە ئولتۇردى.

كۈچلۈك سىلكىنىشتىن قولۋاق چايقىلىپ كەتتى. قولۋاق ھەيدىگەن پالاقچىلاردىن بىرەيلەن، قولۋاق كېلىپ تۇمشۇقى بىلەن ئۇرۇلغان قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى. چىغىرىقتىن ئايلىنىپ يېشىلىۋاتقان ئارغامچىنىڭ غىچىرلاشلىرى ئاڭلاندى ۋە دانتېس قولۋاقنى قىرغاققا باغلىشىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

ژاندارمىلار ئۇنىڭ قوللىرىدىن ۋە ياقىسىدىن تارتىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ، قۇرۇقلۇققا سۆرەپ چىقىشتى ۋە ئۇنى ئىتتىرىپ - تارتىپ يۇرۇپ قەلئەنىڭ دەرۋازىسىغا ئېلىپ بارىدىغان پەلەمپەي تەرەپكە مېڭىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن قولىدا سىداۋلىق مىلتىق تۇتقان ساقچى ئەمەلدارى ماڭدى.

ۋەھالەنكى، دانتېس بىھۇدە قارشىلىق كۆرسىتىشكە ئۇرۇنمىدى. ئۇنىڭ ئالدىرىماسلىقى قارشىلاشقانلىقتىن بولماي، بەلكى ھەددىدىن تاشقىرى روھسىزلانغانلىقتىن ئىدى. ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ، خۇددى مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ تۇراتتى. ئۇ يەنە ئىككى رەت بولۇپ تىزىلغان ئەسكەرلەرنى كۆردى،



ئۆزىنىڭ پەلەمپەيگە پۈتلىشىپ ئىختىيارسىز ھالدا پۈتىنى كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى سەزدى، دەرۋازىدىن كىرگەنلىكىنى ۋە شۇنىدىن كېيىن دەرۋازىنىڭ يېپىلغانلىقىنى كۆردى. لېكىن، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھېچنەرسىنى پەرق ئەتكۈدەك ھالى بولماستىن، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى خۇددى تۇمان ئىچىدىن كۆرۈنۈۋاتقاندەك ئاڭسىز رەۋىشتە بولۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەتتا، تۇتقۇنلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت مەنبەسى بولغان دېڭىزنىمۇ كۆرمىدى، ھالبۇكى تۇتقۇنلار دېڭىز يۈزىگە قارىغاندا ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىن قېچىپ قۇتۇلۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى يۈرىكى ئېچىشقان ھالدا ھېس قىلىدۇ.

مېڭىشتىن توختىغاندا دانتېس بىرئاز ئېسىگە كېلىپ ئۆپچۆرىسىگە نەزەر سالدى. ئۇ، تۆت ئەتراپى ئېگىز سېپىللار بىلەن قورشالغان تۆت بۇلۇڭلۇق ھويلا ئىچىدە تۇراتتى، قاراۋۇللارنىڭ تەكشى قەدەم تاشلاپ مېڭىپ يۈرگەنلىكى ئاڭلىنىپ تۇراتتى ۋە ئۇلار ھەر قېتىم ئىككى - ئۈچ يورۇق دېرىزىلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرى پارقىراپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇلار ئون مىنۇت چامىسىدا توختاپ تۇردى. دانتېسنىڭ ئەمدى قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ژاندارمىلار ئۇنى قويۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغانلىقى روشەندى. ئاخىرى، كىمدۇ بىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مەھبۇس قېنى؟

— مانا، — دەپ جاۋاب بەردى ژاندارمىلار.

— مېنىڭ كەينىمدىن ماڭسۇن، كامېرغا باشلاپ بارىمەن.

— مېڭىڭ، — دېدى ژاندارمىلار ۋە دانتېسنى ئىتتىرىپ قويدى.

يول باشلىغۇچى گۇندىپاي ئۇنى يېرىمىغىچە يەرنىڭ

ئاستىغا ئويۇپ سېلىنغان كامېرغا باشلاپ كىردى. سوغۇق ۋە ھۆل تاملاردىن خۇددى كۆز ياشلىرى ئېقىپ چۈشۈۋاتقاندەك مونچاق - مونچاق سۇلار تامچىپ تۇراتتى. بەندىلىك ئۈستىگە قويۇلغان جىن چىراغنىڭ قانداقتۇر بىر سېسىق مايغا چىلاپ قويۇلغان پىلىكى پىلىلداپ يېنىپ، نەملىكتىن پارقىراپ تۇرغان تاملارنى ۋە يول باشلاپ كەلگەن گۇندىپاينى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ گۇندىپاي ئەپتىدىن قارىغاندا تۈرمىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك خىزمەتچىلىرىدىن بولۇپ، ئۇچىسىدىكى كىيىم - كېچىكى ناچار ۋە قاپىقى يامان ئادەم ئىدى.

— بۈگۈن بىر كېچە مۇشۇ كامېردا يېتىپ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ، — ھازىر تۈرمە باشلىقى جانابلىرى ئۇخلاشقا يېتىپ قالدى. ئەتە ئۇ سىزنىڭ نامىڭىزغا ئەۋەتىلگەن ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن بەلكىم سىزگە باشقا بىر كامېر ئاجرىتىپ بېرىشى مۇمكىن. ھازىرچە، مانا سىزگە نان، مانا كۈرۈشكىدا سۇ بار، ئاۋۇ بۇلۇڭدا سامان بار. كېچىلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن.

دانتېس ئاغزىنى ئېچىشقىمۇ، نان بىلەن سۇنىڭ نەگە قويۇلغانلىقىنى ۋە سامانىنىڭ قايسى بۇلۇڭدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي تۇرۇپ، گۇندىپاي جىن چىراغنى قولىغا ئالدى - دە، ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى. مەھبۇس گويا يىراقتا چېقىلغان چاقماقنىڭ بىردەملىك شولىسىدەك كامېرنىڭ ھۆل تاملىرىنى يورۇتقان ئاشۇ خىرە يورۇقلۇقتىنمۇ مەھرۇم بولدى.

ئۇ، خۇددى زىندانىنىڭ مۇدھىش، سوغۇق دىۋارلىرىغا ئوخشاش تىلسىز، زۇۋانسىز ھالدا قاپقاراڭغۇ جىمجىتلىق ئىچىدە تەنھا ئۆزى تۇرۇپ قالدى. ئۇ، سۇ ئېقىپ تۇرغان تاملاردىن چىقىۋاتقان سوغۇق ئۆزىنىڭ چوغدەك قىزىپ تۇرغان ماڭلىيىغا ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. قۇياشنىڭ دەسلەپكى



نۇرلىرى بۇ گۈلپەت ماكانىنى يورۇتقاندا، گۇندىپاي تۈرمە باشلىقىنىڭ مەھبۇسنى يەنە شۇ كامېردا قالدۇرۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى ئەكەلدى. دانتېس تېخىچە شۇ تۇرغان جايىدا قىمىر قىلماستىن تۇراتتى. گوياكى بىر سېھىرلىك غايىب قول ئۇنى ئاخشام تۇرغان ئورنىغا مىخلاپ قويغاندەك ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇرغۇپ چىقالمىغان ياشلىرىدىن ئىششىپ كەتكەنىدى. ئۇ مىدىر - سىدىر قىلماستىن يەرگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ تۈن بويى ئۆرە تۇرۇپ چىقتى ۋە كۆزىگە بىر مىنۇتمۇ ئۇيقۇ ئىلىنمىدى. گۇندىپاي ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇياق - بۇياقىغا ئۆتۈپ قارىدى، لېكىن دانتېس ئۇنى كۆرمىگەندەك ئىدى. گۇندىپاي ئۇنىڭ يەلكىسىنى تۈرتۈپ قويدى. دانتېس چۆچۈپ كەتتى.

— سىز ئۇخلىمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى گۇندىپاي.

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى دانتېس.

گۇندىپاي ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— قورسىقىڭىز ئاچمىدىمۇ؟ — يەنە سورىدى ئۇ.

— بىلمەيمەن، — دەپ تەكرارلىدى دانتېس.

— سىزگە ھېچنەرسە لازىم ئەمەسمۇ؟

— مەن تۈرمە باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايمەن.

گۇندىپاي مۈرىلىرىنى قىسىپ قويدى - دە، چىقىپ كەتتى.

دانتېس ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ قوللىرىنى قىيا ئېچىلغان ئىشىك تەرەپكە سوزدى، لېكىن شۇ ھامان ئىشىك قاتتىق يېپىلدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى باسالماستىن ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلىدى. ئىچىگە سىغماي كەتكەن كۆز ياشلىرى گوياكى ئىككى دەريا بولۇپ ئېقىپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنى تاشلاپ تىزلىنىپ ئولتۇردى، بېشىنى يەرگە قويۇپ سەجدە قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئۆتمۈشىنى بىر باشتىن ئەسلەپ، شۇنچە ياش ھاياتىدا

بۇنداق شەپقەتسىز جازاغا تارتىلغۇدەك نېمە جىنايەت قىلغانلىقىنى چۈشەنمەي ئۇزاققىچە خۇداغا نالە ئوقۇپ ئىبادەت قىلدى.

شۇ تەرىقىدە بىر كۈن ئۆتتى. دانتېس ئاران بىرنەچچە چىشلەم نان يېدى ۋە بىرنەچچە ئوتلام سۇ ئىچتى. ئۇ بىر دەم چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى، بىردەم تۆمۈر قەپەزگە سولانغان ياۋايى ھايۋاندەك تام ياقىلاپ مېڭىپ كېتەتتى.

ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك ئازابقا سالغىنى شۇ بولدىكى، بۇ يەرگە كېلىش يولىدا ئۇ ئۆزىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەي شۇنچە بىخۇدلۇق قىلىپ بىمالال ئولتۇرغانىنىڭ ئورنىدا ئون قېتىملارچە سۇغا سەكرەپ كېتەلىشى مۇمكىن ئىدى، ئۈزۈشكە ماھىرلىق بىلەن سۇ ئۈزەلەيدىغان ۋە سۇغا چوڭقۇر شۇڭغۇپ كىرىپ كېتەلەيدىغان ئادەم مارسېلدا كەم ئۇچرايتتى. ئۇ قاراۋۇللارغا تۇتۇق بەرمەي سۇ ئاستىغا كىرىپ كېتىشى ۋە قىرغاققا چىقىپ بىرەر خالى جايدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، گېنۇيە ياكى ئىسپانىيەنىڭ كېمىسى كەلگەندە شۇ كېمىگە چىقىۋېلىپ ئىتالىيە ياكى ئىسپانىيەگە ئۆتۈپ كېتەلەيتتى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئاتىسى بىلەن مېرسېدېسنى چاقىرتىپ خەت يازاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەمىناتى ھەققىدە باش قاتۇرمايتتى، قانداق مەملىكەتكە بارمىسۇن، ياخشى دېڭىزچىلار ھەممە يەردە ئەتىۋار. ئۇ ئىتالىيەگە بارسا ھەققىي توسكانلىقتەك، ئىسپانىيەگە بارسا كاستىلىيەنىڭ يەرلىك ئادىمىدەك سۆزلىيەلەيدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئۇ ئاتىسى ۋە مېرسېدېس بىلەن ئەركىن، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۆتكەن بولاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇ، نىجادلىقتىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولمايدىغان بۇ ئىف قەلئەسىنىڭ تۈرمىسىگە قامىلىپ ياتتى، ئۇ ئەمدى ھەتتا ئاتىسى بىلەن مېرسېدېسنىڭ نېمە بولغانلىقىدىنمۇ خەۋەر ئالالمايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭ ھەممىسى



ئاشۇ ۋىلفورنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ كەتكەنلىكىنىڭ كاساپىتى. شۇلارنى ئويلىغاندا دانتېس تەلۋىلەرچە ئۆزىنى سامان ئۈستىگە تاشلاپ، ئۇياق - بۇياققا دومىلاپ كەتتى.

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە يەنە گۇندىپاي كىرىپ كەلدى.

— ھە، قانداق، — دەپ سورىدى ئۇ، — بىرئاز ئەقلىڭىزگە كەلدىڭىزمۇ؟

دانتېس جاۋاب بەرمىدى.

— بولدى، قايغۇرۇۋەرمەڭ! سىزگە نېمە لازىم بولسا ماڭا ئېيتىڭ. قېنى، گەپ قىلىڭ!

— مەن تۈرمە باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىمەن.

— مەن سىزگە ئېيتتىمغۇ، بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى گۇندىپاي تېرىكىپ.

— نېمە ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس؟

— چۈنكى. تۈرمە تۈزۈمىدە مەھبۇسلارنىڭ ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىشى مەنئى قىلىنغان.

— ئۇنداق بولسا، بۇ يەردە نېمىگە رۇخسەت قىلىنىدۇ؟

— پۇلىڭىز بولسا ياخشىراق تاماق بېرىلىدۇ، ئاپتاپتا ئايلىنىپ كىرىشكە، بەزىدە كىتاب كۆرۈشىڭىزگە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

— ماڭا كىتابلارنىڭ كېرىكى يوق، سىرتقا چىقىپ ئايلىنىشنى خالىمايمەن، بېرىلگەن يېمەكلىككە قانائەت قىلىمەن. مېنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنىم پەقەت شۇلا، تۈرمە باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈش.

— ئەگەر سىز داۋاملىق مۇشۇ تەلىپىڭىز بىلەن مېنى بىزار قىلىدىغان بولسىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزگە تاماق ئەكىرمەيمەن.

— مەيلى، — دېدى دانتېس، — تاماق ئەكىرمىسەڭ

ئاچلىقتىن ئۆلىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام!

دانتېس بۇ گەپلەرنى شۇنداق ئىشەنچلىك ئاھاڭدا ئېيتتىكى، گوندېپاي ئۆز تۇتقۇنىنىڭ ئۆلۈم كەلسە خۇشال بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ھالبۇكى، ھەربىر مەھبۇس ئۈچۈن گوندېپايغا كۈنىگە نەق ئون سۇ① كىرىم بولىدىغانلىقى سەۋەبتىن، گوندېپاي ئەگەر دانتېس ئۆلۈپ قالسا قانچىلىك زىيان تارتىدىغانلىقىنى دەررۇ ھېسابلاپ چىقتى ۋە شۇندىن كېيىن يۇمشاقراق سۆزلىدى:

— ماڭا قاراڭ، سىزنىڭ تەلەپ قىلغىنىڭىز مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ توغرۇلۇق تولا سۆزلەۋەرمەڭ. مەھبۇسنىڭ تەلىپى بىلەن تۈرمە باشلىقى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشى، شۇكەمگىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش. سىز ئۆزىڭىزنى ياۋاش تۇتسىڭىز سىرتقا چىقىپ ھاۋا يەپ كىرىشىڭىزگە رۇخسەت قىلىنىدۇ، سىرتقا چىققان ۋاقتىڭىزدا تۈرمە باشلىقى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىڭىزغا پۇرسەت چىقىپ قالار. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا گېپىڭىزنى قىلىۋالسىڭىز بولىدۇ. ئۇ مۇۋاپىق كۆرسە جاۋاب بېرىشى مۇمكىن، ھەر ھالدا بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى.

— بۇ ئۇچرىشىشنى يەنە قانچە ۋاقىت كۈتۈشۈم كېرەك؟

— كىم بىلسۇن، — دېدى گوندېپاي، — بىر ئاي، ئۈچ ئاي، يېرىم يىل ياكى بىرەر يىل كۈتەرسىز.

— بۇ بەك ئۇزاق ۋاقىت، — دانتېس ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — مەن ئۇنىڭ بىلەن ھازىرلا كۆرۈشۈشۈم كېرەك!

— مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا جاھىللىق قىلىۋەرمەڭ. مۇشۇنداق بولۇۋەرسىڭىز يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئەقلىڭىزدىن ئېزىپ قالىسىز.

— سەن شۇنداق دەپ ئويلامسەن؟

---

① سۇ — فرانسىيەنىڭ مىس پۇلىنىڭ نامى.



— ھەئە، ئەقلىڭىزدىن ئېزىپ قالىسىز. روھىي كېسەللىك ھەر دائىم مۇشۇنداق باشلىنىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە شۇنداق بىر ۋەقە بولغان، بۇ كامېردا سىز كېلىشتىن بۇرۇن بىر ھەزرەت ياتاتتى. ئۇ داۋاملىق تۈرمە باشلىقىغا ئۆزىنى قويۇپ بەرسە مىليونلاپ پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى ۋە ئەڭ ئاخىرى شۇ گەپنى قىلىۋېرىپ ساراڭ بولۇپ قالدى.

— ئۇ، بۇ كامېردىن قاچان چىقىپ كەتكەن؟

— ئىككى يىل بولدى.

— ئۇ قويۇپ بېرىلدىمۇ؟

— ياق، يالغۇز كىشىلىك قاراڭغۇ ئۆيگە قامالدى.

— ماڭا قارا، — دېدى دانتېس، — مەن ھەزرەتمۇ ئەمەس، ساراڭمۇ ئەمەس. بەلكىم كېيىنچە ساراڭ بولۇپ قېلىشىممۇ مۇمكىن، لېكىن ھازىرچە ئەقلى - ھوشۇم جايىدا. مەن ساڭا باشقىچە بىر تەكلىپ قويىمەن.

— قانداق تەكلىپ؟

— مەن ساڭا مىليون پۇل ھەدىيە قىلىشنى تەكلىپ قىلمايمەن، چۈنكى مەندە ئۇنداق نۇرغۇن پۇل يوق، لېكىن سەن مارسېلغا بېرىپ كاتالان كەنتىدە تۇرىدىغان مېرسېدېس ئىسىملىك بىر قىزغا مېنىڭ خېتىمنى ئاپىرىپ بەرسەڭ ساڭا يۈز ئېكيۇ بېرىمەن. ئالاھىدە بىر خەتمۇ ئەمەس، ئىككى قۇرلا يېزىپ بەرسەم بولىدۇ.

— ئەگەر مەن ئاشۇ ئىككى قۇر خەتنى ئېلىپ چىقىپ تۇتۇلۇپ قالسام، يىلىغا مىڭ لىۋىر ئىش ھەققى ئالىدىغان خىزمەت ئورنۇمدىن ئايرىلىپ قالىمەن. دېمەك، سىزنىڭ يۈز ئېكيۇ پۇلىڭىزنى دەپ مىڭ لىۋىردىن ئايرىلىپ قالسام مەنمۇ بىر ساراڭ بولغان بولىمەن.

— ياخشى! — دېدى دانتېس، — ئۇنداق بولسا گېپىمگە

ئۇلار سال ۋە يادىڭدا ئوبدان ساقلاپ قوي؛ ئەگەر مېرسىدېسقا مېنىڭ خېتىمنى ئاپىرىپ بەرمىسەڭ ياكى ھېچبولمىغاندا مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويمىساڭ، مەن بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئىشىكىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ پايلاپ تۇرۇپ سەن كىرگەن ۋاقتىڭدا بەندىڭ بىلەن بېشىڭغا بىرنى ئۇرۇپ مېڭەڭنى چۇۋۇۋېتىمەن!

— ھە، مېنى قورقۇتماقچىمۇ! — دەپ ۋايساپ كەتتى گۇندىپاي بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىپ ۋە مۇداپىئەلىنىشكە تەييارلىنىپ، — راستىنلا كاللىڭىز جايىدا ئەمەسكەن. ھەزرەتمۇ دەسلەپتە مۇشۇنداق بولغانىدى. ئەمدى سىزمۇ يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن شۇنىڭغا ئوخشاش ئالجىرلىشىسىز. ھېلىمۇ ياخشى، ئىف قەلئەسىدە قاراڭغۇ ئۆيلەرنىڭ بولغىنى!

دانتېس بەندىڭنى كۆتۈرۈپ بېشىنىڭ ئۈستىدە پۇلاڭلاتتى.

— ماقۇل، ماقۇل، — دېدى گۇندىپاي. — تەلىپىڭىز شۇنچىلىك چىڭ بولسا، مەن تۈرمە باشلىقىغا مەلۇم قىلىپ قوياي.

— باشتىلا شۇنداق دېسەڭ بولمامدۇ، — دېدى دانتېس ۋە بەندىڭنى يەرگە قويۇپ ئۇنىڭغا ئولتۇردى- دە، بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئۇنىڭ چەكچىيىپ قالغان كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتكەنىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ ھەقىقەتەن ئەقلىدىن ئېزىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

گۇندىپاي چىقىپ كەتتى ۋە بىرنەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن تۆت ئەسكەر بىلەن بىر كاپرالنى① باشلاپ كىردى.

— تۈرمە باشلىقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەھبۇسنى تۆۋەنكى قەۋەتكە يۆتكەپ چىقىڭلار، — دېدى گۇندىپاي.

---

① كاپرال — 19-، 18- ئەسىرلەردىكى بەزى غەرب ئەللىرىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك كوماندىر.



— دېمەك، قاراڭغۇ ئۆيگىمۇ؟ — دېدى كاپرال.

— قاراڭغۇ ئۆيگە، ساراڭلارنى ساراڭلار بىلەن بىر يەرگە سولاش كېرەك.

تۆت ئەسكەر كېلىپ دانتېسنىڭ قول ۋە يەلكىلىرىدىن تۇتتۇۋالدى. دانتېس بولسا، ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا ئۇلارغا بويسۇنۇپ، ھېچقانداق قارشىلىق قىلماستىن مېڭىپ چىقتى. ئۇلار پەلەمپەيدىن 15 باسقۇچ تۆۋەنلەپ چۈشتى، قاراڭغۇ ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلدى ۋە دانتېس كالۋالاشقان ھالدا:

— ئۇ راست دەيدۇ، ساراڭلارنى ساراڭلار بىلەن بىر يەرگە سولاش كېرەك، — دەپ غۇدۇڭشىغان بويىچە ئىچكىرىگە كىردى.

ئىشىك يېپىلدى، ئۇ قوللىرىنى ئالدىغا سوزغان ھالدا مېڭىپ بېرىپ ئۇدۇلدىكى تامغا تاقاشتى. شۇندىن كېيىن ئۇ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇردى ۋە خۇددى قېتىپ قالغاندەك ئۇزاققىچە ئورنىدىن قوزغالمىدى. بۇ ئارىدا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاستا- ئاستا قاراڭغۇلۇققا كۆنۈكۈپ بۇ زىنداننىڭ ئىچىنى ئانچە- مۇنچە كۆرۈشكە باشلىدى.

## توققۇزىنچى باب

## نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن كۈننىڭ — ئاخشىمى

ۋىلفور يەنە گران- كۇر كوچىسىغا قايتىپ بېرىپ، سېن- مېران خانىمنىڭ ئۆيىگە كىردى. بۇ چاغدا مېھمانلار مېھمانـ

ھالىدىن چىقىپ دەم ئېلىش ئۆيىدە قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرۇشقانىدى، رېنې ھەم بارلىق مېھمانلارمۇ بىردەك تاقەتسىزلىنىپ، ئۇنىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلگۈدەك بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ كىرگەندە ھەممەيلەن جانلىنىپ چۇقان كۆتۈرۈشتى.

— ھە، كاللاكېسەر، دولەتنىڭ تايانچى، بىزنىڭ برۇتىمىز① ! — دەپ ۋارقىرىدى مېھمانلاردىن بىرى، — نېمە ۋەقە بوپتۇ؟ قېنى، سۆزلەڭ!

— يېڭىدىن بىر توپىلاڭنىڭشەپىسى چىقىپ قاپتىمۇ - يا؟ — دەپ سورىدى يەنە بىرەيلەن.

— كورسىكالىق قانخور② يەنە ئۆز ئۇۋىسىدىن چىقىۋاپتىمۇ - يا؟ — دەپ سورىدى ئۈچىنچى بىرى.

— خانىم، — دېدى ۋىلفور ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى قېيىن ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، — مېنى ئەپۇ قىلىڭ، مەن ھازىر بۇ يەردىن كېتىش ئۈچۈن سىزدىن ئىجازەت سوراشقا مەجبۇرمەن... ماركىز، سىزگە خالى جايدا ئىككى ئېغىز سۆزۈمنى ئېيتىۋالسام بولامدۇ؟

— دېمەك، بۇ بىر جىددىي ئىش ئىكەن - دە؟ — دېدى ماركىز خانىم، ۋىلفورنىڭ قاپقى سېلىنغان چىرايىغا قاراپ.

— ئىنتايىن جىددىي ئىش. مېنىڭ سىلەردىن بىر نەچچە كۈنگە ئايرىلىشىمغا توغرا كېلىدۇ، — ۋىلفور رېنېغا قاراپ يەنە قوشۇپ قويدى، — بۇنىڭدىن سىز ئۆزىڭىز بۇ ئىشنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىڭىز مۇمكىن.

— كېتەمسىز؟ — دەپ خىتاب قىلدى رېنې، ئۆزىنىڭ ئەپسۇسلانغانلىقىنى يوشۇرالماستىن.

---

① برۇت — (مىلادىدىن ئىلگىرى 42 — 85 - يىللار) قەدىمكى رىمدا داڭ چىقارغان سىياسىئون.

② كورسىكالىق قانخور — ناپالېئوننى دېمەكچى. ئۇ كورسىكادا تۇغۇلغان.



— نە ئىلاج! — دېدى ۋىلفور، — زۆرۈرىيەت شۇنداق.

— ئۇنداقتا، نەگە بارىسىز؟ — سورىدى ماركىز خانىم.

— بۇ سوت مەخپىيەتلىكى. شۇنداقتىمۇ بىر گەپ، مېنىڭ بىر دوستۇم بۈگۈن پارىژغا ماڭماقچى. ھەت - خالىتىڭىز بولسا ئۇ ئېلىپ كېتىدۇ.

ھەممەيلەن ھەيرانلىقتا بىر - بىرىگە قاراشتى.

— سىزنىڭ ماڭا ئېيتىدىغان گېپىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدى ماركىز سېن - مېران.

— ھەئە. ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسىڭىز سىزنىڭ ئىشخانىڭىزغا كىرىپ سۆزلىشەيلىمىكىن.

ماركىز ۋىلفورنى قولتۇقلىدى - دە، ئۇلار ئىككىسى چىقىپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟ — دېدى ماركىز ئۆز ئىشخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن، — سۆزلەڭ.

— مەن دەرھال پارىژغا بارمىسام بولمايدىغان مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالدى. ئەمدى، ماركىز، مېنىڭ بىر ئورۇنسىز سوئالىمنى ئەپۇ قىلارسىز، سىزدە دۆلەتنىڭ ئاكسىيە چەكلىرى بارمۇ؟

— مېنىڭ ئالتە - يەتتە يۈز مىڭ فرانكلىق دەسمايەمنىڭ ھەممىسى چەككە ئايلاندۇرۇلغان.

— ئۇنداق بولسا، ئۇلارنى سېتىۋېتىڭ، ماركىز، سېتىۋېتىڭ، بولمىسا خانىۋەيران بولىسىز.

— مەن بۇ يەردە تۇرۇپ ئۇلارنى قانداق ساتالايمەن؟

— سىزنىڭ پارىژدا ۋاكالىتەن باشقۇرغۇچى خادىمىڭىز بارمۇ؟

— بار.

— شۇنىڭغا قارىتىپ ماڭا خەت يېزىپ بېرىڭ، مىنۇت،

سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي سېتىۋەتسۇن. ھەتتا مەن ئۇ يەرگە بارغۇچە ۋاقتى ئۆتۈپ كېتەرمۇ دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ۋاي كاساپەت! — دېدى ماركىز سېن - مىران، — ئەمىسە ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيلى.

ئۇ شىرە يېنىغا ئولتۇردى ۋە ئۆزىنىڭ پايتەختتىكى ۋەكىلىگە قارىتىپ، بارلىق ئىناۋەتلىك چەكلەرنى كېچىكتۈرمەي سېتىۋېتىش توغرىسىدا ئالاھىدە پەرمايىش يازدى.

— بۇ خەت پۈتتى، — دېدى ۋىلفور قەغەزنى ئاۋايلاپ خاتىرە دەپتىرىنىڭ ئارىسىغا سېلىۋېتىپ، — ئەمدى ماڭا يەنە بىر خەت كېرەك.

— كىمگە؟

— پادىشاھقا.

— پادىشاھ؟

— ھەئە.

— لېكىن، مەن جانابىي ئالىيلىرىغا بۇنداق ئۇدۇللا خەت يازالىشىم مۇمكىن ئەمەستە.

— مەنمۇ سىزنىڭ يېزىشىڭىزنى تەلەپ قىلمايمەن، سىز بۇ ھەقتە گراف سالۋىيوغا ئىلتىماس قىلىپ كۆرسىڭىز دېمەكچىمەن. ھازىرقى قىممەتلىك ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلماسلىق ئۈچۈن ماڭا شۇنداق بىر تونۇشتۇرۇش لازىمكى، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بىجىرىشكە تېگىشلىك رەسمىيەتلەردىن چەتنەپ ئۆتسەم دەيمەن.

— ئەدلىيە ۋەزىرىچۇ؟ ئۇ تىيۇئىلرى سارىيىغا كىرىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇ ئارقىلىق سىز خالىغان ۋاقتىڭىزدا پادىشاھ ھۇزۇرىغا كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيسىز.

— ئەلۋەتتە. لېكىن، مەن ئاپارماقچى بولغان بۇ مۇھىم يېڭىلىققا باشقىلارنى شېرىك قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى. چۈش-



نىۋاتامسىز؟ توغرا گەپ، ئەدلىيە ۋەزىرى مېنى ئىككىنچى ئورۇنغا ئىتتىرىپ قويۇپ، مېنىڭ قولۇمدىكى ئەڭگۈشتەرگە چاڭگال سالىدۇ. سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ماركىز، ئەگەر مەن بىرىنچى بولۇپ تىيۇئىلرىگە كىرىۋالالىسام، مېنىڭ ئىستىقبالىم كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ چاغدا مەن پادىشاھقا ئۇنتۇلماس خىزمەت كۆرسەتكەن بولۇپ چىقىمەن.

— ئۇنداق بولسا، كېتىۋېرىڭ قەدىرلىكىم، سەپەرگە تەييارلىنىڭ. مەن سالۋىيونى چاقىراي، ئۇ سىزگە كۆڭۈلدىكىدەك خەت يېزىپ بېرىدۇ.

— ياخشى، لېكىن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇڭ. مەن چارەك سائەتتىن كېيىن پوچتا ھارۋىسىدا يولغا چىقىشىم كېرەك.

— كېتىۋاتقىنىڭىزدا بىزگە يولۇقۇڭ.

— سىز ماركىز خانىم بىلەن رېنې خېنىمغا مېنىڭ ئۆزرىخاھلىقىمنى يەتكۈزۈپ قويارسىز. بۈگۈنكىدەك خاتىرىلىك كۈندە ئۇلار بىلەن بىرگە بولالمىغانلىقىم ھەققەتەنمۇ ئىنتايىن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى.

— ئۇلار مېنىڭ ئىشخانامدا سىزنى كۈتىدۇ، كەتكۈچە ئۇلار بىلەن ئۆزىڭىز كۆرۈشەرسىز.

— رەھمەت سىزگە، رەھمەت. ئەمىسە مەن كەلگۈچە خەتنى تەييار قىلىپ قويارسىز.

ماركىز قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى. خىزمەتكار كىردى.

— گراف سالۋىيونى چاقىرىپ قويۇڭ... سىز كېتىۋېرىڭ، — دېدى ماركىز ۋىلفورغا.

— مەن بىردەمدىلا قايتىپ كېلىمەن.

ۋىلفور ئالدىراشلىق بىلەن چىقىپ كەتتى، لېكىن ئىشىكتىن چىققاندا ئۇ ئۆزىنى توختىتىۋالدى ۋە خانىلىق مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى بولغان كىشىنىڭ مۇنداق جىددىيلەشكەن قىيا-

پىتى پۈتۈن شەھەرنىڭ خاتىرجەمسىزلىكىنى قوزغاپ، تۈرلۈك-تۈمەن پىتنە-ئىغۋالارنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى سالاپەتلىك قەدەملىرى بىلەن مېڭىپ ئىشىكتىن چىقتى. ئۇ ئۆز ئۆيىگە يېقىنلاپ كەلگەندە، قاراڭغۇدا ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ جىمجىت تۇرغان بىر ئاق گەۋدىنى كۆردى. بۇ مېرسېدېس ئىدى. ئۇ ئېدمونىنىڭ ھېچقانداق خەۋىرىنى ئالالمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئۇقۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئۆزى كەلگەنىدى.

ۋىلفورنى كۆرۈپ ئۇ تام تۈۋىدىن يولغا چىقتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. دانتېس ۋىلفورغا ئۆزى نىكاھلانماقچى بولغان قىز ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېرسېدېسنىڭ ئۇنىڭغا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشى ئارتۇقچە ئىدى، ۋىلفور ئۆزىمۇ ئۇنى تونۇدى. قىزنىڭ ئايدەك جامالى ۋە سۇمباتلىق بوي تۇرقى ئۇنى تاڭ قالدۇردى ھەممىدە بۇ قىز ئۇنىڭدىن ئۆز يىگىتىنى سورىغاندا، ئۇنىڭغا گوياكى ئەيىبلەنگۈچى ئۇ ئۆزى بولۇپ، بۇ قىز بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرغان سوراقچىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— سىز ئىز-دېرىكىنى قىلىپ كەلگەن ئۇ كىشى ئېغىر جىنايەتچى، — دەپ جاۋاب بەردى ۋىلفور، — شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭ قولۇمدىن ھېچنەرسە كەلمەيدۇ.

مېرسېدېس ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ۋىلفور ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە تەمشەلگەنىدى، لېكىن قىز ئۇنى توختىتىۋالدى.

— ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بولسىمۇ ئېيتىپ بېرىڭ، — قىز يىغىسىنى توختىتالماي ئاران سۆزلىدى، — ھېچبولمىغاندا ئۇنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ ھايات ياكى قازا تاپقانلىقىنى بولسىمۇ ئۇقۇپ تۇراي.



— بىلمەيمەن، ئۇ ئەمدى مېنىڭ قارمىقىمدا ئەمەس، — دېدى ۋىلفور.

قىزنىڭ ئۆتكۈر قاراشلىرى ۋە شۇنچە ئېچىنارلىق يالۋۇرۇشلىرى ئۇنى روھىي جەھەتتىن ئازابلىماقتا ئىدى. ئۇ مېرسېدېسنى چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆز ئۆيىگە كىردى-دە، خۇددى بۇ قىزنىڭ ھەسرىتى ئۆيىگە كىرىپ قېلىشىدىن قورققاندەك، ئىشىكنى قاتتىق يېپىۋالدى. ئەمما، ھەسرەتنى قوغلاپ كەتكۈزۈش ئاسان ئەمەس. خۇددى ۋېرگىلىي① ئېيتقاندەك، ھەسرەتنىڭ ئەجەللىك ئوقى بىلەن جاراھەتلەنگەن بەندە بۇ دۇنيادا شىپالىق تاپمايدۇ. ۋىلفور ئىشىكنى بېكىتىپ قويۇپ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى مېھمانخانىغا چىقتى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇنىڭ تىزلىرى تىترەپ كەتتى ۋە ئۇ خۇددى يىغلىۋەتكەندەك بىر قىسما ئۇھ تارتتى-دە، يۇمشاق ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى.

ئۇنىڭ مەجرۇھلانغان قەلبىنى ئەجەللىك جاراھەتنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇربانلىققا تۇتۇپ بېرىلگەن ھېلىقى يىگىت، ئۆزىنىڭ ئاتىسىنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان شۇ گۇناھسىز يىگىت غەزەپتىن تاتىرىپ كەتكەن دەھشەتلىك قىياپەتتە، خۇددى شۇنداقلا تاتىرىپ كەتكەن ھېلىقى قىز بىلەن قولغا قولنى تۇتۇشۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ۋىجدانىغا ئازاب سالغان ھالدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى. بۇ ئازاب شۇنداق ئازاب ئىدىكى، ئۇ قەدىمكى ئەرۋاھلار قىسمىتىگە تەقىپ قىلىنىپ، جۆيلۈشتىن سەكرەپ كەتكەن بىمارنىڭ ئازابىغا ئوخشىمايدۇ، بەلكى ئۇ، ئۆزىنىڭ ۋەھشىيانە قىلمىشلىرىنى ئەسلەشتىن ئارىلاپ-ئارىلاپ يۈرەككە نەشتەردەك سانجىلىپ تۇرىدىغان ۋە تاكى ئۆلۈم

① ۋېرگىلىي (مىلادىدىن بۇرۇنقى 71 - 19 - يىللار) قەدىمكى رىمدا ئۆتكەن شائىر.

كىردابىغا بارغۇچە ئىنسان ۋىجدانىغا بارغانسىرى ئىلچىكىرىلەپ كىرىش بىلەن ئۆرتەندۈرۈپ قىينايدىغان چىدىغۇسىز يوشۇرۇن ئازاب ئىدى.

ۋىلفور يەنە بىر ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئىككىلىنىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى. شۇ كەمگىچە ئۇ بىرنەچچە قېتىم، كۈرەش قىزغىنلىقىدىن باشقا ھېچقانداق ھېسسىياتقا بېرىلمەستىن سوتلانغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىشىنى تەلەپ قىلغان ۋە تەسىرلىك ئەيىبلەش نۇتۇقلىرى بىلەن سوتچىلارنى ھەم تەپتىش ھەيئەتلىرىنى قايىل كەلتۈرگەنىدى. ئىجرا قىلىنغان شۇ ئۆلۈم جازالىرى ئۇنىڭ دىلىغا بىرئازمۇ غەشلىك ئىللەتلىرىنى سالالمىغانىدى، چۈنكى ئۇ سوتلانغۇچىلار ھەقىقىي گۇناھلىق جىنايەتچىلەر ئىدى ياكى ھەر ھالدا ۋىلفور ئۇلارنى شۇنداق دەپ ھېسابلايتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى قىلغىنى تامامەن ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. ئۇ، بىر گۇناھسىز مۆمىننى، ئۆز بەختىگە ئېرىشىش ئالدىدا تۇرغان بىر گۇناھسىز بەندىنى ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. ئۇ، بۇ گۇناھسىز بىچارىنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ بەختىگە زامىن بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، بۇ قېتىمدا سوتچى بولماستىن، بەلكى جاللات بولۇپ چىقتى.

شۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆزىگە مەلۇم بولمىغان ئاشۇنداق ئازابلىق روھىي زەربىلەرنى ھېس قىلدى. بۇ زەربىلەر ئۇنىڭ باغرىنى ئېزىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا يۈرىكىگە قورقۇنچ سېلىپ تۇراتتى. جاراھەت ئاغرىقى ياردار بولغان كىشىگە ئەنە شۇنداق ئارام بەرمەيدۇ ۋە ياردار كىشى ئوق بىلەن تېشىلىپ قان ئېقىپ تۇرغان يارىسىغا قولىنى تەگكۈزسە خۇددى شۇنداق قاتتىق ئاغرىقتىن ئازابلىنىدۇ. ۋىلفورنىڭ يارىسى ساقىيىدىغان يارا ئەمەس ئىدى ياكى ساقايغان ھالەتتىمۇ



كېيىن قايتىدىن قوزغىلىپ، بۇرۇنقىدىن بەكرەك ئاغرىپ ئازابلايدىغان يارا ئىدى. ئەگەر شۇ مەزگىلدە رېنىنىڭ شەپقەتلىك بولۇشقا دەۋەت قىلغان مۇلايىم ئاۋازى ئاڭلانغان بولسا، ئەگەر گۈزەل مېرسېدېس كىرىپ كېلىپ «ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان، ھەممىگە قادىر خۇدا ھەققىدە، مېنىڭ يىگىتىمنى قايتۇرۇپ بېرىڭ» دېگەن بولسا، ئىككىلىنىپ تۇرغان ۋىلفور بىر قارارغا كەلگەن بولار ئىدى ۋە ئۆزىنىڭ نېمە بولۇشىنى ئويلىماي، مەزدەك بولۇپ كەتكەن قولىنى ئۇزىتىپ، دانتېسنى قويۇپ بېرىش بۇيرۇقىغا قول قويغان بولاتتى. لېكىن، جىمجىتلىق ئىچىدىن ھېچكىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى. ئىشىك ئاستا ئېچىلدى ۋە خىزمەتكار كىرىپ ۋىلفورغا ئۇزۇن يوللۇق پەيتونغا پوچتا ئاتلىرى قوشۇلۇپ، تەييار بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

ۋىلفور ئولتۇرغان يېرىدىن تۇردى ياكى توغرىسىنى ئېيتقاندا، مۇرەككەپ ئىدىيىۋى توقۇنۇشنىڭ قاينىمىدىن غالىپ چىققان ئادەمدەك ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، يېزىق ئۈستىلىنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ باردى، تارتمىلارنىڭ بىرىنى ئېچىپ ئۇنىڭدىكى بارلىق ئالتۇننى يانچۇقىغا سالدى ھەمدە نېمە قىلىشىنى بىلمەي پېشانىسىنى ئۇۋۇلاپ ۋە ئۆزىچە ئاللىنېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىغان ھالدا بۆلمە ئىچىنى ئايلىنىپ مېڭىپ كەتتى، كېيىن، خىزمەتكار كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىلىرىگە يېپىنچىسىنى ئارتىپ قويغانلىقىنى سېزىپ ئۆيىدىن چىقتى، پەيتونغا ئەپچىللىك بىلەن چىقىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ھارۋىكەشكە كەسكىن ئاۋاز بىلەن گىران-كۇر كوچىسىدىكى ماركىز سېن-مېراننىڭ ئۆيىگە بېرىپ توختاشنى بۇيرۇدى.

شۇنداق قىلىپ، بىچارە دانتېس تۇتقۇنلۇق تەقدىرىگە ئۆزۈل-كېسىل مەھكۇم قىلىندى.

ماركىز سېن — مېراننىڭ ۋەدە قىلغىنىدەك، ۋىلفور ئۇنىڭ ئىشخانىسىدا ئۇنىڭ ئايالى ۋە قىزى بىلەن دەرقەمدە بولدى.

رېنېنى كۆرۈش بىلەن ۋىلفور شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ، رېنېنىڭ يەنە دانتېسقا كەڭچىلىك قىلىش توغرىسىدا سۆز ئېچىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. ئەپسۇس! بىزنىڭ شەخسىيەتچىلىكىمىزگە كۆز يۇممالستىن، ئىقرار بولۇشىمىز لازىمكى، بۇ ياش قىزنىڭ پۈتۈن ئېس - يادى ئۆز يىگىتىنىڭ سەپەرگە چىقىش ھەلەكچىلىكى بىلەنلا بولۇپ كەتتى.

ئۇ ۋىلفورنى ياخشى كۆرەتتى؛ ۋىلفور بولسا، ئۇلارنىڭ توي مەرىكىسىنىڭ ھارپىسىدا يولغا چىقىدىغان بولۇپ قالدى، قاچان قايتىپ كېلىشىنى ۋىلفور ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى. شۇڭا، رېنې دانتېسقا ئىچىنى ئاغرىتىشىنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ ئۆز يىگىتى بىلەن ئايرىلىشىغا سەۋەبچى بولغان ئاشۇ ئادەمگە قاغىش ياغدۇردى.

ئەمدى، مېرسېدېسنىڭ ھالى قانداق بولدى! لوژ كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلگەن فېرنان ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. مېرسېدېس كاتالانغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۈمىدسىزلىنىپ، نىمجان ھالەتتە ئورۇن - كۆرپىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا فېرنان تىزلىنىپ ئولتۇردى ۋە مېرسېدېسنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قولىنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ، كەينى - كەينىدىن ئىشتىياق بىلەن سۆيدى، لېكىن مېرسېدېس ھېچنەرسىنى سەزمەس ئىدى. پۈتۈن بىر تۈن شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. جىن چىراغنىڭ يېغى كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆچتى، لېكىن مېرسېدېس يورۇقلۇقنى سەزمىگەنگە ئوخشاش قاراڭغۇلۇقنىمۇ سەزمەيتتى، تاڭ ئېتىشقا باشلىغاندا بۇنىمۇ سەزمىدى. قايغۇ - ھەسرەت ئۇنىڭ كۆزلىرىنى قاپقارا پەردە بولۇپ قاپلىۋالغانىدى. ئۇ بىر ئېدموندىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆرمەس ئىدى.

— سەن بۇ يەردىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئاخىرى فېرنان تەرەپكە ئۆرۈلۈپ.



— مەن تۈنۈگۈندىن بۇيان سېنىڭ يېنىڭدىن كەتمىدىم، — دېدى فېرنان مەيۈسلۈك بىلەن.

مورربل ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىدى. ئۇ، دانتېسنىڭ سوراقتىن كېيىن تۈرمىگە قامالغانلىقىنى بىلەتتى. شۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق دوستلىرىغا يۈگۈرۈپ چىقتى، ئىناۋەتلىك بولغان ھەممە تونۇشلار بىلەن سۆزلىشىپ كۆردى، لېكىن بوناپارتچىلارنىڭ جاسۇسى سۈپىتىدە قولغا ئېلىنغانلىق خەۋىرى ئاڭلىنىپ قاچان تارقىلىپ بولغانىدى. ھالبۇكى، ئۇ زاماندا ئەڭ يۈرەكلىك كىشىلەرمۇ ناپالېئوننىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا قاراتقان ئورۇنۇشلىرىنى ھاماقەتلىك دەپ قارايدىغان بولۇپ قالغاچقا، مورربل نەگە بارسا شۇ يەردە سوغۇق مۇئامىلىگە، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشتىن قورقىدىغانلارغا ۋە ئۇنىڭ ئىلتىماسىدىن باش تارتىشقا دۇچ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، مورربل ئىشنىڭ ناھايىتى چاتاق ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنىڭغا ئامال قىلىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

كادرۇسمۇ ئۆز نۆۋىتىدە قاتتىق خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە قالدى. ئۇ مورربلغا ئوخشاش پۈتۈن شەھەرنى ئايلىنىپ دانتېسقا بىرەر ياردەم كۆرسىتىشنىڭ كويىدا بولۇش ئورنىغا ئۆز ئۆيىگە كىرىپ بېكىنىۋالدى ۋە ئىككى شىشە ھاراقنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ، كۆڭلىگە چۈشكەن تەشۋىشتىن كەيپىنىڭ كۈچى بىلەن قۇتۇلماقچى بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ بىئاراملىقىنى بېسىشقا ئىككى شىشە ھاراق ئازلىق قىلدى. شۇڭا ئۇ بىر پۈتى سۇنۇق شىرەگە ئىككى جەينىكى بىلەن تايىنىپ، قۇرۇق شىشىلەرگە قاراپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا ئۇ ھاراق ئەكېلىش ئۈچۈن چىقىشقىمۇ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇنتۇشقىمۇ قادىر ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ

كۆزلىرىگە، گوفماننىڭ شاراب تۆكۆلۈپ نەملەشكەن سەھىپىلەرگە يېزىپ قالدۇرغان قاپقارا ئەپسانىلىرى ئىچىدىن ھەريان سەكرىشىپ كېلىۋاتقان جىن ۋە شەيتانلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

يالغۇز بىر دانگلار خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلمىدى، ئۇنىڭ ۋىجدانى ئازاب چەكمىدى. ئەكسىچە، ئۇ شادلىق ئىچىدە تەنتەنە قىلماقتا ئىدى. ئۇ، ئۆز رەقىبىدىن ئۆچىنى ئالدى ۋە «فىرئاۋن» دىكى ئۆزى كۆزلىگەن مەنسەپنى قولغا كەلتۈردى. دانگلار، ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا، قولىغا قەلەم قىستۇرغان ۋە يۈرىكىنىڭ ئورنىدا سىيا قۇتىسى ئېسىلىپ تۇرغان ھالدا تۇغۇلىدىغان ئۆزىگە پۇختا قاغىدالما ئادەملەرنىڭ مىسالى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن جاھاننىڭ مەۋجۇدىيىتى قوشۇش ياكى كۆپەيتىش ئەمەللىرىگە مەركەزلەشكەنتى ۋە رەقەملەر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمگە قارىغاندا خېلىلا ئەھمىيەتلىك ئىدى، چۈنكى بىر ئادەم ئارتۇق بولسا ئۇ كۆزلىگەن ئومۇمىي پايدىلار يىغىندىسىنىڭ رەقەملىرى ئازىيىپ كېتىشى مۇمكىن.

شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن دانگلار ئادەتتە ئۆزى ياتىدىغان ۋاقىتتا ئۇخلاشقا ياتتى ۋە كېچىچە بىمالال ئۇخلاپ چىقتى.

ۋىلفور گراف سالۋىيۇ يېزىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇشنى ئېلىپ، رېنېنىڭ ھەر ئىككى مەڭزىگە بىردىن سۆيۈپ قويدى، ئېگىلىپ تۇرۇپ سېن-مېران خانىمنىڭ قولىغا لەۋلىرىنى باستى، ماركىز سېن-مېراننىڭ قولىنى قاتتىق قىستى ۋە قاتناش پەيتۈنىغا ئولتۇرۇپ ئېكسىس يولى بىلەن پايتەختكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

دانتېس بوۋاي بۇ تەڭداشسىز قايغۇ-ھەسرەتتىن ھالى خاراب بولغان ھالدا گويا ئەجەللىك ۋەھىمە ئىلكىدە زار قاقشاپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى.

ئەمدى ئېدموندىن سۆز ئاچساق، ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقى بىزگە مەلۇم.



## ئونىنچى باب

# تيۇئىلرى سارىيىنىڭ خاس ھۇزۇرىدا

ئۈچ ئات قوشقان پەيتۈننى ئۆلەر-تىرىلىشىگە باقماي چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ۋىلفورنى پارىژ يولىدا قويۇپ تۇرايلى ۋە ئىككى-ئۈچ بۆلمىدىن ئۆتۈپ تيۇئىلرى سارىيىنىڭ يېرىم ئاي شەكىللىك بىر دېرىزىسى بولغان خاس ھۇزۇرىغا كىرىپ باقايلى. بۇ خانا شۇنىڭ بىلەن مەشھۇركى، ئۇ دەسلەپتە ناپالېئوننىڭ ۋە لېيۇدوۋىك XVIII نىڭ ئەڭ ياقتۇرىدىغان ئىشخانىسى بولغان، ئەمدى ھازىر لۇيى فىلىپنىڭ ئىشخانىسى بولۇپ تۇرماقتا.

پادشاھ لېيۇدوۋىك XVIII مانا شۇ ئىشخانىدا، ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان يوغان شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. بۇ شىرەنى ئۇ گارتۋېلدىن ئۆزى بىلەن بىللە ئەكەلگەنىدى. ئالىي زاتلاردا بولىدىغان ئاجايىپ ئادەتلەرگە مۇۋاپىق، بۇ شىرەنى ئۇ ھەممىدىن ئارتۇق كۆرۈپ قەدىرلەيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئاشۇ شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، 50 ياشلار چامىسىدىكى، سىياقىدىن ئاقسۆڭەكلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان ۋە ياسىنىپ كىيىنگەن بىر ئاق چاچلىق ئادەمنىڭ ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىنى پىكرى-خىيالى چېچىلغان ھالدا تىڭشىماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ گرىفىئۇس نەشىر ئەپكارىدا بېسىلىپ چىققان گوراتسىينىڭ① خېلىلا تولۇق بولمىغان ئەسەرلەر توپلىمىنى ۋاراقلايتتى ھەمدە سەھىپىلەرنىڭ بوش يەرلىرىگە

① گوراتسىي (مىلادىدىن بۇرۇنقى 65 — 8 - يىللار) قەدىمكى رىم شائىرى.

ئىسلىپچە خاتىرىلەر ۋە بەلگىلەرنى سىجاش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ھالبۇكى، بۇ توپلام قەدىرلەشكە مۇناسىپ بولۇپ، جانابىي ئالىيلىرىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق تىل - ئەدەبىيات تەتقىقاتلىرى ئۈچۈن مول ئوزۇقلۇق كانى بولۇپ قالغانىدى.

— شۇنداق قىلىپ، تەقسىر، سىز ئېيتقاندەك ... — دېدى پادىشاھ.

— مەن ئىنتايىن بىئارام بولۇۋاتىمەن، جانابىي ئالىيلىرى.

— راستىنمۇ؟ سىز ئۇخلاۋاتقان چېغىڭىزدا يەتتە سېمىز كالا بىلەن يەتتە ئورۇق كالا چۈشىڭىزگە كىرىپ قالمىغاندۇر؟

— يوقسۇ، جانابىي ئالىيلىرى. ئۇنداق چۈش پەقەت بىزنىڭ ئالدىمىزدا يەتتە مول ھوسۇللۇق يىلى بىلەن يەتتە قەھەتچىلىك يىلىنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنىلا بىلدۈرگەن بولاتتى، خالاس. ۋەھالەنكى، جانابىي ئالىيلىرىدەك دانا شاھىمىز تۇرغان يەردە ئاچارچىلىقتىن قورقۇشنىڭ ئورنى يوق.

— ئۇنداق بولسا، سىزنى نېمە ئىش شۇنچە بىئارام قىلىۋاتىدۇ، قەدىرلىك بىلاكاس؟

— جانابىي ئالىيلىرى، مېنىڭچە، جەنۇبتا قارا بۇلۇتلار توپلىنىۋاتقانلىقىدىن گۇمانلىنىشقا ئاساس بار.

— ئۇنداق بولسا، قەدىرلىك گېرتسوگ، — دېدى ليۇدوۋىك XVIII، — سىزنىڭ ھاۋا رايىدىن ئالغان مەلۇماتىڭىز ناتوغرا ئىكەن. مەن ئەكسىچە ئۇ يەردە ھاۋانىڭ ناھايىتىمۇ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىمەن.

ليۇدوۋىك XVIII گەرچە مەرىپەتلىك ئەقىل ئىگىسى بولسىمۇ، ئانچە - مۇنچە چاقچاق قىلىپ قويۇشنى ياخشى كۆرەتتى.

— ئۇلۇغ شاھىم، — دېدى بىلاكاس، — كەمىنە قولىڭىزنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ، مالال كۆرمەي لانگېدوك، پروۋانس ۋە دوفىنېغا ئىشەنچلىك ئادەملەرنى ئەۋەتىپ، بۇ



ئۈچ ئۆلكىدىكى جامائەت پىكرى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلارنى ئېلىپ كۆرگەيسىز.

— «گاسلارغا بىھۇدە ئېيتماقتىمىز ناخشا①» — دەپ جاۋاب بەردى پادىشاھ، گوراتسىي توپلىمىنىڭ ئىچىگە خاتىرە يېزىپ ئولتۇرۇپ.

— جانابىي ئالىيلىرى، — دېدى ئوردا ۋەزىرى ۋە بۇ قەدىمكى شائىر يازغان شېئىرنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، — جانابىي ئالىيلىرى، فرانسىيەنىڭ سادىقلىقىغا ئىشەنگەنلىكلىرى بەلكىم تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىق بولار، لېكىن مېنىڭ شۇنداق بىر قارىشىم باركى، جېنىدىن تويغانلارنىڭ بىرەر پاراكەندىچىلىك چىقىرىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلغانلىقىمۇ ئانچە خاتا قىلمىغانلىق بولار...

— كىم شۇنداق پاراكەندىچىلىك چىقىرىشى مۇمكىن؟

— بوناپارت ياكى ئۇنىڭ پارتىيىسى.

— قەدىرلىك بىلاكاس، — دېدى پادىشاھ، — سىزنىڭ قورقۇنچاقلىقىڭىز مېنىڭ خىزمىتىمگە دەخلى يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

— ئۇلۇغ شاھىم، سىزنىڭ بەخىرامانلىقىڭىز مېنىڭ ئۇيقۇمغا دەخلى يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

— توختاپ تۇرۇڭ، قەدىرلىكىم، بىردەم توختاپ تۇرۇڭ. «پادىچى يىگىت سەپەرگە ئاتلانغاندا»② دېگەن شېئىر ھەققىدە ئاجايىپ بىر پىكىر كېلىپ قالدى. تەخىر قىلىپ تۇرۇڭ، گېپىڭىز بولسا كېيىن ئېيتىڭ.

خانا ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. پادىشاھ ئۇششاق ھەرپلەرنى تىزىپ گوراتسىي توپلىمىنىڭ ئاق جايلىرىغا بىرنەچچە قۇر خاتىرە قالدۇرۇپ يېزىپ قويدى.

①② گوراتسىي شېئىرلىرىدىن.

— داۋاملاشتۇرۇڭ، قەدىرلىك گېرتسوگ، — دېدى ئۇ، باشقىلارنىڭ ئېيتماقچى بولغانلىرىنى ئالدىنئالا چۈشىنىپ يېتىپ، ئۆز مېڭىسىگە بىر قىممەتلىك پىكىر ئورناتقان ئادەمدەك، ئۆز-ئۆزىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، — داۋاملاشتۇرۇڭ، قۇلىقىم سىزدە.

— جانابىي ئالىيلىرى، — دەپ سۆزلەشكە باشلىدى بىلاكاس. دەسلەپتە ئۇ ۋىلفور ئەكەلگەن خەۋەرنىڭ مېۋىسىدىن يالغۇز ئۆزى بەھرىمەن بولۇشقا ئۈمىد باغلىغانىدى. — سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويۇشۇم لازىمكى، مېنىڭ بىئارام بولۇشۇم قۇرۇق گەپ ياكى ئاساسسىز ئېھتىياتچانلىقتىن ئەمەس. مېنىڭ تولۇق ئىشەنچىمگە سازاۋەر بولغان ۋە مېنىڭدىن جەنۇبىي فىرانسىيىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش توغرىسىدا ئالاھىدە ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان بىر پاراسەتلىك ئادەم (گېرتسوگ بۇ گەپلەرنى ئالدىرىماي، ئۆزىنى توختىتىپ سۆزلىدى) ھازىر پادىشاھقا قارشى زور تەھدىت تۇغۇلغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن مېنىڭ يېنىمغا خەۋەر يەتكۈزۈپ كەلدى. شۇ سەۋەبتىن جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا شۇنچە ئالدىراپ كېلىپ قالدىم.

— «ئاچچىق ئەلەم - ھەسرەتكە باشلايسەن مېنى»، — دەپ ئوقۇشنى داۋام قىلدۇردى پادىشاھ كىتابنىڭ چېتىگە خاتىرە يېزىپ ئولتۇرۇپ.

— جانابىي ئالىيلىرى مېنىڭ بۇ ھەقتە ئارتۇق گەپ قىلماسلىقىمنى خالامدىكىن؟

— ياق، ياق، قەدىرلىك گېرتسوگ. قولىڭىزنى ئۇزىتىپ بېقىڭا....

— قايسى قولۇمنى؟

— قايسىسىنى خالىسىڭىز شۇنى. ئەنە، ئاۋۇ سول تەرەپتە...

— مۇشۇ يەردىمۇ، جانابىي ئالىيلىرى؟



— مەن سول تەرەپتە دېسەم ئوڭ تەرەپنى ئاختۇرۇۋاتىسىزغۇ، مېنىڭ سول تەرىپىمدە دېمەكچىمەن. ھە. شۇ يەردە، شۇ يەردە ساقچى ئىشلىرى ۋەزىرىنىڭ تۈنۈگۈنكى مەلۇماتى بار ئىدى... ھە، مانا، داندرې ئۆزىمۇ كېلىپ قاپتىغۇ...— پادىشاھ ساقچى ئىشلىرى ۋەزىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ كىرگەن ئوردا خىزمەتچىسىگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىز، داندرې ئەپەندى كەلدى دېدىڭىزغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، ئۇلۇغ شاھىم، بارون داندرې،① دەپ جاۋاب بەردى ئوردا خىزمەتچىسى.

— ھە، بارون، كىرىڭ، — دېدى ليۇدوۋىك XVIII، بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈمسىرەش بىلەن، — سىز گېرتسوگقا جانابىي ناپالېئون ھەققىدىكى ھەممە يېڭى خەۋەرلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ. ۋەزىيەت ھەرقانچە ناچار بولسىمۇ ھېچنەرسىنى يوشۇرماستىن سۆزلەپ بېرىڭ. ئېلبا ئارىلى بىر ۋولقان بولۇپ قالدى، ئۇ ھەممە يەرگە ئۇرۇش ئوتىنى، «ئۇرۇشلار، دەھشەتلىك ئۇرۇشلار»② ئوتىنى چېچىۋاتىدۇ، دېگەن گەپلەر راستمۇ؟

داندرې ئىككى قولى بىلەن ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە سىلىقىنا يۆلىنىپ تۇردى - دە، سۆزلىدى:

— جانابىي ئالىيلىرى مېنىڭ تۈنۈگۈنكى مەلۇماتىمنى كۆرۈپ چىقتىمىكىن؟

— ئوقۇدۇم، ئوقۇدۇم. لېكىن مەلۇماتىڭىزغا نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى گېرتسوگقا شەخسەن ئۆزىڭىز سۆزلەپ بېرىڭ، باش ئىسيانكار ئۆزىنىڭ ئارىلىدا نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭغا تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىڭ.

① بارون — فېئوداللىق بەش دەرىجىلىك پەخرى ئۇنۋانىنىڭ بەشىنچىسى.

② گوراتسىي شېئىرلىرىدىن.

— جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ھەممە سادىق چاكارلىرى، — دېدى بارون گېرتسوگقا قاراپ، — ئېلبا ئارىلىدىن ئېلىنغان ئاخىرقى خەۋەرلەرگە خۇرسەن بولۇشى كېرەك. بونا پارت...

دانىدرى، لىيۇدوۋىك XVIII گە قارىدى، لېكىن ئۇ كىتابنىڭ چېتىگە قانداقتۇر ئىزاھاتلارنى يېزىش بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ، ھەتتا بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويمىدى.

— بونا پارت، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بارون، — ئۆلگۈدەك زېرىكىپ، ئىچى پۇشۇپ يۈرمەكتە. ئۇ كۈن بويى پورتو-لانگوندىكى ئەسكەرلەرنىڭ مىنا ئورنىتىش مەشغۇلاتلىرىغا قاراپ ئولتۇرىدۇ.

— ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بەدىنىنى قاشلاپ ئولتۇرىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى پادىشاھ.

— بەدىنىنى قاشلاپ؟ — دېدى گېرتسوگ، — جانابىي ئالىيلىرى نېمە دېمەكچى بولىدىكىن؟

— بۇ ئۇلۇغ ئادەم، بۇ قەھرىمان، بۇ يېرىم خۇدا تېرە كېسەللىكىنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— يەنە بىر گەپ، گېرتسوگ، — دېدى يەنە ساقچى ئىشلىرى ۋەزىرى، — ئۇنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە ئەقلىدىن ئېزىپ قېلىشىغا ئىشىنىمىز دېسەكمۇ بولىدۇ.

— ئەقلىدىن ئېزىپ قېلىشىغا؟

— ھەئە، جەزمەن شۇنداق بولىدۇ. ھازىر ئۇ ئەقلىنى يوقىتىشقا باشلىدى. ئۇ بىردەم زار-زار يىغلاپ كېتىدۇ، بىر دەم كارىنىيى يېرىلغۇدەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ. بەزى چاغلاردا دېڭىز بويىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ سۇغا تاش ئېتىپ ئوينايدۇ ۋە ئېتىلغان تاش سۇ يۈزىدە بەش-ئالتە قېتىم قاڭقىپ ماڭسا، بەجايىكى مارىنگو ياكى ئائۇستېرلىس يېنىدىكى جەڭلەردە يەنە بىر قېتىم غەلىبە قازانغاندەك خۇشال بولۇپ



كېتىدۇ. ئۆزىڭىزگە مەلۇم، بۇ ساراڭلىقنىڭ روشەن ئالامەتلىرى.

— ياكى دانىشمەنلىكنىڭ ئالامەتلىرى، بارون، — دەپ كۈلدى لىيۇدوۋىك XVIII، — قەدىمكى زامانىنىڭ مەشھۇر سەركەردىلىرى ئىچى پۇشۇپ قالسا سۇغا تاش ئېتىپ ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى.

بىلاكاس ۋەزىر بىلەن پادىشاھنىڭ بۇنداق بىغەملىكىنى كۆرۈپ ئويلىنىپ قالدى. ۋىلفور، باشقىلارنىڭ پايدىلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى تولۇق ئېيتمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مەسىلىلەر ئىدى.

— داۋاملاشتۇرۇڭ، داندرى، — دېدى پادىشاھ، — بىلاكاس تېخى قايىل بولمىدى. ئۇنىڭغا يەنە باش ئىسيانكارنىڭ ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

ساقچى ئىشلىرى ۋەزىرى پادىشاھقا تازىم قىلدى.

— ھەقىقەتكە قايتتى؟ — دېدى گېرتسوگ پەس ئاۋازدا، پادىشاھ بىلەن داندرىنىڭ خۇددى ۋېرگىلىي شېئىرلىرىدىكى پادىچىلاردەك ئۈزۈلدۈرمەي سۆزلەپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، — باش ئىسيانكار ھەقىقەتكە قايتتى؟

— شۇنداق، قەدىرلىك گېرتسوگ.

— قانداق ھەقىقەتكە قايتتى؟

— قانۇن-تۈزۈمگە باش ئېگىش يولىغا قايتتى. بارون، سىز چۈشەندۈرۈپ بېرىڭ.

— گەپ مۇنداق، گېرتسوگ، — راستىنلا جىددىي قىياپەتتە سۆزلەشكە باشلىدى ۋەزىر، — يېقىندا ناپالېئوننىڭ ئىككى-ئۈچ پېشقەدەم سەپدىشى فرانسىيىگە قايتىپ كېتىش ئارزۇسىنى ئىزھار قىلدى. ناپالېئون ئۇلارغا رازىلىق بەردى ۋە قانۇنىي پادىشاھقا ئوبدان خىزمەت قىلىش ھەققىدە قايتا-قايتا

نەسىھەت قىلدى. ئۇ شەخسەن ئۆز ئاغزى بىلەن شۇنداق دېدى، گېرتسوگ. مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا كېپىل بولالايمەن.

— ھە، قانداق، بىلاكاس؟ ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ غالىبانە رەۋىشتە، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ئېچىپ قويۇلغان يوغان كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— مەن شۇنداق دەيمەنكى، جانابىي ئالىيلىرى، بۇ يەردە جانابىي ساقچى ۋەزىرى بىلەن ئىككىمىزنىڭ بىرىمىز خاتالىشىۋاتىمىز. ئەمما، ساقچى ۋەزىرىنىڭ خاتالىشىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئامانلىقىنى ۋە شان - شەۋكىتىنى قوغدايدىغان ئادەم. دېمەك، مەن خاتالىشىۋاتقانغا ئوخشايمەن. شۇنداق بولسىمۇ، مەن تونۇشتۇرغان ھېلىقى كىشىنىڭ ئېيتماقچى بولغانلىرىنى بىر قۇر ئاڭلاپ قويۇش ئارتۇقچىلىق قىلماس ئىدى، مەن ھەتتا جانابىي ئالىيلىرىنىڭ شۇنداق قىلىشىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ سورايمەن.

— مەرھەمەت گېرتسوگ، سىزنىڭ تونۇشتۇرۇشىڭىز بىلەن مەن كىمنى دېسىڭىز شۇنى قوبۇل قىلىمەن. بىراق، مەن تەييارلىق كۆرۈپ قويۇپ قوبۇل قىلىشنى خالايمەن. ۋەزىر ئەپەندى، سىزدە بۇنىڭدىن يېڭىراق مەلۇماتلار يوقمۇ؟ بۇ مەلۇمات 20 - فېۋرالدا يېزىلغانىكەن، لېكىن بۈگۈن ئۈچىنچى مارت ئەمەسمۇ.

— يوق، جانابىي ئالىيلىرى، مەنمۇ يېڭى مەلۇماتنىڭ كېلىپ قېلىشىنى ھېلىدىن - ھېلىغا كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن. مەن ئۆيدىن سەھەردە چىقىپ كەتكەنىدىم. بەلكىم مەن يوق ۋاقتىمدا مەلۇمات كېلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

— ئۇنداق بولسا ھازىر شەھەرلىك ساقچى مەھكىمىسىگە بېرىپ كېلىڭ. ئەگەر مەلۇمات تېخى كەلمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا ... — لیۇدوۋىك كۈلۈپ قويدى، — ئۆزىڭىز ئېچىڭىزدىن توقۇپ چىقىرىڭ. شۇنداق ئىشلارمۇ بارغۇ دەيمەن؟



— خۇداغا شۈكرى، جانابىي ئالىيلىرى، بىزگە ھېچقانداق ئىشنى ئويلاپ چىقىرىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپ جاۋاب قىلدى ۋەزىر، — بىزگە ھەر كۈنى يېڭى - يېڭى تەپسىلىي مەلۇماتلار كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ مەلۇماتلارنى خىزمەت كۆرسىتىپ نەپ ئېلىش كويىدا يۈرگەن ھەر خىل جاپاكەشلەر بىزگە ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. گەرچە ئۇلار بۇ جەھەتتە ھازىرچە بىرەر نەتىجە يارىتالمىغان بولسىمۇ، ھامان خىزمەت كۆرسىتىش نىيىتىدە يۈرىدۇ. ئۇلار تەقدىردىن ئۈمىد كۈتۈپ، بىرەر كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بېرىپ قالسا، ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئويلايدۇ.

— ماقۇل، كېتىۋېرىڭ، — دېدى پادىشاھ، — ئۇنتۇپ قالماڭ، مەن سىزنى كۈتىمەن.

— جانابىي ئالىيلىرى، ئون مىنۇتتىن كېيىن ئالدىڭىزدا ھازىر بولىمەن.

— جانابىي ئالىيلىرى، — دېدى بىلاكاس، — مەنمۇ چىقىپ ئۆزۈمنىڭ خەۋەرچىمنى باشلاپ كىرەي.

— توختاڭ، توختاڭ، — دېدى پادىشاھ، — ماڭا قاراڭ، بىلاكاس، مەن سىزنىڭ ئۇنۋان بەلگىڭىزنى ئۆزگەرتىش قارارىغا كەلدىم. مەن سىزگە قاناتلىرىنى كەڭ يايغان بۈركۈتنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن بەلگىنى تەقدىم قىلىمەن. بۇ بۈركۈت، ئولجىغا چۈشكەن بىر جانۋارنى تىرناقلىرى بىلەن قاماللاپ تۇتقان، ئۇ جانۋار قېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بولىدۇ. بۇ رەسىملىك شەكىلگە يەنە Tenax ① دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ.

— ئەمرىڭىزگە جېنىم تەسەددۇق، جانابىي ئالىيلىرى، — دېدى گېرتسوگ، تاقەتسىزلىك بىلەن تىرناقلىرىنى چىشلەپ.

---

① Tenax (لاتىنچە) — قويۇپ بەرمەيدىغان، چىڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

— مەن سىز بىلەن بىر شېئىر ھەققىدە پىكىرلىشىپ كۆر-
مەكچىدىم. «سەنمۇ شۇنداق ھالسىراپ قېچىپ بارىسەن»... ياد-
ىڭىزدا بارمۇ؟ بۇ بۆرىدىن قېچىپ كېلىۋاتقان بۇغا توغرۇلۇق
يېزىلغان شېئىر. سىز بىر ئوۋچى ۋە شىكار باشقۇرغۇچىغۇ.
قانداق سىز بۇ شېئىرنى ياقتۇرامسىز؟
— ئاجايىپ تەسىرلىك يېزىلغان شېئىر، جانابىي ئالىيلىرى.
مېنىڭ خەۋەرچىممۇ سىز ئېيتقان شۇ بۇغىغا ئوخشايدۇ، چۈنكى
ئۇ قاتناش پەيتۇنىغا ئولتۇرۇپ ئۈچ كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت
ئىچىدە 220 لىي يولنى بېسىپ ئۆتۈپ بۇ يەرگە
كەلدى.
— بۇ ئارتۇقچە ئاۋارىگەرچىلىك. ئۇ تېلېگراف ئارقىلىق
خەۋەر قىلغان بولسا، ئۈچ كۈندە قىلغان ئىشنى ھېچقانداق
جاپا تارتماستىنلا ئۈچ - تۆت سائەتتە پۈتتۈرۈشكە بولاتتى.
— جانابىي ئالىيلىرى، مۇبارەك نامى - شەرىپىڭىزنى
خەۋپ - خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش نىيىتىدە يىراقتىن
كەلگەن يىگىتنىڭ تىرىشچانلىقلىرىغا ياخشى باھا بەرمىدىڭىز.
ھېچبولمىغاندا ئۇنى ماڭا يوللىغان گىراف سالۋىيونىڭ ھۆرمىتى
ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن.
— گىراف سالۋىيو؟ مېنىڭ ئىنىمنىڭ باش ياساۋۇلىمۇ؟
— دەل شۇنىڭ ئۆزى.
— راست، راست، ئۇ مارسېلدا ئەمەسمىدى.
— شۇ يەردىن ئۇ ماڭا خەت ئەۋەتىپتۇ.
— دېمەك، ئۇمۇ ئاشۇ ئىسيان توغرۇلۇق خەۋەر بېرىپتىمۇ؟
— ياق، لېكىن ئۇ ۋىلفور ئەپەندىنى ماڭا ئەۋەتىپتۇ ۋە
ئۇنى جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ كىرىشىنى سوراپتۇ.
— ۋىلفور! — دەپ خىتاب قىلدى پادىشاھ، — ئۇنىڭ
ئىسمى ۋىلفورمىكەن؟



— شۇنداق، ئالىيلىرى.
— مارسېلدىن كەلگەن كىشى شۇمۇ؟
— شۇنىڭ ئۆزى.
— نېمە ئۈچۈن باشتىلا ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتمىدىڭىز؟ —
دېدى پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ چىرايىغا يېنىككىنە تەشۋىشنىڭ
سايىسى چۈشتى.
— ئۇنىڭ نامى جانابىي ئالىيلىرىغا مەلۇملۇق ئىكەنلى-
كىنى ئويلىماپتىمەن، شاھىم.
— ياق، ياق، بىلاكاس، بۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان
ياراملىق ئادەم. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ مەنسەپپەرەس. ھە، سىز
ئۆزىڭىزمۇ ئۇنىڭ ئاتىسىنى تونۇيسىزغۇ.
— ئۇنىڭ ئاتىسىنى؟
— ھەئە، نۇئارتىيېچۇ.
— ھېلىقى ژىروندىچى كېڭەش ئەزاسى؟
— نەق شۇنىڭ ئۆزى.
— جانابىي ئالىيلىرى، مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ ئوغلىغا
ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشىنىپ تاپشۇرغانمۇ؟
— بىلاكاس، دوستۇم، سىز ھېچنەرسىنى چۈشەنمەيدىكەن-
سىز. مەن سىزگە ئېيتتىمغۇ، ۋىلفور مەنسەپپەرەس. مەنسەپنىڭ
ئۆستۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئۇ ھېچقانداق ئىشتىن باش تارتماي-
دۇ، ھەتتا ئۆز ئاتىسىنىمۇ قۇربان قىلىۋېتەلەيدۇ.
— ئۇنداق بولسا، ئۇنى باشلاپ كىرەيمۇ؟
— دەرھال باشلاپ كىرىڭ، ئۇ قەيەردە؟
— تاشقىرىدا، مېنىڭ پەيتۇنىمدا كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ.
— چاقىرىپ كىرىڭ.
— خوپ.
گېرتسوگ خۇددى ياش يىگىتتەك تېتىكلىك بىلەن ئالدى

راپ چىقىپ كەتتى. پادىشاھلىققا بولغان چىن ئېتىقادى ئۇنىڭغا 20 ياشلىق يىگىتنىڭ چەبدەسلىكىنى بېغىشلاپ تۇراتتى. ليۇدوۋىك XVIII ئۆزى يالغۇز قالغاندىن كېيىن يەنە گوراتسىينىڭ ئېچىپ قويۇلغان تومىغا قاراپ ئاستا ئوقۇشقا باشلىدى: «ئادالەتلىك ۋە ئىرادىلىك ئەر...».

بىلاكاس قانداق ئالدىراشلىق بىلەن چىقىپ كەتكەن بولسا، خۇددى شۇنداقلا تېزلىكتە قايتىپ كىردى. لېكىن، قوبۇلخانىغا كىرگەندە ئۇ توختاشقا مەجبۇر بولدى. ۋىلفورنىڭ چاڭ باسقان كىيىم - كېچەكلىرى، ئۇنىڭ ئوردا قائىدە - يوسۇنلىرىغا مۇۋاپىق بولمىغان تاشقى كۆرۈنۈشى قوبۇل قىلىش ئىشلىرى ۋەزىرى بىرېزىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى، ئۇ ھەتتا بۇ يىگىتنىڭ مۇشۇنداق كۆرۈنۈش بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىشكە پېتىنغانلىقىغا ئىنتايىن ھەيران بولدى. لېكىن، گېرتسوگ «جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئەمرى شۇنداق» دېيىش بىلەنلا مەسىلىنى ھەل قىلدى ۋە قوبۇل قىلىش ۋەزىرىنىڭ تېخىچە نارازىلىق قىلىپ غودۇڭشۇشلىرىغا قارىماي، ۋىلفور پادىشاھ ھوزۇرىغا كىرىپ كەلدى.

پادىشاھ يەنە شۇ، گېرتسوگ چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتىكى ئورنىدا ئولتۇرغانىدى. ۋىلفور ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەندە پادىشاھنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىپ قالغان بولغاچقا ئىختىيارسىز ھالدا توختاپ قالدى.

— كىرىڭ ۋىلفور ئەپەندى، كىرىڭ، — دېدى پادىشاھ.

ۋىلفور تازىم بەجا كەلتۈردى ۋە بىرنەچچە قەدەم ئىلگىرىلەپ كېلىپ پادىشاھنىڭ كالامىنى كۈتۈپ توختاپ قالدى.

— ۋىلفور ئەپەندى، — دەپ سۆز باشلىدى پادىشاھ، — گېرتسوگ بىلاكاس سىزنى مۇھىم خەۋەر ئەكەلدى دەيدۇ.



— جانابىي ئالىيلىرى، گېرتسوگ توغرا ئېيتىدۇ. مەن، جانابىي ئالىيلىرىمۇ بۇ خەۋەرنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىگە قوشۇلۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن.

— ئەڭ ئاۋۋال شۇنى ئېيتىڭكى، ئەھۋال بۇلار مېنى ئىشەندۈرمەكچى بولغاندەك شۇنچە خەتەرلىكمۇ؟

— جانابىي ئالىيلىرى، مېنىڭچە ئەھۋال ھەقىقەتەن جىددىي. لېكىن مەن تېزلىكتە بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغانلىقىم ئۈچۈن، خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بولار.

— تەپسىلىي سۆزلەڭ، تارتىنماڭ، — دېدى پادىشاھ.

ۋەھالەنكى، گېرتسوگنىڭ چىرايىدا ۋە ۋىلفورنىڭ ئاۋازىدا ئەكس ئېتىۋاتقان ھاياجانلىنىش ئۇنىڭغىمۇ تەسىر قىلىشقا باشلىغانىدى. — بىر باشتىن سۆزلەڭ، مەن ھەممە ئىشتا تەرتىپلىك بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن.

— بۇ ھەقتە جانابىي ئالىيلىرىغا ئىشەنچلىك خەۋەر يەتكۈزىمەن. بىراق، مېنىڭ خىجالەتچىلىكىم سۆزلىرىمنىڭ مەنىسىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويسا، ئەپۇ قىلىشلىرىنى سورايمەن.

ۋىلفور ئۆز نۇتقىنىڭ بۇ ئېھتىياتلىق مۇقەددىمىسىدىن كېيىن پادىشاھقا بىر نەزەر تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب سۆھبەتدىشىنىڭ دىققەت بىلەن تىڭشاۋاتقانلىقىنى كۆردى-دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— جانابىي ئالىيلىرى، مەن ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ، ئۆزلىرىگە جەمئىيەتنىڭ ۋە ھەربىي قىسىملارنىڭ تۆۋەنكى قاتلاملىرىدا دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى بىر قارا گۇرۇھچىلىقنى ئەمەس، بەلكى ئالىيلىرىنىڭ تاجى - تەختىگە تەھلىكە بولۇپ قالغان ئەمەلىي سۇيىقەستنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېزلىكتە پارىژغا يېتىپ كەلدىم. جانابىي ئالىيلىرى، باش ئىسيانكار ئۈچ كېمىنى قوراللاندۇرۇپ تەييار-

لېكىن، ئۇ قانداقتۇ بىر ئىش چىقىرىشنى ئەستىلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى بىر ھاماقەتلىك بولسىمۇ، يەنىلا ئادەمنى چۆچۈتىدىغان ئىش. ھازىرقى پەيتتە ئۇ ئېلبا ئارىلىدىن چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ نەگە بارماقچى بولغانلىقى ماڭا ئايان ئەمەس. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ بىر بولسا نېئاپولدا، يەنە بىر بولسا توسكانىدا قۇرۇقلۇققا چىقىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرۈشى مۇمكىن، ھەتتا فرانسىيە قۇرۇقلۇقىغا چىقىشىمۇ مۇمكىن. جانابىي ئالىيلىرىغا مەلۇمكى، ئېلبا ئارىلىنىڭ خوجايىنى ھازىرغا قەدەر ھەم ئىتالىيە بىلەن، ھەم فرانسىيە بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ساقلاپ قالغان.

— شۇنداق، — دېدى پادىشاھ كۈچلۈك ھاياجان ئىچىدە، — بىز تېخى يېقىندىلا بوناپارتچىلارنىڭ سېن - ژاك كوچىسىدا يىغىن ئۆتكۈزۈپ يۈرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتۇق. ھە، سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ. سىز بۇ مەلۇماتلارنى نەدىن ئۇقتىڭىز؟

— جانابىي ئالىيلىرى، مەن بۇ مەلۇماتنى بىر مارسېللىق دېڭىزچىنى سوراق قىلىش نەتىجىسىدە ئۇقتۇم. مەن خېلى ئۇزۇندىن بۇيان ئۇنىڭ كەينىدىن نازارەت قىلىپ يۈرگەنىدىم. ۋە دەل مەن يولغا چىققان كۈنۈم ئۇنى قولغا ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردۈم. بۇ ئادەم شەك - شۈبھىسىز بوناپارتچى بولۇپ، مەخپىي ھالدا ئېلبا ئارىلىغا قاتناپ تۇرغان، ئۇ يەردە ئۇ مارشال بىلەن كۆرۈشكەن، مارشال ئاشۇ ئادەم ئارقىلىق پارىژدىكى بىر بوناپارتچىغا ئېغىزاكى بۇيرۇق يوللىغان. بىراق، پارىژدىكى ئۇ بوناپارتچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سوراق جەريانىدا زادىلا ئېنىقلىيالمىدىم. لېكىن، بۇيرۇقنىڭ مەزمۇنى كىشلەرنى قوزغىتىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئىكەن (جانابىي ئالىيلىرى ھېلىقى



ئادەم شۇنداق دېدى)، ئۇ پات ئارىدا قۇرۇقلۇققا قايتىدىن ھۇجۇم باشلايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— ئۇ ئادەم ھازىر قەيەردە؟

— تۈرمىدە.

— سىز بۇنى ھەقىقەتەن جىددىي ئىش دەپ قارامسىز؟

— بۇ ئىنتايىن جىددىي ئىش. جانابىي ئالىيلىرى. بۇ ئىش يۈز بەرگەن كۈنى، مېنىڭ نىكاھ ئىشىمنىڭ مەسلىھەت مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، مەن مېھمانلار بىلەن ئولتۇرغانىدىم. بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەن دەرھال بولغۇسى رەپىقەم ۋە مېھمانلار بىلەن خوشلىشىپ ھەممە ئىشنى تاشلاپ يولغا چىقتىم، ھەمدە جانابىي ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك ئاياغلىرى ئاستىغا باش قويۇپ، مېنى ۋەھىمىگە سالغان بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش بىلەن ئۆزۈمنىڭ ساداقەتلىكىمنى بايان قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم.

— ياخشى، — دېدى ليۇدوۋىك XVIII، — سىز ماركىز سېن-مېرانىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلماقچىمىدىڭىز؟

— شۇنداق، جانابىي ئالىيلىرى، بۇ، ئالىيلىرىنىڭ ئەڭ سادىق چاكىرى بولغان بىر كىشىنىڭ قىزى.

— شۇنداق، شۇنداق. ئەمدى بىزگە بۇ قېتىمقى پاراكەندىچىلىك ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ، ۋىلفور ئەپەندى.

— جانابىي ئالىيلىرى، بۇ ئادەتتىكى بىر پاراكەندىچىلىك ئەمەسمىكىن دەپ قورقىمەن، بۇ بىر قېتىملىق ئىسيان بولسا كېرەك.

— ھازىرقى دەۋردە ئىسيان كۆتۈرۈشنى ئويلىماققا ئاسان، لېكىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن، — دېدى ليۇدوۋىك XVIII كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، — چۈنكى، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى بىزنىڭ قايتىدىن ئۆز قولىمىزغا ئالغىنىمىزغا تې-

ـى ئۇزۇن بولمىدى. بىز ئۆتمۈشتىكى ئىشلاردىن خەۋىرىمىز، كەلگۈسىدىمۇ سەگەك بولىمىز. ئۆتكەن ئون ئايدىن بۇيان مېنىڭ ھەرقايسى سەپلەردىكى ۋەزىرلىرىم ئوتتۇرا دېڭىز ساھىلىدىكى ئېھتىياتلىق چارىلىرىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. ئەسلىدە، ئۇنىڭسىزمۇ ئۇ جايلارنىڭ مۇداپىئەسى ناھايىتى مۇستەھكەم ئىدى. ئەگەر بوناپارت نېئاپولدا قۇرۇقلۇققا چىقماقچى بولسا، ئۇ لىۋورنوغا يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئىتتىپاقداش ئارمىيىنى تولۇق ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ توسكانىدا قۇرۇقلۇققا چىقسا، ئۇ ئۆزىگە دۈشمەنلىك كەيپىياتىدا بولغان بىر زېمىنگە بېرىپ قالغان بولىدۇ. ئەگەردە فرانسىيە قۇرۇقلۇقىغا چىقسا، پەقەت ئاز بىر قىسىم ئادەملەرنىلا ئۆزىگە ئەگەشتۈرەلەيدۇ. خەلققە ھەددى - ھېسابسىز جەبىر - زۇلۇم سالغان مۇنداق بىر كىشىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىغا ئالدىن ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. يۈرەكلىك بولۇڭ، ئەپەندى، شۇنداقلا بىزنىڭ مىننەتدارلىقىمىزغىمۇ ئىشىنىڭ.

— ھە، مانا داندرې ئەپەندىمۇ كەلدى! — دەپ خىتاب قىلدى بىلاكاس.

بۇ چاغدا ساقچى ۋەزىرى ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولغانىدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، خۇددى ھوشىدىن كېتىدىغاندەك غال-غال تىترەپ تۇراتتى. ۋىلفور قايتىپ كېتىشكە تەمشەلگەنىدى، گېرتسوگ بىلاكاس ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ توختىتىۋالدى.

## ئون بىرىنچى باب

## كورسىكالىق قانخور

لىيۇدوۋىك XVIII ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ساقچى ۋەزى-



رىگە قاراپ، ئالدىدىكى شىرەنى ئاچچىقى بىلەن ئىتتىرىۋەتتى.

— سىزگە نېمە بولدى ۋەزىر؟ — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — نېمە سەۋەبتىن مۇنچىۋالا ھودۇقۇپ كەتتىڭىز؟ يا گېرتسوگ بىلاكاسنىڭ ۋىلفور ئەپەندىنىڭ ئىسپاتلاپ تۇرغان باياناتلىرى سىزگە شۇنچە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتىمۇ؟

گېرتسوگمۇ ئالدىراپ - تېنەپ باروننىڭ يېنىغا كەلدى.

ئۇردا ۋەزىرىنىڭ شۇقەدەر قورقۇپ كەتكەنلىكى بۇ دۆلەت ئەربابىنىڭ مەغرۇرانە خۇشاللىقىنى بېسىپ چۈشتى. دەرۋەقە، ئەھۋال شۇنداق ئىدىكى، شۇ تاپتا ساقچى ۋەزىرىنىڭ ھېلىقى مەلۇماتلىرى يالغان بولغانغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتقانلىرى يالغان بولۇپ چىقسا ناھايىتىمۇ ياخشى بولار ئىدى.

— جانابىي ئالىيلىرى... — بارون دۇدۇقلاپ يەنە توختاپ قالدى.

— سۆزلەڭ، — دېدى پادىشاھ.

شۇندىن كېيىن ساقچى ۋەزىرى ئۈمىدسىزلىك تۈيغۇسىغا تەسلىم بولۇپ، لىيۇدوۋىك XVIII نىڭ ئاياغ ئاستىغا يىقىلىپ تىزلاندى. پادىشاھ بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىپ قاپىقىنى تۈردى.

— زۇۋانىڭىزنى چىقىرامسىز، - يوقمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ئاھ، جانابىي ئالىيلىرى! نېمىدېگەن بەختسىزلىك! ئەمدى مەن قانداق قىلاي! قانداق قىلاي!

— مۆھتەرەم ئەپەندى، — دېدى لىيۇدوۋىك XVIII، — مەن سىزگە گەپ قىلىشنى بۇيرۇدۇم!

جانابىي ئالىيلىرى، باش ئىسيانكار 28 - فېۋرال كۈنى ئېلبا ئارىلىدىن قېچىپ، 1 - مارت كۈنى قۇرۇقلۇققا چىقىپتۇ.

— قايسى مەملىكەتتە قۇرۇقلۇققا چىقىپتۇ؟ — دەپ دەرھال سورىدى پادىشاھ.

فرانسىيىدە، جانابىي ئالىيلىرى، ژۇئان قولتۇقىدىكى ئالىپقا يېقىن جايلاشقان بىر كىچىك گاڭكۇدا توختاپتۇ.

— باش ئىسپانىكار 1 - مارت كۈنى فرانسىيىدە، ئالىپقا يېقىن بولغان ژۇئان قولتۇقىدا، پارىژغا 250 لى كېلىدىغان جايدا قۇرۇقلۇققا چىققان بولسا، سىز بۇ ھەقتە بۈگۈن، 3 - مارت كۈنى خەۋەر تاپتىڭىزمۇ؟ ياق، مۆھتەرەم ئەپەندى، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. يا سىزگە خاتا مەلۇمات بېرىشىپتۇ، ياكى سىز ئۆزىڭىز ئەقلىڭىزدىن ئېزىپ قاپسىز.

— ئەپسۇس، جانابىي ئالىيلىرى، بۇ يۈزدە - يۈز توغرا مەلۇمات.

ليۇدوۋىك XVIII غەزەپ ۋە قورقۇنچتىن تىترەپ كەتتى ۋە خۇددى كۈتۈلمىگەن زەربە تۇيۇقسىزدىن كېلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە ھەم يۈزىگە بىراقلا ئۇرۇلغاندەك، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— فرانسىيىدە! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — باش ئىسپانىكار فرانسىيىدە! بۇ گەپچە ئۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىن نازارەت ئورنىتىلمىغان ئىكەن - دە؟ ياكى، كىم بىلسۇن، ئۆزۈڭلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانمۇ؟

— شاھى ئەزەم، — دەپ خىتاب قىلدى گېرتسوگ بىلاكاس، — بارون داندرېدەك ئادەمنى ئاسىيلىقتا ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. جانابىي ئالىيلىرى، بىز ھەممىمىز غەپلەتتە قالغان ئىكەنمىز، ساقچى ۋەزىرىمۇ شۇ ئومۇمىي غەپلەتنىڭ تەسىرىگە يولۇققان.

— شۇنداقتىمۇ... — دەپ سۆز باشلىدى ۋىلفور ۋە ئۆزىچىلا گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، — ھەممەتلىرى بىلەن گۇناھىمىدىن ئۆتكەيلا، جانابىي ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ تازىم قىلىپ تۇ-



رۇپ، — مېنىڭ تىرىشچانلىقىم دىققىتىمنى بۆلۈۋېتىپ قالدى. جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى سورايمەن.

— سۆزلەڭ ئەپەندى يۈرەكلىك سۆزلەڭ، — دېدى پادىشاھ، — پەقەت سىزلا بىزگە بۇ بەختسىزلىكتىن ئالدىنئالا خەۋەر بېرەلىدىڭىز، ئەمدى بۇ ئاپەتكە خاتىمە بېرىش يولىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىڭ.

— جانابىي ئالىيلىرى، باش ئىسپانىكارنى جەنۇبلۇقلار ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇڭا ئۇ جەنۇبتىن ئۆتۈپ بېسىپ كەلمەكچى بولسا پروۋانس ۋە لانگېدوك ئۆلكىلىرىنى ئۇنىڭغا قارشى ئاسانلا قوزغىتىشقا بولىدۇ.

— شۇنداق، — دېدى ۋەزىر، — بىراق، ئۇ گاپ ۋە سىستېرون ئارقىلىق كېلىۋاتىدۇ.

— كېلىۋاتىدۇ! — پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — ئۇنداق بولسا، ئۇ پارىژغا باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ - دە؟

ساقچى ۋەزىرى ئۈنچىقمىدى، بۇ «شۇنداق» دېگەن بىلەن باراۋەر ئىدى.

— دوفىنېچۇ؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ ۋىلفورغا قاراپ، — سىزنىڭ قارىشىڭىزچە بۇ ئۆلكىنىمۇ پروۋانسقا ئوخشاش قوزغىتىشقا بولامدۇ؟

— مەن ئىنتايىن ئېچىنىش بىلەن جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا ئاچچىق ھەقىقەتنى سۆزلەشكە مەجبۇرمەن. بۇ ئۆلكىنىڭ كەيپىياتى پروۋانس ۋە لانگېدوكقا قارىغاندا خېلىلا ناچار. تاغلىقلار بوناپارتچىلارنىڭ تەرەپدارلىرى، جانابىي ئالىيلىرى.

— ئۇ ھەممىدىن خەۋەردار ئىكەن، — دەپ پىچىرلىدى پادىشاھ، — ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ سانى قانچىلىك؟

— بىلمەيمەن، جانابىي ئالىيلىرى، — دېدى ساقچى ۋەزىرى.

— نېمىشقا بىلمەيسىز؟ سىز بۇ مەسىلىنى ئىنقىلابنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ توغرا، بۇ ئانچە مۇھىم ئىش ئەمەسقۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى پادىشاھ، زەردە بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— جانابىي ئالىيلىرى، تېخى ئېنىقلىيالمىدىم. جىددىي خەۋەردە پەقەت باش ئىسيانكارنىڭ قۇرۇقلۇققا چىققانلىقى ۋە ئۇنىڭ ماڭغان يۆنىلىشى توغرىلىقلا ئېيتىلغان.

— سىز جىددىي خەۋەرنى قانداق تاپشۇرۇۋالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ.

ۋەزىر بېشىنى تۆۋەن سالدى ۋە خۇددى قىسقۇچپاقتەك قىزىرىپ كەتتى.

— تېلېگراف ئارقىلىق ئالدىم، جانابىي ئالىيلىرى.

ليۇدوۋىك XVIII بىر قەدەم ئالغا باستى ۋە ناپالېئونغا تەقلىد قىلىپ، قوللىرىنى كۆكرىكىنىڭ ئۈستىدىن قوشتۇرۇپ تۇردى.

— شۇنداق قىلىپ، — دېدى ئۇ غەزەپتىن رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن ھالدا. — يەتتە دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى بۇ ئادەمنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن، مەن 25 يىل داۋام قىلغان غۇربەتچىلىكتىن كېيىن، ئەجداتلىرىمنىڭ شاھانە تەختىگە قايتىدىن ئولتۇردۇم. مەن بۇ 25 يىل جەريانىدا ئۆزۈمنىڭ مەسئۇلىيىتىم ئاستىدىكى فرانسىيىنىڭ خەلق ئەھۋالى ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى تەتقىق ۋە تەھلىل قىلىپ، بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ، ئاخىرى مېنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىم ئەمەلگە ئاشقان ۋاقىتتا، قولۇمدىكى ھوقۇقۇم پارتلاپ، ئۆزۈمنى كۈكۈم - تالقان قىلىدىغان بوپتۇ - دە!

— بۇ بىر تەلەيسىزلىك، جانابىي ئالىيلىرى! — دېدى ۋەزىر بوش ئاۋاز بىلەن. ئۇ، شۇنداق بىر بېسىم كۈچىنى ھېس قىلدىكى، بۇ كۈچ تەقدىر ئىلاھىنىڭ قارىشىچە ھەرقانچە يېنىك



بولسىمۇ، لېكىن بىر ئادەمنى يېمىرىپ تاشلاشقا يېتەرلىك ئىدى.

— ئۇنداقتا، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ بىزنى تەنقىدلەپ، ھېچنەرسىنى ئۆگىنەلمىدى، ھېچنەرسىدىن خاتىرجەم بولالمايدۇ، دېگەنلىرى توغرا ئىكەن - دە! ئەگەر مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ۋەتەنداشلىرىم تەرىپىدىن ۋاز كېچىلگەن بولسام، كۆڭلۈم ئەمىن تاپاتتى، لېكىن، كۆپچىلىك مېنىڭ ھۆرمىتىمنى قىلىدىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاسرىغاندىن تولاراق مېنى ئاسرىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى مېنىڭ شەرەپ تېپىش ياكى ھاقارەتلىنىشىم، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شەرەپ تېپىشى ياكى ھاقارەتلىنىشى بىلەن باراۋەر. مەن تەختكە ئولتۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېچنېمىسى يوق ئىدى، مەن تەختنى بوشىتىپ بەرسەم ئۇلارنىڭ يەنە ھېچنېمىسى بولمايدۇ. ئەمدى ئۇلارنىڭ نادانلىق ۋە ئىقتىدارسىزلىقىدىن مەن ھالاك بولىدىغان بولدۇم! شۇنداق، ئەپەندىم، سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىز دۇرۇس، بۇ بىر تەلەيسىزلىك!

ۋەزىر بۇ تەنىلەرنىڭ ئاستىدا بېشىنى كۆتۈرۈشكە پېتىنالماي مۈكچىيىپ تۇراتتى. گىرتسوگ بلاكاس ماڭلىيىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سوغۇق تەرىنى سۈرتۈۋەتتى. ۋىلفور ئۆز ئىچىدە كۈلۈپ قويدى، ئۇ ئۆزىنىڭ رولىنىڭ يەنىمۇ ئۆسكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— مۇنقەرزلىك! — ليۇدوۋىك يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، ئۇ بىر قاراشتىلا دۆلەتنىڭ ئاستىدا پەيدا بولغان چوڭقۇر ھاڭنى كۆردى، — مۇنقەرزلىك بولسىمۇ، بىز بۇ مۇنقەرزلىكنىڭ خەۋىرىنى پەقەت جىددىي مەلۇماتتىنلا بىلەلىدۇق! ھە! مەن ئۆز ئاكام ليۇدوۋىك XVI غا قازا يەتكۈزگەن مويتۇڭزىغا بېرىشنى خالايمەنكى، رەسۋا بولۇپ تيۇئىلرى سارىيىنىڭ پەلەمپەيلىرى ئاستىغا قوغلاپ چۈشۈرۈلۈشنى خالىمايمەن. قىزىق گەپ، ئەپەندىم! سىز ئۇنىڭ فرانسىيىدە قانچىلىك كۈچى بار

ئىكەنلىكىنى نېمە ئۈچۈن بىلمەيسىز؟ سىز بۇنى بىلىشىڭىز كېرەك ئىدىغۇ!

— جانابىي ئالىيلىرى، جانابىي ئالىيلىرى، — دەپ غۇدۇڭشىدى ۋەزىر، — جانابىي ئالىيلىرى رەھىم قىلغايلا...

— سىز بۇياققا كېلىڭ، ۋىلفور ئەپەندى، — پادىشاھ يەنە ۋىلفورغا مۇراجىئەت قىلدى. ۋىلفور بىر قوزغىلىپ قويدى-دە، نەپىسىنى چىقارماستىن، دۆلەتنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىۋاتقان بۇ بىر قىممەتلىك سۆھبەتكە پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلىپ، قۇلاق سالدى، — بۇياققا كېلىڭ، ۋەزىر ئەزەمگە، ئۇ بىلمەيدىغان ئىشلارنى باشقا بىر كىشى ئالدىنئالا بىلەلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭ.

— جانابىي ئالىيلىرى، ئۇ كىشى پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ كۆز - قۇلاقلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ سورۇشتۇرسىمۇ، ئۇنداق غەرەزلەرنى بىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

— مۇمكىن ئەمەس! توغرا، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغۋار گەپ بولدى، ئەپەندىم. بەختكە قارشى، مەن چۈشىنىپ يەتتىمكى، دۇنيادا ھەقىقەتەن ئۇلۇغۋار گەپلەر بار ئىكەن، شۇنداقلا ئۇلۇغ ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. ئۆز قول ئاستىدا پۈتۈن بىر ۋازارەتكە، مەخسۇس خادىملارغا، گۇماشتىلارغا، پايلاقچىلارغا، ئىشپىيونلارغا ۋە مەخپىي پائالىيەت ئۈچۈن بىرا يېرىم مىليون فرانك مەبلەغقە ئىگە بولغان بىر ۋەزىر فرانسىيىنىڭ قىرغاقلىرىدىن 60 مىل نېرىدا نېمە ئىشلارنىڭ بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرالمامدۇ؟ ئاشۇ ۋاستىلەرنىڭ ھېچبىرىگە ئىگە بولمىغان مانا بۇ يىگىت ئۆزى بىر ئاددىي سوت ئەمەلدارى بولۇپ تۇرۇقلۇق سىزنىڭ پۈتۈن ساقچى ۋازارىتىڭىزدىن كۆپرەك ئىشلارنى بىلىۋالغان. ئەگەر ئۇ سىزگە ئوخشاش تېلېگرافنى ئىشقا سالالىغان بولسا، بىر ئۆزىلا مېنىڭ تەختىمنى خەتەردىن ساقلاپ قالالايتتى.



ساقچى ۋەزىرى چوڭقۇر ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ۋىلفورغا قارىدى. ۋىلفور بولسا، غالىبلارچە كەمتەرلىك بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— مەن سىزنى دېمىدىم، بىلاكاس، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ليۇدوۋىك XVIII، — گەرچە سىز بىرەر خەيرىي ئىشنى ئاشكارىلىيالمىغان بولسىڭىزمۇ، ھەر - ھالدا ئۆز گۇمانىڭىزدا چىڭ تۇردىڭىز. سىزنىڭ ئورنىڭىزدا باشقا بىرى بولغان بولسا، بەلكىم ۋىلفور ئەپەندىنىڭ مەلۇماتلىرىنى قۇرۇق گەپ ياكى مەرتىۋىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىنى تاما قىلغانلىق دەپ قارىغان بولار ئىدى.

بۇ، ساقچى ۋەزىرىنىڭ بىر سائەت ئىلگىرى شۇنچە قەتئىيلىك بىلەن ئېيتقان گەپلىرىگە قارىتا دارىتمىلاپ قىلغان سۆزلەر ئىدى. ۋىلفور پادىشاھ ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ئۇرانىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىرى بولغان بولسا، بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتتىن خورىكى ئۆسۈپ، ماختاشلارغا گولدىنىپ قالار ئىدى. لېكىن ئۇ، گەرچە ساقچى ۋەزىرىنىڭ ئەمدى پۈتۈنلەي تۈگەشكەنلىكىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا مۇنداق بىر شەخسنىڭ ئۆزىگە قارىتا دۈشمەنلىك ئاداۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتىن ئەنسىرەيتتى. ناپالېئوننىڭ مۇددىئاسىنى ئۆز ۋاقتىدا بىلەلمىگەن ۋەزىر ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئەڭ ئاخىرقى جان تالىشىشقا ئۇرۇنۇش بىلەن ۋىلفورنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن دانتېسنى سوراق قىلىپ كۆرۈشلا كۇپايە قىلاتتى. شۇڭا، ۋەزىرنىڭ دەككىسىنى بېرىشنىڭ ئورنىغا ۋىلفور ئۇنىڭغا ياردەمگە كەلدى.

— جانابىي ئالىيلىرى، — دېدى ۋىلفور، — ۋەقەلەرنىڭ ئۇچقاندەك راۋاجلىنىشى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، پەقەت تەڭرى ئىلاھىنىڭ ئۆز قۇدرىتىلا ئۇلارنى توسۇپ قېلىشقا قادىر بولار ئىدى.

جانابىي ئالىيلىرى مېنىڭ سەزگۈرلۈكۈمگە قەيت قىلىپ كۆرسەتكەن بۇ ئىش، ماڭا كەلگەن بىر تەسادىپىي پۇرسەتتىنلا ئىبارەت. مەن بىر سادىق چاكار بولۇش سۈپىتىم بىلەن شۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ پايدىلاندىم، خالاس. جانابىي ئالىيلىرى، ماڭا ئارتۇقچە يۇقىرى باھا بېرىۋەتمىسىلە، كېيىن يەنە دەسلەپكى تەسىراتلىرىدىن ئەپسۇسلىنىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن.

ساقچى ۋەزىرى ۋىلفورغا مەنىلىك بىر قاراش بىلەن رازىمەنلىكىنى ئىپادىلىدى. ۋىلفور بولسا، ھەم پادىشاھنىڭ مىننەتدارلىقىنى قولىدىن بەرمىگەن ھەم ۋەزىرنىڭ چىشىغا تەگمىگەن ھالدا ئۆز مەقسىتىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندى.

— ماقۇل، — دېدى پادىشاھ، بىلاكاس بىلەن ۋەزىرگە قاراپ، — ئەمدى جانابلار، سىلەرگە باشقا گېپىم يوق، قايتساڭلار بولىدۇ... بۇنىدىن كېيىنكى ئىشلار ھەربىي ۋازارەتكە مۇناسىۋەتلىك.

— بەختىمىزگە يارىشا، — دېدى گېرتسوگ، — بىز قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىگە ئىشىنەلەيمىز. جانابىي ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغىنىدەك، بىزگە كەلگەن ھەممە مەلۇماتلار ئارمىيىنىڭ جانابىي ئالىيلىرىغا سادىق ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ.

— سىز ماڭا مەلۇماتلار توغرىسىدا تولا گەپ قىلىۋەرمەڭ. مەن ئەمدى بۇنداق مەلۇماتلارغا قانچىلىك ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم. ھە، ئېيتقىنىڭىزدەك، بارون، سىن - ژاك كوچىسى توغرىسىدا نېمە يېڭىلىقلار بار؟

— سىن - ژاك كوچىسى! — ۋىلفور ئىختىيارسىز ھالدا خىتاب قىلدى، لېكىن يەنە شۇ ھامان گېپىنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى، — ئەپۇ قىلسىلا، شاھى ئەزەم، جانابىي ئالىيلىرىغا بولغان ساداقىتىمدىن ھە دېگەندىلا ئۆزۈمنى تۇتۇشنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىمەن. بۇ، مېنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان ھۆرمىتىمنى ئۇنتۇپ



قالغانلىقتىن ئەمەس، مېنىڭ ھۆرمىتىم قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئورناشقان. لېكىن شۇ تاپتا قائىدە - يوسۇنلارنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— مەرھەمەت، — دېدى پادىشاھ، — سىز بۈگۈن سوئال قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولدىڭىز.

— جانابىي ئالىيلىرى، — دەپ سۆز باشلىدى ساقچى ۋەزىرى، — مەن بۈگۈن ئۆزلىرىگە دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە توپلانغان يېڭىلىقلارنى يەتكۈزمەكچى بولۇپ كەلگەنىدىم. لېكىن جانابىي ئالىيلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارى ژۇئان قولتۇقىدىكى جىددىي ۋەقەلەرگە بەنت بولۇپ كەتتى. ئەمدى بۇ مەسىلىنىڭ جانابىي ئالىيلىرى ئۈچۈن ھېچقانچە ئەھمىيىتى قالمىدى.

— ئەكسىچە، — دېدى پادىشاھ، — بىزنىڭ دىققىتىمىزنى قوزغىغان ھازىرقى ئىشلار بىلەن بۇ مەسىلىنىڭ بىۋاسىتە باغلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. گېنېرال كېنېلنىڭ ئۆلۈمى بىزنى ئىچكى جەھەتتىن تەييارلىنىۋاتقان بىر چوڭ پاراكەندىچىلىكنىڭ ئىزىغا باشلاپ كېلىشى مۇمكىن.

كېنېلنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا ۋىلفور چۆچۈپ كەتتى.

— ھەق گەپ قىلدىلا جانابىي ئالىيلىرى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى ۋەزىر، — ھەممە ئالامەتلەردىن قارىغاندا، بۇ بىز دەسلەپتە مۆلچەرلىگەندەك ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش بولماستىن، بەلكى باشقىلارنىڭ قاتىللىقى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، گېنېرال كېنېل بوناپارتچىلارنىڭ يىغىنىدىن قايتىپ چىققاندا ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ كۈنى ئەتىگەندە قانداقتۇ بىر ناتونۇش ئادەم ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، سىن - ژاك كوچىسىدا كۆرۈشۈشنى بەلگىلەپ قويۇپ كەتكەن. ئەپسۇسكى، ناتونۇش كىشىنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىشكەندە مەھرەم گېنېرالنىڭ چېچىنى ياساۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ سىن - ژاك كوچىسىدا كۆرۈشۈشنى بەلگىلىگەنلى

كىمنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، بىراق بەلگىلەنگەن ئۆينىڭ نومۇرىنى يادىدا ساقلاپ قالالماپتۇ.

ساقچى ۋەزىرى بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى دىققەت بىلەن تىڭشاپ تۇرغان ۋىلفور بىر قىزىرىپ، بىر ئاتىرىپ كەتتى. پادىشاھ ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قارىدى:

— ۋىلفور ئەپەندى، سىز قانداق ئويلايسىز، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە باش ئىسيانكارنىڭ مۇرىتى دەپ تونۇلغان، لېكىن ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي ماڭا سادىق بولغان گېنېرال كېنىبىل بوناپارتچىلارنىڭ قولىدا ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، جانابىي ئالىيلىرى، بىراق بۇ ھەقتە باشقا ھېچنەرسە ئېنىقلانمىدىمۇ؟

— كېنىبىل بىلەن كۆرۈشۈشنى بەلگىلىگەن ئادەمنىڭ ئىزى تېپىلدى.

— ئىزى تېپىلدى؟ — دەپ تەكرارلىدى ۋىلفور.

— شۇنداق، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشتىكى بەلگىلىرى ئېنىقلاندى. بۇ، 50 ياكى 52 ياشلاردىكى ئادەم بولۇپ، قارا چاچلىق، قارا كۆزلۈك، قاشلىرى قويۇق. بۇرۇتى بار، ئۇچىسىدا كۆك رەڭلىك كالتا چاپان بولۇپ، ھەممە تۈگمىلىرى ئېتىلگەن، كۆكرىكىدىكى ئىزمىسىدە «شەرەپلىك قوشۇن» مېدالىنىڭ لېنتىسى قادالغان. تونۇگۈن مۇشۇ بەلگىلەرنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ماس كېلىدىغان بىر ئادەم مەخپىي ساقچىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغانىدى، بىراق ئۇ كوك - ئېرون كوچىسى بىلەن ژۇسيېن كوچىسىنىڭ قوشۇلغان جايىدىكى دوقمۇشتا يوقىلىپ كەتتى.

ۋىلفور ۋەزىرنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېتىپ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە مەھكەم تايىنىۋالدى، ئۇنىڭ تىزلىرى تىترەپ كەتتى،



لېكىن، ناتونۇش كىشى ساقچىلاردىن قۇتۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، يېنىكلىشىپ قالغاندەك بىر تىنىۋالدى.

— بۇ ئادەمنى جەزمەن تېپىپ چىقىڭلار، — دېدى پادىشاھ ساقچى ۋەزىرىگە، — چۈنكى، بىزگە ھازىر شۇنچە ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان گېنېرال كېنىبىل قاتىللارنىڭ قولىدا قۇربان بولدى. ئۇنى ئۆلتۈرگۈچىلەر مەيلى بوناپارتچىلار بولسۇن، مەيلى كىملا بولسۇن، قاتىللارنىڭ شەپقەتسىزلىك بىلەن جازاغا تارتىلىشىنى خالايمەن.

پادىشاھنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ۋىلفورنى شۇنداق دەھشەتكە سالدىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق سوغۇق قانلىقىنى ئىشقا سېلىپ يۈرەكزادىلىكىنى ئاران يوشۇرۇپ قالالىدى.

— ئەجەبا، — دېدى يەنە پادىشاھ ئەپسۇسلانغان ھالدا، — ساقچىلار «ئادەم ئۆلتۈرۈلدى» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزسىلا، دەيدىغان گەپنىڭ ھەممىسىنى دەپ بولدۇق، دەپ ئويلىسا كېرەك. شۇنداقلا «گۇناھكارلارنىڭ ئىزى تېپىلدى» دېسىلا، ھەممە ئىش پۈتتى دەپ ھېسابلىسا كېرەك.

— بۇ جەھەتتە جانابىي ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

— ماقۇل، كېيىنكى ئىشلارنى كېيىن كۆرەرمىز. ۋاقتىڭىزنى ئالمايمەن، بارون. ۋىلفور ئەپەندى، سىز سەپەردىن ئۇستىدىن كېلىپ چارچاپ قالدىڭىز، قايتىپ بېرىپ ئارام ئېلىڭ. سىز ئاتىڭىزنىڭ ئۆيىگە چۈشكەنسىز؟

ۋىلفورنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

— يوقسۇ، جانابىي ئالىيلىرى، مەن تۇرنون كوچىسىدىكى «مادرىد» مېھمانخانىسىغا چۈشتۈم.

— ئەمىسە، بۇ يەرگە كەلگۈچە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگەنسىز؟

— جانابىي ئالىيلىرى، مەن گېلىشىم بىلەنلا گېرتسوگە بىلاكاسنىڭ يېنىغا باردىم.

— ئۇنداق بولسا، ئەمدى كۆرۈشەرسىز؟

— كۆرۈشمەكچى ئەمەسمەن، جانابىي ئالىيلىرى.

— ھە، راست، — دېدى پادىشاھ. ئۇنىڭ مەنىلىك كۈلۈپ قويۇشىدىن بۇ سوئاللارنىڭ قەستەن بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. — سىزنىڭ نۇئارتىيې ئەپەندى بىلەن چىقىشالمايدىغانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۇمۇ سىزنىڭ مېنىڭ تەختىمگە كۆرسەتكەن بىر پىداكارلىقىڭىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن سىزگە مۇكاپات تەقدىم قىلىشىم كېرەك.

— جانابىي ئالىيلىرىنىڭ مېھىر - شەپقىتى مېنىڭ ھەممە ئارزۇ - ئارمانلىرىمنى بېسىپ چۈشىدىغان ئالىي مۇكاپات.

— قانداقلا بولمىسۇن، بىز سىزنى ئۇنتۇمايمىز، خاتىرجەم بولۇڭ. ئەمدى ھازىرچە (پادىشاھ، كۆكرەكلىك كالتا چاپىنىنىڭ كۆكرەك قىسمىغا تاقالغان «شەرەپلىك قوشۇن» كرېستىنى چىقىرىۋېلىپ ۋىلفورغا بەردى، بۇ كرېست ھەممىشە «ئىلاھىيە كارمىل» يۇلتۇزى ۋە «مۇقەددەس لازار» مېدالىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىگە، «مۇقەددەس لىيۇدوۋىك» كرېستىنىڭ يېنىغا قاداقلىق تۇراتتى)، مانا بۇ كرېستنى ئېلىپ تۇرۇڭ.

— جانابىي ئالىيلىرى خاتالىشىپ قالدىمىكىن، — دېدى ۋىلفور، — بۇ ئوفىتسېرلىق كرېستىغۇ.

— مەيلى، ئېلىۋېرىڭ، باشقا مېدال كەلتۈرۈلگۈچە مېنىڭ ۋاقتىم يېتىشمەيدۇ. بىلاكاس، سىز ۋىلفور ئەپەندىگە مۇكاپاتىنىڭ گۇۋاھنامىسىنى يازدۇرۇپ بېرىڭ.

غۇرۇرلۇق سۆيۈنۈشتىن ۋىلفورنىڭ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش تولدى. ئۇ كرېستنى قولىغا ئالدى - دە، سۆيۈپ قويدى.



— جانابىي ئالىيلىرىنىڭ ماڭا يەنە قانداق ئەمرى - كالامى بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى ۋىلفور.

— بېرىپ ئارام ئېلىڭ. يادىڭىزدا بولسۇنكى، سىز پارىژدا ماڭا بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلمىسىڭىزمۇ، مارسېلدا چوڭ خىزمەت كۆرسىتەلەيسىز.

— جانابىي ئالىيلىرى، — دېدى ۋىلفور تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، — مەن يەنە بىر سائەتتىن كېيىن پارىژدىن قايتىمەن.

— يول بولسۇن، — دېدى پادىشاھ، — قاچانكى مەن سىزنى ئۇنتۇپ قالغۇدەك بولسام (پادىشاھلار ئۇنتۇغاق كېلىدۇ)، قورقماستىن ئۆزىڭىزنى ئەسلىتىپ قويۇڭ... بارون، سىز مېنىڭ يېنىمغا ھەربىي ئىشلار ۋەزىرىنى چاقىرىپ قويۇڭ. بىلاكاس، سىز يەنە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ.

— ھە، تەقسىر، — دېدى ساقچى ۋەزىرى، ئۇلار ئىككىسى تيۇئىلرى سارىيىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، — ئىشىڭىز ئوڭدىن كەلدى، ئەمدى سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز كاپالەتكە ئىگە بولدى.

— قاچانغىچە شۇنداق بولار؟ — دەپ پىچىرلىدى ۋىلفور ۋە ئامېتى كەتكەن ۋەزىر بىلەن خوشلىشىپ، ئۇياق - بۇياققا قاراپ كىرا ھارۋىسىنى كۈتۈپ تۇردى. بۇ ئارىدا بىر يېنىك ھارۋا ئۆتۈپ قالدى. ۋىلفور ھارۋىكەشنى قىچقاردى، ھارۋا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ۋىلفور ھارۋىكەشكە ئۆزىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتتى ۋە ھارۋىنىڭ ئىچىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇردى - دە، شېرىن خىياللارغا بېرىلىپ كەتتى.

ئون مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئۆز ياتىقىغا يېتىپ كەلدى ۋە يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن ئاتلارنى قوشۇپ تەييارلاشنى جېكىلەپ، تائام كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئۇ ئەمدىلا شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا كىمدۇ بىرى ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنى ئىشەنچلىك ھالدا جىرىڭلاتتى. خىزمەتكار ئىشىكنى ئېچىش ئۈ-

چۈن چىقىپ كەتتى. ۋىلفور ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى.

«مېنىڭ پارىژغا كەلگەنلىكىمنى كىمنىڭ بىلىشى مۇمكىن؟» دەپ ئويلىدى خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى.

خىزمەتكار قايتىپ كىردى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى ۋىلفور، — كىم قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپتۇ؟ مېنى سورىغان كىم؟

— بىر ناتونۇش جاناب، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېيتقىلى ئۇنىمىدى.

— نېمە؟ ئىسمىنى ئېيتقىلى ئۇنىمىدى؟ ئۇنىڭ ماڭا نېمە ئىشى بار ئىكەن؟

— سىز بىلەن سۆزلەشمەكچىكەن.

— مەن بىلەن؟

— ھەئە.

— ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى بىلەمدىكەن؟

— ھەئە.

— كۆرۈنۈشىدىن قانداقراق ئادەم ئىكەن؟

— 50 ياشلاردا بار.

— پاكارمۇ، ئېگىزمۇ؟

— بوي - تۇرقى سىزدەك كېلىدۇ.

— بۇغداي ئۆڭلۈكمۇ، ئاق - سېرىقمۇ؟

— بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا چاچلىق، قارا كۆزلۈك، قارا قاشلىق.

— قانداق كىيىنگەن؟ — دەپ چۆچۈپ سورىدى ۋىلفور، — ئۇنىڭ كىيىنگەن كىيىمى قانداق؟

— كۆك رەڭلىك كالتا چاپان كىيگەن، ھەممە تۈگمىلىرى ئېتىلگەن، ئىزمىسىدە «شەرەپلىك قوشۇن» كرېستىنىڭ لېنتىسى بار.



— بۇ شۇنىڭ ئۆزى، — دەپ پىچىرلىدى ۋىلفور تاتىرىپ كېتىپ.

— بارىكاللا! — دېدى. بىز مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم سىرتقى قىياپىتىنى تەسۋىرلىگەن شۇ كىشى ئىشىكتىن كىرىپ كېلىپ، — نېمە ئانچە تۈگمەيدىغان گەپ! ياكى مارسېلدا ئوغۇللار ئاتىلىرىنى مۇشۇنداق تاشقىرىدا ساقلىتىپ تۇرغۇزىدىغان ئادەت بارمۇ؟

— دادا! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى ۋىلفور، — مەن خاتالاشماپتىكەنمەن - دە ... مەنمۇ سىزنى كەلدى دەپلا ئويلىغانىدىم.

— مېنى كەلدى دەپ ئويلىغان بولساڭ، — دېدى مېھمان، ھاسا تايىقىنى بۇلۇڭغا تىكلەپ قويۇپ ۋە بېشىدىن شلەپىسىنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە قويۇپ، — ئۇنداقتا، ساڭا ئېيتىپ قويايكى، مېنى تاشقىرىدا ساقلىتىپ قويغىنىڭ ئانچە ئەدەبلىك ئىش بولمىدى.

— سىز چىقىپ كېتىڭ، ژېرمېن. — دېدى ۋىلفور.

خىزمەتكار ھەيران بولغان ھالدا چىقىپ كەتتى.

## ئون ئىككىنچى باب

## ئاتا ۋە ئوغۇل

نوئارتيې ئەپەندى (بۇ ھەقىقەتەن شۇ كىشى ئىدى) خىزمەتكار چىقىپ كەتكۈچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئېھتىمال خىزمەتكارنىڭ تاشقىرىقى ئۆيدە ئوغرىلىقچە گەپ تىڭشاپ تۇرۇشىدىن ئەنسىرىدى بولغاي، ئىشىكنى قايتىدىن ئېچىپ باقتى. ئۇنىڭ ئېھتىياتچانلىقى ئورۇنلۇق بولۇپ

چىقتى: ژېرمېننىڭ ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن كەينىگە داجىغانلىقى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى نابۇت قىلغان ئىللەتلەردىن بۇ خىزمەتكارمۇ خالى ئەمەس ئىدى. نۇئارتىيې ئەپەندى بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئالدىنقى بۆلمىنىڭ ئىشىكىنى ئۆز قولى بىلەن بېكىتتى، قايتىپ كىرىپ ياتاقخانا ئىشىكىنىڭمۇ ئىلمىكىنى ئىلدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا تەئەججۇپ بىلەن قاراپ قالغان ۋىلفورغا قولىنى بەردى.

— ھە، ژېرار، — دېدى ئۇ ئوغلىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىنىڭ چىن مەنىسىگە يېتىش قىيىن ئىدى، — سېنى مەن بىلەن كۆرۈشكەنلىكىڭگە خۇرسەن بولىدى دېيىشكە بولمايدۇ.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز دادا، مەن ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇم. بىراق مەن سىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭىزنى ئويلاپ يېتەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن بىرئاز ئەجەبلىنىپ قالدىم.

— بەللى، ئەزىزىم، — دېدى نۇئارتىيې ئەپەندى كرېسلوغا ئولتۇرۇۋېلىپ، — بۇ گېپىڭنى مەن ئۆزۈڭگە ياندۇرۇشۇم مۇمكىن. بۇ قانداق بولغىنى؟ سەن ماڭا 28-فېۋرال كۈنى مارسېلدا ئۆزۈڭنىڭ نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىكەنلىكىنى يازغانىكەنسەن، ئەمدى 3-مارت كۈنى پارىژدا يۈرىسەنغۇ؟

— ھە، مەن بۇ يەرگە كەلدىم، — دېدى ۋىلفور نۇئارتىيې ئەپەندىگە يېقىنلاپ كېلىپ، — لېكىن، سىز مېنى باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، مەن بۇ يەرگە سىزنى دەپ كەلدىم. مېنىڭ بۇ كېلىشىم بەلكىم سىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشى مۇمكىن.

— مۇنداق دە! — دېدى نۇئارتىيې ئەپەندى، كرېسلودا كەڭ - كۇشادە كېرىلىپ ئولتۇرۇپ، — قېنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىنە مۇپەتتىش ئەپەندىم، بۇ قىزىق گەپ ئىكەن،



— سىز سېن - ژاك كوچىسىدىكى قانداقتۇ بىر بوناپارتچىلارنىڭ كۇلۇبى توغرۇلۇق ئاڭلىغانمۇ؟

— 53 - نومۇرلۇق ئۆيدىكىمۇ؟ ھەئە، مەن شۇ كۇلۇبنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

— دادا، سىزنىڭ بىغەملىكىڭىز مېنى قورقۇتىۋاتىدۇ.

— نېمە دېمەكچى بولىسەن، ئەزىزىم؟ ئۆز ۋاقتىدا مونتانيارلار① تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، بېدە باسقان ھارۋىغا يوشۇرۇنۇپ پارىژدىن قاچقان، روبىسپېرنىڭ ئىتلىرىدىن يوشۇرۇنۇپ بوردوس تۈزلەڭلىكلىرىدە سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئادەم ھەر قانداق ئىشقا كۆنۈك. ھە، قېنى، سۆزۈڭنى داۋام قىلغىن، سېن - ژاك كوچىسىدىكى ئۇ كۇلۇب نېمە ئىش قىلىپتۇ؟

— ئۇلار گېنېرال كېنېلنى چاقىرىشىپتۇ، گېنېرال كېنېل كەچ سائەت توققۇزدا ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە سېنا دەرياسىدا ئۇنىڭ جەسىدى تېپىلىپتۇ.

— بۇ قىزىقارلىق ۋەقەنى ساڭا كىم سۆزلەپ بەردى؟

— شەخسەن پادىشاھ ئۆزى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى نۇئارتىيې، — سېنىڭ بۇ ھېكايەڭگە جاۋابەن بىر يېڭىلىقنى سۆزلەپ بېرەي.

— بۇ يېڭىلىقنى مەن ئاللىقاچان بىلسەم كېرەك.

— دېمەك، سەن ئىمپېراتور ئالىيلىرىنىڭ قۇرۇقلۇققا چىققانلىقىنى بىلىدىكەنسەن - دە؟

— ئاستاراق سۆزلەڭ، دادا. سىزدىن ئۆتۈنۈپ سوراپ قالاي، ئۆزىڭىزنىمۇ ئاياڭ، مېنىمۇ ئاياڭ. ھەئە، بۇ يېڭىلىقتىن

① فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدىكى رادىكاللار پارتىيەسىنىڭ ئەزالىرى.

مېنىڭ خەۋىرىم بار. بۇنى مەن ھەتتا سىزدىن بۇرۇن ئۇقۇپ بولغان. مەن ئۈچ كۈن ئۇدا ئات چاپتۇرۇپ مارسېلدىن پارىژغا كەلدىم. مېڭەمنى كۆيدۈرۈپ كېتىۋاتقان پىكرى - خىياللىرىمنى 200 لىي مۇساپىدىن ھالقىتىپ ئۆتكۈزۈپ، ئۆزۈمنىڭ ئالدىمدا! كەتكۈزەلمىگىنىمگە يول بويى تىت - تىت بولۇپ كەلدىم.

— ئۈچ كۈن؟ سەن نېمە دەۋاتىسەن؟ ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا ئىمپېراتور تېخى قورۇقلۇقتا چىقمىغان.

— توغرا، لېكىن مەن ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى بىلەتتىم.

— قانداق قىلىپ بىلىۋالغانىدىڭ؟

— ئېلبا ئارىلىدىن سىزنىڭ نامىڭىزغا قارىتىپ يېزىلغان خەتتىن بىلدىم.

— ماڭا يېزىلغان خەت؟

— ھەئە، سىزگە. مەن ئۇ خەتنى ئالاقىچىدىن قولغا چۈشۈردۈم. ئەگەر شۇ خەت باشقا بىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسا، بەلكىم سىز بۇ چاقىچە ئېتىپ تاشلانغان بولاتتىڭىز.

ۋىلفورنىڭ ئاتىسى كۈلۈپ كەتتى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، — دېدى ئۇ، — بۇربونلار ئىمپېراتوردىن مەسىلىنى تېز ھەل قىلىشنى ئۆگىنىۋاپتۇ - دە... ئېتىپ تاشلانغان بولاتتىمما! ئەزىزىم، ئۇنداق ئالدىراپ كەتمە! ھە، شۇ خەت قېنى؟ مەن سېنى ئوبدان بىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ خەت باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىدى دەپ ئىشىنىمەن.

— مەن ئۇ خەتنىڭ بىر پۇرجىكىنىمۇ قالدۇرماي كۆيدۈرۈۋەتتىم. چۈنكى بۇ خەت سىزنى ھالاكەتكە مەھكۇم قىلىدىغان ھۆكۈمنامىغا باراۋەر.

— شۇنداقلا، ئۆزۈڭنىڭ مەنسىپىڭدىن ئايرىلغانغا باراۋەر، — سوغۇق جاۋاب بەردى نوئارتىيې، — ھە، توغرا



گەپ قىلدىڭ لېكىن، سەن مېنى قوغداۋاتقان يەردە مەن ئەندىشە قىلمىساممۇ بولىدۇ.

— بولا ئەمەس، مەن سىزنى قۇتقۇزۇپ كېلىۋاتىمەن.

— شۇنداقمۇ؟ بۇ قىزىق گەپ ئىكەن! ئېنىقراق سۆزلەپ بەرسەڭ.

— سىن - ۋاك كوچىسىدىكى كۇلۇب ھەققىدە بولغان گېپىمىزگە قايتايلى.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ كۇلۇب ساقچى جانابلىرىنى خېلىلا بىئارام قىلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئوبدانراق ئىزدەپ تېپىشمايدۇ؟ ئاللىقاچان تېپىشى كېرەك ئىدىغۇ!

— تېخى تاپالمىغان بولسىمۇ، يىپ ئۇچى ئېنىقلانغان.

— بۇ بىر ئادەتتىكى ئايلانغان سۆز. مەن بىلىمەن، ساقچىلار ئامالسىز قالغاندا «يىپ ئۇچىنى تاپتۇق» دېيىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى خاتىرجەم بولۇپ كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. ئاخىرى، ساقچىلار پېشىنى ساڭگىلىتىپ كېلىپ «يىپ ئۇچىنى يوقىتىپ قويدۇق» دېيىشىدۇ.

— شۇنداق، ئەمما جەسەت تېپىلدى، گېنېرال كېنېل ئۆلتۈرۈلگەن، ۋەھالەنكى، دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە بۇ قاتىللىق دەپ ئاتىلىدۇ.

— قاتىللىق؟ گېنېرال قاتىللىقنىڭ قۇربانى بولغانلىقىغا ھېچقانداق دەلىل يوق. ھاياتتىن ۋاز كېچىپ ئۆزىنى سۇغا تاشلىۋالغان ياكى سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن چۆكۈپ كەتكەن ئادەملەر سېنا دەرياسىدا ھەر كۈنى تېپىلىپ تۇرىدۇ.

— ئۆزىڭىزگە ئايان، گېنېرال ھاياتتىن ۋاز كېچىپ ئۆزىنى سۇغا تاشلىمىدى، يانۋار كۈنلىرى ھېچقانداق ئادەم سېناغا چۆمۈلۈشكە چۈشمەيدۇ. ياق، ياق، بۇنداق گەپلەر بىلەن كىشى-

لەرنى ئىشەندۈرمەن دەپ ئويلىمالىڭ. بۇ قېتىمقى ئۆلۈم بىر قاتىللىق ۋەقەسى.

— كىم بۇنى قاتىللىق دەپ ئاتايدىكەن؟

— پادىشاھنىڭ ئۆزى.

— پادىشاھ؟ مەن تېخى ئۇنى پەيلاسوپ ۋە سىياسەتتە قاتىللىقنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئەزىزىم، ئۆزۈڭ بىلىسەن، سىياسەتتە ئادەملەر مەۋجۇت ئەمەس. بەلكى ئىدىيىلەر مەۋجۇت؛ ھېسسىياتلار مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى مەنپەئەتلەر مەۋجۇت. سىياسەتتە ئادەم ئۆلتۈرۈش دېگەن گەپ بولماستىن، بەلكى توسالغۇنى يوق قىلىش دېگەن بار، خالاس. بىز ئىشنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلىشنى خالامسەن؟ مەن سۆزلەپ بېرەي. بىز گېنېرال كېنېلگە ئىشىنىشكە بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدۇق، ئۇنى بىزگە ئېلبا ئارىلىدىكىلەر تونۇشتۇرغانىدى. ئارىمىزدىن بىرەيلەن بېرىپ، ئۇنى سېن - ژاك كوچىسىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغان يىغىنغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا باردى. يىغىندىكىلەر ئۇنىڭغا پۈتۈن پىلاننى مەلۇم قىلىپ، ئېلبا ئارىلىدىن كېتىش ۋە فرانسىيە قۇرۇقلۇقىغا چىقىش ھەققىدىكى گەپلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ھەممە گەپنى ئاڭلاپ، ھەممىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقنىڭ تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. باشقىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى، ئۇنىڭدىن مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويماسلىققا قەسەم ئىچىشنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇ قەسەم ئىچتى. لېكىن شۇنداق مۇجمەللىك بىلەن خۇشياقماستىن گەپ قىلدىكى، ياراتقان ئىگىسىنىڭ نامىنى بۇنداق سۇيىئىستېمال قىلمىسا ياخشى بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بىمالال قايتىپ كېتىشكە ئىجازەت قىلىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆيگە قايتىپ



بارماپتۇ. بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ بەلكىم ئۇ يولدىن ئازغىشىپ كەتكەندۇر. قاتىللىقمىش! سەن مېنى ھەيران قالدۇرۇۋاتىسەن، ۋىلفور. خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ تۇرۇپ مۇشۇنداق ئاساسسىز دەلىللەر بىلەن ئەيىبنامە تۈزمەكچى بولۇۋاتىسەن. سەن پادىشاھنىڭ سادىق مۇرتى بولغانلىقىڭ ئۈچۈن، قاچانكى بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدىن بىرەرسىنى ئۇ دۇنياغا كەتكۈزۈۋەتسەڭ، مەن ھەرگىزمۇ ساڭا «ئوغلۇم، سەن قاتىللىق قىلدىڭ» دېمەيمەن. ياق، مەن ساڭا «ناھايىتى ياخشى، مۆھتەرەم ئەپەندى. سىز غەلىبە قازاندىڭىز، ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى» دەيمەن.

— ئېھتىيات قىلىڭ، دادا، نۆۋەت بىزگە كەلگەندە شەپقەتسىزلىك بىلەن ئىش قىلىمىز.

— گېپىڭنى چۈشەنمىدىم.

— سىز باش ئىسيانكارنى قايتىپ كېلىدۇ دەپ مۆلچەرلەۋاتىسىزغۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— سىز خاتالىشىۋاتىسىز، ئۇ فرانسىيە زېمىنىگە ئون لىي ئىچكىرىلەپ كىرمەي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ ئىزىنى تېپىشىدۇ ۋە ئارقىدىن قوغلاپ بېرىپ خۇددى ياۋايى ھايۋاننى ئىتقا تالاتقاندەك قىلىپ قولغا چۈشۈرىشىدۇ.

— قەدىرلىكىم، ئىمپېراتور ھازىر گرېنوبىل يولىدا كېلىۋاتىدۇ، 10 - ياكى 12 - چېسلالاردا ئۇ لىئوندا بولىدۇ ۋە 20 - ياكى 25 - كۈنلىرى پارىژغا كىرىپ كېلىدۇ.

— خەلق قوزغىلىپ چىقىدۇ ...

— خەلق ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن قوزغىلىپ چىقىدۇ.

— ئۇنىڭ بىر ئوچۇملا ئادىمى بار، لېكىن ئۇنىڭغا قارشى پۈتۈن - پۈتۈن ئارمىيەلەر چىقىرىلىدۇ.

بولارئىدى، ئەمما، كۆپ يىللاردىن بۇيان تارتقان جەبىر-جاپالىرى ۋە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە يارىشا ئىمپېراتورنىڭ ساراي ئەھلى ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىك ھوقۇقدارلاردىن بولۇپ قالغان نۇئارتىيې ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ قوغداپ قالدى. 1793 - يىلدىكى ژىروندىچى ۋە 1806 - يىلدىكى كېڭەش ئەزاسى ئۆز لەۋزىگە ئەمەل قىلىپ، تېخى يېقىندىلا ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان ئوغلىغا ئەمدى ياردەم كۆرسەتتى.

ئىمپېرىيىنىڭ قايتىدىن تىكلەنگەن مەزگىلىدە (ئومۇمەن، بۇ ئىمپېرىيىنىڭ 2 - قېتىم ئاغدۇرۇلۇشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش قىيىن ئەمەس ئىدى) ۋىلفور بارلىق كۈچىنى، دانتېس ئاشكارىلاپ قويۇشقا تاس قالغان مەخپىيەتلىكنى يوشۇرۇشقا سەرپ قىلدى.

خانلىق مۇپەتتىشىنىڭ ئۆزى بولسا، ئۇنىڭ بوناپارتىزمغا بولغان سادىقلىقى گۇمانلىق بولغاچقا خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

ئىمپېراتور ھاكىمىيىتى ئەمدىلا تىكلىنىشى بىلەن، يەنى ليۇدوۋىك XVIII تاشلاپ قاچقان تىيۇئىلرى سارىيىغا ناپالېئون ئەمدىلا ئورۇنلىشىپ بىز كىتابخانلارنى ۋىلفورغا ئەگەشتۈرۈپ باشلاپ كىرگەن ھېلىقى ئىشخانىدىن (ئىمپېراتور بۇ ئىشخانىغا كىرگەندە ليۇدوۋىك XVIIIنىڭ ئېچىپ قويۇلغان ۋە ئىچى يېرىملاشقان تاماكا قۇتىسىنى كۆرگەن) ئۆزىنىڭ نۇرغۇنلىغان ۋە خىلمۇخىل بۇيرۇقلىرىنى تارقىتىشقا باشلىشى بىلەن، مارسېلدا يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە تىرىشچانلىقلىرىغا باقماي، جەنۇب تەرەپتە ھەمىشە ئوت ئېلىشقا تەييار تۇرىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئۆچ ئېلىش پاراكەندىچىلىكى ئەۋج ئېلىپ كەتتى. مەسىلە، ئۆيلىرىگە مۆكۈنۈۋالغان پادىشاھ تەرەپدارلىرىغا ۋارقىراش ۋە تالا - تۈزگە چىقىشقا پېتىنغانلارنى ھاقارەتلەش



بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىق خەۋپىنى تۇغدۇرۇپ تۇراتتى.

ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن، شەھەر كەمبەغەللىرى تائىپىسىدىن كېلىپ چىققان مۆھتەرەم خوجايىن موررېل گەرچە چوڭ ھوقۇقدار بولالمىغان بولسىمۇ (چۈنكى، موررېل ئەپەندى ئۇزاق ۋە جاپالىق تىجارەتچىلىك يولىنى بېسىپ ئۆتۈپ جەمئىيەتتە ئورۇن تۇتقان ھەممە كىشىلەرگە ئوخشاش ئېھتىياتچان ۋە بىرئاز قورقۇنچاقراق ئادەم ئىدى) ۋە گەرچە تېزلىك بىلەن ئۆسۈپ كېتىۋاتقان قەتئىي ئىرادىلىك بوناپارتچىلار ئۇنىڭ مۆتىدىللىكىگە تەنە قىلىشىۋاتقان بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئەرز قىلالىغۇدەك كۈچكە ئىگە بولغانىدى. ئاسانلا قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئەرزى دانتېسنىڭ مەسىلىسىگە تېگىشلىك ئىدى.

ۋىلفور ئۆزىنىڭ باشلىقى يىقىلغاندىن كېيىنمۇ بۇرۇنقى خىزمەت ئورنىدا قالدى. ئۇنىڭ توي ئىشى بۇزۇلمىغان بولسىمۇ، قولايلىقراق ۋاقىتنى كۆزلەپ كېيىنگە سۈرۈلگەنىدى. ئەگەر ئىمپېراتور داۋاملىق ئۆز تەختىنى ساقلاپ قالىدىغان بولسا، ۋىلفورغا باشقا يەردىن لايىق ئىزدەشكە توغرا كېلەتتى ۋە نۇئارتىيېنىڭ خاھىشى بويىچە ئۆيلىنىش دۇرۇس بولاتتى. ئەكسىچە، ليۇدوۋىك XVIII قايتىدىن تەختكە چىقىپ قالسا، ماركىز سېن - مېراننىڭ، شۇنداقلا ۋىلفورنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرى بۇرۇنقىدىنمۇ ئۆسۈپ كېتىدۇ، ئۇ چاغدا بۇ نىكاھ ئەڭ مۇۋاپىق بولۇپ قالىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى موررېل ئەپەندىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇنىڭغا خەۋەر قىلىشقان ۋاقىتتا خانلىق مۇپەتتىشىنىڭ ياردەمچىسى مارسېلنىڭ سوت ئىشلىرى ساھەسىدە بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلەپ تۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىرى بولغان بولسا، موررېلنىڭ ئالدىغا ئۆزى ئالدىراپ - تېنەپ چىقىپ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەپ قويغان بولار

— ئارمىيە ئۇنىڭغا ئالقىش ياغدۇرىتتى، پايتەختكە ئۆزلىرى باشلاپ كېلىدۇ. سەن راستىنلا بىر بالا ئىكەنسەن، ژىرار. قۇرۇقلۇققا چىقىش ھەرىكىتى ئەمەلگە ئېشىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندە تېلېگراف ئارقىلىق «باش ئىسيانكار بىر ئوچۇم ئادەم بىلەن كاننادا قۇرۇقلۇققا چىقتى، ئۇنىڭغا قوغلاپ زەربە بېرىشكە قوشۇن چىقىرىلدى» دەپ بېرىلگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەممە ئىشنى بىلىپ بولدۇم دەپ ئويلاۋاتىسەن. بىراق، ئۇ ھازىر قەيەردە؟ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ بۇ ھەقتە ھېچنېمىنى بىلمەيسەن. سەن پەقەت قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن قوشۇن چىقىرىلغانلىقىنىلا بىلىسەن. شۇ تەرىقىدە ئۇلار بىر پاي ئوق چىقارماستىن تاكى پارىژغىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋېرىدۇ.

— گرېنوبىل بىلەن لىئون پادىشاھقا سادىق شەھەرلەر. بۇ شەھەرلەر گويا يېمىرىلمەس سېپىل بولۇپ ئۇنىڭ يولىنى توسىدۇ.

— گرېنوبىل شاد-خۇراملىق ئىچىدە دەرۋازىلىرىنى كەڭ ئېچىپ ئۇنى قارشى ئالىدۇ، لىئون قوزغىلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا قوشۇلىدۇ. سۆزۈمگە ئىشەنگىن، بىز ۋەزىيەتتىن سىلەرگە قارىغاندا تولۇقراق خەۋەردار. بىزنىڭ ساقچىلىرىمىز سىلەرنىڭكىدىن ئەۋزەل. بۇنىڭغا ئىسپات شۇكى، سەن ئۆزۈڭنىڭ كەلگەنلىكىڭنى مەندىن يوشۇرماقچى بولغانىدىڭ، لېكىن سەن چازىدىن ئۆتۈپ يېرىم سائەتتىن كېيىنلا مەن خەۋەر تاپتىم. سەن ئادرېسىڭنى بىر ھارۋىكەشكىلا ئېيتقانىدىڭ، لېكىن ئۆزۈڭ كۆرگەندەك، بۇمۇ ماڭا ئايان بولدى ۋە سەن ئەمدىلا تائامغا ئولتۇراي دەپ تۇرغاندا مەن كىرىپ كەلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن، خىزمەتكارنى چاقىرىپ يەنە بىر كىشىلىك قاچا ئەكىرىشنى بۇيرۇ، مەن سەن بىلەن بىرلىكتە تاماق يەپ قايتاي.



— ھەقىقەتەن، — دېدى ۋىلفور ئاتىسىغا ھەيرانلىقتا قاراپ، — سىز ھەممىسىدىن خەۋەردار ئىكەنسىز.

— بۇنىڭ سەۋەبى بەك ئاددىي. سىلەر، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغۇچىلار پەقەت پۇلغا سېتىۋېلىشقا بولىدىغان ۋاسىتىلەردىنلا پايدىلىنالايسىلەر. بىز، ھاكىمىيەتكە چىقىش ئالدىدا تۇرغۇچىلار بولساق، پىداكارلىق ۋە ساداقەتلىكنىڭ ھەممە ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنالايمىز.

— ساداقەتلىك؟ — دەپ تەكرارلىدى ۋىلفور كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، ساداقەتلىك. كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدۋارلىق بىلەن سۇغۇرۇلغان ھوقۇق تالىشىشنى كىشىلەر ئەدەب يۈزىسىدىن شۇنداق دەپ ئاتىشىدۇ.

ۋىلفورنىڭ ئاتىسى ئوغلىنىڭ خىزمەتكارنى چاقىرماي ۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزى قوڭغۇراققا قول ئۇزاتتى. ۋىلفور ئۇنى توختىتىۋالدى.

— توختاپ تۇرۇڭ، دادا، يەنە بىر گېپىم بار.

— سۆزلە.

— بىزنىڭ ساقچىلىرىمىز ھەر قانچە ياراماس بولسىمۇ، بىر ئەجەللىك مەخپىيەتلىكنى بىلىۋالدى.

— قانداق مەخپىيەتلىكنى؟

— گېنېرال كېنېل يوقاپ كەتكەن كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭ ئۆيىگە چاقىرىپ بارغان كىشىلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنىڭ بەلگىلىرىنى بىلىۋالدى.

— مۇنداق دېگىن! راستىنلا بىلەمدىكەن؟ ئۇ قانداق بەلگىلەر ئىكەن؟

— بۇغداي ئۆڭلۈك، قارا چاچلىق، چېكە ساقاللىق، قارا كۆزلۈك، ھەممە تۈگمىلىرى ئېتىلگەن، كۆك رەڭلىك كالتا

چاپان، «شەرەپلىك قوشۇن» مېدالىنىڭ لېنتىسى، كەڭ شىلەپە ۋە قومۇش شەكلىدىكى هاسا.

— پاھ، ساقچىلار بۇنى بىلەمدىكەن؟ — دېدى نۇئارتىيې، — ئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن ئۇلار شۇ كىشىنى تۇتۇۋالماپتۇ؟

— چۈنكى ئۇ تۈنۈگۈنمۇ ياكى ئۈچ كۈن ئىلگىرىمۇ، ئىش قىلىپ بىر كۈنى كوك-ئېرون كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا تۇتۇق بەرمەي قېچىپ كېتىپتۇ.

— مەن دېدىمغۇ، سىلەرنىڭ ساقچىلىرىڭلار كارغا كەلمەيدۇ.

— شۇنداقتۇر، لېكىن ئۇلار هامان بىر كۈنى ئۇ كىشىنى ئىزدەپ تېپىشى مۇمكىن.

— ئەلۋەتتە، — دېدى نۇئارتىيې ئەتراپىغا بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ چىقىپ، — ئەگەر ئۇ كىشى بۇنىڭ ئالدىنى ئالمىسا، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. بىراق، ئۇ كىشى بۇ ئىشتىن هازىر خەۋەر تاپتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ ئۆزىنىڭ چىرايىنى ۋە كىيىمىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

شۇ گەپلەرنى قىلىپ ئۇ ئورنىدىن تۇردى، چاپىنىنى ۋە گالستۇكىنى سېلىپ قويۇپ، ۋىلفورنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى تىزىپ قويۇلغان شىرەنىڭ يېنىغا كەلدى، قولىغا ئۇستۇرە ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئىككى مەڭزىنى سوپۇن بىلەن ماغزاپلىدى ۋە ساقچىلار ئۈچۈن شۇنچە مۇھىم ئەهمىيەتكە ئىگە بولغان پاش قىلغۇچى چېكە ساقاللىرىنى ئىشەنچلىك هالدا قىرىپ ئېلىۋەتتى. ۋىلفور ئۇنىڭغا هەم قورقۇنچ هەم زوقلىنىش بىلەن قاراپ قالدى.

نۇئارتىيې چېكە ساقاللىرىنى چۈشۈرۈپ بولغاندىن



كېيىن، چېچىنى باشقىچە قىلىپ ئۆزگەرتىپ تارىدى، قارا گالستۇكىنىڭ ئورنىغا ئوچۇق تۇرغان چامادانىدىن گۈللۈك گالستۇكىنى ئېلىپ بوينىغا باغلىۋالدى، ئۆزىنىڭ كۆك رەڭلىك كالتا چاپىنىنى سېلىپ تاشلاپ، ۋىلفورنىڭ خورما رەڭلىك كالتا چاپىنىنى كىيىۋالدى؛ ۋىلفورنىڭ چەتلىرى ئېگىپ قويۇلغان شىلەپىسىنى بېشىغا كىيدى-دە، ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاراپ باقتى؛ ئۆزىنىڭ هاسا تايىقىنى مەشىنىڭ كەينىدىكى بۇلۇڭغا تىكلەپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېنىككىنە بامبۇك تاياقچىسىنى قولىغا ئېلىپ بىر پىرقىرىتىپ قويدى. بۇ ئىنچىكە تاياقچە سۆلەتلىك مۇئاۋىن خانلىق مۇپەتتىشىنىڭ قەدەم تاشلاشلىرىغا ئالاهىدە بىر خىل سالاپەت بېغىشلاپ تۇراتتىكى، بۇ ئۇنىڭ مۇهىم ئالاهىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

— هە، قانداق؟ — دېدى ئۇ هاڭ-تاڭ بولۇپ قالغان ۋىلفورغا بۇرۇلۇپ، — سېنىڭچە، ئەمدى ساقچىلار مېنى تونۇيالامدۇ؟

— ياق، دادا، — دەپ غۇدۇڭشىدى ۋىلفور، — هەر هالدا، تونۇيالماس دەپ ئۈمىد قىلىمەن.

— ئەمدى، مەندىن قالغان بۇ نەرسىلەرنى سېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىڭغا قالدۇرىمەن. بۇ نەرسىلەرنى ئۆزۈڭ جايلىۋېتەرسەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ۋىلفور.

— هە، بايا ئېيتقان گېپىڭنىڭ جېنى باردەك كۆرۈنىدۇ. سەن راستىنلا مېنىڭ هاياتىمنى قوغداپ قالغاندەك تۇرىسەن. دىلغۇل بولمىغىن، سېنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭغا پات ئارىدا جاۋاب قايتۇرىمەن.

ۋىلفور بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ئىشەنمەمسەن؟

— ھەر ھالدا سىزنى خاتالىشىۋاتامدىكىن دەپ ئويلايمەن.

— سەن يەنە پادىشاھ بىلەن كۆرۈشەمسەن؟

— بەلكىم.

— ئۇنىڭ نەزەرىدە بىر دانىشمەن بولۇپ قېلىشنى خالامسەن؟

— يامان ئىشلارنى ئالدىن ھۆكۈم قىلغۇچى دانىشمەنلەر ئوردا ئىچىدە قارشى ئېلىنمايدۇ.

— شۇنداق، لېكىن قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى ئۇلار قايىل بولىدۇ. مەسىلەن، ئىككىنچى قېتىملىق تىرىلىش بولىدۇ دەيلى، ئۇ چاغدا سەن بىر ئۇلۇغ زات سۈپىتىدە داڭ چىقىرىسەن.

— ماقۇل، مەن پادىشاھقا نېمە دېيىشىم كېرەك؟

— ئۇنىڭغا شۇنداق دېگىن: «جانابىي ئالىيلىرى، فرانسىيىنىڭ ئەھۋالى، شەھەرلەرنىڭ كەيپىياتى ۋە ئارمىيىنىڭ روھىي ھالىتى ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان گەپ. سىلى ئۆزلىرى پارىژدا كورسىكانلىق قانخور دەپ ئاتايدىغان، نېۋېردا باش ئىسيانكار دەپ ئاتىلىۋاتقان ھېلىقى كىشى ھازىر لىئوندا بوناپارات، گرېنوبىلدا ئىمپېراتور دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ. سىلى ئۇنىڭغا زەربە بېرىلمەكتە، قوغلانماقتا، ئۇ قاچماقتا دەپ ئويلاۋاتىدىلا، لېكىن ئۇ بىزنىڭ قولدىن كەتكەن شۇڭقاردەك تېز ئۇچۇپ قايتىپ كەلمەكتە. سىلى ئۇنىڭ قوشۇنى ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە يەتتى، ئۇزاق يۈرۈشتە ماغدۇرىدىن كەتتى، ئەمدى تارقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ دەپ ئويلاۋاتىدىلا، لېكىن بۇ قوشۇن يۇمىلاقلىتىلغان قارغا ئوخشاش زورايماقتا. جانابىي ئالىيلىرى، بۇ يەردىن كەتسىلە، فرانسىيە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمدارىغا قالسۇن، چۈنكى ئۇ فرانسىيىنى



سېتىۋالمىغان، بەلكى جەڭ بىلەن ئالغان. كەتسىلە جانابىلىرى، مېنىڭ بۇنداق دېگەنلىكىم ئۆزلىرىنى بىرەر خەۋپ - خەتەر ئاستىدا قالدىلا دېگەنلىكىم ئەمەس: سىلىنىڭ رەقىبلىرى يېتەرلىك دەرىجىدە قۇدرەتلىك، شۇڭا ئۇ ئۆزلىرىگە شەپقەت قىلىدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مۇقەددەس ليۇدوۋىكنىڭ پۇشتىدىن بولغان كىشى، ئاركولى، مارېنگو ۋە ئائۇستېرلىتسنىڭ غالىبى بولغان كىشىگە ئۆز ھاياتى بىلەن قەرزدار بولۇپ قالسا، بۇ بىر سەتچىلىك بولىدۇ» پادىشاھقا مانا مۇشۇ گەپلەرنى ئېيتىپ قويغىن، ژىرار، ياكى، ياخشىسى، ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىگىن. ئۆزۈڭنىڭ پارىژغا كەلگەنلىكىڭنى باشقىلارغا ئۇقتۇرما، بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىڭدىن ۋە بۇ يەردە نېمە قىلغانلىقىڭدىن ئېغىز ئاچما. ئات - ھارۋاڭنى تېزرەك قوشۇپ قايتىپ كەت، ئەگەر بۇ يەرگە ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن بولساڭ، ئەمدى قانات چىقىرىپ ئۇچقاندەك قايتىپ كەت. مارسېلغا تۈن مەزگىلى بولغاندا بارغىن، ئۆيۈڭگە ئارقا ئىشىكتىن كىرىۋال - دە، ھېچقانداق يەرگە چىقماستىن ئولتۇر. ئەڭ مۇھىمى، ياۋاشلىق بىلەن ئولتۇر، چۈنكى بۇ قېتىم، سېنىڭ ئالدىڭدا قەسەم ئىچىمەنكى، بىز ئۆز دۈشمەنلىرىنى تونۇپ يەتكەن ھەقىقىي باتۇرلارچە ھەرىكەت قىلىمىز. قايتىپ كەت ئوغلۇم، قايتىپ كەت. ئاتاڭنىڭ نەسىھەتلىرى بويىچە ئىش تۇتساڭ ياكى ھېچبولمىغاندا ساڭا ياخشى نىيەتلىك دوست بولغان ئادەمنىڭ مەسلىھەتلىرىگە ئەمەل قىلساڭ كەلگۈسىدە بىز سېنىڭ خىزمەت ئورنىڭنى ساقلاپ قالىمىز، — سۆزلەپ شۇ يەرگە يەتكەندە نۇئارتيې كۈلۈپ قويدى - دە، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇنداق بولغاندا، مۇبادا بىر زامانلار كېلىپ سىياسەتنىڭ لىڭگىرتاقتاق ئويۇنىدا سەن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشسەڭ، مەن تۆۋەنگە چۈشۈپ قالسام، مېنى يەنە بىر نۆۋەت قۇتۇلدۇرۇپ قالارسەن. خەير خوش،

ۋىرار، كېلەركى نۆۋەتتە كەلگىنىگەدە مېنىڭ ئۆيۈمگە چۈشكىن، نۇئارتىيې بۇ ئېغىر سۆھبەت داۋامىدا بىرئازمۇ تەۋرەنمىگەن ئاشۇ خاتىرجەملىكى بىلەن چىقىپ كەتتى.

چىرايىدا قان قالمىغان ۋە دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالغان ۋىلفور دېرىزە تۈۋىگە ئېتىلىپ بېرىپ پەردىلەرنى قايرىۋەتتى ۋە تالاغا قاراپ كۆردىكى، ئۇنىڭ ئاتىسى، ئەلپازىدىن قارىغاندا قارا چېكە ساقاللىق ۋە كۆك چاپانلىق ئادەمنى تۇتۇش ئۈچۈن كوچىدا ساقلاپ تۇرغان ئىككى - ئۈچ گۇمانلىق شەخسنىڭ يېنىدىن تەمكىنلىك بىلەن قەدەم تاشلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتكەن ۋىلفور، ئاتىسى دوقمۇشتىن قايرىلىپ كۆزدىن غايىب بولغۇچە دېرىزىدىن نېرى كەتمەي قاراپ تۇردى. كېيىن ئۇ ئاتىسى تاشلاپ كەتكەن كۆك چاپان بىلەن قارا گالستۇكنى چامادانىنىڭ ئەڭ تەكتىگە تىقىۋەتتى، ھاسا تاياقنى سۇندۇرۇپ، پارچىلاپ مەشكە تاشلىدى، شلەپىنى پۇرلاپ ئېلىپ ئىشكاپنىڭ تۆۋەنكى تاتىمىسىغا تاشلىدى ۋە بېشىغا سەپەرلىك شەپكىسىنى كىيىپ خىزمەتكارنى چاقىردى - دە، تېگىشلىك ھەققىنى تۆلىدى، شۇندىن كېيىن ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان پەيتۇنغا سەكرەپ چىقىپ ئولتۇردى. لىئونغا كەلگەندە بوناپارتنىڭ گرېنوبىلنى ئىشغال قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە يول بويى ھۆكۈم سۈرگەن مالىماتاڭچىلىق ئىچىدە ئابرويپەرەستلىك ھېسسىياتى ۋە تۈنجى ئۇتۇقلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئۇنىڭ يۈرىكىگە سىڭىپ كىرگەن غەم - غۇسسىلەرنىڭ ئازابىدا مارسېلغا يېتىپ كەلدى.



# ئون ئۈچىنچى باپ

## يۈز كۈن

نۇئارتىيې پەيغەمبەرلەرچە سۆز قىلغانىدى، ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئالدىن ھۆكۈم قىلغىنىدەك بولۇپ چىقتى. ئىمپېراتورنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا، ۋە ئېھتىمال كېيىنچە كەتتىمۇ تەكرارلانماس ھالدا، گويا مۆجىزە كۆرسەتكەندەك رەۋىشتە ئېلبا ئارىلىدىن قايتىپ كەلگەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

ليۇدوۋىك XVIII بۇ شەددەتلىك زەربىسىنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن ئانچە - مۇنچىلا ئۇرۇنۇپ كۆردى. ئادەملەرگە ئىشەنمىگەنلىكتىن ئۇ يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگىمۇ ئىشەنچ قىلالمايتتى. ئۇنىڭ تېخى يېڭىلا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن پادىشاھلىق ھاكىمىيىتى، ياكى ئېنىقراق ئېيتقاندا، مونارخىيىلىك ھاكىمىيەت تۈپ ئاساسىدىن تەۋرىنىپ كەتتى ۋە كونا خۇراپاتلار بىلەن يېڭى ئىدىيىلەرنىڭ قالايمىقان ئارىلاشمىسىدىن قۇرۇلغان پۈتۈن بىر ھاكىم مۇتلەقلىق بىناسى ئىمپېراتورنىڭ بىر قول شىلتىشى بىلەنلا كۇكۇم - تالقان بولۇپ كەتتى. ئەمدى ۋىلفورنىڭ پادىشاھدىن ئالغان مۇكاپاتى پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەۋپلىك بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، گەرچە گېرتسوگ بىلاكاس پادىشاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە مۇكاپاتنىڭ گۇۋاھنامىسىنى ئەۋەتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۆزىگە تەقدىم قىلىنغان «شەرەپلىك قوشۇن» ئوردېنىنى ھېچكىمگە كۆرسەتمىدى.

ناپالېئون ۋىلفورنى چوقۇم خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىغان

ئىدى، لېكىن ۋىلفور ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ مول تەجرىبىگە ئىگە بولمىغان تەقدىردىمۇ، يېتەرلىك سەزگۈرلۈككە ئىگە ئىدى. ئۇ، خۇددى بۇرۇنقى پادىشاھنىڭ دەۋرىدىكىگە ئوخشاشلا موررېلنى تاشقىرىدىكى بۆلۈمدە كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئۆزىنىڭ ئىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى ئەرز قىلىپ كەلگەنلەرنى ساقلىتىش ئادىتى بولغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلدى. ئۇ تۈرلۈك ئېقىمدىكى بىرنەچچە گېزىتنى كۆرۈپ چىقىپ، چارەك سائەت ئۆتكەندىن كېيىن موررېلنى چاقىرىشنى بۇيرۇدى.

موررېل ۋىلفورنى روھىي چۈشكۈن ھالەتتە كۆرىمەن دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ئايان بولدىكى، ئۇ خۇددى بىر يېرىم ئاي بۇرۇنقى ۋاقىتتىقا ئوخشاش ئېغىر-بېسىق، سۈرلۈك بولۇپ، مۇئامىلىسى ئەدەبلىك، ئەمما سوغۇق ئىدى. بۇنداق سوغۇق مۇئامىلە، مەرتىۋىلىك كىشىلەرنى ئاددىي پۇقرالاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئەڭ زور توسۇقنى شەكىللەندۈرىدۇ. موررېل بۇ يەرگە كېلىشتە، ۋىلفور ئۇنى كۆرۈپ تىترەپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئىش ئۇستىلىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسىنى كۆرگەندە ئۇ ئۆزى تەمتىرەپ قېلىپ تىترەپ كەتتى. موررېل كىرىپ كېلىپ بوسۇغىدا توختاپ قالدى. ۋىلفور گويا ئۇنى تونۇيالمىغاندەك قىلىپ قاراپ قويدى. مۆھتەرەم خوجايىن شلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇياق-بۇياققا ئايلاندۇرۇپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇراتتى. ۋىلفور بىر ئەسنادىن كېيىن خۇش ياقمىغان ئاھاڭدا سۆزلىدى:

— خاتالاشمىسام، جانابىي موررېل بولسىڭىزغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، تەقسىر، مەن شۇ، — دەپ جاۋاب بەردى موررېل.

— مەرھەمەت، كىرىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى ۋىلفور ئۆزىنى



چوڭ تۇتقان قىياپەتتە، — ئەرزىڭىزنى بايان قىلىڭ، مېنى ئۆز تەشرىپىڭىزگە مۇناسىپ كۆرگىنىڭىزگە نېمە سەۋەب بولدى؟

— ئۆزىڭىز ئويلاپ يېتەلمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى موررېل.

— ياق، ئازادى چۈشەنمىدىم. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش بولسا، خىزمىتىڭىزگە مەن تەييار.

— بۇ پۈتۈنلەي سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدىغان ئىش، — دېدى موررېل.

— خوش، ئۇنداق بولسا سۆزلەڭ.

— تەقسىر، — دەپ سۆز باشلىدى موررېل، — يادىڭىزدا بولسا كېرەك، ئىمپېراتور ئالىيلىرى قايتا تەختكە ئولتۇرۇشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى مەن، سودا كېمەمدە مۇئاۋىن كاپىتان بولۇپ خىزمەت قىلغان بىر ياش دېڭىزچىغا كەڭچىلىك قىلىش ھەققىدە ئىلتىماس قىلىپ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلگەنىدىم. يادىڭىزدا بولسا، ئۇ ئېلبا ئارىلى بىلەن ئالاقىسى بار دەپ ئەيىبلەنگەنىدى. ئۇ چاغدا جىنايەت بولۇپ ھېسابلانغان بۇنداق ئالاقىلىشىش بۈگۈنكى كۈندە تەقدىرلىنىشكە ھەقلىق. ئۇ چاغدا سىز ليۇدوۋىك XVIII گە خىزمەت قىلاتتىڭىز ۋە ئەيىبلەنگۈچىگە رەھىم قىلمىدىڭىز، بۇ سىزنىڭ بۇرچىڭىز ئىدى. ئەمدى سىز ناپالېئونغا خىزمەت قىلىۋاتىسىز ۋە گۇناھسىزنى ھىمايە قىلىشىڭىز كېرەك. بۇمۇ سىزنىڭ بۇرچىڭىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن سىزدىن ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۇقۇش ئۈچۈن كەلدىم.

ۋىلفور ئىنتايىن تەسلىكتە ئۆزىگە زور بېرىپ چۈشەنمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالدى.

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — رەنجىمەي ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

— ئېدمون دانتېس.

شۇنداق ئويلاش لازىمكى، ۋىلفورغا، ئۇنىڭ يۈزىگە شاپىلاقتەك كېلىپ تەگكەن بۇ ئىسىمنى ئاڭلىغاندىن كۆرە، دۇئېلغا چىقىپ 25 قەدەم ئارىلىقتىن رەقىبىنىڭ تاپانچىسىغا پېشانىسىنى تۇتۇپ بەرسە يەڭگىلرەك بولارىدى. لېكىن ئۇ پەسەنت قىلمىغاندەك ئولتۇراتتى.

«بۇ ياش دېڭىزچىنى شەخسىي غەرەز بىلەن قولغا ئالغان دەپ ماڭا ھېچكىم گۇناھ ئارتالمايدۇ» دەپ ئويلىدى ۋىلفور.

— دانتېس؟ — دەپ تەكرارلىدى ئۇ، — ئېدمون دانتېس دەمسىز؟!

— شۇنداق، تەقسىر.

ۋىلفور نېرىقى ئۈستەلدە تۇرغان قېلىن تىزىملىك دەپتىرىنى ئېچىپ قاراپ چىقتى، كېيىن يەنە بىر ئۈستەلنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇ يەردىن ئەنزە خالتىلىرى تىزىلغان تاكچىلارغا ئۆتتى. ئاخىرى موررېل تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئەڭ تەبىئىي ئاھاڭدا سورىدى:

— سىز خاتا ئېيتىپ قويمىغانسىز، مۆھتەرەم ئەپەندى؟

ئەگەر موررېل پەملىكرەك بولسا ياكى بۇ ئىشنىڭ ئەينى ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغان بولسا، مۇئاۋىن مۇپەتتىشنىڭ بۇ سوئالىدىن ئەجەبلەنگەن بولاتتى ھەمدە ئۆزىگە: نېمە ئۈچۈن ۋىلفور ئۇنى مەھبۇسلار تىزىملىكىنى تەكشۈرۈپ چىقىشقا، تۈرمە باشلىقلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە، ساقچى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇل ئەمەلدارى بىلەن سۆزلىشىشكە يوللىمايدۇ؟ دېگەن سوئالنى قويغان بولاتتى. بىراق، موررېل ۋىلفورنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىدىكى ھېچقانداق ساختىلىقنى كۆرەلمىدى، ئۇ پەقەت ھېسداشلىق قىلىۋاتقان قىياپەتنىلا كۆردى. ۋىلفورنىڭ ئويۇنى نەتىجىلىك بولۇپ چىقتى.



— يوقسۇ، — دېدى موررېل، — مەن خاتا ئېيتمىدىم. مەن ئۇ بىچارە بىلەن ئون يىلدىن بۇيان تونۇش، ئۇ مېنىڭ كېمەمدە تۆت يىلدىن بۇيان خىزمەت قىلىپ كەلدى. يادىڭىزدا بارمۇ؟ بۇندىن بىر يېرىم ئاي ئىلگىرى مەن سىزنىڭ رەھىمدىل بولۇشىڭىزنى سوراپ كەلگەنىدىم، ئەمدى سىزنىڭ ئادىل بولۇشىڭىزنى سورايمەن. سىز ئۇ چاغدا ماڭا خېلىلا قوپاللىق قىلغانىدىڭىز ۋە مېنىڭ سۆزلىرىمگە نارازى بولغانىدىڭىز. ئۇ چاغلاردا پادىشاھ تەرەپدارلىرى بوناپارتچىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلمايتتى!

— مۆھتەرەم ئەپەندى، — دېدى ۋىلفور، بېرىلگەن زەربىنى ئۆزىگە خاس سوغۇق قانلىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن قايتۇرۇپ، — مەن بۇرۇن بۇربونلار پادىشاھلىقىنىڭ قانۇنىي ۋارىسلىرى ۋە خەلق ئۇلارنى ھىمايە قىلىدۇ دەپ ئويلىغانلىقىم ئۈچۈن پادىشاھ تەرەپتە تۇرغان، لېكىن، ئىمپېراتورنىڭ گويا كارامەت كۆرسەتكەندەك قايتىپ كەلگەنلىكى مېنىڭ خاتا ئويلىغانلىقىمنى ئىسپاتلىدى. ناپالېئوننىڭ زاكاۋىتى ئۈستۈن كەلدى، دېمەك قايسى خاننى خەلق سۆيسە شۇ قانۇنىي خان بولىدۇ.

— باركاللا، — دەپ خىتاپ قىلدى موررېل ساددىلىق بىلەن، — بۇ گەپلىرىڭىز مېنى خۇرسەن قىلىدۇ. بۇ گەپلىرىڭىز بىچارە ئېدمونغا قارىتىلغان ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى دەپ ئويلايمەن.

— توختاڭا، — دېدى ۋىلفور باشقا بىر تىزىملىك دەپتىرىنى ۋاراقلاپ، — ئەمدى يادىمغا كېلىۋاتىدۇ، ئۇ دېڭىزچى، ھە؟ بىر كاتالان قىزىغا ئۆيلەنمەكچى بولغانمىدى؟ راست، راست، ئەمدى يادىمغا كەلدى. ئۇنىڭ مەسىلىسى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى.

— شۇنداقمۇ؟

— ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، ئۇنى مېنىڭ ئالدىمدىن سوت بىناسىدىكى تۈرمىگە يۆتكەپ كېتىشكەن.

— ھە، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

— ئۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ ھەقتە پارىژغا مەلۇمات يوللىدىم ۋە ئۇنىڭ يېنىدىن تېپىلغان ھەممە قەغەزلەرنى قوشۇپ ئەۋەتىپ بەردىم. مەن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ئىدىم - دە... بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇنى شەھەردىن يۆتكەپ كېتىشتى.

— يۆتكەپ كېتىشتى؟ — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى موررېل، — ئاخىرى ئۇ بىچارە بالىنى نېمە قىلىشتى؟

— قورقماڭ. ئېھتىمال، ئۇنى فېنېسترېلغا ياكى پىنىيېرولغا ياكى بولمىسا مۇقەددەس مارگارىتا ئارىلىغا ئاپىرىپ قويۇشقان بولۇشى كېرەك. بۇ دېگەنلىك، سۈرگۈن قىلىندى دېگەن سۆز - دە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ قايتىپ كېلىپ، ئۆز كېمىسىنىڭ قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ.

— قاچان كەلسىمۇ، كېمىنىڭ قوماندانلىقى ئۇنىڭغا تەئەللۇق. بىراق، ئۇنىڭ شۇ كەمگىچە قايتىپ كەلمەسلىكى قانداق گەپ؟ ناپالېئوننىڭ ئەدلىيە ئورۇنلىرى ئەڭ ئالدى بىلەن پادىشاھ ئەدلىيىسى تەرىپىدىن تۈرمىگە قامالغانلارنى ئازاد قىلىش كېرەك ئىدىغۇ؟

— ئالدىرىماڭ، موررېل ئەپەندى، — دېدى ۋىلفور، — ھەر قانداق ئىشتا قانۇنىيلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. تۈرمىگە قاماش توغرىسىدىكى رەسمىي بۇيرۇق يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكتىن ئېلىنغان. ئەمدى يەنىلا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ ئازاد قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى چۈشۈشى شەرت. ناپالېئوننىڭ قايتىپ كەلگىنىگە تېخى ئەمدىلا ئىككى ھەپتە بولدى. قاماقتىكىلەرنى ئازاد قىلىش ھەققىدىكى يازما بۇيرۇقلار تېخى ئەمدى يېزىلىۋاتىدۇ.

— بۇ رەسمىيەتلەرنى تېزرەك بېجىرىشكە بولماسمۇ؟ — سورىدى موررېل، — بىز غەلىبە قىلدۇققۇ. مېنىڭ تونۇشلىرىم



بار، ھەر قايسى ئورۇنلار بىلەن ئالاقەم بار. مەن ھۆكۈم قىلىنغان كىشىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئامال قىلالايمەن.

— ئۇنىڭغا كىشىم ھۆكۈم قىلىنمىغان.

— قولغا ئېلىش قارارىچۇ؟

— سىياسىي مەسىلىلەردە مەھبۇسلارنىڭ تىزىملىكى يېزىلمايدۇ. بەزى چاغلاردا ھۆكۈمەت مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئىزسىز يوقۇلۇپ كېتىشىنى خالايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىسمىلىكى تىزىمغا ئېلىنسا، بۇ كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىشقا ئاسانچىلىق بولۇپ قالىدۇ.

— بۇربونلارنىڭ دەۋرىدە شۇنداق بولغاندۇر، لېكىن ھازىر...

— ھەرقانداق دەۋردە شۇنداق بولىدۇ، موررېل ئەپەندى. ھەر خىل ھۆكۈمەتلەر ئالماشسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش. ليۇدوۋىك XIV نىڭ دەۋرىدە ئىشقا چۈشۈرۈلگەن ئادەم جازالاش ماشىنىسى ھازىرغا قەدەر ھەرىكەتتىن توختىغىنى يوق. تۈرمە تۈزۈمىنى كۈچەيتىشتە ئىمپېراتور ھەتتا ليۇدوۋىك XIV دىنمۇ قاتتىق قول بولغان. شۇڭا، تىزىمغا ئېلىنغان مەھبۇسلار ھەددى - ھېسابسىز.

بۇنداق ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن چۈشەندۈرۈش موررېلنىڭ بىرئازمۇ گۇمانىنى قالدۇرمىدى.

— ئۇنداق بولسا، ئېيتىڭا، ۋىلفور ئەپەندى. بىچارە دانتېسنىڭ قايتىپ چىقىشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟

— ئەدلىيە ۋەزىرىگە ئەرز يېزىڭ.

— ئاھ، ۋىلفور ئەپەندى! ئەرز يېزىشنىڭ قانچىلىك پايدىسى بولىدىغانلىقىنى بىز بىلىمىزغۇ. ئۇنداق ئەرزلەردىن ۋەزىر كۈنىگە 200 نى تاپشۇرۇۋېلىپ، شۇنىڭ ئىچىدىن تۆتىنىمۇ ئوقۇپ چىقمايدۇ.

— توغرا، — دېدى ۋىلفور، — لېكىن، بۇ ئەرز مېنىڭ

ئىمزايىم بىلەن، بىۋاستە مېنىڭ نامىمدىن ئەۋەتىلسە ئۇ كۆرۈپ چىقىدۇ.

— ئەمىسە، بۇ ئەرزنى سىز ئۆزىڭىز ئەۋەتىپ بېرەمسىز؟

— ئەلۋەتتە ئەۋەتىپ بېرىمەن. دانتېس بۇرۇن گۇناھكار ئىدى، لېكىن ئەمدى ئۇ گۇناھكار ئەمەس. مەن بۇرۇن ئۇنى تۈرمىگە قاماشقا مەجبۇر بولغان بولسام، ئەمدى ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەجبۇرمەن.

بۇنداق ئۇسۇل بىلەن ۋىلفور ئۆزى ئۈچۈن خەتەرلىك بولغان تەكشۈرۈشنىڭ، ئۇنى ئۈزۈل - كېسىل نابۇت قىلىدىغان تەكشۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئالالايتتى.

— ۋەزىرگە ئەرزنى قانداق يېزىش كېرەك؟

— بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇڭ، موررېل ئەپەندى، — دېدى ۋىلفور ئۇنىڭغا ئۆز ئورنىنى بوشىتىپ بېرىپ، — مەن ئېيتىپ بېرەي، سىز يېزىڭ.

— ئېغىر كۆرمەي بۇ ئىشنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئالامسىزا؟

— ئەلۋەتتە! قېنى، ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيلى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىت ئاز ئەمەس.

— توغرا، توغرا! ئۇ بىچارە جاپا تارتىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ، بەلكىم پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغاندۇر.

ۋىلفور زۇلمەتلىك ھىجران ئىچىدە تەنھا يېتىپ ئۇنىڭغا لەنەت ئوقۇۋاتقان تۇتقۇننى ئېسىگە ئېلىش بىلەن سەسكىنىپ كەتتى، لېكىن ئۇ قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولدى، ئەمدى چېكىنىشكە بولمايتتى، دانتېس ئۇنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنىڭ تۆمۈر تاپانلىرى ئاستىدا يانجىلىپ تۈگىشى كېرەك ئىدى.

— مەن تەييار، — دېدى موررېل، ۋىلفورنىڭ ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇپ ۋە قولىغا قەلەم ئېلىپ.

ۋىلفور كۆرۈنۈشتە ئەڭ ياخشى نىيەتلەر بىلەن دانتېسنىڭ



ئىنقىلابىيلىقىنى ھەم بوناپارتچىلار ئىشىغا قوشقان ھەسسىلىرىنى مۇبالىغىلەشتۈرگەن ھالدا ئەرزنىڭ تېكىستىنى تۈزۈپ ئېيتىپ بەردى. بۇ ئەرزدە دانتېس ناپالېئوننىڭ قايتىپ كېلىشىگە كۈچ چىقارغان مۇھىم ئىسيانكارلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ چىقتى. روشەنكى، ۋەزىر بۇنداق خەتنى بىر ئوقۇپ كۆرىدىغان بولسىلا ئۇنى ئازاد قىلىشى تۇرغان گەپ. ئەرز يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋىلفور ئۇنى ئۈنلۈك ئوقۇپ چىقتى.

— ياخشى، — دېدى ئۇ، — ئەمدى قالغان ئىشلارنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ.

— بۇنى سىز قاچان ئەۋەتىسىز؟

— بۈگۈنلا ئەۋەتىمەن.

— ئۆزىڭىزنىڭ قوشۇمچە تونۇشتۇرۇشىڭىز بىلەنمۇ؟

— مەن بۇ ئەرزدە بايان قىلىنغانلىرىنىڭ ھەممىسى چىن ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسەم، ئەڭ ياخشى تونۇشتۇرۇش بولىدۇ.

ۋىلفور ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قەغەزنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تېگىشلىك ئەسكەرتىشنى يېزىپ قويدى.

— ئەمدى مەن يەنە نېمە قىلىشىم كېرەك؟ — دەپ سورىدى موررېل.

— كۈتۈش كېرەك، — دېدى ۋىلفور، — قالغان ئىشلارنى مەن ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن.

بۇنداق ئىشەنچلىك سۆزلەر موررېلنى ئۈمىدلەندۈردى. ئۇ خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسىدىن ئىنتايىن رازى بولدى ۋە دانتېس بوۋايغا ئۇنىڭ پات ئارىدا ئۆز ئوغلىنى كۆرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كەتتى.

ئەمما، ۋىلفور ئەرزنى پارىژغا يوللاشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى ئۆز يېنىدا مەھكەم ساقلاپ قويدى. ياۋروپا ۋەزىيىتى ھەم ۋەقە-

لەرنىڭ يۈزلىنىشىدىن قارىغاندا، ئىككىنچى قېتىملىق تىرىلىشىنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇنداق بولغاندا، دانتېس ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتا نىجاتبەخش بولغان بۇ ئەرز، كېيىنكى بىر دەۋردە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھالەكەتنىڭ ھۆكۈمنامىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، دانتېس پۈتكۈل يورۇق دۇنيادىن ئايرىلغان ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان ھالدا قاراڭغۇ زىنداندا تۇتۇپ قېلىنىۋەردى. ئۇ، ليۇدوۋىك XVIII نىڭ عايەت زور مەغلۇبىيىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمپېرىيىنىڭ تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈردە ئاغدۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىمىدى.

لېكىن، ۋىلفور ۋەزىيەتنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ، ھەممە خەۋەر - سادالارغا دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇردى. تارىختا يۈز كۈن دەپ ئاتالغان، ناپالېئوننىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان قىسقىغىنا بىر ۋاقىت ئىچىدە مورېل يەنە ئىككى قېتىم ئەرز قىلىپ دانتېسنىڭ ئازاد قىلىنىشىنى تەلەپ قىلدى ۋە ھەر ئىككى قېتىمدىلا ۋىلفور ئۇنى ھەر خىل ۋەدىلەر بىلەن ئالداپ يولغا سالدى. ئاخىرى، ۋاتېرلوئو ۋەقەسى يۈز بەردى. شۇندىن كېيىن مورېل ۋىلفورغا يولۇقماس بولدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ياش دوستى ئۈچۈن ئىنساننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشنى قىلىپ باقتى. ئەمدى، ئىككىنچى قېتىملىق تىرىلىش دەۋرىدە يەنە داۋاملىق دانتېسنىڭ دەۋاسىنى قىلىشىۋېرىش ھېچقانداق نەتىجە بەرمەس ئىدى.

ليۇدوۋىك XVIII قايتىدىن تەختكە ئولتۇردى. ۋىلفور باشقا شەھەرگە كۆچۈپ كېتىشنى قارار قىلدى. چۈنكى، مارسېل ئۇنىڭ ۋىجدانىغا ئازاب سالغۇچى ئەسلىمىلەر بىلەن تولۇپ تاشقانىدى. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ مەنسىپى خانلىق مۇپەتتىش



دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلۈشى بىلەنلا ئۇ تۇلۇز شەھىرىگە كۆچۈپ كەتتى ۋە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ئۇردا ئىچىدە ئالاھىدە ئىمتىيازغا سازاۋەر بولغان ماركىز سېن - مېراننىڭ قىزى رېنې خېنىمغا ئۆيلەندى.

ئەنە شۇ سەۋەبتىن دانتېس يۈز كۈن مەزگىلىدە ۋە ۋاتېرلوئو ۋەقەسىدىن كېيىن، كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلمىغان تەقدىردىمۇ، تەڭرى تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان ھالدا تۈرمىدە يېتىۋەردى.

دانگلار دانتېسقا قانداق ئېغىر زەربە بېرىلگەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ پاش قىلىشى دەل نىشانغا تەگكەنىدى. ۋەھالەنكى، جىنايەت قىلىشقا، قەست قىلىشقا قابىلىيەتلىك، ئەكسىچە، كۈندىلىك تۇرمۇش پائالىيەتلىرىدە ئىقتىدارى ئانچە ئۈستۈن بولمىغان ھەممە ئادەملەرگە ئوخشاش، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشىنى «تەقدىرنىڭ ئىرادىسى» دەپ قاراش بىلەن قانائەتلەندى. لېكىن، ناپالېئون پارىژنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنىڭ داھىيانە ۋە قۇدرەتلىك ئاۋازى فرانسىيە ئۈستىدە قايتىدىن جاراڭلاپ ئاڭلانغان چاغدا دانگلار قورقۇپ كەتتى. ئۇ، ھېلىدىن - ھېلىغا دانتېسنىڭ، ھەممىنى ئۇققان دانتېسنىڭ، قىساسكار دانتېسنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ مورېل ئەپەندىگە ئۆزىنىڭ دېڭىز خىزمىتىدىن ئايرىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئۆزىنى بىر ئىسپانىيىلىك سودىگەرگە تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ناپالېئون تيۇئىلرى سارىيىغا ئورۇنلىشىپ 10 - 12 كۈن بولغاندا، ئۇ ئاشۇ ئىسپانىيىلىك سودىگەرگە باش بوغالتىر بولۇپ ياللىنىپ مادرىدقا كۆچۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ھېچقانداق دېرىكى بولمىدى.

فېرنان بولسا، نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى زادىلا ئاڭقىرالمىدى. دانتېس دېرەكسىز يوقالدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ

مۇھىمى شۇ ئىدى. دانتېس نېمە بولدى؟ ئۇ، بۇ ھەقتە ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ ھەمىشە دانتېسنىڭ قايتىپ كەلمەسلىكىگە قارىتا تۈرلۈك بولمىغۇر ئويدۇرما سەۋەبلەرنى توقۇپ چىقىپ، مېرسېدېسنى ئالداشنىڭ ۋە ئۇنى ئۆزى بىلەن باشقا شەھەرگە ئېلىپ كېتىشكە كۆندۈرۈشنىڭ كويىدا بولۇپ يۈردى. بەزى چاغلاردا ئۇ، مارسېلنىمۇ، كاتالانىمۇ ئالقانىدىكىدەك كۆرۈشكە بولىدىغان فارو تۇمشۇقىنىڭ چوققىسىغا چىقىۋېلىپ، خۇددى يىرتقۇچ سۇمرۇقتەك پەيلىنى بۇزۇپ، قاپىقى سېلىنغان ھالدا، قىساس خەنجىرىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان ياش دېڭىزچى تاسادىپىي پەيدا بولۇپ چىقىپ كەلمەسمۇ دەپ ھەر ئىككى يولغا قاراپ ئولتۇراتتى. فېرنان، ئالدى بىلەن دانتېسنى ئېتىپ تاشلاشنى، ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ قاتىللىقىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئۆزىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. لېكىن، ئۇ ئۆز - ئۆزىنى ئالدىماقتا ئىدى، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە ھەرگىزمۇ قول كۆتۈرمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ تېخىچىلا ئۈمىدىنى ئۈزۈۋەتمىگەنىدى.

بۇ ئارىدا ئىمپېراتور پۈتۈن مەملىكەتكە پەرمان چۈشۈرۈپ، يېڭى ئېلىنغان ئەسكەرلەرنىڭمۇ ئەڭ ئاخىرقى قىسىملىرىنى قوراللاندۇرۇشقا چاقىرىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مىلتىق تۇتۇشقا قادىر بولغانلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسى فرانسىيە چېگرىسىدىن ئاتلىنىپ چىقىپ كەتتى. شۇ قاتاردا فېرنانمۇ ھەربىي يۈرۈشكە سەپەرۋەر قىلىندى. ئۇ، ئۆز كەپىسى ۋە مېرسېدېسنى تاشلاپ، ئۆزى يوق ۋاقىتتا رەقىبىنىڭ قايتىپ كېلىپ، ئاشۇ سۆيۈملۈك قىز بىلەن توي قىلىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە يولغا چىقتى. ئەگەر فېرنان ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلىدىغان ئادەم بولسا، مېرسېدېس بىلەن ئايرىلىش پەيتىدە ئۆزىنى ئېتىۋالغان بولاتتى. ئۇنىڭ مېرسېدېسقا كۆرسەتكەن غەمخورلۇقى، مېرسېدېسنىڭ ھەسرىتىگە بولغان ياسالما



ھېسداشلىقى، ئۇنىڭ ھەرقانداق تىلەكلىرىنى ئورۇنداشقا بولغان تىرىشچانلىقلىرى ئاخىرى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. ھالبۇكى، ساداقەتلىكنىڭ ئىپادىسى پەزىلەتلىك يۈرەكلەرگە ئاشۇنداق تەسىر كۆرسىتىدۇ. مېرسېدېس فېرنانغا قارىتا ھەر دائىم دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمدى بۇ دوستلۇق مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

— ئاكا، — دېدى ئۇ، كاتالانلىق يىگىتنىڭ يەلكىسىگە سەپەر خالتىسىنى تېڭىۋېتىپ، — مېنىڭ بىردىنبىر دوستۇم، ئۆزۈڭنى ئاسرىغىن، تەنھا ئۆزۈم كۆز ياشلىرىمنى تۆكۈۋاتقان بۇ دۇنيادا مېنى يالغۇز قويمىغىن، ئەمدى مېنىڭ سەندىن باشقا ھېچكىمىم يوق.

ئايرىلىش مەزگىلىدە ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر فېرناننى ئۈمىدلەندۈردى. ئەگەر دانتېس بۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ كېلەلمىسە، مېرسېدېس ئاخىرى بىر كۈنى ئۇنىڭ ئايالى بولۇپ قالار.

مېرسېدېس پايانسىز كۆك دېڭىز بويىدىكى گىيا ئۈنمەس تاقىر دۆڭلۈكتە يالغۇز ئۆزى تۇرۇپ قالدى. ئۇ، ئاچچىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ كاتالان كەنتىنىڭ ئەتراپىدا ھارماي - تالماي ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولدى. بەزەن چاغلاردا كۆيدۈرۈپ تۇرغان جەنۇب ئاپتىپىدا خۇددى تىلسىز ھەيكەلدەك قىمىر قىلماستىن تۇرۇپ مارسېل تەرەپكە كۆز تىكەتتى، بەزەن چاغلاردا دېڭىز بويىدا ئولتۇرۇپ، دولقۇنلارنىڭ گوياكى ئۆز ھەسرىتىدەك پۈتمەس - تۈگىمەس قايغۇلۇق شاۋقۇن - سۈرەنلىرىگە قۇلاق سالاتتى ۋە ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق سوئال قوياتتى: بىھۇدە كۈتۈشنىڭ مۇنداق كۆتۈرگۈسىز ئېغىرچىلىقىنى تارتقىچە، ئالدىغا بىر ئېگىلىپلا دېڭىز قەھرىگە سەكرەپ چۈشۈپ بۇ دۇنيانىڭ كارىدىن تۈگەشكەن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ مېرسېدېس ئۆلۈمدىن قورقۇپ قالمىدى، بەلكى ئۇ ئۆز ئىمانىدىن مەدەت ئالدى ۋە بۇ ھال ئۇنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قالدى.

كادىرۇسمۇ خۇددى فىرناندا ئوخشاشلا ئارمىيىگە چاقىرىلدى، لېكىن ئۇ كاتالانلىقتىن سەككىز ياش چوڭ بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى قىرغاق مۇداپىئەسى قىسمىدا قالدۇرۇلدى.

ئوغلىنىڭ يولىغا قاراپ كۆزى تېشىلگۈدەك بولغان دانتېس بوۋاي ئىمپېراتورنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى يوقاتتى. ئوغلىنىڭ ھىجرانىدا تولۇق بەش ئاي ئۆتكەندە، تەخمىنەن ئېدمون قولغا ئېلىنغان سائەتتە ئۇ مېرسېدېسنىڭ قولىدا جان ئۈزدى.

دەپنە خىراجىتىنى ۋە بوۋاينىڭ كېسەل ۋاقتىدا قالغان ئۇششاق قەرزلىرىنى تۆلەشنى موررېل ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇ، ئادەمگەرچىلىك ئىشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زور شىجائەتلىك ھەرىكەت ئىدى. مەملىكەتنىڭ پۈتكۈل جەنۇبىي قىسمىدا ئىچكى ئۇرۇش ئوتى يالقۇنلاۋاتقان بىر مەزگىلدە دانتېسقا ئوخشاش خەۋپلىك بوناپارتچىنىڭ ئاتىسىغا ھەتتاكى ئاخىرەتلىكتە بولسىمۇ، ياردەم كۆرسىتىش ئېغىر جىنايەت ھېسابلىناتتى.

## ئون تۆتىنچى باب

## ئەقلىدىن ئازغان مەھبۇس ۋە جىنىدىن تويغان مەھبۇس

لىيۇدوۋىك XVIII قايتىدىن تەختكە ئولتۇرۇپ تەخمىنەن بىر يىل ئۆتكەندە تۈرمە ئىشلىرى بويىچە باش نازىر ئىف قەلئەسىگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. دانتېس يەر ئاستى



كامېردا يېتىپ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئىشىكلەرنىڭ قاتتىق تاراقلىغان ۋە غىچىرلىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدى. يەر ئاستى كامېر جايلاشقان چوڭقۇرلۇقتا تۇرۇپ، بۇنداق ئاۋازلارنى پەقەت تۈندىكى جىمجىتلىقتا تور توقۇۋاتقان دۆنىڭ شەپىسىنى ۋە تورۇستا بىرەر سائەتكىچە توپلانغان سۇ تامچىسىنىڭ يەرگە چۈشۈشىنى تىڭشاپ ئادەتلەنگەن قۇلاقلا ئاڭلىيالايدۇ. دانتېس، تىرىك ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا قانداقتۇ بىر ئىشنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ گۆر ئىچىدە يېتىۋاتقىلى شۇنچە ئۇزاق بولغانىدىكى، ئەمدى ئۆزىنى ئۆلگەن ئادەم دەپ ھېسابلاشقا ھەقلىق ئىدى.

نازىر نۆۋەت بىلەن بۆلمىلەر، كامېرلار، زىندانلارغا شەخسەن ئۆزى كىرىپ كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. بەزى مەھبۇسلار نازىرنىڭ بىر نەچچە ئېغىز گېپىنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدى. بۇلار، ئۆزلىرىنىڭ ساددىلىقى ياكى ھاماقەتلىكى بىلەن باشلىقلارنىڭ ياخشى كۆز قارىشىغا ئىگە بولغانلار ئىدى. نازىر ئۇلاردىن، بېرىلىۋاتقان تاماق ياخشىمۇ، ئۇلارنىڭ يەنە قانداق تەلەپلىرى بار، دېگەندەك مەسىلىلەرنى سورۇشتۇردى. ئۇلار بىر ئېغىزدىن، تاماقنىڭ بەكمۇ ناچارلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىردىنبىر تەلىپى ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. نازىر ئۇلارنىڭ يەنە باشقا گەپ-سۆزلىرى بار-يوقلۇقىنى سورىدى. ئۇلار باشلىرىنى چايقاشتى. مەھبۇسلار ئەركىنلىكتىن باشقا نېمىنى خالىشى مۇمكىن؟ نازىر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ تۈرمە باشلىقىغا قارىدى ۋە شۇنداق دېدى:

— ھېچ چۈشەنمەيمەن، مۇشۇنداق بىمەنە تەكشۈرۈشنىڭ نېمە پايدىسى باركىن-تاڭ؟ قايسى تۈرمىگە كىرسەڭمۇ، قايسى مەھبۇس بىلەن سۆزلەشسەڭمۇ، ئاڭلايدىغان گېپىڭ شۇ بىرلا: تاماق ناچار، ناھەق قامالغان. سىزنىڭ يەنە باشقا مەھبۇسلىرىڭىزمۇ بارمۇ؟

— يەنە، خەتەرلىك ۋە ئەقلىدىن ئازغانلار بار. بىز ئۇلارنى يەر ئاستى كامېردا ساقلاۋاتىمىز.

— ھە، قېنى، — دېدى نازىر ھەددىدىن زىيادە چارچىغان قىياپەتتە، — بۇرچىمىزنى ئاخىرىغىچە ئادا قىلىپ، يەر ئاستى كامېرغىمۇ چۈشۈپ باقايلى.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى تۈرمە باشلىقى، — ھېچبولمىغاندا ئىككى ئەسكەرنى بولسىمۇ باشلىۋالايلى. بۇ يەرگە قامالغان جىنايەتچىلەر ھاياتتىن بىزار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشىنى خالاپ بىر چاتاق چىقىرىپ قېلىشى ھەتتا سىزگە قەست قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

— ئۇنداق بولسا، ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرۈڭ، — دېدى نازىر.

ئىككى ئەسكەر چاقىرتىلدى ۋە ئۇلار ھەممىيلەن بىرلىكتە پەلەمپەي بىلەن تۆۋەنگە چۈشتى. بۇ يەر شۇنداق بۇرۇختۇم، سېسىق ۋە زەي ئىدىكى، پەلەمپەي ئارقىلىق بۇ يەرگە بىر چۈشۈپ چىقىشنىڭ ئۆزىمۇ ئادەمنىڭ جىمىكى بەش ئەزايى ئۈچۈن چىدىغۇسىز ئازاب ئىدى.

— يائاللا! — دېدى نازىر قەدىمىنى توختىتىپ، — بۇ يەردە قانداق ئادەملەر تۇرۇۋاتىدۇ؟

— پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك ئىسيانچى. بىزگە بۇ ئادەمنىڭ قولىدىن ھەر قانداق ئەسكىلىكلەر كېلىدۇ، دەپ ئالدىن ئۇقتۇرۇلغان.

— ئۇ، بۇ يەردە ئۆزى يالغۇز ياتامدۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— قاچان قامالغان؟

— بىر يىلدەك بولدى.

— ئۇ قولغا ئېلىنىش بىلەنلا مۇشۇ يەرگە سولانغانمۇ؟



— ياق، ئۇ، ئۇنىڭغا تاماق ئېلىپ بارغان نازارەتچىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغاندىن كېيىن مۇشۇ يەرگە قامالدى.

— ئۇ نازارەتچىنى ئۆلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلغانمىدى؟

— ھەئە، ئاۋۇ چىراغ كۆتۈرگەن كىشىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان. شۇنداقمۇ، ئانتۇئان؟ — دېدى تۈرمە باشلىقى.

— شۇنداق، ئۇ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى، — دېدى نازارەتچى.

— ئەمسە، ئۇ راستىنلا ساراڭ ئىكەن!

— ئۇ ساراڭدىنمۇ يامان، — دېدى نازارەتچى، — ئۇ بىر يالماۋۇز!

— ئەگەر خالىسىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىشقىمۇ بولىدۇ، — دېدى نازىر تۈرمە باشلىقىغا.

— ئەرزىمەيدۇ، ئۇ بۇنىڭسىزمۇ يېتەرلىك جازالاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ھازىر ئەقلىدىن ئېزىشقىلى ئاز قالدى. بىزنىڭ تەجرىبىمىزدىن قارىغاندا، ئۇ يەنە بىر يىل ئۆتمەستىنلا پۈتۈنلەي ساراڭ بولىدۇ.

— شۇنداق بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىگە يەڭگىلرەك بولىدۇ، — دېدى نازىر، — ئۇ ساراڭ بولۇپ قالسا قايغۇرمايدىغان بولىدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپسىزلەركى، نازىر ئىنسانپەرۋەر ۋە ئۆزىنىڭ فىلانتروپىك① خىزمىتىگە مۇناسىپ كىشى ئىدى.

— سىز ناھايىتىمۇ دۇرۇس گەپ قىلدىڭىز، — دېدى ئۇنىڭغا جاۋابەن تۈرمە باشلىقى، — سىز مەھبۇسلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىدىكەنسىز. بىزنىڭ بۇ يەردىكى يەنە بىر زىنداندا ئىتالىيەدىكى قانداقتۇ بىر پارتىيىنىڭ سابىق كاتىپى بولغان بىر

① فىلانتروپىيە — «خەيرى - ساخاۋەت ئىشلىرى» بىلەن شۇغۇللىنىش يولى بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ ستىخىيىلىك كورەش ئېڭىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش.

قىرى ھەزرەت سولاقلىق. ئۇ، بۇ يەرگە 1811 - يىلى قامالغانىدى. 1813 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ ئەقلىدىن ئېزىپ قالدى. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۇ تامامەن ئۆزگىرىپ كەتتى. ئىلگىرى ئۇ دائىم يىغلايتتى، ئەمدى كۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ يۈرىدۇ. ئىلگىرى ئۇ كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ كەتكەنىدى، ھازىر سەمرىپ كېتىۋاتىدۇ. سىز ئالدى بىلەن شۇنى بىر كۆرۈپ باقسىڭىز، قانداق دەيسىز؟ ئۇنىڭ ساراڭلىقى قىزىقارلىق ۋە ھەرگىز سىزنى خاپا قىلمايدۇ.

— مەن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىلەن كۆرۈشمەن، — دېدى نازىر، — خىزمەتكە ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولۇش كېرەك.

بۇ نازىرنىڭ تۈرمىلەرنى تەكشۈرۈشى تېخى بىرىنچى قېتىملىق ئىدى، شۇڭا ئۇ باشلىقلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىشنى ئىستەيتتى.

— ئالدى بىلەن مۇنۇنى كۆرۈپ باقايلى، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا.

— مەرھەمەت، — دېدى تۈرمە باشلىقى ۋە نازارەتچىگە ئىشارەت قىلدى.

نازارەتچى ئىشىكنى ئاچتى. داتلىشىپ كەتكەن گىرەلەر غىچىرلاپ، تۆمۈر بىلەن قاپلانغان ئېغىر ئىشىك ئېچىلغاندا، رىشاتكىلىق تار تۆشۈكتىن چۈشۈپ تۇرغان ئىنچىكە كۈن نۇرىغا ئېيتقۇسىز دەرىجىدە ھوزۇرلىنىپ قاراپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغان دانتېس بېشىنى كۆتۈردى. دانتېس، ئۆزىگە ناتونۇش كىشىنى، چىراغ كۆتۈرگەن ئىككى نازارەتچىنى، ئىككى نەپەر قوراللىق ئەسكەرنى ۋە شىلەپىسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان تۈرمە باشلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى چۈشەندى ھەمدە ئاخىرى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىككە مۇراجىئەت قىلىش پۇرسىتى كەلگەن-



لىكىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، ئالغا ئىنتىلىپ يالۋۇرۇش قىياپىتى بىلەن قولىنى قوشتۇرۇپ تۇردى. ئەسكەرلەر، مەھبۇسنى يامان نىيەت بىلەن نازىرغا تاشلانىدى دەپ ئويلاپ مىلتىقلىرىنىڭ نەيزىلىرىنى ئالدىغا قارىتىپ ئۇنىڭ يولىنى توستى. نازىر ئىختىيارسىز ھالدا بىر قەدەم كەينىگە داجىدى. دانتېس ئۆزىنىڭ خەتەرلىك ئادەم دەپ تونۇشتۇرۇلغانلىقىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇلغان ھالدا، ئىنساننىڭ قەلبى سىغدۇرالىشى مۇمكىن بولغان شۇنچە مۇلايىملىق بىلەن يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ بۇ چوڭ ئەمەلدارنىڭ رەھمىنى كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلدى.

نازىر دانتېسنىڭ گەپلىرىنى ئاخىرغىچە ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن تۈرمە باشلىقىغا بۇرۇلدى.

— ئۇ ئاخىرى خۇداگۇيلۇق يولىغا كىرىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، — دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا، — ئۇ ھازىردىنلا مۇلايىملىق ۋە ياۋاشلىققا مايىل بولۇشقا باشلاپتۇ. كۆردىڭىزمۇ، ئۇ قورقۇشنى بىلىدىكەن، نەيزىلەرنى كۆرۈپ ئارقىغا چېكىندى. ئەگەر ئۇ ساراڭ بولغان بولسا ھېچنېمىدىن قورقماس ئىدى. مەن بۇ مەسىلىدە شارانتوندا① قىزىقارلىق نازارەت ئېلىپ بارغانىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مەھبۇسقا بۇرۇلۇپ سورىدى:

— يىغىپ ئېيتقاندا، سىزنىڭ تەلىپىڭىز نېمە؟

— مەن نېمە جىنايەت قىلغانلىقىمنى ئېيتىپ بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن، سوت قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن، ئەگەر مەن ئەيىبلىك بولسام مېنى ئېتىپ تاشلىشىڭلارنى، ئەكسىچە گۇناھسىز بولسام ئازاد قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.

① شارانتون — فرانسىيەنىڭ بىر ساراڭلار دوختۇرخانىسى.

— سىزگە بېرىلىۋاتقان تاماق ياخشىمۇ؟ — دەپ سورىدى نازىر.

— ھەئە، بەلكىم، بىلمەيمەن. بۇنىڭ كارى چاغلىق. مېنىڭدەك بىر تەلەيسىز مەھبۇس ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى قانۇن يۈرگۈزگۈچى ئەربابلار ئۈچۈنمۇ، بىزنى باشقۇرۇۋاتقان پادىشاھ ئۈچۈنمۇ ئەڭ مۇھىمى شۇكى، مەن تۆھمەتخور چېقىمچىلارنىڭ قۇربانى بولۇپ قالماي، بۇنداق تۈرمە جەبىر - زۇلۇمى ئاستىدا ئۆز قاتىللىرىمنى قارغاپ يېتىپ ئۆلۈپ كەتمەي.

— سىز بۈگۈن بەكمۇ ياۋاش بولۇپ قاپسىز، — دېدى تۈرمە باشلىقى، — سىز بۇرۇن بۇنداق ئەمەس ئىدىڭىز. سىز نازارەتچىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ۋاقتىڭىزدا تامامەن باشقىچە گەپلەرنى قىلغانىدىڭىز.

— بۇ گېپىڭىز توغرا، — دېدى دانتېس، — ماڭا شۇنچە ياخشى مۇئامىلىدە بولغان بۇ كىشىنىڭ ئالدىدا چىن قەلبىمدىن كەچۈرۈم سورايمەن ... قانداق قىلاي ئەمدى؟ مەن ئۇ چاغدا تەلۋە ئىدىم، جېنىمدىن تويغانىدىم.

— ئەمدى ھازىر ئۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ياق، تۈرمە مېنى يەڭدى، ئىرادەمنى سۇندۇردى. مەن بۇ يەردە يېتىۋاتقىنىمغا شۇنچە ئۇزاق بولدى ئەمەسمۇ!

— شۇنچە ئۇزاق بولدى؟ سىز قاچان قولغا ئېلىنغانىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى نازىر.

— 1815 - يىل 28 - فېۋرال كۈندۈزى سائەت ئىككى بولغان مەزگىلدە.

نازىر ھېسابلاشقا كىرىشتى.

— بۈگۈن 1816 - يىلى 30 - ئىيۇل. بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ سىزنىڭ تۈرمىگە قامالغىنىڭىزغا تېخى ئەمدىلا 17 ئاي بوپتۇغۇ.



— ئەمدىلا 17 ئاي! — دەپ تەكرارلىدى دانتېس، — تۈرمە ئىچىدە ئۆتكەن 17 ئاي دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سىز بىلمەيسىز. بۇ، 17 يىل، 17 ئەسىر! بولۇپمۇ ماڭا ئوخشاش ئۆز بەختىگە يېتىش ئالدىدا تۇرغان، ئۆزىنىڭ سۆيگەن قىزىغا ئۆيلىنىش ئالدىدا تۇرغان ۋە پارلاق ئىستىقبالىغا يېتىش ئالدىدا ھەممىدىن بىراقلا مەھرۇم بولغان كىشى ئۈچۈن بۇ ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت. مېنىڭ قۇياشلىق باھارىم زۇلمەتلىك تۈنگە ئايلاندى، ئىستىقبالىم بەربات بولدى، ئۆزۈم سۆيگەن قىزنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى ھازىر قانداق بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، قېرى دادامنىڭ ھايات ياكى ئۆلگەنلىكىنى بىلمەيمەن! دېڭىز ھاۋاسى، ئەركىن ھايات، كەڭرى، بىپايان مۇھىتتا ئۆسكەن بىر ئادەمنىڭ 17 ئاي تۈرمىدە يېتىشى! 17 ئاي تۈرمىدە يېتىش! بۇ مۇددەت ھەتتا ئادەم بالىسى تىلغا ئېلىنىشقىمۇ يىرگىنگۈدەك قەبىھ جىنايەتچىلەر ئۈچۈنمۇ ئېغىر جازا! ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، مەن سىلەرنىڭ كەڭچىلىك قىلىشىڭلارنى تىلەيمەن، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن. سىلەردىن رەھىم - شەپقەت سورايمەن، مېنى سوت قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن. سوت، سوت، مېنىڭ تەلىپىم شۇ. ئەيىبلەنگۈچىنىڭ سوتقا ئىلتىماس قىلىشىنى رەت قىلىشقا بولمايدۇ.

— ياخشى، — دېدى نازىر، — كۆرۈپ باقارمىز.

كېيىن ئۇ تۈرمە باشلىقىغا قاراپ شۇنداق دېدى:

— ھەقىقەتەن، بۇ بىچارىگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ. كېيىن ماڭا ئۇنىڭ داكئەنىنى كۆرسىتىڭ.

— ئەلۋەتتە، — دېدى تۈرمە باشلىقى، — بىراق، مېنىڭچە، سىز ئۇنىڭ داكئەنىدىن ياخشى گەپ تاپالمايسىز.

— مەن بىلىمەن، — دېدى يەنە دانتېس، — بىلىمەن،

سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھوقۇقى بىلەن مېنى ئازاد قىلالمايسىز، لېكىن، مېنىڭ تەلىپىمنى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىككە يەتكۈزەلەيسىز، مېنىڭ ئۈستۈمدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالايسىز، مېنىڭ ئىشىمنى سوتقا تاپشۇرۇپ بېرەلەيسىز. سوت! مېنىڭ بارلىق تەلىپىم پەقەت شۇلا. مېنىڭ زادى نېمە جىنايەت قىلغانلىقىمنى قانداق جازاغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىمنى ماڭا سوت جاكالىسۇن. ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەسلىك، دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر جازا ئىكەن!

— مەن ئىنقىلاپ كۆرەي، — دېدى نازىر.

— مەن سىزنىڭ ئاۋازىڭىزدىن تەسىرلەنگەنلىكىڭىزنى سېزىۋاتىمەن! — دەپ خىتاب قىلدى دانتېس، — ئېيتىڭا، مەن ئەمدى ئۈمىد كۈتسەم بولامدۇ؟

— مەن سىزگە ئۇنداق دەپ ۋەدە بېرەلمەيمەن، — دېدى نازىر، — پەقەت ئەرزىڭىزنى كۆرۈپ چىقىشقىلا ۋەدە قىلالايمەن.

— شۇنداق قىلسىڭىزلا مەن ئازاد بولىمەن، قۇتۇلىمەن! سىزنى قولغا ئېلىشنى بۇيرۇغان كىم ئىدى؟ — سورىدى نازىر.

— ۋىلفور ئەپەندى، — دەپ جاۋاب بەردى دانتېس، — سىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ.

— ۋىلفور ئەپەندى ھازىر مارسېلدا ئەمەس، ئۇنىڭ تۇلۇزغا يۆتكىلىپ كەتكىنىگە بىر يىل بولۇپ قالدى.

— ئۇنداقتا، ئەجەبلەنمىسەممۇ بولغۇدەك، — دەپ پىچىرلىدى دانتېس ئۆز - ئۆزىگە، — مېنىڭ بىردىنبىر مەدەتكارىم بولغان كىشى بۇ يەردىن كېتىپ قاپتۇ.

— ۋىلفور ئەپەندى بىلەن ئىككىڭلارنىڭ ئاراڭلاردا بىرەر شەخسىي زىددىيەت يوقمىدى؟ — دەپ سورىدى نازىر.

— ھېچقانداق زىددىيەت يوق. ئەكسىچە، ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى ئىنتايىن ياخشى.



— دېمەك، ئۇنىڭ سىز توغرۇلۇق بەرگەن مەلۇماتلىرىغا ياكى ئۇنىڭ ئەمدى ماڭا ئېيتىدىغانلىرىغا ئىشەنسەم بولىدىكەن - دە؟

— تولۇق ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.

— ياخشى. ئەمىسە كۈتۈڭ.

دانتېس ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ تىزلاندى، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇشقا باشلىدى ۋە خۇددى دوزاختا كۆيۈۋاتقان جاننى ئېلىپ كېتىشكە كەلگەن پەرىشتىدەك ئۇنىڭ ئالدىغا گويا ئاسماندىن چۈشكەن بۇ ئادەمگە دۇئا قىلدى. نازىرنىڭ كەينىدىن ئىشىك يېپىلدى، لېكىن ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسى دانتېسنىڭ زىندانىدا ئورۇنلىشىپ قالدى.

— ئەمدى مەھبۇسلار تىزىملىكىنى كۆرەمسىز؟ — دەپ سورىدى تۈرمە باشلىقى، — ياكى ھەزرەت قامالغان كامېرغا كىرىپ بېقىشنى خالامسىز؟

— ئاۋۋال كۆزدىن كەچۈرۈشنى تاماملايلۇق، — دېدى نازىر، — ئەگەر ھازىر ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ كەتسەك، بۇ يەرگە يەنە بىر قېتىم چۈشۈشكە چىدىيالمايمەن.

— ھەزرەت بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ ساراڭلىقى قىزىقارلىق.

— ئۇ نېمە بولۇپ ئەقلىدىن ئېزىپ قالغان؟

— بۇ ناھايىتى غەلىتە ئىش بولدى. ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئۆزىنى ھېسابسىز كۆپ بايلىقنىڭ ئىگىسى دېگەن بىر خىيال كىرىۋالدى. بىرىنچى يىلى ئۇ، ئەگەر تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلسە ھۆكۈمەتكە بىر مىليون قىممىتىدىكى بايلىقنى ئىئانە قىلىشنى تەكلىپ قىلدى، ئىككىنچى يىلى ئىككى مىليون، ئۈچىنچى يىلى ئۈچ مىليون بەرمەكچى بولدى. ھازىر ئۇنىڭ تۈرمىدە ياتقىنىغا بەش يىل بولدى. كۆرۈپ تۇرۇڭ، ئۇ سىز بىلەن خالى جايدا

سۆزلىشىشنى سوراپ، سىزگە بەش مىليوننى تەكلىپ قىلىدۇ.

— بۇ ھەقىقەتەن قىزىق گەپ ئىكەن، — دېدى نازىر، — بۇ مىليونېرنىڭ ئىسمى كىم ئىكەن؟

— فارىيا ھەزرەت.

— 27 - نومۇرمۇ؟ — دەپ سورىدى نازىر.

— شۇنداق، ئۇ مۇشۇ كامېردا. ئانتۇمان، ئىشىكنى ئېچىڭ.

نازارەتچى بۇيرۇقنى ئورۇندىدى ۋە نازىر، ھەممەيلەن «ساراڭ ھەزرەت» دەپ ئاتىشىۋاتقان شۇ مەھبۇسنى كۆرۈش ئۈچۈن قىزىقىش بىلەن كامېرنىڭ ئىچكىرىسىگە قارىدى. ئوتتۇرىسىدا، كامېرنىڭ تامدىن چوقۇپ ئېلىنغان ھاك پارچىسى سىزىپ قويۇلغان چەمبەرنىڭ ئىچىدە ئۈستى - بېشى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن بىر ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇ، ئاشۇ چەمبەرنىڭ دائىرىسىگە مۇرەككەپ گېئومېترىيىلىك سىزىقلارنى سىزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى ۋە قانداقتۇ بىر مەسىلىنى ئىشلەشكە شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتكەنىدىكى، گويا ئارخىمېدنىڭ مارتسېللا دېگەن ئەسكەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتىدىكى قىياپىتىگە ئوخشايتتى. ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلغاندا ئۇ ھەتتا مىدىرلاپمۇ قويمىدى، پەقەت چىراغلارنىڭ يورۇقى ئۇ ئىش قىلىۋاتقان زەيكەش يەرنى يورۇتقاندىلا ئاندىن ئېسىگە كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئارقىغا بۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭ بۇ قاراڭغۇ ماكانىغا كىرىپ كەلگەن مۇنداق كۆپ سانلىق مېھمانغا ھەيران بولۇپ قارىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئالدىراپ تۇردى - دە، كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە پۈرلىنىپ ياتقان ئەدىيالنى ئېلىپ يېپىنچاقلاپ بەدىنىنى ياپتى.

— سىزنىڭ قانداق تەلىپىڭىز بار؟ — نازىر ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى سوئالىنى ئۆزگەرتمەستىن سورىدى.

— مېنىڭ تەلىپىم؟ — ياندۇرۇپ سورىدى ھەزرەت، تېخىمۇ ھەيران بولغان ھالدا، — مېنىڭ ھېچقانداق تەلىپىم يوق.



— سىز مېنى چۈشەنمىدىڭىز، — دېدى نازىر، — مەن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۈرمىلەرنى تەكشۈرۈشكە ۋە قاماقتىكىلەرنىڭ ئەرزلىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئەۋەتىلگەن ئادەم.

— ھە، ئۇنداقتا باشقا گەپ ئىكەن، — دەپ جانلىنىپ كەتتى ھەزرەت، — مېنىڭچە، بىز ئۆزئارا ئوبدان چۈشەنچە ھاسىل قىلالايمىز.

— مانا كۆردىڭىزمۇ، — دېدى تۈرمە باشلىقى، — ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى مەن سىزگە ئېيتقاندەك بولۇپ چىقىۋاتىدۇ.

— جانابلىرى، — دەپ سۆز باشلىدى مەھبۇس، — مەن ھەزرەت فارىيا بولىمەن. رىم شەھىرىدە تۇغۇلغان، 20 يىل داۋامىدا كاردىنال① روسپىلئوزىنىڭ كاتىپى بولۇپ خىزمەت قىلدىم. 1811 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۆزۈمگە نامەلۇم سەۋەب بىلەن قولغا ئېلىندىم. شۇنىڭدىن بۇيان مەن بىھۇدە ھالدا ئىتالىيە ۋە فرانسىيە ھۆكۈمەتلىرىگە ئەركىنلىكىمنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىنى ئىلتىماس قىلىۋاتىمەن.

— نېمە ئۈچۈن فرانسىيە ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى تۈرمە باشلىقى.

— چۈنكى، مەن پىيومبىنودا قولغا ئېلىنغانىدىم. ھازىر پىيومبىنومۇ، مىلان بىلەن فلورېنسىيىگە ئوخشاش فرانسىيىنىڭ بىر ۋىلايىتىگە قاراشلىق شەھەر بولۇپ قالدىمىكىن دەپ ئويلايمەن.

نازىر بىلەن تۈرمە باشلىقى مىيىقىدا كۈلۈشۈپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ قويىدى.

— يوقسۇ، — دەپ سۆز قاتتى نازىر، — سىزنىڭ ئىتالىيە ھەققىدىكى بىلىمىڭىز كونىراپ قاپتۇ.

① كاردىنال — كاتولىك چېركاۋىدا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىي.

— مەن قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇنقى ئەھۋالىنى بىلمەن، — دېدى فارىيا ھەزرەت، — ۋەھالەنكى، ئۇ زاماندا ئىمپېراتور ئالىيلىرى ئۆزىنىڭ مۇبارەك نامىغا تەگرى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان يالغۇز ئوغلىغا مىراس قالدۇرۇش ئۈچۈن رىم پادىشاھلىق دۆلىتىنى قۇرۇپ چىققان بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ غالىبىيەت تەنتەنىسىنى داۋام قىلدۇرۇپ، ماكىئاۋىللى ۋە ئىسپېزارنىڭ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، پۈتۈن ئىتالىيىنى بىرلىككە كەلگەن، مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقالىدىمىكىن، دەپ ئويلاپتىمەن.

— بەختىمىزگە يارىشا، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى نازىر، — تەقدىر ئىلاھىنىڭ قۇدرىتى بىلەن، سىزنىڭ ھېسداشلىقىڭىزنى قوزغىغان بۇ چوڭ پىلان ئۆزگىرىپ كەتتى.

— بۇ ئىتالىيىنى كۈچلۈك، مۇستەقىل ۋە پاراۋان دۆلەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى، — دېدى ھەزرەت.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دېدى نازىر، — لېكىن مەن سىز بىلەن ئىتالىيە سىياسىتىنىڭ يۆنىلىشىنى مۇزاكىرىلەشكىلى كەلمىدىم. بەلكى، مەن بايا سىزدىن سورىغاندەك، تۇرارجاي ۋە يېمەكلىك ھەققىدە قانداق تەلىپىڭىز بارلىقىنى ئۇققىلى كەلدىم.

بۇ يەردە يېمەكلىك خۇددى باشقا تۈرمىدىكىلەرگە ئوخشاشلا، يەنى، ئىنتايىن ناچار، — دەپ جاۋاب بەردى ھەزرەت، — ياتقان يېرىمنى ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز، زەي ۋە مەينەت. شۇنداقتىمۇ، يەرئاستى كامىرغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئومۇمەن يامان دېگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ كارى چاغلىق. مېنىڭ سىزگە ئېيتماقچى بولغىنىم بۇ ئەمەس. مېنىڭ، ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلماقچى بولۇۋاتقان پەۋقۇلئاددە جىددىي بىر مەخپىيەتلىكىم بار.

— ساراڭلىقى تۇتۇشقا باشلاۋاتىدۇ، — دېدى تۈرمە باشلىقى. نازىرنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇلداپ.



— مانا شۇ سەۋەبتىن مەن سىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمگە ناھايىتى خۇرسەن بولۇۋاتىمەن، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى ھەزرەت، — مەن ھازىر مۇھىم بىر ھېساپنى چىقىرىۋاتاتتىم، ئەگەر بۇ ھېساب مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقسا، پۈتۈن نيۇتون سىستېمىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن. گەرچە، سىز مېنىڭ دىققىتىمنى بۆلىۋەتكەن بولسىڭىزمۇ، مەن ناھايىتى خۇرسەن. مەن سىزگە خالى جايدا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلسام بولامدۇ؟

— قانداق، مېنىڭ ئېيتقىنىمدەك بولۇپ چىقىۋاتامدۇ؟ — دەپ پىچىرلىدى تۈرمە باشلىقى نازىرغا.

— سىز ئۇنى ئوبدان بىلىدىكەنسىز، — دېدى نازىر كۈلۈپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن ھەزرەتكە بۇرۇلۇپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى: — مەن سىزنىڭ بۇ تەلىپىڭىزنى ئورۇندىيالمايمەن.

— شۇنداق بولسىمۇ، ئەگەر گەپ ھۆكۈمەتكە بەش مىليون مىقداردىكى زور مەبلەغ قوشۇش ئۈستىدە بولسا نېمە دەيسىز؟

— ياﺋاللا، — دېدى نازىر، تۈرمە باشلىقىغا قاراپ، — سىز ھەتتا ئۇ دېمەكچى بولغان سانىنىمۇ توغرا مۆلچەرلەپسىز.

— ھە، مەيلى، — دېدى ھەزرەت، نازىرنىڭ قايتىپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — بىز ئايرىم سۆزلەشمىسەكمۇ بولىدۇ. جانابىي تۈرمە باشلىقى بىزنىڭ سۆھبىتىمىزنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

— بولدى، بۇرادەر، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى تۈرمە باشلىقى، — سىزنىڭ نېمە دېيدىغانلىقىڭىزنى بىز ئاللىقاچان يادقا بىلىمىز. سىز ئۆزىڭىزنىڭ خەزىنىڭىز توغرىسىدا سۆز ئاچماقچىمۇ، شۇنداقمۇ؟

فارىيا ئۆزىنى كەمسىتكۈچىگە شۇنداق قەتئىي رەۋىشتە قارىدىكى، ناتوغرا چۈشەنچە بىلەن قايمۇقتۇرۇلمىغان كىشى بولسا، بۇ قاراشتا چوقۇم ساغلام ئەقىل ۋە سەممىيەتلىك ئىپادىسىنى كۆرگەن بولاتتى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ھەزرەت، — مەن بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە توغرۇلۇق سۆزلىشىم مۇمكىن.

— نازىر ئەپەندى، — دېدى تۈرمە باشلىقى، — مەن سىزگە بۇ خەزىنىنىڭ ھېكايىسىنى ھەزرەتكە ئوخشاشلا سۆزلەپ بېرەلەيمەن. مەن بۇ ھېكايىنى ئاڭلاۋاتقىنىمغا بەش يىل بولۇپ قالدى.

— بۇ ھال شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، جانابى تۈرمە باشلىقى، — دېدى ھەزرەت روھسىزلانغان ھالدا، — سىز خۇددى كالامۇللادا يېزىلغاندىكىدەك، كۆزى بار تۇرۇپ كۆرمەيدىغان، قۇلىقى بار تۇرۇپ ئاڭلىمايدىغان ئىنسانلارنىڭ بىرى.

— مەرھەمەتلىك تەقسىر، — دېدى نازىر، — بىزنىڭ دۆلىتىمىز باي ۋە خۇداغا شۈكرى، سىزنىڭ پۇللىرىڭىزغا ھاجەتمەن ئەمەس. سىز ئۇ خەزىنىڭىزنى ئۆزىڭىز تۈرمىدىن چىققۇچە ئوبدانراق ساقلاپ قويۇڭ.

ھەزرەتنىڭ كۆزلىرى يوغان - يوغان بولۇپ كەتتى، ئۇ نازىرنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇتۇۋالدى.

— ئەگەر مەن تۈرمىدىن چىقالمىسامچۇ، — دېدى ئۇ، — ئەگەر مەن ئادالەتچىلىككە مۇخالىپ ھالدا تۈرمىدە يېتىۋەرسەمچۇ، ئەگەر مەن مۇشۇ يەردە يېتىپ ئۆلۈپ كەتسەمچۇ؟ بۇ مەخپىيەتلىكنى ھېچكىمگە تاپشۇرالمىسام خەزىنە بىكاردىن - بىكارغىلا يوقۇلۇپ كەتمەمدۇ؟ بۇ بايلىقتىن ھۆكۈمەتمۇ پايدىلانسا، مەنمۇ پايدىلانسام ياخشى ئەمەسمۇ؟ ماقۇل، ئالتە مىليونغىمۇ رازى بولاي، راست گېپىم، مېنى ئازاد قىلىدىغانلا بولساڭلار ئالتە مىليون قىممىتىدىكى بايلىقنى ھەدىيە قىلىشقا رازى بولىمەن.

— راستىنى ئېيتقاندا، — دېدى نازىر پەس ئاۋازدا، —



ئۇنىڭ ساراڭلىقىنى بىلمەيدىغان ئادەم بولسا، بۇ گەپلەرگە پۈتۈنلەي ئىشىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

— مەن ساراڭ ئەمەس، مەن چىن ھەقىقەتنى سۆزلەۋاتىمەن، — دېدى فارىيا، ئۇ، مەھبۇسلارغا خاس بولغان سەزگۈرلۈكى بىلەن نازىرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىۋالغانىدى، — ئۇ خەزىنە ھەقىقەتەن مەۋجۇت. مېنى شۇ يەرگە ئۆزۈڭلار باشلاپ بېرىڭلار. مەن يولنى كۆرسىتىپ بېرىمەن. بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا شۇ يەرنى قېزىپ كۆرۈشسۇن. ئەگەر مەن يالغان ئېيتقان بولسام، ئۇ يەردىن ھېچنەرسە تېپىلمىسا، ئەگەر مەن سىلەرنىڭ دېگىنىڭلاردەك ساراڭ بولسام، مېنى يەنە مۇشۇ يەرگە، مۇشۇ زىندانغا ئەكېلىپ تاشلاڭلار، مەن ئىككىنچىلەپ ئۆزۈمنىڭ دەۋا - دەستۇرلىرىم بىلەن سىلەرنى ئاۋارە قىلماستىن، مۇشۇ يەردە ئۆمۈرۋايەت ياتاي، مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ كېتەي.

تۈرمە باشلىقى كۈلۈپ كەتتى.

— سىزنىڭ خەزىنىڭىز خېلى يىراق يەردىمۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— بۇ يەردىن 100 مىل كېلىشى مۇمكىن، — دېدى فارىيا.

— قالتىس گەپ ئىكەن بۇ، — دېدى تۈرمە باشلىقى، — ئەگەر ھەممە جىنايەتچىلەر تۈرمە ساقچىلىرىنى 100 مىل يىراقلىققا ئاپىرىپ ئويىنىتىپ كېلىشكە خۇشتار بولسا، ۋە بىز بۇنىڭغا ماقۇل بولساق، قاماقتىكىلەرنىڭ قېچىش يولى بەكمۇ ئاسان بولۇپ قالىدۇ. مۇنداق ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا قېچىشقا پۇرسەت چىقىپ قېلىشى مۇمكىن - دە.

— بۇ، ئەزەلدىن ھەممىگە ئايان بولغان ئۇسۇل، — دېدى نازىر، — بۇ ئۇسۇلنى ھەزرەت جانابلىرى مەن كەشىپ قىلدىم دەپ ماختىنالمايدۇ.

ئاندىن ئۇ ھەزرەتكە قاراپ سورىدى:

— سىزدىن يەنە بىر قېتىم سوراۋاتىمەن، سىزگە بېرىلـ
ۋاتقان تاماق ياخشىمۇ؟
— مۆھتەرەم ئەپەندى، — دېدى جاۋابەن فاريا، — خۇدا
ھەققىدە ماڭا چىن سۆزىڭىزنى ئېيتىڭا، خەزىنە كۆمۈلگەن
جاينى كۆرسىتىپ بەرسەم مېنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرەمسىلەر؟
— سىزگە بېرىلىۋاتقان تاماق ياخشىمۇ؟ — دەپ تەكرار-
لىدى نازىر.
— شۇنداق قىلىدىغان بولساق، سىز ھېچقانداق زىيان
تارتمايسىز. ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرىۋاتىسىزغۇ، مەن قېچىشقا ئورۇن-
مايمەن. خەزىنە تېپىلغۇچە مەن مۇشۇ تۈرمىدە كۈتۈپ تۇراي.
— سىز مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمەيۋاتىسىز. — دەپ ئۇ-
نىڭ سۆزىنى تاقەتسىزلىك بىلەن بۆلىۋەتتى نازىر.
— سىزمۇ مېنىڭ ئىلتىماسىمغا جاۋاب بەرمىدىڭىز! — دەپ
خىتاب قىلدى ھەزرەت. — مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىگەن ھاما-
قەتلەر، ھەممەڭ قان يۇتۇپ ئۆلۈشەرسەن! سىلەر مېنىڭ ئالتۇ-
نۇمنى ئېلىشنى خالىمىغان بولساڭلار، ئۆز ئۆمگە قالسۇن؛ ماڭا
ئەركىنلىك بېرىشنى خالىمىغان بولساڭلار، خۇدا ماڭا مەدەت
بەرسۇن! چىقىڭلار، مېنىڭ ئەمدى سىلەرگە دەيدىغان گېپىم يوق.
ھەزرەت ئۈستىدىن ئەديالنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، قولىغا
بىر پارچە ھاكنى ئالدى-دە، قايتىدىن چەمبەر سىزىلغان يەرگە
ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ چېرتيوژ ۋە ھېسابلىرى بىلەن ھەپىلىشىشكە
باشلىدى.
— ئۇ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى نازىر چىقىپ كېتە
ۋېتىپ.
— بايلىقىنىڭ ھېسابىنى چىقىرىۋاتىدۇ، — دېدى تۈرمە
باشلىقى.
فاريا بۇ مەسخىرە بىلەن ئېيتىلغان سۆزلەرگە يۈكسەك

دەرىجىدىكى نەپرەتلىك-قاراش بىلەن جاۋاب قايتۇردى.
ئۇلار چىقىپ كەتتى. تۈرمە نازارەتچىسى ئىشىكنى يېپىپ
قۇلۇپلىدى.
— ئۇنىڭ راستىنلا بىرەر خەزىنىسى بولغانمۇ-يا، — 
دېدى نازىر پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.
تۈرمە باشلىقى ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا:
— ياكى چۈشىدە بىرەر خەزىنە كۆرۈپ، ئەتىسى ئويغانغاندا
ساراڭ بولۇپ قالغان، — دېدى.
— راست، — دېدى نازىر نەپ ئۇندۇرەلمىسىگەن پارىخورلۇ-
نىڭ ئاھاڭى بىلەن، — ئۇنىڭ پۇلى بولسا تۈرمىدە ياتامتى.
شۇنىڭ بىلەن فاريا ھەزرەتنىڭ ئىشى تۈگىدى. ئۇ يەنە
تۈرمىدە قېلىۋەردى ۋە بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ
غەلىتە ساراڭلىقى ھەققىدىكى گەپ — چۆچەكلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ
كەتتى.
قەدىمكى زاماننىڭ ئاتاقلىق ئاسارە-ئەتىقە قىدىرغۇ-
چىلىرى كالىگۇلا ياكى نېرون شۇ تاپتا ھايات بولسا، بەلكىم
بۇ بەختسىز ئىنساننىڭ سۆزلىرىگە ئەھمىيەت بېرەر ئىدى ھەمدە
ئۇ تەلەپ قىلغان، شۇنچە قەدىرلىگەن ۋە شۇنچە قىممەت باھا-
لىق بەدەل تۆلىمەكچى بولغان ئەركىنلىكنى ئۇنىڭغا تەقدىم
قىلىشار ئىدى. ئەمما، بىزنىڭ دەۋرىمىزنىڭ ھۆكۈمرانلىرى
پەقەت كۆز ئالدىدىكى ئېھتىماللىق بىلەنلا چەكلىنىپ، يېڭىلىق
يارىتىشقا بولغان جۈرئەتچانلىق روھىنى يوقىتىپ قويۇشقان. ئۇ-
لار ئۆزلىرىنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ئاڭلىغان قۇلاقتىن قورقى-
دۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەن كۆزدىن قورقى-
دۇ. ئۇلار ئالىيجاناب ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھېس
قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىشتى، ئۇلارنىڭ بېشىغا كىيگەن تاجى-
سىدىن باشقا ھېچقانداق خىسلىتى قالمىدى. ئۇلار بىر زامان-

ۇرنىڭ ئوغلانلىرى دەپ ھېسابلايتتى ياكى
ى ۋە بەزى جەھەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ تەگرى
ەتتى. بولۇتلارنىڭ ئۈستىدە يەنە قانداق
كەنلىكىنى بىلىش ئاسان ئەمەس. لېكىن،
ى ھۆكۈمرانلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كىشىلەر
كۆرەلەيدۇ. زالىملار ھاكىمىيىتى تۈرمە ۋە قىيىن - قىستاقلارنىڭ
ئاقىۋەتلىرىنى يورۇقلۇققا چىقىپ كۆرسىتىشتىن ھەممىشە باش تار-
تىدۇ. زالىملىقنىڭ ھەر قانداق بىر قۇربانى ئۆزىنىڭ سۇندۇرۇل-
غان ئۇستىخانلىرىنى ۋە قانلىق جاراھەتلىرىنى كىشىلەرگە كۆر-
سىتەلىگەن مىساللار ناھايىتى ئاز. خۇددى شۇنداقلا، مۇدھىش
تۈرمىنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن كېلىپ
چىققان ساراڭلىقمۇ يورۇق دۇنيادىن قاتتىق مەخپىيەتلىك ئاس-
تىدا ساقلىنىدۇ. ساراڭ بولغان كىشىنى تۈرمىدىن چىقىرىشقان
تەقدىردىمۇ، قانداقتۇر بىر سۈرلۈك دوختۇرخانىغا ئۆتكۈزۈپ بې-
رىشىدۇ. دوختۇرلار، تۈرمە ساقچىلىرىنىڭ قولىدىن بۇ مەجرۇھ-
لانغان بەدەننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھەرقانچە تەكشۈرۈپمۇ،
ئۇنىڭدىن ئىنسانىي قىياپەت ۋە ئىنسانىي پىكىرنىڭ ئىزىنىمۇ
كۆرەلمەيدۇ.

فارىيا ھەزرەت تۈرمە ئىچىدە ئەقلىدىن ئېزىپ قالدى دەپ
ھېسابلانغان بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ئاتالمىش ساراڭلىقى بىلەن
ئۆمۈر بويى قاماقتا يېتىشقا ھۆكۈم قىلىندى.

ئەمدى، دانتېسنىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، نازىر ئۇنىڭغا
بەرگەن ۋەدىسىگە ئەمەل قىلدى. تۈرمە باشلىقىنىڭ ئىشخانى-
سىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇ مەھبۇسلار تىزىملىكىنى
كۆرسىتىشنى سورىدى. دانتېس توغرىسىدا يېزىلغان خاتىرە
تۆۋەندىكىچە ئىدى:



| | |
|---|---|
| ئېدمون دانتېس | ئەشەددىي بوناپارتچى، باش ئىسيانكارنى<br>ئېلبادىن قاچۇرۇش ئىشىدا پائال<br>ھەرىكەت ئېلىپ بارغان.<br>مەخپىيەتلىكتە قەتئىي رىئايە قىلىنسۇن،<br>قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇتۇلسۇن. |

بۇ خاتىرىنىڭ يېزىلغان پوچۇركىسى ۋە ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن سىيا، تىزىملىكتىكى باشقا خاتىرىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. بۇنىڭدىن، بۇ خاتىرە دانتېس تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن يېزىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. دانتېسقا قويۇلغان گۇناھ شۇنچىلىك ئېغىر ئىدىكى، بۇنىڭغا قارشى سۆز قوشۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، نازىر ئۇنىڭ تېگىگە: «ئامال قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ يېزىپ قويدى.

نازىر بىلەن بولغان كۆرۈشۈش دانتېسنى روھلاندۇردى. ئۇ تۈرمىگە قامالغاندىن تارتىپ ۋاقىتنى ئۇنتۇپ قالغانىدى، لېكىن نازىر ئۇنىڭغا بۈگۈنكى ئاي ۋە كۈننى ئېيتىپ قويدى. دانتېس بۇ چېسلانى ياددا مەھكەم ساقلاپ قالدى. ئۇ تورۇستىن چۈشۈپ قالغان ھاك پارچىسى بىلەن تامغا: «1816 - يىل، 30 - ئىيۇل» دەپ يېزىپ قويدى ۋە شۇندىن باشلاپ ۋاقىتنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەر كۈنى تامغا چېسلانى بەلگە قىلىپ سىزىپ تۇرىدىغان بولدى.

كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتۈشكە باشلىدى. دانتېس تېخىچىلا كۈتمەكتە ئىدى. دەسلەپتە ئۇ ئۆز ئالدىغا ئىككى ھەپتىلىك مۆھلەتنى بەلگىلەپ قويدى. ئەگەر نازىر ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن بىرئاز كۆڭۈل بۆلگەن بولسا، بۇ ئىككى ھەپتە يېتەرلىك مۇددەت ئىدى. بۇ ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن دانتېس ئۆز ئىچىدە، نازىر پارىژغا قايتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئىشىغا تۇتۇش قىلالماسلىقى مۇمكىن دەپ ئويلىدى.

ۋەھالەنكى، ئۇ پارىژغا ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان تەكشۈرۈش

تاماملانغاندىن كېيىن قايتىشى مۇمكىن. بۇ تەكشۈرۈش بولسا بىر - ئىككى ئاي داۋاملىشىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىگە ئىككى ھەپتىنىڭ ئورنىغا ئۈچ ئايلىق يېڭى قەرەل بەلگىلىدى. بۇ ئۈچ ئايمۇ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە باشقىچە تەخمىن - پەرەزلەر بىلەن ئۆزىنى گوللەپ، ئۆز ئال- دىغا يېرىم يىللىق قەرەلنى بەلگىلىدى. شۇنداق قىلىپ، يېرىم يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى ۋە ھېسابلاپ كۆرگەندەك بولسا، ئۇ نازىرنىڭ جاۋابىنى توققۇز يېرىم ئاي كۈتكەن بولۇپ چىقتى. بۇ جەرياندا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرمىدى. ئۇ، كۆڭلى ئىمىن تاپقۇدەك بىرەر ئېغىز گەپ ئاڭلىمىدى. گۇندىپاي بۇرۇنقىدەكلا ئۈنچىقماس ئىدى. دانتېس ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ، تەساۋۋۇرنى ئەسلىمە دەپ قالدىمىكىن، تۈرمىگە كىرگەن ھېلىقى مەدەتكار پەرىشتە ئەسلىدە چۈشۈمدە پەرۋاز قىلىپ كۆرۈنگەنمىكىن، دەپ ئويلاشقا باشلىدى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە تۈرمە باشلىقىنىڭ خىزمىتى ئالماشتۇرۇلۇپ، گام قەلئەسىگە يۆتكىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆز قول ئاستىدىكىلەردىن بىرنەچچەيلەننى ۋە شۇ قاتاردا دانتېسقا قاراي- دىغان گۇندىپايىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. يېڭى تۈرمە باشلىقى تەيىنلىنىپ كەلدى. ئۇ، مەھبۇسلارنىڭ ئىسىم فامىلىلىرىنى يادلاپ ئولتۇرۇشنى مالال كۆرۈپ، تىزىملىكتە پەقەت ئۇلارنىڭ نومۇرلىرىنىلا تىركەپ قويۇشنى بۇيرۇدى. بۇ دەھشەتلىك مېھمانخانا 50 بۆلۈمدىن تەركىب تاپقانىدى. بۇ بۆلۈملەردە ياتقۇچىلار نومۇر بىلەن ئاتىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، بەختسىز يىگىت ئېدمون دېگەن ئىسمىدىن ۋە دانتېس دېگەن فامىلىسىدىن مەھرۇم قىلىندى. ئۇ، ئەمدى 34 - نومۇر بولۇپ قالدى.



## ئون بەشىنچى باب

### 34 - نومۇر ۋە 27 - نومۇر

دانتېس تۈرمىگە تاشلىنىپ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن مەھبۇسلار دۇچ كېلىدىغان ھەممە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. دەسلەپتە ئۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ۋە گۇناھسىزلىق تۇي- غۇسىدىن كېلىپ چىققان غۇرۇرى بىلەن تۇرغانىدى. بارا - بارا ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىدىن ئىككىلىنىشكە باشلىدى. بۇ ھال، تۈرمە باشلىقىنىڭ ساراڭلىق نەزەرىيىسىگە مەلۇم دەرىجىدە دەلىل بولالايتتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ ئۆزىنىڭ غۇرۇرلۇق پەللە- سىدىن ئاغدۇرۇلۇپ چۈشتى ۋە يېلىنىپ - يالۋۇرۇشقا باشلىدى، تېخى ۋاقتىنچە خۇداغا ئەمەس ئادەملەرگە يالۋۇردى. خۇدا دې- گەن ئاداققى پاناھ، ئىنسان ئۆز بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئەڭ ئاۋۋال خۇداغا نالە قىلسا دۇرۇس بولار ئىدى. لېكىن، گۇناھ- كار بەندىلەر ئۆزىنىڭ ھەممە ئىشەنچىسىنى يوقاتقاندىن كېيىنلا خۇدانى يادىغا ئېلىشىدۇ.

دانتېس ئۆزىنى باشقا زىندانغا يۆتكەپ قويۇشنى سورىدى. بۇنىڭدىن بەتتەر قاراڭغۇ ۋە زەي بولسىمۇ مەيلى ئىش قىلىپ بىر ئۆزگىرىش بولسا، ھەتتا يامانلىققا ئۆزگىرىش بولسىمۇ، بىر نەچچە كۈنگىچە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشقا بولاتتى. ئۇ، سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كىرىشكە رۇخسەت بېرىشنى سورىدى. ساپ ھاۋا، كىتاب، نەرسە كېرەكلەرنى بېرىلىشىنى سورىدى، ئۇنىڭغا ھېچنەرسە بېرىلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، داۋاملىق سو- راۋەردى. ئۇ، ئۆزىگە قارايدىغان گۇندىپاي بىلەن سۆزلىشىشكە

كۆنۈپ قالدى. گەرچە يىڭى كەلگەن گۇندىپاي بۇرۇنقىسىدىنمۇ
بەتتەر زۇۋانسىز بولسىمۇ، هەر هالدا قانداقلا بولمىسۇن، بىر
ئادەم بىلەن بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ سۆزلىشىش زور خۇ-
شاللىق ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش ئۈچۈن سۆز-
لەيتتى، يالغۇز قالغان چاغلىرىدىمۇ سۆزلەپ باقاتتى، لېكىن
ئۆز ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا ئۇنى قورقۇنچ باساتتى. دانتېس جەم-
ئىيەتتىكى ۋاقتىدا تۈرمىلەرنى ئويلىسا، سەرگەردانلار، بۇلاڭ-
چىلار ۋە قاتىللار رەزىللىك بىلەن دوست تارتىشىپ ياتقان
قاباهەتلىك كامېرلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئەمدى
هازىر ئۇ ئۆزىمۇ ئاشۇنداق كامېرلاردىن بىرىگە قامالسا خۇشال
بولاتتى. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئۇ گۇندىپاينىڭ بۇتتەك سوغۇق
تەلەتىدىن باشقا ئادەمنىڭ چىرايلىرىنىمۇ كۆرەلەيتتى. شۇ
تاپتا ئۇ سۈرگۈن قىلىنىپ، گۇناهكالار كىيىمىنى كىيىپ، پۇت-
لىرىغا كىشەن سېلىنىپ ۋە مۈرىسىگە تامغا بېسىلىپ مەجبۇ-
رىي ئەمگەككە سېلىنىشنى ئارزۇ قىلاتتى. سۈرگۈن قىلىنغانلار
هېچ بولمىغاندا ئۆزىگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ياشاي-
دۇ، ساپ هاۋادىن نەپەس ئالىدۇ، ئاسماننى كۆرىدۇ. ئۇلار،
بەختلىك كىشىلەر.

ئۇ گۇندىپايدىن ئۆزىگە بىر هەمراھ قوشۇپ بېرىشىنى،
هېچبولمىغاندا ئۇ داڭقىنى ئاڭلىغان هېلىقى ساراڭ هەزرەتنى
بولسىمۇ، ئۆزىگە قوشۇپ بېرىشنى يېلىنىپ سورىدى. ئەڭ
قەبىھ گۇندىپاينىڭمۇ تاشقى كۆرۈنۈشتىكى قوپاللىقىنىڭ تېگىدە
ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ قالدۇقلىرى يوشۇرۇنغان بولىدۇ. دانتېسقا
قارايدىغان گۇندىپاي بىچارە يىگىتكە ئىچى ئاغرىۋاتقانلىقىنى
چاندۇرمىغان بولسىمۇ، تۈرمە باشلىقىغا 34 - نومۇرنىڭ تەلە-
پىنى يەتكۈزدى. لېكىن، تۈرمە باشلىقى سىياسىي ئەربابلارغا
مۇناسىپ ئېهتىياتچانلىق بىلەن، دانتېسنىڭ باشقا مەهبۇسلارنى



قۇتۇرتىشىپ قويۇشىدىن ياكى هەمراهى بىلەن بىرلىكتە
تۈرمىدىن قېچىشقا قەست قىلىشىدىن گۇمانلىنىپ ئۇنىڭ تەلەپ-
لىرىنى رەت قىلدى.

دانتېس بەندىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان هەممە ۋاسىتىلەرنى
ئىشلىتىپ بولدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ئاخىرى خۇداغا ئىلتىجا قىل-
دى. ئەنە شۇندا، تەلەيسىز بەندىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئورۇن
ئالىدىغان دىيانەتلىك خىياللار ئۇنىڭ قەلبىنى يورۇتتى. ئۇ
بالىلىق چاغلىرىدا ئانىسى ئۆگەتكەن ئايەتلەرنى يادىغا كەل-
تۈردى ۋە بۇ ئايەتلەرنىڭ شۇ كەمگىچە ئۆزىگە مەلۇم بولمى-
غان مەنىلىرىنى چۈشىنىپ يەتتى. پالاكەتكە يولۇقمىغان كىشى-
لەرگە ئايەتلەر زېرىكىشلىك، قۇرۇق گەپ بولۇپ تۇيۇلىدۇ.
پەقەت ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندىلا، بەختسىز بولۇپ
قالغان كىشىلەر چوڭقۇر مەنىلەر سىڭدۈرۈلگەن ئايەت سۆزلىرى
بىلەن خۇداغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۇ، ئايەتلەرنى تىرىشچانلىق
بىلەنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئوقۇ-
دى. ئۇ، ئۈنلۈك قىرائەت قىلغاندا ئۆز ئاۋازىدىن قورقماي-
دىغان بولدى. ئۇ، هەربىر سۆزنى ئېيتقاندا گوياكى باشقا بىر
دۇنياغا كېتىپ قالغاندەك، خۇدانى كۆرۈۋاتقاندەك هېس قىلات-
تى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىسكەنجىگە ئېلىنغان، قۇربان قىلىنغان
هاياتىدىكى هەممە ئىشلارنى خۇدانىڭ قۇدرىتىدىن كۆرەتتى،
بولۇپ ئۆتكەن ئىبرەتلىك ئىشلارنى ئەسلەيتتى، گۇناهلىق
ئىشلارنى قىلماسلىققا ئۆزلۈكىدىن نىيەت باغلايتتى ۋە هەر
بىر ئايەتنى خۇددى ئادەملەرگە سۆزلەۋاتقاندەك: بىزمۇ ئۆزى-
مىزگە يامانلىق قىلغانلارغا سالاۋات قىلىۋەتكەندەك سەنمۇ
بىزنىڭ گۇناهىمىزدىن ئۆتكەيسەن، دېگەندەك سۆزلەر بىلەن
ئاخىرلاشتۇراتتى. چىن ئىخلاس بىلەن قىلىنغان تائەت - ئىبا-
دەتلەرگە قارىماي دانتېس يەنىلا تۈرمىدە يېتىۋەردى.

شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ دىلى سۇندى ۋە كۆزلىرىنى گويا تۇمان قاپلىۋالغاندەك بولدى. دانتېس چالا ساۋات، ئاددىي ئادەم ئىدى. ئىلىم - مەرىپەت ئۇنىڭ كۆزلىرىنى توسۇپ تۇرغان پەردىنى كۆتۈرۈپ، ئۆتمۈش زامانلارنى ئۇنىڭ ئالدىدا نامايەن قىلمايتتى. ئۇ، تۈرمە ئىچىدىكى تەنھالىقتا ۋە چەكسىز خىيال جەزىرىسى ئىچىدە تۇرۇپ، ئۆتكەن ئەسىرلەرنى، ئۆتمۈشتىكى خەلقلەرنى، قەدىمكى شەھەرلەرنى كۆرەلمەيتتى، كۆرەلىگەن بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەشەمەتلىك ۋە شائىرانە تۇس ئېلىپ، خۇددى مارتېنىنىڭ① شەپەق نۇرى ئاستىدىكى ۋاۋىلون كۆرۈنۈشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىملىرىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكەن بولاتتى. دانتېسنىڭ بىلىدىغىنى پەقەت ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ئۆتمۈشى، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى ھازىرقى ھاياتى ۋە نامەلۇم كەلگۈسىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ، ئۇزاق كېچىلەرنى ئۆزىنىڭ ئۆتكەنكى 19 يىللىق نۇرلۇق ھاياتىنىلا ئەسلەش بىلەن ئۆتكۈزەتتى! شۇڭا، ئۇ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشقا ھېچقانداق ئامال تاپالمايتتى. ئۇنىڭ جانلىق ئەقىل - پاراستى ئۆتكەن ئەسىرلەر ئىچىگە شادىيانە پەرۋاز قىلىپ كىرەلىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ تەپەككۇرى، خۇددى قەپەزدىكى شۇڭقارغا ئوخشاش قامالغا ئېلىنغانىدى. ئاخىرى، ئۇ بىر خىيالغا، يەنى پاجىئەلىك تەقدىر بىلەن سەۋەبسىز ھالدا دەپسەندە قىلىنغان ئۆزىنىڭ بەختى ھەققىدىكى خىيالغا يېپىشۋالدى. ئۇ، ھەممىنى ئۇنتۇپ شۇ خىيال بىلەن بەند بولۇپ كەتتى، ۋەھالەنكى، شۇنداق بىر ئوخشىتىشنى كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولسا، خۇددى دوزاخ ئوتىدا كۆيۈۋاتقان روھانىي رۇجېيېرىنىڭ باش سۆڭىكىنى غاجىلاۋاتقان رەھىمسىز ئۇگولىنوغا ئوخشاش، بۇ خى-

① جون مارتىن (1789 — 1854) ئەنگلىيىلىك رەسسام.



يالغا چىش - تىرنىقى بىلەن كىرىشىپ كەتتى. دانتېسنىڭ، ئىلاھىي قۇدرەتكە بولغان كىچىككىنە ئېتىقادى قالغانىدى، لېكىن بۇمۇ ئۇزاققىچە داۋاملاشمىدى. كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۆز ئېتىقادىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئەمما دانتېس ھېچقانداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەي تۇرۇپلا بۇنداق ئېتىقادتىن ۋاز كەچتى.

دىنىي ئېتىقاد، دەرمانسىز غەزەپكە ئايلاندى. ئۇ، خۇداغا ھاقارەت كەلتۈرۈپ قارغىش ياغدۇراتتى. گۇندىپاي ئۇنىڭ بۇنداق تىللاشلىرىنى ئاڭلىغاندا قورققىنىدىن قېچىپ چىقىپ كېتەتتى. تۇرۇستىن چۈشكەن كىچىككىنە توپا ياكى بىر تال سامان، ھاۋانىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس ئېقىمى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتسە، خۇددى ئۇقماستىن بېشىنى تامغا ئۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىدىن يېزىلغان پاش قىلىش خېتى، ئۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ۋىلفور ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن، ئۇ ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ ئوقۇغان ئاشۇ پاش قىلىش خېتى ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇنىڭ يادىغا كېلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭدا يېزىلغان قۇرلاردىكى ھەربىر ھەرپ، بەجايىكى ۋالتاسار يازغان «كۆرۈلدى، تارازىغا سېلىندى، تەقسىم قىلىندى»① دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوتتەك يېنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەيتتىكى، خۇدانىڭ جازاسى ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنىڭ دۈشمەنلىكى ئۇنى تېگى يوق يارغا ئىتتىرىۋەتتى. ئۇ، ناتونۇش شۇ ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق تەسەۋۋۇرى ئىجاد قىلالىغان بارلىق جازالارغا تارتىشنى ئويلايتتى ۋە بۇنداق جازالارنىڭ ھەر قاندىقى ئۇلارغا تولىمۇ يەڭگىللىك قىلىدۇ، ئەڭ مۇھىمى، جازالاش جەريانى دېگەندەك ئۇزاققا سوزۇلمايدۇ دەپ ھېسابلايتتى. چۈنكى، جازالاشتىن كېيىن ئۆلۈمنىڭ نۆۋىتى كېلىدۇ. ھالبۇكى،

① خرىستىئان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي كىتابى تەۋراتتىن ئېلىنغان سۆزلەر.

ئۆلۈم دېگەنلىك، دىلغا ئارام بولمىسىمۇ، ئارامغا ئوخشىشىدىغان
ھوشسىزلىقتۇر.
ئۇ، دۈشمەنلىرىنى قايتا - قايتا ئويلاپ، ئۆز - ئۆزىگە شۇن-
داق دەپ قەيت قىلاتتى: ئۆلۈم — ئارام دېمەكتۇر، قاتتىق
جازالاش ئۈچۈن ئۆلتۈرمەسلىك كېرەك. ئاشۇنداق خىياللارغا
بېرىلىپ كەتكەندە ئۇنىڭ بېشى قېتىپ گاڭگىراپ قالاتتى - دە،
ئىختىيارسىز تۈردە ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش پىكرىگە كېلىپ
قالاتتى. ئازاب - ئوقۇبەت يولىدا مۇشۇنداق پىكىر ئۈستىدە توخ-
تىلىپ قالغان ئادەمنىڭ جېنىغا ۋاي! بۇ پىكىر — نۇر چاق-
نىتىپ تۇرغان سۈزۈك سۇغا ئوخشىشىدىغان ھالاكەت دېڭىزىدۇر.
بىراق، بۇ دېڭىزغا چۈشكەن ئادەم ئۆزىنىڭ پۇتلىرىنىڭ يېپىشقاق پات-
قاققا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇ پاتقاق ئۇنى شوراپ، سۈمۈ-
رۈپ، ئېلىپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئەگەر تەڭ-
رى ئۆزى ئۇنى تارتىپ چىقىرىۋالمىسا، ئۇنىڭ تۈگەشكىنى شۇ.
ئۇ، قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلغانسېرى ئۆلۈمنىڭ قوينىغا شۇنچە
ئىچكىرىلەپ چۆكۈپ كېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ھايات - ما-
مات ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئىككىلىنىش، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئازاب-
لارغا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىش ئېھتىمالى بولغان جازالارغا
قارىغاندا ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس. بۇنداق ئىككىلىنىش
ئادەمنىڭ قەلبىگە تىنچلىق بېغىشلايدۇ، ئۇ چوڭقۇر بىر ھاڭنى
كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، لېكىن ھاڭنىڭ تۈۋىدە ھالاكەت يوشۇرۇنۇپ
ياتىدۇ.
شۇنداق قارارغا كەلگەندىن كېيىن ئېدمونىنىڭ كۆڭلى ئارام
تاپتى. ئۇنىڭ بارلىق دەرد - ئەلەملىرى، قايغۇ - ھەسرەتلى-
رى، ئەندىشىلىرى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئەزرائىلغا
ئورۇن بوشىتىپ زىندان ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ كەتتى. دان-
تېس ئۆزىنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىگە خاتىرجەملىك بىلەن، كەلگۈ-



سىگە دەھشەت بىلەن نەزەر تاشلىدى ۋە ئۆزىگە نىجاتلىق
بولۇپ تۇيۇلغان يولنى تاللىۋالدى.
— كېمە بىلەن دېڭىزدا قاتنىغان چاغلىرىمدا، — دېدى ئۇ
ئۆز - ئۆزىگە، — مەن تېخى بىر ئىنسان بولۇپ يۈرگەن چاغلى-
رىمدا ۋە بۇ ئىنسان ئەركىن، قۇدرەتلىك بولۇپ، كىشىلەرگە
بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان ھەمدە بۇ بۇيرۇقلار دەرھال بەجا كەلتۈ-
رۈلۈپ تۇرغان ئاشۇ كۈنلەردە، مەن ئاسماننىڭ بۇلۇت بىلەن قاپلى-
نىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، دولقۇنلارنىڭ ئۆرلەپ شاۋقۇن سېلىۋاتقان-
لىقىنى، ئاسماننىڭ بىر چېتىدە بوران پەيدا بولۇپ، بۇ جايدىكى
ئەپسانىۋى شۇڭقار ئۇپۇق ئۈستىدە قانات قاققاندەك ئۇچۇپ
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. شۇنداق چاغلاردا مەن ئۆزۈمنىڭ
كېمەمنىڭ كارغا كەلمەيدىغان بىر ئاجىز نەرسە ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلاتتىم، چۈنكى ئۇ گويا دېۋىنىڭ ئالقىنىغا ئېلىنغان
توخۇ پېيىدەك لەپەڭشىپ، سەكرەپ تۇراتتى؛ شىددەتلىك ئۆرۈ-
لۈۋاتقان دولقۇنلارنىڭ گۈلدۈر - تاراقلىرى ئىچىدە تۇرۇپ،
ئۆلۈمدىن دېرەك بەرگۈچى ئۆتكۈر خادا تاشلارغا قارايتتىم. ئۆلۈم
مېنىڭ قەلبىمگە قورقۇنچ سېلىپ تۇراتتى، مەن پۈتۈن كۈچۈم
بىلەن ئۆلۈمنى چېكىندۈرۈشكە تىرىشاتتىم ۋە پۈتۈن ئىقتىدارىم-
نى، دېڭىزچىلىق ماھارىتىمنى يىغىپ خۇدا بىلەن يەككىمۇ يەك
ئېلىشاتتىم! ئۇ چاغدا مەن بەختلىك ئىدىم. ئۇ چاغدا، ھاياتقا
قايتىش — بەختكە قايتىش دېگەنلىك ئىدى. ئۇ چاغدا ئۆلۈم
كەلسە، كۈتۈلمىگەن ئۆلۈم بولاتتى. شۇڭا، مەن ئۆلۈشنى خالى-
مايتتىم، دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى ۋە تاشلارنىڭ ئارىسىدا مەڭگۈلۈك
ئۇيقۇغا كېتىپ، يېتىشنى خالىمايتتىم، مەن خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ
چىراي - شەكلىگە تەقلىد قىلىپ يارالغان بەندە تۇرۇقلۇق لاچىنى-
لار بىلەن بېلىق ئالغۇچلارغا يەم بولۇشنى ئويلىسام يىرگىنەت-
تىم. ھازىر ئەھۋال باشقىچە. ھازىر مېنىڭ ھاياتقا باغلىنىپ

تۇرغۇدەك ھېچنېمەم قالمىدى. ھازىر ئۆلۈم خۇددى بوۋاقنى ئەللەي قىلىۋاتقان مېھرىبان ئانىدەك ماڭا خۇش تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇرماقتا. مەن ئەمدى ئۆلسەم، ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئۆلىمەن. مەن ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە غەزەپلەنگەن ھالدا بۇ زىندان ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ 30 مىڭ قەدەمنى ساناپ چىققان ۋاقىتلىرىمدا ھېرىپ - ئېچىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ ئۇخلاپ قالغىنىمغا ئوخشاش، ياتىمەن - دە، مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىمەن.

دانتېس شۇنداق نىيەتكە كەلگەندىن كېيىن مۇلايىملىشىپ، روھىي كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ قالدى؛ ياتىدىغان يېرىنىڭ قاتتىقلىقىغا ۋە قارا نانغا قانائەت قىلىدىغان بولدى. تاماقنى ئاز يەيتتى، ئاز ئۇخلايتتى، ئۇ، بۇنداق ھاياتنى ئېغىر ئالمايدىغان بولدى، چۈنكى بۇ ھاياتنى خۇددى كېرەكتىن چىققان ئەسكى چاپانغا ئوخشاش تاشلىۋېتىشكە بولاتتى. ئۆلۈشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار ئىدى. بىر خىلى ناھايىتى ئاسان، يەنى پەنجىرىنىڭ رېشاتكىسىغا قول ياغلىقنى باغلاپ ئېسىلىپ ئۆلۈش؛ يەنە بىر خىلى، تاماق يېمەيۋاتقانلىقىنى چاندۇرماستىن ئاچلىقتىن ئۆلۈش. 1 - خىل ئۇسۇلغا دانتېس يىرگىنىش ھېس قىلادى. ئۇ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلىدىغان دېڭىز قاراقچىلىرىغا نەپرەتلىنەتتى. شۇڭا، ئۇ بوينىغا سىرتماق سېلىپ ئۆلۈشنى شەرمەندىلىك دەپ بىلەتتى. ئۇ، 2 - خىل ئۇسۇلنى تاللىۋالدى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى. دانتېسنىڭ قامالغىنىغا تۆت يىل بولۇپ قالغانىدى. ئىككىنچى يىلنىڭ ئاخىرىغا يەتكەندە دانتېس تامغا بەلگە قويۇشنى تاشلىدى ۋە نازىر كېلىشتىن بۇرۇنقىغا ئوخشاش يەنە ئاي - كۈن ھېسابىنى ئۇنتۇپ كەتتى.

ئۇ، ئۆز - ئۆزىگە: «مەن ئۆلۈشنى خالايمەن» دېدى ۋە ئۆلۈش ئۇسۇلىنى ئۆزى تاللىۋالدى. ئۇ، نېمە قىلىشنى ئەستايى-



دىل ئويلاندى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ قارارىدىن يېنىۋالماسلىق ئۈچۈن، ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە قەسەميات قىلدى. «ماڭا چۈشلۈك ۋە كەچلىك تاماقلارنى ئەكىلىپ بېرىشكەندە، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — غىزانى دېرىزىدىن تاشلىۋېتىمەن. ئۇلار مېنى تاماقنى يەپ بوپتۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشسۇن».

ئۇ ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلىشقا باشلىدى. ئۆزىگە ھەر كۈنى ئىككى قېتىم بېرىلىدىغان تاماقنى، ئاسماننىڭ كىچىككىنە بىر پارچىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان دېرىزىنىڭ رېشاتكىلىرى ئارىسىدىن تاشقىرىغا تۆكۈۋېتىدىغان بولدى. دەسلەپتە ئېتىكلىك بىلەن تۆكەتتى، كېيىن بىر ئاز ئىككىلىنىپ، ئاخىرى كۆزى قىيمىغان ھالدا تۆكىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ قەسەم ئىچكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك نىيىتىدىن يالتايمىدى. ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ يىرگىنىش ھېسسىياتىنى قوزغىغان بۇ تاماق ئەمدى، قورسىقى ئېچىپ، ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كەتكەندە ئۇنىڭغا ئەڭ ئېسىل، ئەڭ مەززىلىك تاماقتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بەزىدە ئۇ، تەخسىنى قولىدا سائەتلەپ تۇتۇپ تۇراتتى ۋە ئېچىرقاپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن بۇزۇلغان كالا گۆشىگە ياكى پۇراپ قالغان بېلىققا ۋە كۆكىرىپ قالغان بىر پارچە قارا نانغا قاراپ تۇرۇپ قالاتتى. شۇنداق چاغلاردا ھاياتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرى باش كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ قارارىنى بېسىپ چۈشەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا تۈرمە ئىچى گويا يورۇپ قالغاندەك، تەقدىرىدىن تېخى ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى. ئۇ تېخى ياش، بەلكىم 25 - 26 ياشلاردىن ئاشمىغاندۇر. ئۇ يەنە 50 يىل چامىسىدا ھايات كەچۈرەلەيدۇ، ئۆتكەن ئۆمرىدىن يەنە ئىككى ھەسسە ئارتۇق ياشىيالايدۇ. بۇنداق ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن تۈرمە ئىشىكلىرى ئېچىلىپ

كېتىشى، ئىش قەلئەسىنىڭ سېپىللىرى گۇمران بولۇشى ۋە ئۇ ئەركىنلىككە چىقىشى مۇمكىنغۇ. ئۇ، خۇددى پىداكار تانتالدەك ئۆز - ئۆزىگە مەنئى قىلغان يېمەكلىكنى ئاغزىغا ئەكىلەتتى، لېكىن شۇ ھامان ئۆزىنىڭ قەسىمىنى يادىغا ئالاتتى - دە، ئۆز قەدرىنى ساقلاپ پۈتۈن غەيرىتىنى يىغىپ چىداشلىق بېرەتتى. ئۇ، ھەر دائىم ئۆزىگە قاتتىق تەلەپچانلىق بىلەن قەلبىدىكى ھايات ئۇچقۇنلىرىنى بېسىپ ئۆچۈرەتتى ۋە ئاخىرى بىر كۈنى ئورنىدىن تۇرۇپ تاماقنى دېرىزىدىن تۆكۈۋەتكۈدەك ماغدۇرى قالمىدى. ئەتىسى ئۇنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى يوقالدى، قۇلاقلىرى ئاران - ئاران ئاڭلايدىغان بولۇپ قالدى. گۇندىپاي ئۇنى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئېدمون پات ئارىدا ئەجەلنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتەتتى.

شۇ تەرىقىدە بىر كۈن ئۆتتى. ئېدمون قانداقتۇر بىر خىل غۇۋا ھوشسىزلىق ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرماپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بۇ ھوشسىزلىق تولىمۇ يېقىملىق ئىدى. ئاشقازىنىنىڭ كۆيدۈرۈپ ئاغرىشى ئۆتۈپ كەتتى، تەشنالىق ئازابى بىلىنمەس بولدى. كۆزلىرىنى يۇمسا، گويا كەچكى مەھەلدە سازلىقلار ئۈستىدە كۆرۈنىدىغان سانسىزلىغان يارقىن چېكىتلەر چىمىرلاپ كۆرۈنۈشكە باشلايتتى. بۇ — ئۆلۈم دەپ ئاتالغان غايىبانە دۇنيانىڭ شەپەق نۇرى ئىدى.

توساتتىن، كەچ سائەت توققۇزلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ كاردىۋىتى تاقاپ قويۇلغان تامنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن قانداقتۇر تۇتۇق شىلدىرلاۋاتقان سادانى ئاڭلىدى.

تۈرمە ئىچىدە ئادەمنى بىزار قىلىدىغان تۈرلۈك ھاشارەتلەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئېدمون ئۇلارغا پىسەنت قىلماي ئۇخلاۋېرىشكە كۆنۈپ قالغانىدى. لېكىن، بۇ قېتىم، ئۇنىڭ سېزىمى ئاچلىقتىن ئۆتكۈرلىشىپ كەتكەنمۇ ياكى بۇ سادا ئادەتتىكىدىن



قاتتىقراق ئاڭلاندىمۇ ۋە ياكى ھاياتنىڭ ئاداققى مەزگىلىدە ھەر قانداق شەپە ئالاھىدە باشقىچە تۇيۇلامدۇ، ئىش قىلىپ، ئېدمون بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇلاق سالدى. بۇ سادا، قانداقتۇر يوغان تىرناقلارنىڭ ياكى مۇستەھكەم چىشلارنىڭ، ياكى بولمىسا قانداقتۇر بىر ئەسۋابنىڭ تاشقا سۈركىلىۋاتقىنىدەك ئاڭلىناتتى.

مەھبۇسلاردىن بىردەمگىمۇ ئايرىلمايدىغان «قۇتۇلۇش» دېگەن خىيال دانتېسنىڭ گاراڭلاشقان مېڭىسىنى تېشىپ ئۆتكەندەك بولدى. بۇ سادا، دەل ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق تاۋۇشلار مەڭگۈگە ئاڭلانمايدىغان بولۇشقا تېگىشلىك پەيتتە ئاڭلاندى. شۇڭا، ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا، خۇدانىڭ رەھمى كېلىپ ئۇنى ئۆلۈم ئالدىدا توختىتىپ قېلىش ئۈچۈن بۇ سادانى ئاڭلاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى. ۋەھالەنكى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغانىدى. كىم بىلسۇن، بەلكىم ئۇ شۇنچە سېغىنغان، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ياد ئېتىپ كېلىۋاتقان دوستلاردىن بىرى ئۇلارنى ئايرىپ تۇرۇۋاتقان ئارىلىقنى قىسقارتىش ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئەمگەك قىلىۋاتامدىكىن؟

ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭغا شۇنداق ئاڭلىنىپ كەتكەندۇر، بۇ پەقەت ئۆلۈم گىردابىدىكى بىردەملىك جۆيلۈش بولسا كېرەك.

شۇنداقتىمۇ، ئېدمون قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ داۋاملىق تىڭشاۋەردى. تاقىر - تۇقۇر قىلغان سادا ئۈچ سائەتتىچە داۋام قىلدى. كېيىن، ئېدمون بىر نېمىلەرنىڭ تۆكۈلۈپ چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە نەرسە جىمىقتى.

بىر نەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن تاراقلىغان سادا ئېنىقراق ۋە يېقىنراق جايدىن ئاڭلاندى. ئېدمون پۈتۈن زېھنى بىلەن بۇ ئىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ غېرىبلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى. تۇيۇقسىزدىن گۇندىپاي كىرىپ كەلدى.

دانتېس ئۆلۈشكە قارار قىلغاندىن بۇيان بىر ھەپتە ئۆتتى. تۆت كۈندىن بۇيان ئۇ ھېچنەرسە يېمىدى. بۇ جەريانىدا ئۇ گۇندىپايغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، گۇندىپاي ئۇنىڭ كېسىلىنى سورىسا جاۋاب بەرمەستىن تام تەرەپكە قاراپ يېتىۋالاتتى. ئەمدى ئەھۋال باشقىچە ئىدى. گۇندىپاي تۇتۇق ئاڭلىنىپ تۇرغان سادانى سېزىپ قالسا، ئۆلۈم گىردابىدا تۇرغان دانتېسقا جان كىرگۈزگەن بۇ پىلىلداپ تۇرغان تىرىكلىك نىشانىسىنى يوق قىلىپ تاشلايدۇ.

گۇندىپاي تاماق ئەكىرگەنىدى. دانتېس جەينىكىگە تايىنىپ گەۋدىسىنى كۆتۈردى ۋە ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراشقا بانا ئىزدەپ، تاماقنىڭ ناچارلىقى، ياتىدىغان يېرىنىڭ نەملىكى ھەققىدە خىيالىغا كەلگەننى دەپ ئۈنلۈك تىللاشقا باشلىدى. گۇندىپاي ئۇنى ئاغرىپ قالدى دەپ بىر تەخسە گۆشلۈك شورپا بىلەن يېڭى نان ئەكىرگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق ئەپسۇسلانغان بولسىمۇ، بەختكە يارىشا، دانتېسنى جۆيلۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ ئادەتتىكى بويىچە غىزانى بىر پۇتى سۇنۇق شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئېدمون يېنىكلەشكەن ھالدا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋالدى-دە، قايتىدىن تىڭشاشقا كىرىشتى. تاراقلىغان سادالار شۇنچىلىك ئېنىق بىلىنىشكە باشلىدىكى، ئۇ ئەمدى ھېچقانچە قىينالماستىنلا ئاڭلىيالايدىغان بولدى.

«شۈبھىسىزكى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ماڭا ئوخشاش بىر بەختسىز مەھبۇس بۇ يەردىن قېچىپ چىقىش ئۈچۈن يول ئېچىپ ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر مەن ئۇنىڭ يېنىدا بولسام، ئۇنىڭغا قانداق ياردەملىشەر ئىدىم-ھە!»

تۇيۇقسىزدىن كەلگەن بىر خىيال گويا قارا بۇلۇتتەك بولۇپ ئۈمىد شەپقىنى توستى. بەختسىزلىككە كۆنۈپ كەتكەن مەھبۇس ئىنسانىي بەخت-سائادەتكە ھە دېگەندىلا ئىشىنىپ



كېتەلمەيتتى. ئۇ، بۇ سادانى، نېرىقى كامېردىن رېمونت قىلىشقا تۈرمە باشلىقى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىشچىلارنىڭ تاراق-تۇرۇقلىرىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالدى.

بۇنى ئېنىقلاش قىيىن ئەمەس، لېكىن باشقىلاردىن بۇنى نېمىدەپ سوراش كېرەك؟ گۇندىپاي كىرگەندە ئۇنىڭغا بۇ تاراقلاۋاتقان سادانى مەلۇم قىلىپ، بۇ سادانى ئاڭلىغاندا ئۇنىڭ چىرايىدا قانداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىغا قاراپ باقسىلا مەسىلە ناھايىتى ئاسانلا ئايدىڭلىشاتتى، ئەلۋەتتە. بىراق، بۇنداق قىلىش، بىردەملىك قىزىقىشنى دەپ، ئېھتىمالى بولغان قۇتۇلۇشنى يوققا چىقارغانلىق بولۇپ قالماسمۇ؟ ئېدمونىڭ بېشى شۇنداق ئاغرىشقا باشلىدىكى، ئۇ شۇنداق ئاجىزلاپ كەتكەنىدىكى، ئۆز دىققىتىنى ھېچنەرسىگە مەركەزلەشتۈرەلمەي قالدى، ئۇنىڭ پىكىر خىيالى خۇددى تۇماندەك يېيىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئېدمون پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ئامالىنى تاپتى: ئۇنىڭ كۆزلىرى شىرە ئۈستىدىكى غىزاغا قادالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سەنتۈرۈلگەن ھالدا شىرەنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە چىنىنى قولىغا ئالدى-دە، راھەتلىنىپ تۇرۇپ شورپىنى ئىچىۋەتتى، ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، بۇنىڭدىن ئارتۇقىنى يېمىدى. ئۇ، دېڭىزدا كېمە ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان دېڭىزچىلار تاماقنى بولۇشىغا يەۋالغاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن ھادىسىلەرنى ئاڭلىغانىدى. ئېدمون قولىغا ئالغان ناننى قايتىدىن شىرە ئۈستىگە قويۇپ يەنە كارىۋاتقا ياتتى. ئۇ ئەمدى ئۆلۈشنى خالىمايتتى. كۆپ ئۆتمەي ئۇ ئەس-ھوشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ تۇتۇق، ئاڭسىز خىياللىرى گويا ھېكمەتلىك شاھمات تاختىسىدىكى ئورۇقلاردەك تېگىشلىك تەرتىپ بويىچە تىزىلىشقا باشلىدى. بۇ شاھمات تاختىسىدىكى

ئېھتىمال بىر قۇر ئۇرۇقنىڭ ئارتۇق بولۇشى ئادەمنىڭ ھايۋاندىن ئەۋزەللىكىنى بەلگىلىسە كېرەك. ئەمدى ئۇ ئويلىيالايدىغان ۋە ئويلىغانلىرىنى مەنتىقىي جەھەتتىن رەتكە سالالايدىغان بولدى. ئۇ شۇنداق دەپ ئويلىدى: «بۇ ئەمگەك قىلىۋاتقان كىم ئىكەنلىكىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەستىن ئوقۇپ بېقىش كېرەك. ئەگەر ئۇ ئادەتتىكى ئىشچى بولسا، مەن تامغا تاقىلدىتىپ ئۇرۇپ قويسام بىر دەمگە توختاپ تىڭشاپ باقار، كېيىن يەنە ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ. ئەكسىچە، بۇ مەھبۇس بولسا، مېنىڭ تاقىلداتقىنىمنى ئاڭلاپ ئۇ قورقۇپ كېتىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى دەرھال توختىتىدۇ ۋە كەچقۇرۇنلىقى ئەل ياتقۇ بولغان مەزگىلدىن ئىلگىرى ئىشىنى باشلىمايدۇ».

ئېدمون دەرھال كارىۋاتتىن چۈشتى. ئەمدى ئۇنىڭ پۇتلىرى تىترىمىدى، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشمىدى. ئۇ، كامېرىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا باردى-دە، تامنىڭ زەيلىكىدىن بوشاپ قالغان بىر پارچە تاشنى چىقىرىۋېلىپ، تامنىڭ تاراقلىغان تاۋۇشلار بەكرەك ئېنىق ئاڭلىنىۋاتقان جايىغا كەلتۈرۈپ تاقىلدىتىپ ئۇردى. 1-ئۇرۇش بىلەنلا تامنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاۋۇشلار بىراقلا جىمىقىپ كەتتى. ئېدمون پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ تىڭشاپ تۇردى. بىر سائەت ئۆتتى، ئىككى سائەت ئۆتتى، ھېچقانداق سادا بولمىدى. ئېدمونىڭ تامغا ئۇرۇپ قويۇشى گويا ئۇ تەرەپتە ئىنسى-جىن قالمىغاندەك جىمجىتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

روھلانغان ئېدمون بىر ئاز نان يېدى، بىرنەچچە يۇتۇم سۇ ئىچتى ۋە ئۆز بەدىنىنىڭ تەبىئىي ساغلاملىقىدىن، كۈچ-قۇۋۋىتىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى.

بىر كۈن ئۆتتى، جىمجىتلىق بۇزۇلمىدى. كەچ كىردى، يەنىلا ھېچقانداق سادا ئاڭلانمىدى.

«بۇ — جەزمەن مەھبۇس» دەپ ئويلىدى ئېدمون،



ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئىچىدە. ئەمدى ئۇنىڭ بىپەرۋالىقى يوقالدى، ھاياتقا بولغان ئىنتىلىش قايتىدىن جۇش ئۇرۇپ ئۇنىڭ قەلبىنى ئويغاتتى.

تاڭ ئاتقۇچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئېدمون تۈن بويى كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇپ چىقتى.

تاڭ يورۇدى. گۈندىپاي غىزا ئەكىردى. دانتېس، تۈنۈگۈندىن ئېشىپ قالغان تامىقىنى يەپ بولغانىدى ۋە ئەمدى غىزاغا يەنە ئىشتەي بىلەن كىرىشىپ كەتتى. ئۇ، تاراقلىغان سادانى پۈتۈن زېھنى بىلەن كۈتتى ۋە ئىچى تىت-تىت بولۇپ، قاراڭغۇ زىندان ئىچىدە 10 — 20 لىپ يولنى بېسىپ ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭدى، دېرىزىنىڭ تۆمۈر رېشاتكىلىرىغا ئېسىلىپ ئۇدا بىر نەچچە سائەتكىچە تەنھەرىكەت ئوينىدى، تەقدىر بىلەن ھايات-ماماتلىق تۇتۇشۇشقا تەييار ھالەتتە تۇرۇش ئۈچۈن ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ھەرىكەتلەرنى مەشىق قىلىپ، تېنىنىڭ ئەۋرىشىملىكىنى ۋە قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. چېلىشچى پالۋان سەھنىگە چىقىش ئالدىدا خۇددى شۇ تەخلىتتە تېنىنى ماي بىلەن سۈرتىدۇ ۋە قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ئارىلاپ-ئارىلاپ ئۇ توختاپ قالاتتى ۋە قۇلىقىنى تامغا يېقىن تۇتۇپ ئۆزى كۈتكەن سادانى ئاڭلاشقا تىرىشاتتى. ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمىغاندىن كېيىن ئۇ، ئەمگەك قىلغان مەھبۇسنىڭ ئارتۇقچە ئېھتىياتچانلىقىدىن، تامنى ئۇرغانمۇ خۇددى ئۆزىگە ئوخشاشلا ئازادلىققا تەشنا بولغان بىر مەھبۇس ئىكەنلىكىنى پەملىيەلمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىناتتى.

ئۈچ كۈن ئۆتتى، ھەربىر مىنۇتى سانىلىپ تۇرغان، جانغا تەگكۈدەك 72 سائەت ئۆتتى!

ئاخىرى بىر كۈنى كەچقۇرۇنلىقى، گۈندىپاي چىقىپ

كەتكەندىن كېيىن دانتېس ئېھتىمال 100 – قېتىم قۇلىقىنى تامغا يېقىپ تۇرغاندا ئۇنىڭغا بىلىنەر – بىلىنمەس تۇتۇق تەۋرىنىش سېزىلدى. ئۇ، ھاياجانلىنىشىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى تامدىن چەتكە ئالدى – دە، كامېر ئىچىنى بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ مېڭىپ چىقتى ۋە قايتىپ كېلىپ قۇلىقىنى يەنە شۇ جايغا يېقىپ تۇردى.

شۈبھىسىزكى، تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە چوقۇم بىر ئىش بولۇۋاتىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىش قىلىۋاتقان مەھبۇس ئېھتىياتسىزلىق قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتكەن ۋە ئېھتىمال ئىسكىنە بىلەن ئۇرۇپ ئىشلەشنىڭ ئورنىغا پىشاڭلىق ۋاستىنى قوللىنىۋاتقان بولسا كېرەك.

ئىشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ رىغبەتلەنگەن ئېدمون بۇ غەيرەتلىك جاپاكەشكە ياردەملىشىش قارارىغا كەلدى. ئۇ، كارىۋاتنى بىر چەتكە يۆتكەپ قويدى، چۈنكى ئۇنىڭ مۆلچەرىدە دەل شۇ جاينىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئازادلىق ئىشى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ، تامنىڭ سۇۋىقىنى كوچىلاپ، نەملىشىپ كەتكەن ھاكنى چۈشۈرۈۋېتىپ، تاشنى قومۇرۇپ چىقىرىش ئۈچۈن نېمىنى قورال قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىزلەپ ئەتراپىغا قاراپ چىقتى.

لېكىن، ئۇنىڭ ھېچنەرسىسى يوق ئىدى. بىر پىچاقمۇ، بىرەر ئۈچلۈك ئەسۋابمۇ يوق. رېشاتكىنىڭ تۆمۈر تاياقچىلىرى بار ئىدى. بىراق، بۇ رېشاتكىنىڭ قانچىلىك چىڭ بېكىتىلگەنلىكىنى ئۇ تالاي قېتىملار سىناپ كۆرگەنىدى. ئۇنىڭدىن بىرەر تۆمۈر تاياقچىنى چىقىرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق. كامېرنىڭ بارلىق بىساتى — كارىۋات، ئورۇندۇق، شىرە، چېلەك ۋە بىر كوزىدىن ئىبارەت ئىدى. كارىۋاتنىڭ تۆمۈر چېتىقلىرى بار ئىدى، لېكىن ئۇلار ياغاچقا ۋىنتلار بىلەن



بېكىتىلگەن. ۋىنتلارنى بوشىتىپ تۆمۈرنى چىقىرىش ئۈچۈن ئەتۋىركە لازىم ئىدى. شىرە ۋە ئورۇندۇقنىڭ ھېچنېمىسى يوق. چېلەكنىڭ ئىلگىرى تۇتقۇچى بار ئىدى، لېكىن ئۇنىمۇ چېقىۋېتىپ ئەكېتىشكەن. دانتېسقا پەقەت بىرلا ئىمكانىيەت قالدى: ئۇ بولسىمۇ، كوزىنى چېقىپ، ساپالنىڭ سۇنۇقلىرىنى ئىشلىتىش. ئۇ كوزىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ يەرگە ئۇردى، كوزا پارە – پارە بولۇپ چېقىلىپ كەتتى. دانتېس ئۆتكۈر ساپال سۇنۇقلىرىدىن ئىككى – ئۈچ پارچىنى تاللىۋېلىپ كۆرپىنىڭ تېگىگە يوشۇرۇپ قويدى، قالغانلىرىنى ئۆز جايىدا قالدۇردى. كوزىنىڭ چېقىلىپ كېتىشى ئادەتتىكى ئىش، ئۇ ھېچقانداق گۇمان تۇغدۇرمايدۇ. ئۇ ئەمدى تۈن بويى ئىش قىلىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، قاراڭغۇدا ئۇنىڭ ئىشى ئەپلەشمىدى، ھېچنېمىنى كۆرمەستىن تېمىسقىلاپ ئىشلەشكە توغرا كېلەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىز قورالىنىڭ قاتتىق تاشقا سۈركىلىپ ئۇپراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ، ئىشنى كۈندۈزى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ كارىۋاتنى يەنە تامغا تاقاپ قويدى. ئۈمىدۋارلىق روھى بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ سەۋر – تاقىتىمۇ ئەسلىگە كەلگەنىدى.

ئۇ، تۈن بويى يەر ئاستىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئەمگەكنىڭ شەپىسىگە قۇلاق سېلىپ ياتتى. يەر ئاستىدىكى ئىش سەھەرگىچە توختىماستىن داۋام قىلدى. تاڭ ئاتتى. گۇندىپاي كىرگەندە، دانتېس ئۇنىڭغا، كېچىدە ئۇسساپ ئېلىپ سۇ ئىچمەكچى بولۇپ كوزىنى ئالغاندا كوزا قولۇمدىن چۈشۈپ كېتىپ چېقىلىپ كەتتى، دەپ قويدى. گۇندىپاي ساپالنىڭ پارچىلىرىنى يىغىشتۇرماستىنلا غۇدۇڭشۇپ باشقا كوزا ئەكىرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ قايتىپ كىردى ۋە بۇندىن كېيىن ئېھتىياتلىقراق بولۇشنى تاپىلاپ قويۇپ يەنە چىقىپ كەتتى.

دانتېس قۇلۇپنىڭ شاراقلاپ ئېتىلگەنلىكىنى سۆز بىلەن تەرىپلىگۈسىز خۇشاللىق ئىچىدە تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئىلگىرى ئۇ قۇلۇپنىڭ ئېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا يۈرىكى سىقىلىپ كېتەتتى. گۈندىپاينىڭ ئاياغ تاۋۇشى بېسىلىشى بىلەنلا ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ كارىۋاتنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ قويدى ۋە غۇۋا چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرىدا ئاخشام ئۆزى قىرىپ قويغان جايغا قاراپ، تاشنىڭ چۆرىسىنى قىرىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئۈستىنى تاتىلاشتۇرۇپ يېرىم كېچىگىچە بىكارغا ئاۋارە بولغانلىقىنى كۆردى. تامنىڭ زەيلىكى سىيپالغان ھاكىنى يۇمشىتىپ قويغانىدى. دانتېس، سۇۋاقنى يېمىرىشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرگەندە يۈرىكى خۇشاللىقتىن ئويناپ كەتتى. توغرا، سۇۋاقنى قىرغاندا قوم دانىچىلىرىدەك ئۇششاق ئۇۋۇلىپ بىر - بىرلەپ چۈشەتتى. شۇنداقتىمۇ، چارەك سائەتتە دانتېس بىر چاڭگال ھاكىنى قىرىپ چۈشۈردى. بۇنى بىر ماتېماتىك كۆرگەن بولسا، شۇ تەرىقىدە ئىشلىگەندە، ئەگەر بىرەر ئۇيۇلتاشقا دۇچ كەلمىسىلا، ئىككى يىلدا توغرا كەسمىسى ئىككى كىۋادرات فۇت، ئۇزۇنلۇقى 20 فۇت كېلىدىغان بىر لەخمىنى كولاپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقارغان بولاتتى. دانتېس ئۆتكەن كۈنلەرنى مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلماي قۇرۇق خىيال سۈرۈش، ئايەت ئوقۇش، ئاھ ئۇرۇپ قايغۇرۇش بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزىۋەتكەنلىكىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئۇ تۈرمىدە ياتقان شۇ ئالتە يىل جەريانىدا نى - نى ئىشلارنى پۈتكۈزگىلى بولماسمىدى!

بۇ پىكىر ئۇنىڭ شىجائىتىنى ھەسسىلەپ ئۆستۈردى. ئىنتايىن ئېھتىياتلىق بىلەن ئىشلەپ ئۇ سۇۋاقنى پۈتۈنلەي قىرىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، تاشنى يالىڭاچلاپ قويدى. تام يوغان - يوغان چاسا تاشلاردىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، تېخىمۇ پۇختىلاش ئۈچۈن ئارىلىقلىرىغا ياپىلاق تاشلار قىستۇرۇلۇپ قويۇلغانىدى. ئۇ ئەنە



شۇنداق ياپىلاق تاشلاردىن بىرىنى يالىڭاچلاپ ئېچىپ قويغانىدى. ئەمدى بۇ تاشنى لىڭشىتىپ بوشىتىش كېرەك ئىدى. دانتېس تىرناقلىرى بىلەن كوچىلاپ باقماقچى بولۇۋىدى، ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. ساپالنىڭ پارچىلىرىنى يوچۇققا تىقىپ قايرىپ باققانىدى، ساپال ئاسانلا سۇنۇپ كەتتى. تولۇق بىر سائەت ئاۋارە بولغاندىن كېيىن، دانتېس ئامالسىز ئىشنى توختاتتى. ئەمدى ھەممە ئىزدىنىشلەردىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ قوشنىسى ئۆزى يالغۇز ئىشنى تاماملىغۇچە قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرۇش كېرەكمۇ؟ شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ مېڭىسىگە يەنە بىر پىكىر كەلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە تەر باسقان ماڭلىيىنى سۈرتۈۋېتىپ كۈلۈپ قويدى.

گۈندىپاي ھەر كۈنى ئۇنىڭغا قاڭالتىر كورىدا شورپا ئەكىرەتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا گۈندىپاي باشقا بىر مەھبۇسقىمۇ شورپىنى مۇشۇ كورىدا توشۇيدىغان بولسا كېرەك. دانتېس شۇنىڭغا دىققەت قىلدىكى، گۈندىپاي تاماق تارقىتىشنى ئۇنىڭدىن ياكى ئۇنىڭ قوشنىسىدىن باشلىشىغا قاراپ، كورا بەزىدە تولۇق، بەزىدە يېرىم بولاتتى. شۇ كورىنىڭ تۆمۈر تۇتقۇچى بار ئىدى. دانتېسقا كېرەكلىكى دەل ئاشۇ تۆمۈر تۇتقۇچ ئىدى. ئاشۇ تۆمۈر تۇتقۇچقا ئۇ ئون يىللىق ئۆمرىنى خۇشاللىق بىلەن تېگىشىۋەتكەن بولار ئىدى.

گۈندىپاي ئادەتتىكىچە كورىدىكى غىزانى دانتېسنىڭ تەخسىسىگە قۇيۇپ بەردى. دانتېس ھەر كۈنى شورپىنى ياغاچ قوشۇق بىلەن ئىچىپ، تەخسىنى ئۆزى يۇياتتى. ئاخشىمى دانتېس تەخسىنى ئىشىك بىلەن شىرەنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرگە قويۇپ قويدى. گۈندىپاي كامېرغا كىرگەندە كۆرمەستىن ئۇنى دەسسىۋالدى ۋە تەخسە پاچاقلىنىپ كەتتى. بۇ قېتىم دانتېسنى ئەيىبلەشكە بولمايتتى. ئۇ، تەخسىنى يەرگە قويغانلىقى توغرا

بولمىدى، بۇ راست، لېكىن گۈلدەپاينىڭمۇ سەۋەنلىكى بار، ئۇ يولىغا قاراپ ماڭمىدى.

گۈندەپاي غۇدۇڭشىپ قويدى - دە، شورپىنى نېمىسىگە قۇيۇشنى بىلمەي ئۇياق - بۇياققا قارىدى، دانتېسنىڭ شۇ تەخسىدىن باشقا قاچىسى يوق ئىدى.

— كورىنى قالدۇرۇپ قويۇڭ، — دېدى دانتېس، — ئەتە ماڭا ئەتىگەنلىك تاماق ئەكىرگەندە ياندۇرۇپ ئالارسىز.

بۇنداق مەسلىھەت گۈندەپاينىڭ كۆڭلىگە باب كەلدى. چۈنكى شۇنداق قىلغاندا ئۇ يەنە بىر قېتىم يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ ئاۋارە بولمايتتى. شۇڭا ئۇ، كورىنى قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

دانتېس خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتكۈدەك بولدى. ئۇ دەرھال شورپا بىلەن كالا گۆشىنى يەپ بولدى - دە، گۈندەپاينىڭ قايتىپ ئىكرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بىر سائەتكىچە بىكار ئولتۇردى. ئۇنىڭ قايتىپ كىرمەسلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن كارىۋاتنى نېرىغا سۈرۈپ قويۇپ كورىنى قولىغا ئالدى. تۆمۈر تۇتقۇچنىڭ ئۇچىنى ئۆزى كولاپ تويغان ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدىكى يوچۇققا تىقىپ لىڭشىتىشقا كىرىشتى.

تاشنىڭ ئاران - ئاران لىڭشىپ قويۇشى، ئىشنىڭ ئەپلىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەردى. يەنە بىر سائەت ئۆتكەندە تاش قومۇرۇلۇپ چىقتى ۋە تامدا دىئامېترى بىر يېرىم فۇت كېلىدىغان ئويۇق ھاسىل بولدى.

دانتېس ھاك ئۇۋاقلىرىنى پاك - پاكىز تازىلاپ ئېلىپ بىر بۇلۇڭغا توكتى ۋە ساپالنىڭ سۇنۇقى بىلەن زەي يەرنى كولاپ كۆمۈۋەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ، بۇ خاسىيەتلىك كېچىمىنىڭ بىر مىنۇتلۇق ۋاقتىنىمۇ قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. يورۇق چۈشۈشى بىلەنلا



ئۇ، تاشنى قايتىدىن ئويۇققا كىرگۈزۈپ قويۇپ، كارىۋاتنى يەنە تامغا تاقاپ قويدى - دە، ئۇخلاشقا ياتتى. ئەتىگەنلىك تاماق بىر پارچە ناندىن ئىبارەت ئىدى. گۈندەپاي كىرىپ ناننى شىرە ئۈستىگە قويدى.

— باشقا تەخسە ئەكەلمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى دانتېس.

— ياق، ئەكەلمىدىم، — دېدى گۈندەپاي، — سىز ھەممىنى چېقىپ تاشلايدىكەنسىز. بىر كوزىنى ئۆزىڭىز چاقتىڭىز، سىزنىڭ كاساپىتىڭىزدىن مەن تەخسىنى چېقىپ قويدۇم. ھەممە گۇناھكارلار قاچىلىرىنى سىزگە ئوخشاش چاققىلى تۇرسا، ھۆكۈمەتنىڭ قاچىسى توشامدۇ. سىزگە مۇشۇ كورىنى بېرىمىز، شورپىڭىزنىمۇ مۇشۇ كورىغىلا قۇيۇپ بېرىمىز. ئەمدى بۇنىمۇ چاقالماسسىز.

دانتېس كۆزلىرىنى ئەرشكە قارىتىپ يوتقاننىڭ ئاستىدىن دۇئا قىلغان تەرىقىدە قوللىرىنى جۈپلىدى. قولغا چۈشۈپ قالغان بۇ بىر پارچە تۆمۈر ئۇنىڭ قەلبىدە شۇنچىلىك سۆيۈنۈش تۇيغۇسىنى قوزغاتتىكى، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئەڭ بەخت - سائادەتلىك پەيتلىرىدىمۇ بۇنداق شادىمانلىق ھېس قىلمىغانىدى. پەقەت بىر نەرسە ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ تۇراتتى. ئۇ، ئىشقا كىرىشكەندىن باشلاپ ھېلىقى يەنە بىرەيلەننىڭ شەپىسى ئاڭلانماس بولۇپ قالدى. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن، مەقسىتىدىن ۋاز كېچىشكە بولمايتتى. ئەگەر قوشنىسى ئۇنىڭ يېنىغا كەلمىسە، ئۇ ئۆزى ئاشۇ قوشنىسىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئۇ پۈتۈن بىر كۈن تىنىم تاپماي ئىشلىدى. كەچ كىرگۈچە ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى سايمىنىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئويۇلغان تامدىن ئون نەچچە چاڭگال شېغىل ۋە ھاك پارچىلىرىنى كوچىلاپ چىقاردى. تاماق ۋاقتى توشقاندا ئۇ، ئېگىلىپ كەتكەن تۇتقۇچنى ئىمكان

قەدەر تۆزلەپ قويدى .. دە، كورىنى ئۆز جايىغا قويۇپ قويدى. گۇندىپاي كورىغا كالا گۆشىنىڭ شورپىسىنى، ياق، توغرىسىنى ئېيتقاندا بېلىق شورپىسىنى قۇيۇپ بەردى. چۈنكى بۇ كۈن گۆشسىز تاماق بېرىلىدىغان كۈن ئىدى. مەھبۇسلارغا ھەپتىدە ئۈچ كۈن گۆشسىز تاماق بېرىلەتتى. ئەگەر دانتېس كۈن ھېسابىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتمىگەن بولسا، بۇمۇ ئۇنىڭغا بىر خىل كالىندار بولالايتتى. گۇندىپاي بېلىق شورپىسىنى قۇيۇپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. دانتېس بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ قوشنىسىنىڭ راستىنلا ئىشنى توختاتقانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولدى. ئۇ، دىققەت بىلەن تىڭشاشقا كىرىشتى. ئىش توختىغان ئۈچ كۈندىن بۇيانقىغا ئوخشاشلا جىمجىت ئىدى. دانتېس ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى. ناتونۇش قوشنا ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلمىۋاتقان بولسا كېرەك. ئەمما، ئۇ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرماستىن، ئۆز ئىشىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى. شۇ تەرىقىدە ئۈچ-تۆت سائەت ئىشلىگەندىن كېيىن قانداقتۇر بىر توسالغۇغا دۇچ كەلدى. تۆمۈر تۇتقۇچ ئىچكىرىلىمەستىن، بىر سىلىق نەرسىگە تېگىپ تېيىلىپ كەتتى. دانتېس تامنى قولى بىلەن تۇتۇپ كۆرۈپ، بىر تۆمۈر توسۇققا كېلىپ تاقالغانلىقىنى بىلدى. بۇ تۆمۈر توسۇق ئۇ تېشىپ قويغان ئويۇقنى پۈتۈنلەي توسۇپ تۇراتتى. ئەمدى بۇ توسۇقنىڭ ئۈستۈنكى ياكى تۆۋەنكى جايىدىن يېڭىباشتىن كولاشقا توغرا كېلەتتى. بىچارە يىگىت بۇنداق توسۇقنىڭ چىقىپ قېلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

— ئاھ، خۇدايىم، خۇدايىم! — دەپ قاقشىدى ئۇ، — مەن ساڭا شۇنچە ئىلتىجا قىلغانىدىم، مېنىڭ ئاھۇ-زارىم ساڭا يەتكەندۇر دەپ ئويلىغانىدىم! خۇدا، سەن مېنى ھاياتلىق ئەركىدىن مەھرۇم قىلدىڭ، ئۆلۈمنىڭ تىنچلىقىدىنمۇ مەھرۇم قىلدىڭ، مېنى ياشاشقا دەۋەت قىلدىڭ. ئەمدى ماڭا رەھىم



قىلغىن، خۇدايىم، دەرد-ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كەتمەي!

— كىم ئۇ پىنھانلىقتا خۇدانى ياد ئېتىپ دەرد-ھەسرەت چېكىۋاتقان؟ — غايىبتىن خىتاب قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. تامنىڭ توسالغۇسىدىن تۇتۇق ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز بەجايىكى يەر ئاستىدىن چىققاندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا خۇددى گۆر ئىچىدىن چىققان چاقىرىقتەك تۇيۇلدى. ئېدمونىنىڭ چاچلىرى دىك-دىك تۇرۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ، تىزلىنىپ تۇرغان بويىچە تام تۈۋىدىن ئارقىسىغا داجىدى.

— مەن ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىممۇ! — دەپ پىچىرلىدى ئۇ.

تۆت-بەش يىل جەريانىدا ئېدمون گۇندىپاينىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. ۋەھالەنكى، مەھبۇسقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، گۇندىپاي ئادەم ئەمەس، بەلكى ئىشىكنىڭ سىرتىدىكى يەنە بىر جانلىق ئىشىك، تۆمۈر رېشاتكىلارنىڭ سىرتىدىكى يەنە بىر جانلىق رېشاتكا.

— خۇدا ھەققى، — دەپ ۋارقىرىدى دانتېس، — گەپ قىلىڭ، يەنە گەپ قىلىڭ. سىزنىڭ ئاۋازىڭىز مېنى قورقۇتۇۋەتكەن بولسىمۇ، يەنە گەپ قىلىڭ. سىز كىم بولىسىز؟

— ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى غايىب ئاۋاز.

— بىر غېرىب تۇتقۇن، — دەپ دەرھال جاۋاب بەردى دانتېس.

— مىللىتىڭىز نېمە؟

— فرانسۇز.

— ئىسمىڭىزچۇ؟

— ئېدمون دانتېس.

— كەسپىڭىز؟

— دېڭىزچى.
— قاچاندىن باشلاپ بۇ يەردە يېتىۋاتىسىز؟
— 1815 - يىلى 28 - فېۋرالدىن باشلاپ.
— نېمە سەۋەبتىن قامالغان؟
— مېنىڭ گۇناھىم يوق.
— شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار سىزگە نېمىدەپ گۇناھ قو-يۇشتى؟
— ئىمپېراتورنى قايتۇرۇپ كېلىش ئىشىدىكى مەسىلىگە قاتناشقان دېيىشىدۇ.
— نېمە! ئىمپېراتورنى قايتۇرۇپ كېلىش؟ ئىمپېراتور ھازىر ئۆز تەختىدە ئەمەسمۇ؟
— ئۇ، 1814 - يىلى فونتېنبلودا ئىستېپا بەرگەندىن كېيىن ئېلبا ئارىلىغا پالانغان. سىز بۇ ئىشنىمۇ بىلمىسىڭىز، بۇ يەرگە قاچان قامالغانىدىڭىز؟
— 1811 - يىلى.
دانتېسنىڭ تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتتى. بۇ ئادەم تۈرمىدە ئۇنىڭدىن تۆت يىل ئارتۇق يېتىپتۇ.
— ماقۇل، ئەمدى كولاشنى توختىتىڭ، — دەپ ئالدىراپ سۆزلىدى غايىب كىشى، — سىز تەشكەن ئويۇق قانچىلىك ئېگىزلىكتە؟
— يەر يۈزى بىلەن باراۋەر.
— ئۇ نېمە بىلەن توسۇلۇق؟
— مېنىڭ كارىۋىتىم بىلەن.
— سىز قامالغاندىن بۇيان كارىۋىتىڭىزنى يۆتكەپ باققانمۇ؟
— يۆتكەپ باقمىغان.
— سىزنىڭ ياتىقىڭىز نەگە تۇتىشىدۇ؟
— كارىدورغا.



— كارىدور چۇ؟
— ھويلىغا چىقىدۇ.
— ئاپلا، بۇ چاتاقنى! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
— نېمە؟ نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى دانتېس.
— مەن خاتالىشىپتىمەن - دە، — دېدى غايىب كىشى. — پىلانىمنىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقى مېنى ئازدۇرۇپتۇ، سىركۇلىنىڭ بولمىغانلىقى ھەممە ئىشنى بۇزۇپتۇ. بىر سىزىقنىڭ خاتا بولۇپ قالغانلىقى ئەمەلدىكى 15 فۇتنىڭ خاتالىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپتۇ. مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزنىڭ تېمىنى قەلئەنىڭ سىرتقى تېمى دەپ ئويلاپتىمەن.
— ئۇنداق بولمىغاندا سىز دېڭىز بويىغا كولاپ چىقاتتىڭىزمۇ؟
— شۇنداق قىلماقچى ئىدىم.
— ئويلىغىنىڭىزدەك بولغاندا قانداق قىلاتتىڭىز؟
— دېڭىزغا چۈشۈپ ئىف قەلئەسىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاراللاردىن دوم ياكى تىبولېن ئارىلىغا ياكى بولمىسا چوڭ قۇرۇقلۇققا ئۈزۈپ چىقىۋالالايتتىم - دە، بۇ يەردىن قۇتۇلاتتىم.
— شۇنچە يىراق جايلارغا ئۈزۈپ بارالايتتىڭىزمۇ؟
— ياراتقان ئىگەم كۈچ-قۇۋۋىتىمنى زىيادە قىلار ئىدى، بىراق ئەمدى ھەممە ئىش تۈگىدى.
— ھەممە ئىش تۈگىدى؟
— تۈگىدى. كولاپ قويغان يېرىڭىزنى ئاۋايلاپ بېكىتىۋېتىڭ، ھېچقانداق ئىش قىلماستىن مېنىڭ خەۋىرىمنى كۈتۈڭ.
— سىز ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ ھېچبولمىغاندا ئىسمىڭىزنى بولسىمۇ ئېيتىپ بەرسىڭىزچۇ؟
— مەن... مەن 27 - نومۇر.
— سىز ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى دانتېس.

ئۇنىڭ قولاقلىرىغا ئاچچىق ھەسرەتلىك كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن بىر مۆمىن خرىستىئان! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى دانتېس، ئۆزىنىڭ غايىبتىكى غەمگۈزارى ئۇنى تاشلاپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، — خۇدا ھەققىدە قەسەم ئىچىمەنكى، ئىككىمىزنىڭ جاللاتلىرىمىزغا سىرىمىزنى ئېچىپ قويغۇچە جېنىمنى قۇربان قىلىمەن. خۇدا ھەققىدە مېنى تاشلاپ كەتمەڭ، مەن سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاپ تۇراي. بولمىسا، ئەزرايى خۇدا، بېشىمنى تامغا ئۇرۇپ يانجىۋېتىمەن، چۈنكى مېنىڭ ئەمدى چىدىغۇدەك ھالىم قالمىدى. ئۆلۈپ كەتسەم ئۇۋالىمغا قالىسىز.

— سىز نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ ئاۋازىڭىزدىن قارىغاندا تېخى ياشتەك قىلىسىز.

— نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. مەن يىل، ئاي كۈنلەرنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتىم. مەن پەقەت 1815 - يىلى 28 - فېۋرالدا قولغا ئېلىنغانلىقىمنى بىلىمەن. شۇ چاغدا سەل كام 19 ياشتا ئىدىم.

— ئۇنداق بولسا، سىز تېخى 26 ياشقىمۇ توشماپسىز، — دېدى غايىب كىشى، — بۇنداق ياش تۇرۇپ خائىن بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

— ياق! ياق! قەسەمياد قىلىمەن! — دەپ تەكرارلىدى دانتېس، — سىزگە يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، تېنىمنى پارچە-پارچە قىلىپ توغراپ تاشلاشسىمۇ سىزنى تۇتۇپ بەرمەيمەن!

— سىزنىڭ بۇ گەپلەرنى قىلغىنىڭىز، ماڭا يېلىنغىنىڭىز ياخشى بولدى. بولمىسا مەن باشقا پىلان تۈزۈپ، سىزدىن خالىي بولۇشنى ئويلىغانىدىم. لېكىن سىزنىڭ ياش قۇرامىڭىز مېنى خاتىرجەم قىلدى. مەن يەنە كېلىمەن، مېنى كۈتۈڭ.

— قاچان كېلىسىز؟

— كېلىش ۋاقتىمنى بىر ھېسابلاپ كۆرۈش كېرەك. مەن ئۆزۈم سىزگە خەۋەر قىلىمەن.



— مېنى تاشلاپ كەتمەسسىز، مېنى ئەمدى يالغۇز قويماسسىز؟ سىز بۇ يەرگە كېلەمسىز ياكى مېنى ئۆزىڭىزنىڭ يېنىڭىزغا باشلاپ ئاپىرامسىز؟ بىز ئىككىمىز بىرلىكتە قېچىپ چىقىمىز. ئەگەر قېچىشقا ئىمكانىيەت بولمىسا ئۆزىمىز پاراڭلىشىپ ئولتۇرىمىز. سىز ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن ئادەملىرىڭىز توغرۇلۇق ماڭا سۆزلەپ بېرىسىز. مەن ئۆزۈمنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادەملىرىم توغرۇلۇق سىزگە سۆزلەپ بېرىمەن. سىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەملىرىڭىز بارمۇ؟

— مەن بۇ دۇنيادا بىر يېتىم، يېگانە بەندە.

— ئۇنداق بولسا، كېيىنچە مېنى ياخشى كۆرۈپ قالىسىز. سىز ياش بولسىڭىز مەن سىزگە يولداش بولىمەن، ياشانغان بولسىڭىز سىزگە ئوغۇل بولىمەن. مېنىڭ دادام بار. ئەگەر ئۇ ھايات بولسا 70 ياشقا كىرىپ قالدى. مەن پەقەت دادام بىلەن مېرسېدېس ئىسىملىك بىر قىزنىلا ياخشى كۆرەتتىم. دادام مېنى ئۇنتۇپ قالمىدى، بۇنىسى ئېنىق، لېكىن ئۇ قىزچۇ... كىم بىلسۇن، ئۇ مېنى ئەسلەپ تۇرامدۇ! بۇندىن كېيىن مەن سىزنى دادامنىڭ ئورنىدا كۆرىمەن.

— ياخشى، — دېدى غايىب مەھبۇس، — خەير، ئەتە كۆرۈشەرمىز.

بۇ سۆزلەر شۇنداق ئاھاڭدا ئېيتىلدىكى، دانتېس ئۇنىڭغا دەرھال ئىشەندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەر دائىمقىدەك تېشىلگەن تامدىن چىققان ئەخلەتنى بىر بۇلۇڭغا ئاپىرىپ كۆمۈۋەتتى - دە، كارىۋاتنى تامغا تاقاپ قويدى. شۇ پەيتتە ئۇ چەكسىز بەختلىك ئىدى. ئەمدى ئۇ يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتمايدۇ، بەلكىم تۈرمىدىن قېچىپ كېتىشكىمۇ پۇرسەت بولۇپ قالار. تۈرمىدىن قاچالمىغان تەقدىردىمۇ، ئەمدى ئۇنىڭ ھەمراھى بار. ئىككى ئادەم بىر يەردە بولسا تۈرمە ئازابىنىڭ تەڭ يېرىمى تۈگەيدۇ.

دانتېس كۈن بويى زىندان ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈردى. خۇشاللىق ئۇنىڭ نەپەسلىرىنى بوغماقتا ئىدى. تۇرۇپلا ئۇ قولىنى كۆكرىكىگە چىڭ باسقان ھالدا يوتقان ئۈستىگە ئولتۇرۇپ قالاتتى. كارىدوردا كىچىككىنە تىرىقلىغان تاۋۇش چىقىپ قالسا، ئۇ ئىشىكنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باراتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇ، قەدىناس دوستىدەك ياخشى كۆرۈپ قالغان بۇ ناتونۇش ئادەمدىن يەنە ئايرىلىپ قالارمەنمۇ دېگەن خىيال بىلەن قورقۇپ كېتەتتى. ئۇ شۇنداق قارارغا كېلىپ قويدىكى، ئەگەر گۇندىپاي كارىۋاتنى نېرىغا يۆتكەپ، تېشىلگەن جاينى كۆرۈش ئۈچۈن ئېگىلىدىغان بولسا، ئۇ كوزىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۇنىڭ كاللىسىنى يانجىۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىشىدۇ، بۇنى ئۇ بىلەتتى. ئەمما، ئۇ ئۆزىمۇ تەنھالىق ئازابىدا جېنىدىن تويغان ئەمەسمىدى؟ پەقەت ئاشۇ ھېكمەتلىك سادا ئۇنى ئۆلۈم گىردابىدىن قايتۇرۇپ كەلگەن ئەمەسمۇ.

كەچ كىرگەندە گۇندىپاي كەلدى. دانتېس كارىۋاتتا ياتاتتى. ئۇنىڭغا گويا مۇشۇنداق ياتسا تېشىپ قويۇلغان ئويۇقنى ئوبدانراق مۇھاپىزەت قىلغىلى بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى گۇندىپايغا بەكمۇ غەلىتە قاراش بىلەن تىكىلىپ قالغان بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇ:

— ھە، نېمە بولدى؟ يەنە ئەقلىڭىزدىن ئېزىپ قېلىۋاتامسىز؟ — دېدى.

دانتېس جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ، ئاۋازى تىترەپ كېتىپ چاندۇرۇپ قويۇشتىن قورقاتتى. گۇندىپاي بېشىنى چايقاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. دانتېس تۈن بولغاندا ئۇنىڭ قوشنىسى



جىمجىتلىق ۋە قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرغىلى كېلىدۇ دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇ ئويلىغاندەك بولمىدى. تۈن بويى ئۇ كۈتكەن سادا ئاڭلانمىدى. ئەتىگەنلىكى گۇندىپاي كېلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ كارىۋاتنى تامدىن چەتكە سۈرۈپ قويدى ۋە ئۈچ قېتىملىق سالماقلىق ئۇرۇلۇشنى ئاڭلىدى. ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇردى.

— بۇ سىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ، — مەن بۇ يەردە.

— گۇندىپاي چىقىپ كەتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى غايىب كىشى.

— چىقىپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى دانتېس، — ئۇ ئەمدى ئاخشاملىقتا كېلىدۇ. بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا ئون ئىككى سائەت ۋاقتىمىز بار.

— ئەمىسە، ئىشنى باشلايمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى غايىب كىشى.

— ھە، ھە، چاققانراق، چاققانراق باشلايلى.

شۇ ھامان، دانتېس ئىككى قولى بىلەن تىرەجەپ تۇرغان يەر تۆۋەنلەپ قالدى، ئۇ چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى ئارقىغا تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتىلا، ئۇ ئۆزى كولاپ قويغان ئويۇقنىڭ تېگىدىكى يەر ئويۇلۇپ چۈشتى - دە، بىر دۆۋە تاش - توپىلار چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قاپقاراڭغۇ ۋە چوڭقۇرلۇقنى كۆز بىلەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ئورىنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەمنىڭ بېشى، ئاندىن مۈرىسى كۆتۈرۈلۈپ چىقتى ۋە ئاخىرىدا ئۇ ئادەم ئورىنىڭ ئىچىدىن ئەپچىللىك بىلەن چىقىۋالدى.

# ئون ئالتنچى باب

## ئىتالىيەلىك ئالىم

دانتېس شۇنچە ئۇزاقتىن بۇيان، شۇنچە ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن بۇ يېڭى دوستىنى باغرىغا چىڭ بېسىپ قۇچاقلىدى ۋە ئۇنى ئۇبدانىراق كۆرۈش ئۈچۈن بۇ زۇلمەتلىك ماكانغا خىرە يورۇقلۇق چۈشۈرۈپ تۇرغان دېرىزىنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى. بۇ، بوي - تۇرقى پاكارراق كەلگەن ئادەم بولۇپ، چاچلىرى قېرىلىقتا قارىغاندىن تولاراق دەرد بىلەن ئاقارغانىدى، ئاق ئارىلاش قېلىن قاشلىرى ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى يوشۇرۇپ تۇراتتى، تېخى ئۆزىنىڭ قارا رەڭگىنى يوقاتمىغان قويۇق ئۈسكەن ساقىلى كۆكرىكىنىڭ يېرىمىغىچە چۈشۈپ تۇراتتى. چوڭقۇر قورۇقلار بىلەن تىلىنغان ئورۇق يۈزىدىن ۋە مەنىلىك قاراشلىرىدىن، ئۇنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكە قارىغاندا تولاراق روھىي جەھەتتىن چېنىققان ئادەم ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ماڭلىيىدىن تەر تامچىلىرى ئېقىپ چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كىيىم - كېچىكىدىن سۆز ئېچىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭ ئەسلى قانداق كىيىم بولغانلىقىنى ئەسلا بىلىشكە بولمايتتى، ئۇ تامامەن جۇل - جۇل بولۇپ ئېسىلىپ تۇراتتى.

بىر قاراشتا ئۇنىڭ ياش قۇرامى 65 تىن تۆۋەن ئەمەستەك كۆرۈنەتتى، لېكىن ئېتىكلىكىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدىكى زەئىپلىكى قېرىلىقتىن بولماستىن، بەلكى ئۇزۇن مۇددەت زىندانىدا ياتقانلىقتىن دەپ ئويلاشقا بولاتتى.



يىگىتنىڭ جۇشقۇن شادلىقىنىڭ ئۇنى خۇرسەن قىلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ گويا مۇزدەك توڭلاپ كەتكەن دىلى دانتېسنىڭ يالقۇنلۇق قەلبىگە قوشۇلۇپ ئىسسىپ قالغاندەك، ئېرىپ كەتكەندەك ئىدى. گەرچە ئۇ ئەركىنلىككە چىقىشنىڭ ئورنىغا يەنە باشقا بىر قاراڭغۇ زىندانغا چىقىپ قالغانلىقىغا ئىنتايىن ئەلەم تارتقان بولسىمۇ، دانتېسنىڭ قىزغىن قارشى ئالغانلىقىغا سەممىي رەۋىشتە تەشەككۇر ئېيتتى.

— ئەڭ ئالدى بىلەن، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ كولاپ چىققان يولۇمنىڭ ئىزىنى يوقىتىشنىڭ ئامالىنى قىلايلى. بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق خاتىرجەملىكىمىز شۇنىڭغا باغلىق.

ئۇ، ئويۇققا ئېڭىشتى - دە، يوغان تاشنى يەڭگىللىك بىلەن كۆتۈرۈپ ئېلىپ بۇرۇنقى جايىغا كەپلەپ قويدى.

— سىز بۇ تاشنى تولىمۇ قوپاللىق بىلەن چىقىرىپسىز، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ قويۇپ، — سىزنىڭ سايمانلىرىڭىز يوقمىدى؟

— سىزنىڭ بارمۇ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى دانتېس.

— ئەپلەپ - سەپلەپ بەزى نەرسىلەرنى ياسىۋالدىم. لازىم بولىدىغان نەرسىلەردىن ئىككەكتىن باشقىسى بار: ئىسكىنە، قىسقۇچ، لوم.

— مەن سىزنىڭ چىدامىلىقىڭىزنىڭ ۋە ئۇستىلىقىڭىزنىڭ ئاشۇ مېۋىلىرىنى كۆرۈپ بېقىشنى خالايتتىم.

— مەرھەمەت، مانا بۇ ئىسكىنە.

ئۇ بىر تەرىپى ئۈچلانغان، يەنە بىر تەرىپىگە ياغاچ تۇتقۇچ ئورنىتىلغان قاتتىق تۆمۈر تاياقچىنى كۆرسەتتى.

— سىز بۇنى نېمىدىن ياسىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى دانتېس.

— كارۋىتىمنىڭ يان چېتىقىدىن ياسىدىم. مانا مۇشۇ

قورال بىلەن مەن تەخمىنەن 50 فۇت كېلىدىغان يولنى كولاپ چىقىپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدىم.

— 50 فۇت! — تەئەججۇپ ئىچىدە خىتاپ قىلدى دانتېس.

— ئاستىراق گەپ قىلىڭ، يىگىت، ئاستىراق گەپ قىلىڭ. مەھبۇسلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ ئىشىك سىرتىدا تۇرۇپ تىڭ - تىڭلايدىغان ئەھۋاللار پات - پات بولۇپ تۇرىدۇ.

— ئۇلار مېنىڭ يالغۇزلۇقىمنى بىلىدىغۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ.

— شۇنداق قىلىپ، 50 فۇت كېلىدىغان يولنى كولاپ چىقتىم دەمسىز؟

— ھەئە، مېنىڭ كامېرىم بىلەن سىزنىڭ كامېرىڭىزنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن شۇنچىلىك كېلىدۇ. بىراق، مەن ئەگىلىدىغان جايلارنى توغرا ھېسابلاپ چىقالماپتىمەن. چۈنكى، مېنىڭ گېئومېترىيىلىك ئەسۋابلىرىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن ماسشتابىنى بەلگىلىيەلمىگەنىدىم. ياي ئەگمىسى بويىچە 40 فۇت كولاشنىڭ ئورنىغا 50 فۇت كولاپتىمەن. سىزگە ئېيتقىنىمدەك، مەن ئەسلىدە تاشقىرىقى تامنى تېشىپ چىقىپ دېڭىز ئارقىلىق قاچماقچىدىم. سىزنىڭ كامېرىڭىز قارايدىغان كارىدورنىڭ ئاستىدىن كولاپ ئۆتۈشنىڭ ئورنىغا كارىدور بىلەن بىر تەكشىلىكتە كولاپ قويۇپتىمەن. مېنىڭ ئەمگەكلىرىم بىكار بولۇپ چىقتى، چۈنكى كارىدور قاراۋۇللارغا تولۇپ - تاشقان ھويلىغا چىقىدۇ.

— بۇ توغرا، — دېدى دانتېس، — لېكىن، كارىدور بۇ كامېرنىڭ بىر تەرىپىگىلا ياندىشىدۇ. ئەمما، كامېرنىڭ تۆت تەرىپى بار ئەمەسمۇ.

— ئەلۋەتتە، بىراق، مانا بۇ تام ئۆيۈلتاش قىيادىن



ھاسىل قىلىنغان. لازىمەتلىك قوراللارنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولغان ئون نەپەر كان ئىشچىسى بۇ قىيانى ئون يىلدىمۇ تېشىپ بولالماس ئىدى. ئاۋۇ تام تۈرمە باشلىقى تۇرىدىغان ئۆينىڭ ئۇلىغا تۇتىشىدۇ. ئەگەر بىز ئۇ يەرگە چىقىدىغان بولساق، چوقۇم قۇلۇپلانغان بىر يەر ئاستى ئۆيىگە (پادۋالغا) كىرىپ قالىمىز - دە، قولغا چۈشىمىز. مۇنۇ تام... توختاڭا! بۇ تام قاياققا قارايدۇ؟

بۇ تامدا تاشقىرىقى تەرىپى كەڭ، ئىچكىرىكى تەرىپى تار قىلىپ ئويۇلغان بىر تۆشۈك بار ئىدى. بۇ تۆشۈكتىن يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇراتتى. تۆشۈكنىڭ چوڭلۇقى ھەتتا بىر كىچىك بالىمۇ پاتمىغۇدەك بولسىمۇ، ئۈچ رەت تۆمۈر تاياقچىلار بېكىتىلگەنىدى. شۇڭا، ھەرقانداق گۇمانخور گۇندىپايمۇ مەھبۇسنىڭ قېچىشىدىن ئەنسىرىمەيتتى. ھېلىقى مېھمان گېپىنى توختىتىپ شىرەنى دېرىزىنىڭ تۈۋىگە يۆتكەپ ئەكەلدى.

— شىرەگە چىقىپ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ دانتېسقا.

دانتېس ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ شىرەنىڭ ئۈستىگە چىقتى - دە، دۈمبىسى بىلەن تامغا تايىنىپ تۇرۇپ ئىككى ئالقىنىنى ئېچىپ تۇتۇپ بەردى. ئۆزىنى 27 - نومۇر دەپ ئاتىغان ۋە ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى دانتېس تېخى ئۇقمىغان بۇ بوۋاي، ھېچ كۈتۈلمىگەن ئەپچىللىك بىلەن، مۈشۈك ياكى كەسلەنچۈكنى ئەسلىتىدىغان چاققانلىق بىلەن ئاۋۋال شىرەگە، كېيىن دانتېسنىڭ ئالقانلىرىغا دەسسەپ چىقتى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ يەلكىسىگە چىقىپ ئېڭىشىپرەك تۇردى، چۈنكى بېشى تورۇسقا تاقىشىپ قالغانىدى. ئۇ بېشىنى تۆمۈر تاياقچىلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ تۆۋەنگە قارىدى. بىردەمدىن كېيىن بېشىنى ئالدىراشلىق بىلەن قايتىدىن چىقىرىۋالدى.

— ئوھو! — دېدى ئۇ، — مەن ئويلىغاندەك ئىكەن.

ئۇ دانتېسنىڭ يەلكىسىدىن شىرەگە چۈشۈپ، شىرەدىن يەرگە سەكرەپ چۈشتى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى دانتېس ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ شىرەدىن يەرگە چۈشتى.

بوۋاي ئويلىنىپ قالدى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — كامېرىڭىزنىڭ بۇتېمى تاشقىرىدىكى هويلىغا قارايدىكەن، ئۇ يەردە قاراۋۇل ۋە جېسەكچىلەر ئايلىنىپ يۈرىدۇ.

— ئېنىق كۆردىڭىزمۇ؟

— مەن بىر ئەسكەرنىڭ شەپكىسىنى ۋە مىلتىقىنىڭ ئۇچىنى كۆردۈم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ مېنى كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ قايتىپ چۈشتۈم.

— ئەمىسە، قانداق قىلىش كېرەك؟ — سورىدى دانتېس.

— ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز، سىزنىڭ كامېرىڭىز ئارقىلىق قېچىش مۇمكىن ئەمەس.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ يەنە سورىدى دانتېس.

— ئەمدى، — دېدى بوۋاي، — خۇدانىڭ ئىرادىسىنى كۆرەرمىز!

ئۇنىڭ چىرايىدا چوڭقۇر ئىستانەتمەنلىك قىياپىتى ئەكس ئەتتى.

دانتېس، شۇنچە يىللاردىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن ئارزۇ - ئۈمىدلىرىدىن شۇنچە خاتىرجەملىك بىلەن ۋاز كەچكەن بۇ كىشىگە زوقلىنىپ قاراپ قالدى.

— ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتىپ بەرمەمسىز؟ — دەپ سورىدى دانتېس.

— ماقۇل، سىز يەنىلا شۇنى خالىسىڭىز ئېيتىپ بېرەي، ئەمما، ئەمدى مېنىڭ سىزگە هېچقانداق پايدام تەگمەيدۇ.



— سىز مېنى تىنچلاندۇرالايسىز، ماڭا مەدەتكار بولالايسىز، چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدە سىز كۈچلۈكلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكى.

مەھبۇس ئەلەملىك تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— مەن ھەزرەت فارىيا، — دېدى ئۇ، — 1811 - يىلدىن بۇيان ئىف قەلئەسىدە قامىلىپ ياتىمەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن فېنېسترېل قەلئەسىدە ئۈچ يىل ياتقانىدىم. 1811 - يىلى مېنى پېيمونتتىن فرانسىيىگە يۆتكەپ كېلىشتى. مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، پەلەكنىڭ تەقدىر - ئىرادىسى گويا ناپالېئونغا باش ئەگكەندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل بەرگەنلىكىنى ۋە بۇ بۆشۈكتىكى ئوغۇلغا رىمنىڭ پادىشاھلىقىنى ئاتا قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن ئۇ چاغدا، سىزدىن ئاڭلىغاندەك ئاقىۋەتنىڭ بولۇشىنى ئويلىمىغانىدىم، تۆت يىل ئۆتكەندە بۇ يېڭىلمەس باھادىرنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ چۈشىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىگەنىدىم. هازىر فرانسىيىدە كىم پادىشاھلىق قىلىۋاتىدۇ؟ ناپالېئون ئىككىنچىمۇ؟

— ياق، لىيۇدوۋىك XVIII.

— لىيۇدوۋىك XVI ئىنىسى لىيودوۋىك XVIII مۇ؟ تەقدىر ئىلاھىنىڭ كارامەتلىرىگە بەندىلەر چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. نېمە ئۈچۈن تەقدىر ئۆزى ئەزىز ياراتقانلارنى يەنە ئۆزى خار قىلىدۇ، ئۆزى خار ياراتقانلارنى يەنە ئۆزى قۇتلۇقلايدۇ؟

دانتېس ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىنى ئۇنتۇپ، دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بۇ ئادەمدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى.

— ھە، ھە، — دەپ ھەزرەت يەنە سۆزلىدى، — خۇددى ئەنگلىيىدىكىگە ئوخشاش بوپتۇ - دە. كارىل I دىن كېيىن كرومۋېل چىقتى، كرومۋېلدىن كېيىن كارىل II چىقتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ياكوۋ II چىقتى، ئەمدى بەلكىم ئۇنىڭ بىرەر قېيىن ئىنىسىمۇ ياكى باشقا بىر تۇغقىنىمۇ ياكى قانداق-تۇر بىر ئوران شاھزادىسى پەيدا بولار. ئۆتمۈشتىكى بىر ھاكىم كېيىن پادىشاھ بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، يەنە خەلققە بىرئاز كەڭچىلىك قىلىش، ئاساسىي قانۇن تۈزۈش، ئەركىنلىكنى ۋەدە قىلىشلار باشلىنىدۇ. يىگىت، سىز بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرىسىز، — دېدى ئۇ دانتېسقا بۇرۇلۇپ ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۆزىنىڭ ئىلھامبەخش كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى. ئېھتىمال، پەقەت پەيغەمبەرلەرنىڭلا شۇنداق كۆزلىرى بولسا كېرەك، — سىز تېخى ياش، سىز بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرىسىز.

— مەن بۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقالىسام بەلكىم كۆرەرمەن.

— راست، — دېدى فارىيا ھەزرەت، — بىز قاماقتا. بەزى چاغلاردا مەن بۇنى ئۇنتۇپ قالىمەن، خىياللىرىم تۈرمە سېپىللىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ پەرۋاز قىلىشقا باشلىغاندا ئۆزۈمنى ئەركىنلىكتە يۈرگەندەك ھېس قىلىمەن.

— سىز ئۆزىڭىز نېمە سەۋەبتىن قامالغان؟

— مەنمۇ؟ ناپالېئون 1811 - يىلى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئىشنى مەن 1807 - يىلى ئارزۇ قىلغانلىقىم ئۈچۈن قامالدىم؛ مەن خۇددى ماكىئاۋېللىغا ئوخشاش، ئىتالىيىدىكى ئىقتىدارسىز ھۆكۈمرانلار باشقۇرۇۋاتقان ئۇششاق بەگلىكلەرنىڭ ئورنىدا بىرلىككە كەلگەن، قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ مەملىكەتنى كۆرۈشنى ئويلىغانلىقىم ئۈچۈن قامالدىم؛ مەن بىر تاجى كىيگەن ھاماقەتنى كۆرۈپ، ئۇنى تېسىزار بورجىئاغا① ئوخشىتىپ قالغان-

① بورجىئا — ئىتالىيىدە XV - XVI ئەسىرلەردىكى تەسىر دائىرىسى ناھايىتى چوڭ بىر جەمەت بولۇپ، بۇ جەمەت ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر كىشى رىم پاپاسى ئالېكساندىر VI (1431 - 1503) ۋە ئۇنىڭ ئوغلى كايزا بورجىئا بولغان. ئۇلار ئىتالىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن دائىم سېتىۋېلىش ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ۋاستىلىرىنى قوللانغان.



لىقىم ئۈچۈن ۋە ئۇ نائەھلى كۆرۈنۈشتە مېنىڭ كۆز قارىشىمغا قوشۇلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئاستىرتتىن ماڭا سۇيىقەست ئىشلەتكەنلىكى سەۋەبىدىن قامالدىم. مېنىڭ بۇ غايەمنى ئالېكساندىر VI ۋە كلېمېنت VII لەر ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇشقانىدى، بىراق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشتى، ھەتتا ناپالېئونمۇ بۇ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىدى. ھەقىقەتەن، ئىتالىيىنى پالاكەت بېسىپ كېتىۋاتىدۇ!

بوۋاي غەمكىنلىك بىلەن بېشىنى تۆۋەن سالدى.

دانتېس بىر ئادەمنىڭ مۇشۇنداق ئىشلارنى دەپ قانداقمۇ ئۆز ھاياتىنى تەۋەككۈلگە قويۇش مۇمكىنلىكىنى ھېچ چۈشىنەلمەيتتى. توغرا، ئۇ ناپالېئوننى تونۇيتتى، چۈنكى ئۇ ئۇنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن، لېكىن، كلېمېنت VII ۋە ئالېكساندىر VI نى ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى. دانتېسمۇ، ئىف قەلئەسى بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك رەۋىشتە بۇ بوۋاينى ساراڭ دېگەن كۆز قاراشلارغا ئەمدى مايىل بولۇشقا باشلاپ سورىدى:

— بۇ يەردە ھەممەيلەن، ھېلىقى... كېسەل بولۇپ قالغان موللا دېيىشىپ يۈرگەن كىشى سىز بولامسىز؟

— ساراڭ بولۇپ قالغان كىشى دېمەكچىمۇ سىز؟

— ئۇنداق دېيىشكە پېتىنالمايمەن، — دېدى دانتېس كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، — دېدى فارىيا ھەسرەتلىك كۈلكە بىلەن، — شۇنداق، بۇ يەردىكىلەر مېنى ساراڭ دېيىشىدۇ. ئۇزۇندىن بېرى مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قېلىپ كېلىۋاتىمەن. ئەگەر بۇ قايغۇ - ھەسرەت ماكانىدا كىچىك بالىلار بولغان بولسا، بالىلارنىڭمۇ زاڭلىق قىلىپ ئوينايدىغان نەرسىسىگە ئايلىنىپ قالاتتىم.

دانتېس قىمىر قىلماستىن تۇراتتى.

— شۇنداق قىلىپ، قېچىشتىن ۋاز كەچتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى دانتېس.

— قېچىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى قىلىش خۇدانىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىققانلىق بولىدۇ.

— مۇنچىۋالا ئۈمىدسىزلەنمەڭ. بىراقلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا خۇشتار بولۇشمۇ شۈكرى قىلماي تەقدىرگە ھەددىدىن ئارتۇق تەلەپ قويۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. يەنە باشقا ياقتىن كولاشنى باشلىساق بولمامدۇ؟

— بۇ يەر ئاستى يولنى مەن قانداق كولاپ چىققانلىقىمنى سىز بىلەمسىز؟ پەقەت سايمانلارنى ياساپ چىقىشىمغىلا تولۇق تۆت يىل ۋاقتىمنىڭ كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ گرانىتتەك قېتىپ كەتكەن يەرنى ئىككى يىل جەريانىدا كولىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ بىلەمسىز، مەن بۇرۇن قىمىرلىتىپ قويالمايدىغان تاشلارنى كۆتۈرۈپ توشۇدۇم، ئەتىسىگەندىن كەچكىچە تىنىم تاپماستىن مۇشۇنداق ئېغىر ئىشلارنى قىلدىم، بەزى كۈنلىرى قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئىشلەپ تاشتەك قېتىپ كەتكەن ھاكتىن بىر چاڭگالچە كولاپ چىقىرالىساممۇ شادلىقتا چۆمەتتىم. كولاپ چىقىرىلغان توپا ۋە تاشلارنى يوقىتىش ئۈچۈن بىر تامنى تېشىپ شۇ يەردىن پەلەمپەينىڭ ئاستىغا تاشلىغانلىقىمنى ۋە ئەمدى پەلەمپەينىڭ ئاستى توشۇپ كېتىپ، بىر سىقىم توپىنىمۇ سىغدۇرغۇدەك ئورۇن قالمىغانلىقىنى سىز بىلمەيسىز. مەن ئەجىرىمنىڭ نىشانىغا يەتتىم دەپ ئويلاپ، كۈچ-قۇۋۋىتىمنىڭ مۇشۇ ئىشنى تاماملاشقا ئاران يېتىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇرغاندا، توساتتىن ئاللا ئىگەم بۇ نىشانىنى مەندىن يىراقلاشتۇردى ۋە قول يەتمەس بىر مەنزىلگە يۆتكىۋەتتى. ياق! مەن سىزگە يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، بۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ ئىشقا قو-



لۇمنى كۆتۈرۈپمۇ قويمايمەن. خۇدايىم مېنىڭ ئاداققى ئۆمرۈمگىچە زىنداندا يېتىشىمنى راۋا كۆرۈپتۇ!

دانتېس بۇ قېرى مەھبۇسنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ قالغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. شۇڭا، قېچىشقا مۇۋەپپەق بولمىغان بۇ جاپاكەشنىڭ دەردىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ھېسداشلىق قىلالمايۋاتقانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن بېشىنى تۆۋەن سالدى.

فارىيا ھەزرەت كارىۋاتتا ئولتۇردى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئېدمون قېچىشنى ئويلاپ باقمىغانىدى. بەزى ئىشلار ئەمەلىيەتتىن شۇنچە يىراق تۇيۇلىدۇكى، بۇنداق ئىشنى قىلىش ئادەمنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. 50 فۇت ئۇزۇنلۇقتىكى يەر ئاستى يولنى ئۈچ يىلغىچە كولاپ دېڭىز بويىدىكى تىك يارغا چىقىش؛ 50، 60 ياكى 100 فۇت ئېگىزلىكتىن سۇغا سەكرەپ بېشى بىلەن خادا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ھالاك بولۇش ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى جېسەكچىنىڭ ئاتقان ئوقىدىن ھالاك بولۇش؛ بۇ خەتەرلىكلەردىن قۇتۇلۇپ قالغان تەقدىردىمۇ تولۇق بىر مىل مۇساپىنى سۇدا ئۈزۈپ ئۆتۈش — ئەنە شۇلارنى ئويلىغاندا، تەقدىرگە باش ئەگمەستىن باشقا ئامال يوقتەك كۆرۈنەتتى. دانتېس بۇلارنى ھەتتا چۈشىدىمۇ ئويلاپ كۆرمىگەنىدى.

لېكىن، ھايات ئۈچۈن شۇنچە قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىپ، شىجائەتنىڭ نەمۇنىسىنى كۆرسەتكەن بۇ بوۋايغا قاراپ، دانتېس ئويلىنىشقا ۋە ئۆزىنىڭ غەيرىتىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئويلاپمۇ قويمىغان بىر ئىشنى باشقا بىر كىشى قول سېلىپ ئىشلەپتىغۇ؟ ئۇ كىشى ئۇنىڭدەك ياش، كۈچلۈك، ئەپچىل بولمىسىمۇ، بۇ گىگانت مۇددىئانى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا لازىمەتلىك سايمانلارنى چىدام ۋە غەيرەت بىلەن ياساپتىغۇ؛ ئۇ پەقەت ھېسابلاشتا خاتا كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا مەقسىتىگە يېتەلمەي قالدى؛

باشقا بىر كىشى مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلالىغان يەردە ئۇ قىلالامامدۇ؟ فارىيا 50 فۇت كولىغان يەردە ئۇ 100 فۇت كولىيالايدۇ؛ 50 ياشلىق فارىيا ئۈچ يىل كولىغان بولسا، ئۇ فارىيادىن بىر ھەسسە ياش بولغانلىقى ئۈچۈن ئالتە يىلغىچە كولىيالايدۇ؛ ئالىم ۋە روھانىي بولغان فارىيا ئىف قەلئەسىدىن دوم، راتونىنو ياكى لېمېر ئارىلىغا ئۈزۈپ بېرىشقا قارار قىلغان؛ دانتېس — دېڭىزچى، سۇغا شۇڭغۇش ماھىرى بولۇپ تۇرۇغلۇق بىر مىل ئارىلىقنى ئۈزۈپ ئۆتەلمەمدۇ؟ بىر مىل يەرگە ئۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟ بىر سائەتمۇ؟ بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ، قىرغاقىقا چىقماستىن سائەتلەپ سۇ ئۈزۈپ ۋە شۇڭغۇپ مارجان ئىزدىگەن ۋاقىتلىرى بولغان ئەمەسمۇ؟ ياق، ياق، ئۇنىڭغا رىغبەت بولغۇدەك بىر ئۈلگە يېتىشمەي تۇراتتى. باشقا بىر كىشى قىلغان ياكى قىلىشى مۇمكىن بولغان ئىشنى دانتېسمۇ قىلالايدۇ.

ئۇ بىر ھازاغىچە خىيال سۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن شۇنداق دېدى:

— سىز تاپالمىغاننى مەن تاپتىم.

فارىيا چۆچۈپ كەتتى.

— سىز؟ — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ. ۋەھالەنكى، ئەگەر دانتېسنىڭ ئېيتقىنى دۇرۇس بولسا، ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىكى ئۇزاققا سوزۇلمايدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، — سىز نېمىنى تاپتىڭىز؟

— سىز تېگىدىن كولاپ ئۆتكەن كارىدور تاشقىرىقى ئايۋان بىلەن بىر يۆنىلىشتىمۇ؟

— ھەئە.

— سىز كولىغان يەر ئاستى يول بىلەن ئايۋاننىڭ ئارىلىقى 15 قەدەمچە چىقىدىغۇ دەيمەن.

— ئەڭ كۆپ بولسا شۇنچىلىك بولار.



— ئۇنداق بولسا، بىز كارىدورنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىغان جايدىن 90 گىرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ كولاپ چىقىمىز. بۇ قېتىم سىز ھېسابلاشتا ئەستايىدىلراق بولىسىز. بىز تاشقىرىقى ئايۋانغا چىقىپ، جېسەكچىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ قېچىپ كېتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن باتۇر ۋە كۈچلۈك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىز بار، مېنىڭ كۈچۈم بار. چىداملىق بولۇش ھەققىدە گەپ قىلمايمەن — سىز ئۆزىڭىزنىڭ چىداملىق ئىكەنلىكىڭىزنى ئەمەلدە ئىسپاتلىدىڭىز، مەنمۇ شۇنداق بولۇشقا تىرىشىمەن.

— توختاڭ، — دېدى ھەزرەت، — مېنىڭ باتۇرلۇقۇمنىڭ قانداق باتۇرلۇق ئىكەنلىكىنى، مەن كۈچۈمنى نېمىگە ئىشلەتمەكچى بولغانلىقىمنى سىز بىلمەيسىز. چىداملىق بولۇشقا كەلسەك، چىداشلىق بېرەلەيدىغاندەك قىلىمەن. مەن ھەر كۈنى كېچىسى كۈندۈزگە ۋە كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ ئىشلىدىم. لېكىن، ئۇ چاغدا مەن خۇدا ياراتقان بىر بەندىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، خۇدا يولىدا ئىشلىگەنىدىم.

ئۆزۈم گۇناھسىز بولغاچقا، مېنىڭ قىلغان ئىشىممۇ گۇناھ بولمايتتى.

— ئەمدىچۇ؟ — دەپ سورىدى دانتېس، — ياكى مەن بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن گۇناھىڭىزنى يادىڭىزغا ئېلىۋاتامسىز؟

— ياق، مېنىڭ گۇناھىم يوق. بۇندىن كېيىنمۇ گۇناھ قىلىشنى خالىمايمەن. شۇ كەمگىچە مەن جانسىز نەرسىلەر بىلەن ھەپىلەشكەنىدىم. لېكىن سىز ماڭا ئادەملەر بىلەن قارشىلىشىشنى تەكلىپ قىلىۋاتىسىز. مەن يەر ئاستى يولىنى كولاپ تاملارنى تەشتىم. لېكىن، ھەرگىزمۇ ئادەمنىڭ كۆكسىنى تېشىپ بىر جانغا زامىن بولمايمەن.

دانتېس ئەجەبلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا قارىدى.

— بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى ئۇ، — مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئازادلىققا چىقىش مۇمكىن بولسىمۇ ئۇنداق قىلمامسىز؟

— ئۆزىڭىزچۇ؟ — دېدى فارىيا، — نېمە ئۈچۈن گۇندىپاينى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيىۋېلىپ قېچىشقا ھەرىكەت قىلمىدىڭىز؟

— ئۇنداق قىلىش يادىمغا كەلمەپتىكەن، — دېدى دانتېس.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى بوۋاي، — قاتىللىققا بولغان تۇغما يىرگىنىش تۇيغۇسى سىزنىڭ تەبىئىتىڭىزگە سىڭىپ كەتكەن. بۇ شۇ قەدەر يىرگىنىشلىك ئىكەنكى، ئۇنداق قىلىش ھەتتا سىزنىڭ يادىڭىزغىمۇ كەلمىگەن. تۇرمۇشتا بولىدىغان ئادەتتىكى ئىشلاردا بىزنىڭ تەبىئىي ھېس - تۇيغۇلىرىمىز چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. قان تۆكۈش ئۈچۈن يارالغان يولۋاسنى مىسالغا ئالساق، بۇ ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئىشى، ئۇ ئۆزىنىڭ يارىلىشىدىن شۇنداق. ئولجىنى تاپقاندىن كېيىن ئۇ دەرھال ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى پارچە - پارچە قىلىپ تىتىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ بويىچە ئىش قىلىدۇ. ئىنسانلار ئەكسىچە، قان تۆكۈشتىن يىرگىنىدۇ. بىزنى قاتىللىقتىن چەكلەپ تۇرغىنى جەمئىيەتنىڭ قانۇنى ئەمەس، بەلكى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى.

دانتېس خىجىل بولۇپ قالدى. ھەزرەتنىڭ ئېيتقانلىرى، ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئاڭسىز ھالدا ئەكس ئېتىۋاتقان ھېس - تۇيغۇلارنى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قەلبىدە ئەكس ئېتىۋاتقان ھېس - تۇيغۇلارنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. دەرۋەقە، بەزى پىكىرلەر ئادەمنىڭ مېڭىسىدە پەيدا بولسا، يەنە بەزى پىكىرلەر ئادەمنىڭ قەلبىدە ئورۇن ئالىدۇ.

— مەن تۈرمىدە يېتىۋاتقان 12 يىلدىن بۇيان، —



دېدى يەنە فارىيا، — ئۆتمۈشتىكى مەشھۇر قېچىش ۋەقەلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ چىقتىم. تۈرمىدىن ساق - سالامەت قېچىپ قۇتۇلىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كەم بولغان. بۇنداق قېچىشلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىرى كۆپ ئويلىنىپ، ئۇزاق تەييارلىق قىلىنغان. گېرتسوگ بوفورنىڭ ۋېنسېن قەلئەسىدىن قېچىشى، دىيۇبۇكۇئا ھەزرەتنىڭ فور - لېۋېكتىن ۋە لاتيۇدنىڭ باستىلىيەدىن قېچىشلىرى ئەنە شۇنداق پۇختا ئويلىنىپ تەييارلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا، تاسادىپىي قېچىشلارمۇ بولغان. بۇنداق قېچىش ئەڭ ئىشەنچلىك بولىدۇ. شۇڭا، مېنىڭ سۆزۈمگە كىرىڭ. ئەڭ ياخشىسى، بىر قولايلىق پەيتنى كۆزلەپ كۈتۈپ تۇرايلى، ۋاقتى - سائىتى توشقاندا پۇرسەتنى چىڭ تۇتىمىز.

— سىزغۇ تاقەت قىلالايدىكەنسىز، — دېدى دانتېس چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، — ئۇ چاغدىلا سىز ئۇزاق مەزگىل ئەمگەك قىلىش بىلەن غەملىرىڭىزنى كۆڭلىڭىزدىن نېرى قىلغانىدىڭىز. ئەمگەك قىلمىغان ۋاقىتلىرىڭىزدا قېچىشقا بولغان ئۈمىدىڭىز سىزنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇراتتى.

— مېنىڭ مەشغۇلاتلىرىم پەقەت بۇلا ئەمەس، — دېدى ھەزرەت.

— ئەمىسە يەنە نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟

— يېزىش ۋە تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندىم.

— دېمەك، سىزگە قەغەز، قەلەم، سىيالار بېرىلىدىكەن - دە؟

— يوقسۇ، — دېدى ھەزرەت، — مەن بۇ نەرسىلەرنى ئۆزۈم ياسايمەن.

— سىز قەغەز، قەلەم، سىيالارنى ياسىيالامسىز! — دەپ خىتاب قىلدى دانتېس.

— شۇنداق.

دانتېس ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە تولۇق ئىشىنەلمىدى. فارىيا ئۇنىڭ شۈبھىلىنىپ تۇرغانلىقىنى پەملىدى.

— سىز مېنىڭ كامېرىمغا بارغاندا، — دېدى ئۇ، — مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ پۈتۈن بىر ئىجادىي ئەسىرىمنى كۆرسەتمەن. بۇ ئەسەر مېنىڭ پۈتكۈل ئۆمرۈم بويى قىلغان تەپەككۇرلىرىم، تەتقىقاتلىرىم ۋە مۇلاھىزىلىرىمنىڭ مەھسۇلى. مەن بۇ ئەسىرىم ئۈستىدە رىمدىكى كولىزېينىڭ خارابىلىرىنى زىيارەت قىلغان چاغلىرىمدا باش قاتۇرغانىدىم، ۋېنتسىيىدىكى مۇقەددەس ماركىنىڭ ھەيكىلىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ پىكىر يۈرگۈزگەنىدىم، فلورېنسىيىدىكى ئارنو دەرياسى بويىدا تەنھا سەيلە قىلىپ يۈرگەندە قايتا - قايتا مۇلاھىزە قىلغانىدىم. ئاقىۋەتتە بارلىق ئويلىغانلىرىمنى يىغىپ، ئىف قەلئەسىنىڭ سېپىللىرى ئىچىدە ئولتۇرۇپ يېزىپ چىقىدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەنمەن. بۇ، «ئىتالىيىدە بىرلىككە كەلگەن پادىشاھلىق تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا» دېگەن ماۋزۇدىكى ئەسەر. ئۇ، نەشىر قىلىنسا، قېلىن بىر توم بولىدۇ.

— ئۇنى يېزىپ بولدىڭىزمۇ؟ نېمىگە يازدىڭىز؟

— ئىككى كۆڭلەككە يېزىپ چىقتىم. مەن رەختنى خۇددى قەغەزگە ئوخشاش سىلىق ۋە زىچ قىلىپ پىششىقلايدىغان بىر خىل ماددىنى كەشىپ قىلدىم.

— ئۇنداقتا، سىز خىمىيە مۇتەخەسسىسى ئىكەنسىز — دە؟

— قوشۇمچە خىمىيە ئىلمى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. مەن لاۋۇئازيې① بىلەن تونۇشاتتىم، كابانىس② بىلەنمۇ دوستلۇق مۇناسىۋىتىم بار ئىدى.

---

① لاۋۇئازيې — فرانسىيىلىك خىمىيە ئالىمى.
② كابانىس — فرانسىيىلىك پەيلاسوپ ۋە دوختۇر.



— بۇنداق ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن تارىخقا ئائىت ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدىغۇ. سىزنىڭ كىتابلىرىڭىز بارمىدى؟

— رىمدا مېنىڭ 5 مىڭ نۇسخا كىتاب تىزىلغان كۈتۈپخانام بار ئىدى. مەن شۇ كىتابلارنى ئوقۇپ ۋە قايتىلاپ ئوقۇپ شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، شۇلارنىڭ ئىچىدىن تاللانغان 150 نۇسخا ئەسەر، ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم - مەرىپەتلىرىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمىسىمۇ، ھەر ھالدا كىشىلەرنىڭ بىلىپ قويۇشقا تېگىشلىك بولغان بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى يېشىپ بېرەلەيدۇ. مەن ھاياتىمنىڭ ئۈچ يىللىق ۋاقتىمنى ئاشۇ 150 تومنى ئۆگىنىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم. مەن قولغا ئېلىنغان ۋاقتىمدا شۇلارنىڭ ھەممىسىنى يادقا دېگۈدەك بىلەتتىم. تۈرمىدە مەن ئانچە قىينالماستىنلا ئۇلارنى ئەسلەپ يادىمغا كەلتۈرەلىدىم. مەن ھازىرمۇ فۇكىدىد①، كسېنوفونت②، پلۇتارخ، تىت لىۋىي③، تاتسىت④، سترادۇ، ئىئورناند⑤، دانتې⑥، مونتېن⑦، شېكسپىر⑧، سپىنوزۇ⑨، ماكىئاۋېللى ۋە بوسۇئېلەرنىڭ⑩ ئەسەرلىرىنى يادقا ئوقۇپ بېرەلەيمەن.

---

① فۇكىدىد — گرېتسىيىلىك تارىخشۇناس.
② كسېنوفونت — گرېتسىيىلىك تارىخشۇناس.
③ تىت لىۋىي — رىملىق تارىخشۇناس.
④ تاتسىت — رىم پاپاسى.
⑤ ئىئورناند — VI ئەسىردە ئۆتكەن تارىخشۇناس.
⑥ دانتې — ئىتالىيىلىك شائىر.
⑦ مونتېن — فرانسىيىلىك پەيلاسوپ.
⑧ شېكسپىر — ئەنگلىيىلىك يازغۇچى.
⑨ سپىنوزۇ — گوللاندىيىلىك ئالىم.
⑩ بوسۇئې — باش روھانىي، مەشھۇر ناتىق.

— سىز بىر نەچچە مىللەتنىڭ تىلىنى بىلىدىكەنسىز - دە؟
— مەن بەش مىللەتنىڭ جانلىق تىلىدا سۆزلىيەلەي-
مەن، يەنى: نېمىسچە، فرانسۇزچە، ئىتاليانچە، ئىنگلىزچە ۋە
ئىسپانچە. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمكى گرېك كىتابىي تىلىنىڭ
ياردىمى بىلەن ھازىرقى زامان گرېك تىلىنى چۈشىنەلەيمەن.
توغرا، گرېك تىلىنى ياخشى ئىگىلەپ كېتەلمىدىم، ئەمما ھا-
زىر شۇ تىلنى تەتقىق قىلىۋاتىمەن.
— گرېك تىلىنى تەتقىق قىلىۋاتامسىز؟ — دەپ سو-
رىدى دانتېس.
— شۇنداق، ئۆزۈم بىلىدىغان سۆزلەرنى يىغىپ بىر
سۆزلۈك تۈزۈپ چىقتىم. مەن بۇ سۆزلەرنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن
ئورۇنلاشتۇرۇپ رەتلىدىم. بۇ، ئۆزۈمنىڭ ئوي - پىكرىمنى ئىپا-
دىلەشكە يېتەرلىك بولدى. مەن 1000غا يېقىن سۆزنى بىلىمەن.
گەرچە لۇغەتلەردە 100 مىڭچە سۆز بولسىمۇ، ماڭا شۇ 1000 سۆز
يېتەرلىك. ناتىقلىق قىلالمايمەن، لېكىن دېمەكچى بولغىنىمنى
ئۇقتۇرالايمەن، شۇمۇ كۇپايە قىلىدۇ.
ئېدمون بارغانسېرى ھەيرەتتە قالدى. بۇ غەلىتە ئادەم-
نىڭ قابىلىيىتى ئۇنىڭغا گوياكى غەيرىي تەبىئىي خىسلەتلەرنىڭ
مەجمۇئەدەك تەسىر قىلدى. ئۇ، بىرەر مەسىلە ئۈستىدە بۇ ئادەمنىڭ
ئالدىنى توسۇپ قويۇشقا قىزىقىپ يەنە سورىدى:
— سىزگە قەلەم بېرىلمىسە، ئۇنداق قېلىن كىتابنى
نېمە بىلەن يازدىڭىز؟
— بىزنىڭ تامىقىمىز پەرھىز قىلىنغان كۈنلەردە بېرى-
لىدىغان يوغان مېرلان بېلىقىنىڭ باش سۆڭىكىدىن مەن ناھا-
يىتى سۈپەتلىك قەلەملەرنى ياسىۋالدىم. بۇ قەلەملەرنى كىشى-
لەر كۆرىدىغان بولسا، غاز پېيىدىن ياسالغان قەلەملەردىن



گۈزەل كۆرىدۇ. شۇڭا، مەن چارشەنبە، جۈمە ۋە شەنبە كۈنلە-
رىنى بەك ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى بۇ كۈنلەر مېنى يېڭى -
يېڭى قەلەملەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. تارىخىي ئەسەر يېزىش مې-
نىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مەشغۇلاتىم. ئۆتكەن زامانلارغا
بېرىلىپ كەتكەندە مەن ھازىرقى ئىشلارنى ئويلىمايمەن، تارىخ
سەھىپىلىرىنى ئەركىن، بەھۇزۇر كېزىپ، ئۆزۈمنىڭ تۈرمىدە ئى-
كەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالىمەن.
— سىيانىچۇ؟ — دەپ سورىدى دانتېس، — سىيانى نېمى-
دىن ياسايسىز؟
— مېنىڭ كامېرىمدا بۇرۇن ئوچاق بار ئىكەن، —
دەپ جاۋاب بەردى فارىيا، — مەن كىرىشتىن ئاۋۋالراق ئو-
چاقنىڭ تۈرخۇنىنى ئېتىۋەتكەن ئىكەن. لېكىن، ئۇزۇن يىللار داۋا-
مىدا ئوچاقتا ئوت قالانغان بولغاچقا، ئۇنىڭ دىۋارلىرىنى قو-
رۇم باغلاپ كەتكەنىكەن. مەن شۇ قورۇمنى قىرىپ ئېلىپ، ماڭا
يەكشەنبە كۈنلىرى بېرىلىدىغان ھاراقتا چىلاپ ئېرىتىمەن.
شۇ ئۇسۇل بىلەن بىر ئوبدان سىياغىمۇ ئىگە بولدۇم. بەزى
بىر مۇھىم جايلىرىنى، بىراقلا كۆزگە چېلىقىپ تۇرسۇن
دەپ، بىر بارمىقىمنى تېشىپ قان بىلەن يازىمەن.
— بۇ نەرسىلەرنى مەن قاچان كۆرەلەيمەن؟ — سورى-
دى دانتېس.
— ئۆزىڭىز قاچان كۆرۈشنى خالىسىڭىز شۇ چاغدا، —
دېدى فارىيا.
— ھازىرلا بارايلى!
— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭ، — دې-
دى ھەزرەت.
ئۇ يەر ئاستى يولغا چۈشتى - دە، كۆزدىن غايىب بول-
دى. دانتېسمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يەر ئاستى يولغا چۈشۈپ كەتتى.

## ئون يەتتىنچى باب

# ھەزرەت قامالغان كامېردا

دانتېس بىرئاز ئېكىشىپ قالغان بولسىمۇ، خېلىلا ئاسانلىق بىلەن مېڭىپ، ھەزرەت كولاپ قويغان يەر ئاستى يولىنىڭ چېكىگە يەتتى. بۇ يەرگە كەلگەندە كولانغان يول تار بولۇپ، ئاران ئۆمىلەپ ئۆتۈشكە بولاتتى. ھەزرەت قامالغان كامېرنىڭ يېرىگە چاسا تاشلار ياتقۇزۇلغانىدى. ھەزرەت ئەڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭدىكى تاشلارنىڭ بىرىنى قومۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنى باشلىغان. دانتېس بۇ ئەمگەكنىڭ نەتىجىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ كامېرغا كىرگەندىن كېيىن قىزىقسىنىپ ئۆپچۆرىسىگە نەزەر سالدى. بىر قاراشتا بۇ كامېرنىڭ ھېچقانداق ئۆزگىچىلىكى يوق ئىدى.

— شۇنداق قىلىپ، — دېدى ھەزرەت، — ھازىر سائەت چارەك كەم بىر بوپتۇ. بىزنىڭ ئىختىيارىمىزدا يەنە بىر نەچچە سائەتلىك ۋاقتىمىز بار.

دانتېس، ھەزرەت قايسى سائەتكە قارىدىكىن، دەپ ئەتراپىغا قاراپ چىقتى.

— مانا قاراڭ، — دېدى ھەزرەت، — دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرى بىلەن مۇنۇ تامدىكى سىجاپ قويۇلغان سىزىقچىلارغا قاراڭ. مۇشۇ سىزىقچىلارغا قاراپ مەن ۋاقىتنى سائەتكە قارىغاندىنمۇ دەل ئېنىقلىيالايمەن. چۈنكى، سائەت بۇزۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن، ئەمما، قۇياش بىلەن يەر ھەر قانداق شارائىتتا قىلچە خاتاسىز ئىش قىلىدۇ.



دانتېس بۇ گەپلەردىن ھېچقانداق چۈشەنچە ھاسىل قىلالمىدى. ئۇ، قۇياشنىڭ تاغ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىدىغانلىقىنى ۋە ئوتتۇرا دېڭىزغا پېتىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، يەر ئەمەس، قۇياش ھەرىكەت قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ، ئۆزى ياشاۋاتقان يەر شارىنىڭ قوش ھەرىكەتتە بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، دېگەن قاراشتا ئىدى. ھەزرەتنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىدىن ئۇنىڭغا ئىلىم-پەننىڭ ھېكمەتلىك سىرلىرى جەۋلان قىلىپ تەسۋىرلىنىشكە باشلىدى. ھەزرەتنىڭ سۆزلىرى خۇددى ئۇ كىچىك ۋاقتىدا گۇزىرات ۋە گولكوندۇغا بارغىنىدا كۆرگەن ئالماس كانلىرىغا ئوخشايتتى.

— سىزنىڭ توپلىغان نەرسىلىرىڭىزنى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ھەزرەتكە.

ھەزرەت ئوچاقنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، قولىدىكى ئىسكىنە بىلەن ئوچاقنىڭ ئاغزىنى يېپىپ تۇرغان تاشنى كۆتۈرۈپ چىقاردى. تاشنىڭ تېگىدە خېلى ئازادە قىلىپ ئويۇلغان چوڭقۇرلۇق بار ئىدى. شۇ چوڭقۇرلۇقنىڭ ئىچىدە ئۇ دانتېسقا سۆزلەپ بەرگەن نەرسە-كېرەكلىرى يوشۇرۇلغانىدى.

— ئالدى بىلەن نېمىنى كۆرسىتەي؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئىتالىيە پادىشاھلىقى ھەققىدە يازغان ئەسىرىڭىزنى كۆرسىتىڭ.

فارىيا ئوچاقنىڭ ئىچىدىن قومۇشتىن ئىشلەنگەن قەغەزلەرگە ئوخشاش كانايچە قىلىپ يۆگەلگەن تۆت يۆگەكنى چىقاردى. يۆگەكلەر كەڭلىكى تۆت دىيۇيما، ئۇزۇنلۇقى 18 دىيۇيما كېلىدىغان رەخت پارچىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ھەربىر پارچە رەختكە بەت نومۇرلىرى قويۇلغانىدى. دانتېس شۇ ھامان بىر نەچچە قۇرنى ئوقۇپ چىقتى. بۇ ئەسەر ھەز-

ۋەتىنىڭ ئانا تىلىدا، يەنى ئىتاليان تىلىدا يېزىلغانىدى. دانتېس پروۋانسىلىق بولغاچقا بۇ تىلنى ياخشى بىلەتتى.

— قاراڭ، ئىسەرنىڭ تولۇق تېكىستى مۇشۇ. ئالدىنقى ھەپتىدە 68 — بەتكە «تامام» دېگەن سۆزنى يازدىم. ئىككى كۆڭلىكىم ۋە ھەممە قولياغلىقلىرىم مۇشۇنىڭغا كەتتى. ئەگەر مەن قاچانلا بولمىسۇن تۈرمىدىن چىقالىسام ۋە ئىتالىيىگە بېرىپ بۇ كىتابنى نەشىر قىلدۇرالىسام شەرەپكە سازاۋەر بولىمەن.

— شۇنداق، — دېدى دانتېس، — شۇنداق بولۇشىغا كۆزۈم يەتتى. ئەمدى، مۇمكىن بولسا، بۇ ئەسەرنى يازغان قەلەملىرىڭىزنى كۆرسەتسىڭىز.

— مانا، قاراڭ، — دېدى فارىيا ھەزرەت.

ئۇ، دانتېسقا بىر كىچىك تاياقچىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بىر ئۇچىغا يىپ بىلەن سىياغا مىلەنگەن نېپىز سۆڭەك باغلانغان بولۇپ، ئۇ ئۇچلانغان ۋە ھەقىقىي قەلەمگە ئوخشاش ئوتتۇرىدىن يېرىپ قويۇلغانىدى. دانتېس قەلەمنى قولىغا ئېلىپ كۆرگەندىن كېيىن، بۇ قەلەمنى ئۇچلىغان ئەسۋابنى كۆرمەك بولۇپ ئۇيان-بۇيانغا قارىدى.

— سىز قەلەمتىراچنى كۆرمەكچىمۇ؟ — دېدى فارىيا، — بۇ مېنىڭ ئىپتىخارىم. مەن قەلەمتىراچنىمۇ، مانا بۇ پىچاقنىمۇ ئەسكى تۆمۈر شامداندىن ياسىدىم.

قەلەمتىراچ خۇددى ئۇستۇرىدەك ئۆتكۈر ئىدى. پىچاقنىڭ يەنە شۇنداق بىر ئەۋزەللىكى بار ئىدىكى، ئۇنى ھەم پىچاق، ھەم خەنجەرنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولاتتى.

دانتېس بۇ نەرسىلەرگە ئاجايىپ ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇ، بىر چاغلاردا، ئۇزۇن يوللۇق كېمە كاپىتانلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېلىنىپ، مارسېل دۇكانلىرىدا تىزىپ قويۇلغان



جەنۇبىي ئاراللاردىكى ياۋايى ئادەملەرنىڭ قوراللىرىنى كۆرگەندە ئەنە شۇنداق قىزىقىش بىلەن قاراپ قالاتتى.

— ئەمدى، سىياغا كەلسەك، — دېدى فارىيا، — ئۇنى نېمىدىن ياسايدىغانلىقىمنى ئۆزىڭىز بىلىسىز. مەن سىيانى ئېھتىياجىمغا بېقىپ ئۆز ۋاقتىدا ياسايمەن.

— مەن يەنە بىر ئىشقا ھەيران بولىۋاتىمەن، — دېدى دانتېس، — شۇنچە ئىشلارنى پۈتتۈرۈشكە كۈندۈزكى ۋاقتىڭىزنى قانداق يەتكۈزەلىدىڭىز؟

— مەن كېچىلىرىمۇ ئىشلەيمەن، — دېدى فارىيا.

— كېچىلىرىمۇ؟ بۇ قانداق بولغىنى، سىز مۈشۈككە ئوخشاش كېچىسىمۇ كۆرەلەمسىز؟

— ياق، لېكىن، خۇدا ئىنسانغا سەزگۈ ئورگانلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تولۇقلاپ تۇرىدىغان ئەقىل-پاراسەت بەردى. مەن ئۆزۈمگە يورۇقلۇق تاپتىم.

— قانداق قىلىپ؟

— تاماقتا بېرىلىدىغان كالا گۆشىنىڭ يېغىنى شىلىۋالىمەن-دە، ئۇنى كۆيدۈرۈپ، ئېرىتىلگەن ماي چىقىرىمەن. مانا، چىراق دېگەن شۇ.

ھەزرەت دانتېسقا بەئەينى بايرام كۈنلىرى كوچىلارغا يېقىلىدىغان چىراغلارغا ئوخشايدىغان بىر جىنچىراغنى كۆرسەتتى.

— ئوتنى قانداق قىلىسىز؟

— مانا، ئىككى دانە چاقماق تېشى ۋە كۆڭلەكنىڭ يىرتىقىدىن ياسالغان پىلىك.

— سەرەڭگىچۇ؟

— مەن يالغاندىن تېرە كېسەلى بولۇۋېلىپ، گۈڭگۈرت بېرىشنى سورىدىم. ئۇلار گۈڭگۈرت بەردى.

دانتېس بۇ نەرسىلەرنى شىرە ئۈستىگە قويۇپ، ئەقىل-پارا-

سەتىنىڭ قۇدرىتى ۋە قادىرلىقىدىن كۈچلۈك تەسىرلەنگەن ھالدا بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە ئەمەس، — دېدى فارىيا، — چۈنكى، بايلىقىمنىڭ ھەممىسىنى بىر جايغا يوشۇرۇشقا بولمايدۇ. قېنى، بۇ مەخپىي ئورنىمىزنىڭ ئاغزىنى يېپىۋېتەيلى.

دانتېس تاشنى ئاۋۋالقى جايىغا ئاۋايلاپ كەپلەپ قويدى.

ھەزرەت ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا چاچتى ۋە بۇ تاشنىڭ ئۆز جايىدىن چىقىرىلغانلىقى بىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، توپىنى پۇتى بىلەن سۈركەشتۈردى، كېيىن كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى بىر چەتكە تارتتى. كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدە يەنە بىر ئورەك بولۇپ، ئۇمۇ تاش بىلەن ھېم قىلىپ بېكىتىلگەنىدى. بۇ ئورەككە ئۇزۇنلۇقى 30 فۇتچە كېلىدىغان بىر ئارغامچا شوتا سېلىنغانىدى. دانتېس بۇ شوتىنى تاتىشتۇرۇپ كۆرۈپ باقتى. ئۇ ھەرقانداق ئېغىرلىقنى كۆتۈرگۈدەك ئىدى.

— بۇنداق ئېسىل شوتىنى ياساشقا ئارغامچىنى نەدىن تاپتىڭىز؟ — دەپ سورىدى دانتېس.

— كۆڭلەكلىرىم ۋە يوتقان - كۆرپەمنىڭ كىرلىكلىرىدىن ياسىدىم. بۇنى مەن فېنېستىرېلدا ياتقان ئۈچ يىل جەريانىدا ئارغامچا قىلىپ ئەشتىم. مېنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىشكەندە، بۇ تەييار ماتېرىيالنى تۇيدۇرماستىن ئۆزۈم بىلەن ئەكەلدىم. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئىشىمنى يەنە داۋاملاشتۇرۇۋەردىم.

— كىرلىكلىرىڭىزنىڭ يىرتىلغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىدىمۇ؟

— مەن كىرلىكلەرنىڭ كېرەكلىك يېرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى يەنە تىكىۋەتكەنىدىم.

— نېمە بىلەن تىكتىڭىز؟

— مانا، ماۋۇ يىڭنە بىلەن.

ھەزرەت ئۆزىنىڭ جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرى-



نىڭ قېتىدىن يىپ ئۆتكۈزۈلگەن ئۇزۇن ۋە ئۇچلۇق بېلىق سۆڭىكىنى چىقاردى.

— ئەسلىدە، — دېدى يەنە فارىيا، — دېرىزىدىن چىقىپ قېچىشنى ئويلىغانىدىم. بۇ دېرىزە سىزنىڭكىگە قارىغاندا بىر ئاز كەڭرەك. قېچىش ئالدىدا ئۇنى يەنىمۇ كېڭەيتكەن بولاتتىم. لېكىن، بۇ دېرىزە ئىچكىرىكى ھويلىغا قارايدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ، بۇ پىلانىمدىن يالتايدىم. شۇنداقتىمۇ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى، مۇشۇ يول بىلەن قېچىش پۇرسىتى بولۇپ قالسا دەپ، بۇ شوتىنى ساقلاپ قويغانىدىم.

ۋەھالەنكى، دانتېس بۇ شوتىغا قاراپ تۇرۇپ پۈتۈنلەي باشقا خىياللارغا بېرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ مېڭىسىدە يېڭىدىن بىر پىكىر تۇغۇلدى. شۇنچە پاراسەتلىك، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك بولغان بۇ كىشى، دانتېسنىڭ ئۆزىگە قاراڭغۇ بولغان بۇ بەختسىزلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرەلەرمۇ؟

— نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى ھەزرەت، دانتېسنىڭ خىيالغا بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى تەئەججۈپلەنگەنلىك دەپ ئويلاپ.

— بىرىنچىدىن، شۇنى ئويلاۋاتىمەنكى، ئەگەر سىز ئەركىنلىكتە بولسىڭىز نېمە ئىشلارنى قىلىۋېتەر ئىدىڭىز!

— بەلكىم ھېچنەرسە قىلالماس ئىدىم. مەن ئۆز ئەقلىمنى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا ئىسراپ قىلىۋەتكەن بولاتتىم. ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندىلا ئەقىل - پاراسەتنىڭ يوشۇرۇن مەنبەلىرى ئېچىلىدۇ. مىلتىق دورىسىنىڭ پارتلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېسىم بولۇشى كېرەك. بۇ تۈرمە مېنىڭ چېچىلىپ كەتكەن قابىلىيەتلىرىمنى بىر جايغا يىغىپ مەركەزلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ قابىلىيەتلەر بىر تارچۇققا كىرىپ ئۆزئارا توقۇنۇشتى. ئۆزىڭىزگە مەلۇم، بۇلۇتلارنىڭ توقۇنۇشۇش - سۈر-

كىلىشىدىن ئېلېكتىر توكى ھاسىل بولىدۇ. ئېلېكتىر توكىدىن چاقماق چاقىدۇ، چاقماقنىڭ چېقىلىشىدىن يورۇقلۇق چىقىدۇ.

— ياق، مەن ھېچنەرسىنى بىلمەيمەن، — دېدى دانتېس، ئۆزىنىڭ نادانلىقىدىن خىجالەت بولۇپ، — سىزنىڭ بەزى گەپلىرىڭىزنىڭ مەنىسىنى مەن زىنھار چۈشىنەلمەيمەن. سىزگە ئوخشاش بىلىملىك بولۇش نېمىدېگەن زور بەخت - ھە!

ھەزرەت كۈلۈپ قويدى.

— سىز يەنە بىر نېمىنى ئويلاۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟

— ھەئە.

— ئويلىغانلىرىڭىزنىڭ بىرىنى ئېيتتىڭىز، ئىككىنچىسىچۇ؟

— ئىككىنچىدىن ئويلاۋاتقىنىم: سىز ماڭا ئۆز ھاياتىڭىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردىڭىز. لېكىن، مېنىڭ ھاياتىمدىن خەۋىرىڭىز يوق.

— سىز تېخى ناھايىتى ياش، شۇڭا سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا ئالاھىدە تىلغا ئالغۇدەك بىرەر ۋەقە ئۆتمىگەن بولسا كېرەك؟

— لېكىن، مېنىڭ ھاياتىمغا چوڭ بەختسىزلىك يۈتۈلگەن، — دېدى دانتېس، — ناھەق يۈتۈلگەن بەختسىزلىك. مەن بۇ بەختسىزلىكىمنىڭ ھەقىقىي سەۋەبكارلىرى كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن.

— دېمەك، سىزگە ئارتىلغان گۇناھنى ئېتىراپ قىلمايدىكەنسىز - دە؟

ھېچقانداق گۇناھىم يوق. مەن ئۈچۈن جاھاندا ئەڭ قىممەتلىك بولغان دادام بىلەن مېرسېدېسنىڭ ھاياتىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم ئىچىمەن.

— ياخشى، — دېدى ھەزرەت، ئورەكنىڭ ئاغزىنى يېپىپ ۋە كارىۋاتنى ئۆز جايىغا يۆتكەپ قويغاندىن كېيىن. — ماڭا ئۆز تارىخىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭ.



دانتېس، ھەزرەت تارىخ دەپ تەرىپلىگەن ئۆتمۈشنى سۆزلەپ بەردى. بۇ تارىخ ھىندىستانغا قىلىنغان بىر قېتىملىق ساياھەت ۋە شەرق ئەللىرىگە قىلىنغان ئىككى - ئۈچ قېتىملىق سەپەر بىلەن چەكلىنەتتى. ئۇ، ئاخىرقى سەپەر ئۈستىدە توختالغاندا، كاپىتان لېكلېرنىڭ ۋاپاتى، مارشال بىلەن كۆرۈشۈش، ئۇنىڭ نۇئارتىيې ئەپەندىگە يوللىغان مەكتۇبى ھەققىدە ۋە مارسېلغا قايتقاندىن كېيىن دادىسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، مېرسېدېسقا بولغان مۇھەببىتى، نىكاھ مۇراسىمى، قولغا ئېلىنىش، سوراق، سوت بىناسىدا ۋاقىتلىق قامىلىش، ئەڭ ئاخىرى ئىف قەلئەسىگە قامالغانلىقى ھەققىدە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. بۇنىڭدىن ئارتۇقنى ئۇ بىلمەيتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ تۈرمىدە يېتىۋاتقانلىقىغا قانچىلىك ۋاقىت بولغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەزرەت چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى.

— قانۇنشۇناسلىق تەلىماتىدا بىر ئاقىلانە نەزەرىيە بار، — دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن، — ئىچى يامان ئادەملەرنىڭ قارا نىيەتلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئادەملەر جىنايى ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىدۇ. لېكىن، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىن شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، سۈنئىي يوسۇندا ۋۇجۇدقا كەلگەن شەخسىي غەرەزلەر، يامان ئادەتلەر ۋە پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەر ئىنساننىڭ ئېسىل خىسلەتلىرىنى ئۇجۇقتۇرۇپ، ئۇنى يامان يولغا باشلايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ: جىنايەتچىنى تاپماقچى بولساڭ، سادىر بولغان جىنايەتتىن كىم پايدا - مەنپەئەت ئالىدىغانلىقىنى ئېنىقلا. سىزنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىڭىز كىمگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشى مۇمكىن؟

— ھېچكىمگە. مەن قانچىلىك ئادەمتىم.

— ئويلىماستىن گەپ قىلماڭ. سىزنىڭ جاۋابىڭىزدا مەنتىقىمۇ يوق، پەلسەپىۋى داۋىلىمۇ يوق. جاھاندا ھەممە نەرسە

بەشىنى بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ۋارىسىغا توسالغۇ بولۇپ تۇرغان پادىشاھنى ئارتىپ، كاتتىپقا توسالغۇ بولۇپ تۇرغان ئۇدۇرغىچە ھەممىسىنىڭ ئوخشاشمىغان نىسبەتتە مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى بولىدۇ. پادىشاھ ئۆلگەندىن كېيىن پادىشاھلىق تەختى ئۇنىڭ ۋارىسىغا قالىدۇ. مۇدىر ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ 1 مىڭ 200 لىۋىرلىق مائاشى كاتتىپقا قالىدۇ. ئىجتىمائىي پەلەمپەيىنىڭ يۇقىرىسىدىن تۆۋىنىگىچە ھەربىر ئادەم ئۆز ئەتراپىدا ئۆزىگە چۇشلۇق مەنپەئەتلەر دۇنياسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ پەلەمپەيىنىڭ باسقۇچلىرىغا ئۆرلىگەنسېرى مۇشۇنداق مەنپەئەتلەر دۇنياسى كېڭىيىپ بارىدۇ. بۇ خۇددى ئۈچلۇق تەرىپى بىلەن يەرگە قويۇلغان پىرقىرغۇچقا ئوخشايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەركىزىي ئوقى ئەتراپىدا ئۇزلۇكسىز ئايلىنىپ پىرقىراپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن يىقىلىپ كەتمەيدۇ. خىرش، ئەمدى سىزنىڭ مەنپەئەت دۇنيارىڭىزنى كۆرۈپ باقايلى. خوجايىن سىزنى «فىرئاۋن» ناملىق كېمىنىڭ كاپىتانى قىلماقچى بولغانمىدى؟

— ھەئە.

— سىز بىر چىرايلىق قىزغا ئۆيلەنمەكچى بولغانمىدىڭىز؟

— ھەئە.

— سىزنىڭ «فىرئاۋن» ناملىق كېمىنىڭ كاپىتانى بولىشىڭىزغا قارشى چىققۇچىلار بولغانمۇ؟ مېرسېدېسقا ئۆيلىنىشىڭىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلار بولغانمۇ؟ ئالدى بىلەن بىرىنچى سوئالغا جاۋاب بېرىڭ. ئېنىقلىق — ھەممە تېپىشماقلارنىڭ ئاچقۇچى. سىزنى «فىرئاۋن» نىڭ كاپىتانى قىلىپ بەلگىلىسە، بۇنىڭدىن خۇشال بولمايدىغانلار بارمىدى؟

— ياق، كېمىدە خىزمەت قىلغۇچىلار مېنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ئەگەر ماترۇسلارغا ئۆزىگە باشلىق سايلاش ھوقۇقى بېرىلگەن بولسا، ئۇلار چوقۇم مېنى سايلاپ چىقاتتى.



پەقەت بىر ئادەمنىڭ ماڭا خەيرىخاھلىق قىلماسلىقىغا سەۋەپ بار ئىدى: مەن بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ قېلىپ، ئۇنى دۇئېلغا چاقىردىم، لېكىن ئۇ مېنىڭ تەكلىپىمنى رەت قىلدى.

— ھە. مانا! ئۇنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟

— دانگلار.

— ئۇ كېمىدە نېمە خىزمەت قىلاتتى؟

— بوغالتىر ئىدى.

— سىز كاپىتان بولسىڭىز ئۇنى ئۆز خىزمىتىدە قالدۇراتتىڭىزمۇ؟

— مېنىڭ ئىختىيارىمچە بولسا، ئۇنى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلايتتىم. مەن ئۇنىڭ ھېساباتلىرىدا بەزى بىر چاتاق ئىشلارنى سېزىپ قالغان.

— ياخشى. سىز كاپىتان لېكلېر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سۆزلەشكەندە يەنە باشقا بىر كىشىمۇ بارمىدى؟

— ياق، ئىككىمىز يالغۇز ئىدۇق.

— سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى باشقا بىرى ئاڭلاپ قېلىش ئېھتىمالى بولغانمۇ؟

— ھەئە. ئىشىك ئوچۇق ئىدى... ھەتتا... ۋۇي، توختاڭا... ھە، ھە، دەل كاپىتان لېكلېر مارشالغا بېغىشلانغان ئامانىتىنى ماڭا بېرىۋاتقان مەزگىلدە دانگلار ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

— ناھايىتى ياخشى. بىز يىپ ئۇچىنى تاپتۇق. سىز ئېلباغا ئارىلىغا بارغاندا ئۆزىڭىز بىلەن بىرەر كىشىنى بىللە ئېلىپ بارغانمۇ؟

— ياق، ئۆزۈم يالغۇز بارغان.

— سىز ئۇ يەردە بىر خەت تاپشۇرۇۋالغانمىدىڭىز؟

— ھەئە. مارشال ماڭا بىر پارچە خەت بەرگەنىدى،

— ئۇ خەتنى نېمە قىلدىڭىز؟
— ماتېرىيال خالتىسىغا سېلىپ قويدۇم.
— ئۇ يەرگە ماتېرىيال خالتىسىنىمۇ ئېلىپ بارغانمىدىڭىز؟ مەخسۇس خەت سېلىنغان ماتېرىيال خالتىسى دېڭىزچىنىڭ يانچۇقىغا سىغامدۇ؟
— دۇرۇس، ماتېرىيال خالتىسى كېمىدىكى بۆلمەمدە ئىدى.
— دېمەك، ئۇ خەتنى كېمىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماتېرىيال خالتىسىغا سالغانمىكەنسىز - دە؟
— ھەئە.
— خەتنى پورتو — فىرايىئودىن كېمىگە قانداق ئەكەلدىڭىز؟
— قولۇمدا تۇتۇپ ئەكەلدىم.
— سىز «فىرئاۋن» غا چىقىۋاتقاندا قولىڭىزدىكى خەتنى باشقىلار كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن — دە؟
— ھەئە.
— شۇ قاتاردا دانگلارمۇ كۆرگەن بولۇشى مۇمكىنمۇ؟
— ھەئە. دانگلارمۇ كۆرگەن.
— ئەمدى دىققەت قىلىڭ، ئاشۇ پاش قىلىش خېتىدە نېمىلەر يېزىلغانلىقى يادىڭىزدا بارمۇ؟
— ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدا يېزىلغان ھەربىر سۆز ھازىرقىدەك يادىمدا تۇرىدۇ. مەن ئۇ خەتنى ئۈچ قېتىم قايتىلاپ ئوقۇپ چىققانىدىم.
— ئۇنداق بولسا، شۇنى يادقا ئېيتىپ بېقىڭا.
دانتېس بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇۋالدى.
— مۇنداق يېزىلغان، سۆزمۇسۆز ئېيتىپ بېرەي: «شاھانە تاجۇ - تەختىنىڭ ۋە دىنىي ئېتىقادىنىڭ مۇخلىسى مەزكۇر مەكتۇپ ئارقىلىق خانلىق مۇپەتتىش جانابلىرىغا مەلۇم قىلىدۇكى، بۈگۈن سىمىرنادىن قايتىپ كەلگەن



ھەمدە سەپەر ئۈستىدە نېئاپول ۋە پورتو — فېررايېئوغا كىرىپ ئۆتكەن «فىرئاۋن» ناملىق كېمىنىڭ مۇئاۋىن كاپىتانى ئېدمون دانتېس، ميۇراتنىڭ مەكتۇبىنى ئېلىپ باش ئىسيانكارغا يولۇققان ۋە باش ئىسيانكاردىن پارىژدىكى بوناپارتچىلار كومىتېتىغا بېغىشلانغان مەخسۇس مەكتۇب تاپشۇرۇۋالغان. ئەگەركى، ئۇ قولغا ئېلىنسا، ئۇنىڭ نەق جىنايىتىگە ئىسپات بولىدىغان شۇ مەكتۇب ياكى ئۆزىنىڭ يېنىدا، ياكى ئۇنىڭ ئاتىسىدا بولىدۇ، ياكى «فىرئاۋن» دىكى ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىن تېپىلىدۇ».
ھەزرەت مۈرىلىرىنى قىسىپ قويدى.
— بۇ ئوچۇق — ئاشكارا ئىش ئىكەنغۇ، — دېدى ئۇ، — بۇنى شۇ چاغدىلا بىلىۋالالمىغان بولسىڭىز، بەكمۇ ساددە ئىكەنسىز.
— دېمەك، سىز بۇ ئىشنى دانگلار قىلغان دەپ ئويلامسىز؟ — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى دانتېس، — ئاھ، نېمىدېگەن ۋىجدانسىزلىق!
— دانگلارنىڭ پوچۇركىسى قانداق ئىدى؟
— ناھايىتى چىرايلىق ۋە ئېنىق، ئوڭ يانغا قىيشايتىپ يازىدۇ.
— پاش قىلىش خېتىنىڭ يېزىلىشى قانداق ئىدى؟
— سول تەرەپكە قىشايتىپ يېزىلغان.
ھەزرەت كۈلۈمسىرەپ قويدى.
— ئۆزگەرتىلگەن يېزىق!
— ئۇ خەت ناھايىتى پىششىق يېزىلغان. ئۆزگەرتىلگەن يېزىق ئۇنداق بولماس.
— سىز قاراپ تۇرۇڭ، — دېدى ھەزرەت.
ئۇ، ئۆزى ياسىۋالغان قەلەمنى قولىغا ئالدى - دە، سىياغا چىلاپ، قەغەزنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن بىر پارچە رەختكە ھېلىقى پاش قىلىش خېتىنىڭ ئالدىنقى بىرنەچچە

تۈزنى سول قولى بىلەن يېزىپ چىقتى. دانتېس بىراقلا ئۇزىنى چەتكە تارتىپ، ھودۇققان ھالدا ھەزرەتكە قارىدى.

— بۇ قانداق گەپ! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — سىزنىڭ بۇ يازغىنىڭىز ھېلىقى خەتكە نەقەدەر ئوخشايدۇ!

— پاش قىلىش خېتى سول قول بىلەن يېزىلغان، — دېدى ھەزرەت، — مەن مۇنداق بىر قىزىقارلىق ھالغا دىققەت قىلدىم...

— نېمىگە دىققەت قىلدىڭىز؟

— ئوڭ قول بىلەن يېزىلغان خەتلەر ھەرخىل بولىدۇ، لېكىن سول قول بىلەن يېزىلغان خەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولىدىكەن.

— سىز نەتىجە قىلىپ باقمىغان ئىشمۇ بارمۇ! سىز بىلمەيدىغان ئىشمۇ بارمۇ!

— گېپىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى.

— ھە، ھە، شۇنداق قىلايلى.

— ئەمدى ئىككىنچى مەسىلىگە ئۆتەيلى.

— سۆزلەڭ، قۇلىقىم سىزدە.

— سىزنىڭ مېرسېدېستا ئۆيلىنىشىڭىزگە قارشىلىق قىلغۇچىلار بارمىدى؟

— ھەئە، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بىر يىگىت بار ئىدى.

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟

— فېرنان.

— بۇ ئىسپانچە ئىسىمغۇ.

— ئۇ كاتالانلىق.

— سىزنىڭچە، ئۇ پاش قىلىش خېتىنى يازغان بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— ياق، ئۇ ماڭا پىچاق سالسا سالىدۇكى، باشقا ئىشنى قىلمايدۇ.



— چۈشىنىشلىك، ئىسپانلىقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇنداق، ئۇلار ئادەمنى ئۆلتۈرسە ئۆلتۈرىدۇكى، نامەردلىك قىلمايدۇ.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ پاش قىلىش خېتىدە يېزىلغان ئىشلارنىڭ تەپسىلاتلىرىنى بىلمەيدۇ.

— سىز ئۇ ئىشلارنى ھېچكىمگە سۆزلەپ بەرمىگەنمۇ؟

— ھېچكىمگە ئېيتمىغان.

— ھەتتا مېرسېدېسقىمۇ ئېيتمىغانمۇ؟

— ئۇنىڭغىمۇ ئېيتمىغان.

— ئۇنداق بولسا، بۇنى قىلغان چوقۇم دانگلار.

— ئەمدى مەنمۇ بۇنىڭغا ئىشەندىم.

— توختاڭ... دانگلار فېرناننى تونۇمتى؟

— ياق... ھەئە... ھە، راست!

— ھە، نېمە گەپ؟

— مېنىڭ تويۇمنىڭ ھارپىسىدا ئۇلار پامفىلا بوۋاينىڭ مەيخانىسىدا ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇشقانىدى. ئوكۇنى دانگلار بەكمۇ ئوچۇق چىراي ۋە خۇشچاقچاق ئىدى. لېكىن فېرنان تاتىرىپ كەتكەن ۋە ھودۇقۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— ئۇلار ئىككىسى يالغۇزمىدى؟

— ياق، ئۇلار بىلەن يەنە مېنىڭ كونا تونۇشۇم بولغان سەيپۇڭ كادرۇسمۇ بىللە ئولتۇرغانىكەن... ئۇ ئىككىيلەننى شۇ تونۇشتۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن... بىراق، ئۇ چاغدا كادرۇس مەست ئىدى... توختاڭ، توختاڭ... مەن بۇ ئىشلارنى باشتا قانداقمۇ ئويلاپ يەتمىگەن بولغىدىم! ئۇلار ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان شىرەنىڭ ئۈستىدە بىر قۇتا سىياھ، بىرنەچچە ۋاراق قەغەز، قەلەملەر تۇراتتى، — دانتېس پېشانىسىدىن چىقىۋاتقان سوغۇق تەرنى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈۋەتتى، — ئاھ، ۋىجدانسىزلار، ۋىجدانسىزلار!

— يەنە سورايدىغان گەپلىرىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ھەزرەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

ھە، ھە. سىز شۇنداق توغرا تەھلىل يۈرگۈزىدىكەنسىز، سىزنىڭ كۆزلىرىڭىز شۇنچە روشەنىكەن. مەن چۈشىنەلمەيۋاتقان يەنە بىر ئىش بار. نېمە ئۈچۈن مېنى پەقەت بىر قېتىملا سوراق قىلىشتى؟ نېمە ئۈچۈن مېنى سوت قىلماستىنلا جازاغا ھۆكۈم قىلىشتى؟

— بۇ مۇرەككەپرەك مەسىلە ئىكەن، — دېدى ھەزرەت، — ئەدلىيە ئىشلىرىنىڭ يوللىرى قاراڭغۇ ۋە سىرلىق بولىدۇ. بۇنداق ئىشلارنى بىراقلا چۈشىنىپ كېتىش قىيىن. سىزنىڭ ئىككى رەقىبىڭىزنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېنىقلاش خۇددى كىچىك بالىنىڭ ئويۇنىدەك ئاددى ئىش ئىدى. ئەمدى بۇ ئىشتا ماڭا ئەڭ ئېنىق مەلۇماتلارنى بېرىشىڭىز كېرەك.

— مەرھەمەت، سوراۋېرىڭ. سىز ھەقىقەتەن مېنىڭ ھاياتىمنى ئۈزۈمدىنمۇ ياخشىراق بىلىدىكەنسىز.

— سىزنى سوراق قىلغان كىشى كىم ئىدى؟ خانلىق مۇپەتتىشمۇ ياكى ئۇنىڭ ياردەمچىسىمۇ؟ ياكى تەرگەۋچىمۇ؟

— خانلىق مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى.

— ياشمۇ، قېرىمۇ؟

— ياش، 27 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە.

— دېمەك، ئۇ تېخى بۇزۇلمىغان، ئەمما شۆھرەتپەرەس شەخس ئىكەن - دە، — دېدى ھەزرەت، — ئۇنىڭ سىزگە قارىتا مۇئامىلىسى قانداق بولدى؟

— مۇئامىلىسى ناھايىتى ياخشى بولدى.

— ئۇنىڭغا بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردىڭىزمۇ؟

— ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردىم.

— سوراق جەريانىدا ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدە ئۆزگىرىش بولدىمۇ؟



— ئۇ، مېنى ئەيىبلەشكە پاكىت بولىدىغان ھېلىقى خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىردەمدىلا مېنىڭ بەختسىزلىكىمدىن قاتتىق تەسىرلەنگەندەك كۆرۈندى.

— سىزنىڭ بەختسىزلىكىڭىزدىن؟

— ھەئە.

— ئۇنىڭ دەل سىزنىڭ بەختسىزلىكىڭىزگە قايغۇرغانلىقىغا ئىشىنەلەمسىز؟

— ھەرھالدا، ئۇ ئىچى ئاغرىغانلىقىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى.

— قانداق قىلىپ؟

— ئۇ، مېنى ئەيىبلەشكە بىردىنبىر پاكىت بولىدىغان ئاشۇ خەتنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى.

— قايسى خەتنى؟ پاش قىلىش خېتىمۇ؟

— ياق، مارشالنىڭ ماڭا بەرگەن خېتىنى.

— راست كۆيدۈرۈپ تاشلىغانلىقىغا ئىشەنچىڭىز بارمۇ؟

— مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا كۆيدۈرۈپ تاشلىدى.

— بۇقانداقتۇر بىر سىرلىق ئىش ئىكەن. بۇ مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى سىز ئويلىغاندەك بولماستىن، خېلىلا رەزىل مۇناپىقتەك كۆرۈنىدۇ.

— ئەزبىرايى خۇدا، مېنى تىترەك بېسىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى دانتېس. — پۈتۈن جاھانغا يولۋاسلار بىلەن تىمساقلار تولۇپ كەتكەنمۇ؟

— شۇنداق. لېكىن ئىككى پۇتلۇق يولۋاسلار بىلەن تىمساقلا تۆت پۇتلۇقلىرىغا قارىغاندا تولىمۇ خەتەرلىك بولىدۇ.

— ھە، قېنى داۋاملاشتۇرايلى.

— مەرھەمەت، سىز، ئۇ، خەتنى كۆيدۈرۈۋەتتى دەمسىز؟

— ھەئە، كۆيدۈرۈۋەتكەندىن كېيىن يەنە «كۆردىڭىزمۇ» بۇ سىزنىڭ جىنايىتىڭىزگە بىردىنبىر ئىسپات بولىدىغان خەت ئىدى، مەن ئۇنى يوقىتىۋەتتىم» دېدى.

—بۇنداق قىلىش ھەددىدىن تاشقىرى مەرتلىك بولىدۇ.

شۇڭا بۇ تەبىئىي ئەھۋال ئەمەس.
— شۇنداق بولارمۇ؟
— چوقۇم شۇنداق. ئۇ خەت كىمگە قارىتىپ يېزىلغانىدى؟
— پارىژ، كوك - ئېرون كوچىسى، 13 - نومۇرلۇق ئۆيدىكى نوئارتىيې ئەپەندىگە.
— بۇ مۇپەتتىشنىڭ ياردەمچىسى ئەگەر مۇشۇ خەت يوقىلىپ كەتسە بۇنىڭدىن مەنپەئەت تاپىدۇ دەپ ئويلامسىز يوقمۇ؟
— شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ بۇ ئىشنى پەقەت مېنىڭ پايدام ئۈچۈنلا قىلغانلىقىنى بىر نەچچە قېتىم تەكىتلەپ. بۇ خەت توغرۇلۇق ۋە ئۇ خەتنىڭ كىمگە قارىتىپ يېزىلغانلىقى توغرۇلۇق ھېچكىمگە گەپ قىلماسلىقىنى قايتا - قايتا جېكىلەپ مېنى قەسەم ئىچكۈزدى.
— نوئارتىيې! — دەپ تەكرارلىدى ھەزرەت، — نوئارتىيې! مەن سابىق ئايال پادىشاھ ئېتروزىيەنىڭ سارىيىدا خىزمەت قىلغان نوئارتىيې دېگەن بىر كىشىنى تونۇيتتىم. كېيىنچە، ئىنقىلاب ۋاقتىدا بۇ نوئارتىيې ژىروندىچى بولۇپ چىققان. سىزنى سوراق قىلغان مۇئاۋىن مۇپەتتىشنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟
— ۋىلفور.
ھەزرەت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. دانتېسنى ھەيرانلىقتا ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.
— نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى ئۇ.
— مۇنۇ كۈن نۇرىنى كۆرۈۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى ھەزرەت.
— كۆرۈۋاتىمەن.
— ئەمدى سىزنىڭ ئىشىڭىز ماڭا مۇشۇ كۈن نۇرىدىنمۇ روشەنرەك بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىدۇ. ھەي، بىچارە شاكىچىك! ئۇنىڭ سىزگە بولغان مۇئامىلىسى شۇنچە ياخشى بولغانىمىدى؟



— ھەئە.
— بۇ جاناب ئاشۇ خەتنى كۆيدۈرۈۋەتتىمۇ؟
— ھەئە.
— جاللاتقا مەرتلەرچە ئادەم تۇتۇپ بېرىدىغان بۇ كىشى، نوئارتىيېنىڭ ئىسمىنى ھېچكىمگە ئېيتىپ قويماسلىق توغرىسىدا سىزنى قەسەم ئىچكۈزدىمۇ؟
— ھەئە.
— ھەي، بىچارە نادان بالا. بۇ نوئارتىيې دېگەن كىم بولىدۇ، بىلەمسىز؟ بۇ نوئارتىيې دېگەن ئۇنىڭ ئاتىسى بولىدۇ.
مۇبادا شۇ تاپتا چاقماق چېقىلىپ دانتېسنىڭ ئاياغ ئاستىغا چۈشكەن بولسىمۇ، زېمىننىڭ قەھرى يېرىلىپ ئۇنىڭ تېگىدىن لەيلۇن دوزاخ كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئۇنى ھەزرەت ئېيتقان بۇ گەپلەردەك ھەيرەتتە قالدۇرالماس ئىدى. ئۇ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چىڭ قىسىپ تۇتۇۋالدى.
— ئۇنىڭ ئاتىسى! ئۇنىڭ ئاتىسى! — ۋارقىراپ تاشلىدى ئۇ.
— شۇنداق، ئۇنىڭ ئاتىسى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى نوئارتىيې ۋىلفور، — دەپ جاۋاب بەردى ھەزرەت.
ئەنە شۇ چاغدا گويا پاقىراپ تۇرغان بىر يورۇقلۇق دانتېسنىڭ پىكرىنى يورۇتۇۋەتكەندەك بولدى. ئىلگىرى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ بولغان مەسىلىلەر ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا روشەنلىك بىلەن ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. ۋىلفورنىڭ سوراق ئۈستىدىكى تۇۋاقسىز مۇئامىلىسى، خەتنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى، قەسەم ئالماستىن ئىلگىرىچە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ تۇرغان سوراقچىنىڭ روھىي چۈشكۈن قىياپىتى — ھەممىسى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قايتىدىن سۈرەتلىنىپ چىقتى. ئۇ ۋارقىراپ تاشلىدى-دە، خۇددى مەست ئادەمدەك سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، كېيىن، ھەزرەتنىڭ كامېرىدا

شۇڭا بۇ تەبىئىي ئەھۋال ئەمەس.

— شۇنداق بولارمۇ؟

— چوقۇم شۇنداق. ئۇ خەت كىمگە قارىتىپ يېزىلغانىدى؟

— پارىژ، كوك — ئېرون كوچىسى، 13 — نومۇرلۇق ئۆيدىكى نوتارىتىي ئەپەندىگە.

— بۇ مۇپەتتىشنىڭ يادەمچىسى ئەگەر مۇشۇ خەت يوقىلىپ كەتسە بۇنىڭدىن مەنپەئەت تاپىدۇ دەپ ئويلامسىز يوقمۇ؟

— شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ، بۇ ئىشنى پەقەت مېنىڭ پايدام ئۈچۈنلا قىلغانلىقىنى بىر نەچچە قېتىم تەكىتلەپ، بۇ خەت توغرۇلۇق ۋە ئۇ خەتنىڭ كىمگە قارىتىپ يېزىلغانلىقى توغرۇلوق ھېچكىمگە گەپ قىلماسلىقىنى قايتا — قايتا جېكىلەپ مېنى قەسەم ئىچكۈزدى.

— نوتارىتىي! — دەپ تەكرارلىدى ھەزرەت، — نوتارىتىي! مەن سابىق ئايال پادىشاھ ئىمپىرۇرىيەنىڭ سارىيىدا خىزمەت قىلغان نوتارىتىي دېگەن بىر كىشىنى تونۇيتتىم. كېيىنچە، ئىنقىلاب ۋاقتىدا بۇ نوتارىتىي ژىروندىچى بولۇپ چىققان. سىزنى سوراق قىلغان مۇئاۋىن مۇپەتتىشنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟

— ۋىلفور.

ھەزرەت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. دانتېسنى ھەيرانلىقتا ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى ئۇ.

— مۇنۇ كۈن نۇرىنى كۆرۈۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى ھەزرەت.

— كۆرۈۋاتىمەن.

— ئەمدى سىزنىڭ ئىشىڭىز ماڭا مۇشۇ كۈن نۇرىدىنمۇ روشەنرەك بولۇپ كۆرۈنۈۋاتىدۇ. ھەي، بىچارە شاكىچىك! ئۇنىڭ سىزگە بولغان مۇئامىلىسى شۇنچە ياخشى بولغانمىدى؟ —



— ھەئە.

— بۇ جاناب ئاشۇ خەتنى كۆيدۈرۈۋەتتىمۇ؟

— ھەئە.

— جاللاتقا مەرتلەرچە ئادەم تۇتۇپ بېرىدىغان بۇ كىشى، نوتارىتىينىڭ ئىسمىنى ھېچكىمگە ئېيتىپ قويماسلىق توغرىسىدا سىزنى قەسەم ئىچكۈزدىمۇ؟

— ھەئە.

— ھەي، بىچارە نادان بالا. بۇ نوتارىتىي دېگەن كىم بولىدۇ، بىلەمسىز؟ بۇ نوتارىتىي دېگەن ئۇنىڭ ئاتىسى بولىدۇ.

مۇبادا شۇ تاپتا چاقماق چېقىلىپ دانتېسنىڭ ئاياغ ئاستىغا چۈشكەن بولسىمۇ، زېمىننىڭ قەھرى يېرىلىپ ئۇنىڭ تېگىدىن لەيلۈن دوزاخ كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئۇنى ھەزرەت ئېيتقان بۇ گەپلەردەك ھەيرەتتە قالدۇرالماس ئىدى. ئۇ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چىڭ قىسىپ تۇتۇۋالدى.

— ئۇنىڭ ئاتىسى! ئۇنىڭ ئاتىسى! — ۋارقىراپ تاشلىدى ئۇ.

— شۇنداق، ئۇنىڭ ئاتىسى. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى نوتارىتىي ۋىلفور، — دەپ جاۋاب بەردى ھەزرەت.

ئەنە شۇ چاغدا گويا چاقماق چاقناپ تۇرغان بىر يورۇقلۇق دانتېسنىڭ پىكرىنى يورۇتۇۋەتكەندەك بولدى. ئىلگىرى ئۇنىڭغا تاراڭغۇ بولغان ھەممە ئىشلار ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا روشەنلىك بىلەن ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. ۋىلفورنىڭ سوراق ئۈستىدىكى تۇۋرافسىز مۇئامىلىسى، خەتنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى، تەھدىت سالماستىن ئەكسىچە ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ تۇرغان سوراقچىنىڭ روھىي چۈشكۈن قىياپىتى — ھەممىسى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قايتىدىن سۈرەتلىنىپ چىقتى. ئۇ ۋارقىراپ تاشلىدى-دە، خۇددى مەست ئادەمدەك سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. كېيىن، ھەزرەتنىڭ كامېرى-

دىن ئۆزىنىڭ كامېرىغا تۇتاشتۇرۇلغان يەر ئاستى يولغا ئېتىلىپ باردى.

— مەن قايتاي! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم تەنھا ئولتۇرۇپ قايتىدىن ئويلاپ چىقىشىم كېرەك!

ئۇ ئۆزىنىڭ كامېرىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنى كارىۋات ئۈستىگە تاشلىۋەتتى. كەچقۇرۇنلۇقى گۈندىپاي كىرگەندە دانتېس خۇددى تىلسىز ھەيكەلدەك، كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغان ۋە چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەن ھالدا قىمىر قىلماستىن ئولتۇراتتى. چوڭقۇر خىياللار بىلەن خۇددى سېكۇنتلاردەك ئۆتۈپ كەتكەن بۇ ھېسابسىز سائەتلەر داۋامىدا دانتېس دەھشەتلىك قارارنى قوبۇل قىلدى ۋە شەپقەتسىزلىك بىلەن قىساس ئېلىشقا قەسەمياد قىلدى. فارىيا ھەزرەتنىڭ ئاۋازى دانتېسنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈۋەتتى. ھەزرەت، گۈندىپاي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دانتېسنى ئۆزى بىلەن بىرگە غىزالىنىشقا تەكلىپ قىلىپ كەلگەنىدى. بۇ قېرى مەھبۇس «ساراڭ» يەنە كېلىپ «كۈلكىلىك ساراڭ» دەپ ئاتالغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بەزى، كەڭچىلىكلەرگە يول قويۇلاتتى. يەنى ئاقراق نان ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى بىردىن شىشە ھاراق بېرىلەتتى. شۇ كۈنى دەل يەكشەنبە ئىدى. شۇڭا، ھەزرەت ياش دوستىنى نان ۋە ھاراققا داخىل بولۇشقا چاقىردى. دانتېس ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ يەنە بۇرۇنقى سىياقىغا كەلدى، لېكىن كۆزلىرى قانداقتۇر پىشىپ يېتىلگەن مۇددىئانى ئىپادىلەپ، قەتئىيلىك ۋە قەيسەرلىك بىلەن چاقناپ تۇراتتى. ھەزرەت ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قارىدى.

— مەن سىزگە مەسىلىنىڭ تېگى - تەكتىنى ئىزدىنىشىڭىزدە ياردەم بەرگەنلىكىمگە ۋە سىزگە دېگەن گەپلىرىمگە پۇشايمان قىلىۋاتىمەن.



— نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سورىدى دانتېس.

— چۈنكى، مەن سىزنىڭ دىلىڭىزغا ئىلگىرى مەۋجۇت بولمىغان تۇيغۇنى، ئۆچ ئېلىش تۇيغۇسىنى سېلىپ قويدۇم.

دانتېس كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— بۇ گەپنى قويايلى، — دېدى ئۇ.

ھەزرەت ئۇنىڭغا يەنە بىر قارىدى - دە، غەمكىنلىك بىلەن بېشىنى چايقاپ قويدى ۋە دانتېسنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، گەپنى يۆتكىدى. ھەرقانداق بىر كۆپنى كۆرگەن، كۆپ جاپا تارتقان ئادەمگە ئوخشاش، ھەزرەتنىڭ گەپلىرىمۇ ئىبرەتلىك ۋە ئاجايىپ قىزىقارلىق ئىدى. بۇ جاپاكەش ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىدىن قىلچە زارلانمايتتى. ئۆزى تارتقان جەبىر - جاپالار توغرىسىدا زىنھار گەپ قىلمايتتى. دانتېس ئۇنىڭ ھەر بىر سۆزىنى زوقلىنىپ تىڭشايتتى. ھەزرەتنىڭ بەزى گەپلىرى دانتېسنىڭ دېڭىزچىلىق بىلىمىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر قەدەر چۈشىنىشلىك ئىدى، بەزى گەپلىرى بەجايىكى، تۈن قاراڭغۇسىدا دېڭىزچىلارغا يول كۆرسىتىپ تۇرغان شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزلىرىدەك گويا بىر سىرلىق يېڭى دۇنيانىڭ داغدام يولىغا نۇر چاچاتتى. دانتېس، ئادەم بىلىملىك بولسا، مەنىۋى، پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي تەپەككۇرلارنىڭ يۈكسەكلىكىدە پەرۋاز قىلىشىنىڭ قانچىلىك زور بەخت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— مەن بىلەن بىللە زېرىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن بولسىمۇ، ماڭا بىر ئاز تەلىم بېرىپ ئۆزىڭىز بىلىدىغانلارنى ئاز - تولا ئۆگىتىپ قويسىڭىزچۇ، — دېدى دانتېس، — ماڭا ئوخشاش بىر بىلىمسىز ۋە ئەرزىمەس يولداش بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشتىن پىنھانلىقنى ئەۋزەل كۆرەمسىزكىن دەپ خۇدۇكسىرەۋاتىمەن. ئەگەر بۇ ئىلتىماسىمغا ماقۇل بولسىڭىز، ئىككىنچىلەپ قېچىش ھەققىدە ئېغىز ئاچمايمەن.

ھەزرەت كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئەپسۇس، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ، — ئىنساننىڭ بىلىمى ئىنتايىن چەكلىك بولىدۇ. مەن سىزگە ماتېماتىكا، فىزىكا، تارىخ ۋە ئۆزۈم بىلگەن ئۈچ - تۆت مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگىتىپ قويالىسام، سىزمۇ مەن بىلگەننىڭ ھەممىسىنى بىلىدىغان بولىسىز. بۇ بىلىملەرنى مەن سىزگە قىسقىغىنە ئىككى يىل ئىچىدە ئۆگىتىپ چىقالايمەن.

— ئىككى يىلدا! سىزنىڭ پىكرىڭىزچە مەن ئىككى يىلدا ئاشۇ بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ چىقالامدىم؟

— پەننى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىش دەرىجىسىگىچە ئىگىلىيەلمەيسىز، لېكىن پەننىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى ئۆگىنىپ چىقالايسىز. ئۆگىنىش دېگەنلىك بىلىش ئەمەس. بىلىملىك ئادەملەر بولىدۇ، ئالىملار بولىدۇ. ئالدىنقىلىرىنى ئادەمنىڭ ئەسلەش قابىلىيىتى، كېيىنكىلىرىنى بولسا پەلسەپە ياراتقان.

— پەلسەپىنى ئۆگىنىشكە بولامدۇ؟

— پەلسەپىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. پەلسەپە دېگەن ئىگىلەنگەن بىلىملەر بىلەن پەلەككە يەتكەن ئەقىل - پاراسەتنىڭ بىرىكمىسى. مۇشۇ ئەقىل پاراسەت پەلسەپىنى تەدبىق قىلالايدۇ. بۇ، ئەيسانى ئەرشكە ئېلىپ چىققان نۇرلۇق بۇلۇت.

— ئۇنداق بولسا، ئالدى بىلەن نېمىنى ئۆگىنىشتىن باشلايسىز؟ دەپ سورىدى دانتېس، — مەن چاققانراق ئوقۇشنى باشلاشقا ئالدىراۋاتىمەن، بىلىمگە ئىشتىياقىم قوزغالدى.

— ھەممىنى ئۆگىتىمەن! — دەپ جاۋاب بەردى ھەزرەت.

شۇ ئاخشىمىلا ئىككىيلەن بىرلىكتە ئۆگىنىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى ۋە ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى. دانتېسنىڭ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى ھەيران قالغۇدەك كۈچلۈك ۋە ئاجايىپ زېھنىي ئۆتكۈر ئىدى. ئۇنىڭ ماتېماتىكىلىق پىكىر



قىلىش ئىقتىدارى ھېسابلاش يوللىرىنى ئاسان ئۆزلەشتۈرۈشكە ئىمكان بېرەتتى، دېڭىزچىلارغا خاس رومانتىزمى بولسا، ئۇنىڭ قىزىپ كەتكەن ھېسسىياتىنى ماتېماتىكىلىق ئىسپاتلاشنىڭ سان-رەقەملىرى ۋە تۈز سىزىقلىرى ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرەتتى. ئىتالىيان تىلىنى ئۇ ئۆزى بىلەتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىلگىرى شەرق ئەللىرىگە قىلغان سەپەرلىرى جەريانىدا يېڭى گېرېك تىلىنى بىرئاز ئۆگىنىۋالغانىدى. بۇ ئىككى تىلنىڭ ياردىمى بىلەن باشقا تىللارنىڭ تۈزۈلۈشىنىمۇ ئاسانلا چۈشىنىۋالدى ۋە يېرىم يىل ئۆتكەندە ئىسپانچە، ئىنگلىزچە، نېمىسچە سۆزلىيەلەيدىغان بولدى. ئەركىنلىكنىڭ ئورنىنى ئالغان ئۆگىنىش ئۇنى بەنت قىلدىمۇ ياكى ھەزرەتكە بەرگەن ۋەدىسىدە تۇردىمۇ، ئىش قىلىپ، ئۇ قېچىش ھەققىدە ئارتۇق سۆز قىلمىدى. كۈنلەر تېز ۋە مەزمۇنلۇق ئۆتۈشكە باشلىدى. بىر يىلدىن كېيىن ئۇ باشقا بىر ئادەم بولۇپ چىقتى.

فارىيا ھەزرەت بولسا، دانتېس بىلەن بىللە بولۇپ، قايغۇ-ھەسرەتلىرىنىڭ يېنىكلىشىپ قالغانلىقىغا قارىماستىن، كۈندىن - كۈنگە مەيۈسلەنمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر ئېغىر، تەشۋىشلىك غەم چۈشكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، بىر دەم چوڭقۇر خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ، ئېغىر - ئېغىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قوياتتى، بىردەم ئولتۇرغان يېرىدىن دەس تۇرۇپ كېتەتتى - دە، قوللىرىنى كۆكرىكىنىڭ ئۈستىدىن قوشتۇرۇپ تۇتۇپ كامېر ئىچىدە سائەتلەپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئۇ توساتتىن بىر جايدا توختاپ قالدى - دە:

— ھەي، جېسەكچى بولمىغان بولسىدى! — دەپ قويدى.

— جېسەكچىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى بىزنىڭ ئۆزىمىزگە باغلىق، — دېدى دانتېس، ھەزرەتنىڭ كۆڭلىدىكىنى خۇددى ئەينەكتىن كۆرگەندەك چۈشىنىپ.

— مەن سىزگە ئېيتتىمغۇ، جېسەكچىنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ، قاتىللىق قىلىشنى مېنىڭ تەبىئىتىم كۆتۈرمەيدۇ.
— مۇبادا بۇ قاتىللىق ئەمەلگە ئاشمىغان بولسا، بۇ تامامەن ئۆز ھاياتىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بولىدىغۇ.
— قانداق بولسىمۇ، مەن بۇ ئىشنى قىلالمايمەن.
— شۇنداقتىمۇ، قېچىشنى ئويلامسىز؟
— كېچە - كۈندۈز ئويلايمەن، — دەپ پىچىرلىدى ھەزرەت.
— قېچىش ئۇسۇلىنى تاپتىڭىزمۇ؟ — جانلىنىپ سورىدى دانتېس.
— تاپتىم. ئەگەر ئايۋانغا قارىغۇ ۋە گاس ئادەمنى جېسەكچى قىلىپ قويۇشقان بولسا قېچىشقا ئىمكانىيەت بولاتتى.
— مەن ئۇنى ھەم قارىغۇ، ھەم گاس قىلىپ قويالايمەن، — دېدى دانتېس، ھەزرەتنى چۆچۈتسۈۋەتكۈدەك قەتئىيلىك بىلەن.
— ياق، ياق، — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ھەزرەت، — ھەرگىز ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ.
دانتېسنىڭ بۇ سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرغۇسى بار ئىدى، لېكىن ھەزرەت بېشىنى چايقاپ قويدى - دە، ئارتۇق سۆزلىمىدى.
ئۈچ ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى ھەزرەت دانتېستىن:
— سىز كۈچلۈكمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.
دانتېس جاۋابىنىڭ ئورنىغا تۆمۈر ئىسكەنجىنى قولىغا ئالدى - دە، بىر پۇتى بىلەن دەسسەپ تۇرۇپ قايرىپ ئىگىۋەتتى ۋە يەنە تۈزلەپ قويدى.
— سىز جېسەكچىنى ھېچ ئىلاجىسىز قالمىغان ئەھۋال ئاستىدىلا ئۆلتۈرۈشكە ۋەدە بېرەلەمسىز؟



— سىزگە قەسەم ئىچىپ بېرەلەيمەن.
— ئۇنداق بولسا، مەقسىتىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشسەك بولىدۇ، — دېدى ھەزرەت.
— بۇ ئىشنى قىلىشقا قانچىلىك ۋاقىت كېتەر؟
— بىر يىلدىن كەم بولمايدۇ.
— ئەمىسە، ئىشنى باشلىساق بولامدۇ؟
— ھازىرلا باشلىساقمۇ بولۇۋېرىدۇ.
— كۆردىڭىزمۇ، بىز پۈتۈن بىر يىلنى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتتۇق، — دېدى دانتېس.
— بىكارغا ئۆتكۈزۈۋەتتۇقمۇ؟
— مېنى ئەپۇ قىلىڭ، خۇدا ھەققىدە! — دەپ خىتاب قىلدى ئېدمون ۋە قىزىرىپ كەتتى.
— كېرەك يوق! — دېدى ھەزرەت، — ئادەم دېگەن ھامان ئادەم. سىز مەن كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىلىرىنىڭ بىرى. قاراڭ، مانا مېنىڭ پىلانىم.
ھەزرەت دانتېسقا ئۆزى سىزىپ چىققان چېرتيوژنى كۆرسەتتى. بۇ — ئۆزىنىڭ ۋە دانتېسنىڭ كامېرلىرى، بۇ كامېرلارنى تۇتاشتۇرغان يەر ئاستى يولى چۈشۈرۈلگەن پىلان ئىدى. بۇ يەر ئاستى يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن شاخ چىقارغاندەك يەنە بىر يەر ئاستى يولى تارتىلغانىدى.
بۇ، خۇددى خاڭلارنىڭ يان تەرىپىدىكى تارماق يولىغا ئوخشايتتى. تارماق يول ئايۋاندىكى جېسەكچى تۇرىدىغان جاينىڭ ئاستىغا كېلىپ تاقىلاتتى. ئەنە شۇ يەرگە يەتكەندە يەرنى كېڭەيتىپ كولاش بىلەن ئايۋانغا ياتقۇزۇلغان يوغان - يوغان ياپىلاق تاشلارنىڭ بىرىنى بوشىتىپ قويۇش مۆلچەر قىلىندى. لازىم بولغان پەيتتە جېسەكچى مېڭىپ كېلىپ ئاشۇ تاشقا دەسسىشى بىلەنلا تاش چوڭقۇرغا چۈشۈپ كېتىدۇ. قاتتىق يىقىلىش

تىن ئېسىنى يوقىتىپ قويغان ئەسكەرنىڭ دەرھال قارشىلىق كۆرسىتىشكە چامىسى يەتمەي قالدۇ. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دانتېس ئۇنى يەرگە بېسىپ ئۇنىڭ پۇت - قولىنى باغلايدۇ، ئاغزىنى لاتا بىلەن كەپلەپ قويىدۇ ۋە ئىككى مەھبۇس ئايۋاننىڭ دېرىزىسىدىن چىقىپ، ئارغامچا شوتىنىڭ ياردىمى بىلەن سېپىلدىن چۈشۈپ قېچىپ كېتىدۇ.

دانتېس ئۆزىنى تۇتالماي چاۋاك چېلىپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى. پىلان شۇنچە ئاددىي ئىدىكى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىنىشى مۇقەررەر ئىدى.

بۇ ئىككى كانچى شۇ كۈنىلا ئۆز ئىشىنى باشلىۋەتتى. بۇ ئىش ئۇزۇن مۇددەتلىك دەم ئېلىشتىن كېيىن باشلانغان بولغاچقا ۋە ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىگە ئۇيغۇن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇلدى ۋە ھارماي - تالماي يەر كولاشقا كىرىشىپ كەتتى. پەقەت گۇندىپاي كېلىدىغان ۋاقىتلاردىلا ئىشنى توختىتىپ، ئۆز كامېرلىرىغا كىرىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار گۇندىپاينىڭ قەدەم تەپىسىنى يىراقتىنلا پەرق ئېتىشكە ئۆگىنىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، گۇندىپاينىڭ گۇمانىنى كەلتۈرگۈدەك ئىش بىر قېتىممۇ كۆرۈلمىدى. كولاپ چىقىرىلغان توپا بۇرۇنقى يوللارنى ئېتىۋالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلار توپىنى ئېھتىيات بىلەن ئاز - ئازدىن ئېلىپ چىقاتتى ۋە راسا ئوبدان ئۇگۇتۇپ دانتېسنىڭ ياكى فارىيانىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا چېچىۋېتەتتى. تۈندىكى شامال ئۇچۇملاپ تاشلانغان قۇرۇق توپىنى ئۇچۇرۇپ كېتەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئىسكىنە، پىچاق ۋە ياغاچ پىشاڭ بىلەن ئىشلەنگەن بۇ ئىشنىڭ تاماملىنىشىغا بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىندى. بۇ بىر يىل جەريانىدا ھەزرەت دانتېسقا ساۋاق بېرىشنى توختىتىپ قويمىدى. ئۇ، دانتېس بىلەن بىردەم



ئۇ تىلدا، بىردەم بۇ تىلدا سۆزلىشەتتى، ئۇنىڭغا ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بېرەتتى ۋە ھەر قايسى دەۋرلەردە نام چىقىرىپ تارىخ سەھىپىلىرىدە شان - شەرەپنىڭ ئالتۇن ئىزىنى قالدۇرغان ئۇلۇغ ئىنسانلارنىڭ تەرجىمىھالىنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى. ھەزرەت يۇقىرى تەبىقىگە مەنسۇپ ئاقسۆڭەك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇئامىلىسى ھەمىشە سىلىق ۋە سىپايە ئىدى. دانتېسنىڭ ھەرقانداق ئىشنى ئۆگىنىشكە تۇغما قابىلىيىتى بولغاچقا، ئۆزىدە يېتەرسىز بولغان نازۇك قائىدە - يوسۇنلارنى ھەمدە ئادەتتە پەقەت يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ياكى مەرىپەتلىك كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقاندىلا ئۆگىنىشكە بولىدىغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئادەتلىرىنى ناھايىتى تېزلا ئۆزلەشتۈرۈۋالدى.

15 ئاي بولغاندا بۇ تارماق يولمۇ پۈتۈپ چىقتى. ئايۋاننىڭ تېگىدە كولانغان كاۋاك جاي ھاسىل قىلىندى. يەر ئۈستىدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ ئايلىنىپ يۈرگەن جېسەكچىنىڭ قەدەم تاشلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەمدى، مەھبۇسلار مەقسەتتىكى قېچىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئاي قاراڭغۇسى بولىدىغان كېچىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولغاچقا، يەرنىڭ ئۈستۈنكى قاتلىمى ئۆزلۈكىدىن يىمىرىلىپ چۈشۈپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلاتتى. بۇ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار بىر تىرەكنى پۇختىلاپ تىرەپ قويۇشتى.

دانتېس دەل شۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇت، ئۇنىڭ كامېرىدا ئارغامچا شوتىنى بېكىتىش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان يوغان مىخنى ئۇچلاپ ئولتۇرغان فارىيا ھەزرەتنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازدا ئۇنى چاقىرىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. دانتېس دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىردى ۋە ھەزرەتنىڭ تاتىرىپ كەتكەن، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىدىن تەر ئېقىپ تۇرغان، قوللىرى ئەسەبىيلىك بىلەن كىرىشىپ كەتكەن ھالەتتە كامېرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ۋاي خۇدايىم! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى دانتېس، — نېمە بولدى؟ نېمە بولدىڭىز؟

— چاققان بولۇڭ، چاققان بولۇڭ! — دېدى ھەزرەت.

دانتېس، ھەزرەتنىڭ قارىداپ كېتىۋاتقان يۈزىگە، كۆكىرىپ كەتكەن قاپاقلىرىغا، ئاقىرىپ كەتكەن لەۋلىرىگە، چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىغا قاراپ قورقۇپ كەتكەنلىكتىن قولىدىكى ئىسكەنىنى يەرگە تاشلىۋەتتى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — ئۆزىنى تۇتالماستىن سورىدى دانتېس،

— مەن تۈگەشتىم! — دېدى ھەزرەت، — گېپىمنى ئاڭلاڭ. مېنىڭ خەتەرلىك ۋە بەلكىم ئەجەللىك كېسىلىم قوزغىلىۋاتىدۇ. كېسىلىم تۇتۇشقا باشلىدى، سېزىۋاتىمەن. مەن تۈرمىگە كىرىشتىن بىر يىل بۇرۇن مۇشۇنداق ئاغرىغانىدىم. بۇ كېسەلنىڭ پەقەت بىرلا شىپاسى بار، سىزگە ئېيتىپ بېرەي. سىز چاققان مېنىڭ كامىرىمغا چىقىپ كارىۋاتنىڭ ئايىغىنى چىقىرىڭ، ئۇنىڭ ئىچى كاۋاك، شۇ يەردە بىر شىشىدە قىزىل رەڭلىك سۇيۇقلۇق دورا بار. شۇ دورىنى ئېلىپ كېلىڭ ... ياكى ... ياق، ياق، توختاڭ! مەن بۇ يەردە ئۇزاققىچە يېتىپ قېلىشىم مۇمكىن. تېخى ھوشۇمنى يوقاتمىغان ۋاقتىمدا مېنى ئۆزۈمنىڭ كامىرىمغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ. بۇ كېسەلنىڭ قانچىلىك ۋاقىتقا سوزۇلۇشى ۋە ئاقىۋەتتە نېمە بولۇشۇمنى كىم بىلسۇن.

دانتېس ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ دەھشەتلىك بەختسىزلىكتىن روھىنى چۈشۈرمىدى. ئۇ، بىچارە ھەزرەتنى يەر ئاستى يولىغا سۆرەپ چۈشۈردى ۋە مىڭبىر مۇشەققەتلەر بىلەن بىمارنى ئۆزىنىڭ كامىرىغا ئېلىپ چىقىپ، كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويدى.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى ھەزرەت. ئۇ خۇددى سوغۇق سۇغا چۆمۈلۈپ چىققاندەك غال-غال تىترەپ تۇراتتى، —



كېسىلىم ھازىر باشلىنىدۇ، بەدىنىم قېتىشىپ كېتىدۇ. بىر بولسا، ئۈن چىقارماستىن جىمجىت يېتىشىم مۇمكىن، يەنە بىر بولسا، ئاغزىمدىن كۆپۈك قايناپ، ئۆزۈمنى ھەريانغا ئۇرۇپ ۋارقىراپ كېتىشىم مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولسا، مېنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىمنىڭ ئاڭلانماسلىقىغا ئامال قىلىڭ. بۇ ئەڭ مۇھىم ئىش، چۈنكى ئەكسىچە بولغاندا، مېنى باشقا كامېرغا يۆتكىۋېتىشلىرى مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن، بىز بىر-بىرىمىزدىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ قالىمىز. كېيىن، مەن جىمىقىپ، مۇردىغا ئوخشاش قېتىشىپ مۇزلاپ كەتكەندە، پەقەت شۇ چاغدىلا، ئاڭلاۋاتامسىز؟ پەقەت شۇ چاغدىلا مېنىڭ چىشلىرىمنى پىچاق بىلەن كېرىپ تۇرۇپ ئاغزىمغا ئاشۇ قىزىل رەڭلىك دورىدىن ئون تامچە تېمىتىپ قويۇڭ. شۇندىن كېيىن بەلكىم ھوشۇمغا كېلىپ قالارمەن.

— بەلكىم دەمسىز؟ — دەپ خىتاب قىلدى دانتېس ئاچچىق ھەسرەت بىلەن.

— چاققان بولۇڭ! ۋايجان! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ھەزرەت، — مەن ... مەن ئۆل ...

كېسەل شۇنچە جىددىي باشلاندىكى، بىچارە مەھبۇس سۆزلەۋاتقان گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي قالدى. ئۇنىڭ چىرايىنى گوياكى دېڭىزدىكى بورانغا ئوخشاش شىددەتلىك ئۇچۇپ كەلگەن بىر قارا سايە قاپلىغاندەك بولدى، كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، لەۋلىرى قىيشىيىپ، مەڭزىلىرى چوغدەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ھەريانغا ئېتىپ تىپىرلايتتى، خىرقىرايتتى، ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆرلەپ چىقتى. دانتېس ئۇنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇنىڭ ئاغزىنى يوتقان بىلەن چىڭ بېسىپ ئېتىۋالدى. شۇ تەرىقىدە ئىككى سائەت ئۆتتى. ئاخىرى، ئۇ يېنىككىنە بىر تىپىچەكلىدى-دە، خۇددى تاشقا ئوخشاش جانسىز، مەرمەرگە ئوخشاش ئاقىرىپ، مۇزلاپ كەتكەن ھالدا، دەسسىلىپ كەتكەن كۆكاتقا ئوخ-

شاش بوشىشىپ يوتقان ئۈستىدە ئۇزۇن سوزۇلۇپ يېتىپ قالدى.

ئېدمون بۇ بىھوشلۇق پۈتۈن بەدەنگە تارقاپ، يۈرەكنى سوۋۇتقانغا قەدەر كۈتۈپ تۇردى. شۇندىن كېيىن، قولىغا پىچاقنى ئېلىپ، ئۇنىڭ چىشلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزدى ھەمدە مىڭبىر تەسلىكتە، كىرىشىپ كەتكەن ئاغزىنى بىر ئاز ئاچتى-دە، قىزىل رەڭلىك دورىدىن بىر-بىرلەپ ئون تامچىنى تامغۇزدى ۋە ئەمدى نېمە بولۇشىنى كۈتۈپ تۇردى. بىر سائەت ئۆتتى. بوۋاي قىمىر قىلماستىن ياتاتتى. دانتېس بەك ئۇزاق ساقلاپ كەتكەنلىكىدىن قورقۇپ كېتىپ، بېشىنى چاڭگاللاپ تۇتۇۋالدى-دە، ئۇنىڭغا دەھشەت بىلەن قاراپ قالدى. ئاخىرى، بىمارنىڭ مەڭزىلىرىگە يېنىككىنە قان يۈگۈردى، باشتىن-ئاخىرغىچە ئوچۇق تۇرغان كۆزلىرىدە ئاڭ-سېزىمىنىڭ ئىپادىسى كۆرۈلدى، دىماقتىن بىلىنەر-بىلىنمەس تىنىق چىقتى، بوۋاي مىدىرلاپ قويدى.

— ساقايدى! ساقايدى! — دانتېس خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ كەتتى.

بىمار تېخى سۆزلىيەلمەيتتى، شۇنداقتىمۇ روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرغان تەشۋىش بىلەن قولىنى سوزۇپ ئىشىكنى كۆرسەتتى. دانتېس قۇلاق سالغانىدى، گۇندىپاينىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان قەدەم تاۋۇشلىرىنى ئاڭلىدى. سائەت يەتتە بولۇپ قالغانىدى، لېكىن دانتېسنىڭ ۋاقىتنى بىلگۈچىلىكى يوق ئىدى. ئېدمون يۈگۈرۈپ بېرىپ يەر ئاستى يولىغا چۈشتى-دە، تاشنى سۈرۈپ تۆشۈكنى بېكىتىپ قويدى ۋە بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنىڭ كامېرىغا چىقتى. كۆپ ئۆتمەستىن ئىشىك ئېچىلدى ۋە گۇندىپاي كىرىپ مەھبۇسنىڭ ھەر دائىمقىدەك كارىۋاتتا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. گۇندىپاي چىقىپ كېتىپ، ئۇنىڭ قەدەم تاۋۇشلىرى بېسىلىش بىلەنلا، ئىچى تىت-تىت بولۇپ تۇرغان دانتېس قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ئۇنتۇپ يەنە ھەزرەتنىڭ كامېرىغا چىقتى. ھەزرەت ئېسىگە كەلگەن بولسىمۇ، مادارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان بولۇپ، پۇت-قولىنى ئۇزۇن سوزۇپ ياتاتتى.



— مەن ئەمدى سىزنى كۆرەلمەسمەن دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى ئۇ ئېدمونغا.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى ئېدمون، — ئۆلۈپ كېتەمەن دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟

— ياق، لېكىن ھازىر قېچىشقا ھەممە نەرسە تەييار بولدى. مەن سىزنى قېچىپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم.

قاتتىق رەنجىشتىن دانتېسنىڭ مەڭزىلىرى قىزىرىپ كەتتى.

— سىزنى تاشلاپ قاچامدىم! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — سىز راستىنلا مېنى شۇنداق ۋىجدانسىزلىق قىلىدۇ دەپ ئويلىدىڭىزمۇ؟

— ئەمدى ئۆزۈمنىڭ خاتالاشقانلىقىمنى كۆرۈۋاتىمەن، — دېدى بىمار، — ئاھ، مەن نەقەدەر ئاجىزلىشىپ كەتتىم!

— روھىڭىزنى چۈشۈرمەڭ، سالامەتلىكىڭىز ئەسلىگە كېلىدۇ، — دېدى دانتېس ۋە ھەزرەتنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ قولىنى ئۆزىنىڭ ئالقانلىرىغا ئالدى.

ھەزرەت بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ئۆتكەن قېتىم بۇ كېسەل تۇتقاندا، — دېدى ئۇ، — كېسەل يېرىم سائەت داۋام قىلغانىدى. شۇندىن كېيىن قورسىقىم ئېچىپ، ئۆزۈملا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتكەنىدىم. لېكىن بۈگۈن ئوڭ پۇتۇم بىلەن ئوڭ قولۇمنى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. بېشىم ئېغىرلىشىپ كەتتى، بۇ، مېڭەمگە قان چۈشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. كېسەل ئۈچىنچى قېتىم قوزغالغاندا مەن پۈتۈنلەي پالەچ بولۇپ قالىمەن ياكى بىراقلا ئۆلۈپ كېتىمەن.

— ياق، ياق، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، سىز ئۆلمەيسىز. ئۈچىنچى

قېتىم كېسەل بولسىڭىزمۇ بىز ئەركىنلىككە چىققاندىن كېيىن بولىسىز. ئۇ چاغدا بىز سىزنى خۇددى بۇ قېتىمقىغا ئوخشاشلا، ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ ئوبدانراق داۋالاپ ساقايتۋالىمىز، ئۇ چاغدا بىزگە ھەممە ئىمكانىيەتلەر بولىدىغۇ.

— ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي، — ئۆزىڭىزنى ئالدىماڭ. بۇ كېسەل مېنى مەڭگۈلۈككە ياتقۇزۇپ قويىدى، قېچىش ئۈچۈن ماڭالايدىغان بولۇش كېرەك.

— مەيلى، بىز يەنە بىر ھەپتىگىچە، بىر ئايغىچە كۈتۈپ تۇرىمىز، زۆرۈر تېپىلسا ئىككى ئايمۇ كۈتىمىز. ئۇنىڭغىچە سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ئەسلىگە كېلىدۇ. قاچان قېچىشنى بىز ئۆزىمىز بەلگىلەيمىزغۇ. سىز سۇ ئۈزەلىگۈدەك بولغاندا قاچىمىز.

— مەن بۇندىن كېيىن سۇ ئۈزەلمەيمەن، — دېدى فارىيا، — مۇنۇ قولۇم پالەچ بولدى، بىر-ئىككى كۈنلۈككە ئەمەس، ئۆمۈرلۈككە پالەچ بولدى. بۇ قولۇمنى كۆتۈرۈپ بېقىڭا، ئۇنىڭ قانداق ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسىز.

دانتېس بىمارنىڭ قولىنى كۆتۈردى، قول خۇددى تاشقا ئوخشاش ئېغىرلىق بىلەن يەنە چۈشۈپ كەتتى. دانتېس ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى.

— ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ، ئېدمون؟ — دېدى فارىيا، — ماڭا ئىشىنىڭ، مەن نېمە دەۋاتقانلىقىمنى بىلىپ سۆزلەۋاتىمەن. بىرىنچى قېتىم مۇشۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغاندىن تارتىپ دائىم شۇنى ئويلاپ كەلگەنىدىم. مەن ئاخىرى مۇشۇنداق بولۇشۇمنى بىلەتتىم، چۈنكى ماڭا بۇ كېسەل نەسىلدىن قالغان. مېنىڭ دادام ئۈچىنچى قېتىم كېسىلى تۇتقاندا ئۆلگەنىدى، بوۋاممۇ شۇنداق بولغان. ماڭا بۇ دورىنى بەرگەن ئاتاقلىق دوختۇر كابانىس مېنىڭمۇ شۇنداق بولىدىغانلىقىمنى پەرەز قىلغانىدى.

— دوختۇر دەۋېرىدۇ، — دەپ خىتاب قىلدى دانتېس، —



پالەچ بولسىڭىزمۇ مەيلى، مەن سىزنى ھاپاش قىلىپ قېچىپ چىقىمەن، سىزنى كۆتۈرۈپ سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتىمەن.

— بالام، — دېدى ھەزرەت، — سىز دېڭىزچى، تەجرىبىلىك سۇ ئۈزۈش ماھىرى. ئۆزىڭىز بىلىسىز، بۇنداق يۈكنى كۆتۈرگەن ئادەم دېڭىزدا ئۇزاققا بارالمايدۇ. سىز ھەتتا ئۆزىڭىزنىڭ ساپ يۈرىكىڭىزگىمۇ ئىشەنمەيدىغان خام خىياللارغا بېرىلمەڭ. مېنىڭ ئازادلىقىمنىڭ سائىتى، يەنى ئۆلۈم سائىتى توشقۇچە مەن مۇشۇ يەردە قالاي. ئەمما، سىز ئۆزىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇڭ، قېچىڭ! سىز ياش، چاققان ۋە كۈچلۈك. مېنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، قېچىڭ. ماڭا بەرگەن ۋەدىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ياندۇرىمەن.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ سىز بىلەن قالىمەن، — دېدى دانتېس.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە تەنتەنىلىك بىلەن بىر قولىنى كۆتۈردى.

— ئەيسانىڭ مۇقەددەس قېنى بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، ھاياتىڭىزنىڭ ئاخىرىغىچە سىزنى يالغۇز تاشلىمايمەن.

فارىيا بۇ ئالىيجاناب، مەردانە ۋە ئاق كۆڭۈل يىگىتكە قاراپ، ئۇنىڭ ئەڭ پاك ساداقەتلىك بىلەن روھلانغان چىرايىدىن ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىنىڭ سەمىمىيەتلىكىنى ۋە بەرگەن قەسىمىنىڭ چىنلىقىنى كۆردى.

— ياخشى، — دېدى بىمار، — بۇ پىداكارلىقىڭىزغا ماقۇل بولاي. رەھمەت.

ئۇ، ئېدمونغا قولىنى ئۇزاتتى.

— سىزنىڭ بۇنداق ئەجىر-ئەقىدىڭىز يەردە قالماس، — دېدى ئۇ، — ئەمدى مەن قاچالمايمەن، سىز قېچىشنى خالىمايدىكەنسىز، ئۇنداق بولسا، ئايۋانغا تۇتىشىدىغان يەر ئاستى يولىنىڭ چىقىش ئېغىزىنى تىندۇرۇۋېتىش كېرەك. جېسەكچى ئاياغ ئاستىدىكى بوشلۇقنى سېزىپ قېلىپ تۈرمە نازارەتچىسىنى چاقىرىپ

كەلسە ھەممە ئىشىمىز ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز. بىرىلىك، دەرھال شۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىلىك. ئەپسۇسكى، ئەمدى مەن بۇ ئىشتا سىزگە ياردەملىشەلمەيمەن. ئىلاجى بار بۇ ئىشنى كىچىچە پۈتتۈرۈۋېتىپ، ئەتە سەھەردە گوندىپاي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كېلىڭ. مېنىڭ سىزگە دەيدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر گېپىم بار.

دانتېس ھەزرەتنىڭ قولىنى قىستى. فارىيا ئۇنى رىغبەتلەندۈرگەن ھالدا كۈلۈمسىرەپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن، دانتېس ئۆزىنىڭ بۇ ياشانغان دوستىغا ئىتائەتچانلىق بىلەن ئېھتىرام بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

## ئون سەككىزىنچى باب

## فارىيا ھەزرەتنىڭ غايىب خەزىنىسى

ئەتىسى سەھەردە دانتېس ئۆزىنىڭ غەمگۇزار يولدىشىنىڭ كامېرىغا كىرگەندە ھەزرەت كارىۋات ئۈستىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى خاتىرجەم ئىدى. تار پەنجىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرى ئۇنىڭ سول قولىدىكى بىر پارچە قەغەزنى يورۇتۇپ تۇراتتى. (كىتابخانغا مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئوڭ قولى كارغا كەلمەس بولۇپ قالغانىدى). بۇ قەغەز كانايچە قىلىپ يۆگەلگىنىچە ئۇزاقتىن بۇيان يېشىلمىگەن بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇ ئاسانلىقچە تۈزلەنمەي تۇراتتى. ھەزرەت گەپ قىلماستىن، دانتېسقا قولىدىكى شۇ قەغەزنى كۆرسەتتى.

— بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى دانتېس.

— ئوبدانراق قاراپ بېقىڭ، — دېدى ھەزرەت كۈلۈپ تۇرۇپ.



— ھەرقانچە قارىساممۇ، قانداقتۇر بىر غەلىتە سىيا بىلەن كونىچە خەتلەر يېزىلغان، چالا كۆيۈپ قالغان قەغەزنىلا كۆرۈۋاتىمەن، — دېدى دانتېس.

— دوستۇم، — دېدى فارىيا، — ئەمدى مەن سىزگە ئىچىمدىكى سىرىمنى ئېيتىپ بېرىمەن، چۈنكى سىز مېنىڭ ھەممە سىناقلىرىمدىن ئۆتۈپ بولدىڭىز. بۇ قەغەز مېنىڭ خەزىنەم. ھازىردىن باشلاپ بۇ خەزىنىنىڭ تەڭ يېرىمى سىزگە تەئەللۇق.

دانتېسنىڭ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى. شۇ خەزىنىنىڭ گېپى بىلەن بىچارە بوۋاي ساراڭ دېگەن ئاتاققا قالغانىدى ۋە دانتېس بۈگۈنگە قەدەر ھەزرەت بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلەشمەسلىككە تىرىشىپ كەلگەنىدى. ئېدمون ئۆزىنىڭ تۇغما ئېھتىياتچانلىقىدىن بۇ نازۇك جايغا تېگىشمەسلىكنى ئىزدەيتتى. فارىيا ئۆزىمۇ بۇ ھەقتە تېخى ئېغىز ئېچىپ باقمىغانىدى. ھەزرەتنىڭ خەزىنىسى توغرۇلۇق گەپ قىلماس بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېدمون ئۇنىڭ ئەقىل-ھوشىنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكىدىن دەپ ئويلاپ يۈرەتتى. ئەمدىلىكتە، بوۋاي ئېغىر كېسەلدىن قوپۇپ بۇ گەپلەرنى قىلغانلىقى گويا ئۇنىڭ روھىي كېسەللىكى يېڭىدىن قوزغىلىۋاتقانلىقىدىن بىشارەت بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— سىزنىڭ خەزىنىڭىز؟ — دەپ پىچىرلىدى دانتېس.

فارىيا كۈلۈپ قويدى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — ئېدمون، سىز ئاق كۆڭۈل ئادەم. سىزنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىڭىزدىن، ئاۋازىڭىزنىڭ تىترەپ كەتكەنلىكىدىن كۆڭلىڭىزدە نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋاتىمەن. خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ، مەن ساراڭ ئەمەس. بۇ خەزىنە ھەقىقەتەن مەۋجۇت، ئېدمون. ئۇنىڭغا ئىگە بولۇش ماڭا نېسىپ بولمىسا، سىز چوقۇم ئىگە بولىسىز، بۇ يەردىكىلەر مېنى ساراڭ دېيىشىپ، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىيدىغان، ماڭا ئىشىنىدىغان

بىرمۇ ئادەم تېپىلمىدى، لېكىن سىز مېنىڭ ئەقىل-ھوشۇمنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى بىلىسىزغۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ، ئاندىن كېيىن ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىك ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىڭىز.

«يائاللا! — دەپ ئويلىدى دانتېس. — ئۇ يەنە ئەقلىدىن ئېزىپ قېلىۋاتىدۇ. مەن كۆرمىگەن بەختسىزلىكتىن ئەمدى شۇ قالغان!»

كېيىن ئۇ ئۈنىنى چىقىرىپ مۇنداق دېدى:

— دوستۇم، سىز كېسەل بولۇپ چارچاپ قالدىڭىز. بىرئاز ئارام ئېلىۋالسىڭىز قانداق؟ مەن ئەتە كېلىپ سىزنىڭ ئېيتىدىغانلىرىڭىزنى ئاڭلاي. بۈگۈن مەن پەقەت سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلاي دەپ كەلدىم، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز بىلەن بىزگە بۇ خەزىنىنىڭ گېپى ئانچە ئالدىراش ئىش ئەمەس.

— ناھايىتى ئالدىراش ئىش، ئېدمون! — دېدى بوۋاي، — كىم بىلسۇن، ئەتە-ئۆگۈن كېسەلنىڭ ئۈچىنچى قېتىم قوزغىلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا ھەممە ئىش تۈگىدى دېگەن گەپ! توغرا، ئون ئائىلىنىڭ بەخت-سائادىتىنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن بولغان بۇ بايلىقلارنى ئويلىغاندا يۈرىكىم ئېچىشىپ خۇشال بولاتتىم. ماڭا زىيانكەشلىك قىلغانلار بۇ بايلىقلارنى تاپالمىدى. شۇنى ئويلىسام ئۆزۈمنى خۇددى ئۇلاردىن ئىنتىقام ئالغاندەك ھېس قىلىمەن، بۇ زۇلمەتلىك تۈرمە ئىچىدە يېتىپ شۇ خىيال بىلەن ئۆزۈمگە تەسەللىي بېرىمەن. لېكىن ھازىر سىزگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىم تۈپەيلىدىن جاھاننىڭ بۇنداق ۋاپاسىزلىقىنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتتىم. مەن سىزنىڭ ياشلىقىڭىزغا قاراپ، ئىستىقبالىڭىزنى ئويلاپ، مېنىڭ بۇ مەخپىيەتلىكىم سىزگە قانچىلىك زور بەخت-سائادەت بەخش ئېتەلەيدىغانلىقىنى



كۆرۈۋاتىمەن. مەن گېپىڭىزنى قىلماي دەپ قورقۇۋاتىمەن، سىزگە ئوخشاش بىر ياخشى ئادەم ئاشۇ كۆمۈپ قويغان بايلىقتىن مەھرۇم بولۇپ قالمىسۇن دەپ قورقۇۋاتىمەن.

ئېدمون بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ تەتۈر قارىۋالدى.

— سىز تېخىچە ئىشەنمەيۋاتىسىز، ئېدمون، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى فارىيا، — مېنىڭ سۆزلىرىم سىزنى قايىل قىلالمىدى. سىزنى دەلىل-ئىسپات بىلەن ئىشەندۈرسەم بولىدىكەن. مەرھەمەت. مەن شۇ كەمگىچە ھېچكىمگە كۆرسەتمىگەن مۇنۇ بىر نەچچە قۇر خەتنى ئوقۇپ بېقىڭا.

— ئەتە ئوقۇيلى، دوستۇم، — دېدى ئېدمون، ئۇنىڭ بۇنداق جۆيلۈشىگە سۈكۈت قىلىپ تۇرالماستىن، — بىز ئەتە سۆزلەشمەكچى بولغان ئەمەسمۇ،

— سۆزلىشىشنى ئەتە سۆزلىشىمىز، مۇنۇ خەتنى ھازىر ئوقۇپ بېقىڭ.

«ئۇنى رەنجىتىپ قويماي»، — دەپ ئويلىدى دانتېس. ئۇ، قولىغا يېرىم-ياتىسى كۆيۈپ كەتكەن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇدى:

«ئىككى ئۆڭكۈر كولانغان. خەزىنە ئىككىنچى ئۆڭكۈرنىڭ ئەڭ ئىچ
مەزكۇر خەزىنىنى ئۆزۈمنىڭ بىردىنبىر ۋارىسىم گۋىدو سپا
مىراس قىلىپ قالدۇرىمەن.

1498-يىل 25-ئاپ
چېز

— ھە، قانداق؟ — دەپ سورىدى فارىيا، دانتېس ئوقۇپ بولغاندا.

— بۇنىڭدا پەقەت قۇرلارنىڭ بېشىلا يېزىلغان، — دېدى دانتېس، — سۆزلەر باغلاشمىغان. قەغەزنىڭ بىر چېتى كۆيۈپ كەتكەن بولغاچقا خەتنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىشكە بولمايدۇ.

— سىز ئۈچۈن چۈشىنىكسىز، چۈنكى سىز بۇ قەغەزنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتىسىز. ئەمما، مەن ئۈچۈن ئۇنداق ئەمەس،

چۈنكى مەن بۇ بىر پارچە قەغەزنىڭ ئۈستىدە تالاي كېچىلەرنى باش قاتۇرۇپ ئۆتكۈزدۈم. ئاخىرى، بۇ خەتنىڭ ھەربىر جۈملىسىنى، ھەربىر ئايرىم مەزمۇنلىرىنى قايتىدىن قۇراشتۇرۇپ چىقتىم.

— سىز بۇ خەتنىڭ تولۇق مەزمۇنىنى ئېنىقلاپ چىقتىم دەپ ئويلامسىز؟

— بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل. ئۆزىڭىز پىكىر يۈرگۈزۈپ كۆرۈڭ، لېكىن ئالدى بىلەن مەن سىزگە بۇ ھۆججەتنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ بېرەمەن.

— توختاڭ! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى دانتېس، — گۈندىپاي كېلىۋاتىدۇ! مەن كېتەي ... خوش ئەمىسە!

دانتېس بۇنداق سۆھبەتتىن قۇتۇلۇشقا پۇرسەت چىققانلىقىغا خوش بولۇپ، خۇددى يىلاندەك سىلىقلىنىپ سىيرىلىپ يەر ئاستى يولىغا چۈشۈپ كەتتى، چۈنكى بۇنداق گەپلەرنى قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئۇنىڭ دوستىنىڭ ساراڭلىقىنى ئىسپاتلايتتى. فارىيا بولسا، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ پۇتى بىلەن ياپىلاق تاشنى ئىتتىرىپ تۆشۈكنى ئېتىۋەتتى ۋە توپا چېچىلمىغان يوچۇقلارنىڭ كۆرۈنۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە پالاسنى يېپىپ قويدى.

تۈرمە باشلىقى كىرىپ كەلدى. ئۇ، گۈندىپايدىن ھەزرەتنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى كۆرۈشكە كەلگەنىدى.

فارىيا كارىۋات ئۈستىدە ئولتۇرغان ھالدا ئۇنى قارشى ئالدى. ئۇ، بەدىنىنىڭ ئوڭ تەرىپى پالەچ بولۇپ قالغانلىقىنى تۈرمە باشلىقى بىلىپ قالمىسۇن دەپ، ھېچقانداق ئارتۇق ھەرىكەت قىلماسلىققا تىرىشتى. ئۇ، تۈرمە باشلىقىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتىپ، ئۇنى باشقا بىر تۈزۈكرەك كامېرغا يۆتكە-



ۋېتىشىدىن ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ياش دوستىدىن ئايرىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بەختكە يارىشا، ئۇنداق ئىش بولمىدى. تۈرمە باشلىقى ئۆز ئىچىدە ئۇنى بىرئاز ياقتۇراتتى: ئۇ فارىيانى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ بىچارە ساراڭنىڭ ئادەتتىكىچە تاۋى يوق بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلاپ چىقىپ كەتتى.

بۇ چاغدا دانتېس يوتقىنىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى مەھكەم چاڭگاللىغان ھالدا چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى. ئۇ، ھەزرەت بىلەن تونۇشقاندىن بۇيان، ئۇنىڭ ئىنتايىن ئەقىللىق ئادەم بولۇپ، ئەتراپلىق ۋە مەنتىقىلىق پىكىر قىلىدىغانلىقىغا قايىل بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھەممە جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ دانالىقىنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان بىر ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۆزىچىلا ئاللىقانداق بىر خەزىنىنىڭ گېپىنى قىلىپ ئەقلىدىن ئېزىپ قالىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتى. بۇ يەردە زادى كىم خاتالىشىۋاتىدۇ: فارىيا ئۆزىنىڭ غايىب خەزىنىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ خاتالىشىۋاتامدۇ ياكى باشقىلار فارىيانى ساراڭ دەپ خاتالىشىۋاتامدۇ؟

دانتېس قەدىناس دوستىنىڭ يېنىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي كۈن بويى ئۆزى يالغۇز ئولتۇرۇپ چىقتى. ئۇ، فارىيانىڭ ئەقلىدىن ئېزىپ قالغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلىدىغان شۇ قورقۇنچلۇق پەيتنى كېيىنگە سۈرۈشكە تىرىشاتتى.

كەچقۇرۇنلۇقى گۈندىپاي كىرىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئېدموننى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولغان فارىيا ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولدى. ئېدمون يەر ئاستى يولىدا شالاقلىغان تاۋۇشلارنى ئاڭلىدى ۋە بىر يېنى پالەچ بولغان بوۋاينىڭ قانداق جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ شۈركۈنۈپ كەتتى. بوۋاي دانتېسنىڭ كامېرىغا چىقىش

ئېغىزىدىن چىقالماي ئاۋارە بولۇپ تۇرغاندا، ئېدمون ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ چىقتى.

— كۆردىڭىزمۇ، مەن ھېچنېمىگە قارىماي سىزنى قوغلاپ يۈرىمەن، — دېدى فارىيا مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — سىز مېنىڭ مەرتلىكىمدىن قاچماقچىدىكەنسىز، لېكىن بۇنىڭدىن ھەرگىز قۇتۇلالمايسىز. ئېنى، مېنىڭ گېپىمنى ئوبدان ئاڭلاڭ.

ئېدمون نائىلاج بوۋاينى ئۆزىنىڭ كارىۋىتىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۆزى ئۇنىڭ يېنىدا بەندىڭدە ئولتۇردى.

— ئۆزىڭىزگە مەلۇم، — دېدى ھەزرەت، — مەن كاردىنال① سىپادانىڭ شەخسىي كاتىپى ھەم سىرداش بۇرادىرى ئىدىم. سىپادا بىر قەدىمكى ئۇرۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى ئىدى. مەن ئۆز ھاياتىمدا كۆرگەن بارلىق بەختىم بىلەن ئاشۇ ھۆرمەتلىك مۆتىۋەرگە قەرزدارمەن. گەرچە، ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ بايلىقى ئەل ئىچىدە گەپ - چۆچەك بولۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، مەن كىشىلەرنىڭ «سىپاداغا ئوخشاش باي» دېگەن ئىبارىنى ئىشلىتىدىغانلىقىنى پات - پاتلا ئاڭلاپ تۇرغان بولسامۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ باي ئەمەس ئىدى. ئۇ، ئۆز ئۆمرىنى ئاشۇنداق تەسەۋۋۇردىكى بايلىق بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ سارىيى مەن ئۈچۈن گويا بىر جەننەت ئىدى. مەن ئۇنىڭ جىيەن ئوغلىنى ئوقۇتاتتىم، ئۇ جىيەنى كېيىن ئۆلۈپ كەتتى. بۇ دۇنيادا ئۇ يالغۇز ئۆزىلا قالغاندا، ئۇنىڭ ماڭا ئون يىل داۋامىدا قىلغان ياخشىلىقلىرىغا ئۆزۈمنىڭ چەكسىز ساداقەتلىكىم بىلەن جاۋاب قايتۇردۇم. كاردىنالنىڭ ئۆيىدە مېنىڭدىن سىر ساقلىنىدىغان ھېچقانداق ئىش يوق ئىدى. مەن ئۇنىڭ كونا كىتابلارنى ۋە ئائىلىۋى قولىيازمىلارنى پۈتۈن زېھنىي بىلەن بېرىلىپ ئاختۇرۇۋاتقانلىقىنى بىرنەچچە قېتىم كۆرۈپ قالدىم.

① كاردىنال — كاتولىكلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك روھانىيسى.



بىر كۈنى ئۇنىڭغا، بىھۇدە ئۆتكۈزگەن ئۇيقۇسىز كېچىلەردىن ئۇنىڭ تەن ساقلىقىغا تەسىر يېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئەيىبلىدىم. ئۇ ماڭا قاراپ غەمكىنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى ۋە مېنىڭ ئالدىمغا رىم شەھىرىنىڭ تارىخى يېزىلغان كىتابنى ئېچىپ قويدى. مېنىڭ يادىمدا مەڭگۈلۈككە ساقلىنىپ قالغان بۇ كىتابنىڭ 20 - بابىدا يېزىلغان پاپا① ئالېكساندىر VI نىڭ تەرجىمىھالىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە ئىدى.

رومانىيىگە قىلىنغان ھۇجۇملار ئاياغلاشتى. تىسېزار بورجىئا ئۆزىنىڭ غالىبانە جەڭلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن پۈتۈن ئىتالىيىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇلغا مۇھتاج ئىدى. شۇنداقلا، پاپا ئالېكساندىر VI مۇ ئۆزى ئۈچۈن تېخىچىلا خەتەرلىك رەقىب بولۇپ تۇرغان فرانسىيە پادىشاھى لىيۇدوۋىك XII نى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىش ئۈچۈن يەنىلا پۇلغا مۇھتاج ئىدى. چوڭ پايدا تاپقۇدەك بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قالدى. لېكىن، ۋەيران بولغان ئىتالىيىدە بۇنداق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئاخىرى، پاپا ئالىيلىرى بۇ ئىشنىڭ ئەپلىك يولىنى تاپتى. ئۇ، يېڭىباشتىن ئىككى كاردىنالنى تەيىنلەشنى قارار قىلدى. كاتتا بايلاردىن بولغان ئىككى نەپەر رىم موتىۋەرىنى تاللىۋېلىش پاپا ئالىيلىرىغا مۇنداق مەنپەئەتدارلىقنى يەتكۈزەتتى: بىرىنچىدىن، ئۇ، ئىككى كىشىلىك چوڭ مەنسەپ ئورنىنى يۇقىرى باھادا ساتالايتتى. ئىككىنچىدىن، كاردىناللىق ئەمەلىنىڭ بەدىلىگە قىممەتلىك پارا ئالالايتتى. بۇ ئىشنىڭ يەنە كۆزلەنگەن ئۈچىنچى تەرىپىمۇ بار ئىدى. بۇنى بىز ھازىر ئۇقىمىز. پاپا بىلەن تىسېزار بورجىئا ئىككى كىشىنى كاردىناللىققا تاللىۋېلىشتى. بۇلارنىڭ بىرى، دىنىي ھاكىمىيەت

① پاپا — كاتولىكلارنىڭ ئالىي روھانىيسى.

قاردىنالدىكى مۇھىم تۆت خىل مەنسەپنى ئىگىلەپ تۇرغان جوۋاننى روسپىلئوزى، يەنە بىرى، رىمنىڭ ئەڭ ئىناۋەتلىك ۋە ئەڭ دۆلەتمەن تۆرىلىرىدىن بولغان چىزارى سىپادا. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى پاپانىڭ ھىممىتىنى بەك يۇقىرى باھالىدى، ھەر ئىككىسىمۇ شۆھرەتپەرەس ئىدى. شۇنىدىن كېيىن، تىسىزار بورجىئا بۇ ئىككىيلەننىڭ مەنسەپ ئورنىغا ئاستىرتتىن يەنە باشقا خىرىدارلارنى تېپىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، روسپىلئوزى بىلەن سىپادا كاردىناللىق مەنسىپىگە ھەق تۆلىدى. ئۇلاردىن باشقا يەنە سەككىز ئادەم، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن بۇ ئىككى كاردىنالنىڭ بۇرۇنقى خىزمەت ئورۇنلىرىدىن ئېلىش ئۈچۈن پۇل تۆلىدى. مەنسەپ سودىگەرلىرىنىڭ سانىدۇقلىرىغا 800 مىڭ سكۇدو پايدا چۈشتى.

ئەمدى، بۇ كېلىشىمنىڭ ئۈچىنچى قىسمىغا ئۆتەيلى. پاپا، تىسىزار بورجىئا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغاندىن كېيىن روسپىلئوزى بىلەن سىپاداغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇلارغا كاردىناللىق بەلگىلىرىنى تاپشۇردى. پاپا، ئۇلارنىڭ مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن ئۆزىگە كاتتا سوۋغا ـ سالام تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ۋە رىمغا كۆچۈپ كېلىپ ماكانلىشىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى نەق پۇلغا ئايلاندۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاتا ـ بالا① ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى كېلىپ چىقتى. تىسىزار ئۆزىنىڭ يېقىن دوستلىرىغا ئىشلىتىپ ئادەتلەنگەن كونا ئۇسۇللارنىڭ بىرىنى قوللىنىش كۇپايە قىلىدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. بۇ كونا ئۇسۇللار مۇنداق ئىدى: مەخسۇس تەييارلانغان بىر ئاچقۇچ بولۇپ، تەكلىپ قىلىنغان ئادەمنى شۇ ئاچقۇچ بىلەن بىر ئىشكاپنى ئاچقۇزاتتى. ئاچقۇچتا

① ئاتا ـ بالا ـ پاپا بىلەن تىسىزار.



گويا تۆمۈرچىنىڭ دىققەتسىزلىكتىن قېلىپ قالغاندەك كىچىككىنە بىر تۆمۈر تىكەن بار ئىدى. كىشىلەر، ئاسانلىقچە ئېچىلمايدىغان قۇلۇپنى ئېچىشقا ئۇرۇنغاندا، ھېلىقى تۆمۈر تىكەننى قولىغا سانجىۋالاتتى ـ دە، ئەتىسى ئۆلۈپ قالاتتى. يەنە، شىر بېشىنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلگەن بىر ئۈزۈكمۇ بار ئىدى. تىسىزار ئۆزى قەستلىگەن شەخسنىڭ قولىنى قىسماقچى بولغاندا بىر بارمىقىغا شۇ ئۈزۈكنى سېلىۋالاتتى. شىر، بۇ تاللانغان قولنىڭ تېرىسىگە چىشىنى پاتۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى بىر كۈندىن كېيىن قازا تاپاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىسىزار ئاتىسىغا يول كۆرسىتىپ، بۇ ئىككى كاردىنالدىن ئىشكاپنى ئېچىپ بېرىشنى سوراش ياكى ھەر ئىككىسى بىلەن دوستانە رەۋىشتە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە مەسلىھەت بەردى. لېكىن، ئالېكساندىر VI مۇنداق دېدى:

«ئىززەتلىك سىپادا ۋە روسپىلئوزى كاردىناللارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بېرىشكە بېخىللىق قىلمايلى. مېنىڭچە، بىز بۇ زىياپەتنىڭ چىقىمىنى خېلى ئوبدانلا قايتۇرۇۋالالايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تىسىزار، يادىڭدا بولسۇن، ئاشقازاننىڭ ھەزىم قىلالماسلىقى تېز تەسىر قىلىدۇ. تىكەننىڭ سانجىلىشى ياكى شىرنىڭ چىشلىشى بولسا، بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن تەسىر كۆرسىتىدۇ».

تىسىزار بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەر ئىككى كاردىنال زىياپەتكە تەكلىپ قىلىندى.

زىياپەت، پاپا ئالىيلىرىنىڭ سان ـ پېيترو ـ ۋىنكولىغا يېقىن بولغان بىر گۈزەل مەنزىرىلىك جايىدىكى ئۈزۈمزارلىق بېغىدا تەييارلانغانىدى.

كاردىناللار بۇ باغنى بۇرۇن كۆرمىگەن بولسىمۇ داڭقىنى ئاڭلىغانىدى.

ئابرويپەرەس روسپىلئوزى بۇ ئالىي زىياپەتنىڭ لەززىتىدىن ئالدىن ھوزۇرلىنىپ، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتتا قەدەم تەشرىپ قىلدى. سىپادا ئېھتىياتچان ئادەم ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ جىيەن ئوغلى بولغان ياش ئوفىتسېرنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. بۇ يىگىت قابىلىيەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىستىقبالىدىن زور ئۈمىد كۈتۈشكە بولاتتى. شۇڭا، سىپادا زىياپەتكە بېرىشتىن بۇرۇن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، ۋەسىيەتنامە يازدى. شۇندىن كېيىن، ئۇ جىيەنىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئۈزۈمزارلىق يېنىدا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇشىنى تاپىلىدى. لېكىن، خەۋەرچى يېتىپ بارغاندا، ئۇ ئۆيىدە يوق بولسا كېرەك. سىپادا بۇ زىياپەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. زور مەدەنىي كۈچكە ئىگە بولغان خرىستىئان دىنى رىمدا تەنتەنە قىلغاندىن بۇيان، بىر نەپەر 100 بېشى كېلىپ: «تسېزار سېنىڭ ئۆلۈشىڭنى خالايدۇ»، دەپ، مۇستەبىت ھۆكۈمدارنىڭ ئەمرىنى ئۇقتۇرىدىغان ئەھۋاللار ئۆزگەردى. ئۇنىڭ ئورنىغا پاپانىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى كېلىپ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن: «پاپا ئالىيلىرى ئۆزلىرىنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىدۇ» دەيدىغان بولغان.

كۈندۈز سائەت ئىككى مەزگىلىدە سىپادا سان - پىيېتروۋىنكولىدىكى ئۈزۈمزارلىققا باردى. پاپا ئۇنىڭ يولىغا قاراپ كۈتۈپ تۇراتتى. سىپادا ئۈزۈمزارلىققا كىرىشى بىلەنلا، كىيىنىپ ياسىنىپ خۇشال — خۇراملىق ئىچىدە تۇرغان ئۆزىنىڭ جىيەنىنى كۆردى. تسېزار بورجىئا ئۇنى ھەددىدىن زىيادە خۇش مۇئامىلە بىلەن مېھمان قىلماقتا ئىدى. بۇنى كۆرگەن سىپادا تامدەك ئاتىرىپ كەتتى. تسېزار ئۇنى مەسخىرە قىلغان قىياپەتتە قاراپ قويدى. ئۇ، گويا «سېنىڭ مەقسىتىڭنى بىلىمەن، شۇڭا ھەر ئىككىڭلارنى قىلتاققا چۈشۈردۈم» دەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. زىياپەت باشلاندى. سىپادا جىيەنىدىن: «مېنىڭ ئەۋەت-



كەن ئادىمىمنى كۆردۈڭمۇ؟» دەپ سوراشقىلا ئۈلگۈرەلىدى. جىيەنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە بۇ سوئالنىڭ مەنىسىنى دەرھال چۈشەندى. بىراق، ۋاقىت ئۆتكەنىدى. ئۇ، پاپانىڭ چاكىرى ئالاھىدە قويۇپ بەرگەن ئەلا سۈپەتلىك شارابتىن بىر ئىستاكان ئىچىۋېتىپ قالغانىدى. شۇ ھامان يەنە بىر شىشە كەلتۈرۈلۈپ، كاردىنال سىپادا مېھمان دوستلۇق بىلەن كۈتۈۋېلىندى، ئارىدىن بىر سائەت ئۆتكەندە دوختۇر ئۇلارنىڭ ئوقۇشماسلىقتىن ياۋا موگۇ يەپ قويۇپ زەھەرلىنىپ قالغانلىقىنى ئېلان قىلدى. سىپادا ئۈزۈمزارلىقنىڭ ئىشىك ئالدىدا يىقىلىپ جان ئۈزدى. ئۇنىڭ جىيەنى ئۆز ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە قازا تاپتى. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا ئايالىغا نېمىلەرنىدۇ ئېيتماقچى بولۇپ تىرىكىشىپ باقتى، ئەمما ئايالى ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمىدى.

تسېزار بىلەن پاپا مەرھۇملارنىڭ ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش باھانىسى بىلەن ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىگە چاڭگال سالدى. لېكىن، ئۇلاردىن قالغان مىراس بىر ۋاراق قەغەزدىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇ قەغەزگە سىپادا تۆۋەندىكىچە ۋەسىيەتنامىنى يېزىپ قالدۇرغانىدى: «قەدىرلىك جىيەنىمگە ئۆزۈمنىڭ بارلىق ساندۇقلىرىمنى ۋە كىتابلىرىمنى مىراس قىلىپ قالدۇرىمەن. شۇ قاتاردا ئۆزۈمنىڭ ئالتۇن گىرۋەكلىك ئىنجىل كىتابىمنىمۇ، مېنى ئەسلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يادىكار قىلىمەن».

مىراسخورلار ھەممىنى ئاختۇرۇپ چىقىشتى، ئىنجىل كىتابىنى ئېلىپ قىزىقسىنىپ قاراشتى، ئۆي جاھازلىرىنى ئۆزئارا بۆلۈشتى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ باي سىپادا تاغىسىنىڭ ئەسلىدە مۇنچىلىك گاداي ئىكەنلىكىدىن ھەيران بولۇشتى. كۈتۈپخانا ۋە لابوراتورىيىلەردىكى بىلىم خەزىنىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھېچقانداق خەزىنىنىڭ ئىزىمۇ يوق ئىدى. بۇنىڭدىن ئارتۇق ھېچنەرسە تېپىلمىدى. تسېزار ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ئاختۇرۇپ، قىدى-

رىپ، تەكشۈرۈپ ھەممە چارىلەرنى قوللىنىپ باققان بولسىمۇ، تاپقىنى ناھايىتى ئاز بولدى، يەنى: بىرەر مىڭ سكۇدوغا يارىغۇدەك ئالتۇن ـ كۈمۈش بۇيۇملار ۋە تەخمىنەن شۇنچىلىك نەق پۇل. لېكىن، سىپادانىڭ جىيەنى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئايالىغا: «تاغامنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئاختۇرۇڭلار ئۇنىڭ ھەقىقىي ۋەسىيەتنامىسى شۇ ھۆججەتلەرنىڭ ئارىسىدا بولۇشى كېرەك» دەپ قويۇشقا ئۈلگۈرگەنىدى،

مەرھۇمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ھۆكۈمەتنىڭ مىراسخورلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىزلەشكە كىرىشىپ كەتتى. لېكىن، ئۇلارمۇ ھېچنەرسە تاپالمىدى. ئۇلارغا قالغىنى ئىككى يېزۋش قورۇ ـ جاي ۋە پالاتىنىدىكى ئۈزۈمزاردىن ئىبارەت بولدى. ئۇزامانلاردا كۆچمەس مۈلۈكنىڭ باھاسى ئەرزانىدى. ئىككى قورۇ بىلەن ئۈزۈمزارلىق، پاپا ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ نەپسىگە تولىمۇ كىچىكلىك قىلاتتى، شۇڭا مەرھۇمنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا قالدۇرۇلدى. ئايلار ئۆتتى، يىللار ئۆتتى. ئالېكساندىر VI، ئۆزىگىمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، بىر قېتىم زەھەرنى ئىشلىتىشتە خاتالىشىپ قېلىپ ئۆزى ئۆلدى. تىسېزارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە زەھەرلەنگەن بولسىمۇ، خۇددى يىلانغا ئوخشاش تېرىسىنى تاشلاپ، يېڭى تېرە چىقىرىش بىلەن ئامان قالدى. ئۇنىڭ يېڭىدىن چىققان تېرىسىدە يولۋاسنىڭ تېرىسىدىكىگە ئوخشاش قارا داغلار پەيدا بولدى. ئاخىرى، ئۇ رىمدىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولۇپ، بىر قېتىملىق كەچكى توقۇنۇشتا شەرمەندىلەرچە ھالاك بولدى. پاپا ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئوغلى رىمدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن كىشىلەر سىپادا جەمەتىنى قايتىدىن خۇددى كاردىنال سىپادانىڭ دەۋرىدىكىگە ئوخشاش باياشاتچىلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ دەپ قىياس قىلىشقانىدى. بىراق، ئەھۋال ئۇنداق بولمىدى. سىپادانىڭ جە-



مەتى ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئاددىي ـ ساددە ھايات كەچۈرۈپ ئۆتتى. بۇ گۇمانلىق ئىش ھەمىشە سىر بولۇپ قېلىۋەردى. ئاخىرى، كىشىلەر، تىسېزار ئاتىسىدىن مەككارراق بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر ئىككى كاردىنالنىڭ بايلىقىنى ئوغرىلىقچە ئۆزى يالغۇز بېسىۋالغان بولسا كېرەك، دېگەن قاراشقا كەلدى. مەن ھەر ئىككى كاردىنالنىڭ دەۋاتىمەن، چۈنكى كاردىنال روسپىلئوزى ھېچقانداق ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ بايلىقى بىر تىيىن قالدۇرۇلماي بۇلاپ كېتىلگەنىدى.

فارىيا ھېكايىسىنى توختىتىپ دانتېسقا كۈلۈپ قارىدى:

— ئەمدى مېنىڭ گەپلىرىم سىزگە غەيرىي تەسىر قىلمىغاندۇر؟

— يوقسۇ، — دەپ جاۋاب بەردى دانتېس، — ئەكسىچە، مەن بىر قىزىقارلىق يىلنامە ئوقۇۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن. قېنى، داۋامىنى سۆزلەڭ.

— داۋاملاشتۇرىمەن. سىپادا جەمەتى بۇ سىرنىڭ ئېنىقلانمىغانلىقىغا كۆنۈكۈپ قالدى. يىللار ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە ھەربىيلەرمۇ، دىپلوماتلارمۇ بار ئىدى، بەزىلىرى دىنىي مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتى، بەزىلىرى بانكا ئىگىلىرىدىن بولۇپ قالدى. بەزىلىرى بېيىپ كەتتى، بەزىلىرى نامراتلاشتى. ئەمدى، بۇ ئۇرۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى، يەنى مەن ئۇنىڭغا كاتىپ بولۇپ خىزمەت قىلغان گىراف سىپاداغا كېلەيلى. ئۇ پات ـ پات ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ گىرافلىق ئۇرنىغا مۇۋاپىق بولمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ غەم قىلاتتى. مەن ئۇنىڭغا، بارلىق مۈلكىنى قەرەللىك ئامانەت پۇلغا ئايلاندۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەت بەردىم. ئۇ، مېنىڭ ئېيتقىنىمدەك قىلدى ۋە دارامىتىنى بىر ھەسسە ئاشۇردى. ھېلىقى مەشھۇر ئىنجىل كىتابى ئەمدى گىراف سىپادانىڭ قولىغا قالغانىدى. بۇ كىتاب، بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان ھېلىقى ۋەسىيەتنامە-

دىكى سىرلىق ۋەسىيەتكە ئاساسەن بىر مۇقەددەس تەۋەررۇكقا ئايلىنىپ ۋە دىنىي ئەقىدە بويىچە قەدىرلىنىپ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۆتۈپ ساقلىنىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ، قەدىمقى ئۇسلۇبتىكى نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن كىتاب بولۇپ، گىرۋەكلىرى ئالتۇن بىلەن قاپلانغانلىقتىن شۇنچىلىك ئېغىر ئىدىكى، مەرىكە كۈنلىرى بىر خىزمەتكار مەخسۇس شۇ كىتابنى كۆتۈرۈپ كاردىنالنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى.

زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن كاردىنال سىپادادىن قېلىپ، ئائىلە ئارخىپىدا ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك ھۆججەت، كېلىشىم، شەرتنامە، خاتىرىلەرنى كۆرۈپ، مەنمۇ، خۇددى مېنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن 20 خىزمەتكار، 20 ئىش باشقۇرغۇچى، 20 كاتىپقا ئوخشاش، بۇ يوغان - يوغان توپلاملارنى قېتىقىنىپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتىم. ھەر قانچە ئىنچىكىلىك بىلەن ئىزدەنگەن بولساممۇ، يەنىلا ھېچنەرسە تاپالمىدىم. بۇ ئارىدا مەن كۆپ نەرسىلەرنى ئوقۇپ چىقتىم. ھەتتا، بورجىئا جەمەتىنىڭ كۈندىلىك دېگۈدەك تەپسىلىي تارىخىنى يېزىپ چىقتىم. مەن بۇنى، بورجىئالارنىڭ بايلىقى چېزارې سىپادانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن كۆپەيدىمۇ - يوق، دېگەن مەسىلىنى ئېنىقلاش ئۈچۈنلا قىلدىم. تەكشۈرۈپ قارىسام، ئۇلارنىڭ بايلىقى پەقەت سىپادا بىلەن بەختسىزلىكتە ھەمشىرىك بولغان كاردىنال روسپىلىئوزىنىڭ مۈلكى ھېسابىغىلا كۆپەيگەنلىكى ئېنىقلاندى.

مەن شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، سىپادانىڭ مىراسى ئۆزىنىڭ جەمەتىگىمۇ، بورجىئالارغىمۇ تەگمەستىن، گوياكى ئەرەب چۆچەكلىرىدىكى يالماۋۇزنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا يەرگە كۆمۈلۈپ ياتقان خەزىنىدەك ئىگىسىز ھالدا غايىبلىقتا ساقلانماقتا ئىدى. مەن 300 يىلنىڭ مابەينىدىكى سىپادا ئەۋلادلىرىنىڭ كىرىم ۋە چىقىملىرىنى 1000 قېتىملارچە دېگۈدەك ھېسابلاپ، تەك-



شۈرۈپ، تەتقىق قىلىپ چىقتىم. ئوخشاشلا، ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىدى. مەن ھېچنەرسىنى تاپالمىدىم، گراف سىپادا بولسا، نامراتلىقتا قالىۋەردى. مېنىڭ خوجايىنىم ۋاپات بولدى. مال-مۈلكىنى قەرەللىك ئامانەت پۇلغا ئايلاندۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ پەقەت ئائىلە ئارخىپى، 5000 نۇسخا كىتابقا ئىگە بولغان كۇتۇپخانىسى ۋە ھېلىقى مەشھۇر ئىنجىل كىتابىنىلا ئۆزى ئېلىپ قالغانىدى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ماڭا ئاتاپ قالدۇردى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ يەنە ھەر يىلى ئۇنىڭ روھىغا ئايەت ئوقۇپ تۇرۇشۇمنى، ئۇنىڭ جەمەتىنىڭ شەجەرىسى ۋە ئائىلە تارىخىنى يېزىپ چىقىشىمنى شەرت قىلىپ، 1000 رىم سكۇدوسى نەرقىدىكى نەق پۇلنى ھەدىيە قىلدى. مەن ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى تولۇق ئادا قىلدىم... ئالدىرىماڭ، ئوغلۇم ئېدمون، ھېكايەمنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ قالدۇق.

1807 - يىلى، مېنىڭ قولغا ئېلىنىشىمدىن بىر ئاي بۇرۇن ۋە سىپادانىڭ ۋاپاتىدىن ئىككى ھەپتە كېيىن، يەنى 25 - دېكابىر كۈنى (بۇ كۈن نېمە ئۈچۈن مېنىڭ خاتىرەمدە شۇنچە ئېنىق ساقلىنىپ قالغانلىقىنى ھازىر ئۆزىڭىز چۈشىنىۋالىسىز)، مەن قولىيازمىلارنى مىڭ قېتىملارچە قايتىلاپ ئوقۇپ، ئۇلارنى رەتلەۋاتاتتىم. قورۇ - جاي سېتىۋېتىلگەنىدى.

شۇڭا، مەن ئۆزۈمنىڭ 12 مىڭ لىۋىر قىممىتىدىكى مال-مۈلكۈمنى، كىتابلارنى ۋە مەشھۇر ئىنجىلنى ئېلىپ رىمدىن فلورېنسىيىگە كۆچۈپ كېتىشكە ھازىرلىق كۆرۈۋاتاتتىم. زورۇقۇپ ئىشلەشتىن چارچاپ ۋە چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن بىرئاز بوشىشىپ قېلىپ، بېشىمنى قوللىرىمنىڭ ئۈستىگە قويۇپلا ئۇخلاپ قاپتىمەن. چۈشتىن كېيىنكى سائەت ئۈچ مەزگىلى ئىدى. مەن ئۇيقۇدىن كۆزۈمنى ئاچقان ۋاقتىمدا سائەت ئالتىگە جاڭ ئۇرۇۋا-

ئاتتى. بېشىمنى كۆتۈردۈم، ئەتراپىم قاپقاراڭغۇ ئىدى. مەن چىراغ كەلتۈرۈشنى ئېيتماقچى بولۇپ قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتىم. بىراق ھېچكىم كىرمىدى. مەن ئۆزۈم چىراغ ياقماقچى بولدۇم. دېمىسىمۇ، مەن ئەمدى پەيلاسوپلارچە تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئادەتلىنىشىم كېرەك ئىدى. بىر قولۇمغا شامنى ئالدىم ۋە سەرەڭگە قۇتىسىدا سەرەڭگە قالمىغان بولغاچقا، يەنە بىر قولۇم بىلەن مەشتە پىلىلداپ تۇرغان ئوتتىن تۇتاشتۇرۇۋالاي دەپ قەغەز ئىزدىدىم. مەن قاراڭغۇدا، كېرەكسىز بىر پارچە قەغەزنىڭ ئورنىغا بىرەر مۇھىم ھۆججەتنى ئېلىپ قالماي دەپ ئېھتىيات قىلىپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىزدىن، ھېلىقى مەشھۇر ئىنجىل كىتابى سارغىيىپ كەتكەن بىر كونا قەغەز بىلەن تاشلاپ قويۇلغانلىقى يادىمغا كەلدى. بۇ بىر پارچە قەغەز ئاتا-بوۋىلارنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئېھتىرام بىلەن يالداما قىلىنىپ كەلگەنىدى. مەن ئەمدى لازىمى بولمىغان شۇ قەغەزنى قولۇم بىلەن سىيپاشتۇرۇپ شىرە ئۈستىدىن تاپتىم-دە، ئۇنى قاتلاشتۇرۇۋېلىپ مەشتىكى ئوتقا تۇتتۇم.

توساتتىن، بەجايىكى سېھىرلەنگەندەك، ئوت تۇتىشىشى بىلەنلا قەغەز يۈزىدە سېرىق رەڭگە مايىل ھەرپلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مېنى قورقۇنچ باستى. مەن قەغەزنى سىقىملاپ ئېلىپ ئوتنى ئۆچۈردۈم-دە، شامنى بىراقلا مەشتىكى ئوتقا تۇتاشتۇردۇم ۋە سۆز بىلەن تەرىپلىگۈسىز ھالدا ھاياجانلىنىپ مىجىقلانغان قەغەزنى تۈزەشتۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، بۇ پەقەت كۈچلۈك ھارارەت ئۆتكۈزۈلگەندىلا كۆزگە كۆرۈنىدىغان مەخسۇس ئىشلەنگەن رەڭسىز سىيادا يېزىلغان خەت ئىكەنلىكىنى بىلدىم. خەتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكى كۆيۈپ كەتكەنىدى. بۇ، دەل بۈگۈن ئەتىگەن سىز ئوقۇغان خەتشۇ. بۇنى يەنە بىر



قېتىم ئوقۇپ چىقىڭ، دانتېس. ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن قالغىنىنى مەن چۈشەندۈرۈپ بېرىمەن.

فارىيا شۇ كۆيۈك قەغەزنى تەنتەنىلىك ھالدا، دانتېسقا ئۇزاتتى. دانتېس، تۆمۈرنىڭ دېتىغا ئوخشاش قىزغۇچ-سېرىق سىيا بىلەن يېزىلغان تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئەمدى ئىشتىياق بىلەن ئوقۇدى:

«ئۈشبۇ كۈن 1498 - يىلى، 25 - ئاپرېلدا ئالېكساندىر
تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ مېنىڭ كار
قانانە تىلەنمەستىن، يەنە مېنىڭ مىراسخورۇم بولۇۋېلىش
بېنتىۋولىئو كاردىناللارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى تەكرار
لىقىدىن گۇمانلىنىپ، بىردىنبىر ۋارىسىم بولغان جىيە
سىيەت قىلىمەنكى، ئۇنىڭ ئۆزى مەن بىلەن بىرگە بېرىپ
مونتې - كرىستو ئارىلىنىڭ غارىدا مېنىڭ بارلىق ئالتۇنلىرىم، تىللا
شلىرىم، ئالماسلىرىم ۋە تۇرلۇك قىممەت باھالىق بۇ
ئىككى مىليون رىم سكۇدوسى قىممىتىدىكى بۇ خە
مەن ئۆزۈملا بىلىمەن. مېنىڭ ۋارىسىم بۇ خەزىنىنى شەرقىي كور
20 - قىسيانىڭ تەكتىدىكى غاردىن قېزىپ ئا
ئىككى ئۆڭكۈر كولانغان. خەزىنە ئىككىنچى ئۆڭكۈرنىڭ ئەڭ ئىچ
مەزكۇر خەزىنىنى ئۆزۈمنىڭ بىردىنبىر ۋارىسىم گۇيدو
مىراس قىلىپ قالدۇرىمەن.

1498 - يىل، 25 - ئاپر
چېزا

— ئەمدى، — دېدى ھەزرەت، — مانا بۇنى ئوقۇپ كۆرۈڭ.

ئۇ، دانتېسقا باشقا بىر ۋاراق قەغەزنى بەردى. دانتېس ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇپ چىقتى:

ئالىيلىرىنىڭ زىياپىتىگە چاقىرتىلغان
دىناللىق مەنسىپىمنىڭ بەدىلىگە تۆلەنگەن ھەق بىلەن
نىيىتىگە كەلگەنلىكىدىن ھەمدە زەھەرلىنىپ ھالاك بولغان كاپرارا ۋە
قىلدۇرۇپ، مېنىڭ ھاياتىمغىمۇ قەست قىلىشۋاتقان

نىم گۆيدو سىپاداغا شۇنى ۋە
كۆرگەن جايدا، يەنى
لىرىم، ئېسىل تا
يۇملىرىم كۆمۈلگەن بولۇپ،
زىنىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پەقەت
يەردىن باشلاپ تۆز سىزىق بويىچە سانىغاندا
لىسۇن. غارنىڭ ئىچىدە يەنە
كەركى بۇلۇڭىغا كۆمۈلگەن.
سىپادانىڭ تولۇق ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا
بل
رې سىپادا».

فاريا چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى.

— ئەمدى، — دېدى ئۇ، دانتېسنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرنى ئوقۇپ بولغانلىقىنى كۆرۈپ، — بۇ ئىككى پارچە قەغەزنى بىر - بىرىگە قوشۇپ ئوقۇپ بېقىڭ.

دانتېس شۇنداق قىلدى. ئىككى پارچە قەغەزنى قوشقاندا تۆۋەندىكىچە بولۇپ چىقتى:

«ئۇشبۇ كون 1498 - يىل 25 — ئاپرېلدا ئالېكساندېر VI ئالىيلىرىنىڭ زىياپىتىگە چاقىرتىلغان تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇ مېنىڭ كاردىناللىق مەنسىپىمنىڭ بەدىلىگە تۆلەنگەن ھەق بىلەن قانائەتلەنمەستىن، يەنە مېنىڭ مىراسخورۇم بولۇۋېلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىدىن ھەمدە زەھەرلىنىپ ھالاك بولغان كاپرارا ۋە بېنتىۋولئو كاردىناللارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى تەكرار قىلدۇرۇپ، مېنىڭ ھاياتىمغىمۇ قەست قىلىۋاتقانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، بىردىنبىر ۋارىسىم بولغان جىيەنىم گۆيدو سىپاداغا شۇنى ۋەسىيەت قىلىمەنكى، ئۇنىڭ ئۆزى مەن بىلەن بىرگە بېرىپ كۆرگەن جايدا، يەنى مونتې - كرىستو ئارىلىنىڭ غارىدا مېنىڭ بارلىق ئالتۇنلىرىم، تىللالىرىم، ئېسىل تاشلىرىم، ئالماسلىرىم ۋە تۈرلۈك قىممەت باھالىق بۇيۇملىرىم كۆمۈلگەن بولۇپ، ئىككى مىليون رىم سكۇدوسى قىممىتىدىكى بۇ خەزىنىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پەقەت مەن ئۆزۈملا بىلىمەن. مېنىڭ ۋارىسىم بۇ خەزىنىنى شەرقىي كۆرپەزدىن باشلاپ توز سىزىق بويىچە سانىغاندا 20 - قىيانىڭ تەكتىدىكى غاردىن ئىزدەپ تاپسۇن. غارنىڭ ئىچىدە يەنە ئىككى ئۆڭكۈر كولانغان. خەزىنە ئىككىنچى ئۆڭكۈرنىڭ ئەڭ ئىچكىركى بۇلۇڭىغا كۆمۈلگەن. مەزكۇر خەزىنىنى ئۆزۈمنىڭ بىردىنبىر ۋارىسىم گۆيدو سىپادانىڭ تولۇق ئىگىدارچىلىق قىلىشىغا مىراس قىلىپ قالدۇرىمەن.

1498 - يىل 25 - ئاپرېل
چېزارې سىپادا»

— ئەمدى چۈشەندىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى فاريا.

— بۇنى كاردىنال سىپادا يازغانمۇ؟ شۇنچە ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئىزدەلگەن ھېلىقى ۋەسىيەتنامە شۇمۇ؟ — دېدى ئېدمون، تېخىچىلا تولۇق ئىشەنمەي كېتەلمەي.

— شۇنداق، دەل شۇنىڭ ئۆزى.

— بۇنىڭ سۆز قۇرامىنى كىم تولۇقلىغان؟

— مەن. يېرىلغان قۇرلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن قەغەزنىڭ ئەسلىدىكى كەڭلىكىنى نىسبەتلەشتۈرۈپ، خۇددى يەر ئاستى يولىدا يۇقىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان خىرە يورۇقلۇققا قاراپ يول تاپقانغا ئوخشاش، خەتنىڭ ئېنىق مەزمۇنىدىن يوشۇرۇن مەزمۇنىنى پەرەز قىلىپ، خەتنىڭ كۆيۈپ كەتكەن قىسمىنى قىياسەن تولۇقلاپ يېزىپ چىقتىم.

— بۇنىڭغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن قانداق قىلدىڭىز؟

— مەن دەرھال سەپەرگە ئاتلىنىپ چىقتىم. يېزىشقا باشلىغان بىرلىككە كەلگەن ئىتالىيە پادىشاھلىقى ھەققىدىكى كاتتا ئەسىرىمنىمۇ ئۆزۈم بىلەن ئېلىۋالدىم. بىراق، ئىمپېراتور ساقچىلىرى ئۇزاقتىن بۇيان مېنىڭ پېيىمگە چۈشۈپ يۈرەتتى. ئۇ چاغدا ناپالېئون ئۆزىنىڭ ئوغلى تۇغۇلغاندىن كېيىنكى مەۋقەسىنىڭ ئەكسىچە، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنى بىر - بىرىدىن بۆلۈۋېتىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. مېنىڭ سەۋەبسىزلا ئالدىراشلىق بىلەن يولغا چىقىشىم گۇماننى تېخىمۇ ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن، مەن

پىيومبىنودا كېمىگە ئولتۇرغان چېغىمدا قولغا ئېلىندىم. ئەمدى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى فارىيا، دانتېسقا ئاتىدارچىلىق مېھرى بىلەن قاراپ، — ئەمدى، قەدىرلىكىم، مەن بىلىدىغانلىقنىڭ ھەممىسىنى سىزمۇ بىلدىڭىز. ئەگەر بىز قاچانلا بولمىسۇن، بۇ يەردىن بىرلىكتە قېچىپ چىقالىساق، بۇ خەزىنىنىڭ تەڭ يېرىمى سىزگە تەئەللۇق. ئەگەر مەن بۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىپ سىز ئۆزىڭىز يالغۇز قۇتۇلۇپ چىقسىڭىز، خەزىنە تولۇقى بىلەن سىزگە قالىدۇ.

دانتېس ئىككىلىنىپ تۇرۇپ ئېتىراز بىلدۈردى:

— بىراق، بۇ خەزىنىنىڭ بىزگە قارىغاندا قانۇنىيراق ئىگىسى يوقمۇ؟

— ياق، ياق، خاتىرجەم بولۇڭ. سپادالارنىڭ جەمەتىدىن ھازىر ھېچكىم قالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەڭ ئاخىرقى گراف سپادا ھېلىقى مەشھۇر ئىنجىلنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ماڭا قالدۇرۇش بىلەن، مېنى ئۆزىنىڭ مىراسخورى قىلىپ بەلگىلىگەن. شۇڭا، بۇنىڭ ھەممىسى ماڭا تېگىشلىك بولىدۇ. ئەگەر بۇ بايلىق بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشسە، بىز ئۇنىڭغا ساپ ۋىجدانىمىز بىلەن ئىگىدارچىلىق قىلالايمىز.

— دېمەك، بۇ خەزىنىنىڭ قىممىتى، سىز ئېيتقاندەك...

— ئىككى مىليون رىم سكۇدوسى. بىزنىڭ پۇلىمىزغا سۇندۇرغاندا 13 مىليونغا يېقىن.

— ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى دانتېس، بۇ ساننىڭ شۇنچە كۆپلۈكىدىن چۆچۈپ كېتىپ.

— نېمىشقا مۇمكىن ئەمەس؟ — دېدى بوۋاي، — سپادالارنىڭ جەمەتى XV ئەسىردىكى ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك جەمەتلەردىن بىرى بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ زامانلاردا كەڭ دائىرىلىك پۇل مۇئامىلىسىمۇ، سانائەت ئىش-



لەپچىقىرىشمۇ بولمىغاچقا، ئالتۇن ۋە قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ بۇنداق زور مىقداردا جۇغلىنىپ قېلىشى كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئەمەس ئىدى. رىمدا ھازىرمۇ شۇنداق ئائىلىلەر باركى، ئاتا-بوۋىسىدىن مىراس قالغان مىليون قىممىتىدىكى ئالماس ۋە قىممەتلىك بۇيۇملارغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قول تەگكۈزەلمەي، ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتتە تۇرىدۇ.

ئېدمون ئۆزىنى گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇ، ئىشەنمەسلىك بىلەن خۇشاللىق ئوتتۇرىسىدا گاڭگىراپ قالدى.

— مەن ئۇزۇندىنچە بۇ مەخپىيەتلىكنى سىزدىن يوشۇرۇپ كەلدىم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى فارىيا. — چۈنكى بىرىنچىدىن مەن سىزنى سىناپ كۆرمەكچىدىم، ئىككىنچىدىن سىزنى ھەيران قالدۇرماقچىدىم. مەن كېسەل بولۇشتىن ئىلگىرى بىز قېچىپ چىقالىغان بولساق، مەن سىزنى مونتې-كرىستو ئارىلىغا باشلاپ باراتتىم. ئەمدى، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — ئۇ يەرگە سىز مېنى ئېلىپ بارىسىز. بەللى، دانتېس. ماڭا تەشەككۈر ئېيتمايسىزغۇ؟

— بۇ خەزىنە سىزگە تېگىشلىك، قەدىرلىكىم، دېدى دانتېس، — ئۆزىڭىزگىلا تېگىشلىك. مېنىڭ بۇنىڭغا شېرىك بولۇشقا ھېچقانداق ھەققىم يوق، مەن سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز ئەمەس.

— سىز مېنىڭ ئوغلۇم، دانتېس! — دەپ خىتاب قىلدى بوۋاي، — سىز مېنىڭ تۇتقۇنلۇق قىسمىتىمنىڭ پەرزەنتى! مېنىڭ دىنىي مەرتىۋەم مېنى نىكاھسىزلىققا مەھكۇم قىلدى. ئەمدى خۇدايىم، ئۆز ئۆمرىدە ئاتا بولالمىغان ئىنساننىڭ ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولالمىغان تۇتقۇننىڭ دىلىغا ئارام بېرىش ئۈچۈن سىزنى ماڭا يولۇقتۇردى.

شۇ گەپلەر بىلەن فارىيا ساغلام قولىنى ئېدمونغا ئۇزاتتى. ئۇ بولسا، كۆزىگە ياش ئېلىپ بوۋاينى قۇچاقلىدى.

# ئون توققۇزىنچى باب

## كېسەلنىڭ ئۈچىنچى قېتىم قوزغىلىشى

ئۆزۈندىن بېرى فارىيا ھەزرەتنىڭ خىياللىرىدا ساقلىنىپ كەلگەن خەزىنە بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ مېھرىنى بەرگەن كىشىنىڭ بەخت - سائادىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئالدىدا تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ قەلبىدە بۇ خەزىنىنىڭ قەدرى ھەسسىلەپ ئۆستى. ئۇ، ھەر كۈنى دانتېسقا بۇ ھەددى - ھېسابسىز بايلىقنى سۆزلەيتتى. ھازىرقى زاماندا 14 — 13 مىليون قىممىتىدىكى بايلىققا ئىگە بولغان ئادەم ئۆز دوستلىرىغا قانچىلىك ياخشىلىقلارنى كەلتۈرەلىشى مۇمكىنلىكىنى تەرىپلەيتتى. بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا دانتېسنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلەتتى. ئۇ ئۆز ئىچىدە قارار قىلغان ھېلىقى دەھشەتلىك قەسەمىيادىنى يادىغا ئېلىپ ھازىرقى زاماندا 14 — 13 مىليونغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپ ئۆز دۈشمەنلىرىگە قانچىلىك بالايى ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

ھەزرەت مونتې - كرىستو ئارىلىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. لېكىن، دانتېس ئۇنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ كېمىدە قاتنىغان چاغلىرىدا كورسكا بىلەن ئېلبانىڭ ئارىسىدىكى پىئانوزدىن 20 مىل نېرىغا جايلاشقان بۇ ئارالنىڭ يېنىدىن پات - پات ئۆتۈپ تۇراتتى، ھەتتا بىر قېتىم شۇ ئارالدا توختاشقىمۇ توغرا كەلگەنىدى. مونتې - كرىستو بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ ئادەم ياشىمايدىغان چۆل ئارال ئىدى. ئۇ، كونۇسسىمان دېگۈدەك قىيا تاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ۋولقاننىڭ پارتلىشى بىلەن



دېڭىز تېگىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولسا كېرەك. دانتېس، ھەزرەتكە بۇ ئارالنىڭ پىلانىنى سىزىپ كۆرسەتتى. فارىيا، دانتېسقا خەزىنىنى قانداق ئۇسۇل بىلەن قىدىرىپ تېپىش ھەققىدە يوليورۇق بېرەتتى. لېكىن، دانتېس ھەزرەتكە ئوخشاش قىزغىن بولمىدى، ئەڭ مۇھىمى، بۇ گەپلەرگە دېگەنىدەك ئىشىنىپ كېتەلمىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئەمدى، فارىيانىڭ ھەرگىزمۇ ساراڭ ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ھەزرەتنىڭ ساراڭ دېگەن نامىنى چىقارغان تاپقۇرلۇقى دانتېسنىڭ زوقمەنلىكىنى يەنىمۇ ئاشۇرماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ، بۇ خەزىنە قاچاندۇر بىر چاغلاردا مەۋجۇت بولغان تەقدىردىمۇ، ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرغانلىقىغا ئىشىنەلمەيتتى. ئۇ، خەزىنە توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان دېمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئۇنى يوقىلىپ كەتكەن دەپ ھېسابلايتتى.

بۇ ئارىدا، گويا تەقدىر مەھبۇسلارنىڭ ئاداققى ئۈمىدىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكىنى مەڭگۈگە مەھرۇم قىلىنغانلىقىنى جاكا قىلغاندەك، ئۇلار يېڭى بىر بەختسىزلىككە مۇپتىلا بولدى. ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە ئاز قالغان تاشقىرىقى ئايۋاننى قايتىدىن ياساپ چىقىشتى، ئۇنىڭ ئۇلىنى رېمونت قىلىپ، دانتېس يېرىمىنى تىندۇرۇۋەتكەن كامارنىڭ ئۈستىگە يوغان - يوغان تاشلارنى ياتقۇزۇشتى. مۇبادا دانتېس، ھەزرەتنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بۇ يەر ئاستى يولنى ئالدىنئالا تىندۇرۇۋەتمىگەن بولسا، ئۇلار تېخىمۇ چوڭ بەختسىزلىككە گىرىپتار بولار ئىدى: ئۇلارنىڭ قېچىشقا بولغان ھەممە تەييارلىقلىرى ئاشكارىلىنىپ قالاتتى - دە، ئۇلارنى جەزمەن بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىشكەن بولاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇستەھكەم ۋە تېخىمۇ رەھىمسىز بولغان يەنە بىر ئىشىك يېپىلدى.

— مانا كۆردىڭىزمۇ، — دېدى دانتېس ھەزرەتكە، تەقدىرگە تەن بەرگەن ھالدا مۇلايىملىق بىلەن، — خۇدايىم، مېنىڭ سىزگە بولغان ساداقەتلىكىمنىڭمۇ تەقدىرلىنىشىنى راۋا كۆرمىدى. مەن ئاخىرىغىچە سىز بىلەن بىرگە بولۇشنى ۋەدە قىلغانىدىم، مانا ئەمدى ئۆزلۈكىدىنلا شۇنداق بولۇپ چىقتى. خەزىنىگە بىز ئىككىلىمىز ئىگە بولالمايمىز، بىز بۇ يەردىن ھېچقاچان قۇتۇلۇپ چىقالمايمىز. لېكىن، ھەقىقىي خەزىنە ئۇ ئەمەس، قەدىرلىك دوستۇم، مونتې - كرىستونىڭ سۈرلۈك قىيالىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان نەرسىلەر ئەمەس. ھەقىقىي خەزىنە دېگەن — سىز بىلەن بىر يەردە بولۇش، گۇندىپايلارغا تۇيدۇرماستىن ھەر كۈنى بەش - ئالتە سائەت سىز بىلەن بىللە بولۇش؛ ھەقىقىي خەزىنە دېگەن — سىز: مېنىڭ دىلىمنى يورۇتقان بىلىم نۇرى، مېنىڭ خاتىرەمگە ئورناشقان سىزنىڭ تەلىمىڭىز، بۇ تەلىم ھازىر ھەر تەرەپكە شاخ چىقىرىپ گۈللەۋاتىدۇ. سىز ماڭا تۈرلۈك پەننىي بىلىملەرنى ئۆگەتتىڭىز. تونۇشىڭىزنىڭ چوڭقۇر بولغانلىقى ۋە شۇ بىلىملەرنى مەركەزلەشتۈرگەن پرىنسىپلىرىڭىز راۋان بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى ئاسانلا ئۆزلەشتۈرۈۋالدىم. مانا، مۇشۇلار مېنىڭ خەزىنەم، قەدىرلىك دوستۇم، بۇ مېنىڭ ھەم بايلىقىم، ھەم بەختىم. بۇنىڭ ھەممىسىنى ماڭا سىز بەردىڭىز ماڭا ئىشىنىڭ، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇلغان تۈڭلار ۋە ئالماسلار بىلەن تولدۇرۇلغان ساندۇقلار گوياكى خىيالىي نەرسىلەرگە ئوخشايدۇ، ئۇلار خۇددى سۈبھى پەيتىدە دېڭىز يۈزىدە ئۈزۈپ يۈرىدىغان بۇلۇتلارغا ئوخشايدۇ. يىراقتىن قارىغاندا بۇ بۇلۇتلار قاتتىق يەرگە ئوخشاپ كۆرۈنىدۇ، لېكىن يېقىنلاشقانسېرى تارقىلىپ، يوقاپ كېتىدۇ. ئۇ خەزىنە بۇنداق خىيالىي بولمىغان ھالەتتىمۇ، مېنىڭ ئىگىلىگەن بىلىملىرىم ئۇنىڭدىن كۆپ پايدىلىق. ئىمكان قەدەر ئۇزاقراق سىز



بىلەن بىللە بولۇش، ئىلھامبەخش ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاش، بىلىمىمنى ئاشۇرۇش، روھىي جەھەتتىن چېنىقىش، قاچانلا بولمىسۇن ئەركىنلىككە چىقىپ قالالىسام، ئۆزۈمنى ھەر قانداق ئېغىر ۋە دەھشەتلىك ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈش، سىز بىلەن تونۇشۇشتىن بۇرۇنقى ئۈمىدسىزلىكلىرىمنى ئەلتۈكۈس يوقىتىش مانا مۇشۇلار مېنىڭ بايلىقىم. بۇ بايلىق خىيالىي ئەمەس. مانا مۇشۇ ھەقىقىي بايلىقنى ماڭا سىز بەردىڭىز. پۈتۈن جاھاننىڭ ھۆكۈمرانلىرى تسېزار بورجىئا بولۇپ كەتسىمۇ بۇ بايلىقنى مەندىن تارتىۋالالمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى تەلەيسىز مەھبۇسنىڭ ۋاقتى چاغ بولمىسىمۇ، ئىش قىلىپ كۈنلەر تېزلىك بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى. شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۆزىنىڭ خەزىنىسى ھەققىدە ئېغىز ئېچىپ باقمىغان فارىيا ئەمدى بۇ ھەقتە توختىماستىن سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇ ئالدىن مۆلچەرلىگەنىدەك، ئۇنىڭ ئوڭ قولى بىلەن ئوڭ پۇتى پالەچلىكتىن ساقايمىدى. شۇڭا، خەزىنىنى ئۆزى تېپىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلدى. لېكىن، ئۇ ھەمىشە ياش دوستىنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىشىنى ياكى ئۇنىڭ قېچىپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئويلاپ خۇشال بولاتتى. ۋەسىيەتنامىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى ياكى باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دانتېسقا ئۇنى يادلاتقۇزدى. دانتېس ئۇنى بىرىنچى سۆزىدىن ئاخىرقى سۆزىگىچە يادقا ئالدى. شۇندىن كېيىن فارىيا ۋەسىيەتنامىنىڭ ئىككىنچى پارچىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. ئۇ، بىرىنچى پارچىسىنى باشقىلار تېپىۋالسىمۇ مەنىسىنى چۈشىنەلمەيدۇ دەپ ئىشىنەتتى. بەزىدە فارىيا دانتېسقا سائەتلەپ كۆرسەتمە بېرىپ سۆزلەيتتى؛ ئۇ ئەركىنلىككە چىققاندىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى تاپىلايتتى. ئەركىنلىككە ئېرىشكەن بىرىنچى كۈن، بىرىنچى سائەت، بىرىنچى پەيتتىن باشلاپ، دانتېس مونتې - كرىستوغا بېرىش كويىدىلا بولۇشى

كېرەك؛ ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ گۇمانىنى كەلتۈرمەي، بىر باھانە تېپىپ، شۇ يەردە ئۆزى يالغۇز قېلىشى ۋە ئاشۇ ھېكمەتلىك غارنى تېپىپ، كۆرسىتىلگەن جاينى كولىشى كېرەك. كۆرسىتىلگەن جاي، يۇقىرىدا سۆزلەنگىنىدەك، ئىككىنچى ئۆڭكۈرنىڭ ئەڭ ئىچكىرىكى بۇلۇڭى ئىدى.

بۇ ئارىدىكى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىنى تېز دېيىشكە بولامسىمۇ، ھەر ھالدا قەدىر ئەھۋال بولدى. سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، فارىيا پالەچ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئىدراكى، ئىقتىدارى يەنە ئەسلىگە كەلدى ۋە ئۇ ئۆزىنىڭ ياش دوستىغا ئومۇمىي پەنلەردىن ساۋات بېرىشتىن تاشقىرى، مەھبۇسلارنىڭ قىلالمىدىغان ئىشى بولمىغاندىمۇ ئۆزىگە ئىش تېپىشتەك، سەۋر - تاقەتلىك ئالىي ھۈنىرىنى ئۆگەتتى.

ئۇلار ھەمىشە بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئىش قىلىش بىلەن، فارىيا قېرىلىققا بوي بەرمەسلىككە ھەرىكەت قىلاتتى؛ دانتېس ئۆز قەلبىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدىلا پىلىلداپ ئۆچەي دەپ قالغان، خوددى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوتقا ئوخشىغان ئۆتمۈشنى يادىغا كەلتۈرمەسلىككە تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھاياتى گويا بەختسىزلىككە بەرداشلىق بەرگەن ئادەملەرنىڭ، تەقدىرىگە سىغىنىپ تىنچ، خاتىرجەم ئۆتۈۋاتقان ھاياتىغا ئوخشايتتى.

لېكىن، يىگىتنىڭ يۈرەك قېتىدا ۋە بەلكىم بوۋاينىڭ يۈرەك قېتىدىمۇ، كۆرۈنۈشتىكى بۇ خاتىرجەملىك بىلەن تەسلىكتە بېسىۋېلىنغان ھەسرەت ئەۋجى يوشۇرۇنغانىدى. فارىيا ئۆزى يالغۇز قالغاندا ۋە ئېدمون ئۆز كامېرىغا قايتىپ چىققاندا، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆكسىدىن ئىختىيارسىز ھالدا ئىڭرىغان سادا ئۇرغۇپ چىقاتتى.

بىر كۈنى يېرىم كېچە بولغان مەھەلدە دانتېس تۇساتتىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭغا، خۇددى بىرى ئۇنى چاقىر-



ۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، كېچىلىك قاراڭغۇغا تىكىلىپ قالدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىۋاتقان ئاۋازنى، ياكى ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئاجىز ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئۇ، قورقۇنچىدىن مۇزلاپ كەتكەن ھالدا ياتقان يېرىدىن كۆتۈرۈلدى - دە، دىققەت بىلەن تىڭشىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئاۋاز ھەزرەتنىڭ كامېرىدىن چىقماقتا ئىدى.

— ئۇلۇغ تەڭرىم! — دەپ پىچىرلىدى دانتېس، — ئاخىرى شۇنداق بولدىمۇ؟...

ئۇ، كارىۋاتنى نېرىغا سۈرۈپ قويۇپ تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا كەپلەپ قويۇلغان تاشنى چىقىرىپ ئېلىۋەتتى ۋە يەر ئاستى يولىغا سەكرەپ چۈشۈپ نېرىقى چېكىگىچە ئۆمىلەپ باردى. ھەزرەتنىڭ كامېرىغا چىقىش ئېغىزى ئېچىپ قويۇلغانىدى. جىن چىراغنىڭ خىرە يورۇقلۇقىدا ئېدمون بوۋاينى كۆردى: ئۇ، تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ھالدا بىر قولى بىلەن كارىۋاتنى تۇتۇپ، تۆشۈكنىڭ گىرۋىكىگە كېلىۋېلىپ، ئاران دەسسەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايى، خۇددى ئېدمون ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم كېسىلى قوزغالغان ۋاقىتتا كۆرگىنىگە ئوخشاشلا قورقۇنچلۇق قىياپەتكە كىرىپ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى.

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، قەدىرلىكىم، — دېدى فارىيا مۇلايىملىق بىلەن، — مېنىڭ يەنە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق.

ئېدمون ئاھ ئۇردى ۋە مىسلىسىز قايغۇدىن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا:

— قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار! — دەپ تۇۋلىغان بويىچە ئىشىك تەرەپكە ئېتىلدى.

فارىيا دەرھال ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ توسۇپ قالالىدى.

— ئۇنىڭىزنى چىقارماڭ! — دېدى ئۇ، — بولمىسا سىزنىڭ ئىشىڭىز ئۆگەيدۇ. ئەمدى پەقەت سىزنىلا ئويلىشىمىز كېرەك، قەدىرلىكىم. سىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى جۇدالىق ھاياتىڭىزنى قانداق يەڭگىللىتىشنى ياكى قېچىش ئىشىڭىزنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلىشىمىز كېرەك. گۇندىپايلار بىزنىڭ ئالاقىمىزنى بىلىپ قالسا، مەن بۇ يەردە تەييارلاپ قويغان ھەممە سايمانلارنى بىراقلا يوق قىلىشىدۇ. سىز بۇنداق سايمانلارنى باشقىدىن ياسايمەن دېسىڭىز بىرنەچچە يىللىق ۋاقتىڭىز ئىسراپ بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، غەم قىلماڭ، قەدىرلىكىم، مەن تاشلاپ كېتىۋاتقان بۇ كامېر ئۇزاققىچە بوش قالمايدۇ. مېنىڭ ئورنۇمغا باشقا بىر بەختسىز مەھبۇس كېلىدۇ. سىز ئەنە شۇ باشقا مەھبۇسنىڭ قۇتقازغۇچى پەرىشتىسى بولۇپ قالىسىز. ئۇ بەلكىم ياش، كۈچلۈك، چىدامىلىق كىشى بولۇپ، بۇ يەردىن قېچىشتا سىزگە ئۈنۈملۈك ياردەم قىلالىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، مەن پەقەت سىزگە كاشىلا بولۇپلا تۇرۇۋاتىمەن. سىز ئەمدى، ئالدىڭىزدا توسالغۇ بولۇپ تۇرغان مەندەك بىر نىمجانغا باغلىنىپ قالمايسىز. دەرھەقىقەت، خۇدا ئاخىرى سىزگە نەزەرىنى تاشلاپتۇ؛ مېنىڭمۇ ئاخىرەتلىككە راۋان بولۇش ۋاقتىم ئاللىقاچان توشۇپ قالغانىدى.

ئۇنىڭغا جاۋابەن ئېدمون قوللىرىنى قوشتۇرۇپ تۇتقان ھالدا يالۋۇردى:

— قەدىرلىكىم، بولدى سۆزلىمەڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي!

ئاندىن، ئۇ، بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن ئېسىنى يىغىۋېلىپ ۋە بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىن تەۋرىنىپ كەتكەن ئىرادىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ خىتاب قىلدى:

— مەن سىزنى بىرىنچى قېتىمدا قۇتۇلدۇرۇۋالغانىدىم، بۇ قېتىممۇ قۇتۇلدۇرۇپ قالىمەن!



ئۇ، كارىۋاتنىڭ بىر ئايىغىنى كۆتۈردى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۈچتىن بىر قىسمىغىچە قىزىل رەڭلىك ئىچىملىك قاچىلانغان شىشىنى قولىغا ئالدى.

— قاراڭ، — دېدى ئۇ، — مانا ئۇ جانغا داۋا بولىدىغان دورا! چاققان، چاققان، گەپ قىلىڭ. مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟ يوليورۇق بېرىڭ! سۆزلەڭ، قەدىرلىكىم، قۇلىقىم سىزدە.

— ئۈمىد يوق، — دەپ جاۋاب بەردى فارىيا بېشىنى چايقاپ، — ھە، مەيلى، تەڭرى ئۆزى ياراتقان بەندىنىڭ قەلبىگە ھاياتقا بولغان شۇنچە كۈچلۈك مۇھەببەتنى ئورنىتىش بىلەن بىللە، بەندىلەر ئۆز ھاياتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشنى قىلىشنى بۇيرۇغان. بۇ ھايات بەزى چاغلاردا شۇنچە ئېغىر بولسىمۇ، يەنە ھايات شۇنچە قەدىرلىك.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى دانتېس ئالدىراپ، — مەن سىزنى قۇتقۇزۇۋالىمەن!

— ماقۇل، شۇنداق بولسۇن. بەدىنىم مۇزلاشقا باشلاۋاتىدۇ، مېڭەمگە قان قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتىمەن؛ چىشلىرىم جاقىلداپ، ئۇستىخانلىرىم سىقىراپ، پۈتۈن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىۋاتىدۇ. بەش مىنۇتتىن كېيىن مېنىڭ تۇتقاقلىقىم تۇتىدۇ، چارەك سائەتتىن كېيىن مەن بىر جەسەتكە ئايلىنىپ قالىمەن.

— ئاھ، خۇدا! — دەپ قاقشىدى دانتېس ئاچچىق روھىي ئازاب ئىچىدە.

— بىرىنچى قېتىمدا قانداق قىلغان بولسىڭىز شۇنداق قىلىڭ. بىراق، بۇ قېتىم ئۇنداق ئۇزاق كۈتمەڭ. مېنىڭ بارلىق ھاياتىي كۈچۈم سەرپ قىلىنىپ بولدى، — دېدى ئۇ

ئۆزىنىڭ پالەچ بولغان پۇت - قوللىنى كۆرسىتىپ، — ئەجەل ئۆز ئىشىنىڭ يېرىمىنى تاماملاپ بولدى. بىرىنچى قېتىمدا بۇ ئېرىتمىدىن ئاغزىمغا ئون تامچە قۇيغان بولسىڭىز ئەمدى 12 تامچە قۇيۇڭ. ئەگەر بۇنىڭ بىلەن ئوڭشالمىسام، قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى قۇيۇۋېتىڭ. ئەمدى يېتىۋېلىشىمغا ياردەم قىلىڭ، مەن بۇنىڭدىن ئارتۇق ئۆرە تۇرالمايمەن.

ئېدمون بوۋاينى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويدى.

— قەدىرلىكىم، — دېدى فارىيا، — سىز، مېنىڭ ۋەيران بولغان ھاياتىمنىڭ بىردىنبىر خۇشاللىقى. تەقدىر - ئىرادە كېچىكىپ بولسىمۇ ماڭا تەقدىم قىلغان بەختىم سىز. ياراتقان ئىگەمنىڭ بۇ تەڭداشسىز ئىنئامى ئۈچۈن مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر قىلىمەن ۋە سىز بىلەن مەڭگۈلۈككە ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغاندا سىزگە، ئۆزىڭىز مۇناسىپ بولغان ئاشۇ بەخت - سائادەتنى تىلەيمەن. ئوغلۇم، مەن سەندىن رازى!

دانتېس ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ تىزلاندى ۋە بېشىنى بوۋاينىڭ يوتقىنىغا پۈركەپ يىغلىدى.

— لېكىن، ئالدى بىلەن، بۇ ئاداققى مىنۇتلاردا مېنىڭ سىزگە ئېيتىدىغان گەپلىرىمنى ئوبدان ئاڭلىۋېلىڭ: كاردىنال سپادانىڭ خەزىنىسى ھەقىقەتەن مەۋجۇت. خۇدانىڭ ھىممىتى بىلەن ئەمدى مېنىڭ ئالدىمدا مۇساپىمۇ يوق، توسالغۇمۇ يوق. مەن مۇشۇ يەردە يېتىپ تۇرۇپ ئۇ خەزىنىنى ئىككىنچى ئۆڭكۈرنىڭ خىلۋەتلىكىدە كۆرۈۋاتىمەن، مېنىڭ كۆزلىرىم يەر قاتلاملىرىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ، پارلاپ تۇرغان ئالتۇنلارنى كۆرۈۋاتىدۇ. سىز بۇ يەردىن قېچىپ چىقالىسىڭىز، بۇ يەردىكى كىشىلەر ساراڭ دېيىشىۋالغان شور پېشانە ھەزرەت ھەرگىزمۇ ساراڭ بولمىغانلىقىنى يادىڭىزدا ساقلاڭ. مونتې - كرىستو



ئارىلىغا ئىمكان قەدەر تېزرەك يېتىپ بېرىپ، بىزنىڭ ئاشۇ بايلىقىمىزنى قولىڭىزغا ئېلىڭ. ئۇنىڭ ھالاۋىتىدىن ھوزۇرلىنىپ بەختىڭىزنى تېپىڭ. سىز يېتەرلىك دەرىجىدە جاپا تارتتىڭىز.

قاتتىق ئەندىكىش بوۋاينىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى. دانتېس بېشىنى كۆتۈردى ۋە ھەزرەتنىڭ كۆزلىرىگە قان تولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. گوياكى، قانلىق ئېقىم كۆكسىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ بېشىغا قۇيۇلۇۋاتقاندەك ئىدى.

— ئەلۋىدا! ئەلۋىدا! — دەپ پىچىرلىدى بوۋاي، ئېدمونىنىڭ قولىنى قىسىپ تۇرۇپ. — ئەلۋىدا!

— ياق! ياق! — دەپ ۋارقىرىدى ئېدمون، — ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، رەھىم قىلغىن، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىن!... قۇتقۇزۇۋېڭلار!... قۇتقۇزۇۋېڭلار!

— ۋارقىرىماڭ، ۋارقىرىماڭ! — دەپ ئاران گەپ قىلدى ئۆلۈم گىردابىغا يېقىنلىشىپ قالغان بىچارە، — جىم بولۇڭ، سىز مېنى بۇنداق قىلىپ قۇتۇلدۇرىمەن دېسىڭىز، ئۇلار بىزنى ئىككىمىزنى ئايرىۋېتىدۇ!

— راست دەيسىز. خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنى مەن ئۆزۈم قۇتقۇزىمەن! گەرچە سىز كۆپ جاپا چېكىۋاتقان بولسىڭىزمۇ، بىرىنچى قېتىمقىدەك قىينىلىپ كەتمىگەندەك كۆرۈنىسىز.

— خاتالىشىۋاتىسىز. مېنىڭ ئانچە قىينالمىغاندەك كۆرۈنۈشۈمنىڭ سەۋەبى، ھازىر مېنىڭ قىينىچىلىق تارتقۇدەك ماغدۇرۇمنىڭ قالمىغانلىقى. ئادەم سىزگە ئوخشاش ياش ۋاقتىدا ھاياتقا ئىشىنىدۇ. ئىشىنىش ۋە ئۈمىدۋارلىق — ياشلىقنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقى. لېكىن، قېرىلىق ئۆلۈمنى ئېنىقراق كۆرەلەيدۇ. مانا ئۇ!... يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ... مەن تۈگىدىم! كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىۋاتىدۇ... مېڭەم گاراڭلىشىپ قالدى... قولىڭىزنى ئەكېلىڭ، دانتېس! خەير. ئەلۋىدا! ئەلۋىدا!...

ئۇ، ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتىنى يىغىپ تۇرۇپ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بېشىنى كۆتۈردى.

— مونتې - كرىستو! — دېدى ئۇ ئاۋازىنى ئاران چىقىرىپ، — يادىڭىزدا مەھكەم ساقلاڭ، مونتې - كرىستو!

شۇ گەپ بىلەنلا ئۇ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى. بوۋاينىڭ تۇتقاقلىقى دەھشەتلىك تۈردە باشلاندى: پۇت - قوللىرى تىترەپ كىرىشىپ كەتتى، قاپاقلىرى ئىششىپ كەتتى، ئاغزىدىن قان ئارىلاش كۆپۈك ئۈرلەپ چىقتى، بەدىنى ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قېتىپ قالدى. تېخى بىر مىنۇتنىڭ ئالدىدا بۇ جەبىر - جاپا ئىلكىدە ياتقان پاراسەتلىك ئىنسان ئەنە شۇنداق بولۇپ ئۆزگىرىپ كەتتى.

دانتېس جىن چىراغنى ئېلىپ، كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى تامدىن چىقىپ قالغان تاشقا قويدى. چىراغنىڭ خىرە يورۇقلۇقى بوۋاينىڭ ئازابلىنىشتىن پۈرۈشۈپ كەتكەن يۈزىگە ۋە قېتىپ قالغان بەدىنىگە پىلىلداپ تۇرغان شولىسىنى تاشلايتتى. دانتېس ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي، قۇتقۇزغۇچى دورىنى ئىشلىتىشكە بولىدىغان پەيتنى كۈتۈپ تۇردى.

كېيىن ئۇ، قولىغا پىچاقنى ئېلىپ، بوۋاينىڭ كىرىشىپ كەتكەن چىشلىرىنى ئاجرىتىپ ئاغزىنى ئاچتى ۋە ئۆتكەن قېتىمقىغا ئوخشاش قىلىپ شىشىدىكى دورىدىن 12 تامچىنى تېمىتتى - دە، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ كۈتۈشكە باشلىدى. ئون مىنۇت كۈتتى، چارەك سائەت كۈتتى، يېرىم سائەت كۈتتى. فارىيا مىدىرلىيمۇ قويماستىن ياتاتتى. پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى تىترەپ تۇرغان دانتېس، چاچلىرىنىڭ دىڭ تۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە ماڭلىيى تەردىن نەملىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۆزىنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى بويىچە سېكۇنتلارنى ساناپ تۇردى. شۇندىن كېيىن ئۇ ئەڭ ئاخىرقى چارىنى



قوللىنىش پەيتى كەلگەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇ، شىشىنى ھەزرەتنىڭ كۆكۈرۈپ كەتكەن لەۋلىرىگە تەككۈزۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئېچىلىپ قالغان ئاغزىغا ئېشىپ قالغان ئىرىتمىنىڭ ھەممىسىنى قۇيۇۋەتتى.

دورا، خۇددى ئېلېكتىر توكى سوقۇۋەتكەندەك تەسىر كۆرسەتتى: بوۋاينىڭ تېنى قاتتىق بىر سىلكىنىپ كەتتى، كۆزلىرى گويا كى قورقۇپ كەتكەندەك يوغان ئېچىلىپ كەتتى، كۆكسىدىن ئۇھ تارتقاندەك بىر خىل ئېغىر تىنىق چىقتى. شۇندىن كېيىن، ئۇنىڭ دىر - دىر تىترەپ تۇرغان گەۋدىسى ئاستا - ئاستا تىنچلىنىپ، يەنە ئاۋۋالقىدەك جىمىپ قالدى؛ پەقەت كۆزلىرىلا ئەمدى يۇمۇلماستىن ئوچۇق پېتىچە قالدى.

يېرىم سائەت ئۆتتى. بىر سائەت ئۆتتى. بىر يېرىم سائەت ئۆتتى. بۇ ئازابلىق بىر يېرىم سائەت جەريانىدا ئېدمون ئۆز دوستىنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشىپ ۋە قولىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ، ھەزرەتنىڭ بەدىنى مۇزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى بارغانسېرى سۇسلىشىپ، جىمىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئاخىرى، ھەممە ئىش تامام بولدى. يۈرەك ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم سىلكىنىپ توختاپ قالدى، يۈزى كۆكىرىپ كەتتى؛ كۆزلىرى يەنىلا ئوچۇق پېتىچە قالدى، لېكىن قاراشلىرى نۇرسىزلاندى. ئەتىگەنكى سائەت ئالتە مەزگىلى ئىدى. تاڭ يورۇۋاتاتتى ۋە قۇياشنىڭ دەسلەپكى ئاجىز نۇرلىرى كامېر ئىچىگە چۈشۈپ، جىن چىراغنىڭ پىلىلداپ كۆيۈۋاتقان يالقۇنى بىلەن كۈرەشمەكتە ئىدى. سەكرەپ ئويناپ تۇرغان يورۇقلۇق شولىسى ئۆلۈكنىڭ يۈزىگە چۈشۈپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ خۇددى تىرىكتەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى. تاڭ نۇرى بىلەن قاراڭغۇلۇق ئوتتۇرىسىدىكى بۇ كۈرەش ئەۋج ئېلىۋاتقاندا، دانتېس ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ

مۇسىبەتكە تېخىچىلا ئىشىنەلمەي تۇراتتى. لېكىن، تاڭ نۇرى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدا بىر جەسەتنىڭ ياتقانلىقىنى چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى يەڭگىلى بولمايدىغان بىر خىل قورقۇنچ باستى. ئۇ، بىرۋاينىڭ ئوچۇق قالغان كۆزلىرىنى يۇمغۇزۇشقا بىھۇدە ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن بۇ ھەرىكەتسىز نۇرسىز كۆزلىرىگە قاراشقا، كارىۋاتتىن ئېسىلىپ چۈشكەن بۇ قولنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ، جىن چىراغنى ئۆچۈردى - دە، ئۇنى ئاۋايلاپ يوشۇرۇپ قويدى ۋە يەر ئاستى يولىغا ئالدىراشلىق بىلەن چۈشۈپ، بېشىنىڭ ئۈستىدىن ياپىلاق تاشنى تارتىپ كەلتۈرۈپ، تۆشۈكنىڭ ئاغزىنى ئىمكان قەدەر پۇختىلاپ بېكىتىپ قويدى.

ئالدىراشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى گۈندىپاينىڭ كىرىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغانىدى. بۇ قېتىم گۈندىپاي ئالدى بىلەن دانتېسنىڭ يېنىغا كىردى ۋە شۇندىن كېيىن، ھەزرەتكە تېگىشلىك غىزا بىلەن كىيىم - كېچەكلەرنى ئېلىپ بارماقچى بولدى. دەرۋەقە، يۈز بەرگەن ھادىسىدىن ئۇنىڭ تېخى خەۋەر تاپمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ چىقىپ كەتتى.

دانتېس بىچارە دوستىنىڭ كامېرىدا نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ، قايتىدىن يەر ئاستى يولىغا چۈشتى ۋە گۈندىپاينىڭ باشقىلارنى چاقىرىپ ۋارقىراۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ھايال بولماي باشقا گۈندىپايلارمۇ كېلىشتى. ئاندىن كېيىن ئەسكەرلەرنىڭ ئېغىر ۋە رىتىملىق قەدەم تاشلاپ كەلگەنلىكى ئاڭلاندى. ئەسكەرلەر سەپتە بولمىغان چاغلىرىدىمۇ شۇنداق ماڭىدۇ. ئەسكەرلەرنىڭ كەينىدىن تۈرمە باشلىقى كىردى.

ئېدمون جەسەتنى ئۇيياقتىن - بۇيياققا ئۆرۈگەنلىكتىن كارىۋاتنىڭ غىچىرلىغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ يەنە، تۈرمە باشلىقى



مەھبۇسنىڭ يۈزىگە سۇ پۈركۈشنى بۇيرۇغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، دوختۇرنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى.

تۈرمە باشلىقى چىقىپ كەتتى ۋە ئىچىنى ئاغرىتقان سۆزلەر شاڭخو، كۈلكىلەرگە قوشۇلۇپ ئېدمونىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ كەلدى.

— مانا ئاقىۋەت، — دېدى بىرەيلەن، — بۇ ساراڭ ئۆزىنىڭ خەزىنىسىنىڭ يېنىغا كەتتى. يول بولسۇن!

— ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ مىليونلىرىغا ھەتتا بىر كېپەننىمۇ سېتىۋالالمايدىغان بولدى، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— ئىف قەلئەسىدە كېپەنلەر ئانچە قىممەتكە توختىمايدۇ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئۈچىنچىسى بىرى.

— بەلكىم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئانچە - مۇنچە چىقىم تارتىشقا توغرا كېلەر. نېمە بولسىمۇ، ئۇ بىر دىنىي زات ئەمەسمۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنى تاغارغا سالىدىكەنمىز - دە.

ئېدمون بىر سۆزىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي تىڭشاپ تۇردى، ئەمما بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىگە تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمىدى. بىر دەمدىن كېيىن ئاۋازلار بېسىقتى ۋە ئۇنىڭغا كامېردىن ھەممىسى چىقىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. بىراق، ئۇ كامېرغا كىرىشكە تەۋەككۈل قىلالمىدى، جەسەتنىڭ يېنىدا قاراۋۇللۇق قىلىش ئۈچۈن ئادەم قالدۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئورنىدىن قوزغالماستىن، مىدىرلاپمۇ قويماستىن، ھەتتا تىنىقىنىمۇ چىقارماستىن تىڭشاۋەردى. بىر سائەتتىن كېيىن يەنە ئاياغ شەپىسى ئاڭلاندى. تۈرمە باشلىقى دوختۇر ۋە بىرنەچچە ئوفىتسېرنىڭ ھەمراھلىقىدا كامېرغا قايتىپ كىردى. بىردەمگىچە ھېچقانداق سادا بولمىدى. ئېھتىمال، دوختۇر كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، جەسەتنى كۆرۈۋاتقان بولسا كېرەك. ئاندىن، سوئال سوراشلار باشلاندى

دوختۇر مەھبۇسنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆلۈك ئىكەنلىكىنى جاكالىدى. سوئال ۋە جاۋابلاردىكى بېپەرۋالىقتىن دانتېسنىڭ غەزىپى قايىندى. ئۇنىڭغا بۇ بىچارە ھەزرەتكە بولغان ئۆزىدىكى مېھرىبانلىقنىڭ ئاز بىر قىسمى بولسىمۇ، باشقا ھەرقانداق ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىكتەك تۇيۇلاتتى.

— ناھايىتى ئەپسۇسلىنىمەن، — دېدى تۈرمە باشلىقى، دوختۇرنىڭ بوۋايىنى ئۆلگەن دېگىنىگە جاۋاب بېرىپ، — بۇ بەك ياۋاش، مۇلايىم مەھبۇس ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ساراڭلىقى بىلەن بۇ يەردىكى ھەممەيلەننى كۈلدۈرەتتى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇنى نازارەت قىلىشنىڭ ھېچقانچە قىيىنچىلىقى يوق ئىدى.

— ئۇنى نازارەت قىلىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق ئىدى. — دەپ قوشۇمچە قىلدى گوندىپاي، — ئۇ، بۇ يەردە 50 يىل ياتقان بولسىمۇ، قېچىشقا ھەرىكەت قىلمىغان بولاتتى.

— شۇنداق بولسىمۇ، — دېدى تۈرمە باشلىقى. — سىزنىڭ تەكشۈرۈشىڭىزگە شەكلەنگەنلىكتىن ئەمەس، مەسئۇلىيەتچانلىق يۈزىسىدىن. مەھبۇسنىڭ ھەقىقەتەن ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا كاپالەتكە ئىگە بولۇشۇم كېرەك.

ھەممىسى جىم بولۇشتى. دانتېس تىڭشاپ تۇرۇپ، دوختۇرنىڭ جەسەتنى باشقىدىن تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى پەملىدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ئاخىرى دوختۇر، — ئۇ ئۆلگەن، مەن كاپالەتلىك قىلىمەن.

— ئەمما، ئۆزىڭىز بىلىسىز، — دېدى تۈرمە باشلىقى، ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلماستىن، — بۇنداق ئەھۋالدا تەكشۈرۈپ كۆرۈشلا كۇپايە قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، گەرچە ئۆلگەنلىكىنىڭ ھەممە ئالامەتلىرى روشەن بولسىمۇ، يەنىلا قانۇندا كۆرسىتىلگەن رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە مەرھەمەت قىلغايسىز.



— ھە، بولىدۇ، تۆمۈرنى قىزىتىڭلار، — دېدى دوختۇر، — لېكىن، ئېيتقىنىمدەك، بۇ ئارتۇقچە ئېھتىياتچانلىق.

قىزدۇرۇلغان تۆمۈر ھەققىدىكى بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندا دانتېس چۆچۈپ كەتتى. ئالدىراش مېڭىشلار، ئىشىكنىڭ غىچىرلىشى، يەنە مېڭىشلار ئاڭلاندى ۋە بىرلەچچە مىنۇتتىن كېيىن گوندىپاي:

— مانا چوغدان بىلەن تۆمۈر، — دېدى.

ھەممىسى يەنە جىم بولۇشتى. ئاندىن، كۆيدۈرۈۋاتقان تەننىڭ چاراسلىشى ئاڭلاندى ۋە ئېغىر، سېسىق پۇراق ھەتتا دانتېس يوشۇرۇنغان ۋادىنىڭ نېرىسىغىمۇ سىڭىپ كىردى. كۆيدۈرۈلگەن ئادەم گۆشىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ، ئېدمون باشتىن - ئاياغقىچە سوغۇق تەرگە چۆمدى ۋە بېشى ئايلىنىپ ھازىرلا ھوشىدىن كېتىپ قالىدىغاندەك بولدى.

— قاراڭ، ئۇ ئۆلگەن، — دېدى دوختۇر، — تاپاندى كۆيدۈرۈش ئەڭ ئىشەنچلىك ئىسپات. بىچارە ساراڭ روھى كېسەللىكتىن ساقىيىپ، زىنداندىن قۇتۇلىدىغان بولدى.

— ئۇنىڭ ئىسمى فارىيامىدى؟ — دەپ سورىدى تۈرمە باشلىقى بىلەن كىرگەن ئوفىتسېرلاردىن بىرى.

— ھەئە، ئۇ يەنە بۇ ئىسىمنى بىر قەدىمكى ئۇرۇقنىڭ فامىلىسى دەپ يۈرەتتى. ئۆزىمۇ بىر ئوقۇمۇشلۇق ئادەم ئىدى. ھېلىقى خەزىنىسىنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا گەپ - سۆزى خېلى جايىدا ئىدى. لېكىن، بۇ ھەقتە سۆزلەپ قالسىلا ئۇنىڭ ساراڭلىقىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى.

— بۇنداق كېسەللىكنى بىز بىر پىكىرنىڭ سەۋدايىلىقى دەيمىز، — دېدى دوختۇر.

— سىز ئۇنىڭدىن ھېچقاچان نارازى بولمىغانمۇ؟ — دەپ سورىدى تۈرمە باشلىقى، ھەزرەتكە تاماق توشۇيدىغان گوندىپايدىن.

— ھېچقاچان، جانابىي تۈرمە باشلىقى، — دېدى گۈندىپاي، — ھېچقاچان نارازى بولمىغان. ئەكسىچە، ئۇ ماڭا ھەر خىل ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، مېنى كۈلدۈرەتتى. بىر قېتىم مېنىڭ ئايالىم ئاغرىپ قالغاندا، ئۇ بىر تۈرلۈك دورا يېزىپ بېرىپ، ئۇنى ساقايتقانىدى.

— مۇنداق دەڭ! — دېدى دوختۇر، — ئۇنىڭ مەن بىلەن كەسىپداش بولغانلىقىنى ئۇقماپتىكەنمەن. جانابىي تۈرمە باشلىقى، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ئاخىرىدا كۈلۈپ تۇرۇپ، — دەپنە ئىشىدا ئۇنىڭغا بىر ئاز ئېتىبار قىلارسىز.

— ھەئە، ھەئە، خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىززىتىگە مۇۋاپىق ھالدا بۇ يەردىن تېپىشقا بولىدىغان ئەڭ يېڭى تاغارغا سېلىنىدۇ. قانداق، بولامدۇ؟

— بۇ ئىشنى سىزنىڭ ئالدىڭىزدىلا پۈتتۈرۈشنى بۇيرۇمسىز، جانابىي باشلىق، — دەپ سورىدى گۈندىپاي.

— ئەلۋەتتە. لېكىن، چاققانراق پۈتتۈرۈڭلار. مەن بىر كۈن كەچكىچە بۇ كامېردا تۇرمايمەن - دە.

يەنە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشلار باشلاندى. بىر ئازدىن كېيىن دانتېس تاغارنىڭ شىرىقلىغىنىنى ئاڭلىدى، كارىۋات غىچىرلىدى، ئېغىرلىق كۆتۈرۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ سالماقلىق قەدەملىرى ئاڭلاندى، ئاندىن، كارىۋات يەنە غىچىرلىدى.

— خەير، كەچتە كۆرۈشەيلى، — دېدى تۈرمە باشلىقى.

— جىنازا نامىزى ئوقۇلامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئوفىتسېرلاردىن بىرى.

— ئۇنداق قىلالمايمىز، — دېدى تۈرمە باشلىقى، — تۈرمە روھانىيسى تۈنۈگۈن مەندىن بىر ھەپتىلىك رۇخسەت سوراپ گىيېرغا كېتىپ قالدى. ئۇ كەلگۈچە مەھبۇسلارنىڭ



ئىش - كۈشلىرىنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرماقچى بولغانىدىم. بىچارە ھەزرەت مۇنچىۋالا ئالدىراپ كەتمىگەن بولسا، ياخشىلاپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ قوياتتۇق.

— كېرەك يوق، — دېدى دوختۇر، ئۆز كەسپىدىكى كىشىلەرگە خاس ئەركىن پىكىرلىك بىلەن، — ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر روھانىي زات ئەمەسمۇ. تەڭرى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، دوزاخنىڭ بۇنداق بىر ھەزرەتنى كۆيدۈرۈپ ئوينىشىغا يول قويماس.

بۇ رەزىل چاقچاققا ئەگىشىپ، قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈشلەر ئاڭلاندى. بۇ ئارىدا جەسەت تاغارغا سېلىنىپ بولدى.

— كەچتە كۆرۈشەيلى! — دەپ تەكرارلىدى تۈرمە باشلىقى، ھەممە ئىش پۈتكەندىن كېيىن.

— سائەت نەچچىدە؟ — دەپ سورىدى گۈندىپاي.

— سائەت ئون - ئون بىرلەردە.

— جەسەتنىڭ يېنىغا قاراۋۇل قويامدۇق؟

— نېمىشقا؟ تىرىك ۋاقتىدىكىگە ئوخشاشلا تېشىدىن قۇلۇپ سېلىپ قويسىڭىز بولىدىغۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قەدەم تاۋۇشلىرى ئۇزاپ كەتتى، ئاۋازلار يىراقلاشتى. يېپىلغان ئىشىكنىڭ قاتتىق غىچىلدىشى ۋە قۇلۇپنىڭ تاراقلىشى ئاڭلاندى. سۈرلۈك جىمجىتلىق، ئەمدى يالغۇزلۇقنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۆلۈمنىڭ جىمجىتلىقى ئېدمونىڭ مەجرۇھلانغان قەلبىنى چۇلغىۋالدى. ئۇ، بېشى بىلەن ياپىلاق تاشنى ئاستا كۆتۈردى ۋە كامېر ئىچىگە ئېھتىيات بىلەن قاراپ چىقتى. كامېر ئىچى بوش ئىدى. دانتېس يەر ئاستى يولدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

## يىگىرمىنچى باب

# ئۆي قەلئەسىنىڭ قەبرىستانلىقى

تۆرمە دېرىزىسىدىن تۇمانلىق تاڭنىڭ نۇرسىز يورۇقلۇقى چۈشۈپ تۇرغان كارىۋات ئۈستىدە قوپال توقۇلغان تاغار ياتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن سوزۇلغان جانسىز گەۋدىنىڭ شەكلى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ، دەل گۈندىپايلار كېپىنى قىلىشقان، ھەزرەتنىڭ ھېلىقى ئەرزان باھالىق كېپىنى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىش تامام. دانتېس ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستى بىلەن جىسمانىي جەھەتتىن ئايرىلدى. ئۇ ئەمدى فارىيانىڭ گويا ئۇ دۇنياغا قاراش ئۈچۈن ئېچىلىپ قالغان كۆزلىرىنى كۆرەلمەيدۇ، جاھاننىڭ تىلسىماتلىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يوشۇرۇپ تۇرغان نىقابىنى كۆتۈرۈپ ئاچقان فارىيانىڭ چىۋەر قوللىرىنى ئەمدى ئۆز قولىغا ئېلىپ قىسالمايدۇ. ئۇ شۇنچە ئىچەكىشىپ كەتكەن فارىيا، مېھرىبان، تەجرىبىلىك يولداش ئەمدى پەقەت ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىلا مەۋجۇت ئىدى. دانتېس ئاچچىق مۇسىبەت قايغۇسى ئىچىدە بۇ دەھشەتلىك كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى.

يالغۇزلۇق! يەنە يالغۇزلۇق! يەنە پىنھانلىق ۋە جىمجىت مۇھىت! يالغۇزلۇق! ئۇنى ھاياتقا چېتىپ تۇرغان بىردىنبىر ئادەمنى ئەمدى كۆرمەسلىك، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماسلىق! بۇنداق ياشىغۇچە، فارىياغا ئوخشاش، ھاياتنىڭ چىن مەنىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا كەتكەن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟ ھەتتا بۇنىڭ ئۈچۈن دەھشەتلىك قىيىنىلىش ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشكە



توغرا كەلسىمۇ مەيلى ئەمەسمۇ. قەدىرلىك دوستى تەرىپىدىن قوغلاپ كەتكۈزۈۋېتىلگەن. ئۇنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئۆلۈش ھەققىدىكى خىياللار گويا فارىيانىڭ جەسىدى يېنىدىكى ئەرۋاھدەك قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقتى.

— ئەگەر ئۆلەلىگەن بولسام، — دېدى ئۇ، — مەنمۇ ئۇنىڭ ئىزىدىن بېسىپ بېرىپ، باقى ئالەمدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەتتىم. ئەمما، قانداق ئۆلۈشكە بولىدۇ؟ بۇنىڭدىن ئاسان ئىش يوق، — دەپ داۋام قىلدى ئۇ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىمەن، ئىشىكتىن كىم كىرسە شۇنىڭغا ئېتىلىپ بېرىپ، بوغۇپ جېنىنى چىقىرىۋېتىمەن. شۇنىڭ بىلەن مېنىمۇ ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرىشىدۇ.

لېكىن. كۈچلۈك قايغۇ - ھەسرەتنىمۇ، خۇددى كۈچلۈك بوراندىكى دېڭىزدىكىگە ئوخشاش، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوزغىلىپ كېلىۋاتقان دولقۇنلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان بوشلۇق بولىدۇ. دانتېس، نامەرتلەرچە ئۆزىنى ھالاك قىلىشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ سەسكىنىپ كەتتى ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن قايتتى. ئۇنىڭ ھاياتقا، ئەركىنلىككە بولغان تەشنالىقى ئۇلغايدى.

— ئۆلۈش؟ ياق! — دەپ خىتاب قىلدى ئۇ، — شۇنچە ئېغىر كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ، شۇنچە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى تارتىپ، ئاقىۋەتتە مۇنداق ئاسانلىقچە ھالاك بولۇش مۇمكىن ئەمەس! ئۆلۈش! مەن بۇنىڭدىن كۆپ يىللار بۇرۇنقى نادانلىقىمدا شۇنداق قىلىشىم مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئەمدى شۇم تەقدىرنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇق بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن. ياق! مەن ياشاشنى خالايمەن، ئاداققىچە كۈرەش قىلىشنى خالايمەن! زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىنغان بەختىمنى جەڭ بىلەن قايتۇرۇۋېلىشنى خالايمەن! ئۆزۈم ھالاك بولۇشتىن ئاۋۋال ماڭا سۇيىقەست قىلىشقان جاللاتلاردىن قىساس ئېلىشىم كېرەك ۋە كىم بىلسۇن؟

ماڭا ھەقىقىي دوستلۇقنى ساقلاپ قالغان ئازغىنا ئادەملەر چىقىپ قالسا، ئۇلارغا ياخشىلىق ياندۇرۇشۇم كېرەك. بىراق، مەن بۇ يەردە، تۈرمىدە كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كەتتىم، بۇ يەردىن پەقەت فارىياغا ئوخشاش بولۇپلا چىقالايمەن.

شۇ گەپلەر بىلەن ئۇ، خۇددى توساتتىن بىر جاسارەتلىك پىكىرگە كېلىپ قالغان ئادەمدەك ئۇدۇلدىكى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى. ئۇ، ئورنىدىن دەس تۇردى، خۇددى بېشى ئايلىنىپ كەتكەندەك ئالقىنى بىلەن پېشانىسىنى چىڭ بېسىپ تۇتتى، كامىر ئىچىنى ئالدىراشلىق بىلەن بىر ئايلىنىپ چىقتى ۋە يەنە كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى.

— بۇ پىكىرنى مېنىڭ دىلىمغا كىم سالدى؟ — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — سەن ئۆزۈڭ ئەمەسمۇ، ياراتقان ئىگەم! ئەگەر بۇ يەردىن پەقەت ئۆلۈكلەرلا چىقالايدىغان بولسا، ئۆلۈكلەرنىڭ ئورنىنى ئالايلى.

ئۇ، قاراملىقنىڭ تەۋەككۈلىگە ئۆزىنىڭ ئىككىلىنىشلىرى توسالغۇ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، جىددىيلىشىپ كەتمەسلىككە تىرىشىپ ئېڭىشتى - دە، ھەزرەتنىڭ پىچىقى بىلەن بۇ دەھشەتلىك تاغارنىڭ تىكىشىنى كەستى ۋە جەسەتنى تاغاردىن چىقاردى. ئاندىن، ئۇنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ئۆزىنىڭ كامىرىغا يۆتكەپ چىقتى ۋە ئۆزىنىڭ كارىۋىتىغا ياتقۇزدى، ئۇنىڭ بېشىنى ئۆزىنىڭ لۆڭگىسى بىلەن تېڭىپ، ئۈستىگە يوتقان يېپىپ قويدى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇنىڭ سوغۇق پېشانىسىغا سۆيۈپ قويدى، يوغان ئېچىلىپ قالغان قورقۇنۇچلۇق، نۇرسىز كۆزلىرىنى يۇمغۇزۇشقا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتى؛ گۇندىپاي كىرگەندە مەھبۇس ئۇخلاپ قاپتۇ دەپ ئويلىسۇن دەپ، رەھمەتلىكنى تام تەرەپكە قارىتىپ ياتقۇزدى. شۇنىڭدىن كېيىن، يەر ئاستى يولغا چۈشۈپ كارىۋاتنى تارتىپ تامغا تاقاپ قويدى ۋە



ھەزرەتنىڭ كامىرىغا قايتىپ چىقىپ، يوشۇرۇن جايدىن يىپ-يىڭنىنى ئالدى، تىكىشتىن سۆكۈلگەن تاغارغا ئۆزى كىرىۋالدى، دەسلەپتە جەسەت قانداق ياتقان بولسا، شۇ ھالەتتە ياتتى ۋە تاغارنى ئىچىدىن يۆمەپ تىكىۋەتتى.

ئەگەر شۇ تاپتا كامىرغا بىرەر ئادەم كىرىپ قالغان بولسا، دانتېسنىڭ دۈكۈلدەپ ئۇرۇۋاتقان يۈرىكى ئۇنى ئاشكارىلاپ قويار ئىدى. ئەسلىدە ئۇ، بۇ ئىشنى بۇنچىلىك ئالدىراپ كەتمەستىن، كەچكە يېقىن گۇندىپاي كىرىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قىلسىمۇ بولاتتى. لېكىن، ئۇ، تۈرمە باشلىقىنىڭ ئۆز قارارىنى ئۆزگەرتىپ، مېيىتنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى يوققا چىقاتتى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ بىر قارارغا كەلدى.

دانتېسنىڭ پىلانى مۇنداق ئىدى. ئەگەر مازارغا كېتىۋاتقان يولدا گۆركارلار ئۆزلىرىنىڭ تىرىك ئادەمنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىشسا، دانتېس ئۇلارنىڭ ئېسىنى يىغىۋېلىشىغا يول قويماستىن، پىچاق بىلەن تاغارنى باشتىن-ئاياغقا يېرىپ تاشلايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھودۇقۇپ قالغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ قېچىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولسا، ئۇ پىچاقنى ئىشقا سالىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۇنى مازارغا ئېلىپ بېرىپ گۆرگە سالسا، ئۇ ئۆزىنى تۇپا بىلەن كۆمۈۋېتىشكە يول قويىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ ئىش كېچىلىك قاراڭغۇدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، گۆركارلار كېتىشى بىلەنلا ئۇ يۇمشاق تۇپىنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ، ئۆز ئۈستىگە تاشلىنىدىغان تۇپىنىڭ سالمىقىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك ئېغىر بولماسلىقىغا ئۈمىد باغلايتتى. مۇبادا، ئۇ خاتالاشقان بولۇپ، تۇپا ئارتۇقچە ئېغىر بولۇپ كەتسە، ئۇ تۇنجۇقۇپ

ئۆلدۇ؛ شۇنداق بولغىنىمۇ تۈزۈك، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممىدىن بىراقلا قۇتۇلدۇ. دانتېس تۈنۈگۈنكى كۈندىن بۇيان ھېچنېمە يېمىگەن بولسىمۇ، قورسىقى ئاچقاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ھازىرمۇ قورسىقىنى ئويلىمايتتى. ئۇنىڭ ئەھۋالى شۇنچىلىك خەتەرلىك ئىدىكى، ھېچنېمىنى ئويلىغۇچىلىكى يوق ئىدى.

دانتېسنىڭ كۆز ئالدىدىكى بىرىنچى خەۋپ شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدىكى، گۇندىپاي كەچ سائەت يەتتىدە غىزا ئېلىپ كىرگەندە بۇنداق ئورۇن ئالماشتۇرۇشنى بىلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. بەختكە يارىشا، دانتېس ئىچى پۇشقانلىقتىن ياكى ھارغانلىقتىن كەچكى غىزانى كۆپ قېتىم كارىۋاتتا يېتىپ كۈتكەن ئىدى. بۇنداق چاغلاردا گۇندىپاي ئادەتتە شورپا بىلەن ناننى شىرەگە قوياتتى-دە، گەپ قىلماستىن چىقىپ كېتەتتى. لېكىن، بۇ قېتىم گۇندىپاي ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، دانتېسقا گەپ قىلىپ قېلىشى ۋە دانتېس جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ ئالدامچىلىقنى بىلىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى-دە.

سائەت يەتتىگە يېقىنلاشقانسېرى دانتېسنىڭ تەشۋىشى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇ، بىر قولىنى كۆكرىكىگە بېسىپ يۈرىكىنىڭ تىپىشىنى پەسەيتىشكە تىرىشاتتى، يەنە بىر قولى بىلەن يۈزىنى بويلاپ سۇدەك ئېقىۋاتقان تەرنى سۈرتەتتى. تۇرۇپلا، پۈتۈن بەدىنى تىترەپ، يۈرىكى سىقىلىپ كېتەتتى. لېكىن، ۋاقىت ئۆتۈۋەردى، قەلئە ئىچىدە ھېچقانداق ئالتۇپىلاڭ كۆتۈرۈلمىدى. دانتېس بىرىنچى خەۋپنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندى. بۇ، ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئىدى. ئاخىرى، تۈرمە باشلىقى بەلگىلەپ قويغان سائەت توشقاندا پەلەمپەيدىن قەدەم ئاۋۇشلىرى ئاڭلاندى. ئېدمون ئىنتىزارلىق پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ، بارلىق غەيرىتىنى يىغىپ، نەپىسىنى چىقارماسلىققا تىرىشتى ھەمدە خۇددى نەپىسىنى توختىتىپ قالالىغاندەك، يۈرىكىنىڭ



شىددەتلىك سوقۇشىنىمۇ توختىتىۋالالمايدىغانلىقىغا قاتتىق ئېچىندى.

قەدەم ئاۋۇشلىرى ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىدى. دانتېس ئىككى ئادەمنىڭ قەدەملىرىنى پەرق ئېتەلىدى ۋە ئۇنى ئېلىش ئۈچۈن ئىككى گۆركار كەلگەنلىكىنى پەملىدى. ئۇ، يەرگە قويۇلغان زەمبىلنىڭ تاراقلىغىنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ پەرىزىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى چۈشەندى. ئىشىك ئېچىلدى. دانتېس ئۆزىنى قاپلاپ تۇرغان تاغارنىڭ تۆشۈكچىلىرىدىن ئۇ ياتقان كارىۋاتقا يېقىنلاپ كەلگەن ئىككى ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆردى. ئۈچىنچى ئادەم قولىدا پانەر، چىراغ تۇتقان ھالدا بوسۇغىدا توختاپ قالدى. ئىككى گۆركار كېلىپ تاغارنىڭ ئىككى چېتىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈشتى.

— بۇ قېرى كۆرۈنۈشكە شۇنچە ئاۋاق ئىدى، كۆتۈرۈشكە ئانچە يېنىك ئەمەس ئىكەن، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى، دانتېسنىڭ بېشىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈۋېتىپ.

— ئادەمنىڭ ئۇستىخانلىرىغا ھەر يىلى يېرىم فۇنت ئېغىرلىق قوشۇلىدۇ، دېگەن گەپ بار، — دېدى يەنە بىرى، ئۇنىڭ پۇتلىرىدىن كۆتۈرۈپ.

— باغلايدىغان نەرسىنى تەييارلاپ قويغانمۇ؟ — دەپ سورىدى بىرىنچىسى.

— ئارتۇقچە ئېغىرلىقنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دەپ جاۋاب بەردى ئىككىنچىسى. — شۇ يەرگە بارغاندا باغلىمامدىم.

— بۇ گېپىڭمۇ توغرا. ھە، ماڭايلى ئەمىسە.

«باغلايدىغان نەرسە دېگىنى نېمىسىدۇر؟» دەپ ئويلاپ قالدى دانتېس.

ساختا ئۆلۈكنى كارىۋاتتىن ئېلىپ زەمبىلگە ياتقۇزۇشتى.

ئىدمون قېتىپ قالغان مۇردىغا تەقلىت قىلىپ پۈتۈن بەدىنىنى كىرىشتۈردى.

زەمبىل كۆتۈرگەنلەر ئالدىدا كېتىۋاتقان كۆزەتچىنىڭ قولىدىكى چىراغنىڭ يورۇقىدا پەلەمپەي ئارقىلىق يۇقىرىغا چىقىشتى. بىردىنلا دانتېسقا كەچنىڭ ساپ ۋە سالقىن ھاۋاسى ئۇرۇلدى. ئۇ، دېڭىزدىن ئۇرۇلىۋاتقان شامالنى پەملىدى. بۇ ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان سېزىم ھوزۇر ۋە تەشۋىش بىلەن تولغانىدى. گۆركارلار 20 قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن توختاپ زەمبىلنى يەرگە قويۇشتى. ئۇلارنىڭ بىرى بىر چەتكە مېڭىپ كەتتى ۋە دانتېس ئۇنىڭ پاشنىلىرىنىڭ تاشقا ئۇرۇلۇپ ئۇزاپ كېتىۋاتقانلىقىنى تىڭشاپ ياتتى.

«مەن ھازىر قەيەردە؟» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— ئەجەبمۇ ئېغىرغۇ بۇ، — دېدى دانتېسنىڭ يېنىدا قالغان گۆركار، زەمبىلنىڭ بىر يېنىغا ئولتۇرۇپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەنلا دانتېسنىڭ مېڭىسىگە تاغاردىن بوشىنىپ چىقىش خىيالى كەلدى، لېكىن بەختكە يارىشا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— ھەي، كالۋا، چىراغنى ئەكەلمەمسەن، — دېدى بىر چەتكە كەتكەن ھېلىقى گۆركار، — بۇ قاراڭغۇدا ئىزدىگەن نەرسىنى زادىلا تاپالمايۋاتىمەن.

گەرچە بۇ گەپلەر شۇنچە قوپاللىق بىلەن ئېيتىلغان بولسىمۇ، چىراغ كۆتۈرگەن ئادەم ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلدى.

«ئۇ، نېمىنى ئىزدەۋاتقاندۇر؟ — دەپ ئويلىدى دانتېس، — گۆرجەكنىمۇ»؟

گۆركارنىڭ خۇشال بولۇپ بىر قىچقىرىپ قويغان ئاۋازى ئۇنىڭ لازىم بولغان نەرسىنى تاپقانلىقىدىن دېرەك بەردى.

— يائاللا، — دېدى ئىككىنچى گۆركار، — ئەجەبمۇ تەستە تاپتىڭغۇ.



— ھە، نېمە بولدى، — دېدى بىرىنچىسى، — ئۇنىڭغا ئالدىراش يوققۇ.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ئىدمونىنىڭ يېنىغا كەلدى-دە، قانداقتۇ بىر سالماقلىق نەرسىنى ئۇنىڭ يېنىغا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى ئارغامچا بىلەن قاتتىق بوغۇپ باغلاشتى.

— ھە، باغلاپ بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئىككىنچى گۆركار.

— باغلىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى يەنە بىرى، — راسا چىڭ تارتىپ باغلىۋەتتىم.

— ئۇنداق بولسا ماڭايلى.

ئۇلار يەنە زەمبىلنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتى. 50 قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن توختاشتى، قانداقتۇ بىر دەرۋازا ئېچىلدى ۋە يەنە مېڭىشتى. زەمبىل كۆتۈرگەن گۆركارلار ئالغا ئىلگىرىلىگەنسېرى، قەلئەنىڭ تېگىدىكى قىيا تاشلارغا ئۇرۇلۇۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ شاۋقۇنى شۇنچە ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— بۈگۈن ھاۋا رايى ناچار! — دېدى زەمبىل كۆتۈرگۈچىلەرنىڭ بىرى، — بۇنداق كېچىدە دېڭىزغا چۈشۈش دېگەن بىر جاپا!

— شۇنداق! ھەزرىتىم تۆكۈپ قالىدىغان بولدى-دە، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

ۋە ھەر ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. دانتېس بۇ چاقچاقنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدى، لېكىن ئۇنىڭ چاچلىرى دىڭ تۇرۇپ كەتتى.

— ھە، مانا يېتىپ كەلدۇق، — دېدى بىرىنچى گۆركار.

— نېرىغىراق بارايلى، نېرىغىراق، — دېدى يەنە بىرى، — ئۆتكەن قېتىم تاشلىغان چېغىمىزدا سۇغا يېتىپ بارماستىن، تاشنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ مىجىقى چىقىپ

گەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدىكىمۇ. يەنە تېخى ئەتىسى تۇرمە ئاشلىقى بېرىنى ھۆرۈن دەپ خاپا بولغان ئەمەسمۇ.

ئۇلار يۇقىرىغا ئۆرلەپ يەنە بەش - ئالتە قەدەم ماڭدى. شۇنىڭدىن كېيىن دانتېس ئۆزىنىڭ بېشىدىن ۋە پۇتلىرىدىن كۆتۈرۈشۈپ ئۇياق - بۇياققا چايقاۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— بىر! — دېدى گۆركار.

— ئىككى!

— ئۈچ!

شۇ ھامان دانتېس ئۆزىنىڭ پايانسىز بوشلۇققا تاشلىنىپ خۇددى يارىدار بولغان قۇشقا ئوخشاش ھاۋانى يېرىپ تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى. يۈرەكنى مۇزدەك توڭلىتىۋەتكەن دەھشەت ئىچىدە تۆۋەنگە قاراپ ئۇچقاندەك چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىپ تۇرغان قانداقتۇ بىر ئېغىر نەرسە گەرچە ئۇنىڭ تېزلىكىنى ئاشۇرۇپ تۆۋەنگە تارتىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا گوياكى چەكسىز ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە تۆۋەنگە قاراپ ئۇچۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئاخىرى، ئۇ قۇلاق - مېڭىنى يېرىۋەتكۈدەك «گۇلدۇر - گۇپپاڭ» قىلىپ، مۇزدەك سۇغا ئوقيادەك سانجىلىپ كىرىپ كەتتى. ۋە ئۇ «ۋاي!» دەپ ۋارقىراپ قىلىشى بىلەنلا ئاغزى - بۇرنىغا سۇ تىقىلىپ ئاۋازى يوقالدى.

دانتېس دېڭىزغا تاشلانغانىدى ۋە ئۇنىڭ پۇتلىرىغا باغلاپ قويۇلغان 36 فۇنتلۇق چويۈن ئۇنى دېڭىزنىڭ قەھرىگە تارتىپ ئېلىپ بارماقتا ئىدى.

دېڭىز — ئىف قەلئەسىنىڭ قەبرىستانلىقى.



# يىگىرمە بىرىنچى باب

## تىبۇلىن ئارىلى

دانتېس مېڭىسى گاراڭلىشىپ، تۇنجۇقۇپ قېلىشقا ئاز قالغان بولسىمۇ، نەپسىنى توختىتىۋالالىدى. ئۇ ئوڭ قولىدا پىچاقنى تەييار ھالەتتە تۇتۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن چاققانلىق بىلەن تاغارنى كېسىپ يىرتىۋەتتى - دە، ئالدى بىلەن قولىنى، ئاندىن بېشىنى چىقاردى. ئەمما، چويۈننى كۆتۈرۈشكە ھەرقانچە تىرىشىپ باقسىمۇ، ئۇ دانتېسنى دېڭىزنىڭ قەھرىگە سۆرەپ كېتىۋەردى. ئاخىرى، ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ، پۇتلىرى باغلانغان ئارغامچىنى تۇتتى ۋە دەل ئۆزى تۇنجۇقۇپ قېلىۋاتقان پەيتتە ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈچىنىش بىلەن ئارغامچىنى كېسىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، چويۈن ئۇنىڭغا كېپەن بولۇپ قېلىشقا تاس قالغان تاغارنى دېڭىزنىڭ ئاستىغا ئېلىپ كېتىۋەردى، دانتېس بولسا، پۇتلىرى بىلەن ئىتتىرىلىپ، سۇ يۈزىگە شۇڭغۇپ چىقتى.

دانتېس پەقەت بىر قېتىملا نەپەس ئالدى - دە، يەنە سۇغا باش چۆكۈرۈپ كىرىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ھەممىدىن بەكرەك ئۆزىنىڭ كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ئۇ، ئىككىنچى قېتىم سۇ ئۈستىگە چىققاندا، ئۆزىنىڭ تاشلانغان جايىدىن كەم دېگەندە 50 قەدەمچە نېرىدا ئىدى. ئۇ، ئۆز ئۈستىدە قاپقارا ئاسماننى كۆردى. ئاسماننى بويلاپ بۇلۇتلار تېزلىك بىلەن ئۈزۈپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ كۆكنىڭ بىر پارچىسى ئېچىلىپ قالاتتى - دە، ئۇ يەردىن بىر - ئىككى يۇلتۇز غىل - پال كۆرۈنۈپلا كۆزدىن غايىب بولاتتى.

ئۇنىڭ ئالدىدا. بوراندىن بىشارەت بېرىپ داۋالغۇپ تۇرغان قاپقاراڭغۇ مۇدھىش دېڭىزنىڭ بىپايان كەڭلىكى قۇچاق ئېچىپ يېيىلغانىدى. ئارقىدا، دەھشەتلىك تىلسىماتقا مىسال بولۇپ، دېڭىزدىنمۇ، ئاسماندىنمۇ بەتتەر قاپقارا گرانىت قەلئە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك تىك چوققىسى بەجايىكى، قېچىپ كېتىۋاتقان ئولجىنىڭ كەينىدىن سوزۇلغان قارا قولغا ئوخشاپ تۇراتتى. ئەڭ ئېگىز قىيا تاشنىڭ ئۈستىدە پىلىلداپ كۆرۈنۈۋاتقان چىراغ ئىككى ئادەمنىڭ كۆلەڭگىسىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. دانتېسقا، ھەر ئىككى كۆلەڭگە پايىپېتەك بولۇپ دېڭىزغا قاراۋاتقاندەك كۆرۈندى. بۇ غەلىتە ئالاھىدە گۆركارلار ئۇنىڭ دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا ۋارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا، دانتېس يەنە تۆۋەنگە شۇڭغۇپ، سۇ ئاستىدا ئۈزدى. بىر چاغلاردا ئۇ بۇنداق ئۇسۇلدا ئۈزۈشكە ئۇستا ئىدى. فارو قولتۇقىدا نۇرغۇنلىغان ھەۋەسكارلار ئۇنىڭ سۇ ئۈزۈشىنى كۆرۈشكە كېلەتتى ۋە ئۇنى مارسېل بويىچە ئەڭ ئۇستا سۇ ئۈزۈش ماھىرى دەپ ماختىشاتتى.

ئۇ، سۇ ئۈستىگە چىققاندا چىراغ كۆرۈنمىدى. ئۇ، ئەتراپىغا نەزەر سېلىشقا باشلىدى. ئىف قەلئەسىنىڭ ئەتراپىدىكى ئاراللاردىن راتونىنو بىلەن پومېگ ئەڭ يېقىن ئىدى. بىراق، راتونىنو بىلەن پومېگدا ئاھالە ياشايدۇ. شۇنداقلا، كىچىككىنە دوم ئارىلىدىمۇ ئادەم بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممىدىن بىخەتەر پاناھ جاي تىبۇلېن ۋە لېمېر ئاراللىرى ئىدى. بۇ ئاراللارنىڭ ھەرئىككىسى ئىف قەلئەسىدىن بىر مىل نېرىغا جايلاشقان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، دانتېس شۇ ئىككى ئارالنىڭ بىرىگە ئۈزۈپ يېتىشنى قارار قىلدى. لېكىن، بارغانسېرى جۇت بېسىپ كېتىۋاتقان تۈن قاراڭغۇسىدا بۇ ئاراللارنى قانداق تاپقىلى بولار؟ بۇ چاغدا ئۇ، يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان پلانىيې ماياكىنى كۆرۈپ



قالدى. ئۇدۇل ماياكقا قاراپ ئۈزگەندە، تىبۇلېن ئارىلى بىر ئاز سول چەتتىرەك قالاتتى. دېمەك، بىر ئاز سولغا چەتنەپ ئۈزسە ئۇ تىبۇلېن ئارىلىغا دۇچ كېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىف قەلئەسى بىلەن ئارالنىڭ ئارىلىقى كەم دېگەندە بىر مىل كېلەتتى. تۈرمىدە فارىيا، ئېدمونىنىڭ روھىي چۈشكۈنلۈككە ۋە ھورۇنلۇققا بېرىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە قېتىم: «دانتېس، ھەرىكەتسىز يېتىۋېرىپ بوشىشىپ كېتىشتىن ساقلىنىڭ. بەدەن چېنىقتۇرۇشنى تاشلىۋەتسىڭىز، دېڭىز ئارقىلىق قېچىشقا توغرا كەلگەندە سۇغا چۆكۈپ كېتىسىز» دېگەنىدى. ھازىر دانتېس ئۆز گەۋدىسىدە ھالاك قىلىشقا ئىنتىلگۈچى سۇنىڭ ئېغىرلىقىنى سېزىپ، بوۋايىنىڭ شۇ نەسىھىتىنى ئەسلىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ كۈچىنى سىناپ، دولقۇنلارنى كېسىپ ئۈزۈشكە باشلىدى. ئۇ، مەجبۇرىي بىكارچىلىق ئۇنىڭ چىدىملىقىنى ۋە ئەپچىللىكىنى قىلچە كېمەيتمىگەنلىكىنى، بالىلىق چاغلىرىدىلا ئادەتلەنگەن سۇ ئۈزۈش ماھارىتىنى يوقاتمىغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن ھېس قىلدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، قورقۇشتىن ئىبارەت بۇ جاھىل قامچىلىغۇچى دانتېسنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ تۇراتتى. دولقۇنلارنى يېرىپ كېتىۋېتىپ، ئۇ، شۈبھىلىك تاۋۇشلار ئاڭلىنىپ قالارمۇ دەپ دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى. ھەر قېتىم دولقۇنلار ئۇنى ئىرغىتىپ يۇقىرىغا كۆتۈرگەندە ئۇ چاققانلىق بىلەن ئۇپۇققا نەزەر تاشلاپ، تۈن قاراڭغۇلۇققا كۆز تىكەتتى. ئېگىزرەك ئۆرغۈپ چىققان ھەربىر دولقۇن ئۇنىڭغا گويا قوغلاپ كېلىۋاتقان قېيىققا ئوخشاش كۆرۈنەتتى ۋە تېخىمۇ كۈچىنىپ، جان - جەھلى بىلەن غۇلاچ ئېتىپ ئۈزۈپ كېتەتتى. بۇنداق قىلىش، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ يولىنى قىسقارتاتتى، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ دەرمانىنى خورىتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ

ئالغا قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋەردى ۋە دەھشەتلىك قەلئە ئاستا ـ ئاستا كىچىكلەپ تۇمان ئىلكىدە كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ، قەلئەنى كۆرمەيتتى. لېكىن كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

شۇ تەرىقىدە بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى، بۇ جەرياندا دانتېس ئەركىنلىكنىڭ ھاياتبەخش ئىلھامى بىلەن روھلىنىپ، كۆزلەنگەن نىشانىغا قاراپ دولقۇنلارنى يېرىپ ئىلگىرىلەپ بارماقتا ئىدى. «سۇدا ئۈزۈۋاتقىنىمغا بىر سائەت بولاي دەپ قالدى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — لېكىن، شامال ئالدىمدىن ئۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن تېزلىكىمنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى قولدىن بېرىپ قويغان بولۇشۇم مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ، يولدىن ئېزىپ كەتمىگەنلا بولسام، تىبۇلېن ئارىلىغا يېقىنلاپ قالغان بولىمەن. بىراق، يولدىن چەتنەپ كەتكەن بولسامچۇ»!

ئۇنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ، ھاردۇق ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئۇڭدىسىغا يېتىشقا ھەرىكەت قىلىپ باقتى. لېكىن، دېڭىز بارغانسېرى كۈچلۈك ئۆركەشلەۋاتقان بولغاچقا، ئۇ، بۇنداق قىلىپ ھاردۇق چىقىرىشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى.

— ئىلاجىم قانچە، — دېدى ئۇ، — مۇمكىن بولغانغا قەدەر، قوللىرىم تالغۇچە، كۈچۈم يەتكۈچە ئۈزۈپ باقىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇغا غەرق بولۇپ تۈگىشەرمەن!

ئۇ جان ئاچچىقىدا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۈزۈشنى داۋاملاشتۇردى.

تۇساتتىن، ئۇنىڭسىزمۇ قاپقارا بولۇپ كەتكەن ئاسمان تېخىمۇ تۇتۇلۇپ كەتكەندەك، قويۇق، ئېغىر، زىچ بۇلۇتلار ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆۋەنلەپ چۈشكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى ۋە شۇ ھامان ئۇ، تىزىنىڭ قاتتىق ئاغرىغانلىقىنى ھېس قىلدى. «پۇتۇمغا ئوق تەگدى، ھازىر ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ»، دېگەن خىيال ئۇنىڭ مېڭىسىدىن كەچتى. لېكىن، ئوق ئاۋازى ئاڭلانمىدى. ئۇ، قولىنى



پەسكە سوزغانىدى، قانداقتۇ بىر قاتتىق نەرسىگە ئۇرۇلدى. ئۇ، پۇتلىرىنى رۇسلىدى ـ دە، يەرگە دەسسەپ قالدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ، بۇلۇتتەك كۆرۈنگەن نەرسىنىڭ ئەسلىدە نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

20 قەدەمچە نېرىدا گىرەلىشىپ كەتكەن تىك قىيا تاشلار چوقچىيىپ تۇراتتى. بۇ قىيا تاشلار بەجايىكى راسا يالقۇنلاپ كۆيۈۋاتقان تاشقا ئايلىنىپ قالغان غايەت زور گۈلخاننىڭ شەكلىگە ئوخشايتتى. بۇ — تىبۇلېن ئارىلى ئىدى. دانتېس خۇداغا شۈكۈر ئېيتىپ، بىر نەچچە قەدەم ماڭدى ۋە شۇ پەيتتە ئۇنىڭغا ھەرقانداق يوتقاندىنمۇ يۇمشاق بىلىنگەن گرانىت تاشلارنىڭ ئۈستىگە پۇت ـ قولىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتتى. شۇندىن كېيىن ئۇ، شامالغا، بورانغا ۋە يېغىشقا باشلىغان يامغۇرغا قارىماي، گەرچە تېنى سىرتقى تەسىرنى سەزمىسىمۇ، لېكىن كۈتۈلمىگەن بەخت تۇيغۇسىدىن دىلى ياشناپ تۇرغان ئادەمدەك شىرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

بىر ھازادىن كېيىن، ئالەمنى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك گۈلدۈرماما ئېدموننى ئويغاتتى. بوران ئەۋجىگە يەتتى ۋە شىددەت بىلەن ئۇچۇپ كېلىپ، دېڭىز ھەم ئەرشنى قاناتلىرى بىلەن ئۇراشقا باشلىدى. گويا كى جاھاننى قىيامەت بېسىپ، ئوت يىلانغا ئوخشايدىغان چاقماقلار چېقىلىپ، كەينى ـ كەينىدىن قوغلىشىپ كېلىۋاتقان دولقۇن ۋە بۇلۇتلارنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

دېڭىزچىنىڭ تەجرىبىلىك كۆزلىرى خاتالاشمىدى. دانتېس ئىككى ئارالنىڭ ئالدىنقىسى بولغان تىبۇلېن ئارىلىغا كېلىپ قالغانىدى.

دانتېس بۇ ئارالنىڭ گىيا ئۈنمەس، تاقىر تاشلىق بولۇپ، بۇ يەردە جان بېقىشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن، ئۇ، بوران توختىغاندىن كېيىن يەنە دېڭىزغا چۈشۈپ لېمېر ئارىلىغا بېرىۋېلىشنى ئويلايتتى. ئۇ ئارالدىمۇ ھاياتلىق يوق، ئەمما، ئۇ

بىر قەدەر چوڭراق. شۇڭا ئۇنىڭدا يوشۇرۇنۇشمۇ ئاسانراق ئىدى.

لەمپىگە ئوخشاش ئېگىلىپ تۇرغان بىر تاش دانتېسقا ۋاقىتلىق دالدا بولدى. ئۇ ئاشۇ تاشنىڭ ئاستىغا كىرىپ تۇردى. بوران ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچ - قۇدرىتى بىلەن قۇتراشقا باشلىدى. ئېدمون ئۆزىگە دالدا بولغان قىيانىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىكى خادا تاشلارغا ئۇرۇلۇۋاتقان دولقۇنلاردىن چاچراپ چىققان سۇ تامچىلىرى ئۇنىڭ گەۋدىسىگە كېلىپ تېگەتتى. ئۇ، بىخەتەرلىكتە تۇرغان بولسىمۇ، قاتتىق شاۋقۇن - سۈرەن ۋە كۆزنى قاماشتۇرۇپ چېقىلىۋاتقان چاقماقتىن ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ كەتتى. تىترەپ تۇرغان ئارال، ئۇنىڭغا گوياكى لەڭگەر ئۈزۈپ كەتكەن كېمىگە ئوخشاش ئېغىپ بېرىپ، بۇ ئاپەت قاينىمىغا كىرىپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچنەرسە يېمىگەنلىكىگە بىر سوتكا بولۇپ قالغانلىقىنى يادىغا ئالدى. ئۇ، ئاچلىقتىن ئازابلانماقتا، تەشنالىقتىن قىينالماقتا ئىدى. دانتېس قوللىرىنى ۋە بېشىنى سىرتقا چىقىرىپ، قىيا تاشنىڭ بىر ئويمان يېرىگە يىغىلىپ قالغان يامغۇر سۈيىنى ئىچتى.

ئۇ، دەل بېشىنى سىرتقا چىقارغان مەزگىلدە، خۇددى ئەرشئەلانى يېرىۋەتكەندەك بولۇپ چېقىلغان چاقماق ئەتراپنى يورۇتۇۋەتتى. ئاشۇ چاقماقنىڭ يورۇقلۇقىدا، لىمبىر ئارىلى بىلەن كىرۇئاۋىل تۇمشۇقىنىڭ ئارىلىقىدىكى، يەنى دانتېستىن چارەك مىل يىراقلىقتىكى جايدا، بوران ۋە دولقۇنلارغا ئەسىر بولۇپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان، بەجايىكى ئەپسانىۋى ئەرۋاھتەك كىچىك كېمە بىر بىلىقچىلىق قېيىقى پەيدا بولدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بۇ ئەرۋاھ يەنە بىر دولقۇننىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. دانتېس ئۇلارنىڭ ھالاكەت قوينىغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ۋارقىرىماقچى بولدى. بىرەر پارچە لاتا



ئېپىپ ئۇلارغا بەلگە بەرمەكچى بولدى، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بۇ پاجىئەلىك ھالەتنى چۈشىنەتتى. ئىككىنچى قېتىم چېقىلغان چاقماقنىڭ يورۇقلۇقىدا ئېدمون قېيىقنىڭ ماچتا ۋە يان ياغاچلىرىغا يېپىشىۋالغان تۆت ئادەمنى كۆردى، بەشىنچى كىشى بولسا، چېقىلىپ كەتكەن رولىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. بۇ كىشىلەرمۇ ئۇنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇلارنىڭ جان ئاچچىقىدا نالە قىلىپ ۋارقىراشلىرى شامالنىڭ ئۇسقىرتىشى ئارىسىدىن ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا يېتىپ كەلدى. بەئەينى مەجنۇن تالدەك ئېگىلىپ تۇرغان موما ياغاچنىڭ ئۇچىدا پارچە - پارچە بولۇپ تىتىلىپ كەتكەن يەلكەن پالاقلاپ تۇراتتى. يەلكەننى تارتىپ تۇرغان تانىلار تۇيۇقسىزدىن ئۈزۈلۈپ كەتتى ۋە ئۇنى شامال ئۇچۇرتۇپ كەتتى. ئۇ، خۇددى قاپقارا بۇلۇتلار ئارىسىدىن غىل - پال كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كەتكەن يوغان ئاق قۇشقا ئوخشاش، زۇلمەتلىك پەلەكنىڭ قوينىدا كۆزدىن يوقالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قاتتىق قاراسلىغان سادا ئاڭلاندى. دانتېس دېڭىزغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ داد - پەريادلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ خۇددى قېتىپ قالغاندەك، قىياغا يېپىشىۋالغان پېتىچە غەزەپلىك دېڭىزدىن كۆزىنى ئالماي قاراپ تۇراتتى. يەنە بىر قېتىم چاقماق چېقىلغاندا ئۇ، پارە - پارە بولۇپ كەتكەن قېيىقنى. ئۇنىڭ سۇنۇقلىرى ئارىسىدا ئادەملەرنىڭ ئەس - ھوشىنى يوقاتقان چىرايلىرىنى ۋە ئاسمانغا سوزۇلغان قوللىرىنى كۆردى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ھەممە نەرسە تۈن قاراڭغۇسىدا غايىب بولدى. بۇ قاباھەتلىك كۆرۈنۈش چاقماقنىڭ بىر چېقىلىشىدەك ۋاقىت ئىچىدىلا يۈز بېرىپ تاماملاندى. دانتېس تېيىلغاق تاشلارغا دەسسەپ، ھېلىدىن - ھېلىغا دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىشكە تەۋەككۈل قىلىپ، ئالدىراشلىق بىلەن نۆۋەنگە چۈشتى. ئۇ، يىراق-

لارغا قاردى، تىڭشىدى، لېكىن ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى، ھېچنەرسە ئاڭلانمىدى. پەقەت بورانلا تەلۋىلەرچە گۈركىرىمەكتە ۋە دولقۇنلار كۆپۈكلىنىپ ئۇرغۇماقتا ئىدى.

ئاستا - ئاستا بوران تىنچىدى. گوياكى بوراندىن خۇنۇكلەشكەن كۆل رەڭ بۇلۇتلار پەلەكنى بويلاپ غەرب تەرەپكە ئۈزۈپ ئۆتمەكتە ئىدى. يەنىمۇ نۇرلانغان يۇلتۇزلار يالىڭاچلىنىپ، ئاسماننىڭ كۆكى كۆرۈندى. بىر دەمدىن كېيىن، شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان سۇزۇك قىزىل دائىرە قارا - كۆك ئۇپۇقنى يورۇتتى. ئۆركەشلەپ تۇرغان دېڭىزغا يورۇقلۇق تۆكۈلدى، كۆپۈكلىنىپ تۇرغان دولقۇنلار ئالتۇن رەڭلىك تۈس ئالدى. تاڭ ئاتتى.

دانتېس بۇ ھەيۋەتلىك مەنزىرىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك ھەيرەتتە قېلىپ، جىمجىتلىق ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. دەرۋەقە، ئۇ ئىف قەلئەسىگە قامالغاندىن بۇيان قۇياشنىڭ قانداق چىقىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇ، قەلئە تەرەپكە بۇرۇلدى ھەمدە ئۇزاق - ئۇزاقچە يەر ۋە دېڭىزغا نەزەر سېلىپ تۇردى. مۇدھىش ئىمارەت — قاراۋۇل ۋە ھۆكۈمران — دولقۇنلار كەينىدىن دەھشەت سالغان ھالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

تەخمىنەن ئەتىگەنكى سائەت بەش مەزگىلى ئىدى. دېڭىز ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشكىلى تۇردى.

«يەنە ئىككى - ئۈچ سائەتتىن كېيىن، — دېدى ئېدمون ئۆز ئىچىدە، — گوندىپاي مېنىڭ كامېرىمغا كىرىدۇ ۋە بىچارە دوستۇمنىڭ جەسىتىنى كۆرگەندىن كېيىن مېنى ئىزدەيدۇ، ئاندىن بۇ ئەھۋالنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىدۇ. ئۇلار تامدىكى تېشىلگەن جايىنى كۆرىدۇ، يەر ئاستى يول ئېنىقلىنىدۇ؛ ئۇلار مېنى دېڭىزغا تاشلىغان كىشىلەرنى سوراق قىلىشىدۇ. ئۇ كى-



شىلەر مېنىڭ ۋارقىرىغىنىمنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇندىن كېيىن، قوراللىق ئەسكەرلەر دەرھال قولۋاققا ئولتۇرۇپ، بەختى كاج قاچقۇننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا چىقىدۇ. زەمبىرەكلەر گۈمبۈرلەپ ئېتىلىپ، دېڭىز ياقىسىدىكى ھەرقايسى جايلارغا تېنەپ يۈرگەن ئاچ ھەم يالىڭاچ سەرگەردانغا پانا بەرمەسلىكنى جاكالايدۇ. مارسېلنىڭ ساقچى دائىرىلىرى خەۋەردار بولۇپ، پۈتۈن قىرغاقنى مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. بۇ ئارىدا، ئىف قەلئەسىنىڭ تۈرمە باشلىقى دېڭىزنى ئايلىنىپ ئىزدەشكە باشلايدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ دېڭىزدا قورشالغان، قۇرۇقلۇقتا تۇت - تۇتقا قالغان ھالەتتە مەن نەگە بارالايمەن؟ مېنىڭ قورسىقىم ئاچ، ئىچ - ئىچىمگە سوغۇق ئۆتۈپ كەتتى؛ سۇ ئۈزۈشكە كاشىلا بولمىسۇن دەپ، قۇتقۇزغۇچى پىچاقنىمۇ تاشلىۋەتكەن. مېنى تۇتۇپ بېرىپ 20 فرانك پۇل تېپىشنى قەستلىگەن ھەرقانداق ئادەم مېنى تۇتۇپ كېتەلەيدۇ. مېنىڭ ھازىر كۈچۈممۇ، غەيرىتىممۇ قالمىدى، نېمە ئويلاشنىمۇ بىلمەيمەن! خۇدايىم! خۇدايىم! تارتقان جەبىر - جاپالىرىمنى ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرىسەن، مېنى قۇتقۇزغىن، مەن ئەمدى ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرۇش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولدۇم!»

ئېدمون شۇ تەرىقىدە ھالسىراشتىن جۆيلۈپ قالغاندەك، قورقۇنچ ئىچىدە ئىف قەلئەسىگە قاراپ - خۇداغا نالە قىلىپ تۇرغاندا، يومىگ ئارىلىغا يېقىن جايدا، خۇددى سۇنى بېغىرلاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بېلىق ئالغۇچقا ئوخشاش بىر كىچىك كېمە كۆرۈنۈپ قالدى. تېخى تولۇق يورۇپ كەتمىگەن دېڭىزدىكى بۇ كېمىنىڭ گېنۇيادا ياسالغان بىر ماچتىلىق كېمە ئىكەنلىكىنى پەقەت دېڭىزچىنىڭ كۆزلىرىلا پەرق ئېتەلەيتتى. بۇ كېمە مارسېل پورتىدىن چىقىپ، ئوچۇق دېڭىزغا يول ئېلىپ بارماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر تۇمشۇقى ئالدى-

دىن ئىككىگە ئايرىلىپ سوزۇلغان ئاپئاق دولقۇنچىلار ئۆزىنىڭ كۆپۈكى يانلىرىغا يول ئاچاتتى.

— يېرىم سائەتتىن كېيىن مەن بۇ كېمىگە يېتىشىۋالالايتتىم، — دېدى ئېدمون ھاياجانلىنىپ، — ئەپسۇسكى، ئۇلار مېنىڭدىن گەپ سورىشى ۋە كىم ئىكەنلىكىمنى بىلىشىپ، مېنى مارسېلغا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇلارغا نېمە دېيىش كېرەك؟ ئۇلارنى ئالداش ئۈچۈن قانداق ھېكايىنى ئويلاپ چىقارسام بولىدۇ؟ بۇ كىشىلەر، — ئەتكەسچىلەر، دېڭىز قاراقچىلىرى. ئۇلار سودىنى نىقاب قىلىپ تۇرۇپ بۇلاڭچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئالىيجاناب خالىس ئىشقا بەل باغلاشتىن كۆرە مېنى سېتىۋېتىپ پايدا ئېلىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. كۈتۈپ تۇراي ... بىراق، ئەمدى كۈتۈشكە بولمايدۇ. مەن ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالدىم. يەنە بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈچ - قۇۋۋىتىم تۈگەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گۇندىپاينىڭ كامېرلارنى ئايلىنىش ۋاقتى يېقىنلىشىپ قېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ قاچقانلىقىم توغرىسىدا تېخى ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلمىدى، كېمىدىكىلەر مېنىڭدىن ئانچە گۇمانلىنىپ كېتىشمەس. مەن ئۆزۈمنى ئاخشامقى ۋەيران بولغان كېمىدىن قۇتۇلۇپ قالغان ماتروس دەپ تونۇشتۇرسام بولىدىغۇ. بۇ گەپكە ئىشىنىشكە بولىدۇ. بۇنى ئىنكار قىلىدىغان ھېچكىم يوق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېڭىزغا غەرق بولۇپ كېتىشتى. دۇرۇس، شۇنداق قىلىش كېرەك، ئالغا!

دانتېس ئاشۇ كىچىككىنە كېمە پاچاقلىنىپ كەتكەن تەرەپكە قارىدى - دە، شۈركۈنۈپ كەتتى. سۇنىڭ تېگىدىن چىقىپ تۇرغان خادا تاشنىڭ بىر بۇلۇڭىدا، دېڭىزغا غەرق بولغان ماتروسلاردىن بىرىنىڭ قالپىقى ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا يېقىن جايدا كېمىنىڭ سۇنۇقلىرى، يوغان لىم ياغاچلار



دولقۇندا چايقىلىپ ۋە ئارالنىڭ قىرغاقلىرىغا ئۇرۇلۇپ لەيلەپ يۈرەتتى. دانتېس ئەڭ ئاخىرقى ئىككىلىنىشلىرىنى چۆرۈپ تاشلىدى. ئۇ ئۈزۈپ بېرىپ قالپاقنى بېشىغا كىيدى، لىم ياغاچلاردىن بىرىگە ئېسىلدى - دە، كېمىنىڭ قارشى ئۇدۇلىغا قاراپ، ئۈزۈپ كەتتى.

— ئەمدى قۇتۇلدۇم، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ.

بۇ ئىشەنچ ئۇنىڭ مادارىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ، كېمىنىڭ شامالغا قارشى يۈرۈپ، ئىف قەلئەسى بىلەن كىلانيې ماياكىنىڭ ئارىلىقىدا گاھ ئۇياققا، گاھ بۇياققا بۇرۇلۇش ئۇسۇلى بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. دانتېس دەسلەپتە، كېمىنىڭ قىرغاققا يېقىن ماڭماي ئوچۇق دېڭىزغا كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. ئەگەر كېمە كورسىكا ياكى ساردىنىيىگە قاراپ ماڭغان بولسا شۇنداق بولاتتى. لېكىن، ئۇ كۆپ ئۆتمەستىن كېمىنىڭ ژاروس بىلەن كالا سارىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈشنى كۆزلەۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئادەتتە، ئىتالىيىگە ماڭىدىغان كېمىلەر شۇنداق قىلىدۇ. بۇ ئارىدا، كېمە بىلەن سۇ ئۈزگۈچى بىر - بىرىگە بارا - بارا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. كېمە بىر قېتىم شامالدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇدۇل يولدىن بەكرەك چەتكە چىقىپ كەتكەندە، دانتېسقا چارەك مىل كەلگۈدەك ئارىلىقتا كېلىپ قالدى. دانتېس سۇ ئۈستىگە بىرئاز كۆتۈرۈلدى ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قالپىقىنى پۇلاڭلاتتى. لېكىن كېمىدىكىلەر ئۇنى كۆرمىدى. كېمە يەنە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ ئۇدۇل يولغا چۈشتى. دانتېس ۋارقىرىماقچى بولۇۋىدى، ئەمما ئارىلىقنى مۆلچەرلەپ كۆرۈپ، شامال ۋە دولقۇنلارنىڭ شاۋقۇنى ئىچىدىن ئاۋازىنىڭ كېمىگە يېتىپ بارالمايدىغانلىقىنى پەملىدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ، لىم ياغاچقا ئېسىلىۋالغانلىقىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قانچىلىك ياخشى

بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ، شۇ قەدەر ھالسىزلانغان ئىدىكى، بۇ لىم بولمىسا كېمىگە يېتىشكۈچە سۇ ئۈستىدە تۇرالىشى ناتايىن ئىدى. مۇبادا كېمىدىكىلەر ئۇنى كۆرمەي ئۆتۈپ كېتىپ قالسا، ئۇ قايتىدىن قىرغاققا يېتىپ بارالماس ئىدى.

گەرچە دانتېس كېمىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىغا تولۇق دېگۈدەك ئىشەنچ ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى تەشۋىش بىلەن كۆزىتىپ باراتتى. ئاخىرى ئۇ، كېمىنىڭ ئۆزى تەرەپكە بۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ، كېمىنىڭ ئۇدۇلغا قاراپ ئۈزدى. بىراق، ئۇ، كېمىگە يېقىنلاشقۇچە كېمە يۆنىلىشىنى يەنە ئۆزگەرتىپ، باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇشقا باشلىدى. دانتېس بارلىق كۈچىنى يىغىپ سۇ يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقتى ۋە قالپىقىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ، سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى بىلەن، خۇددى دېڭىز ئەرۋاھىنىڭ ھۆركىرىگىنىدەك ۋارقىراپ كەتتى. بۇ قېتىم كېمىدىكىلەر ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇنى كۆردى. كېمە يۆنىلىشىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ تەرىپىگە بۇرۇلۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ، كېمىدىن قولۋاق چۈشۈرۈشكە تەرەددۇت قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بىردەمدىن كېيىن قولۋاق بىلەن ئىككى ئادەم چۈشۈپ، دانتېس تەرەپكە قاراپ پالاق ئۇرۇشقا كىرىشتى. بۇنى كۆرۈپ دانتېس لىمنى قويۇۋەتتى ۋە ئەمدى ئۇنىڭ لازىمى يوق دەپ ئويلاپ، تېزلىك بىلەن قولۋاقنىڭ قارشىسىغا قاراپ ئۈزۈپ كەتتى. لېكىن، سۇ ئۈزگۈچى ئۆزىنىڭ خارابلاشقان كۈچىنى مۆلچەرلىيەلمەي قالغانىدى. ئۇ ئەمدى، 100 قەدەمچە نېرىدا چايقىلىپ تۇرغان ئاشۇ بىر پارچە ياغاچنى قولىدىن چىقىرىۋەتكىنىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئۇنىڭ قوللىرى كۆيۈشۈپ، پۇتلىرى ئاجىزلىشىپ، ھەرىكەتلىرى قولاشماي قالدى، دېمى سىقىلىشقا باشلىدى.



ئۇ يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىدى. قولۋاقتىكىلەر تېخىمۇ تىرىشىپ پالاق ئۇرۇشتى ۋە ئۇلاردىن بىرى ئىتاليان تىلىدا:

— غەيرەت قىل! — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ ئىككى سۆز دانتېسنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، دولقۇن ئۇنى ئۇردى ۋە چاچراپ چىققان سۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلدى. ئۇ يەنە سۇ يۈزىگە شۇڭغۇپ چىقتى ۋە دەرمانسىزلىق بىلەن پالاقلاپ، ئۈچىنچى قېتىم بىر ۋارقىرىدى-دە، خۇددى ئۇنىڭ پۇتلىرىغا ھېلىقى چويۈن تېخىچە باغلىنىپ تۇرغانىدەك، دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇنى سۇ بېسىپ كەتتى، ئۇ سۇ ئىچىدىن ئاپئاق ئاسماننى ۋە قاپقارا داغلارنى كۆرگەنىدەك بولدى ۋە جان ئاچچىقىدا يەنە بىر كۈچىنىپ سۇ يۈزىگە چىقتى. شۇ ئارىدا ئۇ كىمدۇ بىرى ئۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ تارتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھېچنېمىنى كۆرمىدى، ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدى، ئۇ ھوشىدىن كەتتى.

دانتېس ھوشىغا كېلىپ، كۆزىنى ئاچقانىدا ئۆزىنىڭ كېمىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئەڭ ئالدى بىلەن، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپلا كېمىنىڭ قاياققا كېتىۋاتقانلىقىغا قارىدى. كېمە ئىف قەلئەسىدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى. دانتېس شۇنچىلىك ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدىكى، ئۇنىڭ خۇشاللىق بىلەن ئۈن چىقارغىنى گوياكى ئازابلىنىشتىن ئىڭرىغانىدەك ئاڭلىنىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، دانتېس كېمىدە ياتاتتى. ماتروسلاردىن بىرى يۇڭ رەخت بىلەن ئۇنىڭ بەدىنىنى سۈرتۈپ ئۇۋىلاۋاتاتتى؛ يەنە بىردىلەن، يەنى «غەيرەت قىل!» دەپ توۋلىغان ماتروس ئۇنىڭغا سۇدانىدىن بىرنېمە ئىچكۈزمەكچى بولۇۋاتاتتى؛ ئۈچىنچىسى، يەنى ھەم كېمە باشلىقى، ھەم كېمىنىڭ خوجايىنى بولغان قېرى دېڭىزچى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق نەزەرى

بىلەن قاراپ تۇراتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ تېخى تۈنۈگۈنلا مۇشۇنداق خەتەردىن ئامان قالغانىدى. لېكىن ئەتە يەنە شۇنداق خەتەرگە دۇچار بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

دانتېسنىڭ ئاغزىغا سۇدىن قۇيۇلغان بىرنەچچە تامچە كۈچلۈك ھاراق ئۇنى تېتىكلەشتۈردى. تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بەدىنىنى سۈرتۈۋاتقان ماتروسنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئۇيۇشۇپ كەتكەن ئەزالىرىغا جان كىردى.

— سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى كېمىنىڭ خوجايىنى، فرانسۇزچىنى بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلغان ھالدا.

— مەن مالتالىق ماتروس، — دەپ جاۋاب بەردى دانتېس، ئىتالىيانچىنى ناتوغرا تەلەپپۇز قىلىپ. — بىز سىراكۇزدىن شاراب ۋە گەزمال بېسىپ چىققانىدۇق. تۈنۈگۈن مورژىئون تۇمشۇقىغا يېقىنلاپ كەلگىنىمىزدە بوران چىقىپ، كېمىمىز ئەنە ئاۋۇ خادا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ ۋەيران بولدى.

— سىز ئۆزىڭىز قەيەردىن ئۈزۈپ كەلدىڭىز؟

— مەن قىيا تاشقا يامىشىپ چىقىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەنىدىم، بىزنىڭ بىچارە كاپىتانىمىز بېشىنى تاشقا ئۇرۇۋېلىپ قازا تاپتى. قالغان ئۈچەيلەنمۇ دېڭىزغا غەرق بولۇشتى. ئېھتىمال، يالغۇز مەنلا ھايات قالغان بولسام كېرەك. مەن سىلەرنىڭ كېمەڭلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ ئادەمزاتسىز چۆل ئارالدا ئۇزاققىچە تۇرۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئالدىڭلارغا ئۈزۈپ كەلدىم. تەشەككۈر سىلەرگە، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى دانتېس، — سىلەر مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭلار. مەن چۆكۈپ كېتىۋاتقاندا ئاراڭلاردىن بىر ماتروس چېچىمدىن تۇتۇۋالدى.

— بۇ مەن، — دېدى، قارا چىكە ساقاللىق، چىرايىدىن ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە كۆڭۈلچەكلىكى چىقىپ تۇرغان بىر ماتروس، — ھېلىمۇ دەل ۋاقتىدا تۇتۇۋاپتىمەن، بولمىسا چۆكۈپ كېتەتتىڭىز.



— شۇنداق، — دېدى دانتېس ئۇنىڭغا قولىنى بېرىپ، — شۇنداق، دوستۇم. سىزگە يەنە بىر قېتىم تەشەككۈر ئېيتىمەن.

— راستىنى ئېيتسام، مەن دەسلەپتە گۇمانلىنىپ قالغانىدىم، — دېدى يەنە ماتروس. — چاچلىرىڭىز شۇنداق ئۆسۈپ كېتىپتۇكى، سىزنى قاراقچىمىكىن دەپ قاپتىمەن.

دانتېس ئىف قەلئەسىگە قامالغاندىن بۇيان بىر قېتىممۇ چېچىنى ئالمىغانلىقىنى ۋە ساقىلىنى قىرمىغانلىقىنى ئەسلىدى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ، — مەن بىر قېتىم خەتەرگە يولۇققان چېغىمدا، ئىلاھ ئانىمىزنى تىلغا ئېلىپ، ئون يىلغىچە چېچىم بىلەن ساقىلىمنى چۈشۈرمەسلىككە ئەھدى قىلغانىدىم. مانا بۈگۈن دەل شۇ ئەھدىمنىڭ مۇددىتى تولغان كۈن. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ خاتىرىلىك كۈنۈمدە دېڭىزغا غەرق بولۇشقا تاس قالدىم.

— ئەمدى سىزنى قانداق قىلساق بولىدۇ؟ — سورىدى خوجايىن.

— قانداق قىلغۇلۇق! — دېدى دانتېس. — قانداق قىلىشنى خالىساڭلار شۇنداق قىلىڭلار. مەن خىزمەت قىلغان كېمە نابۇت بولدى، كاپىتان ھالاك بولدى. ئۆزىڭىز كۆرگەندەك، بىر مەنلا قۇتۇلۇپ قالدىم. بەختىمگە يارىشا، مەن كامالەتلىك دېڭىزچى. مېنى ئۆزۈڭلەر بارىدىغان شەھەردە قالدۇرۇپ كېتىڭلار، مەن ھەرقانداق سودا كېمىسىدە ئۆزۈمگە ئىش تاپالايمەن.

— سىز ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ قاتناش يوللىرىنى بىلەمسىز؟

— مەن بۇ دېڭىزنى باللىق چاغلىرىمدىن تارتىپ كېزىپ يۈرىمەن.

— كېمە توختىتىشقا ئەپلىك جايلارنى بىلەمسىز؟

— مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ كىرىپ - چىقالمايدىغان گاڭگۇلار بۇ ئەتراپتا ئاز ئۇچرايدۇ.

— ھە، قانداق، خوجايىن! — دېدى، دانتېسقا «غەيرەت قىل!» دەپ توۋلىغان ھېلىقى ماتروس. بۇ بۇرادەرنىڭ ئېيتقىنى راست بولسا، بىزنىڭ يېنىمىزدا قالسا بولمامدۇ؟

— شۇنداق، ئەگەر ئۇنىڭ ئېيتقىنى راست بولسا، — دېدى خوجايىن ئىشەنمىگەن ئاھاڭدا، — بۇ بىچارىنىڭ ھالىغا قالغىنىڭدا ھەرقانداق ۋەدىلەرنى بېرىۋېرىسەن، لېكىن ئەمەلىي ئىشقا كەلگەندە قولۇڭدىن نېمە كەلسە شۇنىلا قىلالايسەن.

— مەن، ۋەدە قىلغىنىمدىن كۆپرەك ئىشلارنى قىلالايمەن، — دېدى دانتېس.

— پاھ! — دېدى خوجايىن كۈلۈپ قويۇپ، — كېيىنچە كۆرۈپ باقارمىز.

— قاچان كۆرۈپ باقىمەن دېسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ، — دېدى دانتېس ئورنىدىن تۇرۇپ. — سىلەر نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟

— لىۋورنوغا.

— ئۇنداق بولسا، بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا چەتنەپ ئۈزۈۋاش بىلەن قىممەتلىك ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغۇچە، شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە يول تۇتساڭلار بولمامدۇ؟

— ئۇنداق قىلساق رىئون ئارىلىغا تاقىلىپ قالىمىز.

— يوقسۇ، بۇ ئارال 40 مېتىرچە چەتتە قالىدۇ.

— قېنى، ئەمىسە رولنى قولىڭىزغا ئېلىڭ، — دېدى خوجايىن، — سىزنىڭ قانداق باشقۇرىدىغانلىقىڭىزنى كۆرۈپ باقايلى.

ئېدمون رولنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، تۇتقۇچنى يېنىككىنە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كېمىنىڭ رولغا بويسۇنۇشىنى تەكشۈردى ھەمدە رولنىڭ سۈپىتى دېگەندەك ياخشى بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇيرۇق بەردى:



— يەلكەن چۈشۈرۈشكە تەييارلىنىڭلار!

تۆت ماتروستىن ئىبارەت كېمە خادىملىرى جاي - جايىغا تۇرۇشتى، خوجايىن ئۇلارنى كۆزىتىپ چەتتە تۇردى.

— ئۈستۈنكى يەلكەن يىغىلسۇن! تۆۋەنكى يەلكەن يېرىم چۈشۈرۈلسۇن! — يەنە بۇيرۇق بەردى دانتېس.

ماتروسلار بۇيرۇقنى تېزلىكتە بەجا كەلتۈردى.

— ئەمدى يەلكەنلەر باغلانسۇن!

بۇ بۇيرۇقمۇ ئورۇندالدى. كېمە چەتكە ئاغماستىن، رىئون تەرەپكە ماڭدى ۋە دانتېسنىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇلار بۇ ئارالنى 40 مېتىرچە چەتتە قالدۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

— ياشا! — دېۋەتتى خوجايىن.

— ياشا! — دەپ تەكرارلىدى ماتروسلار.

ئۇلار ھەممىسى، كۆزلىرىدە ئەقىل نۇرى، تېنىدە كۈچ - قۇۋۋەت ئەسلىگە كەلگەن بۇ ئادەمگە ھەيران بولۇپ قاراشتى. ئۇلار دەسلەپتە ئۇنىڭ قولىدىن بۇنچىلىك ئىش كېلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى.

— كۆردۈڭلارمۇ، — دېدى دانتېس رولنىڭ يېنىدىن تۇرۇپ، — مەن ھېچبولمىغاندا مۇشۇ سەپەر ئۈستىدە بولسىمۇ سىلەرگە ئەسقېتىپ قالىمەن. ئەگەر لىۋورنوغا بارغاندىن كېيىن مېنىڭ سىلەرگە لازىمىم بولمىسا، مېنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ كېتىڭلار. مەن بىرىنچى مائاشىمنى ئېلىشىم بىلەنلا، سىلەر ماڭا بېرىدىغان يېمەكلىك ۋە كىيىم - كېچەكنىڭ ھەققىنى تۆلىۋېتىمەن.

— ماقۇل، — دېدى خوجايىن. — ئارتۇقچە ھەق تەلەپ قىلمىسىڭىز كېلىشىشكە بولىدۇ.

— ماتروسلار ئۆزئارا باراۋەر، — دېدى دانتېس، — باشقىلارغا قانچىلىك ھەق بېرىۋاتقان بولسىڭىز، ماڭىمۇ شۇنچىلىك بەرسىڭىز بولىدۇ.

— ئۇنداق قىلساق ئادالەتسىزلىك بولىدۇ، — دېدى دانتېسنى سۇدىن تارتىپ چىقىرىۋالغان ماتروس، — سىز بىزگە قارىغاندا كۆپنى بىلىدىكەنسىز.

— سېنىڭ چاتىقىڭ نېمە، جاكوپو، — دېدى خوجايىن، — قانداق باھاغا ياللىنىش ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى.

— دۇرۇس، — دېدى جاكوپو، — مەن بۇ گەپنى مۇنداقلا دەپ قويدۇم.

— قۇرۇق گەپ قىلىپ تۇرغۇچە، ئارتۇق ئىشتان - چاپىنىڭ بولسا ئۇنىڭغا بېرىپ تۇرساڭ بولمامدۇ.

— ئارتۇق چاپىنىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى جاكوپو، — لېكىن شىم بىلەن كۆڭلەك بار.

— ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ، — دېدى دانتېس، — رەھمەت، دوستۇم.

جاكوپو ئاستىنقى بۆلمىگە چۈشۈپ كەتتى ۋە بىردەمدىن كېيىن كۆڭلەك بىلەن شىمنى ئېلىپ چىقىپ دانتېسقا بەردى. دانتېس بۇ كىيىملەرنى ھۇزۇرلىنىپ كىيىۋالدى.

— سىزگە يەنە نېمە لازىم؟ — دەپ سورىدى خوجايىن.

— بىر پارچە نان ۋە مەن باياتىن تەمىنى تېتىپ قالغان ھېلىقى ئاجايىپ ھارىقىڭلاردىن بىر ئۇتلام. مەن ھېچ نەرسە يېمىگىلى نەكەم.

دەرۋەقە ئۇ ھېچنەرسە يېمىگەنگە ئىككى كۈن بولۇپ قالغانىدى، دانتېسقا بىر پارچە نان بېرىشتى. جاكوپو ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھارىقىنى بەردى.

— رولنى سول تەرەپكە! — دەپ ۋارقىرىدى كاپىتان رولچىغا.

دانتېس ھاراقنى ئوتلىماقچى بولۇپ سۇدانىنى ئاغزىغا ئەكەلگەنىدى، لېكىن ئۇنىڭ قولى شۇ يەردىلا قېتىپ قالدى.

— قاراڭلار، — دېدى خوجايىن، — ئىف قەلئەسىدە نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟



ئىف قەلئەسىنىڭ جەنۇبىي سېپىلىنىڭ ئۈستىدىن كىچىككىنە بۇلۇتقا ئوخشاش ئاق ئىس كۆتۈرۈلدى. ئارقىدىنلا، كېمىگە يىراقتىن ئېتىلغان توپ ئاۋازى يېتىپ كەلدى. ماتروسلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ بىر - بىرىگە قاراشتى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى خوجايىن.

— ئېھتىمال، ئاخشام بىرەر مەھبۇس تۈرمىدىن قاچقان بولسا كېرەك، — دېدى دانتېس، — شۇڭا جاكالاپ زەمبىرەك ئېتىۋاتىدۇ.

خوجايىن بۇ گەپنى قىلىپ، سۇدانىنى ئاغزىغا ئاپارغان بۇ يىگىتكە تىكىلىپ قاراپ قويدى. لېكىن، دانتېس شۇنچە خاتىرجەملىك بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتىكى، خوجايىن بىرەر گۇمانغا كەلگەن بولسىمۇ، بۇ گۇمان ئۇنىڭ مېڭىسىدىن يەنە شۇ ھامان چىقىپ كەتتى.

— ۋاھ، قالتىس كۈچلۈك ھاراق ئىكەن - دە! — دېدى دانتېس، پېشانىسىدىن مونچاقتەك چىقىپ كەتكەن تەرنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن ئېرتىۋېتىپ.

— ئەگەر ئۇ ئاشۇ قاچقۇن بولسا تېخىمۇ ياخشى بولغىنى، — دېدىخوجايىن ئۆزىچە ۋە ئۇنىڭغا قاراپ - قاراپ قويدى، — مېنىڭ قولۇمغا ئەمدى بىر مەردانە يىگىت قوشۇلدى.

دانتېس رولنى باشقۇرۇپ ئولتۇرۇشقا ئىجازەت سورىدى. رولچى ئالمىشىشقا تەقەززا بولۇپ خوجايىنغا قارىغانىدى، خوجايىن ئۇنىڭغا بۇ يېڭى سەپداشقا رولنى بېرىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئىشارەت قىلدى. دانتېس ئەمدى رولنى باشقۇرۇپ ئولتۇرغان ھالدا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلماي مارسېل تەرەپكە قارىيالايتتى.

— بۇگۈن چېسلاغا نەچچە؟ — دەپ سورىدى دانتېس، ئىف قەلئەسى كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان جاكوپودىن.

— 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، — دەپ جاۋاب بەردى ماتروس.

— قانچىنچى يىل؟ — دەپ يەنە سورىدى دانتېس.

— نېمە، قانچىنچى يىل! سىز قانچىنچى يىل دەپ سوراۋاتامسىز؟

— شۇنداق، — دېدى دانتېس، — قانچىنچى يىل دەپ سوراۋاتىمەن.

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ قانچىنچى يىلدا ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق بولدى! — دېدى دانتېس كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئاخشامقى بوراندا شۇنداق قورقۇپ كېتىپتىمەنكى، ئەقلىمدىن ئېزىپ قېلىشقا تاس قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. شۇڭا سىزدىن سوراۋاتىمەن: بۇيىل قانچىنچى يىل؟

— 1829 - يىل، — دېدى جاكوپو.

دانتېس تۈرمىگە قامالغان كۈندىن ئېتىبارەن توپتوغرا 14 يىل ئۆتكەنىدى. ئۇ، ئىف قەلئەسىنىڭ بوسۇغىسىدىن 19 يېشىدا ئاتلاپ كىرگەن بولسا، ئۇ يەردىن 33 ياشقا كىرگەندە قۇتۇلۇپ چىقتى.

ئۇنىڭ لەۋلىرىدە ھەسرەتلىك تەبەسسۇم بىر كۆرۈنۈپ يوقالدى. ئۇ، ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى: بۇ جەرياندا مېرسېدېس نېمە بولغاندۇر؟ ئۇ، ئېھتىمال، دانتېسنى ئۆلدى دەپ ئويلايدىغاندۇر.

بىردىنلا، دانتېسنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئوتى چاقناپ كەتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ شۇنچە ئۇزاق مۇددەتكىچە تۈرمىدە يېتىشىغا سەۋەبچى بولغان ئۈچ مۇناپىقنى يادىغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، خۇددى بىر چاغلاردا تۈرمىدە قەسەمياد قىلغىنىدەك، دانگلار،



فېرنان ۋە ۋىلفوردىن شەپقەتسىزلىك بىلەن ئىنتىقام ئېلىشقا يەنە بىر قېتىم دەھشەتلىك قەسەمياد قىلدى. ئەمدى بۇ قەسەم قۇرۇق تەھدىت ئەمەس ئىدى، چۈنكى بارلىق يەلكەنلىرىنى كەڭ يايغان ھالدا لىۋورنوغا قاراپ ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان بۇ كىچىككىنە بىر ماچتىلىق كېمىنى ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ ئەڭ تېز يۈرىدىغان يەلكەنلىك كېمىسىمۇ ئەمدى قوغلاپ يېتەلمەس ئىدى.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

## ئەتكەسچىلەر

دانتېس بۇ كېمىگە چىقىپ تېخى بىر كۈن ئۆتمەي تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ كىملەرگە يولۇقۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. «قىران ئامېلىيە» نىڭ (بۇ گېنۇيا كېمىسىنىڭ نامى شۇنداق ئىدى) ھۆرمەتلىك خوجايىنى گەرچە فارىيا ھەزرەتنىڭ تەلىمىنى ئالمىغان بولسىمۇ، ئوتتۇرا دېڭىز دەپ ئاتالغان بۇ زور كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ياشىغۇچى ھەممە مىللەتلەرنىڭ تىللىرىدا دېگۈدەك، يەنى ئەرەب تىلىدىن باشلاپ، پروۋانىس تىلىغىچە سۆزلىيەلەيتتى. بۇنداق بولغانلىقى ئۇنىڭغا، ئۆزلىرىنىڭ ئەزمىلىكى بىلەن كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان ۋە ھەممە ئۇششاق - چۈششەكلەرنى سۈرۈشتە قىلىپ كىشىنىڭ جېنىغا تېگىدىغان تەرجىمانلارنىڭ ۋاستىچىلىكىدىن قۇتۇلۇشقا ئىمكان بېرەتتى، شۇنداقلا، سەپەر ئۈستىدە ئۇچراشقان كېمىلەر ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى تۈرلۈك ئۇششاق قېيىقلار بىلەن ئالاقە باغلاشقا ھەمدە دېڭىز پورتلىرىدا قاتراپ يۈرىدىغان نامسىز،

ۋەتەنسىز ۋە مۇقىم كەسپى بولمىغان گۇمانلىق ئۇنسۇرلار بىلەن سۆزلىشىشكە ئاسانلىق بېرەتتى. ھالبۇكى، بۇنداق ماكانسىز ئۇنسۇرلارنىڭ جان بېقىش يوللىرى سىرلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىنى ئېھتىمال خۇدانىڭ ئۆزى يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرسا كېرەك، چۈنكى ئادەتتىكى ئادەملەر ئۇلارنىڭ ھېچقانداق تەمىنات مەنبەلىرىنى كۆرۈۋالالمايدۇ. كىتابخان ئەمدى دانتېسنىڭ ئەتكەسچىلەرگە قوشۇلۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ.

شۇنداق ئىكەن، كېمە خوجايىنىنىڭ دانتېسنى قوبۇل قىلىشتا بىر ئاز ئېھتىيات قىلغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۇنىڭ نامى دېڭىز بويىدىكى تاموژنا خادىملىرىغا بەكمۇ تونۇشلۇق ئىدى. كېمە ئىگىسى بىلەن بۇ جانابلار بىر - بىرىنى ئالداش ئۈچۈن خىلمۇخىل خۇپىيانە تەدبىرلەرنى قوللىناتتى. شۇڭا، كېمە ئىگىسى دەسلەپتە دانتېسنى مۇشۇنداق ھىيلىگەرلىك ئۇسۇلى بىلەن كېمىگە چىقىۋېلىپ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئېنىقلىماقچى بولغان بىر پايلاقچىمىكىن دەپ گۇمان قىلغانىدى. لېكىن، دانتېس كېمىنى شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ھەيدەپ سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى. كېيىن، ئۇ ئىف قەلئەسىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان مامۇقتەك ئاق ئىسنى كۆرگەندە ۋە يىراقتا ئېتىلغان توپ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ كېمىسىگە خۇددى پادىشاھقا ھۆرمەت بىلدۈرگەندەك كىرىش - چىقىشىدا توپ ئېتىلىپ تۇرىدىغان بىر ئادەم چىقىپ قالغانلىقىنى ئويلىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنداق بولغانلىقى ئۇنى، بۇ يېڭى مېھمانىنىڭ تاموژنا پايلاقچىسى بولۇپ قېلىشىدەك تەشۋىشكە سالمايتتى. لېكىن، ئۇ، دانتېسنىڭ دۇنيادىن پەرۋايى پەلەك قىياپىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ گۇمانمۇ خۇددى دەسلەپكى گۇمانغا ئوخشاشلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.



شۇنىڭ بىلەن، ئېدمون شۇنداق بىر ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولدىكى، ئۇ ئۆز خوجايىنىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، لېكىن خوجايىنغا ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى يېڭى ماتروسنىڭ كىم ئىكەنلىكى نامەلۇم ئىدى. قېرى دېڭىزچى ۋە باشقا ماتروسلار ئۇنىڭدىن ھەرقانچە گەپ ئېلىپ باقسىمۇ، دانتېس ئالدانمىدى ۋە ھېچنەرسىگە ئىقرار بولمىدى. ئۇ، ئۆزىگە خۇددى مارسېلدەك تونۇش بولغان نېئاپول ۋە مالتانى تەسۋىرلەپ تەپسىلىي سۆزلەپ بېرەتتى ھەمدە ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، دەسلەپتە ئويدۇرۇپ چىققان ھېكايىسىنى ئېغىشماستىن تەكرارلايتتى. شۇنداق قىلىپ، گېنۇيالىق خوجايىن ھەرقانچە ھىيلە ئىشلىتىپ باقسىمۇ، ئاخىرى، ئۆزىنىڭ ئېغىر بېسىقلىقى، دېڭىزچىلىق تەجرىبىسى ۋە ئەڭ مۇھىمى — سىر ساقلاشنى بىلىشى بىلەن ئۇنى قايىل قىلغان ئېدمونغا تەن بەردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ گېنۇيالىق ئاقىلانە ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن، پەقەت ئۆزى بىلىشكە تېگىشلىك ئىشنىلا بىلىش، ئۆزگە مەنپەئەتلىك بولغان سۆزگىلا ئىشىنىشنى ئەۋزەل كۆرگەن بولۇش كېرەك.

ئۇلار لىۋورنوغا يېتىپ كەلگەندە ئەھۋال ئەنە شۇنداق ئىدى. بۇ يەردە ئېدمون يەنە بىر سىناقتىن ئۆتۈش، يەنى: 14 يىللىق قاماقتىن كېيىن ئۇ ئۆز - ئۆزىنى تونۇيالىشى ياكى تونۇيالماسلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى لازىم ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى چىرايىنى خېلى روشەن ھالدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيتتى، ئەمدى ھازىر، يېشى توختىغاندا ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ باقىدۇ. ئۇ، بۇرۇن لىۋورنوغا 20 قېتىمچە كەلگەنىدى. شۇڭا، سان - فېرناندو كوچىسىدىكى بىر ساتىراشنى تونۇيتتى. ئۇ، شۇ ساتىراشقا باردى ۋە چېچىنى ياساپ، ساقىلىنى قىرىپ قويۇشنى

سورىدى. ساتىراش بۇ، خۇددى تىتسىيان① سىزغان رەسىملەردىكىگە ئوخشاش ئۇزۇن چاچلىق ۋە قويۇق قارا ساقاللىق كىشىگە ھەيران بولۇپ قارىدى. ئۇ زاماندا كىشىلەر چاچ - ساقىلىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈۋەتمەيتتى. ھازىرقى زاماننىڭ ساتىراشلىرى بولسا، بۇنداق تەبىئىي بىزەكتىن ۋاز كەچكەن ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران بولار ئىدى. لىۋورنولىق ساتىراش ئارتۇق گەپ قىلماستىن ئۆز ئىشىغا تۇتۇش قىلدى.

ساتىراشنىڭ ئىشى تاماملىنىپ، ئېدمون ئۆزىنىڭ سىلىق قىرىلغان ئېڭىكىنى ۋە ئادەتتىكى ئۇزۇنلۇقتىچە قىسقارتىلغان چېچىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىگە ئەينەك بېرىشنى سورىدى. سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇ 33 ياشقا كىرگەنىدى. 14 يىللىق تۈرمە ئازابى ئۇنىڭ چىرايىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى.

دانتېس ئىف قەلئەسىگە كىرگەندە يۈزلىرى يۇمىلاقتىنا كەلگەن ۋە چىرايىدا شادلىقتىن نۇر يېغىپ تۇرغان بەختلىك يىگىت ئىدى. ۋەھالەنكى، ھاياتنىڭ دەسلەپكى قەدەملىرىدە ئامەتى ۋە كەلگۈسىدىنمۇ ئۈمىدى زور بولغان ياشلارنىڭ چىرايى شۇنداق بولىدۇ. ئەمدى ئۇنداق كۆرۈنۈشتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

ھازىرقى كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭ يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى ئۇزىراپ قالغان، بۇرۇنقى تەبەسسۇم ئەيلەپ تۇرغۇچى لەۋلىرى ئەمدى غەزەپ ۋە قەتئىيلىكنى ئىپادىلىگەن. قاشلىرى كەسكىنلىك بىلەن تۈرۈلگەنىدى؛ پېشانىسىنى تۈپتۈز بىر قورۇق كېسىپ ئۆتۈپ، چىرايىغا سىر بېرىپ تۇراتتى؛ چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەت يوشۇرۇنغان كۆزلىرىدە تۇرۇپ - تۇرۇپلا غەزەپ ئوتى چاقناپ كېتەتتى؛ يۈزىنىڭ تېرىسى شۇنچە ئۇزاقتىچە يورۇقلۇق

① تىتسىيان (1487 — 1576) — ئىتالىيىلىك رەسسام.



ۋە قۇياش نۇرىنى كۆرمىگەچكە قانسىراپ ئاقىرىپ كەتكەنىدى؛ شىماللىقلارنىڭ يۈزى شۇنداق ئاق بولۇپ، قارا چاچلار بىلەن پەردازلانغاندا، ئاقسۆڭەكلەرچە تۈس ئالىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئىگىلىگەن مەرىپەت بىلىملىرى ئۇنىڭ قىياپىتىگە ئەقىل - پاراسەت ۋە داداللىقنىڭ ئىپادىسىنى سىڭدۈرگەنىدى؛ گەرچە ئۇ ئەسلىدە خېلىلا ئېگىز بويلۇق بولغان بولسىمۇ، ئەمدى بەدەن قۇرۇلۇشى تەدرىجىي توپلىنىۋاتقان كۈچ - قۇۋۋەتتىن ئۇلتۇرۇشۇپ، بەستى تولۇپ قالغانىدى.

چەبدەس ۋە زىلۋا بويلىرىنىڭ كۆركەملىكى كۈچكە تولغان مۇسكۇللۇق شەكىلگە ئۆزگەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن سۆز ئېچىشقا توغرا كەلسە، تۈرمە ئىچىدىكى يىلىنىپ - يالۋۇرۇشلار، ئاھ ئۇرۇپ يىغلاشلار ۋە ئۈنلۈك قارغاشلاردىن ئۇنىڭ ئاۋازى تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، بىر تۇرۇپ ناھايىتى يۇمشاق، بىر تۇرۇپ قاتتىق ۋە ھەتتا قوپاللىق بىلەن بوغۇلۇپ چىقاتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ، تۈرمىدە كېچە - كۈندۈزلەپ غۇۋا يورۇقلۇقتا ياكى تۇم قاراڭغۇلۇقتا يېتىۋېرىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى گوياكى قاپلان ياكى بۆرىنىڭ كۆزلىرىدەك قاراڭغۇدا كۆرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانىدى.

ئېدمون ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ تەسۋىرىنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ ئەڭ قەدىناس دوستىمۇ (ئەگەر بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ بىرەر دوستى قالغان بولسا) ئۇنى تونۇيالماس ئىدى؛ ئۇ ئۆزىمۇ ئۆزىنى تونۇيالمىدى.

«قىران ئامېلىيە» نىڭ خوجايىنى ئېدموندەك بىر ماتروسنى ئۆز خىزمىتىگە ئېلىپ قېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، كەلگۈسىدە بۆلۈشىدىغان پايدىنىڭ ئېدمونغا تېگىشلىك ئۈلۈشىگە ھېساب قىلىپ، ئۇنىڭغا بىرئاز پۇل بەرگەنىدى. ئېدمون بۇ تەكلىپكە ماقۇل بولغانىدى. ئېدمون

ئۆزىنىڭ سىياقىغا دەسلەپكى قەدەملىرىدىكى ئۆزگىرىش كىرگۈزگەن ساتىراشنىڭ يېنىدىن چىقىپ، ماگىزىنغا باردى ۋە بىر يۇرۇش ماتروسچە كىيىم سېتىۋالدى. مەلۇمكى، بۇ كىيىم ئاق شىم، ئالابالداق مايكا ۋە بىر قالپاقتىن ئىبارەت. ئېدمون شۇ كىيىملەرنى كىيىۋالغاندىن كېيىن، جاكوپودىن ئۆتنىگە ئالغان كۆڭلەك بىلەن شىمنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، «قىران ئامېلىيە» نىڭ كاپىتانىغا يولۇقتى. كاپىتان ئۇنى كۆرۈپ، ھېلىقى ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەن، چاچلىرىغا دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن، ئۈستى - بېشى سۇ بولۇپ ئۆلەي دەپ قالغاندا ئۆزىنىڭ كېمىسىگە چىقىۋالغان ئاچ - يالىڭاچ ئادەمنىڭ مۇشۇ ياسىنىپ كىيىنگەن چىرايلىق ماتروس ئىكەنلىكىنى بىر قاراشتا تونۇيالماي قالدى. كاپىتان دانتېسنىڭ يېقىملىق تۇرقىدىن ھەۋەسلىنىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ كېمىسىدە خىزمەت قىلىشقا يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلدى. لېكىن، دانتېسنىڭ باشقىچە مەقسەتلىرى بولغانلىقتىن، ئۈچ ئايلىق قەرەل بىلەن ياللىنىشقا رازى بولدى.

«قىران ئامېلىيە» دە خىزمەت قىلغۇچىلار ئىش بىلىدىغان كىشىلەر، ئۇلارنىڭ باشلىقى ۋاقىتنى زايە كەتكۈزمەيدىغان كاپىتان ئىدى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتمەي تۇرۇپلا، كېمىنىڭ ئازادە ئامبىرى گۈللۈك داكا، سىرتقا چىقىرىش مەنئى قىلىنغان چىت رەختلەر، ئەنگلىيىنىڭ ئىلتىنىق دورىلىرى ۋە باج ئىدارىسىنىڭ تامغىسى بېسىلمىغان تاماكىلار بىلەن توشقۇزۇلدى. بۇنىڭ ھەممىسىنى لىۋورنودىن ئېلىپ چىقىپ، كورسىكا ئارىلىغا چۈشۈرۈش كېرەك ئىدى. ئۇ يەردىن يەنە ئاللىقانداق ئوقەتچىلەر بۇ مالنى فرانسىيىگە يەتكۈزۈپ بېرىشنى ھۆددىگە ئېلىشقانىدى. شۇنداق قىلىپ، كېمە سەپەرگە چىقتى. ئېدمون يەنە، ئۆز ياشلىقىنىڭ قىبلىگاھى بولغان، تۈرمىدىكى ۋاقتىدا چۈشىگە



شۇنچە كۆپ كىرگەن كۆپكۆك دېڭىزنى كېزىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ، گورگوننى ئوڭ تەرەپتە، پىئانوزنى سول تەرەپتە قالدۇرۇپ، پائولى ۋە ناپالېئوننىڭ ۋەتىنىگە كېتىۋاتاتتى. ئىككىنچى كۈنى كاپىتان ئادىتى بويىچە سەھەردە ئۆز بولمىسىدىن چىقىپ، دانتېسنىڭ كېمىنىڭ يان تەرىپىگە جەينەكلىرى بىلەن تايانغان ھالدا، كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرى ئاستىدا چوغدەك قىزىرىپ كۆرۈنگەن بىر دۆۋە گىرانىتلىق قىيا تاشلارغا ئاجايىپ بىر خىل چۈشىنىكسىز ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ، مونتې - كرىستو ئارىلى ئىدى. «قىران ئامېلىيە» بۇ ئارالنى تۆتتىن ئۈچ مىل كەلگۈدەك ئارىلىقتا ئوڭ تەرەپكە قالدۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى ۋە كورسىكاغا قاراپ يولىنى داۋاملاشتۇردى.

دانتېس ئۆزى ئۈچۈن نامى شۇنچە ئەھمىيەتلىك بولغان ئارالنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، دېڭىزغا سەكرەپ چۈشسىلا، يېرىم سائەتتىن كېيىن ئاشۇ ئارزۇلۇق زېمىنغا يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ، كۆمۈلگەن خەزىنىنى كولاپ چىقىرىشقا بەرەر سايمان، ئۆزىنى قوغداشقا قورال - ياراقمۇ ئالماي نېمە قىلالىشى مۇمكىن؟ ماتروسلار نېمەدەپ قالىدۇ؟ كاپىتان نېمەدەپ ئويلاپ قالىدۇ؟ ياق، كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بەختكە يارىشا، دانتېس كۈتۈشكە كۆنۈك ئىدى. ئۇ، ئەركىنلىكىنى 14 يىل كۈتتى؛ ئەركىنلىككە ئېرىشكەندە بايلىققا ئىگە بولۇشنى يەنە يېرىم يىل ياكى بىر يىل كۈتۈپ تۇرۇش قىيىن ئەمەس. ئەگەر ئۇنى قويۇپ بېرىشكەن بولسا، ئۇ، بايلىقى بولمىغان ئەركىنلىكنى قوبۇل قىلماسمىدى؟ يەنە كېلىپ، بۇ بايلىق ئۆزى بىر خام خىيال ئەمەسمىدۇر؟ بۇ بايلىقنىڭ گېپى بىچارە فارىيا ھەزرەتنىڭ كېسەلگە مۇپتىلا بولغان مېڭىسىدە تۇغۇلۇپ، شۇنىڭ ئۆزى بىلەن كەتكەنمىدۇر؟ توغرا، كاردىنال

سىپادىنىڭ خېتى ئاجايىپ ئېنىق ئىدى. دانتېس ئۆزىگە ياد بولۇپ ۋەسىيەتنامىسىنى ئۆز ئىچىدە تەكرار - تەكرار يادلىدى.

كەچ كىردى. ئېدمون بۇ ئارالنىڭ بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان قاراڭغۇلۇقتا ئاستا - ئاستا يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كۆپ ئۆتمەي ئارال كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن پۈتۈنلەي غايىب بولدى. لېكىن، تۈرمىنىڭ قاراڭغۇچىلىقىغا كۆنۈپ كەتكەن ئېدمون ئۇنى يەنىلا كۆرۈۋاتقان بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇ يەنە خېلى ئۇزاققىچە كېمە ئۈستىدە تەنھا ئۆزى خىيال سۈرۈپ تۇردى.

سەھەردە ئۇلار ئالېرىيىگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئۇلار كۈن بويى يېقىن ئەتراپتا ئەگىپ يۈرگەندىن كېيىن، كەچ كىرگەندە قىرغاقتا ئوتلار يېقىلدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ئوتلارنىڭ يېقىلىش شەكلى، مالنى چۈشۈرۈشكە بولىدىغانلىقىغا بېرىلگەن شەرتلىك بەلگە بولسا كېرەك. شۇڭا، كېمىدىكىلەرمۇ بايراق چىقىرىشنىڭ ئورنىغا سىگنال مەشئىلىنى يېقىپ كۆتۈرۈشتى. شۇندىن كېيىن كېمە قىرغاققا مىلتىق ئوقى يېتىپ بارالىغۇدەك يەرگىچە سىلجىپ كېلىپ توختىدى. دانتېس، «فىران ئامېلىيە» كاپىتانىنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدە ئەھۋال تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، ئىش قىلىپ، كېمە ئۈستىگە ئىككى كىچىك زەمبىرەكنى چىقىرىپ قويغانلىقىنى كۆردى. بۇ زەمبىرەكلەر ئانچە قاتتىق ئاۋاز چىقارمايلا، تۆت فۇت ئېگىزلىكتىكى راۋۇرۇس ئوقنى 1000 قەدەمنىڭ نېرىسىغا ئېتىپ تاشلىيالايتتى.

لېكىن، بۇ قېتىم بۇنداق ئېھتىيات چارىسى ئارتۇقچە بولۇپ چىقتى. ئىشلار تىنچ ۋە كۆڭۈلدىكىدەك بولدى. قىرغاقتىن چىققان تۆت قولۋاق «قىران ئامېلىيە» گە ئېھتىيات بىلەن يېقىنلىشىپ كەلدى. «قىران ئامېلىيە» مۇ ئەدەب يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ قولۋىقىنى سۇغا چۈشۈرۈپ، ئۇلارغا ھەمكارلاشتى. بۇ بەش قولۋاق



ئىنتايىن ئەپچىللىك بىلەن ۋەزىپىنى ئورۇندىدى ۋە سوبھىدەم سائەت ئىككى بولغان مەھەلدە «قىران ئامېلىيە» نىڭ يۈكى قورۇقلۇققا توشۇلۇپ بولدى. «قىران ئامېلىيە» نىڭ كاپىتانى تەرتىپ - ئىنتىزامغا شۇنچە رىئايە قىلاتتىكى، ئېلىنغان پايدىنى شۇ كېچىسىلا كېمىدىكىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ھەربىر ماتروسقا يۈز توسكان لىۋرى، يەنى 80 فىرانىكقا يېقىن پۇل تەقسىملەندى. ئەمما، شۇنىڭ بىلەن سەپەر ئاياقلاشمىدى. ئەمدى ساردىنىيىگە بېرىپ، بوش قالغان كېمىگە يېڭىدىن يۈك بېسىش لازىم ئىدى. يۈك بېسىش ئىشىمۇ خۇددى شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىلدى. ھەقىقەتەن، «قىران ئامېلىيە» نىڭ ئامىتى كەلگەنىدى. بۇ قېتىمقى يۈك، لۇك بەگلىكىگە يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن تاپشۇرۇلغانىدى. بۇ يۈك، پۈتۈنلەي ھاۋانا تاماكىسى، خېرېس ئاق ئۈزۈم ھارىقى ۋە مالاگا شارابىدىن ئىبارەت ئىدى.

بۇ قېتىم، «قىران ئامېلىيە» كاپىتانىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان باجگىرلار بىلەن قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى. بىر ساقچى شۇ جايدىلا ئۆلدى، ئىككى ماتروس يارىدار بولدى. بۇ ئىككى ماتروسنىڭ بىرى دانتېس ئىدى. مىلتىق ئوقى ئۇستىخانىغا زەخمەت يەتكۈزمىگەن ھالدا ئۇنىڭ سول مۈرىسىنى تېشىپ ئۆتكەنىدى. دانتېس بۇ توقۇنۇشتىن رازىمەن ئىدى. ئۇ، يارىدار بولغانلىقىغا ئېچىنمىدى. بۇ جەڭگىۋار ساۋاق ئۇنىڭ خەتەرلىككە تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىنى ۋە قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇ، خەتەرلىك توقۇنۇشقا كۈلۈپ تۇرۇپ ئاتلاندى ۋە يارىدار بولغاندا خۇددى گرېتسىيە پەيلاسوپىغا ئوخشاش: «يارىدارلىق ئازابى، سەن يامان ئىش ئەمەس» دېدى. ئۇ، ئوق تېگىپ ئۆلگەن ساقچىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ۋە جەڭ ئوتىدا قىزىپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى ئۇنىڭ ھېس تۇيغۇلىرى شۇنچە قوپاللى-

لەپ كەتكەنمۇ، ئىش قىلىپ بۇ كۆرۈنۈشكە ئۇ پىسەنت قىلمىدى. دانتېس ئاللىقاچان ئۆزى بەلگىلەپ قويغان يولغا قەدەم تاشلىغانىدى ۋە كۆزلەنگەن مەنزىلگە قاراپ ئىنتىلماستىن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تاشتەك قېتىشقا باشلىغانىدى. دانتېسنىڭ بىھوش ھالەتتە يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ، جاكوپو يۈگۈرۈپ كەلدى ــ دە، ئۇنى كۆتۈردى ۋە شۇندىن كېيىن ئۇنى غەمخورلۇق بىلەن باقتى.

بۇ ماتروس يارىدار بولغان سەۋەبىدىن ئۆزىگە بىرەر مەنپەئەت يېتىشىنى ئويلىمايتتى، ئەكسىچە، ئۇ ئۆلسە پايدىنىڭ ئۇنىڭغا تېگىشلىك قىسمىدىن ئۆزىگە بىر ئۈلۈش تېگەتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ دانتېسنى ئۆلدىمىكىن دەپ شۇنچە قايغۇرغىنىغا قارىغاندا، بۇ جاھان دوختۇر پانگلوس ئويلىغاندەك ئۇ قەدەر شەپقەتلىك بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا دانتېسنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك ئانچە رەھىمسىزمۇ ئەمەس ئىدى. بەختكە يارىشا، سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىدمون پەقەت يارىدار بولغانىدى. ساردىنىيىلىك مومايلار ئۆزلىرىگىلا مەلۇم بولغان كۈن ۋە سائەتلەردە مەخپىي ھالدا تېرىپ كېلىپ ئەتكەسچىلەرگە ساتىدىغان ئۆسۈملۈك دورىلىرىنىڭ شىپالىقى بىلەن ئۇنىڭ يارىسى ئۇزۇن ئۆتمەي ساقىيىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن دانتېس جاكوپونى سىناپ كۆرمەكچى بولدى. ئۇ، جاكوپونىڭ مۇنداق ئاۋارە بولغانلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، ئۆزىگە تەقسىملەنگەن پايدىنىڭ ئۈلۈشىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەردى. لېكىن، جاكوپو رەنجىگەن ھالدا ئۇنى قەتئىي رەت قىلدى.

جاكوپونىڭ ئىدمونغا نىسبەتەن ئەڭ باشتىلا قوزغالغان ھۆرمەت ۋە ساداقەتلىك تۇيغۇسى، ئاخىرىغا كېلىپ، ئىدمونىڭمۇ جاكوپوغا نىسبەتەن دىل مايىللىقىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. جاكوپونىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق تاماسىمۇ يوق ئىدى. گەرچە ئىدمون



ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلىندۈرۈپ قويماسلىققا تىرىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، جاكوپو ئىدموننىڭ ھازىرقى خىزمەت ئورنىغا قارىغاندا ئەسلىدە خېلى يۇقىرى ئورۇنلارغا مەنسۇپ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۆزلۈكىدىن ھېس قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئاق كۆڭۈل يىگىت، ئىدموننىڭ ئۆزىگە بولغان خەيرىخاھلىقىغا تولۇق قانائەت قىلاتتى.

«ئامېلىيە» كۆپكۆك دېڭىزدا جىمجىت ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ۋە مۇۋاپىق يۆنىلىشتىكى شامال يەلكەنلەرگە ئۇرۇلۇپ تۇرغانلىقتىن، كېمىدىكىلەرنىڭ قولى ئىشتىن بوشاپ قالغان ۋاقىتلاردا، ئىدمون خۇددى بىر چاغلاردا مەرھۇم فارىيا ھەزرەت ئۇنىڭغا تەلىم بەرگەنگە ئوخشاش، ئەمدى ئۇمۇ قولىغا دېڭىز خەرىتىسىنى ئېلىپ، جاكوپوغا تەلىم بېرەتتى. ئۇ، جاكوپوغا قىرغاقلارنىڭ تۈزۈلۈشىنى كۆرسىتەتتى، كومپاستىن پايدىلىنىشنى چۈشەندۈرەتتى ۋە تەڭرى ئۆز قۇدرىتى بىلەن كۆك ئۈستىگە گۆھەر ھەرپلەرنى تىزىپ، بىزنىڭ ئۈستىمىزدە دائىم ئېچىپ تۇرىدىغان ئاسمان دېگەن كىتابنى ئوقۇشنى ئۆگىتەتتى. بەزەن چاغلاردا جاكوپو ئۇنىڭدىن:

ــ مەندەك بىر كەمبەغەل ماتروسقا بۇ ئىشلارنى ئۆگىتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ــ دەپ سورىغاندا، ئىدمون شۇنداق جاۋاب بېرەتتى:

ــ كىم بىلسۇن! بەلكىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەن بىرەر كېمىگە كاپىتان بولۇپ قالارسەن. سېنىڭ يۇرتداشىڭ بوناپارت ئىمپېراتور بولغانغۇ.

بىز جاكوپونىڭ كورسىكالىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتۇق.

شۇ تەرىقىدە ئىككى يېرىم ئاي دېڭىزدىكى سەپەرلەر بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ئىدمون قەيسەر دېڭىزچى بولغىنىغا ئوخشاش،

ئەمدى قۇرۇقلۇقتىمۇ ماھىر ئىش بېجىرگۈچى بولۇپ قالدى، ئۇ، دېڭىز ياقىسىدىكى ھەممە ئەتكەسچىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتى: بۇ چالا قاراقچىلار ئۆزئارا تونۇشىدىغان ھەممە خۇپيانە بەلگىلەرنى ئۆگىنىپ چىقتى. بۇ جەرياندا ئۇ مونتې - كرىستو ئارىلىنىڭ يېنىدىن 20 قېتىمچە ئۆتتى، لېكىن بىر قېتىممۇ ئارالغا چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇنداق قىلماقچى بولدى: ئۇنىڭ «قىران ئامېلىيە»دە خىزمەت قىلىش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ پۇلىغا بىر قولۋاقنى ياللاپ ئالىدۇ (دانتېس شۇنداق قىلالايتتى، چۈنكى كېمىدە قاتناش جەريانىدا ئۇ 100پىئاستىر ئىقتىساد قىلىپ قويغانىدى) ۋە بىر باھانە تېپىپ مونتې - كرىستوغا بارىدۇ. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئۆزى يالغۇز قىدىرىشقا باشلايدۇ. توغرا، ئۇ، ئۇيەردە يالغۇز بولالماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى ئۇنى شۇ يەرگە ئېلىپ بارغان كىشىلەر ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇشى مۇمكىن. لېكىن، ھاياتتا بەزىدە تەۋەككۇل قىلىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ. ئېدمون تۈرمىدە يېتىش جەريانىدا ئېھتىياتچان بولۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئىلاجى بار قارىسىغا تەۋەككۇل قىلماسلىقنى ئويلايتتى. لېكىن، ئۇ ھەرقانچە باش قاتۇرسىمۇ، ئارزۇلۇق ئارالغا چىقىشنىڭ بۇندىن باشقا ئۇسۇلىنى ئويلاپ تاپالمىدى.

دانتېس شۇ مەسىلە ئۈستىدە بىر قارارغا كېلەلمەي يۈرگەندە، بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى، ئۇنىڭغا زور ئىشەنچتە بولغان ۋە ئۇنى ئۆز خىزمىتىگە ئېلىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن كاپىتان ئۇنى قولتۇقلىۋېلىپ، دېل ئولىئو كوچىسىدىكى، ئادەت بويىچە پۈتۈن لىۋورنونىڭ داڭلىق ئەتكەسچىلىرى يىغىلىدىغان بىر مەيخانىغا باشلاپ باردى. سودا كېلىشىملىرى كۆپىنچە مۇشۇ يەردە تۈزۈلەتتى. دانتېس بۇ دېڭىز سودىسى مۇئەسسەسىگە بۇندىن بۇرۇنمۇ ئىككى - ئۈچ قېتىم كەلگەنىدى.



ئۇ، دېڭىز ياقىسىدىكى 1000 لىيې ئەتراپىدىكى جايلاردىن كېلىپ توپلاشقان بۇ يۈرەكلىك نوچىلارغا قاراپ، ئەگەر بىر ئادەم مۇشۇ بىرلەشكەن ۋە بىرلەشمىگەن مەخپىي يىپلارنى ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇندۇرالىسا قانچىلىك زور قۇدرەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئويلايتتى. بۇ قېتىم بىر غايەت كاتتا ئىشنى ئورۇنداش توغرۇلۇق سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇلغانىدى، يەنى تۈركىيىنىڭ گىلەملىرى، شەرق ئەللىرىنىڭ گەزماللىرى ۋە كەشمىر ياغلىقلىرىدىن تەركىب تاپقان يۈكنى بىر بىخەتەر جايغا توشۇش، ئاندىن بۇ مالنى فرانسىيە تەۋەسىگە يەتكۈزۈپ بېرىش لازىم ئىدى. ئىش مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلگە ئاشسا، ئادەم بېشىغا ئەللىك پىئاستىردىن كېلىدىغان زور مۇكاپات بېرىلمەكچىدى.

«قىران ئامېلىيە» نىڭ خوجايىنى يۈكنى مونتې - كرىستو ئارىلىغا چۈشۈرۈشنى تەكلىپ قىلدى، چۈنكى بۇ ئارال ئاھالە، ئەسكەر ۋە باجگىرلاردىن خالىي بولۇپ، بەجايىكى مەجۇسى ئولىمپىنىڭ زامانىسىدا سودىگەر ۋە ئوغرىلارنىڭ خۇداسى مېركۇرىي تەرىپىدىن دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا مەقسەتلىك ئورنىتىلغانىدى. ھازىرقى زاماندا بىز سودىگەرلەر بىلەن ئوغرىلارنى بەزى چاغلاردا پەرقلەندۈرەلمىسەكمۇ، ھەرھالدا ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قارايمىز، بىراق، قەدىمكىلەر ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلارنى بىر تەبىقىغە مەنسۇپ دەپ قارىغان بولسا كېرەك.

«مونتې - كرىستو» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندا دانتېس خۇشاللىقىدىن چۆچۈپ كەتتى؛ ئۆزىنىڭ ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىسقا تولغان مەيخانا ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا ماڭدى. ئۇ، قايتىدىن سۆھبەتداشلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە، مونتې - كرىستوغا بېرىپ توختاش ۋە ئەتە كەچ كىرگەندە يولغا چىقىش قارار قىلىنغانىدى.

ئېدمونىڭ پىكرىنى سورىشقاندا، ئۇ، بۇ ئارالنىڭ ھەقىقەتەن بىخەتەر جاي ئىكەنلىكىنى ۋە بۇنداق كاتتا ئىشنى ئورۇنداشقا دەرھال تۇتۇش قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ، پىلان ئۆزگەرمىدى. ئۇلار ئەتە كەچتە يولغا چىقىشقا كېلىشتى ۋە ھاۋا رايى ياخشى، شامال مۇۋاپىق بولغاچقا، بىر كۈندىن كېيىن بۇ چۆل ئارالغا يېتىپ بېرىشنى مۆلچەرلىدى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

## مونتې - كرىستو ئارىلى

رەھىمسىز تەقدىرنىڭ جەبىر - جاپاسىنى كۆپ تارتقان ئىنسانلارنىڭ بەزى چاغلاردا تۇساتتىن ئىشى ئوڭغا تارتىپ قالىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، دانتېسمۇ ئاقىۋەتتە بۇ كۈتۈلمىگەن ئىش بىلەن ئاسان ۋە تەبىئىي ھالدا ئۆز مەقسىتىگە يېتىپ، ھېچقانداق گۇمان تۇغدۇرماستىن مونتې - كرىستو ئارىلىغا چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. تەقەززالىق بىلەن كۈتۈلگەن سەپەردىن ئۇنى پەقەت بىر كېچىلىك ۋاقىتلا ئايرىپ تۇراتتى.

بۇ كېچە، دانتېس ئۆز ئۆمرىدە ئۆتكۈزگەن ئەڭ خاتىرجەمسىز كېچىلەرنىڭ بىرى بولدى. تۈن بويى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان مۇۋەپپەقىيەتلەر ۋە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەر بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ تۇردى. ئۇ كۆزىنى يۇمسا، ھەربىر ھەرپى ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كاردىنال سپادانىڭ ۋەسىيەتنامىسىنى كۆرەتتى؛ كۆزلىرىگە بىردەملىك ئۇيقۇ ئىلىنىپ قالسا، ئەڭ قالايمىقان كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ مېڭىسىدىن



قۇيۇندەك ئۇچۇپ ئالمىشىپ تۇراتتى: ئۇ گويا بىر غارغا كىرىپ قالغاندەك بولۇپ، غارنىڭ ئاستىغا تۇتاش زۇمرەت ياتقۇزۇلغان، دىۋارلىرىغا تۇتاش ياقۇتلار ئورنىتىلغان، ئۈيۈل - ئۈيۈل گۆھەرلەر تىزىلىپ تۇرغانلىقىنى چۈشەكەيتتى. مەرۋايىتلار، خۇددى يەر قاتلىمىدىن سىڭىپ ئۆتۈپ تامچىلاپ چۈشىۋاتقان يامغۇر سۈيىدەك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. زوقلانغان، ھەۋەسلەنگەن ئېدمون قىممەتلىك تاشلار بىلەن يانچۇقلىرىنى توشقۇزۇپ سىرتقا چىقتى؛ قارىسا، قىممەتلىك تاشلار ئادەتتىكى ئۇششاق تاشلارغا ئايلىنىپ قالغان. بۇنى كۆرۈپ، ئۇ، ئۆزى ھېلى تېخى كۆرگەن ئاشۇ ھېكمەتلىك غارغا يەنە كىرمەكچى بولىدۇ؛ لېكىن يول ئۇشتۇمتۇت چەكسىز ئەگىلىشلەر بىلەن ئۇزاپ كېتىۋېرىدۇ ۋە ئۇ، غارنى تاپالمايدۇ. ئۇ، مېڭىسى چارچىغان ھالدا، ئەرەب بېلىقچىنىڭ سەلتەنەتلىك ئەلى بابا غارىنى ئېچىشتا دەيدىغان ھېلىقى سىرلىق سۆزىنى يادىغا كەلتۈرمەكچى بولۇپ، بىھۇدە ئاۋارە بولاتتى. ھېچقانداق ئامال بولمىدى؛ خەزىنە غايىب بولدى، دانتېس يەر ئىلاھلىرىدىن تارتىۋالماقچى بولغان بۇ خەزىنە يەنە شۇ ئىلاھلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتتى.

ئۆتكەن تۈنگە ئوخشاشلا ھاياجان ئىچىدە تاڭ يورۇدى. ئەمدى تەسەۋۋۇرگە مەنتىقە قوشۇلدى ۋە دانتېس ئۆزىنىڭ مېڭىسىدە تۇتۇق ئەكس ئېتىپ تۇرغان پىلانىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ چىقتى. كەچ كىرىشى بىلەن سەپەرنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى باشلاندى. بۇ ئىشلار دانتېسنىڭ ھاياجانلىنىشىنى يوشۇرۇشقا ئىمكان بەردى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇرادەرلىرىنى ئاستا - ئاستا ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالغان ۋە ئىش ئۈستىدە خۇددى كاپىتاندەك قوماندانلىق قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرى ھەمىشە ئېنىق، دەل ۋە ئورۇنداشقا ئاسان بولغانلىقى

ئۈچۈن، ماتروسلار ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى چاققانلىق بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە خۇشاللىق بىلەن ئورۇندايتتى.

قېرى دېڭىزچى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلمايتتى. ئۇمۇ دانتېسنىڭ باشقا ماتروسلاردىن ۋە ئۆزىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا قايىل بولغانىدى. ئۇ، بۇ ياش دېڭىزچىنى ئۆزىنىڭ تەبىئىي ۋارىسىدەك كۆرىدىغان بولۇپ قالدى ھەمدە ئۆزىنىڭ بىر قىزى بولمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلانىدى، ئەگەر قىزى بولسا چىرايلىق بىر توي ئۆتكۈزۈپ ئېدمونىنى ئۆزىگە باغلىۋالغۇسى بار ئىدى.

كەچ سائەت يەتتىدە تەييارلىقلار پۈتتى؛ يەتتىدىن ئون مىنۇت ئۆتكەندە كېمە يورىغان ماياكنى ئەگىپ ئۆتۈپ، دېڭىزغا يۈزلەندى. دېڭىز تىپتىنچ ئىدى، راھەتبەخش شەرقىي - جەنۇب شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى. كۆپكۆك ئاسماندا تەڭرىنىڭ، ھەربىرى بىر ئالەمگە تەڭ بولغان ماياكلىرى كەينى - كەينىدىن يېنىشقا باشلىدى. دانتېس باشقىلارنى ئۇخلاشقا كىرگۈزۋېتىپ، ئۆزى يالغۇز رولنى باشقۇرۇشقا قالدى. مالتالىق (دانتېسنى شۇنداق دەپ ئاتىشاتتى) بۇنداق تەلەپنى قويغاندا ھېچكىم «ياق» دېمەيتتى ۋە ھەممەيلەن بىمالال ئۇخلاشقا ياتاتتى. بۇنداق ئىش پات - پات بولۇپ تۇراتتى. دانتېس تەنھالىقتىن بىراقلا كىشىلەر ئارىسىغا كېلىپ قالغان بولغاچقا، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۆزى يالغۇز قېلىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ھالبۇكى، ھەرقانداق پىنھانلىق، جىمجىت تۈن قاراڭغۇسىدا دېڭىز يۈزىنى كېسىپ كېتىۋاتقان كېمىدىكىدەك كەڭ - كۇشادە ۋە شائىرانە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

لېكىن، بۇ كېچە، دانتېسنىڭ شېرىن خىياللىرى بىلەن تولۇپ تاشقان، قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرى بىلەن پارلىغان، جىمجىتلىق ئۇنىڭ ئۈمىدى بىلەن جانلانغانىدى. كاپىتان ئۇيقۇ-



دىن تۇرغاندا «ئامېلىيە» بارلىق يەلكەنلىرىنى كەڭ يايغان ھالدا كېتىۋاتاتتى. شامال يەلكەنلەرنىڭ ئالقانىدەك يېرىنى قويماي تولدۇرۇپ سوقۇۋاتاتتى. كېمە سائىتىگە ئىككى يېرىم مىلدىن ئارتۇق تېزلىك بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. مونتې - كرىستو ئارىلى ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى. ئېدمون نۆۋەتچىلىكنى كاپىتانغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ياتاقخانىغا كىرىپ كەتتى. ئەمما، تۈن بويى بىدار بولغانلىقىغا قارىماي، بىردەمگىمۇ كۆزىنى يۇممىدى. ئىككى سائەتتىن كېيىن ئۇ يەنە كېمە ئۈستىگە چىقتى، «ئامېلىيە» ئېلبا ئارىلىنى ئەگىپ ئۆتمەكتە ئىدى ھەمدە مارېچانىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالغان بولۇپ، يېشىللىققا پۈركەلگەن تۈزلەڭ ئارال پىيانوز كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مونتې - كرىستونىڭ قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان چوققىسى زەڭگەر ئاسمانغا ئۆرلەپ چىقماقتا ئىدى. دانتېس پىيانوزنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن يانداپ ئۆتۈش ئۈچۈن، رولچىغا رولنى ئوڭ تەرەپكە بۇراشنى بۇيرۇدى. ئۇ، شۇنداق قىلغاندا كېمىنىڭ ئىككى - ئۈچ سائەتلىك يولنى قىسقارتىدىغانلىقىنى پەملىدى. كەچ سائەت بەش بولغاندا پۈتۈن ئارال ئالقانغا ئالغاندەك كۆرۈنىدىغان بولدى. تىنىق كەچكى ھاۋادىكى پېتىپ كېتىۋاتقان كۈن نۇرىدا ئارالنىڭ ھەممە ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى.

ئېدمون ئاچ - قىزىل رەڭدىن تارتىپ قېنىق كۆك رەڭگىچە بولغان كەچكى شەپەقنىڭ ھەممە رەڭلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تاۋلىنىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك قىيا تاشلارنى كۆزلىرى بىلەن يەپ كەتكۈدەك بولۇپ تۇراتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئۇنىڭ مەڭزىلىرىگە قان يۈگۈرۈپ كېتەتتى، ماڭلىيىدا قىزىل داغلار پەيدا بولاتتى ۋە كۆزلىرىنى گويا چوغدەك قىزىل بۇلۇتلار قاپلاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆزىنىڭ بارلىق مال -

ۋەجىنى دوغا قويغان ھەرقانداق قىمارۋازمۇ، مۇشۇ پەيتتىكى ئۈمىدلىك خىياللار بىلەن ئەسەبىيلەشكەن ئىدمونىدەك جۇشقۇنلۇق ھاياجانغا تولمىغان بولغىيدى. قاراڭغۇ چۈشتى. كەچ سائەت ئوندا كېمە قىرغاققا يانداشىپ توختىدى. «قىران ئامېلىيە» بەلگىلەنگەن جايغا بىرىنچى بولۇپ كەلگەنىدى. دانتېس ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى ئېغىر - بېسىقلىقىغا مۇخالىپ ھالدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى ۋە ھەممىدىن ئاۋۋال قىرغاققا سەكرەپ چۈشتى. ئەگەر ئۇ پېتىنالىسا، خۇددى برۇتتا ئوخشاش تۇپراقنى سۆيۈپ قويغان بولاتتى. قاپقاراڭغۇ تۈن ئىدى. لېكىن، سائەت 11 لەردە ئاي چىقتى ۋە دېڭىزنىڭ تىترەپ تۇرغان يۈزىگە كۈمۈش رەڭلىك نۇرىنى چاچتى. ئاي ئۆرلىگەنسېرى بۇ ئىككىنچى پېلىئوننىڭ تىك قىيالىرىغا سۇتتەك ئاق نۇر تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

مونتې - كرىستو ئارىلى «قىران ئامېلىيە» ئەزالىرىغا تونۇشلۇق ئىدى. بۇ يەر ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى توختاپ ئۆتىدىغان جايلىرىدىن بىرى ئىدى. دانتېس شەرققە سەپەر قىلغان چاغلىرىدا ئۇنى يىراقتىنلا كۆرگەن، لېكىن بۇ ئارالدا بىر قېتىممۇ توختاپ باقمىغانىدى.

ئۇ جاكوپودىن سورىدى:

— بۈگۈن كېچە بىز قەيەردە قونىمىز؟

— كېمىدە قونىمىز - دە، — دەپ جاۋاب بەردى ماتروس.

— غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتساق بولمامدۇ؟

— نەدىكى غار ئۇ؟

— ئارالدىكى غارچۇ.

— مەن بۇ ئارالدا ھېچقانداق غارنى كۆرۈپ باقمىغان، — دېدى جاكوپو.

— مونتې - كرىستودا غار يوقمۇ؟



— يوق.

جاكوپونىڭ جاۋابى دانتېسنى خۇددى ئۇنىڭ بېشىغا ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكەندەك ھەيرەتتە قالدۇردى. كېيىن ئۇ، بۇ غار تاغ قۇرۇلمىسىنىڭ تاسادىپىي ئۆرۈلۈپ چۈشۈشى بىلەن كۆمۈلۈپ كەتكەن ياكى كاردىنال سىپادا ئۆزى ئاتايىن بېكىتمۇەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدى. بۇنداق بولغاندا، نۆۋەتتىكى مەسىلە، غارنىڭ يوقاپ كەتكەن ئاغزىنى ئىزدەپ تېپىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ ئىشنى كېچىدە ئېلىپ بېرىشقا مۇمكىن بولمىغاچقا، دانتېس غارنى ئىزدەشنى ئەتىگە قالدۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قىرغاقتىن يېرىم مىل نېرىدا بېرىلگەن سىگنال ۋە «قىران ئامېلىيە»نىڭمۇ ئۇنىڭغا قارىتا شۇ ھامان قايتۇرغان جاۋاب، سىگنالى ئىشنى باشلاش ۋاقتىنىڭ توشقانلىقىدىن دېرەك بەردى. كېچىكىپ قالغان ئىككىنچى كېمە «قىران ئامېلىيە» نىڭ «يول ئوچۇق» دېگەننى بىلدۈرىدىغان جاۋاب سىگنالىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، خۇددى ئەرۋاھقا ئوخشاش جىمجىت ۋە ئاپئاق قىياپەتتە يېقىنلىشىپ كەلدى - دە، قىرغاققا بىر كابېلتوۋ قالغاندا لەنگەر تاشلىدى.

شۇھامان «قىران ئامېلىيە» نىڭ يۈكىنى ئىككىنچى كېمىگە يۆتكەپ قاچىلاش ئىشى باشلىنىپ كەتتى. دانتېس ئىش قىلىۋېتىپ، ئەگەر شۇ تاپتا ئۇ ئۆز قەلبىدە توختىماستىن جاراڭلاپ تۇرغان خىياللىرىدىن بىر سۆزنىلا ئېيتىپ قويىدىغان بولسا، بۇ ئادەملەرنىڭ شادلىقتىن قانداق چۇقان سېلىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئۇنىڭسىزمۇ ئارتۇق گەپنى تولا قىلىپ قويغانلىقىدىن ۋە ئۆزىنى تۇتۇشى، ئۇنى - بۇنى سوراشلىرى، ئەتراپنى كۆزىتىشلىرى، خىيالغا بېرىلىپ كېتىشلىرى بىلەن باشقىلارنىڭ گۇمانىنى تۇغدۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا،

ھېلىمۇ ياخشى، جاپالىق ئۆتمۈش ئۇنىڭ چىرايىغا مەڭگۈ يوقالماس غەمكىنلىكنىڭ ئىپادىسىنى قوشقانىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا كەمدىن - كەم كۆرۈلۈپ قالىدىغان خۇشاللىق ئالامىتى گوياكى يامغۇرلۇق قارا بۇلۇتلار ئىچىدىن بىر چېقىلىپلا ئۆچىدىغان چاقماقنىڭ يورۇقلۇقىغا مىسال بولالايتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە دانتېس مىلتىق، ئوق دورىسى ۋە پىستىرىلارنى ئېلىپ، ئەتراپتىكى تاغ قاپتاللىرىدا تۈركۈملەپ ئوتلاپ يۈرگەن ياۋا ئۆچكىلەرگە ئوۋ قىلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدا، ھېچكىم ئۇنىڭدىن گۇمانلانمىدى ۋە بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئوۋچىلىققا بولغان ھەۋىسى ياكى يالغۇزلۇقنى خالىغانلىقى دەپلا قارىدى. پەقەت بىر جاكوپونىڭلا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغۇسى كېلىپ قالدى. دانتېس ئۇنىڭ گۇمانىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن قارشىلىق قىلمىدى. ئەمما، ئۇلار ئەمدىلا بىر نەچچە قەدەم مېڭىشىغا دانتېس بىر ئوغلاقنى ئېتىۋالدى ۋە جاكوپودىن بۇنى بۇرادەرلەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىشىنى، غىزا تەييار بولغاندا ئاسمانغا مىلتىق ئېتىپ ئۆزىگە خەۋەر بېرىشىنى سورىدى. ھەمدە سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، مېۋە قاقلىرى بىلەن بىر شىشە پۇلچيان شارابى بۇ زىياپەتكە قوشۇمچە بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى.

دانتېس ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ قويۇپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ، قىيانىڭ چوققىسىغا چىققاندىن كېيىن، ئۆزىدىن مىڭ فۇت تۆۋەنلىكتىكى بۇرادەرلەرنىڭ يېنىغا جاكوپونىڭ قوشۇلغانلىقىنى ۋە ئۇلار ھەممىسى بىرلىكتە غىزا تەييارلاش بىلەن بەنت بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

دانتېس ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈنلۈكىنى ئاڭلىق چۈشىنىدىغان ئادەملەرگە خاس مۇلايىم ۋە ئويچان تەبەسسۇم بىلەن ئۇلارغا بىر ئەسناغىچە قاراپ تۇردى.



— يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — بۇ كىشىلەر يانچۇقلىرىغا 50 پىئاستىردىن پۇلنى سېلىشىپ، يەنە شۇنداق 50 پىئاستىرنى تېپىشنىڭ كويىدا جېنىنى ئەۋەككۈلگە قويۇپ يولغا چىقىدۇ. شۇندىن كېيىن، ھەربىرى ئالتە يۈز لىۋردىن جەملەپ ئېلىپ، بىرەر شەھەرگە بارىدۇ - دە، ئۇ يەردە خۇددى سۇلتانلاردەك تەكەببۇرلۇق بىلەن، ھىندىستانلىق ھاكىملاردەك بىغەملىك بىلەن بۇ پۇللارنى چېچىپ تۈگىتىدۇ. ھازىر مەن ئۆز ئۈمىدلىرىم بىلەن ياشاۋاتىمەن، مېنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بايلىقى ئەڭ يارىماس گادايلىقتۇر، مەن ئۇلارنىڭ بايلىقىنى مەنسىتمەيمەن. بەلكىم ئەتە مېنىڭ ھەممە ئۈمىدلىرىم يوققا چىقار ۋە ئۇلارنىڭ گادايلىقى ماڭا زور بەختتەك بىلىنىپ قالار. ياق، — دەپ خىتاب قىلدى ئېدمون، — ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەقىللىق، دانىشمەن فارىيانىڭ خاتالىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! ئۇنداق بولمىسا، بۇنداق مۇستەرلىك، مەنىسىز ھاياتنى سۆرەپ يۈرگەندىن بىراقلا ئۆلۈپ تۈگەشكەن ئەۋزەل!

شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ئاي ئىلگىرى ئەركىنلىككە تەشنا بولغان دانتېس ئەمدى ئەركىنلىككە شۈكۈر قىلماستىن، بايلىققا تەشنا بولغانىدى. لېكىن، بۇ ئەيىب دانتېسنىڭ زىممىسىگە چۈشمەيدۇ، بەلكى بۇنىڭغا خۇدانىڭ ئۆزى سەۋەبكار، چۈنكى خۇدا ئىنساننىڭ قۇدرىتىنى چەكلەپ قويغان بولسىمۇ، نەپسىنى چەكلىمىگەن. دانتېس تامدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىككى قىيانىڭ ئارىسىدىكى، سەلنىڭ ئېقىشىدىن ھاسىل بولۇپ، ئېھتىمال تېخى ئادەم قەدىمى باسمىغان تارچۇق يول بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئۆزى «مۇشۇ يەردە غار بولۇشى مۇمكىن» دەپ پەرەز قىلغان يەرگە كېلىپ توختىدى. ئۇ، دېڭىز بويىغا ياندىشىپ مېڭىپ ۋە ھەممە ئۇششاق - چۈششەكلەرنى دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ، بەزى

قىيا تاشلارنىڭ سىلىق يۈزىدە ئادەم قولى بىلەن نەتەيگە ئويۇپ قويۇلغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر خىلدىكى بەلگىلەرگە كۆزى چۈشتى.

ۋاقىت ئۆتۈشى بىلەن بارلىق ھېسسىي تۇيغۇلارغا ئۇنتۇلۇشنىڭ نىقابىنى تارتقاندەك، بارلىق ماددىي جىسىملارغىمۇ شەكلەن ئۆزگىرىشنىڭ نىقابىنى تارتىدۇ. لېكىن، شۇ ئۆتكەن ۋاقىت، قانداقتۇر بىر يۆنىلىشنى كۆرسەتكۈچى ۋە ئېھتىمال بەلگىلىك بىر جايغا يول باشلىغۇچى بۇ بەلگىلەرنى ئاياپ قويغاندەك ئىدى. ئارىلىقتىكى بەزى جايلاردا بۇ بەلگىلەر چېچەكلەپ تۇرغان مىرتا گۈللىرى ياكى تاش ئۈستىدىكى يىلتىزسىز گىياھلار بىلەن قاپلىنىپ كۆرۈنمەي قالغانىدى. بۇنداق چاغلاردا ئېدمون ئۆزىنى ئۈمىد بىلەن قاناتلاندۇرغان ئاشۇ بەلگىلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شاخلىرىنى قايرىپ ياكى مۇخنى بىرئاز كۆتۈرۈپ قارايتتى ۋە ئۆزىگە يول باشلىغۇچى بولغان ئاشۇ بەلگىلەرگە ئەگىشىپ ماڭاتتى. كىم بىلسۇن، بەلكىم كاردىنال سىپادا ئۆز ئائىلىسىگە كېلىدىغان بەختسىزلىكنى تولۇق تەسەۋۋۇر قىلالمىغانلىقتىن، ئۆز جىيەنىنىڭ خەزىنىنى ئىزدەپ تېپىشىغا ئاسانلىق بولسۇن دەپ بۇ تاشلارغا ئۆز قولى بىلەن بەلگە قويۇپ چىققاندۇر؟ بۇ خىلۋەت جاي خەزىنە كۆمۈشكە راسا مۇۋاپىق ئىدى. بىراق، بۇ ئالاھىدە قويۇلغان بەلگىلەر تېگىشلىك بولمىغان باشقا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلمىغانمىدۇر ۋە كارامەتكە تولغان بۇ چۆل ئارال ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاپ قالالىغانمىدۇر؟

كېمە توختىغان جايغا 60 قەدەمچە قالغاندا ئېدمون بەلگىلەرنىڭ تاماملانغانلىقىنى كۆردى. ئەپسۇسكى، بۇ بەلگىلەر غارنىڭ ئېغىزىغا باشلاپ كەلمىدى. ئېدمون تېخىچە قىيا تاشلارنىڭ كەينىدە تۇرغاچقا، بۇرادەرلىرى ئۇنى كۆرەلمەيتتى. ئۇنىڭ



ئالدىدا تۆۋى مۇستەھكەم ئورنالغان يوغان يۇمىلاق تاش تۇراتتى. ئۇ: بۇ، بەلگىلەرنىڭ ئاخىرى بولماستىن، بەلكى باشلىنىش نۇقتىسى بولۇشى مۇمكىن. دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ، يەنە ئۆزى كەلگەن يولغا ماڭدى.

بۇ ئارىدا ئۇنىڭ بۇرادەرلىرى غىزا تەييارلاش ئىشى بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇلار ئېرىقتىن سۇ ئەكېلىشتى، كېمىدىن قىرغاققا نان ۋە مېۋىلەرنى ئەكېلىشتى ۋە ئەمدى ئوغلاق گۆشىنى پىشۇرماقتا ئىدى. ئۇلار كاۋاپ بولغان گۆشنى، ئۆزلىرى ياسىۋالغان زىقسىمان تۆمۈردىن چىقىرىۋاتقاندا، خۇددى تاغ تېكىسىدەك ئەپچىللىك بىلەن يۈرەكلىك ھالدا تاشتىن - تاشقا ئاتلاپ كېتىۋاتقان ئېدموننى كۆرۈپ، ئۇنى چاقىرىش ئۈچۈن ئاسمانغا قارىتىپ مىلتىقتىن بىر پاي ئوق ئاتتى. دانتېس دەرھال كەينىگە بۇرۇلدى - دە، ئۇلار تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇلار دانتېسنىڭ بەكباشلىق قىلىپ، سەكرەپ - سەكرەپ چۈشۈۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ قارامىلىقىغا ھاي بېرىشتى. تۇيۇقسىزدىن، ئۇلارنىڭ ئەنسىرىشىنى ئىسپاتلىغاندەك، ئېدمون قىيانىڭ ئۈستىدە پۇتلىشىپ كەتتى - دە، بىر سەنتۈرۈلۈپ «ۋاي!» دەپ ۋارقىراۋەتتى ۋە كۆزدىن غايىب بولدى. ھەممەيلەن بىراقلا ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىشتى، چۈنكى ئۇلار ئېدموننىڭ ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا قارىماي، ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرۈشەتتى. شۇنداقتىمۇ، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭ يېنىغا جاكوپو يېتىپ كەلدى.

ئېدمون قانغا بويالغان ھالدا، ھوشسىز دېگۈدەك ياتاتتى. ئۇ، ئېھتىمال، 12، 15 فۇت ئېگىزلىكتىن يىقىلغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئاغزىغا بىرئاز ھاراق قۇيۇشتى ۋە ئۆتكەندە بىر قېتىم ئۇنىڭغا شۇنچە ياخشى داۋا بولغان بۇ دورا بۇ قېتىممۇ خۇددى شۇنداقلا شىپالىق تەسىرىنى كۆرسەتتى. ئېدمون

كۆزىنى ئاچتى ۋە تىزىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى، بېشىنىڭ قېيىۋاتقانلىقىنى ھەم بېلىنىڭ چىدىغۇسىز ھالدا ئاغرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ زارلاندى. ئۇنى دېڭىز بويىغا ئېلىپ كەتمەكچى بولۇشتى. ئۇنى كۆتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىشقاندا، گەرچە بۇ ئىشنى جاكوپو ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ۋايساپ تۇۋلىدى ۋە مىدىرلاشقا چىدىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەلۋەتتە، دانتېسنىڭ ئوغلاق گۆشىنى ئويلىغۇدەك ھالى يوق ئىدى. لېكىن، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاچ قورساق تۇرۇشىغا سەۋەب بولمىغانلىقتىن، ئۇ، ھەممەيلەننىڭ قايتىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. دانتېس بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، پەقەت ئوبدان ئارام ئېلىشقا مۇھتاج ئىدى. ئۇ، باشقىلار تاماقتىن كېيىن قايتىپ كەلگۈچە خېلى ئۇخلىشىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئىشەندۈردى. ماتروسلار ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىشمىدى. ئۇلارنىڭ قورسىقى ئاچ ئىدى، دىماغلىرىغا پىشۇرۇلغان ئوغلاق گۆشىنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. ھالبۇكى، دېڭىز بۆرىلىرى ئۆزئارا تۈزۈت قىلىشىپ تۇرمايدۇ. بىر سائەتتەك ئۆتكەندە ئۇلار يەنە قايتىپ كېلىشتى. بۇ ئارىدا ئېدموننىڭ قولىدىن كەلگىنى شۇ بولدىكى، ئۇ بىر نەچچە قەدەمچە ئۆمىلەپ بېرىپ، مۇخ بىلەن قاپلىنىپ كەتكەن قىياغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاغرىقلىرى پەسىيىپ قالماستىن، ئەكسىچە ئەدەپ كەتكەندەك ئىدى. قېرى كاپىتان شۇ كۈنى ئەتىگەندە يولغا چىقىپ، نىتسا بىلەن فرېژۇسنىڭ ئارىلىقىدىكى پىيېمونتا بىلەن فرانسىيىنىڭ تۇتىشىدىغان جايىغا يۈكىنى يەتكۈزۈپ بېرىشى لازىم بولغاچقا، دانتېسنى غەيرەت قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا زورلىدى. دانتېس ھەددىدىن ئارتۇق كۈچىنىپ ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى، لېكىن ئۇ ھەر قېتىم قوزغالغاندا، تاتىرىپ كەتكەن ۋە ئازابلانغان ھالدا قايتىدىن يىقىلىپ چۈشەتتى.



— ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرى سۇنۇپ كېتىپتۇ، — دېدى كاپىتان پىچىرلاپ، — قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ ياخشى بۇرادەر. ئۇنى تاشلاپ كېتىشكە بولمايدۇ. بىر ئامال قىلىپ ئۇنى كېمىگە چىقىرىۋالايلى.

ئەمما، دانتېس بەدىنىنى كىچىككىنىلا مىدىرلىتىش بىلەن بولۇۋاتقان ئاغرىق ئازابىنى تارتقۇچە، مۇشۇ يەردە يېتىپ ئۆلۈشكە رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى كاپىتان، — نېمە بولسىمۇ بولسۇن. بىز سىزدەك بىر ياخشى يىگىتنى يالغۇز تاشلاپ كەتتى دېگەن ئاتاققا قالمايلى. كەچ كىرگۈچە يولغا چىقماستىن سىزنى كۈتىمىز.

گەرچە بۇنداق پىكىرگە ھېچكىم قارشى تۇرمىسىمۇ، بۇ گەپ ماتروسلارنى ھاڭ-تاڭ قالدۇردى. كاپىتان، قاتتىق قوللۇق ۋە ئىنتىزامچان بولۇشى بىلەن داڭ چىقارغان ئادەم ئىدى ھەمدە شۇ كەمگىچە ئۇنىڭ ئۆز مۇددىئاسىدىن ۋاز كەچكەنلىكى ياكى بەلگىلەنگەن قەرەلنى كەينىگە سۈرگەنلىكى تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەھۋال ئىدى. شۇڭلاشقا دانتېس ئۇنىڭ كاساپىتىدىن كېيىندىكى تۈزۈمگە بۇنداق خىلاپلىق قىلىنىشىغا قوشۇلمىدى.

— ياق، — دېدى ئۇ كاپىتانغا، — گۇناھ ئۆزۈمدە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزۈم تاپقان بالانىڭ جازاسىنى ئۆزۈم تارتاي. ماڭا بىرئاز قۇرۇتۇلغان نان بىلەن، ئۆچكىلەرنى ئېتىشقا ۋە بەلكىم ئۆزۈمنى قوغداشقا لازىم بولىدىغان بىر مىلتىق، ئازراق ئوق دورىسى ۋە ئوقلارنى بېرىڭلار. سىلەرنىڭ قايتىپ كېلىشىڭلار كېچىكىپ كەتسە، ئۆزۈمگە قونالغۇ جاي ياسىۋېلىشىم ئۈچۈن يەنە بىر جوتۇ قالدۇرۇپ كېتىڭلار.

— ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتمەمسەن، — دېدى كاپىتان.

— بۇنداق جاپا تارتقۇچە ئۆلۈپ كەتكىنىم ياخشى، — دېدى ئېدمون.

كاپىتان دېڭىزغا ئاتلىنىشقا ھازىرلىنىپ، دولقۇندا چايقىلىپ تۇرغان «قىران ئامېلىيە» گە قاراپ قويدى.

— سىزنى قانداق قىلارمىز، مالتالىق؟ — دېدى ئۇ، — بىز سىزنى تاشلاپ كېتەلمەيمىز، لېكىن، بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشقىمۇ بولمايدۇ.

— كېتىۋېرىڭلار! — دېدى دانتېس.

— بىز ئۇ يەردىن ئاز دېگەندىمۇ بىر ھەپتىدىن بۇرۇن قايتالمايمىز، — دېدى كاپىتان، — سىزنى ئېلىش ئۈچۈن يەنە يولدىن قايرىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

— ماڭا قاراڭ، — دېدى دانتېس، — ئەگەر ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ تەرەپكە كېلىۋاتقان بىرەر بېلىقچىلىق قولۋاقنى ياكى باشقا بىرەر قېيىقنى ئۇچرىتىپ قالساڭلار، مېنى ئېلىپ كېتىشنى ئېيتىڭلار. ئۇلار مېنى لىۋورنوغا يەتكۈزۈپ قويسا 25 پىئاستىر بېرىمەن. ھېچكىمنى ئۇچرىتالمىساڭلار، ئۆزۈڭلار كېلىڭلار.

كاپىتان بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ماڭا قاراڭ، كاپىتان بالدى، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالى بار، — دېدى جاكوپو، — سىلەر كېتىۋېرىڭلار. مەن ياردار بىلەن قېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇراي.

— مېنىڭ يېنىمدا قالىمەن دەپ تاپاۋىتىڭدىن كېچەمسەن؟ — دەپ سورىدى دانتېس.

— ھەئە، — دېدى جاكوپو، — ھەم قىلچە ئېچىنمايمەن.

— سەن ئاق كۆڭۈل يىگىت، جاكوپو، — دېدى دانتېس، — بۇنداق ياخشى نىيەتلىرىڭ ئۈچۈن خۇدا مۇرادىڭغا يەتكۈزەر؛ رەھمەت ساڭا. لېكىن، ماڭا ھېچكىمنىڭ لازىمى يوق. مەن ئۆزۈم بىرەر-ئىككى كۈن ئارام ئېلىۋالسام ئوڭشىلىپ قالىمەن. بۇ تاغلارنىڭ ئارىسىدىن مەن ئۆزۈمگە شىپا بولىدىغان ياخشى ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى تاپالايمەن.



دانتېسنىڭ لەۋلىرىدە سىرلىق تەبەسسۇم ئوينىدى. ئۇ، جاكوپونىڭ قولىنى چىڭ قىستى، لېكىن ئۆزىنىڭ ئارالدا قېلىش، يەنە كېلىپ، يالغۇز قېلىش نىيىتىدىن قەتئىي يانمىدى.

ئەتكەسچىلەر ئېدمون سورىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئەكېلىپ بېرىشتى ۋە ئارقىغا قاراپ-قاراپ، دوستانە رەۋىشتە خوشلىشىش ئىشارىسى قىلىپ، ئۈزاپ كېتىشتى. بۇنىڭغا جاۋابەن ئېدمون خۇددى مىدىرلىيالمايدىغان ئادەمدەك بىر قولىنى ئاران كۆتۈرۈپ خوشلاشتى. ئۇلار تامامەن كۆزدىن يوقالغاندا دانتېس كۈلۈپ كەتتى.

— ئەجەبا، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — دوستلۇق ھەم ساداقەتلىك دەل مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىچىدىنلا تېپىلىدۇ!

ئاندىن، ئۇ ئۆزىنى دېڭىزدىن توسۇپ تۇرغان قىيانىڭ ئۈستىگە ئېھتىيات بىلەن ئۆمىلەپ چىقتى-دە، كېمىسىنىڭ لەڭگەرلىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ۋە كېمە خۇددى قاناتلىرىنى يېيىۋاتقان بېلىق ئالغۇچتەك يېنىككىنە چايقىلىپ ئورنىدىن قوزغالغانلىقىنى كۆردى، بىر سائەتتىن كېيىن كېمە كۆزدىن غايىب بولدى، ھەر ھالدا بۇ ياردار كىشى ياتقان جايدىن كۆرۈنمەيدىغان بولدى. ئەنە شۇ چاغدا دانتېس بۇ چۆل تاشلىقتىكى مىرتا كۆكاتلىرى ۋە چاتقاللىقلارنى ئارىلاپ ئويناقلاپ يۈرگەن تاغ تېكىلىرىدىنمۇ ئەپچىللىك ۋە چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن ئىرغىپ قوپۇپ دەس تۇردى-دە، بىر قولىغا مىلتىق، يەنە بىر قولىغا جوتۇنى ئېلىپ، قىيا تاشلارغا ئويۇلغان ھېلىقى بەلگىلەرنىڭ تۈگەنچى يېرىگە يۈگۈرۈپ باردى.

— ئەمدى، — دەپ تەنتەنە ئىچىدە خىتاب قىلدى ئۇ، بىر چاغلاردا فارىيا ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن ئەرەب بېلىقچى ھەققىدىكى چۆچەكنى يادىغا ئېلىپ، — ئەمدى، ئېچىلغىن، سەزام!

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

## ھېكمەتلىك خەزىنە

قۇياش ئۆزىنىڭ كۈندىلىك مۇساپىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى دېگۈدەك بېسىپ ئۆتكەن مەزگىل بولۇپ، ماي ئېيىنىڭ قىزدۇرۇپ تۇرغان ھاياتبەخش ئاپتىپى قىيالار ئۈستىگە چۈشۈپ تۇراتتى ۋە قىيا تاشلار ئۇنىڭ ئىسسىقىنى سىڭدۈرۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىدا يوشۇرۇنغان مىڭلىغان چېكەتكىلەرنىڭ مۇڭلۇق چىرىلداشلىرى ھاۋانى قاپلاپ كەتكەندى. مىرتا ۋە سەرۋىلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى شىلدىرلاپ، بەئەينى مېتالنىڭ جىرىڭلىشىدەك نازۇك سادا چىقىراتتى. ئېدمونىنىڭ كۈن نۇرىدا قىزىپ كەتكەن گرانىت تاشلارغا بېسىلغان ھەربىر قەدىمى، زۇمرەتتەك يېشىل كەسلەنچۈكلەرنى ئۈركۈتۈپ قاچۇرۇۋېتەتتى. يىراقتىكى تاغ قاپتاللىرىدا ئوۋچىلارنى شۇنچە قىزىقتۇرىدىغان شوخ تاغ تېكىلىرى كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ئارالنىڭ گويا ئۆز ئاھالىسى بولۇپ، ھاياتقا تولغاندەك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئېدمون ئۆزىنى تەڭرىنىڭ پاناھى ئاستىدا تەنھا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچقا ئوخشاش غەلىتە بىر خىل تۇيغۇ چىرمىۋالدى. بۇنىڭ سەۋەبى كۈندۈزنىڭ يورۇقلۇقى ئىدى. ۋەھالەنكى، بۇنداق يورۇقلۇقتا ھەتتا چۆللۈكتىمۇ كىمنىڭدۇ تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرى بىزنى كۆزىتىپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ. بۇ تۇيغۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تەسىر قىلدىكى، ئۇ ئىشنى باشلاشتىن ئاۋۋال جوتۇنى قويۇپ تۇرۇپ، قولىغا يەنە مىلتىقنى ئالدى-دە، ئەڭ ئېگىز چوق-



قىغا يامىشىپ چىقتى ۋە تۆت ئەتراپقا دىققەت بىلەن قاراپ چىقتى،

شۇنى ئېيتىش لازىمكى، ئۇنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغىنى — ئۇ ئۆيلىرىگىچە پەرق ئېتىپ كۆرۈپ تۇرغان مەنزىرىلىك كورسىكا ئەمەس، ئۆزىگە پۈتۈنلەي دېگۈدەك تونۇشسىز بولغان ساردىنىيە ئەمەس، كىشىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۇلۇغ ۋەقەلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئېلبا ئەمەس، ئۇپۇقتا ئاران كۆرۈنۈپ تۇرغان سىزىقچىدەك سوزۇلۇپ، پەقەت دېڭىزچىنىڭ تەجرىبىلىك كۆزلىرىلا پەرق ئېتەلەيدىغان سەلتەنەتلىك گېنۇيا ۋە سودا شەھىرى لىۋورنومۇ ئەمەس. ياق، ئۇنىڭ كۆزلىرى سەھەردە يولۇپ كەتكەن قوش ماچتىلىق كېمىنى ۋە ھېلى تېخى دېڭىزغا چىققان يەككە ماچتىلىق كېمىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. ئالدىنقىسى بونىفاتسىي بوغۇزىغا كىرىپ، كۆزدىن يوقىلاي دەپ قالغانىدى؛ ئىككىنچىسى ئۇنىڭ ئەكسى يۆنىلىشى بويىچە يول تۇتۇپ كورسىكانىڭ قىرغاقلىرىنى ئەگىپ، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتەي دەپ قالغانىدى. بۇنى كۆرۈپ، ئېدمونىنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى. شۇندىن كېيىن ئۇ، ئۆزىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە نەزەر تاشلىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بەجايىكى غايەت زور پەشتاق ئۈستىگە ئورنىتىلغان نازۇك ھەيكەلدەك، تىك چوققىلىق ئارالنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى؛ تۆۋەندىكى جايلاردا بىرمۇ ئىنسان يوق؛ ئارالنىڭ ئەتراپىدا بىرمۇ قولۋاق كۆرۈنمەيدۇ؛ قىيالارنىڭ ئاياغ تەرىپىگە ئۇرۇلۇپ، كۆمۈش رەڭ بەلباغ ھاسىل قىلىپ تۇرۇۋاتقان كۆپكۆك دېڭىزدىن باشقا ھېچنېمە يوق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، ئالدىراپ، لېكىن ئېھتىيات بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ شۇنچە ئۇستىلىق بىلەن ئوڭۇشلۇق ھالدا ئويناپ چىققان ھېلىقىدەك بەختسىز ھادىسە، ئەمەلىيەتتە راستىن يۈز بېرىپ قېلىشىدىن بەك قورقاتتى.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، دانتېس قىيا تاشلارغا

ئۆيۈلغان بەلگىلەرنىڭ يۆنىلىشىنى بويلاپ ماڭدى ۋە بۇ ئىزلار خۇددى قەدىمكى ئىلاھە چۆمۈلىدىغان كۆلگە ئوخشاش خىلۋەتلىككە جايلاشقان كىچىككىنە كۆرپەزگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. بۇ كۆرپەز يېتەرلىك دەرىجىدە تىرەن ۋە ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزى خېلىلا كەڭ بولۇپ، بۇ يەرگە سېپىرونارغا① ئوخشاش ئانچە چوڭ بولمىغان بىرەر كېمىنى ھەيدەپ كىرىپ توختىتىش تامامەن مۇمكىن ئىدى. بۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇ، مۇشۇ يىپ ئۇچىغا ئاساسلىنىپ (بۇنداق يىپ ئۇچى فارىيانىڭ قولىدا بولسا، تۈرلۈك ئېھتىماللىقلار ئىچىدىن شۇنچە ئەپچىللىك بىلەن ئەقلغە يول باشلىيالايتتى) شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىكى، كاردىنال سىپادا باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالماسلىق ئۈچۈن مۇشۇ كۆرپەزگە كىرگەن ۋە ئۆزىنىڭ كېمىسىنى شۇ جايدا يوشۇرۇپ قويۇپ، قىيا تاشلارغا ئويۇلغان بەلگىلەرنىڭ يۆنىلىشى بويىچە مېڭىپ، شۇ بەلگىلەرنىڭ تۈگەنچى يېرىگە ئۆزىنىڭ خەزىنىسىنى كۆمگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ پەرەز دانتېسنى قايتىدىن ھېلىقى يوغان يۇمىلاق تاشنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. يەقەت بىرلا مەسىلە ئېدموننىڭ ئىشەنچىسىنى تەۋرىتىپ تۇراتتى. يەنە ئېغىرلىقى بەش - ئالتە مىڭ فۇنتتىن كەم بولمىغان بۇ تاش قانداق ئۇسۇل بىلەن كۆتۈرۈلۈپ، بۇ جايغا ئورنىتىلغان بولۇشى مۇمكىن؟ توساتتىن دانتېسنىڭ مېڭىسىگە بىر پىكىر كەلدى.

— بەلكىم بۇ تاش تۆۋەندىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەستىن، ئەكسىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەندۇر، — دېدى ئۇ ئۆز ئىچىدە.

ئۇ، بۇ تاشنىڭ بۇرۇنقى ئورنىنى ئېنىقلىماقچى بولۇپ، دەرھال تاشنىڭ يۇقىرىسىدىكى يەرگە چىقتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ تاغ باغرىدىكى بىر يانتۇ تەكشىلىكنى كۆردى. شۇ تەكشىلىكنى

① سېپىرونار — قەدىمكى زاماندىكى ئاستى تۈز بولغان بىر خىل ئاددىي كېمە.



بويلاپ تاش سىيرىلىپ چۈشكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. يەنە بىر كىچىكرەك قىيا تاشنىڭ پارچىسى تىرەك بولۇپ، يۇقىرىدىن چۈشكەن تاشنى توختىتىپ قالغان. ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئوششاق تاش پارچىلىرى ۋە شېغىل ياتقۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنبەت يەرنىڭ توپىسى تۆكۈلگەن. كېيىن بۇ يەردىن كۆكاتلار ئۈنۈپ چىققان ۋە موخ بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئەمدى بۇ تاش، تاغنىڭ ئاجرالماس قىسمىدەك كۆرۈنەتتى.

دانتېس ئاۋايلاپ تۇرۇپ توپىنى قېزىپ چىقاردى ۋە ئۇستىلىق بىلەن قىلىنغان بۇ ئىشنىڭ تېگى - تەكتىگە يەتتى. ياكى ھەر ھالدا تېگى - تەكتىگە يەتكەندەك ھېس قىلدى. شۇندىن كېيىن ئۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا ھاسىل بولغان دىۋارنى جوتۇ بىلەن پارچىلاشقا باشلىدى. ئون مىنۇتلۇق ئەمگەكتىن كېيىن دىۋار يىمىرىلدى ۋە ئادەمنىڭ قولى پاتقۇدەك تۆشۈك ئېچىلدى. دانتېس تاللاپ تۇرۇپ ئەڭ توم زەيتۇن دەرىخىدىن بىرنى كېسىپ يىقىتتى ۋە شاخلىرىنى چېپىپ تاشلاپ، ئۇنى تۆشۈك ئىچىگە تىقىپ پىشاڭ شەكلىدە قايرىپ باستى. لېكىن، بۇ تاش بەك يوغان بولۇپ، ئاستىنقى تاشقا پۇختا تىركىلىپ تۇرغاچقا، ئۇنى ئورنىدىن قوزغىتىشقا ھەر قانداق پالۋاننىڭمۇ كۈچى يەتمەس ئىدى. شۇندىن كېيىن دانتېس ئالدى بىلەن ئاستىدا بېسىلىپ تۇرغان تاشنى چىقىرىۋېتىش لازىم ئىكەنلىكىنى پەملىدى. بىراق، ئۇنى قانداق قىلىپ چىقىرىشقا بولىدۇ؟ ئۇ ئىلاجىسىزلىقتا ئەتراپىغا قارىدى ۋە تۇيۇقسىزدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى جاكوپو قالدۇرۇپ كەتكەن، ئوق دورىسى تولدۇرۇلغان قوشقار مۈڭگۈزىگە چۈشتى. ئۇ كۈلۈپ قويدى: بۇ دوزاخنىڭ كەشپىياتى مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ. دانتېس، خۇددى يەر قازغۇچى ئىشچىلاردەك، جوتۇ بىلەن ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى تاشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن دورا قاچى-

لاشقا بولغۇدەك تۆشۈك ئاچتى ـ دە، تۆشۈكنى دورا بىلەن تۇشقۇزدى ھەمدە قول ياغلىقىنى يىرتىپ، ئۇنى سىلىترا تۈزىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېشىپ پىلىك ياسىدى. شۇندىن كېيىن، پىلىكنىڭ بىر ئۇچىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى نېرىغا ئۆتۈپ تۇردى. بىردەمدىن كېيىن دورا پارتلىدى. كۈچلۈك پارتلاش بىلەن ئۈستۈنكى تاش ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى، ئاستىنقى تاش بولسا، پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. دانتېس كولاپ قويغان تۆشۈكتىن سانسىزلىغان ھاشاراتلار مىغىلداپ چىقىشتى، بۇ يەر ئاستىدىكى سىرلىق بوشلۇقنىڭ كۆزەتچىسى بولغان يوغان بىر يىلان چەمبەر شەكلىدە تۈگۈلۈپ ياتقان يېرىدىن تۈزلىنىپ چىقىپ كوزدىن غايىپ بولدى.

دانتېس بۇ جايغا يېقىن كەلدى. ئۈستۈنكى تاش ئۆزىنىڭ ئاستىدىكى تىرەكلىرىدىن ئايرىلىپ، يار ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. چېۋەر قىدىرغۇچى بۇ تاشنىڭ ئۇياق ـ بۇيېقىغا ئۆتۈپ قاراپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ بوش جايىنى تاللىۋېلىپ، زەيتۇن ياغىچى بىلەن كۈچىنىڭ بارىچە بېسىپ قايىردى. پارتلاشتىن تەۋرەپ قالغان تاش يېنىككىنە مىدىرلىدى. دانتېس تېخىمۇ كۈچىنىپ قايىردى. شۇ تاپتا ئۇ خۇدالارنىڭ خۇداسى بىلەن جەڭ قىلىشقا ھازىرلىنىپ، قىيا تاشلارنى تۈپ ـ ئاساسىدىن يۇلۇپ ئېلىۋاتقان ئەپسانىۋى باھادىرغا ئوخشايتتى. ئاخىرى، تاش قومۇرۇلدى ۋە تاغ باغرىدىن دومىلاپ بېرىپ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى.

تاش بېسىپ ياتقان جاي ئەسلىدە بىر دۆگىلەك مەيدانچاق بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت چاسا تاش تاختىغا بېكىتىلگەن بىر تۆمۈر ھالقا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دانتېس خۇشاللىق ۋە ھەيرانلىقتىن ئاستاغىنا ئۈن سالدى — ئۇ، دەسلەپكى ئىزدىنىشتىلا نەقەدەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى! ئۇ، قىدىرىشنى داۋاملاشتۇر-



ماقچى بولغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ پۇتلىرى شۇنچە تىترەپ، يۈرىكى شۇنچە قاتتىق سوقۇپ، كۆزلىرى شۇنچە ئوتلۇق تۇمان بىلەن تورلىشىپ كەتتىكى، ئىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، بۇ توختاش بىردەملىك ئىدى. ئېدمون زەيتۇن ياغىچىنىڭ بىر ئۇچىنى ھالقىغا كىرگۈزۈپ باركۈچى بىلەن ئىتتىرگەنىدى، تاش تاختا كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. ئۇنىڭ ئاستىدا، قاپقاراڭغۇ غارنىڭ ئىچىگە ئورنىتىلغان شوتىدەك بىر نەرسە كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىر كىشى بولسا، ئۇ يەرگە ئېتىلىپ چۈشۈپ كېتەر ئىدى. خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ كېتەر ئىدى. لېكىن، دانتېس تاتىرىپ كەتتى ۋە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى.

— توختا! — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، — يۈرەكلىك ئەزىمەت بولۇشۇم كېرەك. مەن بەختسىزلىككە كۆنۈك، ئوڭۇشسىزلىقلار مېنى باش ئەگدۈرەلمەيدۇ. تارتقان دەرد ـ ئەلەملىرىم مېنى چېنىقتۇرمىغانمىدى؟ يۈرەك، ئارزۇ ـ ئۈمىدنىڭ ھارارىتىدىن ئارتۇقچە كېڭىيىپ كېتىپ، ئەمەلىيەتنىڭ سوغۇقلۇقىدىن ئۇشتۇمتۇت قىسىلىپ قالسا، بەرداشلىق بېرەلمەي يېرىلىپ كېتىدۇ! فارىيا چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى سۆزلىگەن: كاردىنال سىپادا بۇ غارغا ھېچنېمىنى كۆممىگەن، ئۇ ھەتتا بۇ يەرگە كېلىپمۇ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن، كەلگەن بولسىمۇ، تېبىزار بورجىئادىن ئىبارەت ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان مۇتتەھەم، ھېچنېمىدىن باش تارتمايدىغان پەيلى يامان قاراقچى ئۇنى پايلاپ بۇ يەرگە كەلگەن، ئۇنىڭ ئىزىنى تېپقان، خۇددى ماڭا ئوخشاشلا، تاشقا ئويۇلغان بەلگىلەرنى بويلاپ كېلىپ، مېنىڭ قىلغىنىمدەك، مۇشۇ تاشنى كۆتۈرۈپ ئېلىۋەتكەن ۋە بۇ غارغا مەندىن بۇرۇن چۈشۈپ، ماڭا ھېچنېمىنى قالدۇرمىغان.

ئۇ، بىردەمگىچە قىمىر قىلماستىن، بۇ قاپقاراڭغۇ ۋە چوڭقۇر كاماغا قاراپ تۇردى.

— شۇنداق. بۇ خىلدىكى سەرگۈزەشتىنىڭ سادىر بولۇشىغا بۇ قاراقچى خاقاننىڭ ھاياتىدىن ئورۇن تېپىلار ئىدى. بۇ قاراقچىنىڭ ھاياتىدىكى يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق، ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ رەڭگارەڭ توقۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان پەۋقۇلئاددە ۋەقەلەر بىلەن قوشۇلۇپ، ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇ ئاجايىپ ۋەقە ئۇنىڭ غالىبانە ئىشلىرىنىڭ زۆرۈر تەركىبى قىسمى ئىدى. شۇنداق، بىر چاغلاردا بورجىئا بىر قولىدا مەشئەل، بىر قولىدا زۇلپىقار تۇتۇپ بۇ يەرگە كەلگەن. يىگىرمە قەدەمچە نېرىسىدا، ئېھتىمال مۇشۇ قىيانىڭ يېنىدا، سۈرلۈك ۋە عەزەپلىك ئىككى جىسەكچى يەر، ئاسمان ۋە دېڭىزنى زېرەكلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئارىدا ئالارنىڭ ھۆكۈمدارى، خۇددى ھازىر مەن قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك، غارنىڭ ئىچىگە كىرگەن ۋە قولىدىكى يالقۇنلاپ تۇرغان دەھشەتلىك مەشئەل بىلەن قاراڭغۇ غارنى يورۇتقان.

«شۇنداق. ئاندىن، بورجىئا ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىدىن خەۋەردار بولغان بۇ ئىككى جىسەكچىنى نېمە قىلغاندۇر؟» — دانتېس ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويدى.

«ئالارنىڭ گۆرىنى كولىغان گۆركارلارنى مەييىت بىلەن بىللە كۆمۈۋەتكەنگە ئوخشاش قىلغاندۇ» — ئۇ كۈلۈپ قويۇپ ئۆز-ئۆزىگە جاۋاب بەردى.

«بورجىئا بۇ يەرگە كەلگەن بولسا، — دەپ ئويلىدى دانتېس، — ئۇ، خەزىنىنى تېپىپ ئېلىپ كەتكەن بولىدۇ. بورجىئا ئىتالىيەنى گويا بىر كاللەك بەسەيدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭ ياپراقلىرىنى بىردىن-بىردىن يۇلغان ئادەم. بورجىئا ۋاقتىنىڭ قەدرىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، بۇ تاشنى قايتىدىن بۇرۇنقى ئورنىغا ئورنىتىمەن دەپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماس ئىدى. قېنى، غارنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كۆرەي.»



ئۇ، ئىنسان ئېڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئېيتىپ: «بەلكىم شۇنداقتۇر!...» دېدى-دە، ئىشەنچ قىلمىغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ غارغا كىردى. بۇ يەر، دانتېس ئويلىغاندەك قاراڭغۇ، دىمىق ھەم سېسىق بولماستىن، كۆكۈش نۇر چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا يورۇق ئىدى. بۇ يەرگە ھاۋا بىلەن يورۇقلۇق، ئۇ ئۆزى ھېلى تېخى ئاچقان غارنىڭ ئېغىزىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە قىيالارنىڭ سىرتتىن قارىغاندا كۆرۈنمەيدىغان يوچۇقلىرىدىنمۇ كىرىپ تۇراتتى. بۇ يوچۇقلاردىن كۆك ئاسمان، دۇب دەرەخلىرىنىڭ زىننەتلىك يېشىل يوپۇرماقلىرى ۋە يەر بېغىرلاپ ئۆسكەن يۆگىمەچ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تىكەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. غار ئىچىدىكى ھاۋا زەي ۋە بۇرۇقتۇم بولماستىن، بەلكى بىر قەدەر ئىللىق ۋە خۇش پۇراق ئىدى. غار ئىچىدىكى كۆكۈچ يورۇقلۇق، يارقىن قۇياش نۇرىدىن يېقىملىق بولغىنىدەك، بۇ يەردىكى ھاۋامۇ سىرتتىكى ھاۋاغا قارىغاندا يېقىملىق ئىدى. دانتېس قاراڭغۇدا كۆرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، غار ئىچىدە بىرنەچچە سېكۇنت تۇرۇپلا ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلارنى كۆرۈپ چىقىشقا ئۈلگۈردى. غارنىڭ دىۋارلىرى گرانىتتىن بولۇپ، ئۇنىڭ چىمىرلاپ تۇرغان ئۇششاق پارچىلىرى ئالماستەك پارقىراپ تۇراتتى.

— ھەي! — دېدى دانتېس كۈلۈپ قويۇپ، — كاردىنالدىن قالغان خەزىنە مۇشۇ بولسا كېرەك. ئاق كۆڭۈل ھەزرەت پارقىراپ تۇرغان دىۋارلارنى چۈشىدە كۆرۈپ، چوڭ ئۈمىدلەرگە بېرىلىپ كېتىپتۇ.

لېكىن، دانتېس ئۆزىگە ياد بولۇپ كەتكەن ۋەسىيەتنامىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭدا: «ئىككىنچى ئۆڭكۈرنىڭ ئەڭ ئىچكىرىكى بۇلۇڭىغا كۆمۈلگەن» دېيىلگەن. ئۇ تېخى ئەمدى بىرىنچى ئۆڭكۈرگە كىردى. ئەمدى ئىككىنچىسىنىڭ كىرىش ئېغىزىنى تېپىش كېرەك

ئىدى. دانتېس ئۆپچۆرىسىگە كۆز يۈگۈرتتى. ئىككىنچى ئۆڭكۈر پەقەت ئارالغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى ئېھتىيات يۈزىسىدىن بېكىتىۋېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ، دىۋارنىڭ سىلىق تاشلىرىنى دىققەت بىلەن تەكشۈرۈپ چىقتى ھەمدە ئۆز ئىچىدە «ئۆڭكۈر مۇشۇ تەرەپتە بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىغان تەرەپتىكى دىۋارنىڭ تاشلىرىنى بىرمۇبىرلەپ چېكىپ باقتى. جوتۇنىڭ گرانىتقا ئۇرۇلغان بوغۇق ساداسى بىرنەچچە مىنۇتقىچە ئاڭلاندى. بۇ گرانىتلار شۇنچە مۇستەھكەم ئىدىكى، دانتېسنىڭ ماڭلىيى نەملىشىپ كەتتى. ئاخىرى، بۇ ھارماس تاغ كېسەر، گرانىت دىۋارنىڭ بىر يېرىدىن باشقا جايلارغا قارىغاندا تۇتۇقراق ۋە تۆۋەنرەك سادا چىقىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن دىۋارغا قارىدى ۋە مەھبۇسلارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن شۇنى چۈشەندىكى (باشقا ھېچقانداق ئادەم بۇنى چۈشىنەلمەس ئىدى): مۇشۇ جايدا بوشلۇق بولۇشى كېرەك.

شۇنداقتىمۇ، دانتېس تېزار بۇرجىئادەكلا ۋاقىتنىڭ قەدرىنى بىلگەچكە، بىھۇدە ئاۋارە بولماسلىق ئۈچۈن غارنىڭ باشقا دىۋارلىرىنىمۇ جوتۇ بىلەن ئۇرۇپ كۆرۈپ باقتى. ئاياغ ئاستىدىكى يەرنىمۇ مىلتىقنىڭ قوندىقى بىلەن ئۇرۇپ باقتى، ئۆزى گۇمان قىلغان يەرلەردىكى قۇمنى كولاپ باقتى ۋە ھېچنەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن، ئىلھامبەخش سادا چىققان دىۋارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم كۈچلۈكرەك ئۇردى. تۇيۇقسىزدىن ئۇ ھەيران بولغان ھالدا شۇنى كۆردىكى، جوتۇنىڭ زەربىسى بىلەن دىۋار يۈزىدىن خۇددى تام نەقىشلىرىنىڭ ئاستىغا سۇۋىلىدىغان سۇۋاقتەك بىر نەرسىلەر پارچىلىنىپ چۈشۈپ، ئادەتتە قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاقۇچ ۋە يۇمشاقراق كەلگەن تاشلار كۆرۈندى. ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى شۇ تاشلار بىلەن



بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە گرانىت پارچىلىرى ئارىلاشتۇرۇلغان سىيپاق بېرىلگەنىدى. دانتېس جوتۇنىڭ ئۇچلۇق تەرىپى بىلەن بىرنى ئۇرۇۋىدى، جوتۇنىڭ ئۇچى دىۋارغا كىرىپ كەتتى. دېمەك، مانا مۇشۇ يەرنى كولاش كېرەك. ئادەملەرنىڭ غەلىتە بىر خىل ئالاھىدىلىكى باركى، دانتېس، فارىيانىڭ خاتالاشمىغانلىقىغا ئىسپات بولىدىغان دەلىللەرنى كۆرگەنسېرى، ئۇنىڭ گۇمانلىرى شۇنچە ئاشتى، ئۈمىدسىزلىنىشكە باشلىدى. ئۇ، ئىزدىنىشىنىڭ بۇ يېڭى نەتىجىسىنى كۆرگەندىن كېيىن غەيرەتكە كېلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ ئەكسىچە بوشىشىپ كەتتى. جوتۇ دىۋاردىن تېيىلىپ، ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىشكە تاس قالدى، ئۇ، جوتۇنى يەرگە قويۇپ، ماڭلىيىنى سۈرتتى ۋە ئۆز-ئۆزىگە «ماراپ تۇرغان ئادەمنىڭ بار-يوقلۇقىنى كۆرۈپ باقاي» دەپ، غاردىن چىقتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ساپ ھاۋاغا چىققۇسى كېلىپ قالغانىدى. ئۇ، ھېلىدىن-ھېلىغا ھوشىدىن كېتىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئارالدا ھېچكىم يوق ئىدى، ئېگىز ئاسماندىن قۇياشنىڭ كۆيدۈرۈپ تۇرغان نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

دانتېس ئەتىگەندىن بېرى ھېچنېمە يېمىگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھېچنېمە يېگۈسى كەلمىدى. ئۇ، بىر ئوتلام ھاراق ئىچىۋالدى-دە، يەنە غارغا قايتىپ كىردى. ئۇنىڭغا شۇنچە ئېغىر تۇيۇلغان جوتۇ ئەمدى يېنىكلىشىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ، جوتۇنى خۇددى پەيدىن ياسالغان نەرسىنى ئالغاندەك كۆتۈردى-دە، تېتىكلەشكەن ھالدا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ، جوتۇ بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇرغاندىن كېيىن، تاشلار بىر-بىرىگە چاپلاشتۇرۇلغان بولماستىن، شۇنداقلا ئۈستى-ئۈستىگە تىزىپ قويۇلغانلىقىنى ۋە يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۈستىگە سىيپاق بېرىلگەنلىكىنى كۆردى. ئېدمون جوتۇنىڭ ئۇچىنى يوچۇقلاردىن بىرىگە كىرگۈزۈپ قايرىۋىدى. بىر پارچە تاش

ئۆنىڭ ئايىغى ئاستىغا دومىلاپ چۈشتى! شۇنىڭدىن كېيىن دانتېس
تاشلارنى جوتۇنىڭ ئۇچى بىلەن كوچىلاپ چىقىردۋەردى ۋە تاش
پارچىلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى دومىلاپ چۈشۈۋەردى، ئۆڭكۈر-
نىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ بولدى، لېكىن دانتېس ئەمەلىيەتنى
كۆرۈش ۋاقتىنى ئارقىغا سۈرۈپ، ئۈمىدۋارلىقىنى ساقلاپ قېلىش
ئۈچۈن تېخىچە قوزغالماي تۇردى. ئاخىرى ئۇ، بىردەملىك ئىككى-
لىنىشنى يېڭىپ، ئىككىنچى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىردى. ئىككىنچى
ئۆڭكۈر ئالدىنقىسىغا قارىغاندا چوڭقۇرراق ۋە قاراڭغۇراق ئىدى.
بۇ يەرگە هاۋا تېخى هېلى ئېچىلغان تۆشۈكتىنلا كىرەلەيدىغان
بولغاچقا، ئۆڭكۈرنىڭ هاۋاسى ئېغىر هەم سوغۇق ئىدى. دانتېس
هەيران بولدىكى، بۇنداق ئەھۋال تاشقىرىقى غاردا كۆرۈلمىگە-
نىدى. دانتېس تاشقىرىدىن كىرگەن ساپ هاۋا بۇ يەردىكى
بۇرۇختۇم هاۋانى تازىلاپ چىقارغۇچە بىردەم كۈتۈپ تۇردى - دە،
كېيىن ئۆڭكۈرگە كىردى. كىرىش ئېغىزىدىن سول تەرەپتە
قاراڭغۇ ۋە ئويمان بىر بۇلۇڭ بار ئىدى. لېكىن، سۆزلەپ
ئۆتكىنىمىزدەك، دانتېس ئۈچۈن قاراڭغۇلۇق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.
ئۇ، ئەتراپقا قاراپ چىقتى. بۇ ئۆڭكۈرمۇ ئالدىنقى غارغا
ئوخشاشلا بوش ئىدى.

ئەگەر خەزىنە ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولسا، مۇشۇ قاراڭغۇ
بۇلۇڭغا كۆمۈلگەن بولۇشى كېرەك. كىشىنىڭ باغرىنى ئېزىدىغان
پەيت يېتىپ كەلدى. دانتېسنى زور بەخت ياكى چوڭقۇر ئەلەمدىن
ئايرىپ تۇرغان ئىككى فۇت قېلىنلىقتىكى توپىلا قالدى. ئۇ، ئاشۇ
بۇلۇڭغا يېقىن كەلدى ۋە بىردىنلا غەيرەتكە تولۇپ، دادىللىق
بىلەن يەرنى كولاشقا كىرىشىپ كەتتى. بەش - ئالتە قېتىم چاپ-
قاندىن كېيىن جوتۇنىڭ ئۇچى تۆمۈرگە ئۇرۇلدى. هېچقانداق
ماتەم خەۋىرى، هېچقانداق جەڭ چاقىرىقى كىشىلەرگە مۇنداق
كۈچلۈك تەسىر قىلماس ئىدى. ئەگەر دانتېس هېچنەرسە تاپال-



مىغان بولسىمۇ، بۇنچىلىك تاتىرىپ كەتمەس ئىدى. ئۇ، سەل
چەتكىرەك يەنە بىرنى ئۇرغانىدى، جوتۇنىڭ ئۇچى يەنە شۇنداق
قارشىلىققا دۇچ كەلدى، لېكىن بۇ قېتىمقى ئۇرۇلۇشتىن چىققان
سادا باشقىچە ئىدى.

— بۇ، قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان ياغاچ ساندۇق، — دېدى
ئۇ ئۆز - ئۆزىگە.

شۇ ئەسنادا قانداقتۇ بىر سايە يورۇقلۇقنى توسۇپ غىل -
پال قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. دانتېس جوتۇنى چۆرۈپ تاشلاپ،
قولىغا مىلتىقنى ئالدى - دە، غاردىن يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقتى،
بىر ياۋا ئۆچكە غار ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، بىر نەچ-
چە قەدەم نېرىدا ئوتلاپ تۇراتتى. بۇ، غىزالىق گۆش تەييارلاپ
قويۇشقا ئوبدان پۇرسەت ئىدى، ئەمما دانتېس ئوق ئاۋازى
كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتى.

ئۇ، بىردەم ئويلاپ تۇرغاندىن كېيىن، دېۋىرقايلىق دەرەخ-
نىڭ بىر شېخىنى كېسىپ ئالدى ۋە ئەتكەسچىلەر ئوغلاق گۆشىنى
پىشۇرغان هېلىقى گۈلخاندىن قالغان ئوتقا تۇتاشتۇرۇپ، شۇ
مەشئەل بىلەن غار ئىچىگە قايتىپ كىردى. ئۇ ئۆز ئالدىدا ناما-
يان بولۇش ئالدىدا تۇرغان نەرسىلەرنىڭ ھەممە ئۇششاق -
چۈششەكلىرىنى قالدۇرماي كۆرۈشنى خالايتتى. ئۇ، مەشئەلنى
ئۆزى كولاپ قويغان چوڭقۇرلۇققا يېقىن ئەكىلىپ، ئۆزىنىڭ خاتا-
لاشمىغانلىقىنى كۆردى: دەرۋەقە، جوتۇ بىردەم تۆمۈرگە، بىر
دەم ياغاچقا ئۇرۇلغانىدى. ئۇ، مەشئەلنى يەرگە سانجىپ قويۇپ،
قايتىدىن ئىشقا چۈشتى. دانتېس بىر نەچچە مىنۇتتىلا ئۇزۇنلۇقى
ئۈچ فۇت، كەڭلىكى ئىككى فۇت كېلىدىغان دائىرىنى كولاپ چىقار-
دى ۋە دۇب ياغىچىدىن ياسالغان، نەقىشلىك قاڭالتىر بىلەن
قاپلانغان ساندۇقنى كۆردى. ساندۇقنىڭ تۆپىسىدە سىپادا ئۇرۇ-
قىنىڭ گېربى تەسۋىر قىلىنغان كۈمۈش تاختىچاق يالتىراپ

تۇراتتى. بۇ — كاردىناللىق تاجى كىيدۇرۇلگەن سوزۇنچاق ئېتالىيان قالقىنى ئۈستىدىن تىك قويۇلغان زۇلپىقارنىڭ شەكلى ئىدى. دانتېس بۇنى ئاسانلا تونۇۋالدى — بۇ گېرىبنى فارىيا ھەزرەت قانچە - قانچە قېتىملار سىزىپ كۆرسەتكەن ئەمەسمىدى! ئەمدى ھېچقانداق شەك - شۈبھە قالمىدى. خەزىنە مۇشۇ يەردە ئىدى. ھېچقانداق ئادەم قۇرۇق ساندۇقنى بۇنداق پۇختىلىق بىلەن يوشۇرمىغان بولاتتى. دانتېس بىردەمدىلا ساندۇقنىڭ ئەتراپىدىكى توپىلارنى كولاپ چىقىرىۋەتتى. ئەڭ ئاۋۋال ئۈستۈنكى قاغا تۇمشۇقى يالىڭاچلاندى، كېيىن ئىككى دانە ئاسما قۇلۇپ، ئاندىن يان تەرەپلىرىدىكى تۇتقۇچلىرى كۆرۈندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى، ئادەتتىكى مېتالنى پىششىقلاپ ئىشلەش سەنئىتى راۋاج تاپقان ئاشۇ دەۋرنىڭ ھۈنىرى بىلەن ياسالغانىدى. دانتېس ساندۇقنىڭ تۇتقۇچىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باققانىدى، ئورنىدىن مىدىرلىتالمىدى. ئۇ، ساندۇقنى ئاچماقچى بولدى، لېكىن قاغا تۇمشۇقمۇ، ئاسما قۇلۇپلارمۇ چىڭ ئېتىكلىك ئىدى. بۇ ساداقەتلىك قوغدىغۇچىلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان خەزىنىنى بېرىۋېتىشكە ئۇنىمايۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. دانتېس جوتۇنىڭ ئۇچىنى ساندۇقنىڭ يان ياغىچى بىلەن قاپقىقىنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقىنى سېلىپ بېسىپ قايرىۋىدى، ساندۇق قاپقىقى بىر غىچىرلىدى - دە، قاراسلاپ سۇنۇپ چىقتى. ياغاچنىڭ سۇنۇشى قاڭالتىر تاختىلىرىنى بوشاتتى. ئاندىن قاڭالتىرمۇ ئۆزىنىڭ تۆمۈر تىرناقلىرى بىلەن تاختاي سۇنۇقلىرىنى چىڭ تۇتقان ھالدا ئاجرىلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، ساندۇق ئېچىلدى.

دانتېسنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولۇشۇپ كەتتى. ئۇ، مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ بەتلىدى ۋە يېنىغا قويۇپ قويدى. ئالدى بىلەن، ئۇ كۆزلىرىنى يۇمدى. گۆدەك باللار، تېخى تولۇق قاراڭغۇلاش-



مىغان ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قارىغاندا، ئۆز تەسەۋۋۇرىنىڭ نۇرلۇق كېچىسىدە يەنىمۇ كۆپرەك يۇلتۇزلارنى كۆرۈشنى ئويلىغاندا شۇنداق قىلىشىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئېدمون كۆزىنى ئاچتى ۋە ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ساندۇقنىڭ ئىچى ئۈچ بۆلەككە ئايرىلغانىدى. بىرىنچى بۆلەكتە ساپ ئالتۇن تىللالار قىزغۇچ شولا تاشلاپ نۇرلىنىپ تۇراتتى. ئىككىنچى بۆلەكتە، پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن ۋە پەقەت ئۆزىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئالتۇنلۇق قىممىتىگىلا ئىگە بولغان قۇيما ئالتۇنلار رەتلىك تىزىپ قويۇلغانىدى. ئېدمون يېرىمىگىچە تولدۇرۇلغان 3 - بۆلەكتىكى ئالماس، مەرۋايىت، ياقۇتلارغا قولىنى پاتۇردى ۋە ئۇلار گويا كى رۇجەكنىڭ ئەينەكلىرىگە ئۇرۇلۇپ يېغىۋاتقان مۆلدۈردەك، نۇرلۇق شارقىراتما بولۇپ، ئۈستى - ئۈستىگە شاراقلاپ چېچىلىپ چۈشتى. ئېدمون ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى بۇ نەرسىلەرگە قانغۇچە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئالتۇن ۋە قىممەتلىك تاشلارغا تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى بىر نەچچە قېتىم سالدى ۋە شۇندىن كېيىن، ئەقلىدىن ئېزىشقا ئاز قالغان ئادەمدەك ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا غارنىڭ ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ، ئۇچۇق دېڭىزنى كۆرۈشكە بولىدىغان ئېگىز قىيانىڭ ئۈستىگە يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە بىر ئادەمنىمۇ يولۇقتۇرمىدى. بۇ يەردە ئۇ بىر ئۆزى تەنھا ئىدى، ئۇنىڭ ئۆزىگىلا تېگىشلىك بولغان ئاشۇ ھېسابسىز، مىسلىسىز، كارامەتلىك بايلىقلار بىلەن بىر ئۆزى يالغۇز ئىدى. بىراق، بۇ ئۇنىڭ چۈشىمۇ، ئويغىمۇ؟ بۇ، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى بىر دەملىك شېرىن خىيالمۇ ياكى ئۇ ئۆز ئىلكىدە چىن ئەمەلىيەتنى تىكلەپ تۇرۇۋاتامدۇ؟

ئۇنىڭ ئۆز ئالتۇنلىرىنى يەنە كۆرگۈسى كېلەتتى، بىراق ئۇ مۇشۇ تاپتا ئۇ نەرسىلەرنى كۆرسە، روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى باشقۇرۇۋالالماي قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ،

بەجايىكى ئۆزىنىڭ مېڭىسىدىن ئۆتۈپ چىقىپ كېتىشكە تەييار تۇرغان ئەقلى - ھوشىنى تۇتۇپ قالالماقچى بولغاندەك، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان بويىچە يولغىمۇ قارى- ماستىن (چۈنكى مونتې - كرىستو ئارىلىدا ھېچقانداق يول مەۋجۇت ئەمەس) ئۆزىنىڭ جار سېلىشى ۋە تەلۋىلەرچە ھەرىكەتلىرى بىلەن تاغ ئېيىكلىرىنى، دېڭىز قۇشلىرىنى ئۈركىتىپ بېشى قايغان - پۇتى تايغان ياقلارغا يۈگۈرۈپ كەتتى. ئاندىن، ئايلىنىپ - چۆگىلەپ ئارقىغا ياندى ھەممە تېخىچە ئۆز - ئۆزىگە ئىشىنەل- مىگەن ھالدا غارنىڭ ئىچىگە. ئۇ يەردىن ئىككىنچى ئۆڭكۈرگە ئېتىلىپ كىردى ۋە ئۆز ئالدىدا يەنە ئاشۇ ئالتۇن - گۆھەر كانىنى كۆردى. بۇ قېتىمدا ئۇ، ئويناپ تۇرغان يۈرىكىگە قوللىرىنى چىڭ بېسىپ تۇرۇپ، بىر خۇدانىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان ئاللىقانداق ئايەتلەرنى پىچىرلىغان ھالدا ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ تىزلىنىپ ئولتۇردى. بىر ئەسنادىن كېيىن ئۇ بىر ئاز ئېسىنى يىغىۋالدى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى تېخىمۇ بەختلىكرەك ھېس قىلدى. ئۇ، پەقەت ئەمدىلا ئۆزىنىڭ ئامەتكە ئىشىنىشكە باشلىدى - دە، ئۆزىنىڭ بايلىقىنى ھېسابلاشقا كىرىشتى. ساندۇقتا، ھەربىرىنىڭ ۋەزنى ئىككىدىن ئۈچ فۇنتقىچە بولغان مىڭ دانە قۇيما ئالتۇن بار ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، ھازىرقى باھادا ھەربىرىنىڭ نەرقى 80 مىڭ فرانكقا توختايدىغان ۋە ھەممىسىگە پاپا ئالېك- ساندر VI نىڭ ھەم ئۇنىڭ ئالدىنقى ئەۋلادلىرىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن 25 مىڭ دانە ئالتۇن تىللانى ساناپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇنىڭ ھەممىسى ساندۇق ئىچىدىكى بىر بۆلۈمنىڭ يېرىمىغىلا توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆردى. ئاخىرىدا ئۇ، ھەر ئىككى قولى بىلەن ئون ئۈچۈم مەرۋايىت، ئالماس ۋە باشقا قىممەتلىك تاشلارنى دەڭسەپ باقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە تولىسى ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ماھىر زەرگەرلىرى



تەرىپىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى نەرقىدىن قېلىش- مايدىغان سەنئەتلىك قىممىتىگىمۇ ئىگە ئىدى.

كۈن پېتىشقا باشلىغانىدى. دانتېس گۇگۇم چۈشۈۋاتقانلىق- قىنى بايقىدى. ئۇ، باشقىلار تەرىپىدىن نەق مەيداندا ئاشكارى- لىنىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، قولىغا مىلتىقىنى ئالدى - دە، تاشقىرىغا چىقتى. بىر پارچە قۇرۇتۇلغان نان بىلەن بىر نەچچە يۇتۇم ھاراق ئۇنىڭ كەچكى تامىقىغا ھېساب بولدى. ئاندىن كېيىن ئۇ، ھېلىقى تاش تاختىنى ئاۋۋالقى جايىغا ئورنىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئۈستىگە ياتتى ۋە ئۆز گەۋدىسى بىلەن غارنىڭ كىرىش ئېغىزىنى توسىغان ھالدا بىر نەچچە سائەت ئۇخلىۋالدى.

بۇ كېچە تەشۋىشلىك ھەۋەس بىلەن دىلغۇل بولغان بۇ كىشىگە بۇندىن بۇرۇنمۇ ئىككى - ئۈچ قېتىم نېسىپ بولغان شېرىن ھەم دەھشەتلىك كېچىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

## ناتونۇش كىشى

تاڭ ئاتتى. دانتېس خېلىدىن بېرى كۆزلىرىنى يۇمماستىن بۇ تاڭنى كۈتۈپ ياتقانىدى. قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرى تۆكۈلۈشى بىلەنلا ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاش، ئارالدىكى ئەڭ ئېگىز قىياغا چىقىپ، ئەتراپقا نەزەر سالدى. تۈنۈگۈنكىدەكلا، ھېچكىم يوق ئىدى. ئېدمون قىيادىن چۈشتى ۋە غارنىڭ يېنىغا كېلىپ، تاش تاختىنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويدى - دە، غارنىڭ ئىچكىرىسىگە كىردى. ئۇ، قىممەتلىك تاشلار بىلەن يانچۇقلىرىنى تولدۇردى، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى

ئىمكان قەدەر ئوبدانراق ياپتى، ئەتراپىدىكى توپىلارنى دەسسەپ چىڭدىدى ۋە كولانغان يەرنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۈستىدىن قۇم سەپتى. شۇندىن كېيىن غاردىن چىقىپ، كىرىش ئېغىزىنى تاش تاختا بىلەن بېكىتتى، ئۇنىڭ ئۈستىنى تاشلار بىلەن باستۇردى. تاشلارنىڭ ئارىلىقلىرىغا توپا تۆكتى، ئۇ يەرگە مىرتا كۆچەتلىرىنى ھەم يۆگىمەچ گۈللەرنى كۆچۈرۈپ تىكتى ھەمدە ئۇلارنىڭ چاپسانراق ئۈنۈپ، بۇ يەردە ئۇزاقتىن بۇيان ئۆسۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈشى ئۈچۈن سۇ قۇيدى ئاندىن بۇرادەرلىرىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. ئەمدى، ئالتۇن ۋە ئالماسلارغا قاراپ ۋاقتىنى بىكارغا ئۆتكۈزۈشنىڭ ۋە كېرەكسىز خەزىنىنى قوغداۋاتقان ئەجدىھاردەك بۇ ئارالدا ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئەمدى، تۇرمۇشقا، كىشىلەر ئارىسىغا قايتىش لازىم ھەمدە ئىنسان ئىگە بولالايدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك ۋە ئەڭ زور كۈچ-قۇدرەت بولغان پۇل بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىدىغان ئىجتىمائىي ئورۇن، ئابروي ۋە ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم.

ئەتكەسچىلەر ئالتىنچى كۈنى قايتىپ كېلىشتى. دانتېس «قىران ئامېلىيە» نىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ۋە سۇ يۈزىدە ئىلگىرىلىشىگە قاراپ، ئۇنى يىراقتىنلا تونۇۋالدى. ئۇ، كېمە توختاش جايىغا خۇددى يارىدار بولغان فىلوكتېتقا ئوخشاش ئۆمىلەپ كەلدى ۋە بۇرادەرلىرى قىرغاققا چۈشكەندە، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ گەرچە ساقىيىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا خېلى تۈزۈلۈپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. شۇندىن كېيىن، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدىكى ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار يۈكنى چۈشۈرۈپ بولۇشىغىلا، بىر قاراۋۇللۇق كېمىسى تۇلوندىن چىقىپ، ئۇلار تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر



تاپتى. شۇڭا ئۇلار دەرھال يولغا چىقتى ۋە «ئامېلىيە» نىڭ تېزلىكىنى ئاشۇرۇشقا شۇنچە ئۇستا بولغان دانتېسنىڭ بولمىغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىشتى. كۆپ ئۆتمەستىن ئۇلار قوغلاپ كېلىۋاتقان كېمىنى كۆرۈشتى. لېكىن، ئۇلار قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ، كورس تۇمشۇقىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ قېچىپ كېتەلىدى. ئومۇمەن، ئۇلارنىڭ سەپىرى ئۇتۇقلۇق بولغانىدى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى، بولۇپمۇ جاكوپو دانتېسنىڭ بۇ قېتىمقى سەپەرگە ئىشتىراك قىلالماستىن، كىشى بېشىغا 50 پىئاستىردىن تەقسىملەنگەن پايدىدىن مەھرۇم قالغانلىقىغا ئېچىنى ئاغرىتتى.

ئېدمون بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىدى. ئۇ، ئارالدىن كېتەلىگەن بولسا قولغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن بولغان پايدىنىڭ ھېسابىنى ئاڭلىغاندا ھەتتا كۈلۈپمۇ قويمىدى. ۋەھالەنكى، «قىران ئامېلىيە» پەقەت ئۇنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈنلا مونتې-كرىستوغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ شۇ كېچىسىلا كېمىگە ئولتۇردى ۋە كاپىتانغا ئەگىشىپ لىۋورنوغا يېتىپ كەلدى. لىۋورنوغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ بىر يەھۇدىي دەللالنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يېنىدىكى قىممەتلىك تاشلىرىنىڭ ئەڭ ئۇششاقلىرىدىن تۆتىنى بېرىپ، ھەربىرىنى 5 مىڭ فرانك نەرقىدە ساتتى. يەھۇدىي بىر ئاددىي ماتروسنىڭ مۇنچىلىك قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى نەدىن ئالغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن، ئۇ ئۈن چىقارمىدى، چۈنكى ئۆزىمۇ بۇ بۇيۇملارنىڭ ھەربىرىدىن مىڭ فرانكتىن پايدا ئالاتتى.

ئەتىسى دانتېس بىر يېڭى بېلىقچىلىق قېيىقىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى جاكوپوغا تەقدىم قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن يەنە ماتروسلارنى ياللاش ئۈچۈن يۈز پىئاستىر پۇلنىمۇ قوشۇپ بەردى. بۇنىڭ بەدىلىگە دانتېسنىڭ پەقەت بىرلا شەرتى بار ئىدى. يەنى جاكوپو مارسېلغا بېرىپ، مېليان كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق

لۇيى دانتېس ئىسىملىك بىر بوۋاي ھەققىدە ۋە كاتالان كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق مېرسېدېس ئىسىملىك بىر قىز ھەققىدە خەۋەر ئېلىپ كېلىشى لازىم ئىدى.

بۇنى كۆرگەن جاكوپو چۈش كۆرۈۋاتقان ئوخشايمەن، دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن، ئېدمون ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، تۇغقانلىرى پۇل بەرمىگەنلىكتىن شوخلۇق قىلىپ ماتروس بولۇۋالغانلىقىنى، ئەمما لىۋورنوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋاپات بولغان تاغىسىنىڭ پۈتۈن مال - مۈلكىنى مىراس قىلىپ ئالغانلىقىنى ئېيتتى. دانتېسنىڭ ئالىي مەلۇماتلىق بولغانلىقى بۇ ھېكايەتكە قايىل قىلىش كۈچىنى قوشۇپ تۇراتتى. شۇڭا جاكوپو ئۆزىنىڭ يېڭى دوستىنىڭ چىن گېپىنى ئېيتىۋاتقانلىقىدىن قىلچە گۇمانلانمىدى. شۇندىن كېيىن، دانتېس «قىران ئامېلىيە» دىكى خىزمەت مۇددىتى توشقانلىقى ئۈچۈن كاپىتان بىلەن خوشلاشتى. كاپىتان ئۇنى ئېلىپ قالماقچى ئىدى، لېكىن مىراسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ سابىق ماتروسىنى يەنە كېمە خىزمىتىدە ئېلىپ قېلىش نىيىتىدىن ۋاز كەچتى. ئىككىنچى كۈنى جاكوپو مارسېلغا يۈرۈپ كەتتى. دانتېس ئۇنىڭ بىلەن مونتې - كرىستو ئارىلىدا كۆرۈشۈشكە توختىشىۋالدى.

شۇ كۈنىلا دانتېسمۇ يولغا چىقتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ نەگە بارماقچى ئىكەنلىكىنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى، لېكىن «قىران ئامېلىيە»نىڭ خادىملىرىغا سېخىيلىق بىلەن سوۋغات تەقدىم قىلدى ۋە كاپىتانغا كېيىنچىرەك خەۋەر بېرىشكە ۋەدە قىلدى. دانتېس گېنويا شەھىرىگە كەتتى. ئۇ يېتىپ كەلگەندە بۇ شەھەرنىڭ كېمە توختايدىغان جايىدا بىر ئىنگلىز تەرىپىدىن بۇيرۇتۇلغان بىر كىچىك يەلكەنلىك كېمە سىناق قىلىنماقتا ئىدى. بۇ ئىنگلىز گېنويانىڭ كېمىسازلىرى ئوتتۇرا دېڭىز بويىچە داڭدار ئۇستا



ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، گېنويادا ئىشلەنگەن بىر كېمىگە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلغانىكەن. ئىنگلىز بۇ كېمىنىڭ ھەققىگە 40 مىڭ فرانك تۆلەشكە توختام قىلغانىدى.

دانتېس بۇ كېمىنى شۇ كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا تاپشۇرۇۋېلىش شەرتى بىلەن 60 مىڭ فرانك بەرمەكچى بولدى. ئىنگلىز، كېمە ياسىلىپ بولغۇچە شۋېيتسارىيىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېتىپ قالغانىدى. ئۇ، كەم بولغاندىمۇ يەنە بىر ئايدىن كېيىن قايتىپ كېلەلەيتتى. كېمىساز ئۇستا، بۇ ئارىدا يەنە بىر كېمىنى ياساپ پۈتتۈرەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. دانتېس كېمىسازنى يەھۇدىي سەرراپىنىڭ دۇكىنىغا باشلاپ باردى. يەھۇدىي 60 مىڭ فرانكنى كېمىسازغا ساناپ بەردى.

كېمىساز دانتېسنىڭ ماتروسلارنى ياللاش ئىشىغا ياردەملەشمەكچى بولغانىدى، لېكىن دانتېس ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ يالغۇز ساياھەت قىلىش ئادىتى بار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە كېمىدىكى ئۆزىنىڭ ياتاقخانىسىغا مەخپىي ئۇسۇلدا ئېچىلىدىغان قۇلۇپ بېكىتىلگەن بىر ئىشكاپ ياساپ بېرىشنى، ئىشكاپنىڭ ئىچى ئۈچ بۆلمىگە ئايرىلغان بولۇپ، ھەربىر بۆلمىسىمۇ مەخپىي ئۇسۇلدا ئېچىلىدىغان قۇلۇپ بېكىتىپ بېرىشنى سورىدى. ئۇ، ھەربىر بۆلمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ئۆلچەپ كۆرسىتىپ بەردى ۋە ئەتىسىلا ھەممە ئىش پۈتتى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن دانتېس كېمىگە ئولتۇرۇپ گېنويا پورتىدىن چىقتى. دېڭىز ياقىسىغا يىغىلغان تاماشىبىنلار، يالغۇز ساياھەت قىلىش ئادىتى بولغان بۇ ئىسپانىيىلىك باييۋەچچىگە ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشتى. دانتېس كېمىنى ناھايىتى ئوبدان باشقۇرالىدى. ئۇ، پەقەت رولنىڭ ياردىمى بىلەنلا كېمىگە تېگىشلىك ھەرىكەتلەرنى قىلغۇزالىدى. شۇڭا، كېمە كىچىككىنە باشقۇرۇشقىلا بويسۇنىدىغان ئاڭلىق مەخلۇقتەك كۆرۈنەتتى.

دانتېس ئۈز ئىچىدە، گېنۇيالىقلارنىڭ دۇنيادا بىرىنچى دەرىجىلىك كېمىسازلار دەپ ئاتالغانلىقىنىڭ ئورۇنلۇق بولغانلىقىغا قايىل بولدى. توپلىشىپ تۇرغان تاماشىبىنلار تاكى كېمە كۆزدىن غايىب بولغۇچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ كېمىنىڭ قايسى دىيارغا يول تۇتقانلىقى توغرىسىدا غۇلغۇلا باشلاندى. بەزىلەر، بۇ كېمە كورسىكاغا كېتىپ باردۇ، دېيىشسە، يەنە بەزىلەر ئېلباغا كېتىپ باردۇ دېيىشەتتى؛ قىسمەن كىشىلەر ئۇنى ئىسپانىيىگە ماڭدى دەپ باشقىلارنى ئىشەندۈرمەكچى بولاتتى. يەنە قىسمەنلەر بولسا، ئافرىقىغا ماڭغانلىقىنى تەخمىن قىلىشاتتى؛ لېكىن، مونتې - كرىستو ئارىلىغا ئېلىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىدى.

ۋەھالەنكى، دانتېس دەل مونتې - كرىستوغا كېتىپ باراتتى. ئۇ، ئىككىنچى كۈنى كەچكە يېقىن بۇ ئارالغا يېتىپ كەلدى. كېمىنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولۇپ، بۇ مۇساپىنى 35 سائەتتە بېسىپ ئۆتتى. دانتېس قىرغاقلارنىڭ تۈزۈلۈشىنى پۇختا تەكشۈرۈپ چىقتى ۋە كېمە توختايدىغان جايغا بارماستىن، كىچىك كۆرپەزگە كىرىپ توختىدى. ئارالدا ھېچكىم يوق ئىدى. دانتېس كەتكەندىن بۇيان بۇ يەرگە بىرەر ئادەم كېلىپ باقمىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ، غارغا كىردى ۋە خەزىنىنىڭ ئەينى بويىچە تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەتىسى دانتېسنىڭ بىھېساب بايلىقلىرى كېمىگە توشۇلدى ۋە مەخپىي ئىشكاپنىڭ ئۈچ بۆلمىسىگە ئايرىم - ئايرىم قاچىلاندى.

دانتېس بۇ يەردە يەنە بىر ھەپتىگىچە كۈتۈپ تۇردى. بۇ بىر ھەپتە جەريانىدا ئۇ، گوياكى ئاتنى مىنىشكە ئۆگەتكۈچى چەۋەندازدەك، كېمە بىلەن ئارالنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈردى. بۇ كۈنلەر داۋامىدا ئۇ، بۇ ئارالنىڭ ھەممە ئارتۇقچىلىقلىرى بىلەن كەمچىلىكلىرىنى بىلىپ چىقتى. دانتېس ئارالنىڭ



ئارتۇقچىلىقلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كەمچىلىكلىرىنى تۈزىتىشكە قارار قىلدى.

سەككىزىنچى كۈنى بولغاندا دانتېس يەلكەنلىرىنى كەڭ يايغان ھالدا ئارالغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قېيىقنى كۆردى ۋە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، جاكوپونىڭ قېيىقى ئىكەنلىكىنى تونىدى. ئۇ، سىگنال بېرىۋىدى، جاكوپومۇ خۇددى شۇنداق سىگنال بىلەن جاۋاب قايتۇردى. يەنە ئىككى سائەتتىن كېيىن جاكوپونىڭ قېيىقى دانتېسنىڭ كېمىسىگە كېلىپ چېتىشتى. ئېدمون ئۆزىنىڭ ھەر ئىككىلا سوئالىغا قايغۇلۇق جاۋاب ئالدى. دانتېس بوۋاي ۋاپات بولغان، مېرسېدېس دېرەكسىز غايىب بولغانىدى. ئېدمون بۇ خەۋەرنى تەمكىنلىك بىلەن تۇرۇپ ئاڭلىدى. لېكىن، شۇ ھامانلا كېمىدىن قىرغاققا چۈشتى ۋە ئۆزىنىڭ كەينىدىن ھېچكىمنىڭ ئىزدەپ بارماسلىقىنى بۇيرۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ، ئىككى سائەتتىن كېيىن قايتىپ كەلدى. جاكوپونىڭ قېيىقىدىن ئىككى ماتروس ئۇنىڭ كېمىسىگە يۆتكىلىپ چىقتى. دانتېس مارسېل شەھىرىگە قاراپ ئۈزۈشنى بۇيرۇدى. ئاتىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئۇ ئۆزىمۇ قىياس قىلغانىدى، لېكىن مېرسېدېسقا نېمە بولدى؟

ئېدمون ئۆزىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىماي تۇرۇپ، ھېچقانداق ئادەمگە بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاشقا بولغۇدەك ۋەزىپە تاپشۇرالمايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە بەزى ئىشلارنى ئېنىقلىماقچىدى. ھالبۇكى، بۇنى پەقەت ئۇ ئۆزىلا قىلىشى مۇمكىن ئىدى. لىۋورنودىكى ساتىراشنىڭ ئەينىكى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۇنى باشقىلارنىڭ تونۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆز چىرايىنى ئۆزگەرتىۋېلىشىغا ھەممە ئىمكانىيەتلەر تولۇق ئىدى. شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى سەھەردە دانتېسنىڭ يەلكەنلىك كېمىسى بېلىقچىلىق قېيىقىنىڭ ھەمراھلىقىدا

يۈرەكلىك ھالدا مارسېل پورتىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئاشۇ بىر
چاغدا، ئاشۇ دەھشەتلىك كېچىدە ئېدمونىنى قولۋاققا ئولتۇرغۇزۇپ
ئىف قەلئەسىگە ئېلىپ مېڭىشقان جاينىڭ قارشىسىغا كېلىپ
توختىدى. ئۇلارغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان كارانتىن قولۋىقىدىكى
ژاندارمىنى كۆرگەندە، دانتېسنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ
كەتتى، لېكىن ئۇ ئۆزىگە ئادەت بولۇپ كەتكەن خاتىرجەملىك
بىلەن ژاندارمىغا لىۋورنودا سېتىۋېلىنغان ئەنگلىيە پاسپورتىنى
بەردى ھەمدە فرانسىيىدە فرانسۇز پاسپورتلىرىغا قارىغاندا
تولاراق ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بۇ چەت ئەل گۇۋاھنامىسىنىڭ
ياردىمى بىلەن دەخلىسىز ھالدا قىرغاققا چىقتى.

دانتېس كانىبىير كوچىسىغا كىرىشى بىلەنلا «فىرئاۋن»
كېمىسىنىڭ بىر ماتروسىنى ئۇچرىتىپ قالدى. بۇ ئادەم بىر
چاغلاردا ئۇنىڭ قول ئاستىدا خىزمەت قىلغانىدى. ئەمدى ئۇ
گوياكى دانتېسنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدە قانچىلىك ئۆزگىرىش
بولغانلىقىنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەندەك، ئۇنىڭ
ئالدىدا پەيدا بولغانىدى. دانتېس تۈپتوغرا ماتروسنىڭ
ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ئېغىز گەپ سورىدى.
ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ماتروس خۇددى ئۇنى ئۆمرىدە بىرىنچى
قېتىم كۆرگەن ئادەمدەكلا جاۋاب بەردى. دانتېس ماتروسقا
تەشەككۈر بىلدۈرۈپ بىر تەڭگە بەردى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ
ئۆزىنىڭ كەينىدىن بۇ ئەزىمەتنىڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى
سەزدى. دانتېس ئارقىغا بۇرۇلدى.

— ئەپۇ قىلىشىڭىزنى سورايمەن، ئەپەندىم، — دېدى
ماتروس، — سىز خاتالىشىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن. سىز ئېھتىمال
ماڭا ئىككى فرانكلىق تەڭگە بەرمەكچى بولغىيدىڭىز، لېكىن
ئۇنىڭ ئورنىغا قوش ناپالېئونلۇق تەڭگىنى① بېرىپ قويدىڭىز.

① بۇ — ناپالېئون زامانىسىدىكى بىر خىل ئالتۇن ئاقچا بولۇپ، قىممىتى 40 فرانكقا تەڭ كېلەتتى.



— توغرا ئېيتىسەن، دوستۇم، مەن يېڭىلىشىپ قاپتىمەن، —
دېدى دانتېس، — لېكىن، سېنىڭ مۇنداق ھالاللىقىڭ
تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭدىن يەنە بىر
تەڭگىنى قوبۇل قىلىپ، بۇرادەرلىرىڭ بىلەن بىرلىكتە مېنىڭ
سالامەتلىكىم ئۈچۈن ئىچىۋېتىشىڭنى سورايمەن.

ماتروس شۇنچە تەئەججۇپ ئىچىدە قالدىكى، ھەتتا
ئېدمونغا رەھمەت ئېيتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئېدمونىنىڭ كەينىدىن
قاراپ قالدى ۋە:

— قانداقتۇ بىر ھىندىستاندىن كەلگەن مۆتىۋەر بولسا
كېرەك، — دەپ قويدى.

دانتېس ئۆز يولىغا كېتىۋەردى. ھەربىر قەدەم باسقانسېرى
ئۇنىڭ يۈرىكى شۇنچە قىسىلماقتا ئىدى. ھەربىر دوخمۇشقا
كەلگەندە، ھەربىر ئاچا يولدىن ئۆتكەندە، بالىلىق دەۋرىنىڭ
ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى.
نوئايل كوچىسىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يېتىپ، مېلىيان كوچىسىنىڭ
دەرەخلىرىنى كۆرگەندە ئۇ تىزلىرىنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى
سەزدى ۋە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ھارۋىنىڭ ئاستىغا كىرىپ
كېتىشكە تاس قالدى. ئاخىرى ئۇ، بىر چاغلاردا ئۆزىنىڭ
ئاتىسى تۇرغان ئۆينىڭ يېنىغا كەلدى. بوۋاي شۇنچە كۆڭۈل
قويۇپ ئۆستۈرگەن ھەشقىپىچەك ۋە لومونوس گۈللىرى ئەمدى
دېرىزىلەردە يوق ئىدى.

دانتېس بىر دەرەخقە كەينىچە يۆلىنىپ بۇ كونا ئۆينىڭ
ئۈستۈنكى قەۋەتلىرىگە خىيالچان كۆزلىرى بىلەن قارىدى.
ئاندىن، ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدى، بوسۇغىدىن ئاتلاپ ئىچكىرىگە
كىردى ۋە ئىجارىگە بېرىلىدىغان بوش ئۆي يوقمۇ، دەپ سورىدى.
گەرچە، بەشىنچى قەۋەتتىكى ھەممە ئۆيلەر بوش بولمىسىمۇ، ئۇ
شۇنداق قەتئىيلىك بىلەن ئۆيلەرنى كۆرۈپ چىقىشنى تەلەپ

قىلدىكى، دەرۋازىۋەن ئىلاجسىزلىقتا بەشىنچى قەۋەتكە چىقىپ، ئۆيدە تۇرغۇچىلاردىن بۇ چەت ئەللىككە ئۆز ئۆيلىرىنى كۆرسىتىشنى سورىدى. بۇ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە نىكاھلانغىنىغا ئەمدىلا بىر ھەپتە بولغان ياش ئەر ـ ئايال تۇرۇشاتتى. بۇ بىر جۈپ بەختلىك ياشنى كۆرگەندە دانتېس ئېغىر بىر تىنىۋالدى.

بۇ يەردىكى ھېچنەرسە دانتېسنىڭ ئاتىسى تۇرغان بۇرۇنقى ئۆيىنى ئەسلەتمەيتتى. ئۆي بىساتى بۇرۇنقىدىن باشقىچە ئىدى: ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئەينەن ساقلىنىپ تۇرغان بۇرۇنقى نەرسىلەر، بالىلىق دەۋرىنىڭ دوستلىرى ئەمدى يوق ئىدى. پەقەت ئۆينىڭ تاملىرىلا شۇ پېتىچە تۇراتتى. دانتېس كارىۋاتقا كۆز تاشلىدى. بۇرۇن ئاتىسىنىڭ كارىۋىتى قەيەردە تۇرغان بولسا، بۇ كارىۋاتمۇ ھازىر شۇ يەردە تۇراتتى. ئېدموننىڭ كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ياش تولدى. بوۋاي مۇشۇ ئورۇندا يېتىپ ئۆز ئوغلىنى چاقىرغان ھالدا ئاخىرقى نەپەسىنى ئۈزگەنىدى. ياش ئەر ـ ئايال ئىككىيلەن ھەرىكەتسىز مەڭزىلىرىنى بويلاپ مۇنچاقتەك ياش تامچىلىرى ئېقىپ چۈشۈۋاتقان بۇ سىرلىق ئادەمگە ھەيران بولۇپ قارىشىپ قالدى. ھەرقانداق دەردمەنىنىڭ ھالىغا يېتىش ئالىيجانابلىقتۇر. شۇڭا ئۇلار، بۇ ناتونۇش كىشىگە ئارتۇق سۆز قىلمىدى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇرۇشتى. كېيىن، ئۇ خوشلاشقاندا، ئۇنى ئۇزىتىپ چىقىشتى ۋە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا يەنە كېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇ ئاددىي خانىغا قەدەم تەشرىپ قىلىشىغا ھەردائىم خۇرسەن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئېدمون تۆۋەنكى قەۋەتكە چۈشۈپ، كادرۇس ئىسىملىك سەيپۇڭ ھېلىمۇ مۇشۇ ئۆيدە تۇرامدۇ، دەپ سورىۋىدى، دەرۋازىۋەن ئۇنىڭغا: ئۇ ئىستەك ـ سورىقىنى قىلىۋاتقان كادرۇس ئىسىملىك كىشىنىڭ ئىگىلىكى ۋەيران بولغانلىقتىن،



ھازىر بېلگاردتىن بوكېرغا بارىدىغان يول ئۈستىدە مەيخانە ئېچىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

دانتېس قايتىپ چىقىپ، ئۆي ئىگىسىنىڭ ئادرېسىنى سورىدى ۋە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۆزىنى لورد ئۇيىلمۇر دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇشتۇردى (پاسپورتتا ئۇنىڭ ئىسمى شۇنداق يېزىلغانىدى) ھەمدە پۈتۈن ئۆيىنى 25 مىڭ فرانكقا سېتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ، ئۆينىڭ ئەسلى باھاسىدىن ئاز دېگەندىمۇ 10 مىڭ فرانكنى ئارتۇق تۆلىگەن بولدى. مۇبادا، ئۆي ئىگىسى دانتېستىن يېرىم مىليون تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ سودىلاشماستىن بەرگەن بولاتتى. ئۆي سودىسىنى رەسمىيلەشتۈرگەن قانۇن خادىمى بەشىنچى قەۋەتتە ئولتۇرغۇچى ياش ئەر ـ ئايالغا شۇ كۈنىلا: ئۇلار ئولتۇرغان شۇ ئىككى ئېغىز ئۆيىنى بوشىتىپ بېرىدىغان بولسا، ئۆينىڭ يېڭى خوجايىنى يەنە شۇ باھا بىلەن ئۆزلىرى خالىغان خانىلاردىن تاللاپ ئېلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى.

بۇ ئاجايىپ ۋەقە پۈتۈن بىر ھەپتە داۋامىدا مېليان كوچىسىدىكى جامائەتچىلىكنىڭ ئارىسىدا ئەمەلىيەتكە بىرىمۇ ئۇيغۇن بولمىغان تۈرلۈك ـ تۈمەن گەپ ـ چۆچەكلەرنىڭ تارقىلىپ يۈرۈشىگە سەۋەب بولدى. لېكىن، ھەممىدىن بەكرەك كىشىلەرنى تەڭلىكتە قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، كۈندۈزى مېليان كوچىسىدىكى ئۆيگە كىرگەن ئاشۇ ئەجنەبىي كەچ كىرگەن مەھەلدە كاتالان كەنتىنىڭ كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈردى ۋە بېلىقچىلار ئولتۇرىدىغان بىر كىچىك كونا ئۆيگە كىرىپ بىر سائەتتىن ئارتۇق ئولتۇردى ھەمدە 15 يىلدىن بېرى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن كىشىلەر توغرۇلۇق سوراشتۇردى. ئەتىسى ئۇ سۆزلەشكىلى كىرگەن ئۆيدىكى بېلىقچىلار ئۇنىڭدىن سوۋغات قىلىنغان كاتالان نۇسخىسىدىكى بىر يېڭى قولۋاق بىلەن

ئىككى دانە بېلىق تۇتۇش تورىنى تاپشۇرۇۋېلىشتى. بېلىقچىلار
بۇ سېخى مېھمانغا چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق ئىزھار قىلماقچى
بولغانىدى، بىراق ئۇنىڭدىن سەل ئاۋۋالراق بۇ ناتونۇش
كىشىنىڭ قانداقتۇر بىر ماتروس بىلەن سۆزلىشىۋالغاندىن
كېيىن، ئاتقا مىنىپ ئىككى دەرۋازىسى ئارقىلىق مارسېلدىن
چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتى.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

## «گار كۆۋرۆكى» مەيخانىسى

ئەگەر كىمكى ماڭا ئوخشاش جەنۇبىي فرانسىيىنى پىيادە
كېزىپ ساياھەت قىلغان بولسا، بېلگارد بىلەن بۇكېرنىڭ ئارىسى-
دىكى يول ئۇستىدە، يەنى ناھىيە بىلەن شەھەرنىڭ تەخمىنەن
ئوتتۇرىسىغا، شۇنداقتىمۇ بېلگاردقا قارىغاندا بوكېرغا يېقىنراق
جايلاشقان بىر كىچىك مەيخانىنى كۆرگەن بولۇشى كېرەك.
بۇ مەيخانىنىڭ ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويۇلغان ھەمدە ئازراقلا
شامال چىقسا غىچىرلاپ تۇرىدىغان قەلەي تاختىغا، گار كۆۋرۆ-
كىنىڭ رەسىمى ئەگرى - مايماق قىلىپ سىزىپ قويۇلغان. رونا
دەرياسىنىڭ ئېقىمىنى بويلاپ ماڭغاندا، بۇ مەيخانا چوڭ يولنىڭ
سول تەرىپىدە بولۇپ، ئارقا تېمى دەرياغا قارايدۇ. مەيخانىنىڭ
يېنىدا، لانگېدوكتا باغ دەپ ئاتىلىدىغان يېرى بار، يەنى بۇ
باغ دېگىنى، ئەتراپى پاسىل قىلىنغان بىر پارچە يەر بولۇپ، ئۇ
يەردە بىر نەچچە تۈپ ئىگىز ئۆسمەيدىغان زەيتۇن دەرىخى ۋە
يوپۇرماقلىرى توپا قونۇپ ئاقىرىپ كەتكەن ياۋا ئەنجۈر دەرەخ-
لىرى سولىشىپ تۇرىدۇ. بۇ دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرلۇك كۆك-



ئاتلار ئۆستۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ تولىسى سامساق، قىزىل
مۇچ ۋە پىيازدىن ئىبارەت. ئەڭ چەتتىكى بىر بۇلۇڭدا، خۇددى
ھېچكىمگە لازىمى بولمىغان جىسەكچىدەك يالغۇز بىر تۈپ ئىگىز
قارىغاي 30 گرادۇسلۇق ئاپتاپتا يېرىلىپ كەتكەن شاخلىرىنى
ئاسمانغا قارىتىپ تۇرىدۇ.

بۇ ئىگىز - پەس دەرەخلەرنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ئەگرى
ئۆسكەن بولۇپ، دېڭىزدىن سوقىدىغان شامالنىڭ يۆنىلىشىگە
قاراپ قىيشايغان. بۇ شامال — پروۋانس ئۆلكىسىنىڭ ئىلكىدىكى
ئۈچ قامچىنىڭ بىرىدۇر. قالغان ئىككى قامچىنىڭ بىرىنى،
ھەممىگە ئايان بولغىنىدەك، ياكى ئېھتىمال ئايان بولمىغىنىدەك،
دىيۇرانسا①، يەنە بىرىنى پارلامېنت② دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

ئەتراپتىكى، يونان كۆلگە ئوخشايدىغان تۈزلەڭلىكتە ئۇيەر-
بۇيەردە شالاڭ ئۆسكەن بۇغدايلارنىڭ باشاقلىرى ساڭگىلاپ تۇ-
رىدۇ. بۇ بۇغدايلارنى يەرلىك باغۋەنلەر ھەۋەس يۈزىسىدىنلا تې-
رىپ قويغان بولسا كېرەك. ھالبۇكى، بۇلار ئەمدى، بۇ چۆلگە
كىرىپ قالغان يولۇچىلارنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ، توختىماستىن
چىرىلداپ تۇرىدىغان چېكەتكىلەرگە قونداق بولۇپ قالغانىدى.

بۇ مەيخانا بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ ئىگىدارچىلىقىغا
ئۆتكىنىگە يەتتە يىل بولۇپ قالدى. بۇ مەيخانىنىڭ مالايلىرى،
تىرىنېتتا ئىسىملىك بىر ئايال خىزمەتكار ۋە پاكو ئىسىملىك
بىر ئات باقاردىنلا ئىبارەت ئىدى. ئەمما، بۇ ئىككىيلەننىڭ
بولۇشىمۇ يېتەرلىك ئىدى، چۈنكى بوكېر بىلەن ئىگ - مورتىنىڭ
ئارىلىقىغا قانال قېزىلغاندىن بۇيان كىرا قىلىنىدىغان ئاتلارنىڭ
ئورنىغا ئادەم توشۇيدىغان يېنىك كېمىلەر، ھارۋىلارنىڭ ئورنىغا

① دىيۇرانسا — رونا دەرياسىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، سۇيىنىڭ ئاپەت
كەلتۈرۈشى بىلەن داڭ چىقارغان.

② پارلامېنت ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى فرانسىيىدىكى سوت.

يوك توشۇغۇچى كېمىلەر ئىشلىتىلىدىغان بولغانىدى. بۇ قانال نامرات مەيپۇرۇشقا ئەلەم قىلغان ھالدا، ئۇنىڭ تاپاۋىتىنى ئەمىنلىگۈچى رونا دەرياسى بىلەن ئۇ ھەممىشە خەۋەردار كۈتۈپ كۆز تىكىدىغان يولنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سوزۇلۇپ، مەيخانىغا 100 قەدەمچە كېلىدىغان جايدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. مەيخانىنى بىز تېخى ھېلىلا قىسقىچە، لېكىن ئەينەن تەسۋىرلەپ ئۆتتۇق.

بۇ غېرىبانە مەيخانىنىڭ خوجايىنى 45 ياشلار چامىسىدىكى ئادەم بولۇپ، تۇرقىدىن جىلك جەنۇپلۇق، يەنى ئېگىز بويلۇق، ئورۇق، تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققان، پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرى چوڭقۇر ئورناشقان، قوش بۇرۇن ۋە چىشلىرى خۇددى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭكىدەك ئاپئاق بولغان بىر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى گويا ئاقىرىشنى خالىمىغاندەك، گەرچە قېرىلىقنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى ئىپادىلىنىپ تۇرسىمۇ، خۇددى ئۇنىڭ ساقىلىغا ئوخشاشلا قويۇق ۋە بۇدۇر بولۇپ، پەقەت ئۇيەر - بۇيەرگىلا ئاق سانجىلغانىدى. ئۇنىڭ تەبىئىي يارىلىشىدىن بۇغداي ئۆڭلۈك بولغان يۈزى، بۇ بىچارىنىڭ ئەتىدىن - كەچكىچە خەۋەردار كۈتۈپ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇش ئادىتىدىن ئەمدى پۈتۈنلەي دېگۈدەك قارىداپ كەتكەنىدى. ئادەتتە ئۇ كۈن بويى بىھۇدە كۈتۈش بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزەتتى ۋە ئۇنىڭ خۇددى ئىسپانىيىلىك ئات باقارلارغا ئوخشاش بېشىغا يۆگىۋالغان قىزىل ياغلىقىدىن باشقا، كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئاپتاپتىن دالدا بولغۇدەك نەرسىسى يوق ئىدى. بۇ — بىزگە تونۇش بولغان گاسپار كادرۇس ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى، قىزلىق دەۋرىدە مادلېنا رادېل ئىسىملىك بولغان ئايال، ئەكسىچە تاتىراڭغۇ، جۈدەڭ ۋە ئاغرىقچانىدى. ئۇ، ئارلىيە ئەتراپىدىكى يېزىلارنىڭ بىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ھازىرغىچە يەنىلا شۇ يۇرتنىڭ ئاياللىرىنىڭ داڭقىنى چىقارغان ئۆتكەندىكى گۈزەللىكىنىڭ بەزى ئىپادىلىرىنى ساقلاپ قالغانىدى. لېكىن،



ئۇنىڭ چىرايى، ئېگ - مورت كۆللىرى ۋە كامارگا ساسلىقلىرىغا يېقىن جايلاردا ياشايدىغان كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان سوزۇلما بەزگەكنىڭ تەسىرىدىن ئۆزىنىڭ نۇرىنى يوقاتقانىدى. شۇڭا، ئۇ ئىككىنچى قەۋەتتىكى بىر ئېغىز ئۆيدىن زادىلا سىرتقا چىقمايتتى ۋە بەزگەكتىن تىترىگەن ھالدا كرېسلودا يانپاشلاپ ياكى كارىۋات ئۈستىدە جەينىكىگە تايىنىپ ئولتۇرۇپ كۈن ئۆتكۈزەتتى. بۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئېرى ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە ئىشىك ئالدىدا كۈزەتچىلىك قىلىپ تۇراتتى ۋە ھەر قېتىم ئۆيگە قايتىپ كىرىشكە توغرا كەلگەندە، ئىنتايىن خۇشياقماسلىق بىلەن كىرەتتى، چۈنكى ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا ئايالى ھامان تۇرمۇش ئەھۋالىنىڭ ناچارلىقىدىن زارلىنىپ، ئۇنىڭ چىشىغا تېگەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئېرى پەيلوسوپلارچە مۇلاھىزە قىلىپ شۇنداق دەيتتى:

— تولا قاقشىما، كاركونتا! خۇدانىڭ تەقدىرى شۇنداق.

«كاركونتا» دېگەن لەقەم شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانكى، مادلېنا رادېل كاركونتا يېزىسىدا تۇغۇلغانىدى. ئۇ تەرەپلەردە ئادەملەرنىڭ ئۆز ئىسمى ئىشلىتىلمەستىن، لەقىمى بىلەن ئاتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئېرىمۇ مادلېنا دېگەن ئىسمىنى «كاركونتا» دېگەن لەقەمگە ئالماشتۇرۇۋالغانىدى. ئېھتىمال، ئۇنىڭ قوپال مۇئامىلىسى ئۈچۈن ئايالىنى ئىسمى بىلەن ئاتاش ھەددىدىن ناشقىرى مۇلايىملىقتەك تۇيۇلسا كېرەك.

مەيخانا ئىگىسى گەرچە تەقدىرگە تەن بەرگەندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بوكېر قانىلىنىڭ كاساپىتىدىن نامراتلىشىپ قالغانلىقىغا نارازى بولمىدى ۋە خوتۇنىنىڭ زارلىنىشىغا پىسەنت قىلمىدى دەپ ئويلاشقا بولمايدۇ. ئۇ، ھەممە جەنۇبلۇقلارغا ئوخشاش ئېغىر بېسىق ۋە قانائەتچان كىشى بولسىمۇ، سۆلەتۋازلىققا ھەۋەس قىلاتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ھاللىق ئۆتكەن چاغلىرىدا،

بۇقا سوقۇشتۇرۇش مەرىكىلىرى ۋە تاراسكا① كۆرسىتىش ئويۇنلىرىنىڭ بىرىنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي، ئۆزىنىڭ كاركونتاسى بىلەن بىللە قىزغىن ئىشتىراك قىلاتتى. ئۇنداق كۈنلەردە كادرۇس — كاتالانلىقلار ۋە ئاندالۇزلىقلارنىڭ كىيىملىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان جەنۇبلۇقلارنىڭ رەڭدار چاپىنىنى، كاركونتا — ئارلىيىلىك ئاياللار كىيىدىغان، خۇددى گىرىكلار ۋە ئەرەبلەرنىڭ كىيىملىرىدەك چىرايلىق كۆڭلىكىنى كىيەتتى. لېكىن، بارا - بارا ئۇلار سائەتنىڭ زەنجىرلىرى، مارجانلار، رەڭدار بەلباغلار، كەشتىلەنگەن كۆڭلەكلەر، مەخمەل چاپانلار، نەپىس گۈللۈك ئىپەك پايپاقلار، ئالا-بالداق گېتىرلار②، كۈمۈش ھالقىلىق ئاياغ كىيىملەردىن ئايرىلىپ قالدى. گاسپار كادرۇس ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھەشەمىتىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىن خوتۇنى بىلەن مەرىكىلەرگە بارمايدىغان بولدى. لېكىن مەرىكىدە ئويناۋاتقانلارنىڭ خۇشال كۈلكە سادالىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرغان ھالدا غېرىبانە مەيخانىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ مەيخانىنى ئۇ، تاپاۋەت قىلىشنى ئويلىغاندىن كۆرە، ئۆزىگە قانداقلا بولمىسۇن بىر تۇرار جاي بولۇشى ئۈچۈنلا ئىگىلەپ تۇراتتى.

كادرۇس ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە مەيخانىنىڭ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، بىردەم توخۇلار پىتىقلاپ يۈرگەن، يول بويىدىكى پاتقاققا قاراپ، يەنە بىردەم جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان چوڭ يولغا قاراپ يېرىم كۈنچە تۇرغانىدى؛ توساتتىن ئايالىنىڭ قۇلاقنى يېرىپ كەتكۈدەك چىرقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىچكىرىگە كىرىشكە مەجبۇر بولدى.

① تاراسكا (تاراسكون شەھىرىنىڭ نامىدىن ئېلىنغان)— ئاجايىپ - غارايىپ ئەپسانىۋى مەخلۇقلارغا تەقلىد قىلىنغان كىيىملەرنى كىيىپ ئوينىلىدىغان بىر خىل كوچا ئويۇنى.

② گېتىر — ئاياغ ئۈستىدىن ھوشۇقتىن تىزغىچە كىيىلىدىغان ئاياغ كىيىمى.



ئۇ غۇدۇڭشىغان ھالدا مەيخانىغا كىردى ۋە خۇددى تەسادىپىي يولدىن ئۆتۈپ قالغان يولۇچىلارنى خانا ئىچىگە تەكلىپ قىلغاندەك ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ قويۇپ، ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى.

كادرۇس مەيخانىغا كىرىپ كەتكەن مەزگىلدە، بىز سۆزلەپ ئۆتكەن ۋە كادرۇسنىڭ كۆزلىرى تىكىلگەن ئاشۇ چوڭ يول خۇددى چۈش ۋاقتىدىكى باياۋانغا ئوخشاش بوش ۋە جىمجىت ئىدى. بۇ يول، قاتار تىزىلغان ئىككى رەت قاقشال دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەن چەكسىز ئاق لېنتىدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى ۋە ئۆزلۈكىدىن چۈشىنىشلىك ئىدىكى، بۇنداق ۋاقىتتا بۇ سەھرايى كەبىردەك قىزىپ كەتكەن يولغا ئۆز مەيلى بىلەن ھېچقانداق يولۇچىمۇ ئاتلىنىپ چىقماس ئىدى.

لېكىن، كادرۇس ئۆز جايىدا تۇرۇۋەرگەن بولسا، ئېھتىمالغا مۇخالىپ ھالدا، بېلگارد تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر ئاتلىق ئادەمنى كۆرگەن بولاتتى. بۇ كىشىنىڭ ئات ئۈستىدە شۇنچە تەمكىنلىك بىلەن بىمالال ئولتۇرۇشىدىن، ئات بىلەن ئادەمنىڭ بىر - بىرىگە كۆنۈك ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇ ئاتلىق ئادەم روھانىي بولۇپ، چىڭقى چۈش پەيتىدىكى قىزدۇرۇپ تۇرغان ئاپتاپقا قارىماي، ئۈچىسىغا قارا يېپىنچا ۋە بېشىغا ئۈچ بۇلۇڭلۇق شلەپە كىيگەنىدى. ئۇنىڭ ئاختا قىلىنغان يورغا ئېتى سىلىق يورغىلاپ كەلمەكتە ئىدى.

مەيخانىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە روھانىي توختىدى. شۇنداق توختىدىكى، ئات ئىگىسىنى توختاتتىمۇ ياكى ئىگىسى ئاتنى توختاتتىمۇ، بىلىپ بولماس ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، روھانىي ئاتتىن چۈشتى ۋە ئېتىنى بىر گىرەچىسىگە ئېسىلىپ قالغان ۋە چۈۋۇلۇپ كېتىشكە ئاز قالغان دېرىزە قاپقىقىغا باغلاپ قويدى. شۇندىن كېيىن ئۇ، ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە يانچۇقىدىن قىزىل قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، يۈز - كۆزىدىن تاراملاپ ئېقىپ تۇرغان تەرنى سۈرتۈپ، قولىدىكى

ھاسا تايىقىنىڭ تۆمۈر قاپلانغان ئۇچى بىلەن بوسۇغىغا ئۈچ قېتىم تاقىلدىتىپ ئۇرۇپ قويدى. يوغان بىر قارا ئىت ياتقان يېرىدىن تۇردى ۋە قاتتىق قاۋاپ، ئۇچلۇق ئاق چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ بىر قەدەم ئالدىغا ماڭدى. بۇنداق پەيلىنى بۇزۇش — ئۇنىڭ بۇ يەردە يات كىشىلەرنى ئاز كۆرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. شۇ ھامان، تامغا يانداش بولغان ياغاچ پەلەمپەي خوجايىنىنىڭ ئېغىر قەدەملىرى ئاستىدا غىچىرلاپ كەتتى. ئۇ، مۈكچەيگەن ھالدا، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان روھانىينىڭ يېنىغا كەينىچە چۈشۈپ كەلمەكتە ئىدى.

— مانا، مانا، — دەيتتى ئىنتايىن ئەجەبلەنگەن كادرۇس، — ھەي، جىم بولغىن، ماركو! سىز قورقماڭ، تەقسىر، ئۇ قاۋاپ قويسىمۇ چىشلىمەيدۇ. سىز مەي-شاراب ئىچىشنى خالايدىغانسىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟... ۋاي، ئەپۇ قىلىڭ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى كادرۇس، ئۇنىڭ ئالدىغا قانداق ئادەم كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، — ئەپۇ قىلىڭ، خانىمىزغا كىمنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى يەتكەنلىكىنى بايقىماي قاپتىمەن. ئۆزلىرىگە نېمە لازىمكىن؟ بىزگە قانداق خىزمەتلىرى باركىن ھەزرىتىم؟

ھەزرەت بىر نەچچە سېكۇنتقىچە كادرۇسقا تىكىلىپ قارىدى. ھەتتا ئۇ، كادرۇسنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتماقچى بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. لېكىن، مەيپۇرۇشنىڭ ئەپتىدىن مېھماننىڭ گەپ قىلماي تۇرۇشىغا قارىتا ئەجەبلىنىشتىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىگەچكە، ئۇ، بۇ ئەجەبلىنىشكە خاتىمە بېرىشنى لايىق تاپتى ۋە كۈچلۈك ئىتاليان شېۋىسىدە گەپ قىلدى:

— سىز كادرۇس ئەپەندى بولسىزغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بەردى خوجايىن، ئۇنىڭ بايىقى گەپ قىلماي تۇرۇشىدىنمۇ بەكرەك ئەجەبلىنىش



بىلەن، — مەن شۇنىڭ ئۆزى؛ كاسپار كادرۇس، كەمىنە قۇللىرى.

— گاسپار كادرۇس؟ ھە... سىز بىر چاغلاردا مېلىيان كوچىسىدىكى ئۆيىنىڭ تۆتىنچى قەۋىتىدە ئولتۇرغانمىدىڭىز؟

— شۇنداق.

— سىز ئۇ چاغدا سەيپۇڭلۇق ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللانغانمۇ؟

— ھەئە. بىراق ئىشىم كاساتلاشتى، بۇ لەنىتى مارسېلدا ھاۋا شۇنداق ئىسسىقكى، پات ئارىدا ئۇ شەھەردىكى ئادەملەر كىيىم كىيىشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچەمدىكى دەيمەن. ھە، بىزمۇ ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى توغرۇلۇق گەپ قىلايلى، ئۆزلىرىگە بىرەر ئىچىملىك لازىم ئەمەسمىكىن، ھەزرىتىم؟

— ئىچسەك ئىچەيلى. ئەڭ ياخشى شارابىڭىزدىن بىر شىشە كەلتۈرۈڭ، ئاندىن كېيىن بىز يەنە سۆھبىتىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز.

— بۇيرۇغانلىرىدەك قىلىمەن، ھەزرەتلىرى، — دېدى كادرۇس.

كادرۇس ئۆزىنىڭ كاگور شارابىنىڭ ئاخىرقى شىشىلىرىدىن بىرىنى سېتىۋېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن، ھەم مېھمانخانا ھەم ئاشخانا بولغان بۇ ئۆينىڭ تاختايلىق پولىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئورا قاپقىقىنى ئالدىراشلىق بىلەن ئاچتى. بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئورىدىن قايتىپ چىققاندا، ھەزرەت بىر جەينىكى بىلەن شىرەگە تايىنىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. بۇ ئارىدا ماركونىڭ غەزىپى بېسىلىپ، ئەكىلىگۈسى كېلىپ قالغان بولسا كېرەك. ئۇ، ناتونۇش يولۇچىنىڭ شاراب ئىچمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن بويىنىنى ئۇنىڭ تىزىغا قويدى-دە، ئۇنىڭغا مۇلايىملاشقان كۆزلىرى بىلەن قاراپ ئولتۇردى.

— سىز بۇ يەردە ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرامسىز؟ — دەپ سورىدى ھەزرەت، خوجايىن ئۇنىڭ ئالدىغا بىر شىشە شاراب بىلەن بىر ئىستاكاننى ئەكىلىپ قويغاندىن كېيىن.

— ھەئە، يالغۇز دېسەممۇ بولىدۇ، ھەزرىتىم. چۈنكى، مېنىڭ خوتۇنۇم ھېچقانداق ئىشقا يارىمايدۇ. بىچارە كاركونتام دائىم كېسەلدىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ.

— دېمەك، سىز ئائىلىلىك ئىكەنسىز - دە؟ — دېدى ھەزرەت ھېسداشلىق ئاھاڭى بىلەن ۋە بۇ كەمبەغەل ئائىلىنىڭ نامراتلىقىغا باھا بەرگەندەك قىلىپ، ئەتراپىغا نەزەر تاشلىدى.

— سىز مېنى گادايكەن دېمەكچى بولۇۋاتىسىز، شۇنداقمۇ، ھەزرىتىم؟ — دېدى كادرۇس ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — بۇنىڭغا ئامال قانچە؛ بۇ دۇنيادا راھەت - پاراغەتتە ئۆتۈش ئۈچۈن ۋىجدانلىق بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ.

ھەزرەت ئۇنىڭغا زېھنىي بىلەن تىكىلىپ قارىدى.

— شۇنداق، ۋىجدانلىق ئادەم؛ مەن بۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمەن، ھەزرىتىم، — دېدى خوجايىن ھەزرەتكە تىك بېقىپ ۋە بىر قولىنى كۆكرىكىگە بېسىپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ زامانىمىزدا كۆرۈنگەنلا ئادەم بۇنداق گەپلەرنى قىلالمايدۇ.

— سىزنىڭ پەخىرلىنىپ ئېيتقان شۇ گېپىڭىز راست بولسا، ناھايىتى ياخشى، — دېدى ھەزرەت، — مەن شۇنىڭغا قاتتىق ئىشىنىمەنكى، قاچانلا بولمىسۇن ھامان بىر كۈنى ۋىجدانلىق كىشىلەر ھالاۋەت كۆرىدۇ، قارا نىيەتلىك كىشىلەر ئەدىپىنى يەيدۇ.

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ دىنىي مەرتىۋىڭىزگە مۇناسىپلىق بىلەن شۇنداق دەپ قويىسىز، ھەزرىتىم، — دەپ ئەلەم بىلەن ئېتىراز بىلدۈردى كادرۇس، — لېكىن، بۇنداق گەپلەرگە ئىشىنىش - ئىشەنمەسلىك ھەر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى.



— ئۇنداق دېمەك، ئەپەندىم، — دېدى ھەزرەت، — مېنىڭ ئېيتقان گەپلىرىمنىڭ ھەقىقەتىنى مەن ئۆزۈم سىزگە ئىسپاتلاپ بېرەلەيمەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — كادرۇس ھەيران بولۇپ سورىدى.

— گەپ شۇنداق: ئالدى بىلەن، ماڭا لازىم بولغان ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن سىز ئىكەنلىكىڭىزنى ئېنىقلىشىم كېرەك.

— سىزگە قانداق ئىسپات لازىم؟

— سىز 1814 - ياكى 1815 - يىللىرى بولغان دانتېس ئىسىملىك بىر دېڭىزچىنى تونۇمسىز؟

— دانتېس! ... بىچارە ئېدمونىنى مەن بىلمەي كىم بىلسۇن! ئۇ مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم ئىدى! — دەپ خىتاب قىلدى كادرۇس، ھۇپپىدە قىزىرىپ كېتىپ. بۇ چاغدا ھەزرەتنىڭ تىنىق ۋە خاتىرجەم كۆزلىرى گويا بىر قاراش بىلەنلا ئۆز سۆھبەتدىشىنى چىرمىۋالىدىغاندەك بارغانسېرى يوغىناراق ئېچىلىپ كەتتى.

— توغرا، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېدمون دېگەندەك يادىمدا بار.

— ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئىسمى ئېدمون! بۇ ئېنىق گەپ! بۇ، خۇددى مېنىڭ ئىسمىم گاسپار كادرۇس بولغىنىدەكلا ئېنىق گەپ! ئۇنىڭغا نېمە بولدى، بىچارە ئېدمون نېمە بولدى، ھەزرىتىم؟ — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى مەيپۇرۇش، — سىز ئۇنى تونۇمسىز؟ ئۇ ھازىر ھاياتمۇ؟ تۈرمىدىن چىقتىمۇ؟ ئامانمۇ؟

— ئۇ، تۈرمىدە يېتىۋېرىپ، تۇلون جازا مەيدانىسىدىكى پۇتلىرىغا چويۇن باغلانغان مەھبۇسلاردىنمۇ يامانراق ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى.

كادرۇسنىڭ قىزىرىشقا باشلىغان مەڭىزلىرى ئەمدى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ، يۈزىنى چەتكە ئۆرۈۋالدى ۋە ھەزرەت ئۇنىڭ، بېشىغا يۆگەلگەن ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— بىچارە! — پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى كادرۇس، — مانا، ھەزرىتىم، خۇدايىم پەقەت يامان ئادەملەرگىلا شاپائەت قىلىدۇ دېگەن گېپىمنىڭ ئىسپاتى شۇ ئەمەسمۇ. شۇنداق، — دېگەن گېپىنى داۋاملاشتۇردى كادرۇس، — جاھاننىڭ كارى كۈندىن - كۈنكە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. خۇدايىم بۇنداق كۈننى كۆرسەتكۈچە ئەرشئەلادىن قىيامەت - قايۇمنى كەلتۈرۈپ، پۈتۈن دۇنيانى كۇمپەيكۇم قىلىۋەتسە بولمامدۇ!

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىز ئۇ يىگىتنى چىن قەلبىڭىزدىن ياخشى كۆرگەن ئىكەنسىز - دە، — دېدى ھەزرەت.

— ھەئە، ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم، — دېدى كادرۇس، — بىراق، مەن بىر قېتىم ئۇنىڭ بەختىگە ئىچىم تارلىق قىلغانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق تۇۋا قىلىشىم كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قەسەم ئىچىمەنكى، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتكە ئىنتايىن ئېچىندىم.

بىر ئەسناغىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. بۇ جەرياندا ھەزرەت ئۆتكۈر كۆزلىرىنى مەيپۇرۇشنىڭ تەسىرلىك چىرايىدىن ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردى.

— ئۇ بىچارىنى سىزمۇ تونۇمتىڭىز؟ — دەپ سورىدى كادرۇس.

— مەن ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا چاقىرتىلغانىدىم. مەن ئۇنىڭغا دىنىمىزنىڭ ئاداققى تەسەللىسىنى بەردىم، — دەپ جاۋاب بەردى ھەزرەت.

— ئۇ نېمە سەۋەبتىن ئۆلدى؟ — دەپ سورىدى كادرۇس بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

— تۈرمىدە ياتقان 30 ياشلىق ئادەمنى شۇ تۈرمە ئۆزى ئۆلتۈرمىسە، نېمىدىن ئۆلۈشى مۇمكىن؟

كادرۇس ماڭلىيىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تەرىنى ئېتىۋەتتى.



— ھەممىدىن ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، — دېدى ھەزرەت، — دانتېس ئۆلۈش ئالدىدا قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن قامالغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— راست، راست، — دەپ پىچىرلىدى كادرۇس، — ئۇ، بۇنى بىلمەيتتى. شۇنداق، ھەزرەتلىرى، ئۇ بىچارە بالىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا.

— شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاپ چىقىشنى ۋە ئەگەر ئۇنىڭ نامى ئاللىقانداق بۆھتانلار بىلەن قارىلانغان بولسا، ئۆزىنىڭ پاك شەنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويۇشنى ماڭا ھاۋالە قىلغانىدى.

ھەزرەتنىڭ بارغانسېرى زىرەكلىشىپ كېتىۋاتقان كۆزلىرى كادرۇسنىڭ پەرىشان چىرايىغا تىكىلدى.

— تۈرمىدە دانتېس بىلەن بىللە ياتقان بىر باي ئىنگلىزنىڭ بىر دانە قىممەتلىك ئالماس تېشى بار ئىكەن، — دەپ يەنە سۆزلىدى ھەزرەت. — پادىشاھ ھاكىمىيىتىنى ئىككىنچى قېتىملىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەۋرىدە بۇ ئىنگلىز تۈرمىدىن بوشىتىلىپتۇ. ئۇ، تۈرمىدە ئاغرىپ يېتىپ قالغان ۋاقتىدا دانتېس ئۇنىڭغا خۇددى ئۆز قېرىندىشىدەك غەمخورلۇق قىلىپ قارىغانىكەن. شۇڭا، بۇ ئىنگلىز تۈرمىدىن چىقىش ۋاقتىدا مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن بۇ ئالماسنى دانتېسقا قالدۇرۇپ كېتىپتۇ. دانتېس بۇ ئالماسنى، گۇندىپايلارنى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتمەپتۇ. چۈنكى گۇندىپايلار ئالماسنى ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دانتېس ئالماسنى يوشۇرۇپ، تۈرمىدىن چىقىپ قالسام ئىشلىتەرمەن دەپ ساقلاپ قويغانىكەن. ئەگەر ئۇ تۈرمىدىن چىققان بولسا، بۇ ئالماسنى سېتىپ، بىراقلا باي بولۇپ كېتەتتى.

— دېمەك، گېپىڭىزگە قارىغاندا، بۇ ئالماس ناھايىتى

قىممەتلىك ئىكەن-دە؟ — دەپ سورىدى كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن كادرۇس.

— جاھاندا ھەممە نەرسە نىسپىي بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ھەزرەت، — ئېدمون ئۈچۈن بۇ بىر چوڭ بايلىق ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ باھاسى 50 مىڭ فرانكقا باراۋەر كېلىدۇ.

— 50 مىڭ فرانك! — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى كادرۇس، — ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ چوڭلۇقى ياڭاقتەك كېلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— ياق، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، — دېدى ھەزرەت، — بۇنى سىز ئۆزىڭىز كۆرۈپ باقسىڭىزمۇ بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئالماس ھازىر مەندە.

كادرۇسنىڭ كۆزلىرى ئاشۇ ئالماسنى كۆرۈشكە ئالدىراپ، گويا ھەزرەتنىڭ لىباسلىرىنىڭ قاتلىرىنى ئاختۇرۇۋاتقاندەك ئالاق-جالاق بولۇپ كەتتى. ھەزرەت يانچۇقىدىن قارا كۆن بىلەن قاپلانغان بىر كىچىك قۇتىنى چىقاردى-دە، ئۇنى ئاچتى ۋە ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالغان كادرۇسقا ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ياسالغان ئۈزۈككە ئورنىتىلغان ۋە يالتىراپ تۇرغان ئالماسنى كۆرسەتتى.

— مۇشۇ ئۈزۈك 50 مىڭ فرانكقا توختامدۇ؟

— ئۈزۈكنى ھېساپ قىلمىغاندا، ئالماسنىڭ ئۆزىلا 50 مىڭ فرانكقا توختايدۇ، — دېدى ھەزرەت.

ئۇ، قۇتىسىنى ياپتى ۋە كادرۇسنىڭ تەسەۋۋۇرىدا تېخىچىلا يالتىراپ تۇرغان ئالماسنى يانچۇقىغا سالدى.

— بۇ ئالماس قانداق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى، ھەزرەتلىرى؟ — دەپ سورىدى كادرۇس، — ئېدمون سىلىنى ئۆزىنىڭ مىراسخورى قىلىپ بەلگىلىگەنمىدى؟

— ئۇ مېنى مىراسخور ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئىجرا قىلغۇچى قىلىپ بەلگىلىگەن. ئۇ ماڭا شۇنداق دېگەن:



«مېنىڭ ئۈچ نەپەر قەدىناس دوستۇم ۋە بىر سۆيگۈنۈم بار. ئىشىنىمەنكى، بۇ تۆتەيلەن ھازىر مېنىڭ غېمىمنى يەپ قايغۇرىۋاتىدۇ، بۇ دوستلىرىمدىن بىرىنىڭ ئىسمى كادرۇس».

كادرۇس چۆچۈپ كەتتى.

— «يەنە بىرىنىڭ ئىسمى دانگلار، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى ھەزرەت، كادرۇسنىڭ بىئاراملىقىنى سەزمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، — ئۈچىنچىسى، گەرچە مۇھەببەت ئىشىدا مېنىڭ رەقىبىم بولسىمۇ، يەنىلا مېنى ياخشى كۆرەتتى».

كادرۇسنىڭ لەۋلىرىدە شەيتانلىق كۈلكىسى پەيدا بولدى. ئۇ ھەزرەتنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىشكە تەمشەلدى.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى ھەزرەت، — ئالدى بىلەن مەن گېپىمنى قىلىۋالاي. گېپىڭىز بولسا، كېيىن سۆزلەڭ. «ئۈچىنچىسى، گەرچە مۇھەببەت ئىشىدا ماڭا رەقىب بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئىسمى فېرنان. مېنىڭ سۆيگۈنۈمنىڭ ئىسمى...» مەن ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى ھەزرەت.

— مېرسېدېس، — دېدى كادرۇس.

— توغرا، توغرا، دەل شۇنداق، — دېدى ھەزرەت، ئىختىيارسىز چىققان ئېغىر تىنىقىنى بېسىۋېلىپ، — مېرسېدېس.

— ھە، شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى قانداق بولدى؟ — سورىدى كادرۇس.

— ماڭا ئىچىشكە سۇ بېرىڭا، — دېدى ھەزرەت.

كادرۇس دەرھال ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىدى.

ھەزرەت شىشىدىن ئىستاكانغا سۇ قۇيۇپ بىرنەچچە ئۇتلام ئىچتى.

— گېپىمىز نەگە كېلىپ توختىغانىدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ، ئىستاكاننى شىرە ئۈستىگە قويۇپ.

— قىزنىڭ ئىسمى مېرسېدېس.

— ھە، ھە. «سىز مارسېلغا بارسىز...» بۇنىڭ ھەممىسى دانتېسنىڭ ماڭا ئېيتقان گەپلىرى، چۈشىنىۋاتامسىز؟

— چۈشىنىۋاتىمەن.

— «سىز بۇ ئالماسنى سېتىپ، ئۇنىڭغا كەلگەن پۇلنى، بۇ دۇنيادا مېنى بىردىنبىر قەدىرلىگۈچى ئاشۇ بەش ئادەمگە بۆلۈپ بېرىڭ».

— بەش ئادەم دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى كادرۇس، — سىز ماڭا تۆتەينى ئېيتتىڭىزغۇ.

— چۈنكى بەشىنچىسى، ئاڭلىشىمچە، ئۆلۈپ كەتكەنىكەن... بەشىنچى، داستېسنىڭ ئاتىسى ئىدى.

— ئەپسۇسكى، بۇ راست گەپ، — دېدى دىلغۇل بولۇپ تۇرغان كادرۇس، — بىچارە بوۋاي ئۆلۈپ كەتتى.

— مەن بۇ گەپنى مارسېلدا ئاڭلىدىم، — دېدى ھەزرەت، ئۆزىنى خاتىرجەم كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، — بىراق، ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بەك ئۇزۇن بولغاچقا، ئۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق تەپسىلاتلارنى ئۇقالمىدىم... ئۇ بوۋاينىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بەلكىم سىز بىلىدىغانسىز؟

— مەن بىلمەي كىم بىلسۇن؟ — دېدى كادرۇس، — ئۇ، مېنىڭ قوشنام ئىدى... ئاھ، خۇدايىم! ئوغلى قولغا ئېلىنىپ بىر يىل بولماي تۇرۇپلا بىچارە بوۋاي قازا تاپتى!

— ئۇ نېمە سەۋەبتىن ئۆلدى؟

— دوختۇرلار ئۇنىڭ كېسىلىنى... ئاشقازان يارىسى دېگەندەك قىلغانىدى؛ بوۋاينىڭ تونۇشلىرى ئۇنى دەرد — ھەسرەتتىن ئۆلۈپ كەتتى دېيىشتى؛ مەن بولسام، ئۇنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرغان بولغاچقا شۇنداق دەيمەنكى، ئۇنىڭ ئۆلۈشى...



كادرۇسنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قالدى.

— ھە، ئۇنىڭ ئۆلۈشى نېمىدىن بولدى؟ — دەپ تەشۋىشلىنىپ سورىدى ھەزرەت.

— ئۇ ئاچلىقتىن ئۆلدى!

— ئاچلىقتىن؟ — دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى ھەزرەت، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — ئاچلىقتىن! ئەڭ يارىماس مەخلۇقمۇ ئاچلىقتىن ئۆلمەيدۇ! كوچىدا تېنەپ يۈرگەن لالما ئىتقىمۇ بىر پارچە نان تاشلاپ بېرىدىغان شەپقەتلىك قول تېپىلىدۇ. لېكىن، بىر ئىنسان، خرىستىئان، ئۆزىگە ئوخشاشلا ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا، خۇددى شۇنداقلا ئۆزلىرىنى خرىستىئان دەپ ئاتاپ يۈرگەن ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئاچلىقتىن ئۆلەمدۇ! مۇمكىن ئەمەس! بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!

— مەن سىزگە راست گەپ قىلىۋاتىمەن، — دېدى كادرۇس.

— مانا شۇنداق قىلىشىڭنىڭ ھېچ پايدىسى يوق، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى پەلەمپەي تەرەپتىن، — خەقنىڭ ئىشىغا نېمىدەپ ئارىلىشىپ يۈرىسەن؟

سۆھبەتداشلار ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاراشتى ۋە پەلەمپەي سالاسۇنلىرىنىڭ كەينىدىن كاركونتانىڭ جۈدەڭ چىرايىنى كۆرۈشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىدىن ئاستا چىقىپ، پەلەمپەينىڭ ئۈستۈنكى باسقۇچىدا ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى تىڭشىماقتا ئىدى.

— سەن ئۆزۈڭ نېمىدەپ خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالدىڭ خوتۇن؟ — دېدى كادرۇس، — ھەزرەت مېنىڭدىن گەپ سوراۋاتىدۇ، ئەدەپ يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش كېرەك — دە.

— كاللاڭ جايىدا بولسا، تولا سۆزلەۋەرمە. خەق سەندىن قانداق نىيەت بىلەن گەپ ئېلىۋاتقانلىقىنى نەدىن بىلىسەن، ئەخمەق.

— مەن ئەڭ ياخشى نىيەت بىلەن گەپ قىلىۋاتىمەن، خانىم، — دېدى ھەزرەت. — كۈيۈڭىز راستچىللىق بىلەن سۆزلەيدىغانلا بولسا، ئەندىشە قىلغۇدەك ھېچقانداق ئىش يوق.

— بىلىمىز، ئۇنداق گەپلەرنى... باشتا ھەرخىل ۋەدىلەرنى بېرىشىدۇ، ئاخىرىدا ئەندىشە قىلماسلىقنى ئېيتىپ قويۇپلا، ۋەدىسىنى ئورۇندىماي كېتىپ قالىدۇ، ئاندىن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇنىڭ بالاسىغا قالىسەن.

— خاتىر جەم بولۇڭ، — دېدى ھەزرەت، — مەندىن سىلەرگە ھېچقانداق يامانلىق كەلمەيدۇ.

كاركونتا چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر نېمىلەرنى دەپ غودۇڭشۇپ قويدى - دە، قوللىرى بىلەن بېشىنى تىرەپ ئولتۇردى ۋە بەزگەكتىن تىترىگەن ھالدا ئېرىنىڭ سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويدى. بۇ ئاردا ھەزرەت بىر ئاز سۇ ئىچىۋېلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە يەنە سۆزگە كىرىشتى:

— بۇ بىچارە بوۋاي ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكۈدەك، ھەممە كىشىلەر ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈپ كەتكەنمىدى؟

— يوقسۇ، — دېدى كادرۇس، — كاتالان قىزى مېرسېدېس ۋە موررېل ئەپەندى ئۇنى تاشلىمىدى. لېكىن، بىچارە بوۋاي تۇساتتىن فېرنانغا نەپرەتلىنىپ غەزەپلىنىپ قالدى، دانتېس سىزگە دوستۇم دەپ ئېيتىپ بەرگەن ئاشۇ فېرنان بىلەن ئۆچمەنلىشىپ قالدى، — دەپ ئاخىرىدا مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەش بىلەن قوشۇپ قويدى كادرۇس.

— ھە، ئۇ دانتېسنىڭ دوستى ئەمەسمىدى؟ — سورىدى ھەزرەت.

— گاسپار، گاسپار! — دېدى پەلەمپەيدە ئولتۇرغان كاركونتا، — ئوبدان ئويلىشىپ گەپ قىل!

كادرۇس بىزار بولغان ھالدا قولىنى بىر سىلكىپ قويدى - دە، خوتۇنىغا قاراپمۇ قويمىدى.



— بىر ئادەمنىڭ خوتۇنىنى تارتىۋالماقچى بولغان كىشى ئۇنىڭغا دوست بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ھەزرەتكە، — دانتېس ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن بۇ ئادەملەرنى دوستۇم دەپ يۈرۈپتۇ... بىچارە ئېدمون! ئۇنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەي قالغىنىمۇ ياخشى بوپتۇ. ئەگەر بىلگەن بولسا، ئۆلۈش ئالدىدا ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشى تەس بولاتتى... نېمىدېگەن بىلەنمۇ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى كادرۇس. ئۇنىڭ گەپلىرى ئۆزىگە خاس بولغان قوپاللىراق ھېسسىياتچانلىقتىن خالى ئەمەس ئىدى، — مەن تىرىكلەرنىڭ دۈشمەنلىكىگە قارىغاندا ئۆلۈكلەرنىڭ نەپرىتىدىن قورقىمەن.

— ھاماقەت! — دېدى كاركونتا.

— فېرناننىڭ نېمە قىلغانلىقى سىزگە مەلۇممۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە ھەزرەت.

— مەلۇممۇ؟ ئەلۋەتتە، مەلۇم!

— ئۇنداق بولسا سۆزلەڭ.

— ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارىڭ، گاسپار، — دېدى كاركونتا، — بىلگىنىڭنى قىل، لېكىن يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ قوياي، ئاغزىڭنى يۇمغىنىڭ ياخشى بولارمىكىن.

— راست، بۇ گېپىڭ توغرا، — دېدى كادرۇس.

— ھە، ئەمدى سۆزلىمەمسىز؟ — دېدى ھەزرەت.

— نېمە پايدىسى؟ — دېدى كادرۇس، — ئەگەر بىچارە ئېدمون ھايات بولۇپ، ئۇنىڭغا كىملەر دوست ۋە كىملەر دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولسا، ئۇ چاغدا باشقا گەپ ئىدى. لېكىن، سىز ئۇنى ئۆلۈپ كەتتى دەۋاتىسىز. ئەمدى ئۇ نەپرەتلىنىشكىمۇ، ئۆچ ئېلىشقىمۇ قادىر ئەمەس. شۇڭا، بۇ گەپنى قويايلى.

— ئۇنداق بولسا، سىز ئۆزىڭىز قارا نىيەت، يالغان دوست

دېگەن ئاشۇ كىشىلەرگە چىن دوستلۇقنىڭ بۇ مۇكاپىتى تاپشۇرۇلۇشىنى خالامسىز؟ — دېدى ھەزرەت.

— ئېيتقىنىڭىز توغرا، — دېدى كادرۇس، — ئەمما، ئۇلار ئۇچۇن بىچارە ئېدمونىنىڭ بۇ مىراسى قانچىلىك نەرسە ئىدى؟ دېڭىزدىكى تامچا!

— يەنە كېلىپ، بۇ ئادەملەر بىر بارمىقى بىلەنلا سىنىڭ مىجىقىڭنى چىقىرىۋېتەلەيدۇ، — دېدى كادرۇسنىڭ خوتۇنى.

— شۇنداقمۇ نېمە؟ بۇ ئادەملەر شۇنچىلىك قۇدرەتلىك ۋە شۇنچىلىك باي بولۇپ كەتتىمۇ؟

— دېمەك، سىز ئۇلار توغرۇلۇق ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنسىز - دە؟

— ياق، سىز سۆزلەپ بېرىڭا.

كادرۇس ئويلىنىپ قالدى.

— ياق، بىلمەمسىز، بۇ تولىمۇ ئۇزۇن ھېكايە بولۇپ كېتىدۇ.

— ماقۇل. دوستۇم، گەپ قىلمايمەن دېسىڭىزمۇ مەيلى، — دېدى ھەزرەت پەرۋا قىلمىغان قىياپەتتە، — مەن سىزنىڭ بۇنداق ئىككىلىنىشىڭىزگە ھۆرمەت بىلدۈرىمەن. سىز ياخشى ئادەملەرگە مۇناسىپ ئىش قىلدىڭىز. ئەمدى بۇ ھەقتە سۆزلىمەيلى. ماڭا نېمە دېدى؟ مېنىڭ ۋەزىپەم، مەرھۇمنىڭ ئاداققى ئىرادىسىنى ئورۇنداش. ئەمدى مەن بۇ ئالماسنى سېتىۋېتىمەن.

ئۇ، يانچۇقىدىن قۇتىنى يەنە چىقاردى ۋە كادرۇسنىڭ زوقلانغان كۆزلىرى ئالدىدا ئالماس يەنە يالتىراپ كەتتى.

— بۇياققا كەلگىنە خوتۇن، قاراپ باققىنا، — دېدى كادرۇس خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن.

— ئالماس؟ — دېدى كاركونتا ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ئۇ خېلىلا تېتىكلىك بىلەن پەلەمپەيدىن چۈشتى، — بۇ نېمە ئالماس؟



— سەن نېمە ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — دېدى كادرۇس، — بۇ ئالماسنى ئېدمون بىزگە ئاتاپ قالدۇرۇپتۇ: بىرىنچىدىن ئۆزىنىڭ ئاتىسىغا، ئاندىن، ئۈچ دوستىغا: فېرنانغا، دانگلارغا ۋە ماڭا، يەنە ئۆزىنىڭ سۆيگىنى مېرسېدېسقا. ئالماسنىڭ نەرقى 50 مىڭ فرانك ئىكەن.

— ئاھ، نېمىدېگەن ئېسىل تاش! — دېدى كاركونتا.

— شۇنداق قىلىپ، بۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمى بىزگە تەئەللۇقمۇ؟ — دېدى كادرۇس.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى ھەزرەت، — يەنە، دانتېسنىڭ ئاتىسىغا تېگىشىك ئۈلۈشى بىلەن. چۈنكى ئۇنى سىلەر تۆتىڭلارغا بولۇپ بېرىشكە ئۆزۈمنى ھەقلىق دەپ ھېسابلايمەن.

— نېمە ئۈچۈن تۆتەيلەنگە؟ — دەپ سورىدى كاركونتا.

— چۈنكى، سىلەر، ئېدمونىنىڭ دوستلىرى تۆت كىشى.

— خائىنلار — دوست ئەمەس! — دەپ بوغۇق ئاۋازدا غودۇڭشىپ قويدى كاركونتا.

— مەنمۇ شۇنداق دېگەنىدىم، — دېدى كادرۇس، — خائىنلىقنى ۋە بەلكى جىنايەتنى مۇكاپاتلاش چوڭ گۇناھ، ھەتتا ۋىجدانسىزلىق بولىدۇ.

— سىلەر ئۆزۈڭلار شۇنى خالاۋاتىسىلەر، — دەپ خاتىرجەملىك بىلەن جاۋاب بەردى ھەزرەت، ئالماسنى قايتىدىن لىباسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، — ئەمدى ماڭا ئېدمونىنىڭ ئاشۇ دوستلىرىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بېرىڭلار، مەن مەرھۇمنىڭ ئاداققى ئىرادىسىنى ئادا قىلاي.

كادرۇسنىڭ يۈزىدىن تەر تامچىلىرى تاراملاپ ئېقىۋاتاتتى. ھەزرەت ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېتىغا قاراپ بېقىش ئۈچۈن ئىشىك ئالدىغا چىقتى ۋە قايتىپ كىرىپ ئۆز جايىغا ئولتۇردى. كادرۇس

بىلەن خوتۇنى ئالاقزادە بولۇپ، بىر ــ بىرىگە قارىشىپ قالدى.

— ئالماس يالغۇز بىزگىلا قېلىشى مۇمكىن ئىدى، — دېدى كادرۇس.

— شۇنداق دەپ ئويلامسەن؟ — دېدى ئۇنىڭ خوتۇنى.

— دىنىي زات بولغان كىشى بىزنى ئالداپ قويماس.

— ئۆزۈڭ بىلىپ ئىش قىل، — دېدى كاركونتا، — مېنىڭ كارىم يوق.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ بەزگەكتىن تىترىگەن ھالدا پەلەمپەيگە چىقىپ كەتتى. كۈننىڭ ئىسسىقلىقىغا باقماي، ئۇنىڭ چىشلىرى جاقىلداپ تۇراتتى. ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەندە ئۇ توختىدى.

— ئوبدانراق ئويلاپ باققىن، گاسپار، — دېدى ئۇ.

— بولدى، بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم، — دېدى كادرۇس.

كاركونتا ئېغىر بىر تىنىق ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا تاختايلارنىڭ غىچىرلىغانلىقى ۋە ئۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن كىرېسلونىڭ غاراسلاپ كەتكەنلىكى ئاڭلاندى.

— شۇنداق قىلىپ، قانداق قارارغا كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ھەزرەت.

— سىزگە ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن، — دېدى كادرۇس.

— مېنىڭچە، شۇنداق قىلسىڭىز دۇرۇس بولىدۇ، — دېدى روھانىي، — بۇ، سىزنىڭ مەندىن يوشۇرماقچى بولغان گېپىڭىزنى بىلىشكە قىزىققانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس: ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز، دانتېسنىڭ مىراسىنى ئۇنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىق تەقسىم قىلىشقا ياردىمى بولىدۇ.

— ھەر نېمە بولسا شۇنداق بولغاي، — دېدى كادرۇس. ئۇنىڭ يۈزى تەمەگەرلىك ۋە ئاچكۆزلۈكتىن ئوت ئالغاندەك قىزىرىپ كەتتى.



— قۇلىقىم سىزدە، — دەپ قويدى ھەزرەت.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى كادرۇس، — گېپىمىز راسا قىزىقارلىق يېرىگە كەلگەندە باشقىلار كىرىپ قېلىپ، سۆھبىتىمىزنى بۆلىۋېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىڭىزنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشى پايدىسىز.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ياپتى ۋە تېخىمۇ ئىشەنچلىكرەك بولسۇن دەپ، تاقاقنى ئېتىپ قويدى. بۇ ئارىدا ھەزرەت ئۆزىگە قولايلىق بىر ئورۇن تاللىۋالدى. ئۇ، بىر بۇلۇڭغا يۆتكىلىپ ئولتۇردى. بۇ يەردە ئۇ ئۆزى قاراڭغۇدا قالسىمۇ، يورۇقلۇق ئىككىنچى كىشىنىڭ يۈزىگە چۈشەتتى. ئۇ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ۋە قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ، ھېكايىنى ئاڭلاشقا ھازىرلاندى. كادرۇس ئورۇندۇقنى يېقىنراق سۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا ئولتۇردى.

— يادىڭدا بولسۇن، مەن سېنى سۆزلەشكە زورلىمىدىم، — كاركونتانىڭ تىترەپ چىققان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ، گويا تۆۋەنكى قەۋەتتە نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆز ئۆيىنىڭ تاختايلىرى ئارىسىدىن كۆرۈۋاتقاندەك ئىدى.

— ماقۇل، ماقۇل، — دېدى كادرۇس، — بولدى ھەممىگە ئۆزۈم جاۋابكار، — شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز ھېكايىسىنى باشلىدى.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

## كادرۇسنىڭ ھېكايىسى

— ئەڭ ئالدى بىلەن، ھەزرىتىم، — دېدى كادرۇس، — ماڭا بىر ۋەدە بېرىشىڭىزنى سورايمەن.

— قانداق ۋەدە؟ — دەپ سورىدى ھەزرەت.

— ئەگەر مەن سۆزلەپ بەرگەن مەلۇماتلاردىن قاچانلا بولمىسۇن پايدىلانماقچى بولسىڭىز، بۇ مەلۇماتلارنى مەندىن ئالغانلىقىڭىزنى ھېچكىم بىلمەي قالماسلىقى كېرەك. مەن ھازىر سىزگە دۆلەتلىك ھەم قۇدرەتلىك كىشىلەر ھەققىدە سۆزلەپ بېرىمەن. ئەگەر ئۇلار مېنى بىر بارمىقى بىلەن چېكىپ تويسىلا، خۇددى بىر ئەينەك پارچىسىدەك يانجىۋېتىدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، دوستۇم، — دېدى ھەزرەت، — مەن روھانىي. ھەرقانداق سىر ئۆزۈمنىڭ ئىچىمدىلا قالىدۇ. يادىڭىزدا بولسۇن، بىزدە ئۆز دوستىمىزنىڭ ئاداققى ئىرادىسىنى دۇنىيادىن ئۆتكەندىن كېيىن ئورۇنلاش ئادىتى بار. بۇ قاتتىق ئۇمۇمىي ھالدا ئادا قىلىشتىن باشقا مەقسەت يوق. سۆزلەۋېرىڭ. ھېچكىمنى ئاياپ قويماستىن، شۇنداقلا ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىغىمۇ بېرىلمەي كەتمەستىن سۆزلەڭ. ھەقىقىي ئەھۋالنى سۆزلەڭ، پەقەت ھەقىقىي ئەھۋالنىلا سۆزلەڭ. سىز ماڭا سۆزلەپ بېرىدىغان ئۇ كىشىلەرنى مەن تونۇمايمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنى كۆرمەسلىكىم مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن فرانسۇز ئەمەس، ئىتالىيان. مەن بەندىلەرگە بېقىنمايمەن، بىر خۇداغا سېغىنىمەن. مەن يەنە ئۆز ئىبادەتخانەمگە قايتىپ كېتىمەن. مەن ئۇ يەردىن پەقەت مەرھۇمنىڭ ئاداققى ئىرادىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈنلا چىققان.

بۇ ئىشەنچلىك دەلىللەر كادرۇسقا بىرئاز غەيرەت بەرگەندەك كۆرۈنەتتى.

— ئۇنداق بولسا، بىچارە ئېدمون چىن ۋە ھەقىقىي، دوستلۇق دەپ ئويلىغان ئاشۇ دوستلۇقتا بولغان سىزنىڭ ئىشەنچىڭىزنى يوققا چىقىرىشنى خالايمەن، ھەم شۇنداق قىلىشىم كېرەك.

— گەپنى ئېدموننىڭ ئاتىسىدىن باشلايلى. — دېدى



ھەزرەت، — ئېدمون ماڭا ئۇ بوۋاي ھەققىدە كۆپ سۆزلىگەنىدى. ئۇ، ئاتىسىنى بەك ياخشى كۆرەتتىكەن.

— بۇ بىر ئېچىنىشلىق تارىخ، — دېدى كادرۇس، بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ، — باشتا ئۆتكەن ئىشلارنى ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ دەيمەن؟

— ھەئە. — دېدى ھەزرەت، — ئېدمون ماڭا ئۆزىنىڭ مارسېل ئەتراپىدىكى بىر كىچىك مەيخانىدا قولغا ئېلىنغان ۋاقتىغىچە بولغان ھەممە ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

— «رېزېرۋ» مەيخانىسىدا! ئۇ ئىشلار ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ.

— بۇ ئىش نىكاھ مۇراسىمى كۈنى بولغانىغۇ دەيمەن؟

— ھەئە. شۇنچە كۆڭۈللۈك باشلانغان زىياپەت ئىنتايىن كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاياغلاشتى. ساقچى ئەمەلدارى تۆت ئەسكەرنى باشلاپ كىرىپ، دانتېسنى قولغا ئالدى.

— مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم شۇنىڭ بىلەن چەكلىنىدۇ، — دېدى روھانىي. — دانتېس پەقەت شەخسەن ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىلا بىلەتتى، چۈنكى ئۇ، مەن سىزگە ئېيتقان ئۇ كىشىلەرنى شۇنىڭدىن كېيىن كۆرمىگەن ۋە ئۇلار توغرۇلۇق ھېچنەرسە ئاڭلىمىغان.

— ھە، دانتېس قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن موررېل ئەپەندى بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن مارسېلغا باردى ۋە ئۇ يەردىن ئىنتايىن يامان خەۋەرلەرنى ئەكەلدى. دانتېس بوۋاي يىغلىغان بويىچە ئۆزى يالغۇز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ۋە بايراملىق كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، بىر كۈن كەچكىچە خانا ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈردى، كېچىچىمۇ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلاشقا ياتمىدى، ئۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى ئۆيدە تۇراتتىم، شۇڭا ئۇنىڭ كېچىچە خانا ئىچىدە

مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ياتتىم. راستىنى ئېيتسام، مەن ئۆزۈممۇ كېچىچە ئۇخلىمىدىم. بىچارە ئاتىمىنىڭ ھەسرىتى مېنى ئازابلايتتى. ئۇ خۇددى مېنىڭ مەيدەمگە دەسسەپ مېڭىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ھەربىر قەدىمى مېنىڭ يۈرەك - باغرىمنى ئېزىپ تاشلايتتى.

ئەتىسى مىرسىدىس ۋىلفور ئەپەندىنىڭ كەچلىك قىلىشىنى سوراپ، مارسېلغا كەلدى. بۇنىڭدىن ئۇ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، قايتىشىدا بوۋاينى يوقلاپ كەلدى. ئۇ، بوۋاينى شۇنچە غەمكىن، روھى چۈشكۈن ھالەتتە كۆرۈپ ۋە ئۇنىڭ بىر كېچە ئۇخلىمىغانلىقىنى، تۈنۈگۈنكى كۈندىن بۇيان ھېچنەرسە يېمىگەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەكەتمەكچى بولدى. لېكىن بوۋاي پەقەت ئۇنىمىدى.

«ياق، — دېدى ئۇ، — مەن ئۆز ئۆيۈمنى تاشلاپ كەتمەيمەن. بىچارە ئوغلۇم مېنى دۇنيادا ھەممىدىن بەكرەك ياخشى كۆردۇ. ئۇ، تۈرمىدىن بوشىتىلسا، ئەڭ ئالدى بىلەن مېنىڭ يېنىمغا كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئەگەر مەن ئۆيدە بولمىسام ئۇ نېمە دەپ قالىدۇ؟»

بۇ گەپلەرنى مەن ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ ئاڭلىدىم، مەن مىرسىدىسنىڭ بوۋاينى ئەكېتىشىنى خالايتتىم، چۈنكى ئۇنىڭ بىسەرەمجانلىق بىلەن مېڭىشلىرى ماڭا بىردەممۇ خاتىرجەملىك بەرمەيتتى.

— سىز ئۆزىڭىز بوۋايغا تەسەللىي بېرىش ئۈچۈن كىرمەسدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى روھانىي.

— ئاھ، ھەزرىتىم! — دېدى كادرۇس. — ئارام تېپىشنى بۇنى خالىغان ئادەمگە تەسەللىي بېرىشكە بولىدۇ، لېكىن ئۇ خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نېمە ئۈچۈندۇر، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئۇ مېنى كۆرۈشنى خالىمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، بىر كۈنى يېرىم كېچە ئۇنىڭ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقانلىقىنى



ئاڭلاپ، چىداپ تۇرالمىدىم ۋە ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتىم. لېكىن، مەن ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە ئۇ يىغىسىنى توختاتقانىدى ۋە ئايەت ئوقۇپ، خۇداغا نالە قىلىۋاتاتتى. ئۇ، شۇنداق قاملاشقان گەپلەرنى، شۇنداق تەسىرلىك ئىبارىلەرنى سۆزلەۋاتاتتىكى، مەن ئۇ گەپلەرنى سىزگە ئەينى بويىچە ئېيتىپمۇ بېرەلمەيمەن، ھەزرىتىم. بۇنى ئادەتتىكى ئايەت، ئادەتتىكى ھەسرەت دېگىلى بولمايدۇ. مەن دىندار ئەمەس، ساختا موللىلارنىمۇ ياخشى كۆرمەيمەن. شۇڭا، ئۆز ئىچىمدە شۇنداق دەپ ئويلىدىمكى: «مەن ئۆزۈم تەنھا ئادەم بولۇپ، خۇدايىم ماڭا پەرزەنت بەرمىگەنلىكىگە شۈكۈر. مۇبادا مەنمۇ بىر ئاتا بولۇپ، بۇ بەختسىز بوۋايدەك دەردكە قالغان بولسام، بۇ بوۋاينىڭ تەڭرىسىگە نالە قىلغىنىدەك سۆزلەرنى تاپالماستىن، قايغۇ - ھەسرەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇدۇللا بېرىپ ئۆزۈمنى دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن بولار ئىدىم».

— بىچارە دادام! — دەپ پىچىرلىدى روھانىي.

— ئۇ، كۈندىن - كۈنگە تالاغا چىقماس بولۇپ كەتتى. موررېل ئەپەندى بىلەن مىرسىدىس پات - پات ئۇنى يوقلاپ كېلىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىشىكى دائىم تاقاقلىق بولاتتى. مەن ئۇنىڭ ئۆيدە بار ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. بىراق، ئۇ ئىشىكنى ئاچمايتتى. بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئادىتىگە خىلاپ ھالدا مىرسىدىسنى قوبۇل قىلدى ۋە بىچارە قىز ئۆزىنىڭ دەردى يېتىپ ئاشقۇدەك تۇرۇپ، يەنە بوۋايغا مەدەت بېرىشكە ئۇرۇنغاندا، ئۇ شۇنداق دېدى: «گېپىمگە ئىشەنگىن قىزىم، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى. ئەمدى بىز ئۇنى كۈتەلمەيمىز، بەلكى ئۇ بىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. مەن شۇنىڭغا خۇشالمەنكى، مېنىڭ يېشىم ساڭا قارىغاندا كۆپ چوڭ. شۇڭا ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلەن بىرىنچى بولۇپ كۆرۈشىمەن».

ئادەم ھەرقانچە مېھرىبان بولسىمۇ، كۆرۈشكەندە روھىي ئازاب ھېس قىلىدىغان كىشىلەرنى بارا - بارا يوقلىماس بولۇپ قالىدۇ. ئاخىرى، ئەھۋال شۇنىڭغا يەتتىكى، دانتېس بوۋاي تامامەن ئۆزى يالغۇز قالدى. مەن ئۇنى يوقلاپ كېلىدىغانلارنى كۆرمەيدىغان بولدۇم. پەقەت ئارىلاپ - ئارىلاپ قانداقتۇ، بىر نامەلۇم كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلەتتى ۋە بىر دەمدىن كېيىن بوپىلارنى كۆتۈرۈشۈپ ئاستىلا چىقىپ كېتىشەتتى. مەن كېيىنرەك بۇ بوپىلارغا نېمىلەرنىڭ تۈگۈلگەنلىكىنى بىلىۋالدىم: ئۇ، نان ئېلىش ئۈچۈن ئۆيىدىكى نەرسە - كېرەكلىرىنى ئاز - ئازدىن سېتىشقا باشلىغانىدى. ئاخىرى، ئۇ بار - يوقىنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ بولدى. ئۇ، ئۆي ئىجارىسىگە قەرزدار بولۇپ قالدى. ئۆي ئىگىسى ئۇنى قوغلاپ چىقىرىمەن دەپ تەھدىت سالدى. بوۋاي بىر ھەپتىگىچە توختاپ تۇرۇشنى سورىدى، ئۇ ماقۇل بولدى. مەن بۇ گەپلەرنى ئۆي ئىگىسىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۈچ كۈنگىچە ئۇنىڭ ئۆي ئىچىدە مېڭىپ يۈرگەن قەدەم تاۋۇشلىرىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. تۆتىنچى كۈنىگە كەلگەندە ھېچقانداق تاۋۇش ئاڭلانمىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ باقماقچى بولدۇم. ئىشىك يەنىلا تاقاقلىق ئىدى. مەن قۇلۇپنىڭ تۆشۈكىدىن ماراپ، ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن ۋە ھالىدىن كەتكەن كۆرۈنۈشتە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى كېسەل بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم - دە، يۈگۈرۈپ موررېل ئەپەندىگە خەۋەر يەتكۈزدۈم ۋە مېرسېدېسنى چاقىرىپ كەلدىم. ئۇلار ئىككىسى شۇ ھامان يېتىپ كەلدى. موررېل ئەپەندى ئۆزى بىلەن بىر دوختۇرنى باشلاپ كەلگەنىدى. دوختۇر ئۇنىڭ كېسىلىنى ئاشقازان - ئۈچەي يارىسى دەپ ئېنىقلاپ، ئۇنىڭغا پەرھىز قىلىشنى بۇيرۇدى. بۇ ئىشلار بولغاندا



مەنمۇ شۇ يەردە ئىدىم، ھەزرەتلىرى. دوختۇرنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا، بوۋاينىڭ قانداق كۈلۈپ قويغانلىقىنى ھېچقاچان ئۇنتۇيالمايمەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىشىكنى تاقىمايدىغان بولدى، چۈنكى ئۇنىڭ تاماق يېمەسلىكىگە ئەمدى قانۇنىي ئاساس بار ئىدى: دوختۇر ئۇنىڭغا پەرھىز قىلىشنى بۇيرۇدى.

ھەزرەت ئاستاغىنا ئىڭراپ تاشلىدى.

— مېنىڭ گەپلىرىم سىزنى قىزىقتۇرۇۋاتامدۇ، ھەزرىتىم؟ — دەپ سورىدى كادرۇس.

— ھەئە، — دېدى ھەزرەت، — بۇ ئىنتايىن تەسىرلىك ۋەقە ئىكەن.

— مېرسېدېس كېيىن يەنە بىر قېتىم كەلدى. ئۇ، بوۋاينىڭ شۇنچە ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆتكەنكى قېتىمقىغا ئوخشاش، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. موررېل ئەپەندىمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلاتتى. شۇڭا ئۇ، بوۋاينى مەجبۇرىي يۆتكىمەكچى بولدى. بىراق، بوۋاي شۇنداق دەھشەتلىك ۋارقىراپ كەتتىكى، ئۇلار ئىككىسى قورقۇپ كەتتى. مېرسېدېس ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قالدى. موررېل ئەپەندى بولسا، قىزغا ئىشارەت قىلىپ، مەشىنىڭ ئۈستىدە پۇل سېلىنغان ھەميانىنى قالدۇرۇپ قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىدى - دە، چىقىپ كەتتى. لېكىن، بوۋاي دوختۇرنىڭ بۇيرۇقىنى باھانە قىلىپ، ھېچنېمە يېگىلى ئۇنىمىدى. ئاخىرى، ئۇ توققۇز كۈن ئاچ ياتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇ بەختسىزلىكىگە سەۋەبچى بولغانلارغا لەنەت ئوقۇپ ۋاپات بولدى. ئۇ، مېرسېدېسقا شۇنداق دېدى: «كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىز ئېدمون بىلەن كۆرۈشۈپ قالسىڭىز، ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭ، مەن ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ ئۆلدۈم».

ھەزرەت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى ۋە تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن قورۇپ كېتىۋاتقان كېكىردىكىنى چىڭ باسقان ھالدا ئۆي ئىچىنى ئىككى قېتىم ئايلىنىپ چىقتى.

— دېمەك، سىزنىڭ گېپىڭىزگە قارىغاندا، ئۇ ئاچلىقتىن...

— ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى، ھەزرەتلىرى، ئاچلىقتىن! — دېدى كادرۇس. — مەن بۇنىڭغا، خۇددى بىز ئىككىمىزنىڭ خرىستىئان بولغىنىمىزغا ئىشەنگەندەكلا ئىشىنىمەن.

ھەزرەت يېرىمىگىچە سۇ قۇيۇلغان ئىستاكاننى مەھكەم سىقىملاپ تۇتتۇۋالدى ـ دە، ئۇنى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى ۋە كۆزلىرى قىزىرىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ھالدا يەنە ئۆز جايىغا ئولتۇردى.

— بۇ ھەقىقەتەن زور پاجىئە، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

— يەنە كېلىپ، بۇنىڭغا خۇدا ئەمەس، بەندىلەر سەۋەبكار بولدى.

— قېنى، ئەمدى شۇ بەندىلەر ھەققىدە سۆز باشلايلى، — دېدى ھەزرەت، — لېكىن، يادىڭىزدا بولسۇن، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ئاگاھلاندۇرۇش ئاھاڭىدا، — سىز ماڭا ھەممىنى تولۇق سۆزلەپ بېرىشنى ھۆددىگىزگە ئالغان. شۇنداق قىلىپ، ئوغلىنى ئۇمىدسىزلىكتىن، ئاتىسىنى ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە مەجبۇر قىلغان ئاشۇ ئادەملەر كىم؟

— دانتېسقا ھەسەت قىلغان ئىككى كىشى: بىرى، مۇھەببەت ئىشىدىن، يەنە بىرى مەنسەپپەرەسلىكتىن ھەسەتخور بولغان؛ ئۇلار فېرنان بىلەن دانگلار.

— ئۇلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن ـ ھە؟ سۆزلەڭ!

— ئۇلار ئېدمونىنىڭ ئۈستىدىن بوناپارتچىلارنىڭ جاسۇسى دەپ مەلۇمات بېرىشتى.

— بۇلارنىڭ ئىچىدىن نەق پاش قىلغۇچى كىم؟ ھەقىقىي گۇناھكار كىم؟



— ھەر ئىككىسى، ھەزرەتلىرى، بىرى خەتنى يازدى، يەنە بىرى ئۇنى پوچتىغا ئاپىرىپ سالدى.

— ئۇ خەت قەيەردە يېزىلغان؟

— «رېزېرۋ» مەيخانىسىدا، توي زىياپىتى بولۇشنىڭ ئالدىنقى كۈنى.

— دېگەندەكلا بولۇپ چىقتى! — دەپ پىچىرلىدى ھەزرەت، — ئاھ، فارىيا، فارىيا! سەن ئادەملەرنى ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى نەقەدەر ياخشى چۈشىنەتتىڭ!

— نېمە دەيسىز؟ — دەپ سورىدى كادرۇس.

— ھېچنېمە، — دېدى ھەزرەت، — سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

— دانگلار ئۆزىنىڭ قول يازمىسىنى باشقىلار تونۇۋالماسلىقى ئۈچۈن پاش قىلىش خېتىنى سول قولى بىلەن يازدى، فېرنان ئۇنى پوچتىغا ئەكەتتى.

— شۇ چاغدا سىزمۇ ئۇلار بىللە ئىدىڭىزمۇ؟ — دەپ تۇساتتىن خىتاب قىلدى ھەزرەت.

— مەن؟ — دېدى ھەيران بولغان كادرۇس، — مېنىمۇ شۇ يەردە بولغان دەپ سىزگە كىم ئېيتتى؟

ھەزرەت ئارتۇقچە سۆزلەپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ماڭا ھېچكىم ئۇنداق دېمىدى، — دېدى ئۇ، — لېكىن، بۇنداق تەپسىلىي ئىشلارنى بىلىش ئۈچۈن نەق مەيداندا بولۇش كېرەك ـ تە.

— راست دەيسىز، — دېدى كادرۇس چۈشكۈن ئاھاڭدا، شۇ چاغدا مەنمۇ بار ئىدىم.

— سىز بۇنداق رەزىللىككە قارشىلىق قىلمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ھەزرەت، — ئۇنداقتا، سىزمۇ ئۇلارغا شېرىك ئىكەنسىز.

— ھەزرەتلىرى، — دېدى كادرۇس، — ئۇلار ماڭا ھاراقنى شۇنچە كۆپ ئىچكۈزۈۋېتىپتۇكى، پۈتۈنلەي خۇدۇمنى

يوقىتىپ قويۇپتىمەن. مەن بۇ ئىشلارنى خۇددى تۇمان ئىچىدىن كۆرۈۋاتقاندەك ئىدىم. مەن ئۇلارغا بۇنداق ھالەتتىكى ئادەم دېيەلىشى مۇمكىن بولغان ھەممە گەپلەرنى دەپ باقتىم. لېكىن، ئۇلار بۇ ئىشنى ئوينىشىپ قىلىپ قويۇۋاتقانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن ھېچقانداق يامان نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.

— لېكىن، ئەتىسىچۇ، تەقسىر، ئەتىسى سىز بۇ قىلمىشنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى كۆردىڭىزغۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق، دانتېسنىڭ قانداق قولغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۈنچىقماپسىز.

— شۇنداق، ھەزرەتلىرى، مەن ھەممىنى كۆردۈم، مەن گەپ قىلماقچىدىم، ھەممىنى سۆزلەپ بەرمەكچىدىم، بىراق دانگلار مېنى توختىتىۋالدى. «ئەگەر ئۇ گۇناھكار بولۇپ چىقسا، — دېدى ئۇ ماڭا، — ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن ئېلبا ئارىلىغا بارغان بولۇپ، ئۇنىڭغا پارىژدىكى بوناپارتچىلار كومىتېتىغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن خەت تاپشۇرۇلغان بولسا ۋە شۇ خەت ئۇنىڭ يېنىدىن تېپىلىپ قالسا، ئۇنىڭغا يان باسقانلارمۇ ئۇنىڭ شېرىكلىرى قاتارىدا قارىلىدۇ». مەن ئۇنداق بىر جىددىي ۋەزىيەتتە سىياسىي ئىشلارغا چېتىلىپ قېلىشتىن قورقتۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن گەپ قىلمىدىم. شۇنىڭغا ئىقرار بولىمەنكى، ماڭا قارىتا ئېيتقاندا، بۇ بىر ۋىجدانسىزلىق بولدى، لېكىن بۇ جىنايەت ئەمەس.

— چۈشىنىشلىك. «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي» دېگەنگە ئەمەل قىلىپسىز.

— شۇنداق، ھەزرەتلىرى، — دېدى كادرۇس، — شۇنىڭدىن بۇيان كېچە - كۈندۈز ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلالمايمەن. ئالدىڭىزدا قەسەم ئىچىمەنكى، مەن دائىم خۇدادىن گۇناھىمنى



تىلەيمەن. بۇ مېنىڭ ئۆز ئۆمرۈمدە ئۆتكۈزگەن بىردىنبىر چوڭ گۇناھىم. چوقۇم ئېيتىمەنكى، شۇ گۇناھىمنىڭ كاساپىتىدىن مەن بۈگۈنكىدەك پېشكەللىكلەرنى كۆرۈۋاتىمەن. شۇڭا، مېنىڭ كاركونتام تەقدىردىن زارلانغان ۋاقىتلىرىدا مەن ئۇنىڭغا: «تولا قاقشىمىغىن خوتۇن، خۇدانىڭ تەقدىرى شۇنداق» دەپ قويىمەن.

كادرۇس ھەقىقىي تۆۋا قىلغان قىياپەتتە بېشىنى ئەگدى.

— سىزنىڭ راستچىللىقىڭىزنى تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، — دېدى ھەزرەت، — كىم مۇشۇنداق تۆۋا قىلسا، شۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈشكە بولىدۇ.

— ئەپسۇسكى، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى كادرۇس، — ئېدمون مېنى كەچۈرمەستىن ئۆلۈپ كەتتى.

— ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيتتى... — دېدى ھەزرەت.

— لېكىن، ئەمدى ئۇ بىلىدىغاندۇ، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى كادرۇس، — ئۆلۈكلەر ھەممىنى بىلىدۇ، دېگەن گەپ بار.

ھەر ئىككىسى جىم بولۇشتى. ھەزرەت ئورنىدىن تۇردى ۋە چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەن ھالدا ئۇياق - بۇياققا ماڭدى. ئاندىن ئۆز جايىغا قايتىپ كېلىپ، يەنە ئولتۇردى.

— سىز بىرنەچچە قېتىم موررېل ئەپەندى دېگەن بىر كىشىنىڭ گېپىنى قىلدىڭىز، — دېدى ئۇ، — ئۇ كىم بولىدۇ؟

— بۇ، «فىرئاۋن» ناملىق كېمىنىڭ خوجايىنى، دانتېسنىڭ باشلىقى.

— بۇ ئېچىنىشلىق ئىشتا ئۇ قانداق رول ئوينىدى؟ — دەپ سورىدى ھەزرەت.

— ۋىجدانلىق، يۈرەكلىك ۋە ئىنسانپەرۋەر ئادەمنىڭ رولىنى ئوينىدى. ئۇ، دانتېسنىڭ ئارىسىغا كىرىپ 20 قېتىمچە

دەۋالاشتى. ئىمپېراتور قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قولىدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىنى قىلىپ باقتى. ئەرز يازدى، يالۋۇردى، ئۆرۈشتى. ئاقىۋەتتە، پادىشاھ ھاكىمىيىتىنى ئىككىنچى قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەۋرىدە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ گۇمانلىق بولۇپ، قاتتىق تەقىپ ئاستىدا قالدى. مەن سىزگە سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك، ئۇ، دانتېسنىڭ ئاتىسىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەكېتىش ئۈچۈن ئون قېتىمچە كەلدى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى، بۇنىمۇ بايا سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك، مەشىنىڭ ئۈستىگە پۇل سېلىنغان ھەميانىنى قالدۇرۇپ قويۇپ كەتتى. شۇ پۇل بىلەن بوۋاينىڭ بويىنىدىكى قەرزلىرى تۆلەندى، قالغان پۇلنى ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا سەرپ قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىچارە ھاياتلىقىدا ھېچكىمگە ئېغىرىنى سالماي ئۆتكىنىدەك، ئاخىرەتتىمۇ ھېچكىمگە ئېغىرىنى ئارتماي كەتتى. بۇ يوغان، قىزىل رەڭلىك توقۇلما ھەميانىنى مەن تا ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.

— بۇ موررېل ئەپەندى ھازىر ھاياتمۇ؟ — دەپ سورىدى ھەزرەت.

— ھايات، — دېدى كادرۇس.

— ئۇنداق بولسا، تەڭرى ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزگەندۇر، ئۇ ھېلىمۇ شۇنداق بايمۇ، بەختلىكمۇ؟

كادرۇس ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ماڭا ئوخشاش بەختلىك، — دېدى ئۇ.

— نېمە، موررېل ئەپەندىنىڭ ھال — ئەھۋالى ناچارمۇ؟ دەپ خىتاب قىلدى ھەزرەت.

— ئۇ، يوقسۇللۇقنىڭ گىردابىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ھەزرەتلىرى. بولۇپمۇ ئەڭ يامىنى شۇكى، ئۇ ھاقارەتلىك تەقدىرگە قېلىش خەۋپى ئاستىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟



— گەپ شۇنىڭدىكى، — دېدى كادرۇس، — موررېل ئەپەندى 25 يىللىق ئەمگەك نەتىجىسىدە، مارسېل سودىگەرلىرى ئىچىدە ئەڭ ئىناۋەتلىك ئورۇنغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئەمدى ھازىر تامامەن ۋەيران بولدى. ئىككى يىل ئىچىدە ئۇ بەش كېمىسىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئۈچ قېتىم قەرزىنى تۆلىيەلمەس ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ پۈتۈن ئۈمىدى ھېلىقى، بۇرۇن بىچارە دانتېس قوماندانلىق قىلغان «فىرئاۋن» ناملىق كېمىگە باغلىنىپ قالدى. بۇ كېمە پات ئارىدا ھىندىستاندىن يۈك بېسىپ كېلىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ كېمىمۇ باشقا كېمىلەرگە ئوخشاش دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتسە، موررېل ئەپەندىنىڭ تۈگەشكىنى شۇ.

— بۇ بىچارىنىڭ خوتۇن، بالا-چاقىسى بارمۇ؟

— ھەئە. ئۇنىڭ، ھەممە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كېلىۋاتقان ئالتۇندەك خوتۇنى بار: ئۇنىڭ، ئۆزى سۆيگەن بىر يىگىتكە ياتلىق بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىر قىزى بار، لېكىن يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى ئەمدى ئۇنىڭ بۇ نامراتلاشقان قىزغا ئۆيلىنىشىگە ئۇنىمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئوفىتسېر ئوغلى بار. ئەمما، ئۆزىڭىزگە چۈشىنىشلىك، بۇلارنىڭ ھەممىسى تەلەيسىز ئاتىنىڭ دىلىغا ئارام بەرمەستىن، ئەكسىچە ئۇنىڭ غېمىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ يالغۇز بىر جان بولغان بولسا، ئۆزىنىڭ چېكىسىگە بىر پاي ئوق ئاتاتتى-دە، ئىشى تامام بولاتتى.

— يائاللا! — دەپ پىچىرلىدى ھەزرەت.

— مانا، تەڭرى ئىگەم ياخشى ئادەملەرنى قانداق تەقدىرلەيدىغانلىقىنى كۆردىڭىزمۇ، ھەزرىتىم، — دېدى كادرۇس، — مېنىڭ ھالىمغا قاراپ بېقىڭا. ھېلى سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بويىنۇمغا ئالغان شۇ بىر ئىشتىن باشقا ھېچقانداق يامان ئىش قىلغىنىم يوق. شۇنداق تۇرۇپ گادايلىق ھالىغا

چۈشۈپ قالدىم. مەن، بىچارە خوتۇنۇمنىڭ بەزگەكتىن ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق ياردەم قىلالمايمەن. مەن ئۆزۈممۇ ئاخىرى بىر كۈنى خۇددى دانتېس بوۋايدەك ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىمەن. لېكىن، فېرنان بىلەن دانگلار ئالتۇنغا كۆمۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ.

— قانداقلارچە؟

— چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئامىتى كەلدى. بىراق، ۋىجدانلىق ئادەملەرنىڭ ھېچقاچان ئامىتى كەلمەيدۇ.

— شۇنداق قىلىپ، باش جىنايەتچى بولغان دانگلارنىڭ ئىشى قانداق بولدى؟ قوتراتقۇلۇق قىلغان شۇغۇ، شۇنداقمۇ؟

— ئۇنىڭ ئىشى قانداق بولدى دەمسىز؟ ئۇ، مارسېلدىن كۆچۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ جىنايىتىنى بىلمىگەن موررېل ئەپەندىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىر ئىسپانىيىلىك بانكىرغا خىزمەتچى بولۇپ ياللاندى. ئىسپانىيە ئۇرۇشى دەۋرىدە ئۇ فرانسىيە ئارمىيىسىنىڭ تەمىنات ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىپ كەتتى. كېيىن ئۇ، مالىيە ئورۇنلىرىدا خىزمەت قىلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ بايلىقىنى ئۈچ ھەسسە كۆپەيتىۋالدى. ئۇ، بۇرۇن ئۆزىنىڭ باشلىقىنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، كېيىن ئۇ ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ھازىرقى پادىشاھنىڭ شەخسىي ۋەزىرى، پادىشاھنىڭ يۈكسەك شاپائىتىگە سازاۋەر بولغان سېرۋيو جانابلىرىنىڭ قىزى، تۇل قالغان نارگون خانىمغا ئۆيلەندى. ئۇ مىلليونېر بولدى، ئۇنىڭغا بارونلۇق ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇ ھازىر بارون دانگلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ، مونبىلان كوچىسىدا قورۇ - جايى بار، ئاتخانىسىدا ئون ئات باغلاقلىق، خەۋەرلىشىش ئۆيىدە ئالتە مالاي ئولتۇرىدۇ، ساندۇقلىرىدا قانچە مىلليونلار ساقلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ.



— شۇنداق دەڭ! — دەپ قويدى ھەيرەت ئەلەمدە بىر خىل ئاھاڭدا. — شۇنداق قىلىپ، ئۇ بەختلىك ئىكەن - دە؟

— بەختلىك؟ كىم بىلسۇن. بەختلىكمۇ ياكى بەختسىزمۇ، بۇنى پەقەت تاملار بىلىدۇ؛ تاملارنىڭ قۇلىقى بار، ئەمما تىلى يوق. ئەگەر بەخت بايلىقتا بولسا، دانگلار بەختلىك.

— فېرنانچۇ؟

— ۋاھ، فېرناننىڭ ئامىتى ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

— ھېچقانداق سەرمايىسى، بىلىم - سەۋىيىسى بولمىغان بىر كەمبەغەل كاتالانلىق بېلىقچى قانداق قىلىپ باي بولۇپ كېتىشى ۋە جەمئىيەتتە ئورۇن تۇتۇشى مۇمكىن بولسۇن؟ راستىنى ئېيتسام، مەن بۇنىڭغا ھەيران بولۇۋاتىمەن.

— بۇنىڭغا ھەممە ئادەم ھەيران بولىدۇ. ئېھتىمال، ئۇنىڭ ھاياتىدا ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر سىر بولسا كېرەك.

— شۇنداقتىمۇ، ئۇ قانداق ئاشكارا يوللار بىلەن چوڭ بايلىق ياكى چوڭ مەنسەپكە ئېرىشتى؟

— ئۇ ھەر ئىككىسىگىلا ئېرىشتى، ھەزرىتىم. چوڭ بايلىقمۇ، ئالىي مەنسەپكىمۇ ئېرىشتى.

— پەقەت چۆچەكلەردىلا شۇنداق بولىدۇ.

— توغرا، بۇ چۆچەككە ئوخشاپ كېتىدۇ. لېكىن، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بېقىڭ، ھەممىنى ئۆزىڭىز چۈشىنىۋالىسىز. ئىمپېراتورنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى فېرنان ئارقا سەپتىكى ئەسكەرلىككە ئېلىنغانىدى. بۇربونلار ئۇنى بۇ ئورنىدىن يۆتكىمىدى. ناپالېئون قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەربىي سەپنى تولۇقلاش توغرىسىدا پەۋقۇلئاددە بۇيرۇق ئېلان قىلىندى ۋە فېرنان ئارمىيىگە سەپەرۋەر قىلىندى. شۇ چاغدا مەنمۇ ئارمىيىگە قاتناشقانىدىم. لېكىن، مەن فېرنانغا قارىغاندا چوڭراق بولغانلىقىم ۋە تېخى يېڭىلا

بۇ بەختسىز خوتۇنۇمغا ئۆيلەنگەنلىكىم ئۈچۈن قىرغاق مۇداپىئەسىگە قالدۇرۇلدۇم. فېرنان بولسا، ھەرىكەتتىكى ئارمىيىگە تەقسىملىنىپ، چېگرىغا كەتتى ۋە لىنىيە ئەترىتىدىكى جەڭگە قاتناشتى. جەڭ ئاياغلاشقان كېچىسى ئۇ بىر گېنېرالنىڭ شەخسىي مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ تۇرغانىدى. بۇ گېنېرالنىڭ ئەسلىدە دۈشمەن بىلەن مەخپىي ئالاقىسى بار ئىكەن. شۇ كېچىسى گېنېرال ئىنگلىزلار تەرىپىگە قېچىپ ئۆتمەكچىكەن. ئۇ، فېرنانغا ئۆزى بىلەن كېتىش ھەققىدە گەپ ئاچقان. فېرنان رازى بولغان ۋە گېنېرالغا ئەگىشىپ كېتىپ قالغان. ئەگەر ناپالېئون ئۆز تەختىدە قالغان بولسا، فېرنان بۇ قىلمىشى ئۈچۈن ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇلغان بولاتتى. لېكىن، بۇربونلار دەۋرىدە ئۇ تەقدىرلەشكە ئېرىشتى. ئۇ، فىرانسىيىگە پودپورۇچىكلىق ئۇنۋانى بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ باشلىقى بولغان ھېلىقى گېنېرال پادىشاھنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ قالغاچقا، فېرنان ئۇنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا 1823 - يىلىدىكى ئىسپانىيە ئۇرۇشىدا كاپىتانلىق ئۇنۋانىغا كۆتۈرۈلدى. فېرناننىڭ مىللىتى ئىسپان بولغاچقا، ئۇ ئىسپانىيىدىكى جامائەت پىكرىنى ئېنىقلاپ كۆرۈش ئۈچۈن مادرىدقا ئەۋەتىلدى. ئۇ يەردە ئۇ دانگلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈردى. ئۇ، پايتەخت ۋە ئۆلكىلەردىكى پادىشاھ تەرەپدارلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاندىن، ئۆز گېنېرالىنىڭ كېپىللىكى بىلەن ئۆز ئۈستىگە بەزى مەجبۇرىيەتلەرنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ پولكىنى پەقەت ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان پادىشاھ تەرەپدارلىرى قوغداۋاتقان يوللار بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ قىسقىغىنا بىر مەزگىلدە شۇنداق خىزمەت كۆرسەتتىكى، تىروكادېرو ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇنۋانى پولكوۋنىك دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلدى ۋە «شەرەپلىك قوشۇن» ئوفىت-



سېرلىق كىرىستى بىلەن مۇكاپاتلىنىپ، گرافلىق① نامىغا ئىگە بولدى.

— ئاھ تەقدىر، تەقدىر! — دەپ پىچىرلىدى ھەزرەت.

— شۇنداق، يەنە قۇلاق سېلىڭ، گەپ تېخى تۈگىمىدى. ئىسپانىيە ئۇرۇشى ئاياغلاشتى. ياۋروپا ۋەزىيىتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىققا قاراپ راۋاجلانغانلىقى فېرناننىڭ مەنسەپ يولىغا توسالغۇ پەيدا قىلىشى مۇمكىن ئىدى. يالغۇز بىر گرېتسىيىلا تۈركىيىگە قارشى كۆتۈرۈلدى ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئۇرۇش باشلىدى. كۆپچىلىكنىڭ دىققەت - ئېتىبارى ئافىناغا قارىتىلدى. ئۇ چاغلاردا گرېكلارنى قوللاش ئادەتكە ئايلانغانىدى. فىرانسىيە ھۆكۈمىتى گرېكلارغا ئاشكارا ياردەم كۆرسەتمىسىمۇ، شەخسىي پىدائىيلارنىڭ ياردەم بېرىشىگە يول قوياتتى. فېرنان ئارمىيىدىن چېكىنمىگەن ھالدا گرېتسىيىگە بېرىشقا رۇخسەت ئالدى. بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن گراف مورسېر (فېرنان شۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى) نىڭ مەسلىھەتچى گېنېرال مەنسىپى بىلەن ئەلى پاشانىڭ ئارمىيىسىگە خىزمەتكە كىرگەنلىك خەۋىرى كەلدى. ئۆزىڭىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، كېيىن ئەلى پاشا قۇربان بولدى. ئۇ، ئۆلۈش ئالدىدا فېرنانغا چوڭ بايلىق ئىنئام قىلغانىكەن. فېرنان فىرانسىيىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا گېنېرال لېيتېنانتلىق ئۇنۋانى بېرىلدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھازىر؟... — دەپ سورىدى ھەزرەت.

— ھازىر ئۇ پارىژنىڭ ئېلدېر كوچىسىدىكى 27 - نومۇرلۇق ھەشەمەتلىك ھويلىسىدا تۇرىدۇ.

① گراف — فېئوداللىق بەش دەرىجىلىك پەخرى ئۇنۋانىنىڭ ئۈچىنچىسى.

ھەزرەت يەنە بىر نىمە دىمەكچىدى. لېكىن ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىرى، ئۇ ئۆزىگە زور بېرىپ سورىدى:

— مىرسىدىسچۇ؟ مەن ئۇنى دىرەكسىز يوقاپ كەتتى دەپ ئاڭلىدىم، شۇنداقمۇ؟

— يوقاپ كېتىپتۇمىش! — دىدى كادرۇس، — ھەئە، خۇددى قۇياشقا ئوخشاش يوقاپ كەتتى. قۇياش كەچتە يوقاپ كەتسە، ئەتىسى يەنىمۇ نۇرلۇق بولۇپ چىقىدۇ.

— بۇ گەپچە، ئۇنىڭمۇ بەختى كۈلگەن ئوخشىمامدۇ؟ — ھەزرەت تەنە ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ سورىدى.

— مىرسىدىس پارىژ جامائەتچىلىكىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان خانىملارنىڭ بىرى، — دىدى كادرۇس.

— داۋاملاشتۇرۇڭ، — دىدى ھەزرەت، — مەن خۇددى سىز ئۆزىڭىزنىڭ كۆرگەن چۈشىڭىزنى سۆزلەۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. مەن ئۆزۈممۇ ئاجايىپ ئىشلارنى كۆپ كۆرگەن. شۇڭا، سىزنىڭ بۇ ھېكايىڭىز مىنى ئانچە ھەيرەتتە قالدۇرالمايدۇ.

— مىرسىدىس تۇيۇقسىز ئېدموندىن ئايرىلغاندىن كېيىن قاتتىق ھەسرەتتە قالدى. ئۇنىڭ ۋىلفور ئەپەندىگە قانداق يېلىنغانلىقىنى ۋە دانتېس بوۋايغا قانداق غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى سىزگە سۆزلەپ بەرگەنىدىم. ئۇنىڭ ھەسرىتى فېرناننىڭ ھەربىي سەپكە كېتىشى بىلەن تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ، فېرناننىڭ جىنايى قىلمىشىنى بىلمەيتتى ۋە ئۇنى ئۆز ئاكىسىدەك كۆرۈپ ياخشى كۆرەتتى. فېرنان كەتتى، مىرسىدىس يالغۇز قالدى. ئۇ ئۈچ ئايغىچە يىغلاپ ئۆتتى. يا ئېدموندىن، يا فېرناندىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە، مارسېلدىن كاتالانغا كېلىدىغان ئىككى يولنىڭ ئاچىلىدا كۈن بويى يالغۇز ئولتۇرغاندىن كېيىن، كەچقۇرۇن لۇقى يەنىمۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. بۇ



يوللارنىڭ ھېچقايسىسىدىن يا ئۇنىڭ سۆيگىنى، يا دوستى قايتىپ كەلمىدى. ئۇ، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ ئۇچۇرىنى ئالالمىدى. توساتتىن ئۇنىڭغا تونۇش بولۇپ كەتكەن قەدەم تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى. ئۇ ھاياجان ئىچىدە ئارقىغا بۇرۇلدى. ئىشىك ئېچىلدى ۋە ئۇ پودپورۇچىكلىق ھەربىي كىيىمىنى كىيگەن فېرناننىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ گەرچە فېرناننى سېغىنىپ يىغلىمىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھاياتىي كۈچىنىڭ بىر قىسمى ئەسلىگە كېلىۋاتقاندەك بىر ھېسسىياتقا كەلدى. مىرسىدىس فېرناننىڭ قولىنى شۇنداق خۇشاللىق بىلەن قىسىپ كۆرۈشتىكى، ئۇ بۇنى مۇھەببەت دەپ خاتا چۈشىنىپ قالدى. لېكىن بۇ پەقەت، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا تېخى يالغۇز قالمىغانلىق تۇيغۇسىدىن ۋە ئۇزۇندىن بېرى تەنھالىقتا ئۆتۈپ، ئاخىرى ئۆز دوستىنى كۆرگەنلىكىدىنلا كېلىپ چىققان خۇشاللىق ئىدى. يەنە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش لازىمكى، ئۇ فېرناننى ھېچقاچانمۇ يامان كۆرمىگەن. ئۇنىڭ فېرنانغا قارىتا مۇھەببەت تۇيغۇسى يوق ئىدى، خالاس. مىرسىدىسنىڭ قەلبى باشقا كىشىگە بېرىلگەنىدى. بۇ باشقا كىشى يىراقتا... غايىپ بولدى... بەلكىم قازا تاپقاندۇر. ئۇ مۇشۇنداق خىيالغا كەلگەندە ئۆزىنى باسالماستىن ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتەتتى ۋە مىسلىسىز قايغۇ ئىچىدە قوللىرىنى قايرىپ سۇندۇرۇۋەتكۈدەك قىلاتتى. ئۇ بۇرۇن كۆڭلىگە كەلتۈرمەسلىككە تىرىشقان بۇ خىيال ئەمدى ئۆزلۈكىدىن ئۇنىڭ مېڭىسىگە كىرىپ قالىدىغان بولدى. دانتېس بوۋايمۇ دائىم ئۇنىڭغا: «بىزنىڭ ئېدموندىمىز ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ھايات بولسا بىزنىڭ يېنىمىزغا قايتىپ كېلەر ئىدى»، دەيدىغان بولۇپ قالدى. مەن سىزگە ئېيتقىنىمدەك، بوۋاي ئۆلۈپ كەتتى. ئەگەر ئۇ ئۆلمىگەن بولسا، مىرسىدىس ئېھتىمال ھەرگىزمۇ باشقا ئادەمگە تەگمىگەن بولار ئىدى، چۈنكى بوۋاي ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى ئەيىبلىگەن

بولاتتى. فېرنانمۇ بۇنى چۈشىنەتتى. بوۋاينىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، فېرنان يەنە قايتىپ كەلدى. ئۇ، بۇ قېتىمدا پورۇچىكلىق ئۇنۋانى بىلەن كەلدى. ئۇ، دەسلەپكى كېلىشىدە مېرسېدېسقا مۇھەببەت ھەققىدە سۆز ئاچمىغانىدى. ئىككىنچى قېتىملىق كېلىشىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئەسلىتىپ قويدى. مېرسېدېس، ئېدموننى يەنە كۈتۈپ بېقىش ۋە ئۇنىڭ قارىلىقىنى تۇتۇش ئۈچۈن يېرىم يىللىق مۇددەت سورىدى.

— توغرا، — دېدى ھەزرەت ئەلەملىك تەبەسسۇم بىلەن، — بۇ، تولۇق بىر يېرىم يىلنى تەشكىل قىلىدۇ ئەمەسمۇ! ھەر قانچە قىزغىن مۇھەببەتلىك ئادەمدىنمۇ بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقنى تەلەپ قىلىشقا بولامدۇ؟ — ۋە ئۇ پەس ئاۋازدا ئىنگلىز شائىرىنىڭ بىر مىسرا سۆزىنى قوشۇپ قويدى: «بىۋاپالىق، سېنىڭ ئىسمىڭ ئايال دېمەكتۇر».

— يېرىم يىلدىن كېيىن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى كادرۇس، — ئۇلار ئاككۇل چېركاۋىدا نىكاھلاندى.

— ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئېدمون بىلەن ئاشۇ چېركاۋدا نىكاھلانماقچىدى، — دەپ پىچىرلىدى ھەزرەت، — ئۇ پەقەت ئېرىنى ئالماشتۇرۇۋالدى، خالاس.

— شۇنداق قىلىپ، مېرسېدېس ئەرگە تەگدى، — دېدى يەنە كادرۇس، — ئۇنىڭ سىرتقى قىياپىتى خاتىرجەمدەك كۆرۈنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن بىر يېرىم يىل ئىلگىرى ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن نىكاھ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگەن «رېزېرۋ» مەيخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى. فېرنان ئۆزىنىڭ بەختىنى تاپتى، ئەمما دىل ئارامىنى تاپالمىدى. مەن شۇ كۈنلەردە ئۇنى كۆرگەنىدىم. ئۇ ھەمىشە ئېدموننىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئايالىنى ئېلىپ



يىراقراق بىر جايغا كېتىپ پانا تېپىشقا ئالدىرايتتى. كاتالاندا كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەر كۆپ بولۇپ، بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇش تولىمۇ خەتەرلىك ئىدى. توي قىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇلار كۆچۈپ كەتتى.

— شۇندىن كېيىن سىز مېرسېدېسنى يەنە كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ھەزرەت.

— ھەئە. مەن ئۇنى ئىسپانىيە ئۇرۇشى دەۋرىدە پېرپىنياندا كۆرگەنىدىم. ئۇنى فېرنان شۇ يەردە قالدۇرۇپ كەتكەنىكەن. مېرسېدېس ئۇ يەردە ئوغلىغا تەلىم بېرىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانىكەن.

ھەزرەت شۈركۈنۈپ كەتتى.

— ئوغلىغا؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەئە، — دېدى كادرۇس، — ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى ئالبېر.

— ئۇ ئوغلىنى ئوقۇتقان بولسا، — دېدى ھەزرەت، — دېمەك، ئۆزىمۇ ئوقۇغانىكەن-دە؟ يادىمدا قېلىشىچە، ئېدمون ماڭا، بۇ بىر ئاددىي بېلىقچىنىڭ قىزى بولۇپ، ئۆزى گۈزەل، ئەمما ساۋاتسىز دېگەنىدىغۇ.

— ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيگىنىنى شۇنچىلىكمۇ چۈشەنمىگەن بولغىيمىدى؟ — دېدى كادرۇس، — ئەگەر خانلىق تاجى ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ ئەقىللىق ئادەملەرنىڭلا بېشىغا كىيىلىدىغان بولسا، مېرسېدېس بىر پادىشاھ بولۇپ كېتەر ئىدى. تەقدىر ئىرادە ئۇنىڭ ئورنىنى بۈيۈك قىلدى. ئۇ ئۆزىمۇ بارغانسېرى يۇقىرىغا ئۆرلىدى. ئۇ رەسساملىقنى ئۆگەندى، ھەممىنى ئۆگىنىپ چىقتى. مېنىڭچە، ئۇ ئۆزىنىڭ خىياللىرىنى قاچۇرۇش ۋە ئويلىماسلىق ئۈچۈنلا ئاشۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ قەلبىگە تولۇپ كەتكەن ھەسرەتنىڭ ساداسىنى

ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئۆز مېڭىسىنى بەنت قىلاتتى. لېكىن، ھازىر ئەمدى ئۇنداق بولماسلىقى مۇمكىن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى كادرۇس، — بايلىق ۋە ئاتاق - ئابروي ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەرگەندۇر. ئۇ ھازىر دۆلەتمەن، ئابرويلۇق، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ...

كادرۇس توختاپ قالدى.

— نېمە؟ — دەپ سورىدى ھەزرەت.

— شۇنداق بولسىمۇ چوقۇم ئېيتىمەنكى، ئۇ ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلمايدۇ، — دېدى كادرۇس.

— نېمە ئۈچۈن بۇنداق دەپ ئويلايسىز؟

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى. مەن يوقسۇللۇق ھالىغا چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى دوستلار بىرئاز ياردەم قىلماسمۇ دېگەن ئويغا كەلدىم. مەن دانگلارنىڭ ئالدىغا باردىم، بىراق ئۇ ھەتتا مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنىمۇ رەت قىلدى. ئاندىن، فېرناننىڭ ئۆيىگە باردىم. ئۇ ماڭا مالىيىدىن يۈز فرانك پۇلنى چىقارتىپ بەردى.

— دېمەك، ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى بىلەن كۆرۈشەلمەپسىز - دە؟

— ياق. لېكىن مورسېر خانىم مېنى كۆرۈپتۇ.

— قانداق قىلىپ؟

— مەن قايتىپ چىققۋاتقاندا ئالدىمغا بىر ھەميان تاشلاندى. ئۇنىڭ ئىچىدە 25 لۇيىدور پۇل بار ئىدى. مەن دەرھال بېشىمنى كۆتۈرۈپ مېرسېدېسنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن دېرىزىنى يېپىۋالدى.

— ۋىلفور ئەپەندىچۇ؟ — دەپ سورىدى ھەزرەت.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇلپەت بولغان ئەمەس، ئۇنى تونۇمايتتىم. شۇڭا، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ بارمىدىم.



— سىز ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ۋە ئېدمونىنىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەتچىلىكتە ئۇنىڭ قانداق ھەسسىسى بولغانلىقىنى بىلمەمسىز؟

— ياق، مېنىڭ بىلىدىغىنىم: ئۇ ئېدمونىنى قولغا ئېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەستىن، ماركىز سېن - مىرانىنىڭ قىزىغا ئۆيلەندى ۋە كۆپ ئۆتمەيلا مارسېلدىن كۆچۈپ كەتتى. بەلكىم ئۇنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش بەختى كۈلگەندۇر. بەلكىم ئۇمۇ دانگلاردەك باي، فېرناندەك مەنسەپدار بولۇپ كەتكەندۇر. پەقەت مەنلا مۇشۇنداق نامراتلىق ۋە خارلىقتا قالدىم. مېنى خۇدامۇ ئۇنتۇپ قالدى.

— خاتالىشىۋاتىسىز دوستۇم، — دېدى ھەزرەت، — خۇدانىڭ ھۆكمى كېچىكىپ قالغاندا، خۇدا بىزنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن، قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى ئۇ بىزنى يادىغا ئالىدۇ. مانا بۇنىڭ ئىسپاتى.

شۇ گەپلەر بىلەن ھەزرەت يانچۇقىدىن ئالماسنى چىقاردى ۋە ئۇنى كادرۇسقا ئۇزاتتى.

— مانا، دوستۇم، — دېدى ئۇ، — بۇ ئالماسنى تاپشۇرۇۋېلىڭ. بۇ سىزگە تېگىشلىك.

— نېمە! مېنىڭ ئۆزۈمگىلىمۇ؟ — دېدى كادرۇس قاتتىق ھاياجان ئىچىدە، — بۇ قانداق گەپ، ھەزرىتىم! مېنى مەسخىرە قىلىۋاتامسىز؟

— بۇ ئالماسنى ئەسلىدە ئېدمونىنىڭ دوستلىرىغا تەقسىملەپ بېرىش لازىم ئىدى. لېكىن، ئېدمونىنىڭ بىرلا دوستى بار ئىكەن. دېمەك، تەقسىمات ھەققىدە سۆز ئېچىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئالماسنى سىز ئېلىڭ. بايا ئېيتقىنىمدەك، بۇنىڭ باھاسى 50 مىڭ فرانكقا توختايدۇ. بۇ پۇللار سىزنى يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالار.

— ھەزرەتلىرى، — دېدى كادرۇس بىر قولىنى جۆرئەتسىزلىك بىلەن ئالدىغا سوزۇپ. ئۇ، يەنە بىر قولى بىلەن مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تەرنى سۈرتۈپ تۇراتتى، — ھەزرەتلىرى. ئادەمنىڭ بەختى ۋە بەختسىزلىكى بىلەن ئويناشمىسىلا!

— مەن بەختسىزمۇ. بەختسىزلىكىمنى ئوبدان چۈشىنىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق تۇيغۇلار بىلەن ھەرگىزمۇ ئويناشمايمەن. ھە، قېنى ئېلىڭ، لېكىن بۇنىڭ ھەققىدە...

ئالماسنى ئەمدىلا ئالاي دەپ تۇرغان كادرۇس دەرھال قولىنى تارتىۋالدى. ھەزرەت كۈلۈپ قويدى.

— بۇنىڭ ھەققىدە، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ھەزرەت، — مورىرېل ئەپەندى دانتېس بوۋاينىڭ ئۆيىدىكى مەشىنىڭ ئۈستىدە قالدۇرۇپ كەتكەن ھېلىقى ھەميانىنى ماڭا بېرىڭ. سىز ئۇ ھەميانىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن دېگەنىدىڭىزغۇ.

كادرۇس بارغانسېرى ھەيران بولغان ھالدا دۇب ياغىچىدىن ياسالغان يوغان جاۋىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى ئاچتى ۋە ئۆڭۈپ كەتكەن قىزىل تاۋاردىن تىكىلگەن ھەمدە ئۆز زامانىسىدا ھەل بېرىلگەن ئىككى دانە مىس ھالقا بىلەن ئېتىلگەن سوزۇنچاق ھەميانىنى ئېلىپ ھەزرەتكە بەردى. ھەزرەت ھەميانىنى ئېلىپ، كادرۇسقا ئالماسنى بەردى.

— سىز ھەققەتەن بىر ئەۋلىيادەك ئادەم ئىكەنسىز، ھەزرىتىم! — دەپ خىتاب قىلدى كادرۇس، — ئېدمون سىزگە بۇ ئالماسنى بەرگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتىغۇ، بۇنى سىز ئۆزىڭىز ئېلىپ قالسىڭىزمۇ بولىۋېرەتتى.

«ھە! — دەپ ئويلىدى ھەزرەت، — مېنىڭ ئورنۇمدا سەن بولساڭ شۇنداق قىلار ئىكەنسەن - دە!»



ھەزرەت ئورنىدىن تۇرۇپ، شلەپىسى بىلەن پەلەيلىرىنى ئالدى.

— ماڭا قاراڭ! — دېدى ئۇ، — ماڭا سۆزلەپ بەرگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى راست گەپمۇ؟ سىزنىڭ ئېيتقانلىرىڭىزغا تولۇق ئىشەنسەم بولامدۇ؟

— مانا، ھەزرەتلىرى، — دېدى كادرۇس، — مۇنۇ بۇلۇڭدا مۇقەددەس كرېست ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. ئەنە ئاۋۇ جاۋىنىڭ ئىچىدە خوتۇنۇمنىڭ ئىنجىلى بار. شۇ كىتابنى ئاچسىلا، مەن شۇ كىتابنى تىلغا ئېلىپ، جېنىم بىلەن، ياراتقان ئىگەمگە بولغان ئېتىقادىم بىلەن قەسەم ئىچىپ بېرىمەن. ئېيتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى توغرا. قىيامەتتىكى سوراق كۈنى پوتوكچى پەرىشتەمۇ جانابىي تەڭرىنىڭ قۇلىقىغا دەل مۇشۇ گەپلەرنى پىچىرلاپ سۆزلەپ بېرىدۇ.

— ياخشى، — دېدى ھەزرەت. كادرۇسنىڭ ئاۋازىدىن چىقىپ تۇرغان سەممىيلىكىگە قاراپ، ئۇ، بۇ گەپلەرنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلدى، — ياخشى. بۇ پۇلنىڭ سىزگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشىنى تىلەيمەن. خەير - خوش! مەن، بۇ دۇنيادا بىر - بىرىگە شۇنچە يامانلىقلارنى قىلىدىغان ئىنسانلاردىن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىپ، يەنە بۇرۇنقى پىنھانلىقىمغا قايتىمەن.

ھەزرەت، كادرۇسنىڭ ھەددى - ھېسابسىز ھەشقاللا - تەشەككۈرلىرىدىن تەسلىكتە قۇتۇلۇپ، ئىشىكنى ئۆزى ئېچىپ تاشقىرىغا چىقتى ۋە ئېتىغا مىنىپ، كەينى - كەينىدىن ئاق يول تىلەپ سۆزلەپ كېتىۋاتقان مەيپۇرۇشقا يەنە بىر قېتىم ئېگىلىپ تازىم قىلدى - دە، ئۆزى كەلگەن يول بىلەن ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى. كادرۇس كەينىگە بۇرۇلغاندا، ئادەتتىن

تاشقىرى تاتىرىپ كەتكەن ۋە دىر - دىر تىترەپ تۇرغان كاركونىتانى كۆردى.

— مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم راستمۇ؟ — دېدى ئايال.

— نېمە؟ ئالماسنى يالغۇز بىزگىلا بەرگەنلىكىنى دەمسەن؟ — دېدى كادرۇس خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا.

— ھەئە.

— چىن ھەقىقەت، ئالماس مېنىڭ قولۇمدا.

خوتۇنى ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى - دە، بوغۇق ئاۋازدا شۇنداق دېدى:

— ئەگەر بۇ ساختا ئالماس بولۇپ قالسىچۇ؟

كادرۇس تامدەك تاتىرىپ، سەنتۇرۇلۇپ كەتتى.

ساختا! — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — ساختا... ئۇ نېمە ئۈچۈن ماڭا ساختا ئالماسنى بېرىپ يۈرەر؟

سىرىڭنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن - دە، ئەخمەق!

كادرۇس مۇنداق پەرەزنىڭ زەربىسىدىن تۇرغان جايىدا قېتىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن شلەپىسىنى ئالدى ۋە بېشىغا يۆگەلگەن قىزىل ياغلىقنىڭ ئۈستىدىن باستۇرۇپ كىيىۋالدى.

— مەن بۇنى ھازىرلا ئېنىقلايمەن، — دېدى ئۇ.

— قانداق قىلىپ؟

— ھازىر بوكېردا يەرمەنكە بولۇۋاتىدۇ. ئۇ يەردە پارىژدىن كەلگەن زەرگەرلەر بار. مەن بېرىپ شۇلارغا ئالماسنى كۆرسىتىمەن. سەن، خوتۇن، ئۆيگە قاراپ تۇرغىن، مەن ئىككى سائەتتىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن.

شۇنىڭ بىلەن، كادرۇس يۈگۈرگەن پېتىچە يولغا چىقتى



ۋە ئاتونۇش كىشى ماڭغان يولنىڭ قارشى تەرىپىگە قاراپ يول ئالدى.

— 50 مىڭ فرانك! — دەپ غودۇڭشۇپ قويدى كاركونتا، ئۆزى يالغۇز قالغاندىن كېيىن، — بۇ، نۇرغۇن پۇل، لېكىن... باي بولغانلىق ھېسابلانمايدۇ.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

## تۈرمە خاتىرىلىرى

بىلگارد بىلەن بوكېرنىڭ ئارىلىقىدىكى مەيخانىدا بىز بايان قىلىپ ئۆتكەن سۆھبەت بولغاننىڭ ئەتىسى، ئوچىسىغا رەڭگىر رەڭلىك كالتا چاپان، سېرىق رەڭلىك يىپ رەختتىن تىكىلگەن شىم ۋە ئاق كۆڭلەك كىيگەن، ئۆزىنى تۇتۇشى ۋە تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا جىق ئىنگلىزلىكى مانامەن دەپ تۇرغان 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى مارسېل شەھىرىنىڭ ۋالىيسىغا يولۇقتى.

— مۆھتەرەم ئەپەندى، — دېدى ئۇ، — مەن رىمدىكى تومسون ۋە فىرىنچ بانكا مەھكىمىسىنىڭ باش ۋەكىلى بولىمەن. بىز ئون يىلدىن بۇيان مارسېلدىكى «موررېل ۋە ئۇنىڭ ئوغلى» ناملىق سودا شىركىتى بىلەن ئالاقىدا بولۇپ كېلىۋاتىمىز. بىز بۇ شىركەتكە 100 مىڭ فرانكقا يېقىن پاي قوشقانىدۇق. ھالبۇكى، بىز بۇ شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋەيرانلىققا يۈزلەنگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ مالاللىق ھېس قىلماقتىمىز. شۇ سەۋەبتىن مەن مەخسۇس سىزدىن بۇ سودا شىركىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ بېقىش ئۈچۈن رىمدىن كەلدىم.

— مۆھتەرەم ئەپەندى، — دەپ جاۋاب بەردى ۋالىي، — ھەقىقەتەن، ماڭا مەلۇمكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان موررېل ئەپەندىنى گويا بىر بەختسىزلىك قوغلىشىپ كېلىۋاتقاندەك: ئۇنىڭ تۆت - بەش كېمىسى كەينى - كەينىدىن ھالاكەتكە دۇچار بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن كۆپ زىيان تارتتى. گەرچە ئۇ شەخسەن پېقىرغىمۇ 10 مىڭ فرانكچە قەرزدار بولسىمۇ، سىزگە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ھەققىدە بىرەر مەلۇمات بېرىشىنى مۇۋاپىق كۆرمەيمەن. ئەگەر سىز مېنىڭ ۋالىي بولغانلىق سۈپىتىمگە مۇراجىئەت قىلىپ، موررېل ئەپەندىگە بولغان مېنىڭ پىكرىمنى بىلمەكچى بولسىڭىز، سىزگە شۇنداق جاۋاب بېرىمەنكى، بۇ ئادەم ھازىرغا قەدەر ئۆزىنىڭ بارلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ھالاللىق بىلەن ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان ئەڭ ئادىل شەخس. مېنىڭ سىزگە ئېيتالايدىغانلىرىم مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت. ئەگەر بۇنىڭغا قانائەت ھاسىل قىلمىسىڭىز، نوئايىل كوچىسىدىكى 15 - نومۇرلۇق ئۆيدە ئولتۇرۇشلۇق تۆرمە ئىشلىرى نازىرى بوۋىل ئەپەندىگە مۇراجىئەت قىلىپ كۆرۈشىڭىز مۇمكىن. خاتالاشمىسام، بوۋىل ئەپەندى بۇ شىركەتكە 200 مىڭ فرانك پاي قوشقان. بۇ پۇلنىڭ سانى مېنىڭ قوشقان پۇلۇمغا قارىغاندا خېلىلا كۆپ بولغانلىقتىن، ئەگەر ھەقىقەتەن خاتىرجەمسىزلەنگۈدەك ئىش بولسا، بۇ ھەقتە بوۋىل ئەپەندى تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بېرىشى مۇمكىن.

ئىنگلىز، ۋالىينىڭ خۇش مۇئامىلىسىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ تازىم قىلدى ۋە تاشقىرىغا چىقىپ، بەئەينى ھەقىقىي بىرىتانلىقتەك قەدەم تاشلاپ، ئۆزىگە كۆرسىتىلگەن نوئايىل كوچىسىغا مېڭىپ كەتتى. بوۋىل ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا ئولتۇرغانىدى. ئىنگلىز ئۇنى كۆرۈپ گويا بۇ نازىر بىلەن كۆرۈشۈشى تۇنجى قېتىم بولمىغاندەك، ئەجەبلىنىش



ئىپادىسىنى يوشۇرالماي قالدى. لېكىن، بوۋىل ئەپەندىنى شۇنداق غەم باسقانىدىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئەقلىي قابىلىيەتلىرىنى چىرمىۋالغان بىرلا مەسىلىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بەنت ئىدى. ئىنگلىز ئۆزىنىڭ مىللىتىگە خاس بولغان تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۇنىڭغا، مارسېل ۋالىيسىغا قويغان ھېلىقى سوئالنى سۆزمۇسۆز دېگۈدەك تەكرارلاپ مۇراجىئەت قىلدى.

— ئاھ، تەقسىرا! — دەپ خىتاب قىلدى بوۋىل ئەپەندى، — ئەپسۇسكى، سىزنىڭ مالال بولغانلىقىڭىز تامامەن ئورۇنلۇق. مەن موررېل ئەپەندىگە 200 مىڭ فرانكنى پۇلۇمنى پاي قوشقانىدىم. بۇ 200 مىڭ فرانك مېنىڭ قىزىمنىڭ توپىغا ئاتاپ قويغان قىز پۇلى ئىدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تويى بولماقچى. بۇ 200 مىڭ فرانك ئۇ ماشۇ ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋە كېلەركى ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ تۆلىمەكچىدى. مەن موررېل ئەپەندىگە پۇللارنى جەزمەن بەلگىلەنگەن قەرەلدە تاپشۇرۇۋېلىشنى خالايدىغانلىقىمنى خەۋەر قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، كۆردىڭىزمۇ بۇ ئىشنى، ھېلى تېخى، يېرىم سائەتچە ئىلگىرى ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ كەتتى. ئۇ ماڭا، ئەگەر ئۇنىڭ «فىرئاۋن» ناملىق كېمىسى 15 - چېسلاغا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىسە، مېنىڭ پۇللىرىمنى قايتۇرۇپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— دېمەك، ئۇ قەرزنى قايتۇرۇش مۇددىتىنى ئارقىغا سۈرۈشتۈ - دە؟ — دېدى ئىنگلىز.

— ئۇنداق دېگۈچە، قەرزنى تۆلىيەلمەيدىغان بوپتۇ دېسىڭىز بولمامدۇ! — دەپ خىتاب قىلدى بوۋىل ئەپەندى، ھەممىنى چاڭقاللاپ تۇتۇۋېلىپ.

ئىنگلىز بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى ۋە شۇنداق دېدى:

— كېيىنكىسىگە قارىغاندا، سىز ئۇ پۇللىرىڭىزنى قايتۇرۇۋالالىشىڭىزدىن گۇمانلىنىدىكەنسىز ـ دە؟

— گۇمانلىنىش ئەمەس، پۈتۈنلەي ئۈمىدىمنى ئۈزۈۋەتتىم.

— ئۇ پۇللىرىڭىزنى سىزگە مەن تۆلىۋېتىمەن.

— سىز؟

— شۇنداق، مەن.

— ئېھتىمال، ئۆز نەرقىدىن خېلىلا تۆۋەنلىتىپ تۆلىمەكچى بولسىڭىز كېرەك؟

— يوقسۇ، — دېدى ئىنگلىز كۈلۈپ قويۇپ، — بىزنىڭ بانكىمىز 200 مىڭ فرانكنى دەپ بۇنچىلىك ئىشلاردا سودىلىشىپ تۇرمايدۇ.

— ئەمىسە، سىز بۇ قەرزنى ...

— نەق پۇل بىلەن تۆلەيمەن.

ئىنگلىز شۇ گەپنى قىلىپ، بوۋېل ئەپەندى قولىدىن كەتكۈزۈپ قويۇشتىن قورقۇپ تۇرغان پۇلدىن تەخمىنەن ئىككى ھەسسە ئارتۇق بولغان بىر باغلام قەغەز پۇلنى يانچۇقىدىن چىقاردى.

بوۋېل ئەپەندىنىڭ خۇشاللىقتىن چىرايى ئېچىلىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، شۇنداق دېدى:

— مۆھتەرەم ئەپەندى، سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشۇم لازىمكى، ھەممە ئالامەتلەردىن قارىغاندا، سىز موررېل ئەپەندىدىن بۇ پۇلنىڭ ئالتە پىرسەنتىنمۇ قايتۇرۇۋالالمايسىز.

— ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق، — دېدى ئىنگلىز، — بۇ، مېنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتكەن تومسون ۋە فىرېنچ بانكا مەھكىمىسىنىڭ ئىشى. بانكا ئىگىلىرى رىقابەتلىشىۋاتقان شىركەتنىڭ گۇمران بولۇشىنى تېزلىتىشنى كۆزلىگەن بولۇشى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، سىز ماڭا تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتىنى يېزىپ



بەرسىڭىزلا بۇ پۇلنى سىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. لېكىن، سىزدىن بۇنىڭ قوشۇمچە ھەققىنى تەلەپ قىلماقچىمەن.

— ئەلۋەتتە! بۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق تەلەپ! — دەپ خىتاب قىلدى بوۋېل ئەپەندى! — پاينىڭ قوشۇمچە ھەققى ئادەتتە بىر يېرىم پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. سىز ئىككى پىرسەنت ئېلىشنى خالامسىز؟ ئۈچ پىرسەنتنىمۇ؟ بەشىنىمۇ؟ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقنى سورامسىز؟ قېنى، ئېيتىڭ!

— مۆھتەرەم ئەپەندى، — ئىنگلىز كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلدى، — مەن خۇددى ئۆزۈمنىڭ مەھكىمەمگە ئوخشاشلا بۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانمايمەن. مەن تامامەن باشقا تۈردىكى ھەق سورىماقچى.

— قېنى سۆزلەڭ، قۇلىقىم سىزدە.

— سىز تۈرمە ئىشلىرىنىڭ نازىرىغۇ، شۇنداقمۇ؟

— 15 يىلدىن بۇيان شۇ ۋەزىپىنى ئۆتەپ كېلىۋاتىمەن.

— سىزدە تۈرمە خاتىرىلىرى بارمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— شۇ خاتىرىلەرنىڭ ئىچىدە مەھبۇسلارنىڭ رويخەتلىرى بارمۇ؟

— ھەربىر مەھبۇسنىڭ ئۈستىدىن يېزىلغان ئالاھىدە ئەدلىيە خاتىرىلىرى بار.

— مۆھتەرەم ئەپەندى، رىمدا مېنىڭ ئۇستازىم بولغان بىر ھەزرەت بار ئىدى. بىر چاغلاردا ئۇ ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتتى. كېيىنچە، مەن ئۇنىڭ ئىف قەلئەسىگە قامالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە تەپسىلىراق خەۋەردار بولۇشنى خالايتتىم.

— ئۇنىڭ ئىسمى كىم ئىدى؟

— فارىيا ھەزرەت.

— ۋاي، ئۇ ھازىرقىدەك يادىمدا تۇرىدۇ، — دېدى بوۋىل ئەپەندى، — ئۇ ساراڭ ئىدى.

— ھەئە، مەنمۇ شۇنداق دەپ ئاڭلىغانىدىم.

— ئۇ ھەقىقەتەن ساراڭ ئىدى.

— ئېھتىمال. ئۇنىڭ ساراڭلىقى قايسى جەھەتلەردە ئىپادىلىنەتتى؟

— ئۇ ھەممىشە قاندىلاقتۇ بىر كۆمۈلگەن خەزىنە، ھەددى-ھېسابسىز بايلىقلار توغرىسىدا جۆيلۈيەتتى ۋە ئۆزى قويۇپ بېرىلسە، ھۆكۈمەتكە ناھايىتى نۇرغۇن پۇل تەقدىم قىلماقچى بولاتتى.

— بىچارە! ئاخىرى ئۇ ئۆلۈپ كەتتىمۇ؟

— ھەئە، يېرىم يىلچە بولۇپ قالدى، فېۋرالدا ئۆلگەنىدى.

— سىزنىڭ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىڭىز ياخشى ئىكەن.

— بۇ ئىش مېنىڭ يادىمدا شۇنىڭ ئۈچۈن ساقلىنىپ قالدىكى، ھەزرەتنىڭ ئۆلۈمى بەكمۇ غەلىتە بىر ئىش بىلەن چېتىلغان.

— بۇ غەلىتە ئىشنى مەن ئاڭلاپ باقسام بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئىنگلىز. ئەگەر شۇ پەيتتە بىر پاراسەتلىك كۆزەتكۈچى بولغان بولسا، ئۇنىڭ ھېسسىياتسىز يۈزىدە ئەكس ئەتكەن قىزىقىش ئىپادىسىنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەن بولار ئىدى.

— مەرھەمەت. ھەزرەت قامالغان كامېردىن 50 فۇت نېرىدا يەنە بىر كامېر بولۇپ، ئۇنىڭدا بوناپارتچىلارنىڭ بىر سابىق جاسۇسى قامالغانىدى. ئۇ 1815-يىلى باش ئىسيانكارنىڭ قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغانلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىنتايىن قارام ۋە ئىنتايىن خەتەرلىك ئۇنسۇر ئىدى.

— راستىنلا شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئىنگلىز.

— ھەئە، — دېدى بوۋىل ئەپەندى، — مەن 1816-يىلىمۇ



ياكى 1817-يىلىمۇ، ئۇنى شەخسەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭ كامېرىغا ئاز دېگەندىمۇ بىر پەي ئەسكەر بىلەن كىرىشكە توغرا كېلەتتى. بۇ كىشى مېنىڭدە ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر قالدۇردى. مەن ئۇنىڭ چىرايىنى ھېچقاچانمۇ ئۇنتۇيالمايمەن.

ئىنگلىزنىڭ لەۋلىرىدە يېنىككىنە تەبەسسۇم پەيدا بولدى.

— ھە، سىز ئېيتقانىدەك، — دېدى ئۇ، — بۇ ئىككى كامېرنىڭ ئارىلىقى...

— ئارىلىقى 50 فۇت كېلىدۇ. بىراق، ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ ئېدمون دانتېس دېگەن...

— ئاشۇ خەتەرلىك ئادەمنىڭ ئىسمى...

— ئېدمون دانتېس. ھە، تەقسىر، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاشۇ ئېدمون دانتېس دېگەن نەدىندۇر سايمانلارنى تېپىۋالغان ياكى ئۆزى ياساۋالغان بولسا كېرەك. چۈنكى، مەھبۇسلارنىڭ ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ تۇرۇشىغا ۋاستە بولغان بىر يەر ئاستى يولى ئېنىقلاندى.

— ئۇ يەر ئاستى يولى، قېچىش ئۈچۈن كولانغان بولسا كېرەك؟

— ئەلۋەتتە. لېكىن، بۇلارنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە، فارىيا ھەزرەتنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى قوزغىلىپ ئۆلۈپ كەتتى.

— چۈشىنىشلىك. بۇ ھال ئۇلارنىڭ قېچىش مەقسىتىنى يوققا چىقىرىپتۇ-دە.

— ئۆلۈككە قارىتا شۇنداق، — دېدى بوۋىل ئەپەندى، — لېكىن، تىرىك مەھبۇسقا قارىتا ئېيتقاندا، ئۇنداق ئەمەس. ئەكسىچە، دانتېس بۇ ئەھۋالنى ئۆزىنىڭ قېچىشى ئۈچۈن ئەپلىك پۇرسەت دەپ بىلگەن. ئۇ، ئىف قەلئەسىدە ئۆلگەن مەھبۇسلارنى ئادەتتىكى گۆرگە كۆمىدۇ دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. ئۇ، جە-

سەتنى ئۆزىنىڭ كامىرىغا يۆتكەپ چىقىپتۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى تاغارغا كىرىۋېلىپ، دەپنە قىلىش ۋاقتىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ.

— بۇ، مەلۇم دەرىجىدىكى باتۇرلۇقنى ئىسپاتلايدىغان دادىل قارار ئىكەن، — دەپ سۆز قاتتى ئىنگلىز.

— مەن بايا سىزگە بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئادەم بولغان دېدىمغۇ. بەختكە يارىشا، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى ھالاك قىلدى.

— قانداق قىلىپ؟

— ئۆزىڭىز چۈشەنمەيۋاتامسىز؟

— ياق.

— ئىف قەلئەسىنىڭ قەبرىستانلىقى يوق. ئۇ يەردە ئۆلگەن مەھبۇسلارنىڭ پۇتىغا 36 فۇنتلۇق چويۇننى باغلاپ دېڭىزغا تاشلايدۇ.

— ھە، ئاخىرى قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى ئىنگلىز، تېخىچىلا چۈشەنمىگەن قىياپەتتە.

— ئۇنىڭ پۇتلىرىغىمۇ 36 فۇنتلۇق چويۇننى باغلاپ دېڭىزغا تاشلاشتى.

— نېمە دەيسىز - ھوي! — دەپ خىتاب قىلدى ئىنگلىز.

— شۇنداق، تەقسىر، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى نازىر، — بۇ قاچقۇن ئۆزىنىڭ قىيا ئۈستىدىن تۆۋەنگە چۆرۈپ تاشلانغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، ئۇنىڭ چىرايى قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالىشىڭىز مۇمكىن. مەن ئۇنىڭ شۇ پەيتتىكى چىرايىنى بىر كۆرۈپ بېقىشقا قىزىقاتتىم.

— ئۇنداق قىلىش قىيىن بولار ئىدى.

— شۇنداقتىمۇ، — دېدى، ئۆزىنىڭ 200 مىڭ فرانكىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا بولغان ئىشەنچىسىدىن روھى كەيپىياتى كۆتۈرۈلگەن بوۋىل ئەپەندى، — شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈۋاتىمەن.



ئۇ قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— مەنمۇ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈۋاتىمەن، — دېدى ئىنگلىز ۋە ئۇمۇ ئىنگلىزلارنىڭ كۈلۈش ئادىتى بويىچە مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— شۇنداق قىلىپ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئىنگلىز يەنە بۇرۇنقى سوغۇققانلىقى بىلەن، — شۇنداق قىلىپ، قاچقۇن سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ - دە.

— خۇددى بىر داڭگالدەكلا چۆكۈپ كەتتى.

— ئىف قەلئەسىنىڭ باشلىقى سارالڭ مەھبۇستىنمۇ، خەتەرلىك مەھبۇستىنمۇ بىراقلا قۇتۇلۇپتۇ - دە؟

— شۇنداق بولدى.

— بۇ ۋەقە توغرىسىدا مەخسۇس ھۆججەت يېزىلغاندۇر؟ — دەپ سورىدى ئىنگلىز.

— ھە، ھە، ئۆلۈمنىڭ گۇۋاھنامىسى يېزىلدى. ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، ئەگەر دانتېسنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولسا، ئۇنىڭ ھايات ياكى ئۆلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈشى مۇمكىن.

— ئۇنىڭ مىراسىنى كۆزلىگەن تۇغقانلىرى بولسا، ئەمدى كۆڭلى ئىمىن تاپىدىكەن - دە. ئۇ ئۆلدى، قايتىپ كېلەلمەيدۇ.

— ئەلۋەتتە! تۇغقانلىرى خالىسا، ئۇلارغا گۇۋاھنامە بېرىلىدۇ.

— ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، — دېدى ئىنگلىز، — ئەمدى تۈرمە خاتىرىلىرى توغرۇلۇق سۆزلىشەيلى.

— راست دەيسىز. مېنىڭ ھېكايەم دىققىتىڭىزنى بۆلۈپ قويدى. ئەپۇ قىلىشىڭىزنى سورايمەن.

— نېمە ئۈچۈن؟ ھېكايىڭىز ئۈچۈنمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ. بۇ ھېكايە تولىمۇ قىزىقارلىق ئىكەن.

— ھەقىقەتەن قىزىقارلىق. ھە، سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۇستازىڭىز بولغان بىچارە ھەزرەتنىڭ ماتېرىياللىرىنى كۆرۈشنى خالاي-

دىگەنسىز - دە. ۋاي، ئۇ بەك مۇلايىم كىشى ئىدى.

— ئىلتىپاتىڭىزنى كۈتىمەن.

— يۈرۈڭ، ئىشخانامغا كىرەيلى. سىزگە ھەممىنى كۆرسىتىمەن.

ئۇلار بوۋىل ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. نازىرنىڭ ئېيتقىنى دۇرۇس ئىدى: بۇ يەردە ھەممە نەرسە تەرتىپلىك تىزىلغان بولۇپ، ھەربىر ماتېرىيالغا نومۇر قويۇلغان. ھەربىر ھۆججەت ئۆز جايىغا سېلىنغانىدى. نازىر ئېنگىلىزنى ئۆزىنىڭ كىرىسلوسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىف قەلئەسىگە دائىر ماتېرىياللار سېلىنغان بوخچىنى ئۇنىڭغا بەردى ۋە ئۇنىڭ ماتېرىياللارنى ئۆز مەيلىچە كۆرۈپ چىقىشىغا يول قويدى. ئۆزى بىر بۇلۇڭغا ئولتۇرۇپ، گېزىت ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئېنگىلىز فارىيا ھەزرەتكە مۇناسىۋەتلىك قولىيازمىلارنى ئاسانلا ئىزدەپ تاپتى. لېكىن، بوۋىل ئەپەندى سۆزلەپ بەرگەن ۋەقە ئۇنى خېلىلا قىزىقتۇرغان بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇ بۇ قولىيازمىلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئەنزە خاتىرىلىرىنى داۋاملىق ۋاراقلاۋەردى ۋە ئاخىرى ئېدمون دانتېسنىڭ ماتېرىياللىرىنى تاپتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسە، يەنى پاش قىلىش خېتى، سوراق خاتىرىسى، ۋىلفورنىڭ قوشۇمچە پىكرى يېزىلغان موررېل ئەپەندىنىڭ ئىلتىماسى بولۇپ، ھەممىسى ئەينى بويىچە ساقلانغانىدى. ئۇ، پاش قىلىش خېتىنى ئوغرىلىقچە قاتلاپ يانچۇقىغا سېلىۋالدى. سوراق خاتىرىسىنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنىڭدا نوئارتىيېنىڭ ئىسمى يېزىلمىغانلىقىنى كۆردى. موررېلنىڭ 1815 - يىل 10 - ئاپرېلدا يازغان ئەرزىنى كۆرۈپ چىقتى. موررېل بۇ ئەرزىنى ۋىلفورنىڭ مەسلىھەتى بويىچە، ئەڭ ياخشى نىيەت بىلەن يازغان بولۇپ (چۈنكى ئۇ چاغدا ھاكىمىيەت بېشىدا ناپالېئون تۇرغانىدى)، دانتېسنىڭ ئىمپېرىيە ئىشلىرىغا كۆرسەتكەن



خىزمەتلىرى مۇبالىغىلاشتۇرۇپ بايان قىلىنغانىدى. بۇ يەنە ۋىلفورنىڭ ئىمزاسى بىلەن تەستىقلانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ھەممىنى چۈشەندى. ئۆز ۋاقتىدا ناپالېئونىڭ نامىغا قارىتىپ يېزىلغان بولۇپ، ۋىلفور تەرىپىدىن بېسىپ قويۇلغان بۇ ئەرز، پادىشاھ ھاكىمىيىتىنى ئىككىنچى قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈش دەۋرىدە خانلىق مۇپەتتىشنىڭ قولىدىكى دەھشەتلىك قورالغا ئايلىنىپ قالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ، بۇ ھۆججەتكە قوشۇمچە قىلىنغان تۆۋەندىكى ئىزاھاتنى كۆرۈپ ئەجەبلەنمىدى:

| | |
|---|---|
| ئېدمون دانتېس | ئەشەددىي بوناپارتچى. باش ئىسيانكارنى ئېلبادىن قاچۇرۇش ئىشىدا پائال ھەرىكەت ئېلىپ بارغان. مەخپىيەتلىككە قەتئىي رىئايە قىلىنسۇن، قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇتۇلسۇن. |

بۇ قۇرلارنىڭ ئاستىغا باشقا ئادەمنىڭ قولى بىلەن: «ئامال قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ يېزىپ قويۇلغانىدى.

موررېلنىڭ ئەرزىگە قويۇلغان ئىمزا بىلەن ئىزاھاتنىڭ يېزىقىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۇ، ھەر ئىككىسى بىر قول بىلەن، يەنى ۋىلفورنىڭ قولى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئېنىقلىدى. ئىزاھاتنىڭ ئاستىغا يېزىلغان خەتلەرنى كۆرۈپ، ئېنگىلىز بۇنىڭ تۈرمە ئىشلىرى نازىرى تەرىپىدىن يېزىلغانلىقىنى بىلدى. بۇ نازىر دانتېسنىڭ تەقدىرىدە غىل - پال كۆرۈنۈپ ئۆتكەن بولۇپ، يۇقىرىدىكى ئىزاھات بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق ئامال قىلالمىغان.

سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بوۋىل ئەپەندى ئەدەب يۈزىسىدىن ۋە فارىيا ھەزرەتنىڭ شاگىرتىغا ماتېرىيال كۆرۈش ئىشىدا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ «ئاق تۇغ» گېزىتىنى ئوقۇماقتا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ، ئېنگىلىزنىڭ دانگلار تەرىپىدىن «رېزېرۋ» مەيخانىسىدىكى شىپاڭدا يېزىلغان ۋە مارسېل پوچتىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، 27 - فېۋ-

رال كەچ سائەت ئالتىدە پوچتا ساندۇقىدىن ئېلىنغانلىقى كۆر-
سىتىلگەن پاش قىلىش خېتىنى قاتلاپ يانچۇقىغا سالغانلىقىنى كۆرمىدى. لېكىن، ئۇ، بۇنى كۆرۈپ قالغان ھالەتتىمۇ كۆرمەسكە سېلىۋالغان بولاتتى. چۈنكى، ئىنگلىزنىڭ بۇ ئىشى ھەر قانداق قائىدە - تۈزۈمگە خىلاپ بولسىمۇ، بوۋىل ئەپەندى ئۈچۈن بۇ بىر پارچە قەغەز ئانچە ئەھمىيەتلىك بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ 200 مىڭ فرانكى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

— تەشەككۈر سىزگە، — دېدى ئىنگلىز، ماتېرىيال بوخچىسىنى شاققىدە يېپىپ قويۇپ، — مەن ئۆزۈمگە لازىم بولغاننىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقتىم. ئەمدى نۆۋەت مېنىڭ ۋەدەمنى ئورۇنداشقا كەلدى. سىز پۇلنى تولۇق تاپشۇرۇۋالغانلىقىڭىزغا ئادەتتىكىدەكلا بىر ھۆججەت يېزىپ بېرىڭ. مەن پۇلنى سىزگە ھازىرلا ساناپ ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن.

ئۇ ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇننى بوۋىل ئەپەندىگە بوشىتىپ بەردى. بوۋىل ئەپەندى تۈزۈت قىلىپ تۇرماستىن، شىرە يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، تەلەپ قىلىنغان ھۆججەتنى چاققانلىق بىلەن يېزىپ بەردى. بۇ ئارىدا ئىنگلىز شىرەنىڭ بىر چېتىدە تۇرۇپ قەغەز پۇللارنى ساناۋاتاتتى.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## موررېلنىڭ سودا شىركىتى

موررېلنىڭ سودا شىركىتىنى بايىدىغانلاردىن مۇبادا كىمدەكىم مارسېلدىن بىر نەچچە يىلغا كېتىپ قالغان بولۇپ، بىز تەسۋىرلەۋاتقان ۋاقىتتا قايتىپ كەلگەن بولسا، زور ئۆزگىرىشلەرنى



كۆرگەن بولاتتى. ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان سودا شىركىتىگە خاس بولغان بۇرۇنقى جىددىيلىك، پاراۋانلىق ۋە شادلىقنىڭ ئورنىغا؛ دېرىزە پەردىلىرىنىڭ كەينىدىن كۆرۈنۈپ قالىدىغان خۇشال - خۇرام چىرايلارنىڭ ئورنىغا؛ قۇلاقلىرىغا قەلەم قىستۇرۇۋېلىپ كارىدورلاردا يۈگۈرۈپ يۈرگەن ئىشچان ئالدىراش خىزمەتچىلەرنىڭ ئورنىغا؛ تۈرلۈك تېكىچلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ۋە يۈك توشۇغۇچىلارنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى، ئۈن سېلىشلىرى بىلەن جانلانغان ھويلىنىڭ ئورنىغا ئۇ ئەمدى نەزەردىن قالغان غېرىبانە ماكانغا دۈچ كەلگەن بولاتتى. بىر چاغلاردا ئىدارىغا تولۇپ تۇرغان خىزمەتچىلەردىن، ھازىر جىمجىت كارىدورلاردا ۋە يېتىمسىرەپ قالغان ھويلىدا پەقەت ئىككىلا ئادەم ئىش بېجىرىپ يۈرەتتى. بۇلارنىڭ بىرى، موررېل ئەپەندىنىڭ قىزىغا ئاشىق بولغان ئېممانۇئېل ئېربو ئىسىملىك 23 ياشلاردىكى ياش يىگىت بولۇپ، ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ نارازىلىقىغا قارىماستىن، بۇ شىركەتتىكى ئىش ئورنىدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن قالغانىدى. يەنە بىرى، سابىق خەزىنە باشقۇرغۇچىنىڭ ياردەمچىسى، بىر كۆزى قارىغۇ بولغان ۋە كوكلېس① دەپ لەقەم تاپقان كىشى ئىدى. بۇ لەقەمنى ئۇنىڭغا، بىر چاغلاردا خۇددى ۋىژىلداپ تۇرغان بىر كاتتا ھەرە ئۇۋىسىدەك بولغان (لېكىن ھازىر جىمىپ قالغان) بۇ ھەيۋەتلىك سودا شىركىتىدىكى ياشلار قويۇپ قويۇشقانىدى. ئەمدى بۇ لەقەم ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنىڭ ئورنىنى شۇنداق پۇختىلىق بىلەن ئىگىلىگەنىدىكى، ئەگەر تەسادىپىيدىن كىمىكى ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىپ قالسا، ئۇ ھەتتا قاراپمۇ قويمايتتى.

كوكلېس موررېل ئەپەندىنىڭ خىزمىتىنى تاشلاپ كەتمىدى

① لاتىنچە بىر كۆزلۈك، دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. قەدىمكى رىمنىڭ قەھرىمانى گوراتسىي كوكلېسنىڭ لەقىمى.

وە بۇ ئاق كۆڭۈل خادىمنىڭ ئەھۋالىدا شۇنداق بىر ئۆزگىرىش
بولدىكى، ئۇ بىراقلا ھەم خەزىنە باشقۇرغۇچىنىڭ مەرتىۋىسىگە
كۆتۈرۈلدى ھەم ئۆي خىزمەتكارىنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالدى.
شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئاق كۆڭۈل، تىرىشچان، سادىق كوك-
لېس بولۇپ قېلىۋەردى. لېكىن، ھېسابقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا
ئۇ ئۆز سۆزلۈك ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇ پۈتۈن دۇنياغا، ھەتتا
موررېل ئەپەندىنىڭ ئۆزىگىمۇ قارشى چىقىشقا تەييار ئىدى.
ئۇ پەقەت كەررە جەدۋىلىگىلا ئىشىنەتتى. باشقىلار كەررە ھېسا-
بىغا ھەر قانچە ساختا قىلىشقا ئورۇنۇپ باقسىمۇ، بۇ ئىشتا ئۇنى
ئازغاشتۇرۇشقا ھەرقانچە ئامال قىلسىپ باقسىمۇ، ئۇ كۆپەيتىش
ئەمەللىرىدە ھېچقاچان يېڭىلمىشمايتتى. موررېلنىڭ سودا شىركى-
تىنى چۇلغىۋالغان ئومۇمىيۈزلۈك ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بىر كوك-
لېسلا ئۆزىنىڭ ۋەزمىنلىكىنى ساقلاپ قالغانىدى. لېكىن، بۇ ۋەز-
مىنلىكنى ئۇنىڭدىكى مېھرىبانلىقنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن دەپ قا-
راشقا توغرا كەلمەيدۇ. ئەكسىچە، بۇ ۋەزمىنلىك ئۇنىڭدىكى تەۋ-
رەنمەس ساداقەتلىكتىن كېلىپ چىققانىدى. ھالاكەتكە دۇچار بول-
غان كېمە لەنگەرلىرىنى ئۈزۈپ سۇغا غەرق بولۇش ئالدىدا ئۇ-
نىڭدىكى چاشقانلارنىڭ ھەممىسى قېچىپ كېتىدۇ. خۇددى شۇ-
نداقلا، سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ دۇنيادىكى ھوزۇر - ھالاۋىتى
موررېلنىڭ شىركىتىگە باغلىق بولغان ئىشلەمچىلەر ۋە خىزمەت-
چىلەر ئۆزلىرى ئىشلەۋاتقان ئىشخانىلار ۋە ئامبارلارنى بىرىنىڭ
كەينىدىن بىرى تاشلاپ كېتىشتى. لېكىن، كوكلېس ھەممىسى-
نىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئويلاپمۇ
قويمىدى. ئۇ پەقەت رەقەملەرنىلا ئويلاشنى بىلەتتى. ئۇ، مور-
رېلنىڭ سودا شىركىتىدە خىزمەت قىلىۋاتقان 20 يىلدىن بۇ-
يان خىزمەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىش ھەققى ھالاللىق بىلەن تو-
لۇق بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. شۇڭا،



خۇددى چوڭ دەريانىڭ ئېقىنى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان تۈگمەن-
نىڭ ئىگىسى ئۇشتۇمتۇت بۇ دەريانىڭ توختاپ قېلىشىغا ئىشەن-
مىگەنگە ئوخشاش، ئۇمۇ بۇرۇنقى ئادەتلەر ئۆزگىرىپ، ئىش ھەق-
قى بېرىلمەي قېلىشى مۇمكىنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. ئەمە-
لىيەتتىمۇ، ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق ئەھۋال كوكلېسنىڭ ئىشەنچ-
سىگە شەك چۈشۈرەلمەي كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئاخىرقى ئاي-
لىق مائاشى بۇرۇنقىدەكلا تولۇق بېرىلدى. كوكلېس، موررېل
ئەپەندىنىڭ 14 سۇ پۇلىنى ئارتۇق بېرىپ قويغانلىقىنى
كۆردى ۋە شۇ كۈنىلا ئاشۇ 14 سۇنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ
بەردى. موررېل ئەپەندى پەرىشانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ پۇلنى
ئالدى ۋە پۈتۈنلەي دېگۈدەك بوشاپ قالغان كاسسىسىنىڭ
تارتمىسىغا سېلىپ قويدى.

— ياخشى، كوكلېس سىز دۇنيادىكى ئەڭ ھالال خەزىنىچى.

كوكلېس چەكسىز مەمنۇن بولغان ھالدا چىقىپ كەتتى.
چۈنكى مارسېل بويىچە ئەڭ ئادىل ئادەم بولغان موررېل ئەپەن-
دىنىڭ ماختىشى ئۇنىڭغا 50 ئېكيۇ پۇلنى مۇكاپاتقا بەرگەن-
دىنمۇ يېقىملىق ئىدى. لېكىن، بۇ قېتىمقى مائاش تارقىتىلغان-
دىن كېيىن موررېل ئەپەندىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشتى.
ئۇ، قەرزلىرىنى تۆلەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق سەرمايىسىنى
جەملىدى ۋە باشقىلار ئۇنىڭ شۇ قەدەر مۇھتاجلىققا چۈشۈپ قال-
غانلىقىنى بىلىپ قالسا، ئۇنىڭ خانىۋەيران بولۇشى ھەققىدە گەپ-
چۆچەك تارقىلىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، شەخسەن ئۆزى
بوكېر يەرمەنكىسىگە باردى ۋە ئايالى بىلەن قىزىنىڭ بەزى قىم-
مەت باھالىق بۇيۇملىرىنى، ئۆيىدىكى كۈمۈشتىن ياسالغان قاچا-
قۇچىلارنىڭ بىر قىسمىنى سېتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، موررېلنىڭ
سودا شىركىتى بۇ قېتىمقى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىۋالدى. بىراق،
خەزىنە پۈتۈنلەي قۇرۇپ قالغانىدى. قەرز بېرىپ تۇرغۇدەكمۇ ئا-

دەم چىقىمىدى. پولادلار، تارقىلىپ يۈرگەن مىش - مىش گەپلەردىن ئۈركۈپ، ئۆزلىرىگە خاس شەخسىيەتچىلىكى بىلەن ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرىدى. بوۋىل ئەپەندىگە مۇشۇ ئاينىڭ 15 - كۈنى 100 مىڭ فرانك، كېلەركى ئاينىڭ 15 - كۈنى يەنە 100 مىڭ فرانكنى تۆلەش ئۈچۈن موررېل ئەپەندى پەقەت «فىرئاۋن» نىڭ قايتىپ كېلىشىگىلا قاراشلىق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ، «فىرئاۋن» يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى. بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا «فىرئاۋن» بىلەن بىر ۋاقىتتا يولغا چىقىپ، مارسېل پورتىغا ئامان - ئېسەن يېتىپ كەلگەن بىر كېمە يەتكۈزگەنىدى. ئۇ كېمە، «فىرئاۋن»غا ئوخشاش، كالكۇتتادىن يولغا چىققان بولۇپ، قايتىپ كەلگىنىگە ئىككى ھەپتە بولغانىدى. لېكىن، «فىرئاۋن» دىن تېخىچە دېرەك يوق.

رىمدىكى تومسون ۋە فىرېنچ بانكا مەھكىمىسىنىڭ ۋەكىلى بوۋىل ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ ئىككىنچى كۈنى موررېل ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئەھۋال ئەنە شۇنداق ئىدى. ئۇنى ئېممانۇئېل قارشى ئالدى. بۇ يىگىت سىرتتىن كەلگەن ھەر قانداق ئادەمنى كۆرگەندە خاتىرجەمسىزلىنەتتى، چۈنكى بۇنداق ئادەملەر ئېيتىپ يۈرگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ بىئارام بولغان ۋە شىركەت باشلىقىنىڭ پىكرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەن قەرز بەرگۈچىلەر بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ، ئۆزىنىڭ باشلىقىنى بۇنداق كۆڭۈلسىز سۆھبەتتە يولۇقتۇرماسلىقنى ئويلاپ، مېھمان بىلەن ئۆزى سۆزلەشمەكچى بولدى. لېكىن، بۇ كىشى ئېممانۇئېلغا ئېيتىدىغان گېپى يوق ئىكەنلىكىنى ۋە موررېل ئەپەندىنىڭ شەخسەن ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئېممانۇئېل ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ كوكلېسنى چاقىردى. كوكلېس كىرىپ كەلدى. ياش يىگىت ئۇنىڭغا بۇ ناتونۇش مېھماننى موررېل ئەپەندىنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىشنى



تاپشۇردى. كوكلېس ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭدى، ناتونۇش كىشى ئۇنىڭ كەينىدىن چىقتى. پەلەمپەيگە چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئۇلار ناتونۇش كىشىگە خاتىرجەمسىزلىك بىلەن قاراپ قالغان 16 - 17 ياشلاردىكى بىر گۈزەل قىزچاق بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. كوكلېس ئۇنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەمسىزلىكنىڭ ئىپادىسىنى بايقىمىدى، لېكىن ناتونۇش كىشى بۇنىڭغا دىققەت قىلغاندەك كۆرۈنەتتى.

— موررېل ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدىمۇ، ژيۇلى خېنىم؟ — دەپ سورىدى خەزىنىچى.

— ھەئە، بار بولسا كېرەك، — دەپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى قىزچاق، — ئۆزىڭىز قاراپ بېقىڭ، كوكلېس. دادام بار بولسا مېھمان كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ قويۇڭ.

— مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى خەۋەر قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى ئىنگلىز، — موررېل ئەپەندى مېنىڭ ئىسمىمنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭغا پەقەت دادىڭىزنىڭ سودا شىركىتى مۇناسىۋەتلىشىپ كېلىۋاتقان تومسون ۋە فىرېنچ بانكا مەھكىمىسىنىڭ باش ۋەكىلى كەلدى، دەپ قويۇشلا كۇپايە قىلىدۇ.

قىزچاقنىڭ مەڭزىلىرى ئاقىرىپ كەتتى ۋە ئۇ ئۈنچىقماستىن پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. كوكلېس بىلەن ناتونۇش كىشى بولسا، ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىشتى. ژيۇلى ئېممانۇئېل ئىش قىلىۋاتقان ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى. كوكلېس بولسا، ئۆزىنىڭ يېنىدىكى ئاچقۇچنى چىقىرىپ، ئۈچىنچى قەۋەتتىكى مەيدانچىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى بىر ئىشىكنى ئاچتى (بۇنىڭدىن، ئۇنىڭ خوجايىنىنىڭ يېنىغا ئەركىن كىرىۋېرىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولاتتى) ۋە ناتونۇش كىشىنى ئالدىنقى خانىغا باشلاپ كىرىپ، يەنە بىر ئىشىكنى ئاچتى ھەمدە تومسون ۋە فىرېنچ بانكا مەھكىمىسىنىڭ ۋەكىلىنى بىردەملىككە يالغۇز قالدۇرۇپ،

ئۆزى ئىچكىرىگە كىردى ۋە كۆپ ئۆتمەستىن ئۇ يەنە ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئىشارەت قىلدى. ئىنگلىز كىردى. موررېل ئەپەندى ئىش ئۈستىلىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ھاياجاندىن تاتارغان ھالدا ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھېسابات دەپتىرىگە يېزىلغان چىقىملارنىڭ رەقەملىرىنى پەرىشانلىق بىلەن تەكشۈرمەكتە ئىدى. ناتونۇش كىشىنى كۆرۈپ ئۇ ھېسابات دەپتىرىنى ياپتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىر ئورۇندۇقنى سۈرۈپ بەردى ھەمدە ناتونۇش كىشى ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ كرېسلوسىغا قايتىدىن ئولتۇردى.
ئۆتۈپ كەتكەن 14 يىل ئىچىدە بۇ ھۆرمەتلىك زات ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ھېكايىمىزنىڭ باشلىنىش قىسمىدا ئۇ 36 ياش بولۇپ، ئەمدى 50 كە قەدەم قويغانىدى. ئۇنىڭ چاچلىرىغا ئاق سانجىغان، تىرىكچىلىك غەملىرى پېشانىسىگە قورۇق چۈشۈرگەن، كۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى كەسكىنلىك ۋە قەتئىيلىك بىلەن قاراشلىرى ئەمدى خۇددى بىرەر خىيالدا توختاشتىن ياكى بىرەر ئادەمنىڭ يۈزىگە تىك بېقىپ قاراشتىن قورقىدىغاندەك خۇنۈكلەشكەن ۋە چۈشكۈنلەشكەنىدى. ئىنگلىز ئۇنىڭغا يوشۇرۇلمىغان ھېسداشلىقى ئارىلاش بولغان قىزىقىش بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى.

— مۆھتەرەم ئەپەندى، — دېدى موررېل ئەپەندى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ خىجالەتچىلىكى مۇنداق تىكىلىپ قاراشتىن تېخىمۇ ئۇلغايماقتا ئىدى، — سىز ماڭا بىر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟

— شۇنداق، تەقسىر. مېنىڭ قايسى ئورۇنغا ۋەكالىتەن كېلىدىغانلىقىم سىزگە ئايان بولدىغۇ دەيمەن؟

— خەزىنە باشقۇرغۇچىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا، سىز تومسون ۋە فرېنچ بانكا مەھكىمىسىگە ۋەكالىتەن كېلىدىكەنسىز.

— توغرا. تومسون ۋە فرېنچ بانكا مەھكىمىسى كەلگۈسى



ئىككى ئاي جەريانىدا فرانسىيىدە 300 مىڭدىن 400 مىڭ فرانكقىچە پۇل سەرپ قىلماقچى. سىزنىڭ قەرز تۆلەش ئىشىغا قاتتىق رىئايە قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلگەچكە، بۇ مەھكىمە سىزنىڭ نامىڭىزغا يېزىلغان بارلىق ھۆججەتلەرنى يىغىپ، شۇ ھۆججەتلەردىكى پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ خىراجەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ماڭا تاپشۇردى.

موررېل ئېغىر ئۇھ تارتىپ، نەملىشىپ كەتكەن پېشانىسىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتتى.

— دېمەك، سىز مېنىڭ نامىمغا يېزىلغان چەكلەرنى ئېلىپ كەپسىز-دە؟ — دەپ سورىدى موررېل.

— شۇنداق. بۇ چەكلەرگە يېزىلغان پۇل ناھايىتى كۆپ ئىكەن.

— جەمئىي قانچە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى موررېل، راۋان سۆزلەشكە تىرىشىپ.

— بىرىنچىدىن، — دېدى ئىنگلىز يانچۇقىدىن بىر بولاق قەغەزنى چىقىرىپ، — مانا بۇ، تۈرمە ئىشلىرى نازىرى بوۋىل ئەپەندىنىڭ شىركىتىڭىزگە قوشقان 200 مىڭ فرانكنى بىزدىن تاپشۇرۇۋالغانلىقى توغرىسىدىكى ھۆججەت. سىز بوۋىل ئەپەندىگە تېگىشلىك بولغان بۇ قەرزنى ئېتىراپ قىلامسىز؟

— ھەئە. بەش يىل بۇرۇن ئۇ بۇ پۇلنى تۆت يېرىم پىرسەنتلىك ئۆسۈمى بىلەن ماڭا ئۆتنە قىلغانىدى.

— بۇنى قاچان تۆلىمەكچى بولغانىدىڭىز؟

— يېرىمىنى مۇشۇ ئاينىڭ 15 - كۈنى، قالغان قىسمىنى كېلەركى ئاينىڭ 15 - كۈنى.

— تامامەن توغرا. ئۇنىڭدىن باشقا، مانا بۇ. مۇددىتى مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرى توشىدىغان 32 مىڭ 500

فرانكتا يېزىلغان چەك. بۇنىڭغا سىزنىڭ ئىمزايىڭىز قويۇلغان بولۇپ، ئىگىسى تەرىپىدىن بىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

— بۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىمەن، — دېدى موررېل ۋە ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيەتلەرنى ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم ئادا قىلالماسلىق ئېھتىمالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ نومۇستىن قىزىرىپ كەتتى، — ھەممىسى شۇمۇ؟

— ياق، تەقسىر. مەندە يەنە كېلەركى ئاينىڭ ئاخىرى مۇددىتى توشىدىغان بولۇپ، پاسكال سودا سارىيى بىلەن ئۇ ئايلد ۋە تېرنېر سودا شىركىتى تەرىپىدىن بىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن 55 مىڭ فرانكتا يېزىلغان چەك بار. ھەممىسى بولۇپ جەمئىي 287 مىڭ 500 فرانكنى تەشكىل قىلىدۇ.

بىچارە موررېل بۇ ھېسابلاش جەريانىدا گويا دوزاخ ئوتىدا ئۆرتەنمەكتە ئىدى.

— 287 مىڭ 500 فرانك، — دەپ تەكرارلىدى ئۇ.

— شۇنداق، تەقسىر، — دېدى ئىنگلىز ۋە بىردەم جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — لېكىن، كۆڭلۈمدىكى گەپنى يوشۇرمايمەن، موررېل ئەپەندى، سىزنىڭ ھازىرغا قەدەر نۇقسان يەتمىگەن ئادىللىقىڭىزغا بولغان ھۆرمەت ھەممىگە ئايان بولسىمۇ، ھازىر مارسېلدا سىزنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن سۇندى، دېگەن گەپ-سۆزلەر بار ئىكەن.

بۇنداق قوپال دېگۈدەك گەپلەردىن موررېل تامامەن تاتىرىپ كەتتى.

— مۆھتەرەم ئەپەندى، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ ئاتام بىزنىڭ بۇ شىركىتىمىزنى 35 يىل جەريانىدا باشقۇ-



رۇپ، ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن بۇيان 24 يىل ئۆتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ، مېنىڭ خەزىنەم بىلەن ئالاقىدار بولغان ھەمدە موررېل ۋە ئۇنىڭ ئوغلى دېگەن ئىمزا قويۇلغان ھېچقانداق كېلىشىم ئورۇندالماي قالغىنى يوق.

— شۇنداق، مەن بۇنى بىلىمەن، — دېدى ئىنگلىز، — ئەمما، بىز مەرت ئادەملەرگە مۇناسىپ ھالدا ئوچۇق-ئاشكارا سۆزلىشەيلى. ئېيتىڭا، سىز بۇ قېتىممۇ قەرزلىرىڭىزنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرالامسىز؟

موررېل شۈركۈنۈپ كەتتى، لېكىن سۆھبەتدىشىنىڭ يۈزىگە قەتئىيلىك بىلەن قارىدى.

— بۇنداق ئوچۇق-ئاشكارا سوئالغا خۇددى شۇنداقلا ئوچۇق-ئاشكارا جاۋاب بېرىش كېرەك، — دېدى ئۇ، — ھەئە، تەقسىر، ئەگەر مېنىڭ كۈتكىنىمدەك بولۇپ، كېمەم ئامان-ئېسەن يېتىپ كەلسىلا ھەممىنى تۆلىيەلەيمەن. چۈنكى، ئۇ قايتىپ كەلسە، نەچچە ۋاقىتتىن تارتقان زىيانلىرىمنىڭ ئورنى تولۇقلىنىدۇ. لېكىن، مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىم بولغان «فىر ئاۋن» ھالاكەتكە يولۇقسا...

بىچارە خوجايىنىنىڭ كۆزلىرىگە ياش تولدى.

— شۇنداق قىلىپ، — دېدى ئىنگلىز، — ئەگەر بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىڭىز يوققا چىقسا؟

— ئۇ چاغدا، — دېدى موررېل، — بۇ گەپنى ئېغىزدىن چىقىرىش ھەر قانچە قىيىن بولسىمۇ... لېكىن مەن بەختسىزلىككە كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، نومۇسقىمۇ كۆنۈشۈم كېرەك... ئۇ چاغدا، قەرز تۆلەشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇشۇم مۇمكىن.

— سىزگە ياردەم قىلغۇدەك دوستلىرىڭىز يوقمۇ؟

موررېل غەمكىنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— بۇنداق ئىشلاردا دوستلار مەۋجۇت ئەمەس، تەقسىر،

سىز بۇنى بىلمىسىز. پەقەت بېرىپ - كېلىشلەرلا مەۋجۇت.

— بۇ دېگىنىڭىز توغرا، — دېدى ئىنگلىز بوش ئاۋازدا، — دېمەك، سىزنىڭ شۇ بىرلا ئۈمىدىڭىز قاپتۇ - دە؟

— بىرلا ئۈمىدىم قالدى.

— ئەڭ ئاخىرقىسىمۇ؟

— ئەڭ ئاخىرقىسى.

— ئەگەر بۇ ئۈمىدىڭىز يوققا چىقسا...

— ئۇ چاغدا تۈگەشكىنىم شۇ. پۈتۈنلەي تۈگەشكىنىم.

— مەن بۇ يەرگە كېلىۋاتقاندا بىر كېمە پورتقا كىرىۋاتاتتى.

— بىلىمەن، تەقسىر. مېنىڭ بېشىمغا كۈن چۈشكەندە يۈزىنى ئۆرىمىگەن خىزمەتچىلىرىمدىن بىرى ماڭا بىرىنچى بولۇپ خۇشخەۋەر يەتكۈزىمەن دەپ، كۈن بويى ئۆگزىدە ئولتۇرۇپ كۆزەتچىلىك قىلىدۇ. كېمە كەلگەنلىكىنى شۇ كىشىدىن ئاڭلىدىم.

— بۇ سىزنىڭ كېمىڭىز ئەمەسمۇ؟

— ياق. بۇ «ژىروندا»، بوردونىڭ كېمىسى. ئۇمۇ ھىندىستاندىن كەلگەن، لېكىن بۇ مېنىڭ ئەمەس.

— بەلكىم ئۇ «فىر ئاۋن» نىڭ ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغاندۇر ۋە ئۇنىڭ ئۇچۇرىنى ئەكەلگەندۇر؟

— راستىنى ئېيتايمۇ؟ مەن خۇددى كېمەمنىڭ ئۇچۇرىنى ئاڭلىمىغانلىقتىن قورقۇۋاتقاندەك، ئۇنىڭ ئۇچۇرىنى ئاڭلاشتىنمۇ قورقىمەن. ئۇچۇرى بولمىسا، ھەر ھالدا ئۈمىد كۈتۈشكە بولىدۇ.

مورېل ئەپەندى بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا قوشۇپ قويدى:

— بۇنداق كېچىكىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ بولمايدۇ.



«فىر ئاۋن» كالكۇتتادىن 5 - فېۋرال كۈنى يولغا چىققانىدى. ئۇنىڭ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىش قەرەلىدىن بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى ئىنگلىز تۇيۇقسىزدىن دىققەت بىلەن تىڭشاپ تۇرۇپ، — بۇ نېمە ۋاراڭ - چۇرۇڭ؟

— ۋاي خۇدايىم! خۇدايىم! — مورېل مۇردىدەك تاتىرىپ كېتىپ خىتاب قىلدى، — يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ؟

دەرۋەقە، پەلەمپەي تەرەپتىن قاتتىق ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاڭلانماقتا ئىدى. ئادەملەر ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ كەتتى، كىمدۇ بىرى ئىڭرىغان ھالدا ئاھ ئۇردى. مورېل ئىشىكنى ئېچىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرماقچى بولغانىدى، بىراق بەدىنى بوشىشىپ كېتىپ، يەنە ئۆز جايىغا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇلار ئىككىسى بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرغىنىچە ئولتۇرۇپلا قالدى. مورېلنىڭ پۈتۈن تېنى غال - غال تىترەپ تۇراتتى. ناتونۇش كىشى چىن قەلبىدىن ئىچى ئاغرىغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىقتى، لېكىن مورېل بىر ئىشنى كۈتۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى: بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭنىڭ سەۋەبى بار، بۇ سەۋەب ھازىر مەلۇم بولىدۇ. ناتونۇش كىشىگە كىمدۇ بىرىنىڭ پەلەمپەيدىن ئاستا چىقىۋاتقانلىقى ۋە ئىشىك ئالدىدىكى مەيدانچىدا بىر نەچچە ئادەمنىڭ توختىغانلىقى ئاڭلاندى. ئاندىن ئۇ، ئالدىنقى ئىشىكنىڭ قۇلۇپىغا ئاچقۇچ سېلىنغانلىقىنى ۋە ئىشىكنىڭ غىچىرلاپ ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلىدى.

— بۇ ئىشىكنىڭ ئاچقۇچى ئىككى ئادەمدىلا بار، — دەپ پىچىرلىدى مورېل، — بىرى كوكلېستا، يەنە بىرى ژيۇلىدا.

شۇ ھامان ئىككىنچى ئىشىك ئېچىلدى. ئىشىك ئالدىدا تاتىرىپ كەتكەن ۋە كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپ تۇرغان ژيۇلى

كۆرۈندى. موررېل ئورنىدىن تۇردى ۋە يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن تىترەپ تۇرغان ھالدا كرېسلونىڭ يۆلەنچۈكىگە تايىنىۋالدى. ئۇ بىر نېمە دېمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئاۋازى چىقماي قالدى.

— دادا! — دېدى قىزچاق يالۋۇرغان ھالدا قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇرۇپ، — قىزىڭىز سىزگە شۇم خەۋەر ئەكەلگەنلىكىنى كەچۈرۈڭ!

موررېل دەھشەتلىك تىترىپ كەتتى. ژيۇلى يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئېتىلدى.

— دادا! دادا! — دېدى ئۇ، — غەيرىتىڭىزنى يوقاتماڭ!

— «فىرئاۋن» ھالاك بوپتۇمۇ؟ — دەپ بوغۇلغان ئاۋازدا سورىدى موررېل.

ژيۇلى گەپ قىلمىدى، لېكىن «ھەئە» دېگەندەك قىلىپ، دادىسىنىڭ كۆكرىكىگە قويۇلغان بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئادەملەرچۇ؟ — دەپ سورىدى موررېل.

— قۇتقۇزۇلۇپتۇ، — دېدى ژيۇلى، — ھېلى تېخى پورتقا يېنىپ كەلگەن بوردو كېمىسى تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلۇپتۇ.

موررېل سۆز بىلەن تەرىپلىگۈسىز دەرىجىدە شۈكۈر ۋە قانائەت قىلغان قىياپەتتە قوللىرىنى ئاسمانغا قارىتىپ كۆتۈردى.

— خۇداغا شۈكۈر! — دېدى ئۇ، — سەن يالغۇز مېنىلا جازالاپسەن!

ئىنگلىز ھەرقانچە ئېغىر - بېسىق بولسىمۇ، كۆزلىرىگە ياش ئالدى.

— كىرىڭلار، — دېدى موررېل، — كىرىڭلار، بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، سىلەر ھەممەڭلار ئىشىكنىڭ كەينىدە.

ئۇ، شۇ گەپلەرنى قىلىش بىلەن تەڭلا موررېل خانىم



ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىغان ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئېممانۇئېل كىردى. تاشقىرىقى ئۆيدە قاپاقلىرى سىلىنىغان يەتتە - سەككىز ماتروس كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جاراھەتلەنگەن ھەم ئۈستى - بېشى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەنىدى. ئىنگلىز بۇ ئادەملەرنى كۆرگەندە، شۈركۈنۈپ كەتتى. ئۇ خۇددى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىشقا تەمشەلگەندەك بىر ھەرىكەت قىلدى - دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىشخانىنىڭ ئەڭ چەتتىكى قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭىغا بېرىپ تۇردى. موررېل خانىم كرېسلوغا ئولتۇردى ۋە ئېرىنىڭ قولىنى ئۆزىنىڭ ئالقانلىرىغا ئېلىپ تۇتتى. ژيۇلى ئاۋۋالقىدەكلا دادىسىنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ تۇراتتى. ئېممانۇئېل خۇددى موررېلنىڭ ئائىلىسى بىلەن ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ماتروسلارنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرغان زەنجىرنىڭ ھالقىسى بولغاندەك ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى موررېل.

— بۇ ياققا كېلىڭ، پېنېلون، — دېدى ئېممانۇئېل، — ئۆزىڭىز سۆزلەپ بېرىڭ.

ئىسسىق بەلباغ ئاپتىپىدا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن قېرى ماتروس قوللىرىدا تىتىلىپ كەتكەن شلەپىسىنى تۇتقان ھالدا كىرىپ كەلدى.

— ياخشىمۇسىز، موررېل ئەپەندى؟ — دېدى ئۇ بەجايىكى تېخى تۈنۈگۈنلا مارسېلدىن چىقىپ شەھەر سىرتى سەيلىسىگە بېرىپ كەلگەن ئادەمدەك.

— ياخشىمۇسىز، دوستۇم؟ — دېدى خوجايىن كۆزلىرىدىكى ياش بىلەن ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ھە، كاپىتان قېنى؟

— كاپىتاننى سورىسىڭىز، موررېل ئەپەندى، ئۇ مىجەزى

يوق بولۇپ، پالمادا يېتىپ قالدى. خۇدا بۇيرۇسا پات ئارىدا ساقىيىپ قالىدۇ ۋە خۇددى، سىز بىلەن بىزگە ئوخشاشلا ساق-سالامەت بولىدۇ.

— ياخشى... ئەمدى سۆزلەڭ، پېنبلون، — دېدى موررېل ئەپەندى.

پېنبلون ئۆزى چايناۋاتقان كۆك تاماكىنى ئاغزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن سول تەرىپىگە ئۆتكۈزدى ۋە ئاغزىنى بىر قولى بىلەن يېپىپ تۇرۇپ، ئارقىغا بۇرۇلدى - دە، ئالدىنقى خانىغا قارىتىپ قارامتۇل سۈيۈقلۇقنى تۈكۈرۈۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر پۇتىنى ئالدىغا چىقىرىپ، چايقىلىپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەھۋال شۇنداق، موررېل ئەپەندى، بىز بىر ھەپتىگىچە سەلكىن شامالنىڭ يۆنىلىشىنى بويلاپ ماڭغاندىن كېيىن، بىلانكو تۇمشۇقى بىلەن بويادور تۇمشۇقىنىڭ ئارىلىقىدا غەربىي جەنۇب شامىلىغا دۇچ كەلدۇق. مەن شۇ چاغدا رولنى باشقۇرۇۋاتاتتىم. تۇيۇقسىزدىن كاپىتان گومار مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ شۇنداق دېدى:

«پېنبلون تاغا، ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان ئاۋۇ بۇلۇتلارنى نېمە دەپ ئويلايسىز؟»

مەن ئۆزۈممۇ شۇ بۇلۇتلارغا قاراپ تۇرغانىدىم.

«مەن نېمىدەپ ئويلىماقچى، كاپىتان؟ مېنىڭ ئويلىشىمچە بۇ بۇلۇتلار ئادەتتىكىدىن بەك تېزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتىدۇ. بۇ بۇلۇتلارنىڭ بىر يامانلىقى بولمىسا بۇنداق قارا بولمايتتى».

«مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن، — دېدى كاپىتان، — ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرۈپ قويۇش كېرەك. بىردەمدىن كېيىن كۆتۈرۈلىدىغان بۇنداق شامالغا نىسبەتەن بىزنىڭ چىقارغان يەلكەنلىرىمىز ناھايىتىمۇ كۆپلۈك



قىلىدۇ... ئەي، يىگىتلەر! يان يەلكەنلەر بىلەن ئۈچ بۇرجەكلىك يەلكەن چۈشۈرۈلسۇن!»

ھېلىمۇ دەل ۋاقتىدا تۇتۇش قىلغانىكەنمىز. كاپىتاننىڭ بۇيرۇقى تېخى ئورۇندىلىپ بولماي تۇرۇپلا كۈچلۈك شامال ئۇردى ۋە كېمە بىر يانغا قىيسىيىشقا باشلىدى.

«يەلكەنلەر يەنىلا كۆپلۈك قىلىدۇ، — دېدى كاپىتان، — چوڭ يەلكەن چۈشۈرۈلسۇن!»

بەش مىنۇتتىلا چوڭ يەلكەن چۈشۈرۈلدى. بىز پەقەت قۇيرۇق تەرەپتىكى يەلكەنلەر، موما يەلكىنى ۋە كىچىك يەلكەنلەرنىلا قالدۇرۇپ ئۈزۈشنى داۋاملاشتۇردۇق.

«ھە. پېنبلون تاغا، — دېدى كاپىتان ماڭا قاراپ، — بېشىڭىزنى چايقايسىزغۇ؟»

«مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولسام، يەنە بىر نەچچە يەلكەننى ئېلىۋەتكەن بولاتتىم».

«بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، بوۋاي، — دېدى ئۇ، — خېلى يامان ئەمەس شامال بولىدىغاندەك قىلىدۇ».

«يامان ئەمەس شامال دېگەن گېپىڭىزنى قويۇڭ، كاپىتان، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — بۇ بىر قارا بوران، كۈچلۈك قارا بوران. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، مەن ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان ئادەم بولۇپ قالىمەن».

شۇنى ئېيتىش لازىمكى، شامال بىزنىڭ ئۈستىمىزگە خۇددى چوڭ يولدىكى چاڭ - توزاندەك ئۇچۇپ كەلمەكتە ئىدى. بەختىمىزگە كاپىتانىمىز ئۆز كەسپىگە پىششىق ئادەم.

«ئۈستۈنكى يەلكەننىڭ ئىككى بېغى تارتىلسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى كاپىتان. — يەلكەن تانىلىرى بوشىتىلسۇن! يەلكەنلەر شامالغا يانچە قويۇلسۇن، يان يەلكەنلەر ئېلىۋېتىلسۇن، يەلكەن چېتىقلىرى چىڭىتىلسۇن!»

— ئۇ جايلارغا نىسبەتەن بۇنداق قىلىش يېتەرلىك ئەمەس، — دەپ تۇيۇقسىزدىن سۆز قاتتى ئىنگلىز، — ئەگەر مەن بولسام، يەلكەن بېغىدىن تۆتنى تارتىپ، قۇيرۇق تەرەپتىكى يەلكەننى ئېلىۋەتكەن بولاتتىم.

بۇ كەسكىن ۋە جاراڭلىق ئاۋازنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن چۆچۈپ كەتتى. پېنېلون قولىنى كۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە قىرلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ كاپىتانىنىڭ بۇيرۇقلىرىنى شۇنچە يۈرەكلىك ھالدا تەنقىد قىلغان بۇ كىشىگە سەپسېلىپ قاراپ قويدى.

— بىز ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئىش قىلدۇق، تەقسىر، — دېدى قېرى دېڭىزچى بىرئاز قايىل بولغان ھالدا. — بىز بوراننىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئۇدۇل مېڭىش ئۈچۈن، قۇيرۇق تەرەپتىكى يەلكەنلەرنى شامالغا يانچە قىلىپ ئايلاندۇردۇق، كېمىنى بورانغا كەينىچە قىلىپ بۇردۇق. ئون مىنۇتتىن كېيىن كىچىك يەلكەنلەرنىمۇ ئېلىۋەتتۇق ۋە پەقەت يەلكەن تانالىرىنىلا قالدۇرۇپ ئۈزۈپ كەتتۇق.

— بۇ كېمە تولىمۇ كونا بولغاچقا ئۇنداق تەۋەككۇل قىلىشقا بولمايتتى، — دېدى ئىنگلىز.

— ھە، بەللى! مانا شۇ ئەھۋال بىزنى گۇم قىلدى. 12 سائەت جەريانىدىكى ھەتتا شەيتاننىڭمۇ جېنىنى چىقىرىۋېتىدىغان قاتتىق چايقىلىشتىن كېيىن كېمىنىڭ يېنىدىن بىر يوچۇق ئېچىلدى.

«پېنېلون، — دېدى كاپىتان، — بىز سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتىمىز. رولنى ماڭا بېرىپ، تۆۋەنگە چۈشۈپ قاراپ باق».

مەن رولنى ئۇنىڭغا بېرىپ تۆۋەنگە چۈشتۈم. ئۇ يەرگە ئۈچ دىيۇيمچە سۇ تولۇپ بولغانىكەن. مەن ئۈستىگە يۈگۈرۈپ چىقىپ: «سۇنى سىرتقا تۆكۈڭلار!» — دەپ ۋارقىرىدىم. بىراق، نەدىكىنى! ۋاقتى ئۆتكەنىدى. ھەممىمىز بۇ ئىشقا تۇتۇش قىل-



دۇق، لېكىن بىز سۇنى سىرتقا چىقارغانسېرى، سۇ تېخىمۇ كۆپلەپ كىرىشكە باشلىدى.

«بولدى، قويۇڭلار بۇ ئىشنى، — دېدىم مەن تۆت سائەت ئاۋارە بولغاندىن كېيىن، — چۆكسەك چۆكەيلى، ئۆلۈم دېگەن ئىككى قېتىم كەلمەيدۇ، بىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش يوق».

«سەن باشقىلارغا مۇشۇنداق ئۆلگە كۆرسەتمەسەن، پېنېلون تاغا؟ — دېدى كاپىتان، — قېنى، توختاپ تۇر!»

ئۇ ئۆزىنىڭ بۆلمىسىگە كىرىپ كېتىپ، ئىككى تاپانچىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

«سۇ چىقىرىش پومپىسىنى بىرىنچى بولۇپ كىم تاشلىسا شۇنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇپ تاشلايمەن!» — دېدى ئۇ.

— توغرا، — دېدى ئىنگلىز.

— جايىدا ئېيتىلغان سۆز غەيرەتنى ئاشۇرىدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى دېڭىزچى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋامۇ ئېچىلىپ، شامال پەسەيدى. لېكىن سۇ توختىماستىن كىرىۋەردى. كۆپ ئەمەس، ھەر سائەتتە ئىككى دىيۇيمچە سۇ كىرىپ تۇراتتى، شۇنداق بولسىمۇ كىرىۋەردى. بىر سائەتتە ئىككى دىيۇيما دېسە بۇ ناھايىتى ئازدەك ئاڭلىنىدۇ، ئەمما 12 سائەتتە ئاز دېگەندە 24 دىيۇيما سۇ يىغىلىدۇ. 24 دىيۇيما دېگىنىمىز ئىككى فۇت دېگەن سۆز. بۇ ئىككى فۇت، ئۇنىڭدىن بۇرۇن تولۇپ بولغان ئۈچ فۇت بىلەن قوشۇلۇپ بەش فۇتنى تەشكىل قىلىدۇ. قورسىقىغا بەش فۇت سۇ يىغىلغان كېمە خۇددى سېرىق سۇ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانغا ئوخشاپ قالىدۇ.

«ھە، ئەمدى بولدى قىلايلى، — دېدى كاپىتان، — ئەمدى موررېل ئەپەندىمۇ بىزدىن ئاغرىنمايدۇ. بىز كېمىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قولىمىزدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىنى قىلىپ

باقتۇق. ئەمدى ئادەملەرنى قۇتۇلدۇرۇش كېرەك. قېيىقنى چۈشۈرۈڭلار، يىگىتلەر، چاققان بولۇڭلار!»

— ئويلاپ بېقىڭ، موررېل ئەپەندى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى پېنېلون، — بىز «فىرئاۋۇن» نى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتۇق. لېكىن، دېڭىزچى كېمىنى ھەر قانچە ياخشى كۆرسىمۇ، ئۆزىنىڭ جېنىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا بىزمۇ تېزلىكتە ھەرىكەتكە كەلدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كېمە ئېچىنىشلىق غىچىرلاپ كەتتىكى، گويا بىزگە: «چاققانراق كېتىڭلار!» دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بىچارە «فىرئاۋۇن» نىڭ ئېيتقىنى دۇرۇس ئىدى. بىز ئاياغ ئاستىمىزدىكى كېمىنىڭ سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتۇق. قىسقىسى، بىردەمدىلا قېيىق چۈشۈرۈلدى. بىز سەككىز كىشى ھەممىمىز قېيىققا چۈشۈپ ئولتۇرۇۋالدۇق. كاپىتان ھەممىدىن كېيىن چۈشتى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۆزى چۈشمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كېمىنى تاشلاپ كەتكۈسى كەلمەيتتى، ئۇنى مەن قۇچاقلاپ كۆتۈردۈم-دە، بۇرادەرلەرگە تاشلاپ بەردىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈممۇ كېمىدىن سەكرەپ چۈشتۈم. ھېلىمۇ، ئارانلا ئۈلگۈرۈپتۇق. مەن ئەمدىلا قېيىققا چۈشۈشۈم بىلەن كېمىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى شۇنداق قاتتىق ئاۋاز چىقىرىپ يېرىلىپ كەتتىكى، خۇددى 48 زەمبىرەكلىك كېمىدىن بىراقلا توپ ئېتىلغاندەك بولدى. ئون مىنۇتتىن كېيىن كېمىنىڭ باش قىسمى چۆكۈشكە باشلىدى، ئاندىن بىر يېنىغا قىيسايدى، ئاخىرى خۇددى ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلىمەكچى بولۇۋاتقان ئىتقا ئوخشاش پىرقىراپ كەتتى. شۇنىدىن كېيىن، ئىش تامام، ۋەسسالام! ھە! ئىش پۈتتى، «فىرئاۋۇن» يوق بولدى! ئۆزىمىزگە كەلسەك، ئۈچ كۈننى ھېچنېمە يېمەي، ئىچمەي ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆز ئىچىمىزدىن چەك تاشلاپ، قايسىمىزنى ئوزۇق قىلىش توغرىسىدا گەپلىشىشكە باشلىغانىدۇق،



ئۇشتۇمتۇت «ژىروندو» كېمىسى كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇنىڭغا سىگنال بەردۇق. كېمە بىزنى كۆردى، بىز تەرەپكە بۇرۇلدى ۋە بىر قېيىقنى ئەۋەتىپ، بىزنى كېمە ئۈستىگە چىقىرىۋالدى. ئەھۋال مانا شۇنداق بولدى، موررېل ئەپەندى. دېڭىزچىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىڭ! شۇنداقمۇ، بۇرادەرلەر؟

ماتروسلارنىڭ بىر ئېغىزدىن ماقۇللىغانلىقى شۇنى كۆرسەتتىكى، بۇ ھېكايىچى بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى ھەقىقىي تۈردە بايان قىلغانلىقى ھەم ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈك ماختاشقا ئېرىشتى.

— ماقۇل، دوستلىرىم، — دېدى موررېل ئەپەندى، — سىلەردە گۇناھ يوق. مەن بۇ بەختسىزلىكنى ئۆزۈمنىڭ شور پېشانەمدىن كۆرىمەن. بۇ، بەندىلەرنىڭ گۇناھى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ئىرادىسى. خۇدانىڭ ئىرادىسىگە باش ئەگمەي ئامال يوق. ئەمدى ئېيتىڭلار، سىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى ئىش ھەققىڭلار قانچە بولۇشقا تېگىشلىك؟

— بولدى، موررېل ئەپەندى بۇ گەپنى قويايلى.

— ياق، ئەمدى مۇشۇ گەپنى قىلىشايلى، — دېدى خوجايىن ھەسرەتلىك تەبەسسۇم بىلەن.

— بىزگە ئۈچ ئاي بولدىغۇ دەيمەن... — دېدى پېنېلون.

— كوكلېس، ئۇلارغا 200 فرانكتىن تارقىتىپ بېرىڭ، — دېدى موررېل، — ئەسلىدە سىلەرگە يەنە ئىككى يۈز فرانكتىن مۇكاپات پۇلى بەرگۈم بار ئىدى. لېكىن ھازىر ئەھۋال باشقىچە، دوستلىرىم، قولۇمدا قالغان ئاشۇ كىچىككىنە دەسمايەممۇ ئۆزۈمگە قاراشلىق ئەمەس بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە ئەيىبكە بۇيرۇڭلار.

پېنېلوننىڭ چىرايى ئېچىنىشلىق پۈرۈشۈپ كەتتى. ئۇ، بۇرادەرلىرى تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئۇلار بىلەن ئاللىنېمىلەرنى دەپ

پىچىرلىشىۋالدى ـ دە، يەنە خوجايىنغا مۇراجىئەت قىلدى.

— دېمەك، ھېلىقىنى، موررېل ئەپەندى، — دېدى ئۇ، ئاغزىدىكى كۆك تاماكىنى ئۇيياقتىن ـ بۇيياققا ئۆتكۈزۈپ ۋە ئالدىنقى قېتىم قىلغىنىغا ئوخشاش يەنە بىر قېتىم تاشقىرىقى ئۆيگە قارىتىپ تۈكۈرۈپ، — ھېلىقىنى، ئاشۇ ...

— نېمىنى؟

— پۇلنى...

— ھە، نېمە بولدى؟

— بۇرادەرلەر دەيدۇ، موررېل ئەپەندى، بىزگە ھازىرچە 50 فرانكتىن بېرىپ تۇرسىڭىزمۇ يېتىدۇ. قالغىنىغا كېيىنچە بىر گەپ بولار.

— رەھمەت سىلەرگە دوستلىرىم، رەھمەت! — دېدى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغىچە تەسىرلەنگەن موررېل ئەپەندى. — سىلەر ھەممىڭلار ئالىيجاناب كىشىلەر. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، پۇلۇڭلارنى ئېلىڭلار. باشقا يەردىن ئىش تاپساڭلار، ئىشلەۋېرىڭلار. سىلەر ئەمدى مېنىڭ قول ئاستىمدا ئەمەس.

بۇ ئاخىرقى سۆزلەر ئاق كۆڭۈل ماترۇسلارنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇلار مودۇققان ھالدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى. پېنېلوننىڭ نەپىسى بوغۇلۇپ كەتتى ۋە كۆك تاماكىسىنى يۇتۇۋېتىشكە تاس قالدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇ دەل ۋاقتىدا قولى بىلەن كېكىردىكىنى چىمىك تۇتۇۋالدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، موررېل ئەپەندى، — دېدى ئۇ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ھالدا. — بىزنى خىزمەتتىن بوشىتىۋېتەمسىز؟ بىز تەلپىڭىزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدۇقمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس دوستلىرىم، — دېدى خوجايىن، — ئۇنداق ئەمەس. ئەكسىچە، مەن سىلەردىن ئىنتايىن رازى. مەن سىلەرنى قوغلىمايمەن. لېكىن، ئىلاجىمىز قانچە؟ مېنىڭ ئەمدى



كېمەم يوق. شۇڭلاشقا، ماڭا ماترۇسلارمۇ لازىم بولمايدۇ.

— كېمە يوق دېگىنىڭىز قانداق گەپ؟ — دېدى پېنېلون، — يېڭى كېمە ياساتمامسىز. بىز كۈتۈپ تۇرىمىز. خۇداغا شۈكۈر، بىز شامالسىز كۈنلەردىكى دېڭىزغا ئوخشاش جىم ئولتۇرۇشقىمۇ كۆنۈك.

— مېنىڭ كېمە ياسانقۇدەك پۇلۇم يوق، پېنېلون، — دېدى خوجايىن غەمكىن كۈلۈمسىرەپ، — شۇنىڭ ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئېيتقىنىڭلار مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك بولسىمۇ، بۇ پىكىرىڭلارنى قوبۇل قىلالمايمەن.

— پۇلىڭىز بولمىسا، بىزگە مائاش بېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. بىز بىچارە «فىرئاۋن»غا ئوخشاش ھېچنەرسە تەلەپ قىلماستىن ئۆز يولىمىزغا راۋان بولالايمىز.

— بولدى قىلايلى، بولدى قىلايلى، دوستلىرىم، — دېدى موررېل ھاياجاندىن دېمى سىقىلغان ھالدا، — مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ قايتىڭلار. ياخشىراق زامانلار كەلگەندە يەنە كۆرۈشەرمىز. ئېمانۇئېل، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ، — سىزمۇ ئۇلار بىلەن بىللە چىقىپ، مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنىڭ شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنىشىغا قاراپ تۇرۇڭ.

— بۇ بىزنىڭ ئاخىرقى خوشلىشىشىمىز ئەمەس، موررېل ئەپەندى، بىز پەقەت «كۆرۈشكىچە خوش» دەپ تۇرايلى، ماقۇلمۇ؟ — دېدى پېنېلون.

— ماقۇل، دوستلىرىم، ئېيتقىنىڭلاردەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەمدى قايتىڭلار.

ئۇ، كوكلېسقا ئىشارەت قىلدى، كوكلېس ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. دېڭىزچىلار خەزىنىچىنىڭ كەينىدىن چىقىپ كېتىشتى. ھەممىدىن كېيىن ئېمانۇئېل چىقتى.

— ئەمدى، — دېدى موررېل ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن

قىزىغا قاراپ، — مېنى بەردەملىككە يالغۇز قويۇڭلار. مېنىڭ بۇ جاناب بىلەن سۆزلىشىدىغان ئىشىم بار.

ئۇ، كۆزلىرى بىلەن تومسون ۋە فىرېنچ بانكا مەھكىمىسىنىڭ ۋەكىلىنى كۆرسەتتى. ئىنگلىز، مۇشۇ ئىشلار بولۇپ ئۆتكۈچە بىر بۇلۇڭدىن قوزغالماستىن تۇرغان بولۇپ، بۇ جەرياندا پەقەت يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىر نەچچە ئېغىز سۆزنىلا قىلغانىدى. ئايال بىلەن قىز ئىككىسى ئۆزلىرى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ تاشلىغان بۇ ناتونۇش كىشىگە بىر قاراپ قويۇپ، چىقىپ كەتتى. زېۋالى ئىشىك ئالدىغا بارغاندا ئۇنىڭغا شۇنداق تىسىرلىك يالقۇرۇپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويدىكى، ناتونۇش كىشى ئۇنىڭغا قاراپ مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ قويدى. ئەگەر شۇ تاپتا روھىي كەيپىياتى چېچىلمىغان بىر كۆزەتكۈچى بولغان بولسا، ئۇنىڭ سوغۇق چىرايىدىكى مۇنداق مۇلايىملىقنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەن بولاتتى. ئەركەكلەر ئۆزلىرى يالغۇز قېلىشتى.

— مانا، ئەھۋال مۇشۇنداق، — دېدى موررېل كرېسلوغا ئولتۇرۇپ، — ئۆزىڭىز ھەممىنى كۆردىڭىز، ھەممىنى ئاڭلىدىڭىز. بۇنىڭغا قوشۇمچە قىلغۇدەك باشقا گەپ يوق.

— ھەئە، — دېدى ئىنگلىز، — سىزنىڭ بېشىڭىزغا بۇ قېتىممۇ خۇددى بۇرۇنقىلىرىدەكلا ناھەقتىن كەلگەن بۇ بەختسىزلىكنى كۆردۈم. بۇ ھال مېنىڭ سىزگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئارزۇيۇمنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

— ئاھ، تەقسىر! — دەپ قويدى موررېل.

— ماڭا قاراڭ، — دېدى يەنە ئىنگلىز، — سىزگە ئەڭ كۆپ قەرز بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى مەنمۇ، شۇنداقمۇ؟

ھەر ھالدا، سىزنىڭ قولىڭىزدىكى چەكلەرنىڭ مۇددىتى ھەممىدىن بۇرۇن توشىدۇ.

— سىز بۇ مۇددەتنى ئۇزارتىشنى خالامسىز؟



— مۇددەتنى ئۇزارتىش مېنىڭ شەنىمنى ھەم شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ھاياتىمنىمۇ ساقلاپ قالغان بولار ئىدى.

— سىزگە يەنە قانچىلىك ۋاقىت كېرەك؟

— موررېل ئويلىنىپ قالدى.

— ئىككى ئاي، — دېدى ئۇ.

— ياخشى، — دېدى ئىنگلىز، — مەن سىزگە ئۈچ ئاي ۋاقىت بېرىمەن.

— سىز تومسون ۋە فىرېنچ بانكىسىنىڭ بۇنىڭغا ماقۇل بولۇشىغا...

— خاتىرجەم بولۇڭ، بارلىق مەسئۇلىيەتنى مەن ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن. بۈگۈن 5 - ئىيۇن كۈنىمۇ؟

— ھەئە.

— ئەمىسە، بۇ چەكلەرنى 5 - سېنتەبىرگە ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقىڭ. مەن 5- سېنتەبىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 11 دە (تام سائىتىنىڭ ستىرېلكىلىرى توپتوغرا 11 نى كۆرسىتىپ تۇراتتى) سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىمەن.

— مەن سىزنى كۈتىمەن، — دېدى موررېل، — سىز شۇ كۈنى پۇللىرىڭىزنى تاپشۇرۇۋالىسىز ياكى ئۇ چاغدا مەن ھايات بولمايمەن.

ئاخىرقى سۆزلەرنى ئۇ شۇنچە ئاستا ئېيتتىكى، ھەتتا ناتونۇش كىشى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىماي قالدى. چەكلەر باشقىدىن يېزىلدى، كونىلىرى يىرتىپ تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن، بىچارە خوجايىن نېمە بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشلىتىپ كۆرۈش ئۈچۈن ئۈچ ئايلىق پۇرسەتكە ئىگە بولدى. ئىنگلىز ئۇنىڭ مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىشىنى ئۆز مىللىتىگە خاس بولغان سالاپەتلىك بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە موررېل ئۇنىڭغا ھەشقاللا - رەھمەت ئېيتىپ ئىشىك ئالدىغىچە

ئۈزۈپ چىققاندىن كېيىن، خۇشلىنىپ چىقىپ كەتتى. پەلەمپەيدە ئۇ ژىزۇلىنى ئۇچىراتتى. ئۇ، پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك قىياپەتتە كىرىۋالدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ، بۇ كىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— ئاھ، تەقسىر! — دېدى ئۇ يالۋۇرغان تەرىزدە قوللىرىنى كۆكسىنىڭ ئۈستىدىن قوشتۇرۇپ.

— خېنىم، — دېدى ناتونۇش كىشى، — كىرزىلەرنىڭ بىردە سىز بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالسىز. ئۇ خەتكە... سىندباد - سایاهەتچى① دېگەن ئىمزا قويۇلغان بولىدۇ. ئۇ خەتنىڭ مەزمۇنى سىزگە ھەرقانچە غەلىتە تۇيۇلسىمۇ، شۇ خەتتە نېمە يېزىلغان بولسا شۇنى ئۆز ئەينى بويىچە ئىجرا قىلىڭ.

— ماقۇل، — دېدى ژىزۇلى.

— چوقۇم شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بېرەلەمسىز؟

— ۋەدە بېرىمەن!

— ياخشى. خەير - خوش، خېنىم. ھەر دائىم ئاتا - ئانىڭىزنىڭ مۇشۇنداق ياخشى، مۇشۇنداق كۆيۈمچان قىزى بولۇڭ. شۇنداق بولسىڭىز، خۇدا بەختىڭىزنى بېرىپ، ئىمانۇئېلى سىزگە ئەر قىلىپ قوشۇپ قويىدۇ.

ژىزۇلى ئاۋازىنى ئاران چىقىرىپ «ئاھ» دەپلا قالدى - دە، ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى ۋە يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن پەلەمپەينىڭ سالاسۇنىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ناتونۇش كىشى ئۇنىڭغا قولى بىلەن خۇشلىشىش ئىشارىسىنى قىلىپ قويۇپ ئۆز يولىغا كېتىۋەردى، قورۇغا چىققاندا ئۇ پىنىلونى ئۇچراتتى، پىنىلون ھەر بىر قولىدا يۈز فرانكتىن چىگىلگەن ئىككى تۈگۈنچىنى كۆتۈرۈپ ۋە بۇنى ئېلىپ كەتكۈسى كەلمىگەندەك ئىككىلىنىپ تۇراتتى.

— يۈرۈڭ، دوستۇم، — دېدى ئىنگلىز، — مېنىڭ سىزگە ئېيتىدىغان مۇھىم گېپىم بار.

① سىندباد - سایاهەتچى — «مىڭ بىر كېچە» چۆچەكلىرىدىكى مەشھۇر سەرگۈزەشتە قەھرىمانى.



## ئوتتۇزىنچى باب

### بەشىنچى سېنتەبىر

موررېلغا تومسون ۋە فىرېنچ بانكا مەھكىمىسىنىڭ ۋەكىلى تەرىپىدىن بېرىلگەن پۇرسەت ئۇنىڭغا گوياكى تەقدىر بىر كىشىنى بوزەك قىلىشتىن زېرىككەندە قايتىپ كېلىدىغان بىر خىل سائادەتتەك تۇيۇلدى. ئۇ، خۇسۇسەن مۇشۇ بانكىنىڭ بۇنداق كەڭچىلىك قىلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. شۇ كۈنىلا ئۇ ئۆزىنىڭ قىزى، ئايالى ۋە ئېمانۇئېلغا بۇ ئىشنى سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلىگە خاتىرجەملىك بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا بىرئاز ئۈمىد كىردى. ئەپسۇسكى، موررېلنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزىگە شۇنچە ئادەمگەرچىلىك قىلغان تومسون ۋە فىرېنچ شىركىتى بىلەنلا چەكلەنمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆزى ئېيتقاندەك، سودا ئىشلىرىدا بېرىپ - كېلىشلەر بولىدۇ، دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. ئۇ، ئۆز كۆڭلىدە تومسون ۋە فىرېنچ شىركىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئالىيجانابلىق قىلغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتى. بۇ ئىشنى ئۇ ئاقىلانە مەنپەئەتپەرەسلىكتىن بولغان، يەنى ئۇلار: بىزگە 300 مىڭ فرانكقا يېقىن قەرزدار بولغان كىشىنىڭ ۋەيران بولۇشىنى تېزلىتىپ، ئالتە ياكى سەككىز پىرسەنت ئۆسۈمىنى ئېلىشتىن كۆرە، ئۇنىڭغا يار - يۆلەكتە بولۇپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن بۇ پۇللارنى تولۇق ئېلىش ئەۋزەل، دەپ ئويلىغان گەپ، دەپ قارايتتى. بىراق، موررېلغا قەرز بەرگۈچىلەردىن باشقىلىرى نىيىتىنىڭ يامان بولغانلىقىدىنمۇ ياكى چوڭقۇر ئويلاشنى بىلمىگەنلىكىدىنمۇ، ئىش قىلىپ، مەسىلىگە بۇنداق قارىمىدى، بەزىلى-

رى ھەتتا بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتتى، شۇڭا، موررىلنىڭ قولى قويۇلغان چەكلەر بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭغا كەلتۈرۈلدى. ۋەھالەنكى، كوكلىس ئىنگلىز تەرىپىدىن بېرىلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇ قەرزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ۋاقتىدا تۆلىۋەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كوكلىس يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۆزىنىڭ تەۋرەنمەس خاتىرجەملىكى بىلەن يۈرۈۋەردى. پەقەت موررىلنىڭ ئۆزىلا دەككە-دۈككە ئىچىدە شۇنى ئويلايتتىكى، ئەگەر 15 - چېسلا بوۋىلغا 100 مىڭ فرانك، 30 - چېسلا خۇددى شۇنىڭدەكلا ئارقىغا سۈرۈلگەن باشقا بىر چەكتىكى 32 مىڭ 500 فرانكنى تۆلەشكە توغرا كەلگەن بولسا، ئۇ مۇشۇ ئايدىلا تۈگەشكەن بولاتتى.

مارسىلدىكى بارلىق سودىگەرلەر موررىل ئۈستى - ئۈستىگە كەلگەن بۇ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، دېگەن كۆز قاراشتا ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىيۇن ئېيىغا يېزىلغان چەكلەرنىڭ پۇلىنى ئادەتتىكىدەك تولۇق تاپشۇرغانلىقى كىشىلەرنىڭ ئومۇمييۈزلۈك ھەيرانلىقىنى قوزغىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنمەسلىك يوقالمىدى ۋە كىشىلەر بۇ بىچارە خوجايىننىڭ گۇمران بولۇشىنى كېلەركى ئاينىڭ ئاخىرىدا يۈز بېرىدۇ، دەپ مۆلچەر قىلىشتى. پۈتۈن ئىيۇل ئېيى داۋامىدا موررىل كېرەكلىك قىممەتتىكى مەبلەغنى جەملەش ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە كۈچ چىقاردى. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئۇ بىرەر توختام تۈزمەكچى بولسا، ئۇنىڭ قەرەلىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تولۇق ئىشەنچ بىلەن قوبۇل قىلىناتتى ۋە ھەتتا ئۇنىڭغا قەرز بېرىشكە ئۆزلۈكىدىن قىزىقىدىغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. موررىل ئۈچ ئايلىق قەرەلگە چەك تارقاتماقچى بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ چەكلىرىنى بىر بانكىمۇ قوبۇل قىلمىدى. ھېلىمۇ ياخشى موررىل ئۆزىنىڭ بىرئاز ئېلىشى بار ئىدى. بۇ ئېلىم ئىشى ئەمەلگە



ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن، موررىل ئاي ئاخىرىدا قەرز بەرگۈچىلەرنى يەنە قانائەتلەندۈردى. تومسون ۋە فرېنچ بانكا مەھكىمىسىنىڭ ۋەكىلىنى مارسىلدا ھېچكىم ئىككىنچىلەپ ئۇچراتمىدى. ئۇ، موررىل ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يوق بولدى. ئۇ، پەقەت ۋالمىي، تۈرمە ئىشلىرى نازىرى ۋە كېمە خوجايىنى بىلەنلا كۆرۈشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ شەھەرگە كېلىپ كەتكەنلىكى باشقا ھېچقانداق ئىز قالدۇرمىدى. پەقەت ئاشۇ ئۈچ كىشىلا ئۇ توغرۇلۇق ئوخشاشمىغان ئەسلىمىلەرنى ساقلاپ قالدى. «فىرئاۋن»نىڭ ماترۇسلىرىغا كەلسەك، ئۇلار باشقا خوجايىنغا يالىنىپ كېتىشكەن بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇلارمۇ كۆرۈنمەس بولۇپ كەتتى.

كېسەل سەۋەبى بىلەن پالما ئارىلىدا قالغان كاپىتان گومار سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن مارسىلغا قايتىپ كەلدى. ئۇ، موررىل ئەپەندىگە يولۇقۇشقا پېتىنالمىدى. لېكىن، موررىل ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۆزى ئۇنى يوقلاپ باردى. بۇ ئادالەتلىك خوجايىنغا پېنېلوننىڭ ئېيتقانلىرىدىن، كېمە ھالاكەتكە دۇچار بولغان مەزگىلدىكى كاپىتاننىڭ جاسارەتلىك ئىش - ھەرىكەتلىرى مەلۇم ئىدى. شۇڭا، ئۇ، كاپىتاننىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزى كەلدى. ۋەھالەنكى، كاپىتان گومار مائاشىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن بارماس ئىدى. موررىل ئەپەندى ئۇنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىققۇچە، پەلەمپەيدە پېنېلون بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ، مائاشىنى ئوبدان ئىشلەتكەن بولسا كېرەك، چۈنكى ئۇ باشتىن - ئاياغ يېڭى كىيىم كىيگەنىدى، ئاق كۆڭۈل رولچى خوجايىنىنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھودۇقۇپ كەتتى، ئۇ پەلەمپەي مەيدانچىسىنىڭ ئەڭ چەتتىكى بىر بۇلۇڭىغا ئۆتۈپ، ئاغزىدىكى كۆك تاماكىسىنى باشتا ئوڭدىن سولغا، ئاندىن سولدىن ئوڭغا ئۆتكۈزۈپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ قالدى ۋە

موررېل ئەپەندىنىڭ ھەر دائىمقىدەك دوستانە قول قىسىشىغا جۈرئەت قىلالمىغان ھالدا ئاستا قول قىسىش بىلەن جاۋاب قايتۇردى. موررېل ئەپەندى پېنېلوننىڭ ھودۇقۇشىنى ئۇنىڭ ياسىنىپ كېيىنىۋالغانلىقىدىن كۆردى. بۇ قېرى ماتروس ئەزەلدىن كىيىم ـ كېچەككە كۆپ پۇل خەجلىمەيتتى؛ ئېھتىمال، ئۇ باشقا بىر كېمىگە يالىنىپ ئورۇنلىشىپ بولغاندۇر ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، كۆپ ئۆتمەيلا «فىرئاۋن»نىڭ قارىلىقىنى سۇندۇرغانلىقىدىن خىجىل بولۇۋاتقاندۇر. ئېھتىمال، ئۇ كاپىتان گومارنىڭ يېنىغىمۇ ئىشنىڭ ئوڭغا تارتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇنىڭغا يېڭى خوجايىنىنىڭ تەكلىپىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەندۇر.

— ئەي، ياخشى كىشىلەر! — دېدى موررېل يىراقلىشىپ كېتىۋېتىپ، — ئىلاھىم، يېڭى خوجايىنىڭلارمۇ سىلەرنى ماڭا ئوخشاش ياخشى كۆرسۇن ۋە مېنىڭدىن بەختلىكرەك بولسۇن.

ئاۋغۇست ئېيى موررېلنىڭ بۇرۇنقى قەرز ئېلىش مەنبەلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ياكى يېڭى مەنبە تېپىش يولىدىكى توختاۋسىز ئىزدىنىشلىرى بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. 20 - ئاۋغۇست كۈنى مارسېلدا ئۇنىڭ پوچتا پەيتۇنىغا ئولتۇرۇپ شەھەردىن چىقىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا گەپ تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەممە كىشىلەر، موررېل مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ گۇمران بولغانلىقىنى ئېلان قىلىشى مۇمكىن ھەمدە بۇنداق قايغۇلۇق مۇراسىمغا قاتناشماسلىق ئۈچۈن ئاتايىن كېتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ يەردىكى ئىشلىرىنى ئۆزىنىڭ باش پىرىكازچىكى ئېمانۇئېل بىلەن خەزىنە باشقۇرغۇچىسى كوكلېسقا تاپشۇرغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشتى. لېكىن، كىشىلەرنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە، 31 - ئاۋغۇست كۈنى يېتىپ كەلگەندە مالىيە ئىشخانىسى بۇرۇنقىدەكلا ئىش باشلىدى. كوكلېس بەئەينى گوراتسىينىڭ ئەسىرىدىكى «تەقۋادار ئەر» گە ئوخشاش كاسسا رې-



شاتكىسىنىڭ ئىچىدە غەم تارتماي ئولتۇراتتى. ئۇ، ئۆزىگە سۇنۇلغان چەكلەرنى بۇرۇنقىدەكلا دىققەت بىلەن كۆرۈپ چىقىپ، بىرىنچى چەكتىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرقى چەككىچە ھەممىسىنىڭ پۇلىنى بۇرۇنقىدەكلا تولۇق قايتۇردى. ھەتتا، موررېلنىڭ ئالدىن پەرەز قىلغىنىدەك، ئۇنىڭغا ئامانەت قويۇلغان ئىككى چەكنىمۇ قايتۇرۇشقا توغرا كەلدى. كوكلېس بۇ چەكلەرنىڭ پۇلىنىمۇ خۇددى خوجايىنىنىڭ شەخسىي چەكلىرىگە ئوخشاشلا تولۇقى بىلەن قايتۇرۇپ بەردى. بۇ ئىشلارنى ھېچكىم چۈشىنەلمىدى. شۇنداقتىمۇ شۇم خەۋەر يەتكۈزۈشكە خۇشتار كىشىلەر ئۆزلىرىگە خاس كاجلىقى بىلەن گۇمران بولۇش ۋاقتىنى سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىغا سۈرۈشتى.

1 - سېنتەبىر كۈنى موررېل قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسى ئۇنى غايەت زور تەشۋىش ئىچىدە كۈتمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چىقىش يولى پارىژغا قىلىنغان مۇشۇ سەپەرنىڭ نەتىجىسىگە باغلىق بولۇپ قالغانىدى. موررېل مىليونېر بولۇپ قالغان دانگلارنى يادىغا ئالغانىدى. بىر چاغلاردا دانگلار ئۇنىڭ زور ياخشىلىقىنى كۆرگەن، چۈنكى ئۇ موررېلنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئىسپانىيىلىك بانكا ئىگىسىنىڭ خىزمىتىگە ئورۇنلىشىپ، تېز بېيىپ كەتكەنىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دانگلار ئالتە مىليوندىن سەككىز مىليونغىچە نەق پۇل ۋە چەكسىز قەرزگە ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. دانگلار يانچۇقىدىن بىر دانە تەڭگىنىمۇ چىقارماي تۇرۇپلا موررېلنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدى. ئۇ پەقەت موررېلنىڭ نامىغا كېپىللىك بەرسىلا ھەممە ئىش ھەل بولۇپ كېتەتتى. موررېل خېلى بۇرۇنلا دانگلارنى ئويلاپ يۈرەتتى. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر، ئۆزىگىمۇ مەلۇم بولمىغان بىر سەۋەبتىن موررېل دىلىدا ئۇنى ياقتۇرمايتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مۇشۇ ۋاقىتچە ئۇنىڭ ئالدىغا بارغۇسى كەلمەي تۇرغانىدى. ئاخىرى، باشقا ھېچقانداق ئامال قالمىغاندا ئۇ دانگلارنىڭ ئال-

دىنغا بېرىشقا مەجبۇر بولدى ۋە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى چۈشەندى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ياردەم سوراش ئىلتىماسىغا قارىتا دانگلارنىڭ ھاقارەتلىك رەت قىلىش جاۋابىنى ئېلىپ قايتتى. لېكىن، ئۆز ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرگەندىن كېيىن موررېل زارلىنىش ۋە يامانلاشتىن بىر ئېغىزمۇ سۆز ئاچمىدى. ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئايالى بىلەن قىزىنى قۇچاقلىدى، ئېممانۇئېلنىڭ قولىنى دوستانە رەۋىشتە قىسىپ كۆرۈشتى، شۇندىن كېيىن ئۈچىنچى قەۋەتتىكى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە كوكلېسنى ئۆزىنىڭ يېنىغا چاقىرتتى.

— ئەمدى ۋەيران بولدۇق، — دېدى موررېل خانىم بىلەن ژيۇلى ئىككىسى ئېممانۇئېلغا قاراپ.

ئۇلار ئۈچەيلەن قىسقىغىنا مەسلىھەت قىلىشىۋالغاندىن كېيىن، ژيۇلى نىمادىكى ھەربىي سەپتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئاكىسىغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ دەرھال قايتىپ كېلىشىنى جېكىلەپ چاقىرتماقچى بولدى. بىچارە ئانا - بالا ئىككىيلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان زەربىگە بەرداشلىق بېرىش ئۈچۈن بارلىق كۈچ - غەيرىتىنى يىغىش لازىم ئىكەنلىكىنى ئۆزلۈكىدىن ھېس قىلاتتى. ماكسىمىلىئان موررېل گەرچە ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، ئاتىسىنىڭ نەزەرىدە يۈكسەك ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. بۇ، مىجەزى تۈز ۋە ئىرادىلىك يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەت تاللاش ۋاقتى كەلگەندە ئاتىسى ئۇنى مەجبۇرلاشنى خالىمىدى ۋە ئۆزىنىڭ ھەۋىسى ۋە قابىلىيىتىگە يارىشا خىزمەت تاللاشنى ئوغلىنىڭ ئۆز ئىختىيارىغا قويدى. ئوغلى ھەربىي سەپتە خىزمەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭغا توختاشقاندىن كېيىن، ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. نەتىجىدە ھەربىي سانائەت مەكتىپىنىڭ ئەلا ئوقۇغۇ-



چىلارنى تاللاش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، پودپورۇچىكلىق ئۇنۋانى بىلەن 53 - پىيادىلەر پولكىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇ، بۇ خىزمەتنى ئۆتەۋاتقىنىغا بىر يىل بولاي دەپ قالغان بولۇپ، يېقىندا پورۇچىكلىق دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى. پولك ئىچىدە ماكسىمىلىئان موررېل ھەربىي ئىنتىزام بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئادەمگەرچىلىك بۇرچىغىمۇ قاتتىق رىئايە قىلىدىغانلاردىن بىرى ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىلار ئۇنى «ستوئىك» دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغا بۇ نامنى بەرگۈچىلەرنىڭ كۆپلىرى باشقىلارغا ئەگىشىپ شۇنداق دېيىشسىمۇ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەيتتى.

ئانا بىلەن قىز ئىككىيلەن يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئېغىر پەيتلەردە ئۆزلىرىگە يار - يۆلەك بولۇشنى ئويلاپ، ئەنە شۇ ياش ئوفىتسېرنى چاقىرىشقانىدى. ئۇلار ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ خاتالاشمىغانىدى. موررېل ئەپەندى كوكلېسنى ئۆز ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ بىر نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ژيۇلى خەزىنىچىنىڭ ئىشخانىدىن تامدەك تاتىرىپ كەتكەن ۋە تىترەپ تۇرغان ھالدا كۆزلىرى ئالاقزادە بولۇپ قايتىپ چىققانلىقىنى كۆردى. ژيۇلى ئۇنى توختىتىپ گەپ سورىماقچى بولغانىدى، ئەمما بۇ بىچارە پەلەمپەيدىن ئۆزىگە خاس بولمىغان ئالدىراشلىق بىلەن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈردى - دە:

— ۋاي، ژيۇلى خېنىم! بۇ نېمىدېگەن دەرد - ئەلەم! بۇنداق بولۇشنى كىممۇ ئويلىغان! — دەپ خىتاب قىلىش بىلەن چەكلەندى.

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ بىر نەچچە قېلىن ھېسابات دەپتەرلىرىنى، خاتىرە دەپتەر ۋە بىر خالتا پۇلنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى.

مورېل ھېسابات دەپتەرلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، خاتىرە دەپتەرنى ئېچىپ كۆرۈپ، پۇللارنى ساناپ چىقتى. ئۇنىڭ بارلىق نەق كاپىتالى 8000 فرانكقا باراۋەر ئىدى. 5 - سېنتەبىرگىچە يەنە تۆت - بەش مىڭ فرانىك كىرىم بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتۈشكە بولاتتى. شۇنداق بولغاندا توپلاشقا بولىدىغان پۇل ئەڭ كۆپ بولسا، 14 مىڭ فرانكتىن ئاشمايتتى. ئۇنىڭ بويىنىدىكى قەرزى بولسا، 287 مىڭ 500 فرانكنى تەشكىل قىلاتتى. بۇنچىلىك كۆپ پۇلنى ئەمدى تۆلەشنى خىيال قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، مورېل چۈشلۈك غىزاغا ئولتۇرغاندا كۆرۈنۈشى خېلىلا خاتىرجەم ئىدى. بۇنداق خاتىرجەملىك ئانا بىلەن قىزنى ئەڭ كۈچلۈك ھەسرەتتىنمۇ بەكرەك قورقۇتۇۋەتتى. مورېلنىڭ تاماقتىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ئادىتى بار ئىدى. ئۇ «فوكېيلىتلار كۇلۇبى»غا باراتتى ۋە بىر چىنە قەھۋەنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ، «سېمافور» گېزىتىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئۆيدىن چىقماستىن، ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا قايتىپ كىرىپ كەتتى.

كوكلىس بولسا، پۈتۈنلەي ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، 30 گرادۇسلۇق ئىسسىقلىقتا قارىماي يالاڭباش ھالدا ھويلىدىكى بىر تاشنىڭ ئۈستىدە يېرىم كۈندىن كۆپرەك ئولتۇرۇپ چىقتى. ئېمانۇئېل، مورېل خانىم بىلەن ژيۇلىگە مەدەت بېرىشكە ئۇرۇنۇپ باقتى، بىراق ئۇ سۆزلەش ئىقتىدارىنى يوقاتقانىدى. ئۇ، شىركەتنىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا مورېل ئائىلىسىگە كېلىش ئالدىدا تۇرغان دەھشەتلىك بالايى - ئاپەتنى ئالدىن كۆرەلەيتتى. كەچ كىردى. مورېل خانىممۇ، ژيۇلىمۇ، مورېلنىڭ ئىشخانىدىن چىقىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىشىنى كۈتۈپ ئۇخلاشقا ياتمىدى. لېكىن، ئۇلار مورېلنىڭ تىۋىش چىقارماسلىققا تىرىشىپ ئىشىك ئالدىدىن



ئاستا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇلار قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى. مورېل ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى. مورېل خانىم قىزىغا ئۇخلاشنى بۇيرۇدى. ژيۇلى ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە چىقىپ كېتىپ يېرىم سائەتچە ئۆتكەندىن كېيىن مورېل خانىم ئېرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ماراپ بېقىش ئۈچۈن ئاستا كارىدورغا چىقتى. كارىدوردا ئۇ يەنە بىر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆردى. بۇ، خۇددى شۇنداقلا ئەنسىرەپ ئاپىسىدىن بۇرۇنراق كارىدورغا چىقىۋالغان ژيۇلى ئىدى. قىز مورېل خانىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئۇ خەت يېزىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ.

ئانا - بالا ئىككىسى گەپ - سۆز قىلمايلا بىر - بىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى. مورېل خانىم ئېگىلىپ تۇرۇپ ئىشىك قۇلۇپىنىڭ تۆشۈكچىسىدىن ماردى. مورېل بىر نېمە يېزىۋاتاتتى. لېكىن، مورېل خانىم ئۆزىنىڭ قىزى كۆرمەي قالغان نەرسىنى كۆردى: ئۇنىڭ ئېرى ئائىلە بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن قەغەزگە يازماقتا ئىدى. بۇنى كۆرۈپ مورېل خانىم ئۇنىڭ ۋەسىيەتنامە يېزىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى - دە، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى غال - غال تىترەپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ژيۇلىگە بۇنى ئېيتماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتۇۋالالىدى.

ئەتىسى مورېل ئەپەندى تامامەن خاتىرجەم بولغاندەك كۆرۈندى. ئۇ يەنە ھەر دائىمقىدەك ئەتىگەنلىك چايغا چىقتى، ھەر دائىمقىدەك شىركەت ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ ئىش بېجىردى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇ قىزىنى ئۆزىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ باغرىغا چىڭ باستى. كەچقۇرۇنلۇقى ژيۇلى ئاپىسىغا، دادىسى ئۇنى باغرىغا باسقاندا ئۆزى خاتىرجەمدەك كۆرۈنسىمۇ، يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ تۇرغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

كېيىنكى ئىككى كۈنمۇ خۇددى شۇنداقلا تەشۋىش ئىچىدە ئۆتتى.

4 - سېنتەبىر كەچتە موررېل قىزىدىن ئىشخانىنىڭ ئاچقۇچىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ژيۇلى چۆچۈپ كەتتى. بۇ تەلەپ ئۇنىڭغا ئاجايىپ قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى. ئۇ تېخى كىچىك بالا ۋاقىتلىرىدا چاتاق قىلىپ قويسا، چوڭلار ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازا تەرىقىسىدە بۇ ئاچقۇچنى ئېلىۋالاتتى. شۇ چاغلاردىن تارتىپ ھەر دائىم ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان بۇ ئاچقۇچنى دادىسى ئەمدى نېمە ئۈچۈن ئېلىۋالماقچى؟ ژيۇلى بۇ گەپنى چۈشىنەلمىگەن ھالدا موررېل ئەپەندىگە قارىدى.

— مەن نېمە گۇناھ قىلدىم، دادا؟ — دېدى ئۇ، — ئاچقۇچنى نېمە ئۈچۈن ئېلىۋالىسىز؟

— سېنىڭ ھېچقانداق گۇناھىڭ يوق، بالام. — دەپ جاۋاب بەردى بىچارە موررېل. قىزىنىڭ بۇ ساددا سوئالىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى، — ھېچقانداق گۇناھىڭ يوق، ئاچقۇچ ماڭا لازىم بولۇپ قالدى.

ژيۇلى يالغاندىن ئاچقۇچنى ئىزدەۋاتقاندەك ھەرىكەت قىلىپ قويدى.

— ئاچقۇچ مېنىڭ ياتاق ئۆيۈمدە قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ئۆيدىن چىقتى. لېكىن بۆلمىسىگە بارماي، ئېممانۇئېلنىڭ يېنىغا مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كەتتى.

— ئاچقۇچنى بەرمەڭ، — دېدى ئېممانۇئېل ئۇنىڭغا، — ۋە مۇمكىن بولسا ئەتە ئەتىگەندىن باشلاپ دادىڭىزنى يالغۇز قالدۇرماڭ.

ئۇ، ئېممانۇئېلدىن بۇ گەپنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن، ئېممانۇئېل ھېچنېمىنى بىلمەيتتى ياكى بىلسىمۇ سۆزلەشنى خالىمايتتى.



4 - سېنتەبىردىن 5 - سېنتەبىرگە ئۆتەر كېچىسى موررېل خانىم تۈن بويى تامنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن ئاڭلىنىپ تۇرغان ئېرىنىڭ ھەرىكەتلىرىنى سەگەكلىك بىلەن تىڭشاپ ياتتى. موررېل خانىم سۈبھى دەم سائەت ئۈچ مەزگىللىرىگىچە ئېرىنىڭ بۆلمە ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدى. سائەت ئۈچ بولغاندىلا موررېل ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئانا بىلەن قىز ئىككىسى بۇ كېچىنى بىرلىكتە ئۆتكۈزۈشتى. ئۇلار ئاخشامدىن بۇيان ماكسىمىلىياننى كۈتمەكتە ئىدى.

ئەتىگەت سائەت سەككىزدە موررېل ئەپەندى ئۇلارنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇ ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتاتتى. ئەمما ئۇنىڭ تاتارغان ۋە جۈدەپ كەتكەن يۈزىدە ئۇيقۇسىز كېچىنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئايالى بىلەن قىزى ئۇنىڭدىن ھال سوراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. موررېلنىڭ، ئايالىغا ۋە قىزىغا تۇتقان مۇئامىلىسى ئادەتتىكىدىن سىلىق ھەم مۇلايىم ئىدى. ئۇ، ژيۇلىگە قاراپ - قاراپ قانمايتتى، ئۇنى ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ سۆيەتتى. ژيۇلى، ئېممانۇئېلنىڭ گەپلىرىنى ئەسلىدى ۋە دادىسى بىلەن بىللە چىقماقچى بولدى. لېكىن، دادىسى ئۇنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ توختىتىۋالدى ۋە:

— سەن ئاپاڭ بىلەن قالغىن، — دەپ قويدى.

ژيۇلى ئۇنىمىدى.

— مەن سېنىڭ قىلىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن! — دېدى موررېل.

بۇ، موررېلنىڭ ھاياتىدا بىرىنچى قېتىم قىزىغا «تەلەپ قىلىمەن» دېگەن گەپنى قىلىشى ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ گېپى شۇ قەدەر ئىسسىق، ئاتىلىق مېھرى بىلەن تولغانىدىكى، ژيۇلى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشقا پېتىنالمىدى. ئۇ ئۆز جايىدا ئۈنچىقماستىن تۇرۇپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئىشىك

قايتىدىن ئېچىلدى ۋە كىمىنىڭدۇ قوللىرى ژيۇلىنى قۇچاقلىدى، كىمىنىڭدۇ لەۋلىرى ئۇنىڭ پېشانىسىگە يېپىشتى. قىز كۆزلىرىنى كۆتۈردى ۋە خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ تاشلىدى.

— ماكسىمىلىئان! ئاكا! — دەپ ئۈن سالدى ئۇ.

بۇۋارقىراشنى ئاڭلاپ موررېل خانىم يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە ئوغلىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ئاپا! — دېدى ماكسىمىلىئان بىردەم ئانىسىغا، بىردەم سىڭلىسىغا قاراپ، — نېمە بولدى؟ سىلەرنىڭ خېتىڭلارنى كۆرۈپ قورقۇپ قالدىم ۋە شۇ ھامانلا يولغا چىقىپ قايتىپ كەلدىم.

— ژيۇلى، — دېدى موررېل خانىم. — داداڭغا ماكسىمىلىئانىڭ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ قويغىن.

ژيۇلى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. لېكىن، ئۇ پەلەمپەيىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا قەدەم قويۇشى بىلەنلا، قولىدا بىر پارچە خەتنى تۇتۇپ ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرغان بىر ئادەمگە دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— سىز موررېل ئەپەندىمنىڭ قىزى ژيۇلى خېنىم بولامسىز؟ — دەپ سورىدى بۇ كىشى قويۇق ئىتالىيانچە ئاھاڭدا.

— ھەئە، مەن شۇ، — دېدى ھەيران بولغان ژيۇلى. — ماڭا نېمە ئىشىڭىز بارئىدى؟ مەن سىزنى تونۇمايمەن.

— مانا بۇ خەتنى ئوقۇپ چىقىڭ، — دېدى ئىتالىيان كىشى ئۇنىڭغا خەتنى ئۇزىتىپ.

ژيۇلى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇ سىزنىڭ ئاتىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئىشىغا مۇناسىۋەتلىك، — دېدى خەت ئەكەلگەن كىشى. ژيۇلى دەرھال خەتنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى. ئۇ ئالدىراشلىق بىلەن قەغەزنى تۈزلەپ، تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئوقۇدى:



«دەرھال مېليان كوچىسىغا بېرىپ، 15 - نومۇرلۇق ئۆيگە كىرىڭ، دەرۋازىۋەندىن بەشىنچى قەۋەتتىكى ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى سوراڭ. شۇ ئۆيگە كىرىسىڭىز، مەشىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغان قىزىل تاۋار ھەميان بار. شۇ ھەميانني ئېلىپ دادىڭىزغا ئاپىرىپ بېرىڭ. بۇ ھەمياننى دادىڭىز بۈگۈن سائەت 11 دىن بۇرۇن تاپشۇرۇۋېلىشى زۆرۈر.

سىز مېنىڭ دېگىنىمنى ئورۇنداشقا ۋەدە قىلغانىدىڭىز. شۇ ۋەدىڭىزنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىتىپ قويىمەن.

سىندىباد - ساياھەتچى»

ژيۇلى خۇشاللىقىدىن «ئاھ» دېۋەتتى ۋە خەتتىن كۆزىنى ئېلىپ بۇ خەتنى ئەكەلگەن ئادەمنى ئىزدەپ ئۇياق - بۇياققا قاراپ چىقتى. لېكىن، ئۇ كىشى كېتىپ قالغانىدى. ئۇ، خەتنى قايتىلاپ ئوقۇپ چىقتى ۋە ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىنغان ئەسكەرتىشنى كۆردى. ئۇ، مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇدى:

«بۇ ۋەزىپىنى ئۆزىڭىز يالغۇز ئورۇندىشىڭىز شەرت. ئەگەر باشقا بىرى بىلەن كەلسىڭىز ياكى ئۆزىڭىز كەلمەي باشقا بىرىنى ئەۋەتسىڭىز، دەرۋازىۋەن ئۆزىڭىز بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ».

بۇ ئەسكەرتىش ژيۇلىنىڭ خۇشاللىقىغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بولدى. بۇ ئىشتىن بىر چاتاق چىقىپ قالامسۇ؟ ئۇ بىرەر ئالدامچىلىققا چۈشۈپ قالامسۇ؟ ئۇنىڭ قەلبى شۇنچە پاك ئىدىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ياش قۇرامىدىكى قىز زادى قانداق خەتەرلىككە يولۇقۇشى مۇمكىنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. لېكىن، خەتەرلىكنى بىلىش قورقۇشنىڭ شەرتى ئەمەس. ئەكسىچە، نامەلۇم خەتەرلىك ئادەمنىڭ دىلىغا ھەممىدىن بەكرەك قورقۇنچ سالىدۇ.

ژيۇلى دىلىغول بولماقتا ئىدى. ئاخىرى، ئۇ باشقىلار بىلەن پىكىرلىشىپ ئىش قىلماقچى بولدى. ئۇ، قانداقتۇر بىر چۈشىنىكسىز سېزىمنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، يولىيورۇق سوراش ئۈچۈن ئاپىسىنىڭ يېنىغا ئەمەس، ئاكىسىنىڭ يېنىغىمۇ ئەمەس، بەلكى ئېمانۇئېلنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ، تۆۋەندىكى قەۋەتكە چۈشۈپ، ئېمە-

ئۇنىڭ دادىسىنىڭ يېنىغا
مانۇئېلغا ھەممىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ يېنىغا
مانۇئېلغا ھەممىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ ۋەكىلى كەلگەن كۆن-
تومسون ۋە فىرېنچ بانكا مەھكىمىسىنىڭ ۋەكىلى كەلگەن كۆن-
دىكى ئىشنى، بۇ ۋەكىل بىلەن ئۇ پەلەمپەيدە ئۇچرىشىپ قېلىپ
ئۇتتۇرىدا بولۇنغان پاراڭنى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىنى
سۆزلەپ بېرىپ، ھازىر تاپشۇرۇۋالغان شۇ خەتنى كۆرسەتتى.

— سىز ئۇ يەرگە بېرىشىڭىز كېرەك، — دېدى ئېممانۇئېل.

— بارسام بولارمۇ؟ — دەپ پىچىرلىدى ژيۇلى.

— شۇنداق قىلىش كېرەك. مەن سىزنى ئۇزىتىپ بارىمەن.

— خەتنى كۆرمىدىڭىزمۇ، ئۇ يەرگە مەن يالغۇز بېرىشىم
كېرەك ئىكەنغۇ؟

— ھېلىمۇ سىز يالغۇز بېرىڭ، — دېدى ئېممانۇئېل، — مەن
سىزنى مۇزېي كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا كۈتۈپ تۇرىمەن. ئەگەر
سىزنىڭ قايتىپ چىقىشىڭىز كېچىكىپ كەتسە مەنمۇ كەينىڭىز-
دىن كىرىمەن.

— دېمەك، ئېممانۇئېل، سىزنىڭ پىكرىڭىزچە، مەن بۇ
تەكلىپ قىلىنغان جايغا بارسام بولىدىكەن - دە؟ — دېدى
تېخىچىلا بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغان قىز.

— ھەئە. خەتنى ئەكەلگەن كىشى، بۇ ئىش دادىڭىزنى
قۇتۇلدۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك دەپتۇغۇ.

— قۇتۇلدۇرغۇدەك نېمە ئىش بار، ئېممانۇئېل؟ دادام
زادى نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ژيۇلى.

ئېممانۇئېل ئىككىلىنىپ قالدى. لېكىن ژيۇلىنى ماقۇل
كەلتۈرۈش خاھىشى ئۇستۇنلۇكنى ئالدى.

— بۇگۈن 5 - سېنتەبىر، — دېدى ئۇ.

— ھەئە.

— بۇگۈن سائەت 11 دە دادىڭىز 300 مىڭ فرانكقا يېقىن
پۇلنى تۆلىشى كېرەك.

— ھەئە، بىز بۇنى بىلىمىز.

— لېكىن. ئۇنىڭ خەزىنىسىدىكى پۇل 15 مىڭغىمۇ
مۇ يەتمەيدۇ، — دېدى ئېممانۇئېل.

— ئەمىسە، قانداق بولىدۇ؟

— ئەگەر بۈگۈن سائەت 11 گىچە دادىڭىز سىرتتىن
بىرەر ياردەمگە ئېرىشەلمىسە، ئۆزىنىڭ گۇمران بولغانلىقىنى
ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

— يۈرۈڭ، چاققان بولۇڭ! — ژيۇلى ھاياجانلىنىپ خە-
تاب قىلدى ۋە ئېممانۇئېلنىڭ قولىدىن تارتىپ باشلاپ
كەتتى.

بۇ ئارىدا موررېل خانىم ئوغلىغا ھەممە ئىشنى بىر باش-
تىن سۆزلەپ بەرگەنىدى. ماكسىمىلىئان. دادىسىنىڭ بېشىغا
كەينى - كەينىدىن كەلگەن بەختسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن ئائىلە ئىچىدە
يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى بىلەتتى؛ لېكىن ئەھۋالنىڭ مۇن-
چىلىك پاجىئەلىك دەرىجىگە يېتىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ
تۇيۇقسىز زەربە گويا ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەندەك بولدى. ئۇ، بۆل-
مىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى ۋە دادىسىنى ئۆز ئىشخانىسىدا
دەپ ئويلاپ، پەلەمپەيدىن ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چىقتى - دە، ئىشىكنى
ئۇرۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ئاستىنقى قەۋەتتىكى ئىشىك
ئېچىلدى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ دادىسىنى كۆردى. ئەسلىدە مور-
رېل ئەپەندى ئىشخانىغا كىرىشتىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە
كىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ يەردىن ئەمدى چىققانىدى. مور-
رېل ئەپەندى ئوغلىنى كۆرۈپ تەئەججۈپ بىلەن «ۋاي» دەپ قال-
دى. ئۇ، ئوغلىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانىدى. ئۇ، چاپىنىنىڭ
ئىچىگە تىقىلغان قانداقتۇر بىر نەرسىنى سول قولتۇقى ئاستىدا
چىڭ قىسىۋالغان ھالدا ئىز جايىدا تۇرۇپ قالدى. ماكسىمىلىئان
پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشتى ۋە دادىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ قۇچاقلى-
دى. بىراق. ئۇ يەنە شۇ ھامان دادىسىنىڭ كۆكرىكىگە ئوڭ
قولى بىلەن تىرەجەپ تۇرۇپ ئارقىغا داجىدى.

— دادا، — دېدى ئۇ مۇردىدەك تاتىرىپ كېتىپ، — چاپمىنىڭىزنىڭ ئاستىغا بۇ تاپانچىلارنى يوشۇرۇپ نېمە قىلىسىز؟

— مانا مۇشۇنداق بولۇپ قېلىشىدىن قورقاندىم... — دەپ پىچىرلىدى موررېل.

— دادا! خۇدا ھەققى! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ماكسىمىلىئان، — بۇ قورالنى نېمە قىلماقچىسىز؟

— ماكسىمىلىئان، — دېدى موررېل ئوغلىغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، — سەن بىر يىگىت ھەم ۋىجدان ئىگىسى. يۈر، ئىشخانىغا كىرەيلى، ساڭا ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىمەن.

موررېل مەزمۇت قەدەملەر بىلەن پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ، ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. ماكسىمىلىئان سەنتۈرۈلۈپ - سەنتۈرۈلۈپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. موررېل ئىشىكنى ئېچىپ ئوغلىنى ئالدىدا كىرگۈزدى ۋە ئىشىكنى قايتىدىن ئېتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئالدىنقى بۆلمىدىن ئۆتۈپ ئىش ئۈستىلىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۈستەلنىڭ بىر چېتىگە ئىككى تاپانچىنى قويۇپ قويدى ۋە ئوغلىغا ئېچىپ قويۇلغان ھېسابات دەپتىرىنى كۆرسەتتى. بۇ دەپتەر ئەھۋالنى ئەينەن سۈرەتلەپ بېرەلەيتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن موررېل 287 مىڭ 500 فرانكنى تۆلىشى لازىم ئىدى. خەزىنىدە بولسا، جەمئىي 15 مىڭ 57 فرانكلا قالغان.

— ئوقۇ! — دېدى موررېل.

ماكسىمىلىئان ئوقۇپ چىقىپ، خۇددى قېتىپ قالغاندەك گەپ قىلالماستىن تۇرۇپ قالدى، دادىسىمۇ گەپ قىلمىدى. رەقەملەرنىڭ بۇ شەپقەتسىز ھۆكۈمى ئالدىدا ئۇ يەنە نېمە دېيەلىشى مۇمكىن؟

— سىز بۇ پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇمكىن بولغان ھەممە چارىلەرنى كۆرۈپ بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ ئاخىرى سورىدى ماكسىمىلىئان.



— ھەئە، — دېدى موررېل.

— باشقا ھېچقانداق كىرىم يوقمۇ؟

— يوق.

— باشقا ھېچقانداق ئامال قالمىدىمۇ؟

— قالمىدى.

— دېمەك، يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن... — دەپ روھىي چۈشكەن ھالدا پىچىرلىدى ماكسىمىلىئان، — ئائىلىمىزنىڭ نامى ھاقارەتكە قالىدۇ!

— ھاقارەتنى قان يۇيۇپ تاشلايدۇ، — دېدى موررېل.

— توغرا گەپ قىلدىڭىز، دادا. مەن سىزنى چۈشەندىم.

ئۇ، قولىنى تاپانچىغا ئۇزاتتى.

— بىرىنى سىز ئېلىڭ، بىرىنى مەن ئالاي، — دېدى ئۇ، — رەھمەت سىزگە.

موررېل ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— ئاپاڭچۇ؟ سىڭلىڭچۇ؟ ئۇلارنى كىم باقىدۇ؟

ماكسىمىلىئان چۆچۈپ كەتتى.

— دادا، — دېدى ئۇ، — مۇشۇنداق ئەھۋالدا سىز يەنە مېنىڭ ھايات قېلىشىمنى خالامسىز؟

— ھەئە، خالايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى موررېل، — چۈنكى بۇ سېنىڭ بۇرچۇڭ. ماكسىمىلىئان، سەن شىجائەتلىك ۋە ئىرادىلىك يىگىت، سەن بىر ئەقىللىق ئادەم. مەن سېنى قىستىمايمەن، مەجبۇرلىمايمەن. مەن ساڭا پەقەت شۇنداقلا دەپ قويىمەن: ئوبدان ئويلىنىپ، ئەھۋالنى ئوبدان تەھلىل قىلىپ ئىش قىلغىن.

ماكسىمىلىئان خىيال سۈرۈپ قالدى. ئاندىن، ئۇ بىر ئالىيجاناب قارارغا كەلگەنلىكتىن كۆزلىرى يالتىراپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئاستا ۋە غەمكىن ھالدا مۇرىلىرىدىكى ھەربىي بەلگىلىرىنى يۇلۇپ تاشلىدى.

ياخشى، — دېدى ئۇ موررېلغا قولىنى ئۇزىتىپ، — سىز خاتىرجەم بولۇپ كېتىۋېرىڭ، دادا. مەن ھاياتىمنى ساقلاپ قالىمەن.

موررېل ئوغلىنىڭ ئاياغ ئاستىغا يىقىلماقچى بولدى. لېكىن ماكسىمىلىئان ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى ۋە ئىككى مەردانە يۈرەك بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ قاتتىق سوقۇپ كەتتى.

— بۇ ئىشتا مېنىڭ ئەيىبىم يوق ئىكەنلىكىنى ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، — دېدى موررېل.

ماكسىمىلىئان كۈلۈپ قويدى.

— مەن بىلىمەن، دادا. سىز ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ۋىجدانلىق ئادەم.

— ياخشى. بىز بىرلىككە كېلىپ بولدۇق. ئەمدى ئاپاڭ بىلەن سىڭلىڭنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتكىن.

— دادا، — دېدى ئوغلى ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ، — ماڭا رازىلىق بېرىڭ.

موررېل ئوغلىنىڭ بېشىنى ئىككى ئالقىنىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ پېشانىسىغا سۆيدى ۋە شۇنداق دېدى:

— مەن ساڭا ئۆز نامىمدىن ھەم ئۈچ ئەۋلاد ھالال ئاتا - بوۋامنىڭ نامىدىن رازىلىق بېرىمەن. ئەمدى ئاشۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ساڭا ئېيتىدىغان كالامىنى مېنىڭ ئاغزىمدىن ئاڭلىغىن: بىزگە كەلگەن بەختسىزلىكتىن گۇمران بولغان ئىمارەتنى تەقدىر - ئىلاھىم قايتىدىن بىنا قىلىپ يۈكسەلدۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. مېنىڭ قانداق ئۆلۈم بىلەن كەتكەنلىكىمنى كۆرگەندىن كېيىن ھەتتا ئەڭ باغرى تاش ئادەملەرنىڭمۇ ساڭا رەھمى كېلىدۇ. ماڭا ئۇنىمىغان بولسىمۇ، بەلكىم ساڭا قەرزنى



تۆلەش مۇددىتىنى ئۇزارتىپ بېرىشلىرى مۇمكىن. شۇ چاغدا سەن ھاقارەتلىك سۆزنىڭ چىقىپ قالماسلىقى ئۈچۈن قولۇڭدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىنى قىل؛ دەرھال ئىشنى قولۇڭغا ئال، غەيرەت بىلەن، ھارماي - تالماي ئىشلە، كۆرەش قىل. ئىلاجى بار ئاددىي - ساددە ھايات كەچۈرۈڭلار، شۇنداق قىلغاندا سەن قەرزنى تۆلەش ئۈچۈن كېرەكلىك مەبلەغنى تېزرەك كۆپەيتەلەيسەن. مېنىڭ شان - شەرىپىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن كۈن بىز ئۈچۈن نەقەدەر گۈزەل، ئۇلۇغۋار ۋە تەنتەنىلىك كۈن بولىدىغانلىقىنى يادىڭدىن چىقارما! ئەنە شۇ چاغدا سەن مانا مۇشۇ ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ: «مېنىڭ دادام، مەن بۈگۈن ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىشنى قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ھالاك بولدى. لېكىن ئۇ خاتىرجەملىك بىلەن ئۆلدى. چۈنكى بۇ ئىشنى مېنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتى» دەپ جاكا قىلالايسەن.

— ئاھ، دادا، دادا، — دەپ ھەسرەت بىلەن خىتاب قىلدى ماكسىمىلىئان، — بىز بىلەن بىللە قالالىغان بولسىڭىزچۇ!

— ئەگەر مەن ھايات قالسام ھەممە ئىش ئەكسىچە بولىدۇ. ئەگەر مەن ھايات قالسام كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىقى ئىشەنمەسلىككە، رەھىمدىللىقى نەپرەتكە ئايلىنىدۇ. ئەگەر مەن ھايات قالسام، مەن ۋەدىگە ۋاپا قىلمىغان، ئۆزۈمنىڭ ۋەزىپەمنى ئادا قىلمىغان ئادەم بولۇپ قالىمەن، قىسقىسى، مەن بىر ئادەتتىكى ۋەيران بولغان قەرزدار بولۇپ قالىمەن. ئەكسىچە، مەن ئۆلسەم، ماكسىمىلىئان، سەن ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، مېنىڭ جەسىتىم بەختسىز، ئەمما ۋىجدانلىق بىر ئادەمنىڭ جەسىتى بولۇپ قالىدۇ. مەن ھايات قالسام، ئەڭ يېقىن دوستلارمۇ بىزدىن ئۆزىنى تارتىدۇ؛ مەن ئۆلسەم، پۈتۈن مارسېل خەلقى كۆزىگە ياش ئېلىپ مېنى باقى ئالەمگە ئۇزىتىپ قويىدۇ. مەن ھايات قالسام، سەنمۇ مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئېلىشتىن خىجىل بولىسەن؛ سەن

ئۆلسەم سەن مەغرۇر ھالدا بېشىڭنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «مەن، ئۆز ئۆمرىمدە تۇنجى قېتىم ۋەدىسىنى بۇزۇشقا مەجبۇر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئادەمنىڭ ئوغلى» دەپ پەخىرلىنىپ ئېيتالايسەن.

ماكسىمىلىئان ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ئاھ ئۇردى، لېكىن ئەپتىدىن قارىغاندا تەقدىرگە باش ئەگدى. بۇ گەپلەردىن كېيىن ئۇ ئاتىسىنىڭ دەلىللىرىنى يۈرىكىدە قوبۇل قىلالمىسىمۇ، ئەقلىدە قوبۇل قىلدى.

— ئەمدى، — دېدى موررېل. — مېنى يالغۇز قالدۇر ۋە ئاپاڭ بىلەن سىڭلىڭنى يىراقراق بىر يەرگە ئاپىرىپ تۇرغىن.

— ژيۇلىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالمامسىز؟ — دەپ سورىدى ئوغلى.

ماكسىمىلىئان بۇ كۆرۈشۈشتىن ئەڭ ئاخىرقى غۇۋا بىر ئۈمىد كۈتكەنىدى، لېكىن موررېل بېشىنى چايقاپ قويدى.

— مەن ئۇنى بۈگۈن ئەتىگەن كۆرگەن، — دېدى ئۇ، — شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ بولغان.

— ماڭا تاپشۇرىدىغان يەنە باشقا ۋەزىپىڭىز يوقمۇ، دادا؟ — دەپ سورىدى ماكسىمىلىئان بوغۇق ئاۋاز بىلەن.

— بار ئوغلۇم. بىر مۇقەددەس ۋەزىپە بار.

— ئېيتىڭ، دادا.

— تومسون ۋە فىرېنچ بانكا مەھكىمىسى ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك روھىي بىلەن ياكى ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزلەپمۇ (مەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكىنى بىلمەيمەن)، ئىش قىلىپ ماڭا شەپقەت قىلغان بىردىنبىر ئورۇن. بۇ مەھكىمىنىڭ ۋەكىلى يەنە ئون مىنۇتتىن كېيىن، قولىدىكى چەكلەر بويىچە 287 مىڭ 500 فرانك نەرقىدىكى پۇلىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىدۇ. بۇ ئادەم مېنىڭ تەلىپىم بىلەن ئەمەس،



بەلكى ئۆزلۈكىدىن ماڭا ئۈچ ئايلىق مۆھلەت بەردى. سەن قەرزنى تۆلىيەلىگۈدەك بولغاندا ئەڭ ئالدى بىلەن شۇ مەھكىمىگە تېگىشلىكىنى بېرىۋەتكىن. بۇ ئادەم سەن ئۈچۈن بىر مۇقەددەس ئادەم بولۇپ قالسۇن.

— ماقۇل، دادا، — دېدى ماكسىمىلىئان.

— ئەمدى بولدى، — دېدى موررېل. — بارغىن، بارغىن. مەن بۇ يەردە يالغۇز قېلىشىم كېرەك. مېنىڭ ۋەسىيەتنامەم ياتاق ئۆيۈمدىكى ئۈستەلنىڭ تارتمىسىدا.

ماكسىمىلىئان قىمىر قىلماستىن تۇراتتى. ئۇ ماڭاي دېسىمۇ ماڭالمايتتى.

— بارغىن، ماكسىمىلىئان، — دېدى دادىسى، — سەن مېنى خۇددى ئۆزۈڭگە ئوخشاش بىر جەڭچى دەپ پەرەز قىلغىن. ماڭا دۈشمەن ئىستىھكامىنى ئىشغال قىلىش بۇيرۇقى چۈشكەن بولسا ھەم سەن مېنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرساڭ. شۇ چاغدا سەن ماڭا خۇددى ھازىرقىدەك: «بېرىڭ، دادا، بولمىسا شەنىڭىز قارىلىنىدۇ. نومۇستىن ئۆلۈم ئەۋزەل!» دېمىسىگەن بولارمىدىڭ.

— ھەئە، — دېدى ماكسىمىلىئان، — ھەئە.

ئۇ، بوۋايىنى قاتتىق - قاتتىق قۇچاقلىدى.

— ئەلۋىدا، دادا، — دېدى ئۇ ۋە ئىشخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

موررېل يالغۇز قالغاندىن كېيىن ئوغلىنىڭ كەينىدىن يېپىلغان ئىشىككە قاراپ بىر ئەسناغىچە جىم تۇردى. ئاندىن، قولىنى ئاستا سوزۇپ، قوڭغۇراقنى جىرىڭلىتىپ قويدى.

كوكلېس كىرىپ كەلدى. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇ تونۇۋالغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. موررېل شىركىتىنىڭ سىرتقا پۇل چىقىرىشنى توختىتىش توغرىسىدىكى خىياللار ئۇنى 20 يىللىق قېرىتىۋەتكەنىدى.

— كوكلىس، دوستۇم، — دېدى موررېل، — سەن ئالدىنقى بۆلمىدە ئولتۇرۇپ تۇرغىن. بۇندىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى تومسون ۋە فىرېنچ بانكا مەھكىمىسىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ كەلگەن ھېلىقى جاناب كەلگەندە، سەن ئۇنى تونۇيسەنغۇ، ماڭا خەۋەر قىلىپ قوي.

كوكلىس، ھېچنېمە دېمەستىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە ئالدىنقى بۆلمىگە چىقىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

موررېل ئۆزىنى كىرىسلوغا تاشلىۋەتتى. ئۇ تام سائىتىگە قارىدى: يەنە يەتتە مىنۇت قالغانىدى. سائەتنىڭ ئىستىرېلكىلىرى ئاجايىپ تېزلىك بىلەن ئايلانماقتا ئىدى. ئۇ ھەتتا ئىستىرېلكىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

بۇ كىشى ئۆز ئېتىقادىغا ئەمەل قىلىپ (بۇنداق ئېتىقاد بەلكىم خاتادۇر، لېكىن ئۇنىڭغا توغرىدەك تۇيۇلاتتى)، ئۆزىگە قەدىرلىك بولغان ھەممە نەرسىدىن ئۆمرىنىڭ بىجىرىم دەۋرىدە مەڭگۈلۈككە ئايرىلىشقا ھازىرلانماقتا. ئۇنىڭغا ئائىلىۋى بەختنىڭ بارلىق ھۇزۇر-ھالاۋىتىنى بەخش ئەتكەن ھاياتتىن ۋىدالاشماقتا ئىدى. مۇشۇ ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمىلەر بولۇۋاتقاندۇر؟ بۇ ھالەتنى سۆز بىلەن تەرىپلەش مۇمكىن ئەمەس. بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەر بېسىپ كەتكەن بولسىمۇ، تەقدىرگە ئىتائەت قىلغان پېشانىسىنى، ياشقا تولغان بولسىمۇ، ئاسمانغا قارىتىلغان كۆزلىرىنى كۆرۈش كېرەك.

سائەتنىڭ ستىرېلكىسى گويا چېپىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى؛ تاپانچىلار بەتلەنگەن. ئۇ، قولىنى ئاستا سوزۇپ بىر تاپانچىنى ئالدى ۋە ئاڭلىنار-ئاڭلانماس پىچىرلاپ ئۆز قىزىنىڭ ئىسمىنى ئېيتتى. ئاندىن ئۇ تاپانچىنى يەنە قويۇپ قويدى ۋە قولىغا قەلەمنى ئېلىپ بىر نەچچە سۆزنى يېزىپ قويدى. ئۇ-



نىڭغا ئۆزىنىڭ ئەركە قىزى بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك خوشلىشالماي قالغاندەك تۇيۇلۇپ تۇراتتى.

شۇندىن كېيىن ئۇ يەنە سائەتكە قارىدى. ئەمدى ئۇ مىنۇتلارنى ئەمەس، سېكۇنتلارنى سانىماقتا ئىدى. ئۇ يەنە قولىغا تاپانچىنى ئالدى، ئاغزىنى بىر ئاز ئاچتى ۋە كۆزلىرى سائەتنىڭ ستىرېلكىسىغا مىختەك قادىلىپ قالدى. ئۇ، تاپانچىنىڭ تەپكىسىنى قايرىپ قويدى. شۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ يۈزىدىن تەر تامچىلىرى يامغۇر سۈيىدەك ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى، ئازابلىق مۇسىبەت قايغۇسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قىسماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا، پەلەمپەي تەرەپتىن ئىشىكنىڭ غىچىرلىغان تاۋۇشى ئاڭلاندى. ئاندىن كېيىن ئىشخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. سائەتنىڭ ستىرېلكىسى 11 گە يېقىنلاشماقتا ئىدى. موررېل ئارقىغا قارىمىدى. ئۇ، ھازىر كوكلىسنىڭ ئۇنىڭغا: «تومسون ۋە فىرېنچ بانكىسىنىڭ ۋەكىلى كەلدى» دەپ خەۋەر قىلىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇ، تاپانچىنى ئۆزىنىڭ ئاغزىغا تەڭلىدى...

ئۇنىڭ كەينىدىن قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، بۇ، ئۇنىڭ قىزىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇ ئارقىغا بۇرۇلدى ۋە ژيۇلىنى كۆردى. تاپانچا ئۇنىڭ قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— دادا! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ژيۇلى، ھارغانلىقتىن ۋە خۇشاللىقتىن نەپەسلىرى بوغۇلغان ھالدا. — سىز قۇتۇلدىڭىز! قۇتۇلدىڭىز!

ئۇ بىر قولىدا قىزىل تاۋار ھەميانىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا يۈگۈرۈپ كېلىپ دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى.

— نېمە دەيسەن، بالام؟ — دەپ خىتاب قىلدى موررېل، — نېمىدىن قۇتۇلدۇم؟ قانداق قىلىپ قۇتۇلدۇم؟

— راست قۇتۇلدىڭىز! مانا، قاراڭ، قاراڭ! — دەپ ۋارقىرايتتى ژيۇلى.

مورىل ھەميانىنى قولىغا ئالدى ۋە چۆچۈپ كەتتى: ئۇ، بىر چاغلاردا بۇ ھەميان ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بولغانلىقىنى ئاستا-ئاستا ئەسلەشكە باشلىدى. ھەميانىنىڭ بىر قاپچۇقىغا 287 مىڭ 500 فرانكقا يېزىلغان چەك سېلىنغان بولۇپ، چەكتە بۇ پۇلنىڭ تۆلىنىپ بولغانلىقى يېزىلغانىدى. ھەميانىنىڭ يەنە بىر قاپچۇقىغا ياڭاقتەك چوڭلۇقتىكى بىر دانە گۆھەر سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا قوشۇمچە بىر پارچە قېلىن قەغەزگە: «ژيۇلىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن» دەپ يېزىپ قويۇلغانىدى.

مورىل ئالقىنى بىلەن ماڭلىيىنى سىلاپ قويىدى: ئۇ ئۆزىنى گويا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. تام سائىتى ئونبىرگە جاڭ ئۇرۇشقا باشلىدى. سائەتنىڭ ھەر بىر جاڭ ئۇرۇشى ئۇنىڭغا بەجايىكى پولات بولقا بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئۇرۇۋاتقاندەك سېزىلەتتى.

— توختىغىنا بالام، — دېدى ئۇ، — بۇ نېمە ئىش، ماڭا چۈشەندۈرۈپ بەرگىن. سەن بۇ ھەميانىنى نەدىن تاپتىڭ؟

— مېليان كوچىسىدىكى 15-نومۇرلۇق ئۆينىڭ بەشىنچى قەۋىتىدىكى بىر نامرات كۇلبىگە كىرىپ مەشنىڭ ئۈستىدىن ئالدىم.

— بىراق، بۇ ھەميان سېنىڭ ئەمەسقۇ! — دەپ خىتاب قىلدى مورىل.

ژيۇلى بۈگۈن ئەتىگەن ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان خەتنى دادىسىغا كۆرسەتتى.

— سەن ئۇ يەرگە ئۆزۈڭ يالغۇز باردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى مورىل خەتنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن.

— مېنى ئېممانۇئېل ئۇزىتىپ بارغان. ئۇ مېنى مۇزېي كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدا ساقلاپ تۇرماقچىدى. بىراق، مەن ئۆيدىن چىقىپ قارىسام ئۇ يوق.



— مورىل ئەپەندى! — دەپ قىچقارغان ئاۋاز ئاڭلاندى پەلەمپەي تەرەپتىن. — مورىل ئەپەندى!

— مانا ئۇمۇ كەلدى! — دېدى ژيۇلى.

شۇ ھامانلا، خۇشاللىقتىن ۋە ھاياجاندىن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ئېممانۇئېل ئىشخانىغا يۈگۈرۈپ كىردى.

«فىرئاۋن»! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — «فىرئاۋن»!

— «فىرئاۋن» دېگىنىڭىز قانداق گەپ! سىزنىڭ ئەقلىڭىز جايىدىمۇ، ئېممانۇئېل؟ «فىرئاۋن»نىڭ ھالاك بولغانلىقىنى سىز ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ.

— «فىرئاۋن»، مورىل ئەپەندى! سىگنال بېرىلدى، «فىرئاۋن» پورتقا كىرىپ كېلىۋاتىدۇ!

مورىل كرېسلوغا جاققىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى بوشىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ مېڭىسى بۇنداق ئەقىلغە سىغمايدىغان، مىسلى كۆرۈلمىگەن، ئىشىنىشكە بولمايدىغان خەۋەرلەرنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتەلمەي قالدى.

شۇ ئەسنادا يەنە ئىشىك ئېچىلىپ ئىشخانىغا ماكسىمىلىئان كىردى.

— دادا، — دېدى ئۇ، — «فىرئاۋن»نى دېڭىزغا غەرق بولدى دېگىنىڭىز قانداق گەپ؟ كۆزىتىش مۇنارىسىدىن سىگنال بېرىلدى، «فىرئاۋن» ھازىر پورتقا كىرىپ كېلىۋاتىدۇغۇ!

— دوستلىرىم، — دېدى مورىل، — ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ پەقەت تەڭرىنىڭ كۆرسەتكەن كارامىتى بولۇشىلا مۇمكىن! لېكىن، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! مۇمكىن ئەمەس!

بىراق، ئۇ ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرغان نەرسىمۇ بۇنىڭدىن قېلىشمايدىغان كارامەت ئىدى، يەنى: قەرزلىرى غايىبتىن تۆ-

لىنىپ قالغان چەك بىلەن يالتىراپ تۇرغان گۆھەر سېلىنغان ھەميان.

— موررېل ئەپەندى، — دېدى كوكلىس كىرىپ كېلىپ، — بۇ قانداق گەپ ئۆزى؟ «فىرئاۋن» كەپتىغۇ!

— يۈرۈڭلار، دوستلىرىم، — دېدى موررېل ئورنىدىن تۇرۇپ، — بېرىپ كۆرۈپ باقايلى. ياراتقان ئىگەمنىڭ بىزلەرگە رەھمى كەلگەن بولسا ئەجەب ئەمەس.

ئۇلار ھەممىسى بىرلىكتە ئىشخانىدىن چىقتى ۋە پەلەمپەيدە موررېل خانىم بىلەن ئۇچراشتى. بىچارە ئايال ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىشقا جۈرئەت قىلالماي تۇرغانىدى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇلار كانىبىيېر كوچىسىغا چىقتى. ماتۇدا ئادەملەر تولۇپ كەتكەنىدى. موررېلنى كۆرۈپ، ھەممە بىردەك ئۇنىڭغا يول بېرىشتى. كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن:

— «فىرئاۋن»! «فىرئاۋن»! — دەپ ۋارقىراشماقتا ئىدى.

پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ كۆز ئالدىدا ھەقىقەتەنمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن مۆجىزە تەسۋىرلەنمەكتە ئىدى: ئىمۇئان ئەۋلىيا مۇنارىسىنىڭ قارشى تەرىپىدىن بىر كېمە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ باش يېنىغا ئاق ھەرپلەر بىلەن — «فىرئاۋن» (موررېل ۋە ئۇنىڭ ئوغلى. مارسېل.) دەپ يېزىلغانىدى. بۇ كېمە بەئەينى بۇرۇنقى «فىرئاۋن» نىڭ ئۆزىلا ئىدى ۋە ئۇنىڭغا خۇددى بۇرۇنقىسىدەكلا قىزىل ۋە كۆك رەڭلىك بوياق ئەشيالىرى بېسىلغان بولۇپ، ھازىر لەنگەر تاشلاپ، يەلكەنلىرىنى يىغىۋاتاتتى. كاپىتان گومار كېمىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. پېنېلون بولسا، موررېل ئەپەندىگە قاراپ ئاللىقانداق ئىما - ئىشارەتلەرنى قىلماقتا ئىدى! ئەمدى ھېچقانداق شەك - شۈبھە قالمىدى: موررېل، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە خىزمەتچىلىرى بۇ كارامەتنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ



تۇرماقتا ئىدى، شۇنداقلا، 10 مىڭدىن ئوشۇق ئاھالىنىڭ گۇۋاھ بولۇپ كۆرۈپ تۇرماقتا ئىدى.

جامائەتنىڭ تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە موررېل ئوغلى بىلەن قۇچاقلاشقاندا، بۇ كارامەتنىڭ غايىبانە كۆزەتكۈچىسى بولغان ۋە يۈزىنىڭ يېرىمىنى نىقاب بىلەن يوشۇرۇۋالغان بىر ئادەم كۆزىنىش مۇنارىسىنىڭ كەينىدىن ئۇلارغا چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببەتلىك بىلەن قاراپ تۇرۇپ ئاستا پىچىرلىدى:

— ئامان بولغىن، ئالىيجاناب ئادەم. سەن ئۆز ھاياتىڭدا قىلغان ۋە يەنە تېخى قىلىدىغان ساۋابلىق ئىشلىرىڭ ئۈچۈن خۇدايىم بەختىڭنى بەرسۇن. مېنىڭ ساڭا قىلغان بۇ ئادەمگەرچىلىكىممۇ خۇددى سېنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭغا ئوخشاشلا بىر مەخپىيەتلىك بولۇپ قالسۇن.

ئۇ سۆيۈنگەن، تەسىرلەنگەن تەبەسسۇم بىلەن ئۆزى دالدا قىلغان جايدىن ئايرىلدى ۋە ھېچكىمنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىماستىن (چۈنكى ھەممە كىشىلەر بۇ ئاجايىپ ۋەقەلەر بىلەن بەنت ئىدى)، دېڭىز بويىدىكى پەلەمپەيچىلەردىن بىرى ئارقىلىق تۆۋەنگە چۈشتى ۋە ئۈچ قېتىم قىچقىردى:

— جاكوپو! جاكوپو! جاكوپو!

ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قولۋاق كېلىپ توختىدى - دە، ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، ھەشەمەتلىك جاھازلانغان بىر كىچىك كېمىنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى ۋە ئۇ دېڭىزچىغا خاس بولغان ئەپچىللىك بىلەن كېمە ئۈستىگە چىقتى. ئۇ، كېمە ئۈستىدە تۇرۇپ، خۇشاللىق كۆز ياشلىرى بىلەن ئەتراپتىكىلەرنىڭ دوستانە رەۋىشتە سوزۇلغان قوللىرىنى قىسىپ كۆرۈشۈۋاتقان موررېلغا يەنە بىر قېتىم قارىدى ۋە گوياكى ئۆزىنىڭ ئەرشىئەلادىكى نىجاتكارىغا تىلاۋەت قىلغاندەك شۈكۈر ئەيلەپ، قاراڭغۇلاشقان كۆزلىرى بىلەن ئاسمانغا باقتى.

— ئەمدى، — دېدى بۇ ناتونۇش ئادەم، — ئەلۋىدا ئىنسانپەرۋەرلىك، مېھرىبانلىق... ئەلۋىدا، يۈرەككە ئىلھام بەرگۈچى بارلىق شېرىن ھېس - تۇيغۇلار! مەن ۋىجدانلىق ئادەملەرگە ئۆز شەپقىتىمنى كۆرسەتتىم، ئەمدى تەقدىرىمنىڭ يولىنى ئۆزگەرتىمەن... ئەمدى مەن ۋەھشىي مۇناپىقلارنى جازالاش يولىغا ئاتلانغاندا قىساس ئىلاھى ماڭا مەدەت بەرسۇن!

شۇ گەپلەرنى قىلىپ، ئۇ بۇيرۇق ئىشارىسىنى قىلىۋىدى، كېمە خۇددى بۇ بۇيرۇقنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندەك، شۇ ھامانلا ئۇچۇق دېڭىزغا قاراپ يول ئالدى.



بۇ كىتاب موسكۋا بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتىنىڭ 1955 - يىل رۇسچە نەشرى ۋە بېيجىڭ خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1978 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据莫斯科文艺出版社1955年俄文版和北京人民文学出版社1978年12月第1版翻译出版。

گراف مونتې - كرىستو (1)
ئالېكساندر دىيوما
تەرجىمە قىلغۇچى: پەرھات جىلان
مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھەممەتئىبراھىم كېرىمى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا №306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 17.125
1986 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى
1987 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M10098·1147
تىراژى: 1 — 3,000
باھاسى: 1.50 يۈەن

**基度山伯爵（1）** （维吾尔文）

大仲马著　　帕尔哈提译

责任编辑：买买提热依木

---

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷

850×1168毫米　32开本17、125印张

1986年6月第1版　1987年6月第1次印刷

印数：1——3000

---

统一书号：M10098·1147　　定价：1.50元